# ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى

## 3 - توم

پۈتۈن دۇنيا پرولېتارلىرى، بىرلىشىڭلار!

# ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى

## 3 - توم

# مۇندەرىجە

## ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
## ئۇرۇش دەۋرى (2)

«يېزىلارنى تەكشۈرۈش»كە كىرىش سۆز ۋە ئاخىرقى سۆز (1941 - يىل 3، 4 - ئاي) ........ 3

كىرىش سۆز ........ 3

ئاخىرقى سۆز ........ 8

ئۆگىنىشىمىزنى ئۆزگەرتەيلى (1941 - يىل 5 - ئاي) ........ 13

يىراق شەرق مىيونخېنى سۇيىقەستىنى ئېچىپ تاشلايلى (1941 - يىل 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى) ........ 29

فاشىزىمغا قارشى خەلقارا بىرلىكسەپ توغرىسىدا (1941 - يىل 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى) ........ 32

شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونى سەنيىخۇيىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق (1941 - يىل 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى) ........ 34

پارتىيە ئىستىلىنى تۈزىتەيلى (1942 - يىل 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى) ........ 41

پارتىيە باگۇسىغا قارشى تۇرايلى (1942 - يىل 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى) ........ 73

يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق (1942 - يىل 5 - ئاي) ........ 103

كىرىش سۆز.................................... 103

خۇلاسە .. ......................................... 113

ئىنتايىن موھىم بىر سىياسەت (1942 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى)...... 162

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى (1942 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى)................ 169

ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ 25 يىللىقىنى تەبرىكلەيمىز (1942 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى) ................ 179

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدىكى ئىگىلىك مەسىلىسى ۋە مالىيە مەسىلىسى (1942 ـ يىل 12 ـ ئاي)......... 181

رەھبەرلىك ئۇسۇلىغا دائىر بىرقانچە مەسىلە (1943 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى) ................ 192

گومىنداڭغا سوراق (1943 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى)............ 203

گېنجۇيدىلەردە ئىجارە كېمەيتىش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش ـ خەلقنى سۆيۈش ھەركەتلىرىنى قانات يايدۇرايلى (1943 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى)......... 216

گومىنداڭ جۇڭياڭنىڭ 11 ـ ئومۇمىيغىنىغا ۋە 3 ـ نۆۋەتلىك گومىن سەنجېڭخۇيىنىڭ 2 ـ يىغىنىغا باھا (1943 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى)................ 225

تەشكىللىنەيلى (1943 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى)................ 252

ئۆگىنىش ۋە ۋەزىيەت (1944 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى)............ 268

خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى (1944 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى)... 294

جياڭ جيېشىنىڭ 10 ـ ئوكتەبىر بايرىمىدا سۆزلىگەن نۇتقىغا باھا (1944 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى) ................ 298

مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى بىرلىكسەپ (1944 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ

30 ـ كۈنى) ........................................ 306

ئىگىلىك خىزمىتىنى ئىشلەشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك (1945 ـ يىل
1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى) ........................................ 311

پارتىزان رايونلىرىدىمۇ ئىشلەپچىقىرىشنى ئېلىپ بارغىلى
بولىدۇ (1945 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى) ........................ 324

جۇڭگونىڭ ئىككى تەقدىرى (1945 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى)... 331

بىرلەشمە ھوكۇمەت ھەققىدە (1945 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى) ... 336

1. جۇڭگو خەلقىنىڭ ئاساسىي تەلەپلىرى........................ 336

2. خەلقارا ۋەزىيەت ۋە ئىچكى ۋەزىيەت........................ 338

3. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىكى ئىككى لۇشيەن... 342

جۇڭگو مەسىلىلىرىنىڭ تۈگۈنى ........................ 342

ئەگرى ـ توقاي يوللار بىلەن كېتىۋاتقان تارىخ ........................ 345

خەلق ئۇرۇشى........................ 352

ئىككى ئۇرۇش مەيدانى ........................ 358

جۇڭگو ئازات رايونلىرى........................ 363

گومىنداڭ ھوكۇمرانلىقىدىكى رايونلار ........................ 365

سېلىشتۇرما ........................ 369

«ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى بۇزغان، دۆلەتكە خەۋپ
يەتكۈزگەن» كىم؟........................ 372

«مەمۇرى بۇيرۇق ۋە ھەربى بۇيرۇققا بويسۇنمىدى» دېيىشلەر..... 373

ئىچكى ئۇرۇش خەۋپى ........................ 375

تەنپەن ........................ 376

ئىككى ئىستىقبال ........................ 377

4. جۇڭگو كۆكچەنداڭنىڭ سىياسىتى........................ 380

بىزنىڭ ئومۇمىي گاڭلىڭىمىز........................ 382
بىزنىڭ كونكرېت گاڭلىڭىمىز........................ 395
جۇڭگونىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايونلىرىدىكى
ۋەزىپىلەر ........................... 439
جۇڭگونىڭ قولدىن كەتكەن رايونلىرىدىكى ۋەزىپىلەر.......... 442
جۇڭگونىڭ ئازات رايونلىرىدىكى ۋەزىپىلەر ................ 444
5. پۈتۈن پارتىيە ئىتتىپاقلىشىپ، پارتىيىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى
ئورۇنلاش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى........................ 449
**يۈيگۇڭنىڭ تاغنى يۆتكىشى** (1945-يىل 6-ئاينىڭ 11-كۈنى) ... 462
**ئارمىيىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلىشى
توغرىسىدا ھەم ئىستىل تۈزىتىش ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىن
ئىبارەت ئىككى چوڭ ھەرىكەتنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا**
(1945-يىل 4-ئاينىڭ 27-كۈنى) ........................ 470
**خېرلى بىلەن جياڭ جيېشىنىڭ شۋاڭخۇاڭ ئويۇنى بەربات
بولدى** (1945-يىل 7-ئاينىڭ 10-كۈنى)........................ 479
**خېرلى سىياسىتىنىڭ خەۋپى توغرىسىدا** (1945-يىل 7-ئاينىڭ
12-كۈنى) ........................................ 486
**يولداش فوستېرغا ئەۋەتىلگەن دىيەنباۋ** (1945-يىل 7-ئاينىڭ
29-كۈنى) ........................................ 490
**ياپون قاراقچىلىرىغا قارشى ئەڭ ئاخىرقى جەڭ** (1945-يىل
8-ئاينىڭ 9-كۈنى) ................................ 493

# ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
# ئۇرۇش دەۋرى
# (2)

# «يېزىلارنى تەكشۈرۈش»كە كىرىش سۆز ۋە ئاخىرقى سۆز

(1941 ـ يىل 3، 4 ـ ئاي)

### كىرىش سۆز (1941 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى)

ھازىر پارتىيىنىڭ يېزا سىياسىتى 10 يىللىق ئىچكى ئۇرۇش دەۋرىدىكىدەك يەر ئىنقىلاۋى سىياسىتى ئەمەس، بەلكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپ سىياسىتى. پۈتۈن پارتىيە جۇڭگياڭنىڭ 1940 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىكى ۋە 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىكى يوليورۇقلىرىنى① ئىجرا قىلىشى، ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان 7 ـ قۇرۇلتاينىڭ يوليورۇقلىرىنى ئىجرا قىلىشى لازىم. بۇ ماتېرىيال يولداشلارنىڭ مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش ئۇسۇلىنى ئېپۇنلىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن بېسىلدى. نۇرغۇن يولداشلىرىمىزدا ئىشتا بىپەرۋالىق قىلىش، ئەھۋالنى تولۇق چۈشىنىشكە تىرىشماسلىق ئىستىلى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە، ئۇلار ھەتتا تۆۋەننىڭ ئەھۋالىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز، شۇنداق بولۇپ

تۇرۇقلۇق، يېتەكچىلىك خىزمىتىنى ئوتەۋاتىدۇ، بۇ — ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋال. جۇڭگودىكى ئىجتىمائى سىنىپلارنىڭ ئەمىلىي ئەھۋالى ھەققىدە ھەقىقى، كونكرىت چۈشەنچە بولماي تۇرۇپ، ھەقىقى ياخشى رەھبەرلىكنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ئەھۋالنى چۈشىنىشنىڭ بىردىن-بىر ئۇسۇلى جەمىيەتنى تەكشۈرۈش، جەمىيەتتىكى سىنىپلارنىڭ جانلىق ئەھۋالنى تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت. يېتەكچىلىك خىزمىتىنى ئوتەۋاتقان كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، پىلانلىق تۇردە بىرنەچچە شەھەر ۋە بىرنەچچە يېزىنى تۇتۇپ، ماركسىزىمنىڭ تۈپ نۇقتىنەزىرى يەنى سىنىپى تەھلىل ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بىرنەچچە قېتىم پۇختا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش — ئەھۋالنى چۈشىنىشنىڭ ئەڭ تۈپ ئۇسۇلى. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا، جۇڭگو جەمىيىتىدىكى مەسىلىلەر توغرىسىدا ئەڭ ئاساسىي بىلىمگە ئىگە بولالايمىز.

بۇنىڭ ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، كىدىيىپ ئاسمانىغىلا قارىۋالماي، تۆۋەنگە نەزەر سېلىش كېرەك. تۆۋەنگە نەزەر سېلىش ھەۋىسى ۋە نىيىتى بولماي تۇرۇپ، جۇڭگودىكى ئىشلارنى ھەقىقى چۈشىنىش ئومۇرۋايەت مۇمكىن ئەمەس.

ئىككىنچىدىن، تەكشۈرۈش مەجلىسى ئېچىش كېرەك. ھاڭۋېقىپ يۈرۈش، مىش-مىش گەپلەرگە قۇلاق سېلىش بىلەن ھەرگىز تولۇق بىلىم ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ. مېنىڭ تەكشۈرۈش مەجلىسى ئېچىش ئۇسۇلى بىلەن توپلىغان ماتېرىياللىرىمدىن خۇنەنگە ۋە جياڭگاڭشەنگە دائىر بولغانلىرى يوقىلىپ كەتتى. بۇ يەردە بېسىلغىنى، ئاساسەن، «شىڭگو ناھىيىسىنى تەكشۈرۈش»، «چاڭگاڭ يېزىسىنى تەكشۈرۈش» ۋە «سەيشى يېزىسىنى تەكشۈرۈش»تىن ئىبارەت. تەكشۈرۈش

مەجلىسى ئېچىش — ئەڭ ئاددى ۋە ئاسان شۇنىڭدەك ئەڭ ھەقىقى ۋە ئىشەنچلىك ئۇسۇل، مەن بۇ ئۇسۇلدىن ناھايىتى كوپ نەپ ئالدىم، بۇ — ھەرقانداق داشۇپدىنمۇ ئۇستۇن تۇرىدىغان مەكتەپ. بۇنداق مەجلىسكە قاتناشقۇچىلار ھەقىقەتەن تەجرىبىلىك بولغان ئوتتۇرا ۋە تووەن دەرىجىلىك كادىرلار بولۇشى ياكى لاۋبەيشىڭلار بولۇشى لازىم. مەن خۇنەندە بەش ناھىيىنى ۋە جىڭگاڭشەندە ئىككى ناھىيىنى تەكشۇرگەندە، شۇ ناھىيىلەرنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەسئۇل كادىرلىرى بىلەن كورۇشتۇم؛ شۇنۇۋۇ ناھىيىسىنى تەكشۇرگەندە، بىر قىسىم ئوتتۇرا دەرىجىلىك كادىرلار، بىر قىسىم تووەن دەرىجىلىك كادىرلار، بىر كەمبەغەل شيۇسەي، سودىگەرلەر جەمىيىتىنىڭ بىر سۇنغان خۇيجاگى، شەنگەن يامۇلدا غەللە-پاراقچى بولغان، كېيىن ئىشسىز قالغان بىر كىچىك ئەمەلدار بىلەن كورۇشتۇم. ئۇلار ماڭا تېخى ئاڭلاپ باقمىغان نۇرغۇن بىلىملەرنى بەردى. خۇنەننىڭ خېڭشەن ناھىيىسىنى تەكشۇرگەندە، شۇ ناھىيىدىكى بىر كىچىك گۇندىپاي مىنى جۇڭگو تۇرمىلىرىنىڭ پۇتكۇل چىرىك ئەھۋالىدىن بىرىنچى قېتىم خەۋەردار قىلدى. شىڭگو ناھىيىسىنى ۋە چاڭگاڭ، سەيشى يېزىلىرىنى تەكشۇرگەندە، يېزا دەرىجىلىك ئورۇنلاردا ئىشلەۋاتقان يولداشلار ۋە ئاددى دېخانلار بىلەن كورۇشتۇم. بۇ كادىرلار، دېخانلار، شيۇسەي، گۇندىپاي، سودىگەر ۋە غەللە-پاراقچى ئەمەلدار مىنىڭ ھورمەتلىك ئۇستازلىرىم بولدى، ماڭا ئوزەمنى ئۇلارنىڭ شاگىرتى ھېساپلاپ، ئۇلاردىن ھورمەت بىلەن تىرىشىپ ئوگىنىشكە ۋە ئۇلارغا يولداشلارچە مۇئامىلىدە بولۇشقا توغرا كەلدى، ئۇنداق قىلمىسام، ئۇلار ماڭا پىسەنت قىلمىغان بولاتتى، بىلگەنلىرىنى سوزلەپ بەرمىگەن، سوزلىگەندىمۇ تولۇق

سۆزلەپ بەرمىگەن بولاتتى. ھەر قېتىمقى تەكشۈرۈش مەجلىسىدە ئادەمنىڭ كۆپ بولۇشىنىڭ ھاجىتى يوق، 4-5 ياكى 7-8 ئادەم بولسىلا كۇپايە. مەجلىسكە ۋاقىت بېرىلىشى، تەكشۈرۈش تىگاگى بولۇشى لازىم، تەكشۈرگۈچى يەنە ئۆز ئاغزى بىلەن سوراپ، ئۆز قولى بىلەن يېزىۋېلىشى ۋە مەجلىسكە قاتناشقانلار بىلەن مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىشى لازىم. شۇڭا، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بولمىسا، تۆۋەنگە نەزەر سېلىش نىيىتى بولمىسا، بىلىم ئېلىش تەشنالىقى بولمىسا، سېسىق كېبىرنى تاشلاپ، شاگىرت بولۇشنى خالاش روھى بولمىسا، بۇ ئىشنى چوقۇم قىلغىلى بولمايدۇ، قىلغاندىمۇ، چوقۇم ياخشى قىلغىلى بولمايدۇ. چۈشىنىش لازىمكى، ئامما — ھەقىقى قەھرىمان، بىز بولساق كۆپ ھاللاردا گۆدەكلىك قىلىپ كۈلكىگە قالىمىز، بۇ نۇقتىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، ئەقەللىي بىلىمگىمۇ ئىگە بولغىلى بولمايدۇ.

تەكرار ئېيتىپ ئۆتىمەن: بۇ پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى نەشر قىلىشتىن ئاساسىي مەقسەت يولداشلارنىڭ بۇ كونكرېت ماتېرىيالنى ۋە ئۇنىڭدىكى خۇلاسىلەرنى يادلىۋېلىشىنى تەلەپ قىلىش ئەمەس، بەلكى تۆۋەننىڭ ئەھۋالىنى قانداق چۈشىنىشنىڭ ئۇسۇلىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش. ئومۇمەن ئېيتقاندا، جۇڭگونىڭ گۆدەك بۇرژۇئازىيىسى، ياۋروپا، ئامېرىكا ئەللىرىنىڭ ۋە ياپونىيىنىڭ بۇرژۇئازىيىسى تەييارلىغىنىدەك، بىز ئۈچۈن جەمئىيەت ئەھۋالى توغرىسىدا مۇكەممەلرەك ھەتتا ئەڭ ئاددى ماتېرىيالنىمۇ تەييارلاپ بېرىشكە ئۈلگۈرەلمىدى ۋە ھېچقاچان تەييارلاپ بېرەلمەيتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ماتېرىيال توپلاش خىزمىتىنى ئۆزىمىز ئىشلىمەي بولمايدۇ. ئالاھىدە ئېيتقاندا، ئەمەلىي خىزمەت ئىشلىگۈچىلەر ئۆزگىرىپ تۇرغان ئەھۋالنى

ھەر ۋاقىت بىلىپ تۇرۇشى لازىم، بۇنىڭدا ھەرقانداق ئەلنىڭ كۆكچەنداكىمۇ باشقىلارنىڭ تەييارلاپ بېرىشىگە يولەنسە بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بارلىق ئەمەلىي خىزمەت ئىشلىگۈچىلەر تۆۋەنگە نەزەر سېلىپ، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشى لازىم. نەزىرىيىنىلا بىلىپ، ئەمەلىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغانلار ئۈچۈن بۇنداق تەكشۈرۈش خىزمىتى بولۇپمۇ زورۇر، ئۇنداق قىلمايدىكەن، ئۇلار نەزىرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرەلمەيدۇ. «تەكشۈرمىگەننىڭ پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى يوق» دىگەن سوزۇمنى بەزىلەر «تار تەجرىبىچىلىك» دەپ زاڭلىق قىلىشقان بولسىمۇ، لېكىن مەن بۇ سوزۇمگە ھازىرمۇ پۇشايمان قىلمايمەن؛ پۇشايمان قىلىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، بەلكى تەكشۈرمىگەن-نىڭ پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى بولۇشى مۇمكىن ئەمەسلىگىدە ھېلىمۇ چىڭ تۇرىمەن. نۇرغۇن كىشىلەر «ھارۋىدىن چۈشە-چۈشمەيلا» ۋالاقلاپ سوزلەپ كېتىدۇ، پىكىر بېرىدۇ، بۇنى تەنقىتلەيدۇ، ئۇنى ئەيىپلەيدۇ، ھالبۇكى، بۇنداق ئادەملەردىن ئونى بولسا، ئونى مەغلۇپ بولىدۇ. بۇنداق سوز ياكى تەنقىتلەر پۇختا تەكشۈرمەي تۇرۇپ قىلىنغاچقا، نادانلارچە بىلجىراشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. پارتىيىمىزنىڭ «چىنچەي داچېن»لاردىن تارتقان زىيانلىرى سان-ساناقسىز. ھالبۇكى، بۇنداق «چىنچەي داچېن»لار تولۇپ يېتىپتۇ، ھەممە جايدا دىگۈدەكلا بار. ستالىن توغرا ئېيتىدۇ: «ئەگەر نەزىرىيە ئىنقىلاۋىي ئەمەلىيەت بىلەن باغلانمىسا، دۇيشياڭسىز نەزىرىيە بولۇپ قالىدۇ.» ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ مۇنۇ سوزىمۇ توغرا: «ئەگەر ئەمەلىيەت ئوزىگە ئىنقىلاۋىي نەزىرىيىنى قىبلىنامە قىلمىسا، قارغۇ ئەمەلىيەت بولۇپ قالىدۇ.»② قارغۇ، ئىستىقبالسىز، يىراقنى كورەل-مەيدىغان ئەمەلىيەتچىلەردىن باشقىلارنى «تار تەجرىبىچى» دىگىلى

بولمايدۇ.

مەن جۇڭگو ئىشلىرى ۋە خەلقارا ئىشلارنى پۇختا تەتقىق قىلىشنىڭ زورۇرلۇگىنى ھازىرمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتىمەن، بۇ مېنىڭ جۇڭگو ئىشلىرى ۋە خەلقارا ئىشلارنى ھېلىمۇ يېرىم-ياتا بىلىدىغانلىقىمدىن ئىبارەت ئەمەلىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ھېچقاچان، مەن ھەممىنى بىلىپ بولدۇم، پەقەت باشقىلار بىلمەيدۇ، دەۋاتقىنىم يوق. پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار بىلەن بىرلىكتە ئاممىدىن ئۆگىنىش، داۋاملىق شاگىرت بولۇش — مېنىڭ ئارزۇيۇم.

## ئاخىرقى سۆز (1941-يىل 4-ئاينىڭ 19-كۈنى)

10 يىللىق ئىچكى ئۇرۇش دەۋرىدىكى تەجرىبىلەر — ھازىرقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرى ئۈچۈن ئەڭ ئوبدان ۋە ئەڭ مۇناسىپ تەجرىبىلەر. لېكىن بۇ يەردە سېلۇبىلىك لۇشيەن تەرىپى ئەمەس، بەلكى قانداق قىلىپ ئاممە بىلەن ئالاقە باغلاش ۋە ئاممىنى دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىشقا دائىر تەرىپى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. پارتىيىنىڭ ھازىرقى سېلۇبىلىك لۇشيەنى ئوتتۇشتىكىدىن پىرىنسىپ جەھەتتە پەرق قىلىدۇ. ئوتتۇشتىكىسى پومېششىكلارغا ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي بۇرژۇئازىيىگە قارشى تۇرۇش ئىدى؛ ھازىرقىسى بولسا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا قارشى چىقمايدىغان بارلىق پومېششىكلار ۋە بۇرژۇئازلار بىلەن بىرلىشىشتىن ئىبارەت. 10 يىللىق ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، بىزگە قوراللىق ھۇجۇم قىلغان ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ۋە ئەكسىيەتچى پارتىيە بىلەن بىزنىڭ ھاكىمىيىتىمىزنىڭ قارىمىغىدىكى كاپىتالىستىك خاراكتېرغا

ئىگە بارلىق ئىجتىمائىي تەبىقىلەرگە پەرقلىق سىياسەت قوللىنىلمىدى، ئەكسىيەتچى ھوكۇمەت ۋە ئەكسىيەتچى پارتىيە ئىچىدىكى ھەر خىل گۇرۇھلارغىمۇ پەرقلىق سىياسەت قوللىنىلمىدى، بۇنداق قىلىشنىڭ ئىككىلىسى توغرا ئەمەس ئىدى. شۇ چاغدا دېخانلاردىن ۋە شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيسىنىڭ تۈۋەن قاتلىمىدىن باشقا بارلىق ئىجتىمائىي تەركىپلەرگە «ھەممىدىلا كۈرەش قىلىش» دىگەن سىياسەت ئىجرا قىلىندى، بۇ سىياسەت، شۇبھىسىزكى، خاتا ئىدى. يەر سىيا-سىتى جەھەتتە، 10 يىللىق ئىچكى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى ۋە ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە قوللىنىلغان توغرا سىياسەتنى يەنى پومېشچىكلارنىڭ ماكانسىز بولۇپ قېلىپ ياكى تاقىقا چىقىپ باسمىچى بولۇۋېلىپ، جەمئىيەت تەرتىۋىنى بۇزۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارغىمۇ دېخانلارغا ئوخشاش بىر ئۈلۈش يەر تەقسىم قىلىپ بېرىپ، ئۇلارنى تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللاندۇرۇش سىياسىتىنى ئىنكار قىلغانلىقىمۇ خاتا ئىدى③. ھازىر پارتىيىنىڭ سىياسىتى بۇنىڭدىن باشقىچە بولۇشى لازىم، «ھەممىدىلا كۈرەش قىلىپ، بىرلىشىشنى ئىنكار قىلىش» ئەمەس، شۇنىڭدەك «ھەممىدىلا بىرلىشىپ، كۈرەش قىلىشنى ئىنكار قىلىش» (1927-يىلدىكى چېن دۇشيۇچىلىقتەك)مۇ ئەمەس، بەلكى ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرىدىغان بارلىق ئىجتىمائىي تەبىقىلەر بىلەن بىرلىشىپ، بىرلىكسەپ تۈزۈشتىن، لېكىن يەنە ئۇلاردا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دۈشمەنگە تەسلىم بولۇش ۋە گۇڭچەنداڭغا، خەلققە قارشى تۇرۇشتەك تۇراقسىزلىق ۋە ئەكسىيەتچىلىك تەرىپىنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ، ئۇلارغا قارشى تۈرلۈك شەكىللەردە كۈرەش ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت بولۇشى لازىم. ھازىرقى سىياسەت — «بىر-لىشىش» بىلەن «كۈرەش قىلىش» بىرلەشتۈرۈلگەن ئىككى تەرەپلىمە

سىياسەت. ئەمگەك سىياسىتى جەھەتتە، ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى مۇۋاپىق ياخشىلايدىغان ۋە كاپىتالىستىك ئىگىلىكنىڭ توغرا راۋاجلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلمايدىغان ئىككى تەرەپلىمە سىياسەت. يەر سىياسىتى جەھەتتە، پومىشچىكلاردىن ئىجارە ۋە ئۆسۈمنى كېمەيى-تىشنى تەلەپ قىلىدىغان ھەم دېھقانلارنىڭ قىسمەن ئىجارە ۋە ئۆسۈم تاپشۇرۇشىنى بەلگىلەيدىغان ئىككى تەرەپلىمە سىياسەت. سىياسى ھوقۇق جەھەتتە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرىدىغان بارلىق پومىشچىكلار ۋە كاپىتالىستلاردا ئىشچى، دېھقانلارغا ئوخشاش كىشىلىك ھوقۇقى، سىياسى ھوقۇق ۋە مال-مۈلۈك ھوقۇقى بولىدىغان ئەمما يەنە ئۇلارنىڭ قىلىش ئېھتىمالى بولغان ئەكسىلئىنقىلاۋىي ھەركەتلىرىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئىككى تەرەپلىمە سىياسەت. دولەت ئىگىلىكى ۋە كوپېراتىپ ئىگىلىكى راۋاجلاندۇرۇلۇشى لازىم، لېكىن ھازىرقى يېزا گېنجۈيدىلىرىدە ئاساسىي ئىقتىسادىي تەركىپ تېخى دولەت ئىگىلىكى ئەمەس، بەلكى خۇسۇسىلار ئىگىلىكى بولماقتا ۋە ئەركىن كاپىتالىستىك ئىگىلىككە راۋاجلىنىش پۇرسىتى بېرىلە-مەكتە، بۇنىڭدىن مەقسەت ياپون جاھانگىرلىكىگە ۋە يېرىم فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ — ھازىرقى جۇڭگودا ئەڭ ئىنقىلاۋىي سىياسەت، بۇ سىياسەتنىڭ ئەمەلگە قويۇلۇشىغا قارشى تۇرۇش ۋە توسقۇنلۇق قىلىش، شۈبھىسىزكى، خاتا. كۇڭچەنداڭ ئەزالىرىنىڭ كوممۇنىستىك پاكلىقىنى جىددىي ۋە قەتئىي ساقلاش، جەمئىيەت ئىقتىسادىدىكى پايدىلىق كاپىتالىستىك تەركىبىنى قوغداش ۋە بىرەر مۇۋاپىق تەرەققىياتقا ئىگە قىلىش — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ۋە دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت قۇرۇش دەۋرىدە بىرسى كەم بولسا بولمايدىغان ۋەزىپىمىز. بۇ دەۋردە، بىر قىسىم

گۇڭچەنداڭ ئەزالىرىنىڭ بۇرژۇئازىيە تەرىپىدىن چىرىكلەشتۈرۈ-
لۈشى، پارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدا كاپىتالىستىك ئىدېيىلەر تۇغۇلۇشى
مۇمكىن، بىز پارتىيە ئىچىدىكى بۇنداق چىرىك ئىدېيىلەرگە قارشى
كۆرەش قىلىشىمىز لازىم؛ ئەمما پارتىيە ئىچىدىكى كاپىتالىستىك
ئىدېيىلەرگە قارشى كۆرەشنى خاتا ھالدا جەمئىيەت ئىقتىسادى
تەرىپىگە بۇراپ كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي تەركىپكە قارشى تۇرما-
لىغىمىز لازىم. بىز بۇ چېگرىنى ئېنىق ئاجرىتىۋېلىشىمىز كېرەك.
جۇڭگو گۇڭچەنداڭى مۇرەككەپ شارائىتتا ئىشلەۋاتىدۇ، ھەر بىر
پارتىيە ئەزاسى بولۇپمۇ پارتىيىلىك كادىر ئۆزىنى ماركسىزم سېلۇې-
سىنى بىلىدىغان جەڭچىلەردىن قىلىپ چېنىقتۇرۇشى لازىم، مەسىلىگە
بىر تەرەپلىمە، ئاددى قاراش بىلەن ئىنقىلاپنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش
مۇمكىن ئەمەس.

## ئىزاھلار

① جۇڭگياڭنىڭ 1940-يىل 7-ئاينىڭ 7-كۈنىدىكى يولىورۇغى شۇ
ۋاقىتتا چىقىرىلغان «جۇڭگوداكى جۇڭگياڭنىڭ ھازىرقى ۋەزىيەت ۋە پارتىيە-
نىڭ سىياسىتى توغرىسىدىكى قارارى»نى كورسىتىدۇ. جۇڭگياڭنىڭ
1940-يىل 12-ئاينىڭ 25-كۈنىدىكى يولىورۇغى مۇشۇ تاللانما
ئەسەرلەرنىڭ 2-تومىدىكى «سىياسىتىمىز توغرىسىدا» دىگەن ئەسەرنى
كورسىتىدۇ.

② ستالىن. «لېنىنىزم ئاساسلىرى توغرىسىدا»نىڭ 3-قىسمىدىن
ئېلىنغان.

③ بۇ يەردە ئېيتىلغان 10 يىللىق ئىچكى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى
مەزگىلى 1927-يىلنىڭ ئاخىرىدىن 1928-يىلنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان

مەزگىلنى يەنى كىشلەر ئادەتتە جىڭگاڭشەن مەزگىلى دەپ ئاتاپ
كەلگەن مەزگىلنى كۆرسىتىدۇ؛ ئوتتۇرا مەزگىلى 1929-يىلىنىڭ بېشىدىن
1931-يىلىنىڭ كۈزىگىچە بولغان مەزگىلنى يەنى مەركىزىي قىزىل
گېنجۇيدى قۇرۇلغاندىن تارتىپ ئۈچىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا
قارشى ئۇرۇش غەلىبىلىك ئاياقلاشقانغا قەدەر بولغان مەزگىلنى كۆرسە-
تىدۇ؛ ئاخىرقى مەزگىلى 1931-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1934-يىلىنىڭ
ئاخىرىغىچە بولغان مەزگىلنى يەنى ئۈچىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقى-
تىش»قا قارشى ئۇرۇش غەلىبىلىك ئاياقلاشقاندىن تارتىپ داڭجۇگيالڭ
گۈيجۇ ئۆلكىسىنىڭ زۈنيى شەھىرىدە جېڭجۈجۈينىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى
ئۆتكۈزگەنگىچە بولغان مەزگىلنى كۆرسىتىدۇ. 1935-يىل 1-ئايدىكى
زۈنيى يىغىنى 1931-يىلدىن 1934-يىلغىچە پارتىيە ئىچىدە ھۆكۈمرانلىق
قىلغان «سول»چىل جىخۇيجۈيى لۇشيەنىگە خاتىمە بېرىپ، پارتىيىنى
توغرا لۇشيەنگە قايتۇردى.

# ئۆگىنىشىمىزنى ئۆزگەرتەيلى*

**(1941-يىل 5-ئاي)**

مەن پۈتۈن پارتىيىمىز بويىچە ئۆگىنىش ئۇسۇلى ۋە ئۆگىنىش تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلىمەن. بۇنىڭ ئاساسلىرى تۆۋەندىكىچە:

**1**

جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ 20 يىلى ماركسىزم-لېنىنىزم ئومۇمىي ھەقىقىتى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن كۈنساناپ بىرلەشتۈرۈپ بېرىلغان 20 يىل بولدى. ئەگەر بىز پارتىيىمىزنىڭ گودەكلىك دەۋرىدە بىزنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزمغا بولغان تونۇشىمىزنىڭ ۋە جۇڭگو ئىنقىلابىغا بولغان تونۇشىمىزنىڭ نەقەدەر يۈزە

* بۇ — يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ يەنئەن كادىرلار يىغىنىدا قىلغان دوكلات. بۇ دوكلات ۋە «پارتىيە ئىستىلىنى تۈزىتەيلى»، «پارتىيە باگۇسىغا قارشى تۇرايلى» دېگەن ئىككى ماقالا — يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىستىل تۈزىتىش ھەركىتىگە دائىر ئاساسىي ئەسەرلىرى. يولداش ماۋ زېدۇڭ

ۋە نەقەدەر كەم ئىكەنلىكىنى ئەسلىسەك، ھازىر بۇلارغا بولغان تونۇشىمىزنىڭ كوپ چوڭقۇرلاشقانلىقى ۋە كوپ بېيىغانلىقىنى كورىمىز. ئېغىر ئازاپ-ئوقۇبەت چەككەن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئېسىل پەرزەنتلىرى 100 يىلدىن بۇيان پىداكارلىق بىلەن كۇرەش قىلىپ، ئالدىنقىلىرى يىقىلسا، كېيىنكىلىرى ئىز بېسىپ، ۋەتەننى ۋە خەلقنى قۇتقۇزىدىغان ھەقىقەتنى ئىزلىدى، بۇ تىللاردا داستان قىلىشقا ئەرزىيدۇ. لېكىن بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ۋە روسىيە ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىنلا، ماركسىزىم-لېنىنىزىمدىن ئىبارەت بۇ ئەڭ ياخشى ھەقىقەتنى تېپىپ، ئۇنى مىللىتىمىزنى ئازات قىلىشنىڭ ئەڭ ئوبدان قورالى قىلدى، جۇڭگو گۇڭچەنداڭى بولسا بۇ قورالنى قولغا ئېلىشنىڭ تەشەببۇسچىسى، تەشۋىقاتچىسى ۋە تەشكىلاتچىسى بولدى. ماركسىزىم-لېنىنىزىم ئومۇمىي ھەقىقىتى جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشكەن ھامان، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ قىياپىتىنى بىردىنلا يېڭىلىدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن بۇيان، پارتىيىمىز ماركسىزىم-لېنىنىزىم ئومۇمىي ھەقىقىتىگە ئاساسلىنىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ

---

بۇ ماقالىلىرىدا، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا، پارتىيە ئىچىدە ئىلگىرى بولۇپ ئوتكەن لۇشيەن ئىختىلاپلىرىنى ئىدېيە مەسىلىسى جەھەتتىن يەكۇنلىدى، پارتىيە ئىچىدە كەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، ماركسىزىم-لېنىنىزىمنى نىقاپ قىلىۋالغان ئۇششاق بۇرژۇئا پىكىر قىلىش ئىستىلىنى، ئاساسەن، جۇڭگۇەنجۇيى، مەزھەپچىلىك خاھىشلىرىنى ۋە بۇ ئىككى خاھىشنىڭ ئىپادە شەكلى بولغان پارتىيە باگۇسىنى تەھلىل قىلىپ ئوتتى. يولداش ماۋزېدۇڭ پۇتۇن پارتىيە دائىرىسىدە ماركسىزىم-لېنىنىزىملىق تەربىيە ھەركىتىنى يەنى ماركسىزىم-لېنىنىزىملىق

كونكرېت ئەمەلىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا، بۈگۈنكى جۇڭگونى ۋە دۇنيانى تەتقىق قىلىشتا بىر قەدەم ئىلگىرىلىدى، جۇڭگو تارىخىنى تەتقىق قىلىشقىمۇ مەلۇم دەرىجىدە كىرىشتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ياخشى ئەھۋال.

## 2

لېكىن بىزدە يەنە كەمچىلىكلەر بار، بولغاندىمۇ ناھايىتى چوڭ كەمچىلىكلەر بار. مېنىڭچە، ئەگەر بۇنداق كەمچىلىكلەر تۈزىتىلمەيدىكەن، خىزمىتىمىزنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشكە ئامالسىز قالىمىز، ماركسىزم-لېنىنىزم ئومۇمىي ھەقىقىتىنى جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشتا تېخىمۇ ئىلگىرىلەشكە ئامالسىز قالىمىز.

ئالدى بىلەن، ھازىرقى ئەھۋالنى تەتقىق قىلىش ئۈستىدە توختىلايلى. پارتىيىمىزدەك بۇنداق چوڭ پارتىيە ھازىرقى ئىچكى ۋە خەلقارا ئەھۋالنى تەتقىق قىلىشتا بەزى ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەن

---

بېكىر قىلىش پرىنسىپى بويىچە ئىستىل تۈزىتىش ھەركىتىنى قانات يايدۇرۇشنى چاقىرىق قىلدى. يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ چاقىرىقى تېزدىن پارتىيە ئىچى ۋە پارتىيە سىرتىدا پرولېتارىيات ئىدىيىسى بىلەن ئۇششاق بۇرژۇئا ئىدىيىسى ئوتتۇرىسىدا كەڭ بەس-مۇنازىرە قوزغىۋەتتى، پرولېتارىيات ئىدىيىسىنىڭ پارتىيە ئىچى ۋە پارتىيە سىرتىدىكى جېنىدىلىرىنى مۇستەھكەملىدى، شۇنداق قىلىپ، كەڭ كادىرلارنى ئىدىيە جەھەتتىن زور دەرىجىدە ئۆستۈردى، پارتىيىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىتتىپاقلىققا ئېرىشتۈردى.

بولسىمۇ، لېكىن ئىچكى ۋە خەلقارا ئىشلارنىڭ ھەرقايسى جەھەتلىرىدە، ئىچكى ۋە خەلقارا سىياسى، ھەربى، ئىقتىسادىي ۋە مەدىنىي ساھەلەرنىڭ قايسىلا بىرىدە بولسۇن، توپلىغان ماتېرىياللىرىمىز تېخى پارچە-پۇرات، تەتقىقات خىزمىتىمىز تېخى شىتۇگىسىز. 20 يىلدىن بۇيان، ئومۇمەن ئېيتقاندا، يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ساھەلەر بويىچە شىتۇگلۇق، پۇختا ھالدا ماتېرىيال توپلاپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى ئىشلىمىدۇق، كېڭۇەن ئەمەلىي ئەھۋالنى تەكشۈرۈش-تەتقىق قىلىش ھاۋاسى قويۇق بولمىدى. «كوزنى يۇمۇۋېلىپ قۇچقاچ تۇتۇش»، «قارغۇدەك تىمىسقىلاپ بېلىق تۇتۇش»، بىپەرۋالىق قىلىش، قۇرۇق گەپ سېتىش، يېرىم-ياتا بىلىمگە قانائەتلىنىپ قېلىشتەك بۇنداق ئەڭ يامان ئىستىل، ماركسىزىم-لېنىنىزىمنىڭ تۇپ روھىغا تامامەن خىلاپ بولغان بۇنداق ئىستىل پارتىيىمىزدىكى نۇرغۇن يولداشلاردا ھېلىمۇ ساقلىنىپ كەلمەكتە. ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلار بىزگە ئەھۋالنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشنى، جۇڭگۇەن ئارزۇنى كوزدە تۇتماي، كېڭۇەن ھەقىقى ئەھۋالنى كوزدە تۇتۇشنى ئۇگىتىدۇ؛ بىزنىڭ نۇرغۇن يولداشلىرىمىز بولسا بۇ ھەقىقەتكە توغرىدىن-توغرا خىلاپلىق قىلىۋاتىدۇ.

ئەمدى، تارىخنى تەتقىق قىلىش ئۇستىدە توختىلايلى. ئاز سانلىق پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئاز سانلىق پارتىيە خەيرىخاھلىرى بۇ ئىشنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن تەشكىللىك ئېلىپ بارمىدى. جۇڭگونىڭ مەيلى يېقىنقى 100 يىللىق تارىخى بولسۇن ياكى قەدىمكى زامان تارىخى بولسۇن، نۇرغۇن پارتىيە ئەزالىرىغا تېخىچىلا قاراڭغۇ بىر جاڭگال. نۇرغۇن ماركسىزىم-لېنىنىزىمچى ئالىملارمۇ ھەدىسىلا يۇناندىن سوز ئاچىدۇ، ئوز ئاتا-بوۋىلىرىنى بولسا، ئەپسۇسكى،

ئۈنتۈپ قالغان. ھازىرقى ئەھۋالنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش ھاۋاسى قويۇق ئەمەس، تارىخنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش ھاۋاسىمۇ قويۇق ئەمەس.

ئاخىرىدا، خەلقئارا ئىنقىلاۋىي تەجرىبىلەرنى ئۆگىنىش، ماركسىزم-لېنىنىزم ئومۇمىي ھەقىقىتىنى ئۆگىنىش ئۈستىدە توختىلايلى. نۇرغۇن يولداشلارنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزمنى ئۆگىنىشى گويا ئىنقىلاب ئەمەلىيىتىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پەقەت ئۆگىنىش ئۈچۈنلا ئۆگىنىش بولۇپ قالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئوقۇغان بىلەنمۇ ھەزىم قىلالمايدۇ. پەقەت ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلارنىڭ ئايرىم ئىبارىلىرىنى بىر تەرەپلىمە نەقىل كەلتۈرۈشنىلا بىلىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ مەيدانى، نۇقتىنەزىرى ۋە ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، جۇڭگونىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ۋە تارىخىنى كونكرېت تەتقىق قىلىشنى، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ مەسىلىلىرىنى كونكرېت تەھلىل قىلىشنى ۋە كونكرېت ھەل قىلىشنى بىلمەيدۇ. ماركسىزم-لېنىنىزمغا بۇنداق مۇناسىۋەتتە بولۇش ئىنتايىن زىيانلىق، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارغا كەلتۈرىدىغان زىيىنى تېخىمۇ چوڭ.

مەن يۇقىرىدا ئۈچ جەھەتتىكى ئەھۋال ئۈستىدە: ھازىرقى ئەھۋالنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىك، تارىخنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىك، ماركسىزم-لېنىنىزمنى تەتبىق قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىك ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتتۈم، بۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى يامان ئىستىل. بۇنداق ئىستىل تارقىلىپ، بىزنىڭ نۇرغۇن يولداشلىرىمىزغا زىيان يەتكۈزدى.

راست، ھازىر بىزنىڭ قوشۇنىمىزدا مۇشۇنداق ئىستىل بىلەن

بۇزۇلغان نۇرغۇن يولداشلار ھەقىقەتەن بار. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى، ئۆلكە ئىچى ۋە سىرتىدىكى، ناھىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى، رايون ئىچى ۋە سىرتىدىكى كونكرېت ئەھۋاللارنى شىنۇگلۇق، پۇختا تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىشنى خالىماي، پەقەت يېرىم-ياتا بىلىمگە، «شۇنداق بولسا كېرەك» دېگەن پەرەزگە ئاساسلىنىپ بۇيرۇق چىقىرىدىغان بۇنداق جۇگۇەنجۇيىلىق ئىستىل نۇرغۇن يولداشلاردا تېخىچە مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتامدۇ؟

بەزىلەر ئۆز تارىخىنى پەقەت بىلمەيدۇ ياكى ناھايىتى ئاز بىلىدۇ، بۇنى نومۇس كۆرمەي، ئەكسىچە، شەرەپ ھېسابلايدۇ. بولۇپمۇ ئېغىرى شۇكى، جۇڭگو كۇڭچەنداڭىنىڭ تارىخىنى ۋە ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن بۇيانقى جۇڭگونىڭ يېقىنقى 100 يىللىق تارىخىنى ھەقىقىي بىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز. جۇڭگونىڭ يېقىنقى 100 يىللىق ئىقتىسادىي تارىخىنى، يېقىنقى 100 يىللىق سىياسىي تارىخىنى، يېقىنقى 100 يىللىق ھەربىي تارىخىنى ۋە يېقىنقى 100 يىللىق مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشقا ئەستايىدىللىق بىلەن كىرىشكەن كىشىلەر ھەتتاكى تېخى يوق. بەزىلەر ئۆز نەرسىلىرى توغرىسىدا بىلمەسىز بولغاندىن كېيىن، ئۇلاردا قالدىغىنى يۇنانىنىڭ ۋە باشقا ئەللەرنىڭ چۆچەكلىرىلا، بۇنىڭدىمۇ ئۇلارنىڭ ھالى خاراب، ئۇلار بۇلارنى چەتئەللەرنىڭ كونا قەغەز دۆۋىلىرى ئىچىدىن پارچە-پارچە تېرىۋالغان.

بىرقانچە ئون يىلدىن بۇيان، چەتئەللەردە ئوقۇغان نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار بۇ كېسەلگە مۇپتىلا بولدى. ئۇلار ياۋروپا، ئامېرىكا ئەللىرى ۋە ياپونىيىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، چەتئەللەر توغرىسىدا ھېچنېمىنى پەرق ئەتمەي سۆزلەش بىلەنلا بولۇپ كەتتى. ئۇلار پاتېفۇنلۇق رول ئوينىدى، ئۆزلىرىنىڭ يېڭى شەيئىلەرنى

بىلىش ۋە يېڭى شەيئىلەر يارىتىش مەسئۇلىيىتىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويدى. بۇ كېسەلنى كۆڭچەندىكىمۇ يوقتۇردى.

بىز ماركسىزمنى ئۆگىنىۋاتىمىز، ئەمما بىزنىڭ ئارىمىزدا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ماركسىزمنى ئۆگىنىش ئۇسۇلى ماركسىزمغا توغرىدىن-توغرا خىلاپ. دېمەك، ئۇلار ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلار كىشىلەرگە سەممىي تەۋسىيە قىلىپ كەلگەن ئاساسىي پىرىنسىپقا: نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ بىرلىكىگە خىلاپلىق قىلدى. ئۇلار بۇ پىرىنسىپقا خىلاپلىق قىلغان ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن بۇنىڭغا قارىمۇ-قارشى پىرىنسىپنى: نەزەرىيىنىڭ ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىشىنى ياساپ چىقىدۇ. مەكتەپ تەربىيىسىدە، خىزمەتتىكى كادىرلار تەربىيىسىدە پەلسەپە ئوقۇتىدىغانلار ئوقۇغۇچىلارنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ مەنتىقىسىنى تەتقىق قىلىشقا باشلىمىدى، ئىقتىسادىي پەن ئوقۇتىدىغانلار ئوقۇغۇچىلارنى جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشقا باشلىمىدى، سىياسىي پەن ئوقۇتىدىغانلار ئوقۇغۇچىلارنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ سىياسىتىنى تەتقىق قىلىشقا باشلىمىدى، ھەربىي پەن ئوقۇتىدىغانلار ئوقۇغۇچىلارنى جۇڭگونىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان جەڭنىڭ ۋە جەڭ ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىشقا باشلىمىدى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار. بۇنىڭ نەتىجىسىدە خاتا نەرسىلەر تارقىلىپ، كىشىلەرگە كۆپ زىيان يەتتى. يەنئەندە ئۆگەنگەننى فۇشىيەندە① ئىشلىتەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئىقتىسادىي پەن جياۋشۇسى بىيەنبىي بىلەن فابىنى② چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيۋاتقان يەردە، ئەلۋەتتە، ئوقۇغۇچىلارمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. بۇ ھال نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا بىر خىل غەيرىي تەبىئىي روھىي ھالەتنى پەيدا قىلدىكى، ئۇلار، ئەكسىچە، جۇڭگو مەسىلىلىرىگە قىزىقمايدىغان،

پارتىيىنىڭ يولىيورۇقلىرىغا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان بولۇپ قالىدى، ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئىسى-يادى ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ئۆگىنىۋالغان، ئەبىدىي ئۆزگەرمەيدۇ دەۋالغان جىياۋتىياۋدا بولۇپ قالدى.

ئەلۋەتتە، يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكەنلىرىم — پارتىيىمىزدىكى ئەڭ يامان ئەھۋاللارنىڭ تىپىك مىساللىرى، ئومۇمىيۈزلۈك شۇنداق، دىمەكچى ئەمەسمەن. لېكىن بۇنداق تىپىك مىساللار ھەقىقەتەن مەۋجۇت، بەلكى خېلى كوپ، ئۇنىڭ زىيىنىمۇ خېلى چوڭ، بۇنىڭغا سەل ئىش دەپ قاراپ تۇرغىلى بولمايدۇ.

## 3

بۇ پىكرىنى تەكرار چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى ئىككى خىل پوزىتسىيىنى سېلىشتۇرۇپ سوزلىمەكچىمەن.

بىرىنچى خىلى — جۈگۈەنجۈيىلىق پوزىتسىيە.

بۇنداق پوزىتسىيىدىكىلەر ئەتراپتىكى موھىتنى شىتۇگىلۇق ۋە پۇختا تەتقىق قىلماستىن، پەقەت جۈگۈەن قىزغىنلىقىغىلا يولىنىپ ئىشلەيدۇ، جۇڭگونىڭ بۈگۈنكى قىياپىتى ئۇلار ئۈچۈن غۇۋا. بۇنداق پوزىتسىيىدىكىلەر تارىخنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ، يۇنانىنىلا بىلىدۇ، جۇڭگونى بىلمەيدۇ، جۇڭگونىڭ تۈنۈگۈنكى ۋە ئۈلۈشكۈنكى قىياپىتى ئۇلارغا قاراڭغۇ بىر جاڭگال. بۇنداق پوزىتسىيىدىكىلەر ماركسىزىم-لېنىنىزىم نەزىرىيىسىنى ئابستراكت رەۋىشتە مەقسەتسىز تەتقىق قىلىدۇ. ئۇلار جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ نەزىرىيە مەسىلىسى ۋە سىلۇپ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن-لاردىن مەيدان، نۇقتىنەزەر ۋە ئۇسۇل ئىزلىمەي، پەقەت نەزىرىيە

تەھلىل ۋە ئومۇملاشتۇرۇلغان تەتقىقات يۈرگۈزۈش كېرەك③. بىزنىڭ
نۇرغۇن كىشىلىرىمىز بۇنداق قىلماي، ئەكسىنى قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ
بىرمۇنچىلىرى — تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار، لېكىن
قانۇنىيەتلەرنى تېپىپ چىقىپ، ھەرىكىتىمىزنىڭ يولباشلامچىسى قىلىـ
شىمىز لازىم، دەپ ئۆگىتىدۇ. بۇ مەقسەت ئۈچۈن، ماركس ئېيتقانـ
دەك، تەپسىلىي ماتېرىيال ئىگەللەپ، ئۇلار ئۈستىدە ئىلمىي
تەھلىل ۋە ئومۇملاشتۇرۇلغان تەتقىقات يۈرگۈزۈش كېرەك③. بىزنىڭ
نۇرغۇن كىشىلىرىمىز بۇنداق قىلماي، ئەكسىنى قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ
بىرمۇنچىلىرى — تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار، لېكىن
ئۇلار بۈگۈنكى جۇڭگونى ۋە تۈنۈگۈنكى جۇڭگونى تەتقىق قىلىشقا
زادى ھەۋەس قىلمايدۇ، ھەۋەسنى پەقەت ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان
قۇرۇق «نەزەرىيە» تەتقىقاتىغىلا قارىتىدۇ. بىرمۇنچىلىرى — ئەمەلىي
خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار، ئۇلارمۇ كېگۇەن ئەھۋالنى تەتقىق
قىلىشقا دىققەت قىلمايدۇ، كۆپىنچە، ئۆز قىزغىنلىقىغىلا يۆلىنىپ،
ھېسسىياتىنى سىياسەت ئورنىغا قويىدۇ. بۇ ئىككى خىل كىشىلەر
جۇگۇەن قارىشىغىلا يۆلىنىپ، كېگۇەن ئەمەلىي شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇتـ
لۇقىغا ئېتىۋارسىز قارايدۇ. بىرەر نۇتۇق سۆزلىسە، ئۇلارنىڭ نۇتقى
ئا، ب، س، د ۋە بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچىلەر بىلەن
تولغان بولىدۇ؛ بىرەر ماقالە يازسا، ئۇلارنىڭ ماقالىسى بىر تاغار
قۇرۇق گەپ بىلەن تولغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن
ئىزلەش نىيىتى يوق، قۇرۇق گەپ سېتىپ باشقىلارنى ئۆزىگە جەلپ
قىلىۋېلىش غەرىزىلا بار. تېشى پال-پال، ئىچى غال-غال، پوختا
ئەمەس، چۈرۈك. ئۆزىنىڭكىنىلا راست ھېسابلايدۇ، ئاكاڭ قارىغاي
جاھاندا بىر، دەيدۇ، ھەممە يەردە «چىنچەي داچېن»لىق قىلىدۇ.

مانا بۇلار بىزنىڭ قوشۇنىمىزدىكى بەزى يولداشلارنىڭ ئىستىلى. بۇنداق ئىستىلنى ئۆزەڭگە قوللانساڭ، ئۆزەڭگە زىيان يەتكۈزىسەن؛ كىشىنى تەربىيىلەشتە قوللانساڭ، باشقىلارغا زىيان يەتكۈزىسەن؛ ئىنقىلاپقا يېتەكچىلىك قىلىشتا قوللانساڭ، ئىنقىلاپقا زىيان يەتكۈزىسەن. قىسقىسى، پەنگە قارشى، ماركسىزم-لېنىنىزمغا قارشى بۇنداق جۇگۇەنجۇيىلىق ئۇسۇل — گۇڭچەنداڭنىڭ چوڭ دۈشمىنى، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ چوڭ دۈشمىنى، خەلقنىڭ چوڭ دۈشمىنى، مىللەتنىڭ چوڭ دۈشمىنى، پارتىيىۋىلىكنىڭ ساپ بولمىغانلىقىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى. ئالدىمىزدا چوڭ دۈشمەن تۇرۇپتۇ، ئۇنى يوقىتىشىمىز زۆرۈر. پەقەت جۇگۇەنجۇيىنى يوقىتالىغاندىلا، ماركسىزم-لېنىنىزم ھەقىقىتى باش كۆتىرىدۇ، پارتىيىۋىلىك مۇستەھكەملىنىدۇ، ئىنقىلاپ غەلىبە قازىنىدۇ. شۇنى ئېيتىشىمىز كېرەككى، ئىلمىي پوزىتسىيە بولمىسا، يەنى نەزىرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ماركسىزم-لېنىنىزملىق پوزىتسىيە بولمىسا، بۇ، پارتىيىۋىلىكنىڭ يوقلۇغى ياكى پارتىيىۋىلىكنىڭ تولۇق ئەمەسلىگى، دەپ ئاتىلىدۇ.

مۇنداق بىر دۈيزى باركى، ئۇ شۇنداق كىشىلەرنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

> تامدا ئۆنگەن قومۇچنىڭ بېشى ئېغىر، تۈۋى ئاجىز، يىلتىزى تېيىز بولىدۇ؛
> تاغدا ئۆنگەن بامبۇكنىڭ ئۇچى ئۇچلۇق، پوستى قېلىن، ئىچى كاۋاك بولىدۇ.

قاراڭلار، ئىلمىي پوزىتسىيىدە بولمىغان كىشىلەر، ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن بىرقانچە ئىبارىنى يادلىۋېلىشتىلا بىلىدىغان كىشىلەر، قۇرۇق ناملا بار، ئەمەلىي بىلىمى يوق

كىشىلەر ئەنە شۇنىڭغا ئوخشىمامدۇ؟ ئەگەر بىرەر كىشى ئۆزىنىڭ كېسىلىنى داۋالاشنى ھەقىقەتەن خالىسا، مەن ئۇ كىشىگە ئەنە شۇ دۇيىزىنى يېزىۋېلىشقا ياكى يەنىمۇ باتۇرلۇق قىلىپ، ئۇنى ئۆز ئۆيىنىڭ تېمىغا چاپلاپ قويۇشقا مەسلىھەت بەرگەن بولاتتىم. ماركسىزم-لېنىنىزم — پەن، پەن — راستچىللىقنى تەلەپ قىلىدىغان بىلىم، بۇنىڭدا قىلچە ساختىپەزلىك قىلىشقا بولمايدۇ. ھەر ھالدا راستچىلراق بولايلى!

ئىككىنچى خىلى — ماركسىزم-لېنىنىزىملىق پوزىتسىيە.

بۇنداق پوزىتسىيىدىكىلەر ماركسىزم-لېنىنىزم نەزەرىيىسى ۋە ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئەتراپتىكى موھىتنى ئىستىۋگۈلۈق، پۇختا تەكشۈرىدۇ ۋە تەتقىق قىلىدۇ. ئۇلار پەقەت ئۆز قىزغىنلىقىغىلا يۆلىنىپ ئىش قىلماي، بەلكى، ستالىن ئېيتقاندەك: ئىنقىلاۋىي غەيرەت-شىجائەتنى راستچىللىق روھى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىش كورىدۇ④. بۇنداق پوزىتسىيىدىكىلەر تارىخنى ئۈزۈپ تاشلىمايدۇ. ئۇلار يۇنانىنىلا بىلىش بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي، جۇڭگونىمۇ بىلىشكە ئىنتىلىدۇ؛ چەتئەللەرنىڭ ئىنقىلاپ تارىخىنىلا بىلىشكە ئىنتىلىپ قالماي، جۇڭگونىڭ ئىنقىلاپ تارىخىنىمۇ بىلىشكە ئىنتىلىدۇ؛ جۇڭگونىڭ بۈگۈنىنىلا بىلىشكە ئىنتىلىپ قالماي، جۇڭگونىڭ تۈنۈگۈنى ۋە ئۈلۈشكۈنىنىمۇ بىلىشكە ئىنتىلىدۇ. بۇنداق پوزىتسىيىدىكىلەر ماركسىزم-لېنىنىزم نەزەرىيىسىنى مەقسەتلىك تەتقىق قىلىدۇ، ماركسىزم-لېنىنىزم نەزەرىيىسىنى جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئەمەلىي ھەركىتى بىلەن بىرلەشتۈرىدۇ، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ نەزەرىيە مەسىلىسى ۋە سىياسىي مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ماركسىزم-لېنىنىزمدىن مەيدان، نۇقتىنەزەر ۋە ئۇسۇل ئىزلەيدۇ. بۇنداق پوزىتسىيە — نىشانلىق

ئوق ئېتىش پوزىتسىيىسى. «نىشان» — جۇڭگو ئىنقىلابى، «ئوق» — ماركسىزم - لېنىنىزم. بىز جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ بۇ «ئوق»نى ئىزلىشىمىز جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە شەرق ئىنقىلابىدىن ئىبارەت بۇ «نىشان»غا ئېتىش ئۈچۈن. بۇنداق پوزىتسىيە — ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش پوزىتسىيىسى، «ئەمەلىيەت» — كېگۇەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھەممە شەيئىلەر، «ھەقىقەت» — كېگۇەن شەيئىلەرنىڭ ئىچكى باغلىنىشى يەنى قانۇنىيىتى، «ئىزلەش» — بىزنىڭ تەتقىق قىلىشىمىز. بىز مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى، ئۆلكە ئىچى ۋە سىرتىدىكى، ناھىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى، رايون ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئەمەلىي ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلاردىن ئويدۇرما قانۇنىيەتلەرنى ئەمەس، ئەسلىدە بار قانۇنىيەتلەرنى يەنى ئەتراپىمىزدىكى ۋەقەلەرنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى تېپىپ چىقىپ، ئۆز ھەركىتىمىزنىڭ يولباشلامچىسى قىلىشىمىز كېرەك. بۇنداق قىلىش ئۈچۈن، جۇگۇەن تەسەۋۋۇرغا، بىردەملىك قىزغىنلىققا، ئۆلۈك كىتابقا ئاساسلانماي، بەلكى كېگۇەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان پاكىتلارغا ئاساسلىنىپ، ماتېرىياللارنى تەپسىلىي ئىگەللەپ، ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ئومۇمىي قائىدىلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بۇ ماتېرىياللاردىن توغرا خۇلاسە چىقىرىشىمىز كېرەك. بۇنداق خۇلاسە ئا، ب، س، د دىن ئىبارەت ھادىسىلەر تىزىمى ئەمەس، قۇرۇق سەپسەتىلەر بىلەن تولغان بىمەنە ماقالىمۇ ئەمەس، بەلكى ئىلمىي خۇلاسە بولۇشى كېرەك. بۇنداق پوزىتسىيىدىكىلەرنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش نىيىتى بار، قۇرۇق گەپ سېتىپ باشقىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋېلىش غەرىزى يوق. بۇنداق پوزىتسىيە — پارتىيىۋىلىكنىڭ ئىپادىسى، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت

ماركسىزم-لېنىنىزمىلىق ئىستىل. بۇ — گۈگچەنداك ئەزاسىدا
هېچ بولمىغاندىمۇ بولۇشقا تېگىشلىك پوزىتسىيە. ئەگەر مۇشۇنداق
پوزىتسىيە بولىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا «بېشى ئېغىر، تۈۋى ئاجىز،
يىلتىزى تېيىز»مۇ بولمايدۇ، «ئۇچى ئۇچلۇق، پوستى قېلىن، ئىچى
كاۋاك»مۇ بولمايدۇ.

## 4

يۇقۇرىدا ئېيتىلغان پىكىرلەرگە ئاساسەن، تۆۋەندىكىلەرنى تەكلىپ
قىلىمەن:

1. پۈتۈن پارتىيە ئالدىغا ئەتراپىمىزدىكى موهىتىمىزنى شىتۈكلۈق ۋە
پۇختا تەتقىق قىلىش ۋەزىپىسىنى قويۇش كېرەك. ماركسىزم-
لېنىنىزم نەزەرىيىسى ۋە ئۇسۇلىغا ئاساسەن، دۈشمەنىنىڭ، دوستلار-
نىڭ ۋە ئۆزىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، مالىيە، سىياسى، هەربى، مەدەنى
جەهەتلەردىكى ۋە پارتىيە ئىشلىرى جەهەتتىكى ئەهۋالىنى تەپسىلى
تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش ئىشىنى ئېلىپ بېرىپ، ئاندىن تېگىشـ
لىك ۋە زۆرۈر خۇلاسە چىقىرىش كېرەك. بۇ مەقسەت ئۈچۈن،
يولداشلارنىڭ دىققىتىنى مۇشۇنداق ئەمەلىي شەيئىلەرنى تەكشۈرۈش
ۋە تەتقىق قىلىشقا تارتىش لازىم؛ يولداشلارغا گۈگچەنداك رەهبەرىي
ئورگانلىرىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئىككى چوڭ ئىشتىن يەنى
ئەهۋالنى چۈشىنىش ۋە سىياسەتنى ئىگەللەشتىن ئىبارەت ئىكەنلى-
گىنى، بۇنىڭ ئالدىنقىسى دۇنيانى بىلىش، كېيىنكىسى دۇنيانى
ئۆزگەرتىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش لازىم؛ يولداشلارغا تەكشۈر-
مىگەنىڭ پىكىر بايان قىلىش هوقۇقى يوقلۇغىنى، سەپسەتىۋازلىق

بىلەن كەلسە ـ كەلمەس سۆزلەشنىڭ ۋە بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى دېگەن ھادىسىلەر تىزىمىنىڭ كارغا كەلمەيدىغانـ لىقىنى چۈشەندۈرۈش لازىم. مەسىلەن، تەشۋىقات خىزمىتىدە ئەگەر دۈشمەنىنىڭ، دوستلارنىڭ ۋە ئۆزىمىزنىڭ تەشۋىقات ئەھۋالىنى چۈشەنمىسەك، تەشۋىقات سىياسىتىمىزنى توغرا بەلگىلەشكە ئامالسىز قالىمىز. ھەرقانداق بىر ئورۇننىڭ خىزمىتىدە ئاۋال ئەھۋالىنى چۈشىنىش كېرەك، شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇنى ئوبدان بىر ياقلىق قىلغىلى بولىدۇ. پۈتۈن پارتىيىدە تەكشۈرۈش ـ تەتقىق قىلىش پىلانىنى يولغا قويۇش ــ پارتىيە ئىستىلىدا بۇرۇلۇش ياساشنىڭ ئاساسىي ھالقىسى.

2. جۇڭگونىڭ يېقىنقى 100 يىللىق تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئىختىساسلىق كىشىلەرنى توپلاپ، ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ، ھەمكارـ لىشىپ ئىشلەش، تەشكىلسىزلىك ھالىتىنى تۈگىتىش كېرەك. ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي تارىخ، سىياسىي تارىخ، ھەربىي تارىخ ۋە مەدەنىيەت تارىخىدىن ئىبارەت بىرقانچە تارماق بويىچە تەھلىلىي تەتقىقات يۈرگۈزۈش لازىم، شۇنىڭدىن كېيىنلا ئومۇملاشتۇرۇپ تەتقىق قىلغىلى بولىدۇ.

3. خىزمەتتىكى كادىرلار تەربىيىسى ۋە كادىرلار مەكتەپلىرى تەربىيىسىدە، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىشنى مەركەز قىلىش، ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ تۈپ پرىنسىپلىـ رىنى يېتەكچى قىلىش فاڭجېنىنى ئېنىق بەلگىلەش لازىم، ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى قېتىپ قالغان ۋە ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان ھالدا تەتقىق قىلىش ئۇسۇلىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەك. ماركسىزم ـ لېنىنىزمـ نى تەتقىق قىلىشتا يەنە «سوۋېت ئىتتىپاقى گۇڭچەنداڭى (بولشېۋىكلار پارتىيىسى) تارىخى قىسقىچە كۇرسى»نى ئاساسىي ماتېرىيال قىلىش

كېرەك. «سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك (بولشېۋىكلار پارتىيىسى) تارىخى قىسقىچە كۇرسى» — 100 يىل مابەينىدىكى پۈتۈن دۇنيا كوممۇنىزىم ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ ئالى يىغىندىسى ۋە يەكۇنى، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئۈلگىسى، پۈتۈن دۇنيادا تېخى مۇشۇ بىرلا مۇكەممەل ئۈلگە بار. بىز لېنىن، ستالىنلارنىڭ ماركسىزىم ئومۇمىي ھەقىقىتىنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىنقىلاۋىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن قانداق بىرلەشتۈرگەنلىكىگە ۋە شۇ ئارقىلىق ماركسىزىمنى قانداق راۋاجلاندۇرغانلىقىغا نەزەر سالساق، جۇڭگودا قانداق ئىشلىشىمىز كېرەكلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

بىز نۇرغۇن ئەگرى-توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتتۇق. لېكىن كوپ چاغلاردا خاتالىق توغرىلىقنىڭ باشلامچىسى بولىدۇ. جۇڭگو ئىنقىلاۋى ۋە دۇنيا ئىنقىلاۋىنىڭ مۇشۇنداق جانلىق ۋە باي موھىتىدا بىزنىڭ ئۆگىنىش مەسىلىسىدىكى بۇ ئۆزگەرتىشىمىز، ئىشىنىمەنكى، چوقۇم ياخشى نەتىجە بېرىدۇ.

## ئىزاھلار

① فۇشيەن — يەنئەننىڭ جەنۇبىدا 70 كىلومېتىرچە يىراقلىقتا جايلاشقان ناھىيە.

② «بيەنبى» — شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونى ھوكۇمىتىنىڭ بانكىسى تارقاتقان قەغەز پۇل. «فابى» — 1935 - يىلدىن كېيىن گومىنداڭ گۇەنلياۋ كاپىتالىنىڭ توت چوڭ بانكىسى ئەنگلىيە، ئامېرىكا جاھانگىرلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن تارقاتقان قەغەز پۇل. يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ ئەسەردە ئېيتقىنى شۇ ۋاقىتتا بيەنبى بىلەن فابى ئوتتۇرىسىدا تۇغۇلغان تېگىشىش قىممىتىدىكى ئۆزگىرىش مەسىلىسىنى كورسىتىدۇ.

③ ماركس، «"كاپىتال"نىڭ 1 ـ توم ئىككىنچى نەشرىگە ئاخىرقى سۆز»گە قارالسۇن. ماركس بۇ ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «تەتقىقات يۈرگۈزۈش ئۈچۈن، مول ماتېرىيال توپلاش، ماتېرىياللارنىڭ تۈرلۈك تەرەققىيات شەكىللىرىنى تەھلىل قىلىش ۋە بۇ شەكىللەرنىڭ ئىچكى مۇناسىۋەتلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش كېرەك. بۇ ئىشنى ئورۇنلىماي تۇرۇپ، ئەمەلىي ھەركەتنى مۇۋاپىق رەۋىشتە بايان قىلىش چوقۇم مۇمكىن ئەمەس.»

④ ستالىن، «لېنىنىزم ئاساسلىرى توغرىسىدا»نىڭ 9 ـ قىسمى «خىزمەت ئىستىلى»غا قارالسۇن.

# يىراق شەرق مىيۇنخېنى سۇيىقەستىنى ئېچىپ تاشلايلى*

**(1941 - يىل 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى)**

1. ياپونىيە بىلەن ئامېرىكا مۇرەسسەلىشىپ، جۇڭگونى قۇربان قىلىپ، كوممۇنىزىمغا قارشى، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ۋەزىيەت پەيدا قىلىدىغان شەرق مىيۇنخېنى يېڭى سۇيىقەستى ياپونىيە، ئامېرىكا، جياڭ جيېشىلار ئوتتۇرىسىدا تەييارلىنىۋاتىدۇ. بىز ئۇنى ئېچىپ تاشلىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشىمىز لازىم.

2. ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ جياڭ جيېشىنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قىلىشنى مەقسەت قىلغان ھەربىي ھۇجۇمى ھازىرچە ئاياقلىشىپ قالدى، بۇنىڭ ئارقىسىدىنلا تەسلىم بولۇشقا قىزىقتۇرۇش ھەركىتىنى ئېلىپ بېرىشى چوقۇم. بۇ — دۈشمەننىڭ بىر تۇرۇپ ئۇرۇش، بىر تۇرۇپ ئۆزىگە تارتىش، ھەم ئۇرۇش، ھەم ئۆزىگە تارتىشتىن ئىبارەت كونا سىياسىتىنىڭ تەكرارلىنىشى. بىز ئۇنى ئېچىپ تاشلىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا

---

* بۇ — يولداش ماۋ زېدۇڭ يازغان جۇڭگۇڭ جۇڭياڭنىڭ پارتىيە ئىچىگە قاراتقان يوليورۇقى.

قارشى تۇرۇشىمىز لازىم.

3. ياپونىيە ھەربى ھۇجۇم بىلەن بىر ۋاقىتتا پىتنە-ئىغۋا ھۇجۇمىنى قوزغىدى، مەسىلەن، «8-ئارمىيە گومىنداڭنىڭ مەركەز ئارمىيىسى بىلەن ماسلىشىپ جەڭ قىلىشنى خالىمايۋاتىدۇ»، «8-ئارمىيە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىۋاتىدۇ»، «خەلقارا يول ئېچىۋاتىدۇ»، «ئايرىم مەركىزىي ھوكۇمەت قۇرۇۋالدى» دىگەنلەرنى تارقاتتى ۋە باشقىلار. بۇ — ياپونىينىڭ گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭ مۇناسىۋىتىگە بولگۇنچىلىك سىلىپ، تەسلىم بولۇشقا قىزىقتۇرۇش ئۇچۇن قىلىۋاتقان ھىلە-نەيرىڭى. گومىنداڭ «جۇگياڭشېڭ»سى ۋە گومىنداڭ گېزىتلىرى بۇ پىتنە-ئىغۋالارنى ئوز ئەينى بويىچە تارقىتىپ، ھە دەپ ياپونىيىنىڭ گۇڭچەنداڭغا قارشى تەشۋىقاتىغا ماسلىشىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ نىمە غەرەزلەر بىلەن بۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى كىشىنى ناھايىتى گۇمانلاندۇرىدۇ. بىز ئۇنىمۇ ئېچىپ تاشلىشىمىز ۋە ئۇنىڭغىمۇ قارشى تۇرۇشىمىز لازىم.

4. يېقىندا 4-ئارمىيە «ئاسىيلىق قىلدى» دەپ ئېلان قىلىنغان ۋە 8-ئارمىيە بىر تال ئوق، بىر تىيىنلىق تەمىنات ئالالمىغان بولسىمۇ، ئۇلار دۈشمەن ئارمىيىسى بىلەن بىردەممۇ توختىماي ئېلىشىپ كەلمەكتە. بۇ قېتىمقى جەنۇبىي سەنشى جەڭىدە① 8-ئارمىيە يەنە ئوزلۇگىدىن گومىنداڭ ئارمىيىسىگە ماسلىشىپ جەڭ قىلدى، 2 ھەپتىدىن بۇيان خۇابېي سەپلىرىدە ئومۇمىيۇزلۇك ھۇجۇمغا ئوتتى، ھازىرغىچە قاتتىق جەڭ قىلىۋاتىدۇ. گۇڭچەنداڭ رەھبەرلىكىدىكى قوراللىق كۈچلەر ۋە خەلق ئاممىسى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ مۇستەھكەم تۈۋرۈكى بولۇپ قالدى. گۇڭچەنداڭغا قارىتىلغان بارلىق توھمەتلەر ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى

مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، تەسلىم بولۇشقا ئاسانلىق تۇغدۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. بىز 8-ئارمىيە ۋە يېڭى 4-ئارمىيىنىڭ ئۇرۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كېڭەيتىشىمىز، بارلىق مەغلۇبىيەتچىلەر ۋە تەسلىمچىلەرگە قارشى تۇرۇشىمىز لازىم.

## ئىزاھ

① جەنۇبىي سەنشى جەنىسى — جۇڭتياۋشەن جەنىسى. 1941-يىل 5-ئايدا ياپون قاراقچىلىرى 50 مىڭ كىشىدىن ئارتۇق ئەسكىرىي كۈچ بىلەن سەنشىنىڭ جەنۇبىغا، خۇاڭخېنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان جۇڭتياۋشەن رايونىغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ رايونغا گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ 7 جۇنى توپلانغان، شەرقىي شىمال تەرەپتىكى گاۋپىڭ رايونىدا ئۇنىڭ يەنە 4 جۇنى بار ئىدى، بۇلار قوشۇلۇپ جەمى 250 مىڭ كىشى ئىدى. گومىنداڭنىڭ خۇاڭخېنىڭ شىمالىدىكى قىسىملىرى ئەسلىدە گۇڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇشنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى قىلغانلىقتىن، ياپون قاراقچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا زادى تەييارلىق كۆرمىگەن ئىدى، ياپون قاراقچىلىرى ھۇجۇم باشلىغان چاغدا، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇرۇشتىن ئۆزىنى چەتكە تارتىش فاڭجېنىنى قوللاندى. شۇڭا، 8-ئارمىيە مۇشۇ جەنىيدە گومىنداڭ ئارمىيىسىگە ئاكتىپ ماسلىشىپ، ياپون قاراقچىلىرىغا زەربە بەرگەن بولسىمۇ، گومىنداڭ ئارمىيىسى يەنە تامامەن تار-مار بولۇپ، 3 ھەپتە ئىچىدە 50 مىڭ كىشىدىن ئارتۇق ئەسكىرىي كۈچىدىن ئايرىلىپ قالدى، قالغان-قاتقان قىسىملىرىمۇ خۇاڭخېدىن ئۆتۈپ، قېچىپ كەتتى.

# فاشىزمغا قارشى خەلقارا بىرلىكسەپ توغرىسىدا*

**(1941 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى)**

گېرمانىيە فاشىست هۆكۈمرانلىرى 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا هۇجۇم قىلدى. بۇنداق قارا يۈزلۈك بىلەن قىلىنغان تاجاۋۇزچىلىق جىنايىتى سوۋېت ئىتتىپاقىغىلا قارشى تۇرغانلىق ئەمەس، بەلكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئەركىنلىكى ۋە مۇستەقىللى- غىمۇ قارشى تۇرغانلىق. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ فاشىزم تاجاۋۇزىغا قارشى مۇقەددەس ئۇرۇشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىلا قوغدىغانلىق ئەمەس، بەلكى فاشىزم قۇللۇغىغا قارشى ئازاتلىق كۈرىشى ئېلىپ بېرىۋاتقان بارلىق مىللەتلەرنىمۇ قوغدىغانلىق.

هازىر كوممۇنىستلارنىڭ پۈتۈن دۇنيا بويىچە ۋەزىپىسى هەرقايسى ئەللەر خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ، خەلقارا بىرلىكسەپ ئۇيۇشتۇرۇپ، فاشىزمغا قارشى تۇرۇش يولىدا كۈرەش قىلىشتىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنى قوغداش، جۇڭگونى قوغداش، بارلىق مىللەتلەر-

* بۇ ــ يولداش ماۋزېدۇڭ يازغان جۇڭگۇڭ جۇڭياڭنىڭ پارتىيە ئىچىگە قاراتقان يوليورۇغى.

نىڭ ئەركىنلىكىنى ۋە مۇستەقىللىقىنى قوغداش يولىدا كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت. هازىرقى مەزگىلدە بارلىق كۈچلەر فاشىزىم قوللۇغىغا قارشى تۇرۇشقا توپلىنىشى لازىم.

جۇڭگو كۈڭچەنداڭنىڭ پۈتۈن جۇڭگو بويىچە ۋەزىپىسى:

1. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپنى قەتئى داۋاملاشتۇرۇش، گومىنداڭ - كۈڭچەنداڭ هەمكارلىقىنى قەتئى داۋاملاشتۇرۇش، ياپون جاهانگىرلىكىنى جۇڭگودىن قوغلاپ چىقىرىش، بۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ياردەم بېرىش.

2. جوڭ بۇرژۇئازىيە ئىچىدىكى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى، كوممۇنىزىمغا قارشى هەرقانداق هەركەتلىرىگە قەتئى قارشى تۇرۇش.

3. ۋەيجياۋ جەھەتتە، ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە باشقا ئەللەرنىڭ گېرمانىيە، ئىتالىيە ۋە ياپونىيە فاشىست هوكۇمرانلىرىغا قارشى تۇرۇۋاتقان بارلىق كىشىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئورتاق دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش.

# شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونى سەنيىخۇيدا سۆزلەنگەن نۇتۇق

(1941 - يىل 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى)

سەنيىۋەن ئەپەندىلەر، يولداشلار! بۈگۈن چېگرا رايون سەنيىخۇيى ئېچىلدى، بۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە. سەنيىخۇينىڭ مەقسىدى بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ياپون جاھانگىرلىگىنى يوقىتىپ، يېڭى دېموكراتىك جۇڭگو يەنى ئىنقىلاۋى سەنمىنجۇيىلىق جۇڭگو قۇرۇشتىن ئىبارەت. ھازىرقى جۇڭگونىڭ باشقا مەقسىدى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، پەقەت مۇشۇ مەقسەدىلا بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ھازىر بىزنىڭ ئاساسىي دۈشمىنىمىز ئىچكى دۈشمەن ئەمەس، بەلكى ياپونىيە، گېرمانىيە ۋە ئىتالىيە فاشىزىمى. ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ، بىز ياپون جاھانگىرلىگىگە قارشى تۇرىۋاتىمىز. ياپون جاھانگىرلىگى يەنە داۋاملىق تاجاۋۇز قىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ مەقسىدى — جۇڭگونى مۇنقەرز قىلىش. جۇڭگو گومىنداڭنىڭ تەشەببۇسى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بارلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈچلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ياپون جاھان-

كىرلىگىنى يوقىتىش، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بارلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇۋاتقان پارتىيە-گۇرۇھلار، سىنىپلار ۋە مىللەتلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ، ۋەتەن خائىنى بولمىسىلا، ھەممە كىشى بىلەن بىرلىشىپ، بىرلىكتە كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت. گوڭچەنداڭنىڭ بۇ تەشەببۇسى باشتىن-ئاياق بىردەك بولۇپ كەلدى. جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قەھرىمانلارچە ئۇرۇش ئېلىپ بېرىۋاتقىنىغا 4 يىلدىن ئاشتى، بۇ ئۇرۇش گومىنداڭ-گوڭچەنداڭ ھەمكارلىقىدا ۋە ھەرقايسى سىنىپلار، ھەرقايسى پارتىيە-گۇرۇھلار، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ھەمكارلىقىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. لېكىن تېخى غەلىبە قازانغىنى يوق؛ يەنە داۋاملىق كۈرەش قىلىش، ئىنقىلاۋىي سەنمىنجۇيىنى يولغا قويۇش لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، غەلىبە قازانغىلى بولىدۇ.

نېمە ئۈچۈن ئىنقىلاۋىي سەنمىنجۇيىنى يولغا قويىمىز؟ چۈنكى سۇن جوڭشەن ئەپەندىنىڭ ئىنقىلاۋىي سەنمىنجۇيىسى تا ھازىرغىچە پۈتۈن جۇڭگودا ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىدى. نېمە ئۈچۈن ھازىر سوتسىيالىزمنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلمايمىز؟ سوتسىيالىزم، ئەلۋەتتە، تېخىمۇ ياخشى تۈزۈم، بۇ تۈزۈم سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئاللىقاچان يولغا قويۇلدى، ئەمما بۈگۈنكى جۇڭگودا ئۇنى يولغا قويۇشقا تېخى شەرت-شارائىت يوق. شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايونىدا يولغا قويۇلۇۋاتقىنى — ئىنقىلاۋىي سەنمىنجۇيى. بىز ھەرقانداق بىر ئەمەلىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتا ئىنقىلاۋىي سەنمىنجۇيىنىڭ دائىرىسىدىن چىقىپ كەتكىنىمىز يوق. ھازىرقى ئەھۋالدىن ئېيتقاندا، ئىنقىلاۋىي سەنمىنجۇيىنىڭ مىللىي مەسىلىكى ياپون جاھانگىرلىكىنى يوقىتىشتىن؛ خەلق ھوقۇقى مەسىلىكى ۋە خەلق تۇرمۇشى مەسىلىكى

بىر قىسىم كىشىلەرنىڭلا مەنپەئەتىنى ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مەملە-
كەتتىكى بارلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇۋاتقان خەلقنىڭ
مەنپەئەتىنى كۆزلەشتىن ئىبارەت. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى كىشىلىك
ئەركىنلىكى ھوقۇقى، سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ھوقۇقى ۋە
مال-مۈلكىنى قوغداش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. پۈتۈن
مەملىكەت خەلقى پىكىر بايان قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇشى،
كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك، ئىش ۋە ئوقۇشقا ئىگە بولۇشى،
قىسقىسى، ھەر بىر كىشى تېگىشلىك ئورنىغا ئىگە بولۇشى لازىم.
جۇڭگو جەمئىيىتى — ئىككى بېشى كىچىك، ئوتتۇرىسى يوغان بىر
جەمئىيەت، پرولېتارىيات ۋە پومىشچىكلار، چوڭ بۇرژۇئازىيە پەقەت
ئازچىلىقنى تەشكىل قىلىدۇ، ئەڭ كەڭ خەلق بولسا دېھقانلار،
شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسى ۋە باشقا ئارىلىقتىكى سىنىپلار.
ئەگەر ھەرقانداق پارتىيىنىڭ سىياسىتى مۇشۇ سىنىپلارنىڭ
مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتمايدىكەن، ئەگەر مۇشۇ سىنىپلارنىڭ كىشىلىرى
تېگىشلىك ئورنىغا ئىگە بولمايدىكەن، ئەگەر مۇشۇ سىنىپلارنىڭ
كىشىلىرى پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولمايدىكەن، دۆلەت
ئىشلىرىنى ياخشى يولغا قويۇش مۇمكىن ئەمەس. جۇڭگو گوڭچەنداڭى
ئوتتۇرىغا قويغان سىياسەتلەر بارلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
تۇرۇۋاتقان خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان، بارلىق
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇۋاتقان سىنىپلارنى بولۇپمۇ دېھقان-
لار، شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسى ۋە باشقا ئارىلىقتىكى سىنىپلارنى
كۆزدە تۇتقان. گوڭچەنداڭ ئوتتۇرىغا قويغان ھەر ساھە خەلقنى
پىكىر بايان قىلىش پۇرسىتىگە، ئىش ۋە يېمەك-ئىچمەككە ئىگە
قىلىش سىياسىتى — ھەقىقىي ئىنقىلاۋىي سەنمىنجۇيىلىق سىياسەت.

يەر مۇناسىۋىتى جەھەتتە، بىز، بىر تەرەپتىن، ئىجارە ۋە ئۆسۈمنى كېمەيتىشنى يولغا قويۇپ، دېھقانلارنى يېمەك-ئىچمەككە ئىگە قىلىمىز؛ يەنە بىر تەرەپتىن، قىسمەن ئىجارە ۋە ئۆسۈم تاپشۇرۇشنىمۇ يولغا قويۇپ، پومېشچىكلارغىمۇ كۈن كەچۈرگۈدەك ئىمكانىيەت بېرىمىز. ئەمگەك بىلەن كاپىتالنىڭ مۇناسىۋىتى جەھەتتە، بىز، بىر تەرەپتىن، ئىشچىلارغا يار-يۆلەك بولۇپ، ئۇلارنى ئىش ۋە يېمەك-ئىچمەككە ئىگە قىلىمىز؛ يەنە بىر تەرەپتىن، سودا-سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش سىياسىتىنىمۇ يولغا قويۇپ، كاپىتالىستلارغىمۇ پايدا ئالغۇدەك ئىمكانىيەت بېرىمىز. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، بىرلىكتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن. بۇنداق سىياسەتنى بىز يېڭى دېموكراتىك سىياسەت دەپ ئاتايمىز. بۇ ــ ھازىرقى جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ھەقىقى ئۇيغۇن سىياسەت؛ بىز ئۇنىڭ يالغۇز شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايونىدىلا ئەمەس، يالغۇز دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى گېنجۈيدىلەردىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مەملىكەت بويىچىمۇ يولغا قويۇلۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

بىزنىڭ بۇنداق سىياسەتنى يولغا قويۇشىمىز ئۈنۈملۈك بولدى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولدى. لېكىن كەمچىلىكلەرمۇ بار. بىر قىسىم كۇڭچەنداڭ ئەزالىرى پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار بىلەن دېموكراتىك ھەمكارلىقنى يولغا قويۇشقا تېخى ماھىر ئەمەس، ئۇلاردا بىر تۈرلۈك تار گۇەنمېنجۇيىلىق ياكى مەزھەپچىلىك ئىستىلى ھېلىمۇ ساقلانماقتا، ئۇلار كۇڭچەنداڭ ئەزالىرىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇۋاتقان پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار بىلەن ھەمكارلىشىش مەجبۇرىيىتى بارلىقىنى، پارتىيە سىرتىدىكى بۇ

زاتلارنى چەتكە قېقىش ھوقۇقى يوقلۇغىدىن ئىبارەت داۋلىنى چۈشەنمەيدۇ. بۇ داۋلى خەلق ئاممىسىدىن ئايرىلماستىن، خەلق ئاممىنىڭ پىكرىگە قۇلاق سېلىش، خەلق ئاممىسى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش لازىملىغىدىن ئىبارەت داۋلى. «شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونىنىڭ مەمۇرى ئىشلارنى يولغا قويۇش گاڭلىڭى»نىڭ بىر ماددىسىدا، گۇڭچەنداڭ ئەزالىرى پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار بىلەن دېموكراتىك ھەمكارلىقنى يولغا قويۇشى لازىم، ئۇز بېشىمچىلىق بىلەن ئىش قىلماسلىغى، ھەممىنى ئۇز چاڭگىلىغا ئېلىۋالماسلىغى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن، بۇ پارتىيە سىياسىتىنى تېخىچە چۈشەنمەيۋاتقان ئەنە شۇ بىر قىسىم يولداشلارغا قارىتىپ ئېيتىلغان. گۇڭچەنداڭ ئەزالىرى پارتىيە سىرتىدىكى زاتلارنىڭ پىكرىگە قۇلاق سېلىشى، باشقىلارغا پىكىر بايان قىلىش پۇرسىتى بېرىشى لازىم. باشقىلارنىڭ ئېيتقىنى توغرا بولسا، قارشى ئېلىشىمىز ھەمدە باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۇگىنىشىمىز كېرەك؛ باشقىلارنىڭ ئېيتقىنى توغرا بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ سوزلەپ بولۇشىغا يول قويۇپ، ئاندىن ئاستا-ئاستا چۈشەندۈرۈشىمىز لازىم. گۇڭچەنداڭ ئەزالىرىنىڭ ئۇزىنىڭكىنىلا راست ھېساپلىشىغا، ھاكاۋۇرلۇق قىلىشىغا، ئۇزىنىڭ ھەممە نىمىسىنى ياخشى، باشقىلارنىڭ ھەممە نىمىسىنى يامان دەپ قارىشىغا زادى بولمايدۇ؛ كىچىككىنە ئۇيگە كىرىۋېلىپ پوچىلىق قىلىشىغا، ئۇزى بەگ - ئۇزى خان بولۇۋېلىشىغا زادى بولمايدۇ. ياپون قاراقچىلىرى ۋە ۋەتەن خائىنلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن شۇنىڭدەك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ۋە ئىتتىپاقلىققا بۇزغۇنچىلىق سېلىۋاتقان ئەكسىيەتچى جاھىللار، ئەلۋەتتە، پىكىر بايان قىلىش لاياقىتىگە ئىگە ئەمەس، ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق

كىشى پىكىر بايان قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە، خاتا سۆزلەپ قويسىمۇ، كېرەك يوق. دۆلەت ئىشى — مەملىكەتنىڭ ئومۇمىي ئىشى، بىر پارتىيە، بىر گۇرۇھنىڭ خۇسۇسىي ئىشى ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، گۇڭچەنداڭ ئەزالىرىنىڭ پەقەت پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار بىلەن دېموكراتىك ھەمكارلىقنى يولغا قويۇش مەجبۇرىيىتىلا بار، باشقىلارنى چەتكە قېقىش، ھەممىنى لۇڭدۇەن قىلىۋېلىش ھوقۇقى يوق. گۇڭچەنداڭ — مىللەتنىڭ، خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان پارتىيە، ئۇنىڭدا ھەرگىز خۇسۇسىي مەنپەئەتنى كۆزلەيدىغان غەرەز يوق. ئۇ خەلقنىڭ نازارىتىدە بولۇشى، ھەرگىز خەلقنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلماسلىقى كېرەك. ئۇنىڭ ئەزالىرى خەلق ئاممىسىنىڭ ئارىسىدا تۇرۇشى، ھەرگىز خەلق ئاممىسىنىڭ ئۈستىدە تۇرماسلىقى كېرەك. ۋەكىل ئەپەندىلەر، يولداشلار! گۇڭچەنداڭنىڭ پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار بىلەن دېموكراتىك ھەمكارلىقنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت بۇ پرىنسىپى — تەۋرەنمەيدىغان، ئەبەدىي ئۆزگەرمەيدىغان پرىنسىپ. جەمئىيەتتە تېخى پارتىيە مەۋجۇت بولۇپلا تۇرىدىكەن، پارتىيىگە كىرگەنلەر ھامان ئازچىلىقنى، پارتىيە سىرتىدىكىلەر ھامان كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن پارتىيە ئەزالىرى پارتىيە سىرتىدىكىلەر بىلەن ھەرقاچان ھەمكارلىشىشى لازىم، بۇنى ھازىرلا سەنيىخۇيدا ئوبدان يولغا قويۇش كېرەك. مېنىڭچە، بىزنىڭ گۇڭچەنداڭدىن قاتناشقان سەنيىيۈەنلەر مۇشۇ سىياسىتىمىز ئاساسىدا سەنيىخۇيدا ناھايىتى ئوبدان چىنىقىدۇ، ئۆزىدىكى گۇەنمېنجۇيىلىقنى ۋە مەزھەپچىلىكنى تۈگىتىدۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭكىنىلا راست دەيدىغان كىچىك مەزھەپ ئەمەسمىز، بىز ئىشىكنى ئېچىپ، پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار بىلەن دېموكراتىك ھەمكارلىقنى يولغا قويۇش ئۇسۇلىنى

چوقۇم ئۆگىنىۋېلىشىمىز، مەسىلىلەر ئۈستىدە باشقىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىشكە ماھىر بولۇشنى چوقۇم ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك. ئېھتىمال، بۈگۈنكى كۈندىمۇ شۇنداق گۇڭچەنداڭ ئەزالىرى بولۇشى مۇمكىنكى، ئۇلار، ئەگەر باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىش توغرا كەلسە، بىز ئىشلىمەيمىز، دەر. لېكىن ئىشىنىمەنكى، بۇنداق ئادەملەر ناھايىتى ئاز. مەن سىلەرگە كاپالەت بېرىمەنكى، بىزنىڭ پارتىيىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئەزالىرى داڭجۇڭياڭمىزنىڭ لۇشيەنىنى جەزمەن ئىجرا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پارتىيە سىرتىدىكى ھەرقايسى يولداشلارنىڭمۇ بىزنىڭ تەشەببۇسىمىزنى چۈشىنىشىنى، گۇڭچەنداڭنىڭ ھەرگىز خۇسۇسىي مەنپەئەتنىلا كۆزلەيدىغان كىچىك مەزھەپ، كىچىك گۇرۇھ ئەمەسلىكىنى چۈشىنىشىنى سورايمەن. گۇڭچەنداڭ دۆلەت ئىشلىرىنى ياخشى يولغا قويۇشنى چىن كۆڭلىدىن خالايدۇ. لېكىن بىزنىڭ كەمچىلىكلىرىمىز ھېلىمۇ كۆپ. بىز ئۆز كەمچىلىكلىرىمىزنى ئېيتىشتىن قورقمايمىز، بىز ئۆز كەمچىلىكلىرىمىزنى چوقۇم تۈزىتىمىز. بىز پارتىيە ئىچىدە تەربىيىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق بۇ كەمچىلىكلەرنى تۈگىتىمىز، بىز يەنە پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار بىلەن دېموكراتىك ھەمكارلىقنى يولغا قويۇش ئارقىلىق بۇ كەمچىلىكلەرنى تۈگىتىمىز. مانا شۇنداق ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن تۇتۇش قىلغاندىلا، كەمچىلىكلىرىمىزنى تۈزىتىپ كېتەلەيمىز، دۆلەت ئىشلىرىنى ھەقىقىي رەۋىشتە ياخشى يولغا قويالايمىز.

سەنيىۋەن ئەپەندىلەر، جاپا-مۇشەققەتكە قارىماي بۇ يىغىنغا كەلدىڭلار، مەن بۇ تەنتەنىلىك يىغىننى خۇشاللىق بىلەن تەبرىكلەيمەن، بۇ تەنتەنىلىك يىغىنغا مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن.

# پارتيه ئستلنى تۈزتەيلى*

## (1942 - يل 2 - ئاينڭ 1 - كۈنى)

پارتيه مەكتۆى بۈگۈن ئېچلدى، مەن بۇ مەكتەپكه مۇۋەپپەقيەت تلەيمەن.

بۈگۈن پارتيەمزنڭ ئستلى مەسلسى توغرسدا ئازراق سوزلمەكچمەن.

نمه ئۈچۈن ئنقلاۋي پارتيه بولۇشى كېرەك؟ چۈنكى دۇنيادا خەلققه زۇلۇم سالدىغان دۈشمەن مەۋجۇت، خەلق دۈشمەننڭ زۇلمنى ئاغدۇرۇپ تاشلشى لازم، شۇنڭ ئۈچۈن ئنقلاۋي پارتيه بولۇشى كېرەك. كاپتالزم ۋە جاهانگرلك دەۋرىدن ئېيتقاندا، كۈكچەنداگدەك مۇشۇنداق بر ئنقلاۋي پارتيه كېرەك. ئەگەر كۈكچەنداگدەك مۇشۇنداق ئنقلاۋي پارتيه بولمايدىكەن، خەلقنڭ دۈشمەننڭ زۇلمنى ئاغدۇرۇپ تاشلشى ئەسلا مۇمكن ئەمەس. بز — كۈكچەنداگمز، بز خەلققه رەهبەرلك قلپ، دۈشمەننى يوقتمز، شۇڭا بزنڭ قوشۇنمز رەتلك، قەدەملرمز

---

* بۇ — يولداش ماۋزېدۇڭ جۇڭگوڭ جۇڭيائڭ پارتيه مەكتۆنڭ ئېچلش مۇراسمدا سوزلگەن نۇتۇق.

تەكشى، جەڭچىلىرىمىز خىل، قورال - ياراقلىرىمىز ياخشى بولۇشى كېرەك. بۇ شەرتلەر ھازىرلانمايدىكەن، ئۇ ھالدا، دۈشمەننى يوقىتالمايمىز.

ھازىر پارتىيىمىزدە يەنە قانداق مەسىلە بار؟ پارتىيىمىزنىڭ يۆلۈشيەنى توغرا، بۇنىڭدا مەسىلە يوق، پارتىيىمىزنىڭ خىزمەتلىرىدىمۇ ئۇتۇق بار. پارتىيىمىزنىڭ بىرقانچە يۈز مىڭ ئەزاسى بار، ئۇلار خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، دۈشمەنگە قارشى مىسلىسىز مۇشەققەتلىك كۈرەشلەرنى قىلىۋاتىدۇ. بۇنى كۆپچىلىك كورۈپ تۇرۇپتۇ، بۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ.

ئۇنداق بولسا، زادى پارتىيىمىزدە يەنە مەسىلە بارمۇ، يوقمۇ؟ مەن ئېيتىمەنكى، ھېلىمۇ مەسىلە بار، بەلكى مەلۇم مەنىدە ئېيتقاندا، مەسىلە تېخى خېلى ئېغىر.

قانداق مەسىلە؟ بۇ شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بەزى يولداشلارنىڭ كاللىسىدا بىرقانچە نەرسە ئانچە دۇرۇس، ئانچە توغرا بولمايۋاتىدۇ.

بۇ شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۆگىنىش ئۇستىلىمىزدا تېخى بەزى ناتوغرا جايلار بار، پارتىيە ئۇستىلىمىزدا تېخى بەزى ناتوغرا جايلار بار، ئەدەبىيات ئۇستىلىمىزدىمۇ بەزى ناتوغرا جايلار بار. ئۆگىنىش ئۇستىلىدا بەزى ناتوغرىلىقلار بار دېگىنىمىز — جۇگۇەنجۇيى ئىللىتى بار دېگەنلىك. پارتىيە ئۇستىلىدا بەزى ناتوغرىلىقلار بار دېگىنىمىز — مەزھەپچىلىك ئىللىتى بار دېگەنلىك. ئەدەبىيات ئۇستىلىدا بەزى ناتوغرىلىقلار بار دېگىنىمىز — پارتىيە باگۇسى① ئىللىتى بار دېگەنلىك. ئۇستىلىدىكى بۇ ناتوغرىلىقلار قىش كۈنى چىقىدىغان شىمال شامىلىدەك ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتكىنى يوق. جۇگۇەنجۇيى، مەزھەپچىلىك ۋە پارتىيە باگۇسى ھازىر ھوكۇمران

ئورۇندا تۇرغان ئىستىل ئەمەس، بۇلار پەقەتلا تەتۈر شامال، قىڭغىر شامال، ھاۋا مۇداپىئە ئۆڭكۈرىدىن قېچىپ چىققان شامال. خالاس. (كۆلكە.) لېكىن پارتىيىمىز ئىچىدە تېخىچە بۇنداق شامالنىڭ بولۇشى ياخشى ئەمەس. بۇنداق قىڭغىر شامال چىقىدىغان ئۆڭكۈرنى ئېتىپ تاشلىشىمىز لازىم. ئۆڭكۈرنى ئېتىپ تاشلايدىغان بۇ خىزمەتكە پۈتۈن پارتىيىمىز كىرىشىشى كېرەك، بۇ خىزمەتكە بىزنىڭ پارتىيە مەكتىۋىمىزمۇ كىرىشىشى كېرەك. جۇڭگوەنجۇيى، مەزھەپچىلىك ۋە پارتىيە باگۇسىدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ قىڭغىر شامالنىڭ تارىخىي يىلتىزى بار، بۇ نەرسىلەر ھازىر پۈتۈن پارتىيىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرمىسىمۇ، لېكىن ھەمىشە پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇۋاتىدۇ، بىزگە يەنە ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنى توسۇشىمىز زۆرۈر، ئۇلارنى تەتقىق قىلىشىمىز، تەھلىل قىلىشىمىز ۋە چۈشەندۈرۈشىمىز زۆرۈر.

ئۆگىنىش ئىستىلىنى تۈزىتىش ئۈچۈن جۇڭگوەنجۇيىغا قارشى تۇرۇش، پارتىيە ئىستىلىنى تۈزىتىش ئۈچۈن مەزھەپچىلىككە قارشى تۇرۇش، ئەدەبىيات ئىستىلىنى تۈزىتىش ئۈچۈن پارتىيە باگۇسىغا قارشى تۇرۇش — بۇلار بىزنىڭ ۋەزىپىمىز.

دۈشمەننى يوقىتىش ۋەزىپىمىزنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، پارتىيە ئىستىلىنى تۈزىتىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىشىمىز لازىم. ئۆگىنىش ئىستىلىمۇ، ئەدەبىيات ئىستىلىمۇ پارتىيە ئىستىلى. پارتىيىمىزنىڭ ئىستىلى تامامەن توغرا بولسىلا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىزدىن ئۆگىنىدۇ. پارتىيە سىرتىدىكى مۇشۇنداق ناچار ئىستىلدا بولغانلار، ئەگەر ئۇلار ئاق كۆڭۈل بولسىلا، بىزدىن ئۆگىنىپ، ئۆز خاتالىقلىرىنى تۈزىتىدۇ، شۇنداق قىلىپ، پۈتۈن مىللەتكە تەسىر كۆرسىتىمىز.

بىز كۆڭچەنداڭنىڭ قوشۇنىمىز رەتلىك، قەدەملىرىمىز تەكشى، جەڭچىلىرىمىز خىل، قورال - ياراقلىرىمىز ياخشى بولسىلا، ئۇ هالدا، هەرقانداق كۈچلۈك دۈشمەننى يوقىتالايمىز.

ئەمدى جۇڭگوەنجۈيى ئۈستىدە توختىلىمەن.

جۇڭگوەنجۈيى — بىر تۈرلۈك ناتوغرا ئۆگىنىش ئىستىلى، ئۇ ماركسىزىم - لېنىنىزىمغا قارشى، ئۇ كۆڭچەنداڭ بىلەن بىللە ياشىيالمايدۇ. بىزگە كېرەك بولغىنى — ماركسىزىم - لېنىنىزىملىق ئۆگىنىش ئىستىلى. ئۆگىنىش ئىستىلى دىگىنىمىز — مەكتەپلەرنىڭلا ئۆگىنىش ئىستىلى بولۇپ قالماي، بەلكى پۈتۈن پارتىيىنىڭمۇ ئۆگىنىش ئىستىلى. ئۆگىنىش ئىستىلى مەسىلىسى — رەهبىرى ئورگانلار، بارلىق كادىرلار ۋە بارلىق پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى مەسىلىسى، بىزنىڭ ماركسىزىم - لېنىنىزىمغا قارىتا تۇتقان پوزىتسىيىمىز مەسىلىسى، پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنىڭ خىزمەت پوزىتسىيىسى مەسىلىسى. شۇنداق ئىكەن، ئۆگىنىش ئىستىلى مەسىلىسى — ئىنتايىن موهىم مەسىلە، بىرىنچى موهىم مەسىلە.

هازىر نۇرغۇن كىشىلەر ئارىسىدا بەزىبىر مۇجىمەل چۈشەنچىلەر، مەسىلەن، نەزەرىيىچى دىگەن نىمە، زىيالى دىگەن نىمە، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش دىگەن نىمە، دىگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەر توغرىسىدا مۇجىمەل چۈشەنچىلەر تارقىلىپ يۈرمەكتە.

بىز ئالدى بىلەن سوئال قويۇپ باقايلى، پارتىيىمىزنىڭ نەزەرىيە سەۋىيىسى زادى يۇقۇرىمۇ ياكى تۆۋەنمۇ؟ يېقىندىن بۇيان ماركسىزىم - لېنىنىزىم كىتابلىرىدىن كوپ تەرجىمە قىلىندى، بۇلارنى ئوقۇيدىغانلارمۇ كوپەيدى. بۇ — ناهايىتى ياخشى ئىش. لېكىن بۇنىڭ بىلەن پارتىيىمىزنىڭ نەزەرىيە سەۋىيىسى ناهايىتى يۇقۇرى كوتىرىلدى،

دىگىلى بولامدۇ؟ دۇرۇس، بىزنىڭ نەزىرىيە سەۋىيىمىز ئىلگىرىكىگە
قارىغاندا بىرقەدەر يۇقۇرى كۆتىرىلدى. بىراق، جۇڭگو ئىنقىلاۋى
ھەركىتىنىڭ باي مەزمۇنى بويىچە ئېيتقاندا، نەزىرىيە سېپىمىز
ئۇنىڭغا بەكمۇ ماس كەلمەيدۇ، ئىككىسىنى سېلىشتۇرغاندا، نەزىرىيە
جەھەتتىمىزنىڭ بەكمۇ ئارقىدا قالغانلىقى كۆرۈلمەكتە. بىزنىڭ
نەزىرىيىمىز، ئومۇمەن ئېيتقاندا، تېخى ئىنقىلاپ ئەمىلىيىتى بىلەن
تەڭ ماڭالمايۋاتىدۇ، نەزىرىيىنىڭ ئەمىلىيەتتىن ئۆزۈپ كېتىشىدىن
بولسا سۆز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. بىز باي ئەمىلىيىتىمىزنى
تېخى تېگىشلىك نەزىرىيە دەرىجىسىگە كۆتەرمىدۇق. بىز ئىنقىلاپ
ئەمىلىيىتىدىكى بارلىق مەسىلىلەرنى ياكى زور مەسىلىلەرنى تېخى
تەكشۈرمىدۇق، نەزىرىيە باسقۇچىغا كۆتەرمىدۇق. قاراڭلار، بىزدە
جۇڭگونىڭ ئىقتىسادى، سىياسى، ھەربى ۋە مەدىنى ساھەلىرىدە
نەزىرىيە دەپ ئاتاشقا بولىدىغان نەزىرىيىنى، ئىلمي شەكلەي دەپ
ھېسابلاشقا بولىدىغان، يۈزە ئەمەس، پۇختا نەزىرىيىنى ئىجات
قىلغانلار زادى قانچىلىك؟ بولۇپمۇ ئىقتىسات نەزىرىيىسى ساھەسىدە،
جۇڭگودا كاپىتالىزىمنىڭ راۋاجلانغىنىغا ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن تارتىپ
ھازىرغىچە 100 يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگو ئىقتىسادى
تەرەققىياتىنىڭ ئەمىلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، ھەقىقى ئىلمي
بولغان بىرەر نەزىرىيە كىتاۋى تېخى مەيدانغا چىققىنى يوق. ئالايلى،
جۇڭگونىڭ ئىقتىسادي مەسىلىسى جەھەتتە، نەزىرىيە سەۋىيىمىز
يۇقۇرى كۆتىرىلدى، دىگىلى بولامدۇ؟ پارتىيىمىزدە تۈزۈكرەك
ئىقتىسات نەزىرىيىچىلىرى بار، دىگىلى بولامدۇ؟ ھەقىقەتەن، ئۇنداق
دىگىلى بولمايدۇ. بىز نۇرغۇن ماركسىزىم-لېنىنىزىم كىتاپلىرىنى
ئوقۇدۇق، بۇنىڭ بىلەن، نەزىرىيىچىلەر بار، دەپ ھېساپلىغىلى

بولامدۇ؟ بۇنداق دىگىلى بولمايدۇ. چۈنكى ماركسىزىم-لېنىنىزىم — ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلار ئەمەلىيەتكە ئاساسەن ئىجات قىلغان نەزەرىيە، تارىخىي ۋە ئىنقىلاۋىي ئەمەلىيەتلەردىن چىقىرىلغان ئومۇمىي خۇلاسە. بىز ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپىلا قويۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا، ئۇلارنىڭ نەزەرىيىسىگە ئاساسەن، جۇڭگونىڭ تارىخىي ۋە ئىنقىلاۋىي ئەمەلىيەتلىرىنى تەتقىق قىلماي تۇرۇپ، جۇڭگونىڭ ئىنقىلاۋىي ئەمەلىيىتى ئۈستىدە نەزەرىيە جەهەتتىن پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئىنتىلماي تۇرۇپ، ئۆزىمىزنى قارىسىغىلا ماركسىزىم نەزەرىيىچىسى دەپ ئاتىيالمايمىز. بىز جۇڭگو كۇڭچەن-داڭنىڭ ئەزاسى بولۇپ تۇرۇقلۇق، جۇڭگو مەسىلىلىرىنى كۆزگە چېلىقىپ تۇرسىمۇ كورمەسەك، ماركسىزىم كىتاپلىرىدىن پەقەت ئايرىم خۇلاسە ۋە ئايرىم قائىدىلەرنىلا يادلىۋالساق، ئۇ هالدا، بىزنىڭ نەزەرىيە سېپىدىكى ئۇتۇقلىرىمىز ئىنتايىن ناچار بولاتتى. بىر كىشى ماركسىزىمچە ئىقتىسادىي پەن ياكى پەلسەپىنى يادلىۋېلىشنىلا بىلىپ، بىرىنچى بابىدىن ئاخىرقى بابىغىچە هەممىسىنى شارىلداپ يادا ئوقۇپ بېرەلىسە، ئەمما ئۇنى زادى تەتبىق قىلالمىسا، ئۇنداق كىشىنى ماركسىزىم نەزەرىيىچىسى دەپ هېساپلىغىلى بولامدۇ؟ ئۇنى يەنىلا نەزەرىيىچى دەپ هېساپلىغىلى بولمايدۇ. بىزگە قانداق نەزەرىيىچىلەر كېرەك؟ بىزگە شۇنداق نەزەرىيىچىلەر كېرەككى، ئۇلار ماركسىزىم-لېنىنىزىم مەيدانى، نۇقتىنەزىرى ۋە ئۇسۇلىغا ئاساسلىنىپ، تارىختا ۋە ئىنقىلاپتا پەيدا بولغان ئەمەلىي مەسىلىلەرنى توغرا يېشىپ بېرەلەيدىغان، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، هەربىي ۋە مەدەنىي جەهەتلىرىدىكى تۈرلۈك مەسىلىلىرىنى ئىلمىي ئاساستا يېشىپ، نەزەرىيە جەهەتتىن چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان بولسۇن. بىزگە

ئەنە شۇنداق نەزەرىيىچىلەر كېرەك. كىمكى، مۇشۇنداق نەزەرىيىچى-لەردىن بولىمەن، دىسە، ماركسىزىم-لېنىنىزىمنىڭ ماھىيىتىنى ھەقىقى ئۆزلەشتۈرەلەيدىغان، ماركسىزىم-لېنىنىزىم مەيدانى، نۇقتىىنەزىرى ۋە ئۇسۇلىنى ھەقىقى ئۆزلەشتۈرەلەيدىغان، لېنىن، ستالىنلارنىڭ مۇستەملىكىلەر ئىنقىلاۋى ۋە جۇڭگو ئىنقىلاۋى توغرىسىدىكى تەلىماتىنى ھەقىقى ئۆزلەشتۈرەلەيدىغان ھەمدە ئۇنى تەتبىق قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى چوڭقۇر، ئىلمىي تەھلىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ تەرەققىيات قانۇنلىرىنى تېپىپ چىقالايدىغان بولۇشى لازىم، مۇشۇنداق بولغانلارلا بىزگە ھەقىقى زورۇر بولغان نەزەرىيىچىلەر.

ھازىر پارتىيىمىزنىڭ جۇڭياڭى قارار چىقىرىپ، يولداشلىرىمىزنى ماركسىزىم-لېنىنىزىم مەيدانى، نۇقتىىنەزىرى ۋە ئۇسۇلىنى قوللى-نىشنى ئۆگىنىۋېلىپ، جۇڭگونىڭ تارىخىنى، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي، سىياسى، ھەربى ئىشلىرى ۋە مەدىنىيىتىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشقا، ھەر بىر مەسىلە ئۈستىدە، تەپسىلى ماتېرىياللارغا ئاساسەن، كونكرېت تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ئاندىن نەزەرىيىۋى خۇلاسە چىقىرىشقا چاقىردى. بۇ مەسئۇلىيەت بىزنىڭ زىممىمىزدە.

بىزنىڭ پارتىيە مەكتىۋىمىزدىكى يولداشلار ماركسىزىم نەزەرىيە-سىنى ئۆلۈك جياۋتياۋ دەپ قارىماسلىقى كېرەك. ماركسىزىم نەزەرى-يىسىنى پۇختا بىلىش، تەتبىق قىلىش لازىم، پۇختا بىلىشتىن مەقسەت تەتبىق قىلىشتىلا. ئەگەر سەن ماركسىزىم-لېنىنىزىم نۇقتىىنەزىرىنى تەتبىق قىلىپ، بىر-ئىككى ئەمەلىي مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلى-سەڭ، ئۇ چاغدا، ماختاشقا سازاۋەر بولىسەن ۋە مەلۇم ئۇتۇققا ئىگە بولغان بولىسەن. سەن چۈشەندۈرگەن نەرسىلەر قانچىكى كوپ، قانچىكى ئومۇمىي ۋە قانچىكى چوڭقۇر بولسا، سېنىڭ ئۇتۇغۇڭ شۇنچە

چوڭ بولىدۇ. ھازىر بىزنىڭ پارتىيە مەكتىۋىزمۇ مۇشۇنداق قائىدە بەلگىلىشى كېرەك، بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ماركسىزىم - لېنىنىزىمنى ئۆگەنگەندىن كېيىن جۇڭگو مەسىلىلىرىگە قانداق قارايدىغانلىقىغا نەزەر سېلىش لازىم، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى جۇڭگو مەسىلىلىرىنى ئوچۇق كورەلەيدۇ، بەزىلىرى ئوچۇق كورەلمەيدۇ، بەزىلىرى كورۇشنى بىلىدۇ، بەزىلىرى كورۇشنى بىلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئەلا - ناچارلىرى، ياخشى - يامانلىرىنى مۇشۇنىڭغا قاراپ ئايرىش كېرەك.

ئەمدى «زىيالىلار» مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىمەن. بىزنىڭ جۇڭگو — يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېودال مەملىكەت، مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالغان، شۇنىڭ ئۈچۈن زىيالىلار بەكمۇ قەدىرلىك بىلىنىدۇ. داڭجۇڭياڭ بۇنىڭدىن 2 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى زىيالىلار مەسىلىسى توغرىسىدا قارار② قوبۇل قىلدى، بۇنىڭدا كەڭ زىيالىلارنى قولغا كەلتۈرۈش، ئۇلار ئىنقىلاپ قىلىشنى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا قاتنىشىشنى خالىسىلا، تامامەن قارشى ئېلىش پوزىتسىيىسىدە بولۇش تەلەپ قىلىنغان. بىزنىڭ زىيالىلارنى ھورمەتلىشىمىز تامامەن ئورۇنلۇق، ئىنقىلاۋىي زىيالىلار بولمىسا، ئىنقىلاپ غەلىبە قازىنالمايدۇ. لېكىن بىزگە مەلۇمكى، بىرمۇنچە زىيالىلار ئوزىنى ناھايىتى بىلىملىك ھېساپلايدۇ، ئوز بىلىمىگە تەمەننا قويىدۇ، ھالبۇكى، بۇنداق تەمەننا قويۇشنىڭ ياخشى ئەمەسلىگىنى، زىيانلىق ئىكەنلىگىنى، ئوزلىرىنىڭ ئالغا بېسىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار شۇنداق بىر ھەقىقەتنى بىلىشى كېرەككى، بىرمۇنچە زىيالىي دەپ ئاتىلىپ يۈرگەنلەر، ھەقىقەتتە، نىسبەتەن ئەڭ بىلىمسىزلەر، ئىشچى، دېھقانلارنىڭ بىلىمى بەزىدە ئۇلارنىڭكىگە قارىغاندا كوپرەك بولىدۇ. بۇ يەردە بىراۋ:

«ھەي! ئاستن-ئۇستۇن قلۋەتتڭ، ئاغزڭغا كەلگەننى دەۋاتسەن» دەر. (كۆلكە.) لېكن، يولداش، ئالدرماڭ، مېنڭ ئېيتقنمنڭمۇ ئاز-تولا داۋلسى بار.

بلم دېگەن نېمە؟ سنپي جەمىيەت مەۋجۇت بولغاندىن تارتپ، دۇنيادا بلمنڭ پەقەت ئككلا تۈرى بولۇپ كەلدى، بۇلارنڭ برى ئشلەپچقرش كۈرەشى بلمى، برى سنپي كۈرەش بلمى دەپ ئاتلدۇ. تەبى پەنلەر ۋە ئجتمائى پەنلەر مۇشۇ ئككى تۈرلۈك بلمنڭ جەۋھرى، پەلسەپە بولسا تەبەت ھەم جەمىيەت توغرسدىكى بلملەرنڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى ۋە يەكۈنى. بۇنڭدىن باشقا يەنە قانداق بلم بار؟ يوق. بز ئەمدى بەزى ئوقۇغۇچلارغا، جەمىيەتنڭ ئەملي پائالىيەتلرى بلەن تامامەن مۇناسۋەتى بولمغان، مەكتەپلەردىن كېلپ چققان ئوقۇغۇچلارغا قاراپ باقايلى، ئۇلارنڭ ئەھۋالى قانداق؟ بر كشى ئەنە شۇنداق باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئەنە شۇنداق داشۆېگچە ئوقۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرسە، بلملك ھېساپلندۇ. لېكن ئۇنڭ بلمى پەقەت كتاۋي بلم، ئۇ تېخى ھېچقانداق ئەملي پائالىيەتكە قاتناشمغان، ئۆزنڭ ئالغان بلمنى تۇرمۇشنڭ ھېچقانداق ساھەسدە ئشلتپ كۆرمگەن. بۇنداق كشنى مۇكەممەل زىيالى دەپ ھېساپلغلى بولامدۇ؟ مېنڭچە، ناھايتى تەس، چۈنكى ئۇنڭ بلمى تېخى مۇكەممەل ئەمەس. برقەدەر مۇكەممەل بلم دېگەن نېمە؟ بارلق برقەدەر مۇكەممەل بلملەرنڭ ھەممسى ئككى باسقۇچتىن تەركپ تاپدۇ: برنچى باسقۇچ — ھېسسى بلم، ئككنچى باسقۇچ — ئەقلي بلم، ئەقلي بلم — ھېسسى بلمنڭ يۇقۇرى تەرەققىيات باسقۇچى. ئوقۇغۇچلارنڭ كتاۋي بلمى قانداق بلم؟ ئۇلارنڭ

بىلىمىنىڭ ھەممىسى ھەقىقەت دەپ پەرەز قىلىنغانىدىمۇ، بۇ بىلىم ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى شەخسەن ھاسىل قىلغان بىلىم ئەمەس، بەلكى ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن كىشىلەر ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى ۋە سىنىپىي كۈرەشنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ يازغان نەزەرىيە. ئۇلارنىڭ بۇ بىلىمنى قوبۇل قىلىشى پۈتۈنلەي زۆرۈر، لېكىن شۇنى بىلىش كېرەككى، مەلۇم ئەھۋالدىن ئېيتقاندا، بۇ بىلىم — ئۇلار ئۈچۈن تېخى بىر تەرەپلىمىلىك، بۇ بىلىمنى باشقىلار ئىسپاتلىغان، ئەمما ئۇلار ئۆزى بولسا تېخى ئىسپاتلىمىغان. ئەڭ موھىمى — بۇ بىلىمنى تۇرمۇشقا ۋە ئەمەلىيەتكە تەتبىق قىلىشقا ماھىر بولۇش. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن پەقەت كىتاۋىي بىلىملا بار، ئەمما تېخى ئەمەلىيەت بىلەن ئۇچراشمىغان ياكى ئەمەلىي تەجرىبىسى تېخى ئاز بولغان كىشىلەرگە ئۆز كەمچىلىكىنى چۈشىنىپ، ئۆزىنى بىر ئاز كەمتەررەك تۇتۇشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

پەقەت كىتاۋىي بىلىملا بار بۇنداق كىشىلەرنى ئىسمى جىسمىغا لايىق زىيالىلاردىن قىلىشنىڭ قانداق چارىسى بار؟ بىردىن-بىر چارىسى — ئۇلارنى ئەمەلىي خىزمەتكە قاتناشتۇرۇپ، ئەمەلىي ئىشلىگۈچىلەرگە ئايلاندۇرۇش، نەزەرىيىۋى خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى موھىم ئەمەلىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشتۈرۈش. شۇنداق قىلغاندا، مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ.

مەن بۇنداق دېسەم، بەزىلەرنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قالار. ئۇلار: «سېنىڭ بۇنداق چۈشەندۈرۈشۈڭچە، ماركسمۇ زىيالىي ھېسابلانغىلى بولمايدىكەن-دە» دېيىشەر. مەن: توغرا ئەمەس، دەيمەن. ماركس ئىنقىلابنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىگە قاتنىشىپلا قالماي، بەلكى ئىنقىلابنىڭ نەزەرىيىۋى ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللاندى. ئۇ كاپىتالىستىك

جەمىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلۈشىنى كاپىتالىزمنىڭ ئەڭ ئاددى ئاملى — شاگىرتىدىن باشلاپ، پۇختا تەتقىق قىلدى. شاگىرتنى دىگەن نەرسىنى مىليونلىغان كىشىلەر هەر كۈنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، ئىشلىتىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا سەپ سالمىغان ئىدى. پەقەت ماركسلا ئۇنى ئىلمىي يوسۇندا تەتقىق قىلدى، شاگىرتىنىڭ ئەمەلىي تەرەققىياتى ئۈستىدە غايەت زور تەتقىقات ئىشلىرىنى ئىلىپ باردى، ئومۇمىي مەۋجۇدىيەتتىن مۇكەممەل ئىلمىي نەزەرىيىنى تېپىپ چىقتى. ئۇ تەبىئەتنى، تارىخنى، پرولېتارىيات ئىنقىلاۋىنى تەتقىق قىلىپ، بىيەنچىگىلىق ۋېيۇلۇنىنى، تارىخىي ۋېيۇلۇنى ۋە پرولېتارىيات ئىنقىلاۋىنىڭ نەزەرىيىسىنى ئىجات قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ماركس ئىنسانىيەتنىڭ ئالى ئەقىل-پاراسىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەڭ مۇكەممەل زىيالى بولدى، ئۇ هېلىقى كىتاۋىي بىلىملا بار كىشىلەر-دىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. ماركس ئەمەلىي كۈرەشلەردە تەپسىلى تەكشۈرۈش-تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، هەر خىل نەرسىلەرنى ئومۇملاشتۇردى، هاسىل قىلغان خۇلاسىنى يەنە ئەمەلىي كۈرەشلەرگە ئىلىپ بېرىپ ئىسپاتلىدى، بۇنداق خىزمەت نەزەرىيە خىزمىتى دەپ ئاتىلىدۇ. پارتىيىمىزدە نۇرغۇن يولداشلارنىڭ بۇنداق خىزمەتنى ئىشلەشنى ئۆگىنىۋېلىشى زورۇر. پارتىيىمىزدە هازىر ئەنە شۇنداق نەزەرىيە تەتقىقاتى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئۆگەنسە بولىدىغان نۇرغۇنلىغان يولداشلار بار، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى — قولىدىن ئىش كېلىدىغان زېرەك كىشىلەر، بىز ئۇلارنى قەدىرلىشىمىز لازىم. ئەمما ئۇلارنىڭ فاڭجېنى توغرا بولۇشى، ئىلگىرى ئۆتۈلگەن خاتالىقلارنى تەكرارلىماسلىقى لازىم. ئۇلار جياۋتياۋجۇيىنى تاشلىۋېتىشى، تەييار كىتاپتىكى ئىبارىلەر ئۈستىدە توختاپ قالماسلىقى كېرەك.

ھەقىقى نەزرىيە دۇنيادا پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ كېگۈەن ئەمەلىيەتتىن ئېلىنىپ، يەنە كېگۈەن ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلانغان نەزرىيە، بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق نەرسىنى بىز ئېيتىۋاتقان نەزرىيىدەك نەزرىيە دەپ ئاتاشقا بولمايدۇ. ستالىن: ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان نەزرىيە — قۇرۇق نەزرىيە③، دېگەن ئىدى. قۇرۇق نەزرىيە كارغا كەلمەيدۇ، توغرا ئەمەس، ئۇنى تاشلىۋېتىش كېرەك. بۇنداق قۇرۇق نەزرىيىنى سۆزلەشكە ئامراق كىشىلەرنى ئۇيات-ئۇيات دەپ ئىزا تارتقۇزۇش كېرەك. ماركسىزم-لېنىنىزم — كېگۈەن ئەمەلىيەتتىن كېلىپ چىققان، يەنە كېگۈەن ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلانغان ئەڭ توغرا، ئەڭ ئىلمىي، ئەڭ ئىنقىلاۋىي ھەقىقەت؛ لېكىن ماركسىزم-لېنىنىزمنى ئۆگىنىۋاتقان بىرمۇنچە كىشىلەر ئۇنى ئۆلۈك جياۋتياۋ دەپ قارايدۇ، شۇنىڭ بىلەن نەزرىيىنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ، ئۆزىگە زىيان يەتكۈزىدۇ، يولداشلارغىمۇ زىيان يەتكۈزىدۇ.

ئىككىنچى تەرەپتىن، ئەمەلىي خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلىرىمىز ئەگەر ئۆز تەجرىبىلىرىنى خاتا قوللانسا، بۇنىڭدىنمۇ چاتاق كېلىپ چىقىدۇ. دۇرۇس، بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئادەتتە تەجرىبىسى ناھايىتى كۆپ بولىدۇ، بۇ بەك قىممەتلىك؛ ئەمما ئۇلار ئۆز تەجرىبىسى بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالىدىغان بولسا، بۇمۇ ناھايىتى خەۋپلىك. ئۇلار ئۆز بىلىمىنىڭ ھېسسىي بىلىم ياكى قىسمەن بىلىمگە ياتىدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىدە ئەقلىي بىلىم ۋە ئومۇمىي بىلىمنىڭ كەم ئىكەنلىكىنى يەنى نەزرىيىنىڭ كەم ئىكەنلىكىنى شۇنىڭدەك ئۆز بىلىمىنىڭ بىرقەدەر مۇكەممەل ئەمەس ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەك. ھالبۇكى، ئىنقىلاۋىي ئىشلارنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن بىرقەدەر مۇكەممەل بىلىم بولمىسا بولمايدۇ.

مۇشۇنداق قارىغاندا، مۇكەممەل بولمىغان ئىككى خىل بىلىم بار. بىر خىلى — تەييار كىتاپتىكى بىلىم، يەنە بىر خىلى — ھېسسىي بىلىم ۋە قىسمەن بىلىمگە ياتىدىغان بىلىم، بۇلارنىڭ ئىككىلىسىدە بىر تەرەپلىمىلىك بار. پەقەت مۇشۇ ئىككىسىنى بىرلەشتۈرگەندىلا، ياخشى ۋە بىرقەدەر مۇكەممەل بىلىم ھاسىل بولىدۇ.

لېكىن، بىزنىڭ ئىشچى-دېھقان كادىرلىرىمىز نەزەرىيە ئۆگىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئومۇمىي مەلۇمات ئېلىشى لازىم. ئومۇمىي مەلۇماتقا ئىگە بولماي تۇرۇپ، ماركسىزم-لېنىنىزم نەزەرىيىسىنى ئۆزلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. ئومۇمىي مەلۇماتقا ئىگە بولغاندا، ماركسىزم-لېنىنىزمنى قاچانلا بولسا ئۆگەنگىلى بولىدۇ. مەن كىچىك ۋاقتىمدا ماركسىزم-لېنىنىزملىق مەكتەپتە ئوقۇغان ئەمەس، ئۆگەنگىنىم «ئۇستازىمىز ئېيتىدۇركى، ئۆگىنىش ۋە ئۆگەنگەننى دائىم تەكرارلاپ تۇرۇش خۇشاللىق ئەمەسمۇ؟»④ دېگەن نەرسىلەر ئىدى، بۇنداق ئۆگىنىشنىڭ مەزمۇنى گەرچە كونىراپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ماڭا پايدىسىمۇ تەككەن، چۈنكى مېنىڭ خەت ساۋادىم شۇنىڭدىن چىققان. ۋاھالەنكى، ھازىر كۇڭ فۇزىنىڭ نەرسىلىرى ئۆگىنىلمەيدۇ، يېڭىچە تىل، تارىخ، جۇغراپىيە ۋە تەبىئەت ساۋادى ئۆگىنىلىدۇ، بۇ ئومۇمىي مەلۇمات دەرسلىرى ياخشى ئۆگىنىۋېلىنسا، ھەممە يەردە ئەسقاتىدۇ. بىزنىڭ داڭجۇڭياڭمىز ھازىر ئىشچى-دېھقان كادىرلاردىن ئومۇمىي مەلۇمات ئېلىشنى ئالاھىدە تەلەپ قىلماقتا، چۈنكى ئومۇمىي مەلۇماتقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، سىياسى، ھەربى، ئىقتىسادىي پەنلەردىن قايسىسىنىلا بولسۇن ئۆگەنگىلى بولىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، ئىشچى-دېھقان كادىرلار باي تەجرىبىگە ئىگە بولغان بىلەنمۇ، نەزەرىيە ئۆگىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمايدۇ.

بۇنىڭدىن قارىغاندا، جۇگوەنجۇيىغا قارشى تۇرۇشتا، يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئىككى تۈرلۈك كىشىلەرنى ئۇزلىرىنىڭ يېتىشمىزلىكلىرىنى تۈگىتىش تەرىپىگە قاراپ راۋاجلاندۇرۇشىمىز ۋە ئۇلارنى ئۇزئارا بىرلەشتۇرۇشىمىز كېرەك. كىتاۋى بىلىمى بار كىشىلەر ئەمىلىيەت تەرەپكە قاراپ راۋاجلىنىشى لازىم، شۇنىڭدىن كېيىنلا، كىتاپ ئۇستى-دىكى بىلىم بىلەن توختاپ قالماسلىغى، جىياۋتياۋجۇيى خاتالىغىنى ئوتكۈزمەسلىگى مۇمكىن. خىزمەت تەجرىبىسى بار كىشىلەر نەزىرىيە ئۇگىنىشى، ئىخلاس بىلەن كىتاپ ئوقۇشى لازىم، شۇنىڭدىن كېيىنلا، ئۇز تەجرىبىسىنى رەتكە سېلىپ، ئومۇملاشتۇرۇپ، نەزىرىيە دەرىجە-سىگە كوتىرىشى مۇمكىن، شۇنىڭدىن كېيىنلا، قىسمەن تەجرىبىسىنى خاتا هالدا ئومۇمىي ھەقىقەت دەپ قارىمايدىغان بولۇشى، تەجرىبە-چىلىك خاتالىغىدىن ساقلىنىشى مۇمكىن. جىياۋتياۋجۇيى ۋە تەجرىبە-چىلىكنىڭ ئىككىلىسى — جۇگوەنجۇيى، بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى قۇتۇپتىن تۇغۇلغان نەرسىلەر.

دېمەك، پارتىيىمىز ئىچىدىكى جۇگوەنجۇيى ئىككى خىل: بىرى — جىياۋتياۋجۇيى، يەنە بىرى — تەجرىبىچىلىك. جىياۋتياۋجۇيىچىلار ۋە تەجرىبىچىلەر پەقەت بىر تەرەپنىلا كورىدۇ، ئومۇمىي تەرەپنى كور-مەيدۇ. ئەگەر دىققەت قىلمىسا، ئەگەر بۇنداق بىر تەرەپلىمىلىكنىڭ كەمچىلىك ئىكەنلىگىنى بىلمىسە ۋە ئۇنى تۈزىتىشكە تىرىشمىسا، ئۇ هالدا، ئاسانلا خاتا يولغا كىرىپ قالىدۇ.

لېكىن بۇ ئىككى خىل جۇگوەنجۇيىدىن هازىر پارتىيىمىز ئىچىدە جىياۋتياۋجۇيى بەكرەك خەۋپلىك. چۈنكى جىياۋتياۋجۇيى ئاسانلا ماركسىزىم قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، ئىشچى-دېھقان كادىرلارنى قور-قۇتۇپ، ئۇلارنى ئەسىر ئېلىپ، ئۇزىگە چاكار قىلىۋالىدۇ، ئىشچى-

دىخان كادىرلار بولسا ئۇنى ئاسانلىقچە تونۇۋالالمايدۇ؛ جياۋتياۋ-جۇيى سادىدا-گول ياشلارنىمۇ قورقۇتۇپ، ئۇلارنى ئەسىر قىلىۋېلىشى مۇمكىن. ئەگەر بىز جياۋتياۋجۇيىنى تۈگەتسەك، كىتاۋىي بىلىمى بار كادىرلارنى تەجرىبىلىك كادىرلار بىلەن بىرلىشىشنى، ئەمەلىي شەيئىلەرنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىشنى خالايدىغان قىلغىلى بولىدۇ، نەزەرىيىنى تەجرىبە بىلەن بىرلەشتۈرىدىغان نۇرغۇن ئوبدان خادىملار ۋە بىر قىسىم ھەقىقىي نەزەرىيىچىلەر بارلىققا كېلىدۇ. ئەگەر بىز جياۋتياۋجۇيىنى تۈگەتسەك، تەجرىبىلىك يولداشلارنى ياخشى ئۇستازغا ئىگە بولۇپ، ئۆز تەجرىبىلىرىنى نەزەرىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرەلەيدىغان ۋە تەجرىبىچىلىك خاتالىقىدىن ساقلىنالايدىغان قىلغىلى بولىدۇ.

«نەزەرىيىچى» ۋە «زىيالىي» توغرىسىدا مۇجمەل چۈشەنچىلەر مەۋجۇت بولغانلىقتىن تاشقىرى، يەنە ھەر كۈنى ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان «نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش» توغرىسىدىمۇ نۇرغۇن يولداشلار ئارىسىدا مۇجمەل چۈشەنچىلەر بار. ئۇلار ھەر كۈنى «بىرلەشتۈرۈش» دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا «ئايرىش»قا ھەرىكەت قىلىدۇ، چۈنكى ئۇلار بىرلەشتۈرمەكچى ئەمەس. ماركسىزم-لېنىنىزم نەزەرىيىسىنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن قانداق بىرلەش-تۈرۈش كېرەك؟ ئاممىباپ سۆز بىلەن ئېيتقاندا، بۇ — «نىشانلىق ئوق ئېتىش». ئوقنى نىشانغا توغرىلاپ ئېتىش كېرەك. ماركسىزم-لېنىنىزم بىلەن جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ مۇناسىۋىتى ئوق بىلەن نىشاننىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. بەزى يولداشلار «نىشانسىز ئوق ئاتىدۇ»، قالايمىقان ئېتىۋېرىدۇ، بۇنداق كىشىلەر ئىنقىلابنى ئاسانلا بۇزۇپ قويىدۇ. بەزى يولداشلار ئوقنى قولغا ئېلىپ، ئۇرۇپ-چۆرۈپ

كۆرىدۇ-دە، «ياخشى ئوق ئېكەن! ياخشى ئوق ئېكەن!» دەپ ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ماختايدۇ، ئەمما ھېچ ئاتقۇسى كەلمەيدۇ. بۇنداق كىشىلەر — ئاسارە-ئەتىقىۋازلار، ئۇلارنىڭ ئىنقىلاپ بىلەن مۇناسىۋىتى يوق دېيەرلىك. ماركسىزم-لېنىنىزمدىن ئىبارەت ئوقنى جۇڭگو ئىنقىلاۋىدىن ئىبارەت نىشانغا ئېتىش كېرەك. بۇ مەسىلىنى ئېنىق قويمىساق، پارتىيىمىزنىڭ نەزەرىيە سەۋىيىسى ئەبەدىي يۇقىرى كۆتۈرۈلمەيدۇ، جۇڭگو ئىنقىلاۋىمۇ ئەبەدىي غەلىبە قازىنالمايدۇ.

بىزنىڭ يولداشلىرىمىز چۈشىنىشى لازىمكى، بىزنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزمنى ئۆگىنىشىمىز ئابروي ئۈچۈن ئەمەس، ئۇنىڭدا قانداقتۇ سىر بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ئەمەس، پەقەت ئۇنىڭ پرولېتارىيات ئىنقىلاۋى ئىشلىرىنى غەلىبىگە باشلايدىغان پەن بولغانلىقى ئۈچۈن. تا ھازىرغا قەدەر يەنە بىرمۇنچە كىشىلەر ماركسىزم-لېنىنىزم كىتاپلىرىدىكى بەزى ئايرىم ئىبارىلەرنى تەييار تۇرغان خىسلەتلىك دورا دەپ قارايدۇ، گويا ئۇنى تېپىۋالسىلا، ھەرقانداق كېسەلنى قىينالمايلا ساقايتىپ كەتكىلى بولىدىغاندەك ھېساپلايدۇ. بۇ — گودەكلەرنىڭ نادانلىقى، بىز بۇنداق كىشىلەر ئارىسىدا ئاقارتىش ھەركىتىنى ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. ماركسىزم-لېنىنىزمنى دىنىي جىياۋتىياۋ دەپ قارىغۇچىلار ئەنە شۇنداق نادان-بىلىمسىز كىشىلەر. بۇنداق كىشىلەرگە، سىنىڭ بۇ جىياۋتىياۋىڭ ھېچنىمىگە يارىمايدۇ، دەپ توغرىسىنى ئېيتىش كېرەك. ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلار، بىزنىڭ تەلىماتىمىز جىياۋتىياۋ ئەمەس، بەلكى ھەركەتنىڭ قىبلىنامىسى، دەپ تەكرار-تەكرار ئېيتقان ئىدى. ئۇنداق كىشىلەر دەل مۇشۇ ئەڭ مۇھىم، تازا مۇھىم سۆزنى ئۇنتۇپ قالغان. جۇڭگو

كومـمۇنىستلىرى ماركسىزىم ـ لېنىنىزىم مەيـدانى، ئۇقتىسنەزىرى ۋە ئۇسۇلىنى ماھىرلىق بىلەن قولـلىنىپ، لېنىن، ستالىنلارنىڭ جۇڭگو ئىنقىلاۋى توغرىسـىدىكى تەلىماتىنى ماھىرلىق بىلەن قوللىنىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا جۇڭـگونىڭ تارىخى ئەملىيىتى ۋە ئىنقىلاۋى ئەملىيـتىنى ئىنخـلاس بىلەن تەتـقىق قىلىش داۋامـدا جۇڭگونىڭ ئېھتىياجـىغا مۇۋاپىـق كېلىدىـغان نەزىرىيىۋى ئىجادىيەتـلەرنى ھەر جەھەتتىن يارىتالىسا، شۇ چاغدىلا بۇنى نەزىرىيە بىلەن ئەملىيەتنى بىرلەشتۈرگەنلىك دىگىلى بولىدۇ. بىرلەشتۈرۈشنى ئېغىزدىلا سوزلەپ، ھەركەتـتە بىرلەشتۈرمىسە، ئۇ ھالـدا، يۈز يىل سوزلىگەن بىلەنمۇ، بەرىـبىر، پايدىـسى يوق. بىز مەسىلىگە جۇڭگوەن ۋە بىر تەرەپلىمە قاراشـقا قارشى تۇرۇشـتا جياۋتياۋجۇيـىلىق جۇڭگوەنلىكـنى ۋە بىر تەرەپلىملىكنى يىمىرىپ تاشلىشىمىز لازىم.

پۈتـۈن پارتىيـىنىڭ ئۇگـىنىش ئىسـتىلـىنى تۈزىـتىش ئۈچۈن جۇڭگوەنجۇيىغا قارشى تۇرۇش لازىملىقى مەسىلىسى توغرىسىدا بۈگۈن سوزلەيدىغانلىرىم ئەنە شۇلار.

ئەمدى مەزھەپچىلىك مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىمەن.

20 يىللىق چېنىـقىش ئارقىسىدا ھازىـر پارتىيـىمىزدە ھوكۈمران ئورۇندىكى مەزھەپچىلىك قالمىدى. لېكىن مەزھەپچىلىكنىڭ قالدۇق-لىرى ھېلىمۇ مەۋجۇت، مەزھەپچىلىكنىڭ قالدۇقلىرى پارتىيە ئىچىدىكى مۇناسىۋەتـلەردە بار، پارتىيە سىرتىـدىكى مۇناسىۋەتـلەردىمۇ بار. پارتىيە ئىچىدـىكى مۇناسىۋەتـلەردە ئىپادىلىنىـدىغان مەزھەپچىلىك خاھىشى ئىچكى يەكلەشنى تۇغدۇرۇپ، پارتىيە ئىچىدىـكى بىرلىككە ۋە ئىتتىپاقلىققا توسقۇنلۇق قىلىـدۇ؛ پارتىيە سىرتىدىكى مۇناسىۋەت-

لەردە ئىپادىلىنىدىغان مەزھەپچىلىك خاھىشى تاشقى يەكلەشنى تۇغدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ئىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. بۇ ئىككى جەھەتتىكى ئاپەتنىڭ يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلىغاندىلا، پارتىيىمىز پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى توسالغۇسىز ئېلىپ بارالايدۇ.

مەزھەپچىلىكنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى قالدۇقلىرى نىمىلەردىن ئىبارەت؟ ئاساسەن، تۆۋەندىكى بىرنەچچە خىلدىن ئىبارەت:

ئالدى بىلەن، مۇستەقىللىق دەۋاسى قىلىش. بىر قىسىم يولداشلار پەقەت قىسمەن مەنپەئەتنىلا كۆرۈپ، ئومۇمي مەنپەئەتنى كۆرمەيدۇ، ئۇلار ئۆزلىرى باشقۇرۇۋاتقان قىسمەن خىزمەتنى ھامان نامۇۋاپىق ھالدا ئالاھىدە تەكىتلەپ، ئومۇمي مەنپەئەتنى ئۆزلىرىنىڭ قىسمەن مەنپەئەتىگە بويسۇندۇرۇشنى ھامان ئۈمىت قىلىدۇ. ئۇلار پارتىيىمىز-نىڭ دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى چۈشەنمەيدۇ، ئۇلار گۇڭچەنداڭغا دېموكراتىيىنىڭلا ئەمەس، خۇسۇسەن مەركەزلەشتۈرۈش-نىڭ لازىملىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار ئازچىلىق كۆپچىلىككە بويسۇنۇش، تۆۋەن يۇقۇرىغا بويسۇنۇش، قىسمەنلىك ئومۇمىيلىققا بويسۇنۇش، پۈتۈن پارتىيە جۇڭياڭغا بويسۇنۇشتىن ئىبارەت دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئۇنتۇپ قالغان. جاڭ گوتاۋ داڭجۇڭياڭغا قارىتا مۇستەقىللىق دەۋاسى قىلدى، نەتىجىدە پارتىيىگە ئاسيلىق قىلىپ، ئىشپىيون بولۇپ كەتتى. ھازىر ئېيتىلىۋاتقىنى بۇنداق ئىنتايىن ئېغىر مەزھەپچىلىك بولمىسىمۇ، لېكىن بۇنداق ئەھۋالنىڭ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىككە كېلەلمەسلىك ئەھۋاللىرىنى تامامەن تۈگىتىش

لازىم. ئومۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتۇشنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك. ھەر بىر پارتىيە ئەزاسى، ھەر بىر قىسمەن خىزمەت، ھەر بىر سۆز ياكى ھەركەت پۈتۈن پارتىيە مەنپەئەتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىشى لازىم، بۇ پىرىنسىپقا خىلاپلىق قىلىشقا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ.

بۇنداق مۇستەقىللىق دەۋاسى قىلىدىغان كىشىلەر ھامان ئۆزلىرى-نىڭ شەخس بىرىنچى مەسلىكىدىن قول ئۈزەلمەيدۇ، ئۇلار شەخس بىلەن پارتىيىنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدە كۆپىنچە ناتوغرا پوزىتى-سىيە تۇتىدۇ. ئۇلار ئاغزىدا، پارتىيىگە ھۆرمەت قىلىمەن، دېمۇ، لېكىن ئەمەلدە شەخسنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ، پارتىيىنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويىدۇ. بۇنداق كىشىلەر نىمىنى دەۋا قىلىدۇ؟ نام، ئورۇن ۋە شۆھرەت قازىنىشنى دەۋا قىلىدۇ. ئۇلار بىر قىسىم ئىشنى باشقۇرغان چاغدا، مۇستەقىللىق دەۋاسى قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بەزى كىشىلەرنى ئۆز يېنىغا تارتىدۇ، بەزى كىشىلەرنى چەتكە قاقىدۇ، يولداشلار ئارىسىدا ماختانچاقلىق، خوشامەتچىلىك قىلىدۇ، ئۇلار بىلەن ئاپاق-چاپاق بولۇۋالىدۇ، بۇرژۇئا پارتىيە-لىرىنىڭ چاكىنا ئىستىلىنىمۇ گۇڭچەنداڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرىدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ سەممىيەتسىزلىكىدىن زىيان تارتىدۇ. مېنىڭچە، سەممىيەت بىلەن ئىشلىشىمىز لازىم؛ دۇنيادا بىرەر ئىشنى باشقا چىقارماقچى بولساق، سەممىي پوزىتسىيە بولماي زادى مۇمكىن ئەمەس. كىملەر سەممىي كىشىلەر؟ ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلار — سەممىي كىشىلەر، پەن ئالىملىرى — سەممىي كىشىلەر. كىملەر سەممىيەتسىز كىشىلەر؟ تروتسكىي، بۇخارىن، چېن دۇشيۇ، جاڭ گوتاۋلار ئىنتايىن سەممىيەتسىز كىشىلەر، شەخسىي مەنپەئەت

ٴۇچۇن، قسمەن مەنپەٴەت ٴۇچۇن مۇستەقىللق دەۋاسى قلغۇچە-لارمۇ سەممىيەتسز كشلەر. بارلق هلىگەر كشلەر، ٴىلمىي پوزىتسيە بويىچە ٴىش قلمايدىغان كشلەر ٴوزىنى پەملىك، ناھايىتى ٴەقىللىق ھېساپلايدۇ، ھەقىقەتتە بولسا ٴۇلارنىڭ ھەممىسى ٴەڭ ٴاخماق كشلەر، ٴاقىۋىتى ياخشى بولمايدىغان كشلەر. پارتىيە مەكتىۋىمىزنىڭ ٴوقۇغۇچىلىرى بۇ مەسىلىگە چوقۇم دىققەت قىلىشى لازىم. بىز پارتىيىمىزنى چوقۇم مەركەزلەشكەن، بىرلىككە كەلگەن پارتىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز، بارلىق پىرىنسىپسىز گۇرۇھ-ۋازلىق كۈرەشلىرىنى پاك-پاكىز تۈگىتىشىمىز كېرەك. پۈتۈن پار-تىيىمىز تەكشى، بىردەك قەدەم تاشلاپ، ٴورتاق نىشان ٴۈچۈن كۈرەش قىلىشۇن، دىسەك، شەخسىيەتچىلىك ۋە مەزھەپچىلىككە چوقۇم قارشى تۇرۇشىمىز لازىم.

چەتتىن كەلگەن كادىرلار بىلەن يەرلىك كادىرلار ٴىتتىپاقلىشىشى، مەزھەپچىلىك خاھىشىغا قارشى تۇرۇشى كېرەك. چۈنكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى گېنجۈيدىلەرنىڭ بىرمۇنچىسى 8-ٴارمىيە ۋە يېڭى 4-ٴارمىيە كەلگەندىن كېيىنلا قۇرۇلدى، نۇرغۇن يەرلىك خىزمەتلەر چەتتىن كەلگەن كادىرلار بارغاندىن كېيىنلا راۋاجلاندى، چەتتىن كەلگەن كادىرلار بىلەن يەرلىك كادىرلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە ناھايىتى ٴوبدان دىققەت قىلىش لازىم. يولداشلىرىمىز چۈشىنىشى كېرەككى، مۇشۇنداق شارائىتتا، پەقەت چەتتىن كەلگەن كادىرلار بىلەن يەرلىك كادىرلار تامامەن بىردەك ٴىتتىپاق بولغاندىلا، يەرلىك كادىرلار كۆپلەپ يېتىشتۈرۈلگەن ۋە ٴۆستۈرۈلگەندىلا، گېنجۈيدىلەر مۇستەھكەملىنەلەيدۇ، پارتىيىمىز گېنجۈيدىلەردە يىلتىز تارتالايدۇ،

بولمىسا، مۇمكىن ئەمەس. چەتتىن كەلگەن كادىرلار ۋە يەرلىك كادىرلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى بار، يېتىشسىزلىكلىرىمۇ بار، ئۇلار بىر-بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، يېتىشسىز-لىكلىرىنى تۈگىتىشى لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، ئالغا باسالايدۇ. چەتتىن كەلگەن كادىرلار ئەھۋال بىلەن تونۇشۇش ۋە ئاممە بىلەن ئالاقە باغلاش جەھەتلىرىدە يەرلىك كادىرلارغا قارىغاندا ھامان ناچارراق بولىدۇ. ئۆزەمنى ئالسام، ئەنە شۇنداق. مېنىڭ شىمالىي شەنشىگە كەلگىنىمگە 5 ـ 6 يىل بولۇپ قالدى، لېكىن شىمالىي شەنشىدىكى ئەھۋاللار بىلەن تونۇشلۇغۇم، شىمالىي شەنشىدىكى خەلق بىلەن بولغان ئالاقەم شىمالىي شەنشىلىك بەزى يولداشلارنىڭكىگە قارىغاندا خېلىلا كەم. سەنشى، خېبېي، شەندۇڭدىكى ۋە باشقا جايلاردىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى گېنجۇيدىلەرگە بارغان يولداشلىرىمىز بۇ مەسىلىگە چوقۇم دىققەت قىلىشى كېرەك. يالغۇز بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، ھەتتا بىر گېنجۇيدىنىڭ ئىچىدىمۇ، ئۇنىڭ-دىكى ھەرقايسى رايونلارنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغانلىقتىن، كادىرلىرىمۇ چەتتىن كەلگەن ۋە يەرلىك دەپ پەرقلىنىدۇ. ئىلغارراق رايونلارنىڭ كادىرلىرى قالاقراق رايونلارغا بارسا، ئۇلارمۇ شۇ يەر ئۈچۈن چەتتىن كەلگەن كادىرلار بولىدۇ، ئۇلارمۇ يەرلىك كادىرلارغا يار-يۆلەك بولۇش مەسىلىگە تولۇق ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. ئادەتتىكى ئەھۋالدىن ئېيتقاندا، چەتتىن كەلگەن كادىرلار رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان جايلاردا ئەگەر چەتتىن كەلگەن كادىرلار بىلەن يەرلىك كادىر-لارنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى يولغا قويۇلمىغان بولسا، ئۇ چاغدا بۇ جاۋابكارلىق، ئاساسەن، چەتتىن كەلگەن كادىرلارنىڭ ئۈستىگە

چۈشۈشى كېرەك. ئاساسىي رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان يولداشلارنىڭ جاۋابكارلىقى تېخىمۇ زور بولىدۇ. ھازىر جايلارنىڭ بۇ مەسىلىگە ئەھمىيەت بېرىشى تېخى ناھايىتى يېتەرسىز، بەزىلەر يەرلىك كادىرلارغا سەل قارايدۇ، يەرلىك كادىرلارنى زاڭلىق قىلىدۇ، ئۇلار: «يەرلىكلەر نېمىنى بىلىدۇ، سەھرالىق!» دېيىشىدۇ، بۇنداق ئادەملەر يەرلىك كادىرلارنىڭ مۇھىملىقىنى پەقەت بىلمەيدۇ، ئۇلار يەرلىك كادىرلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنىمۇ چۈشەنمەيدۇ، ئۆزلىرىنىڭ يېتىشسىزلىكلىرىنىمۇ چۈشەنمەيدۇ-دە، ناتوغرا، مەزھەپچىلىك پوزىتسىيە تۇتىدۇ. چەتتىن كەلگەن بارلىق كادىرلار چوقۇم يەرلىك كادىرلارغا كۆيۈنۈشى، ئۇلارغا دائىم ياردەم بېرىپ تۇرۇشى كېرەك، ئۇلارنى زاڭلىق قىلىشقا، ئۇلارغا زەربە بېرىشكە يول قويۇلمايدۇ. تەبىي، يەرلىك كادىرلارمۇ چەتتىن كەلگەن كادىرلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆگىنىپ، نامۇۋاپىق، تار قاراشلارنى تاشلىۋېتىپ، چەتتىن كەلگەن كادىرلارنى ھەرگىز يات كۆرمەستىن، ئۇلار بىلەن ئىچقويۇن-تاشقويۇن بولۇپ كېتىشى ھەمدە مەزھەپچىلىك خاھىشىدىن ساقلىنىشى كېرەك.

ئارمىيە خىزمىتىدىكى كادىرلار بىلەن يەرلىك خىزمەتتىكى كادىرلارنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ شۇنداق. ئىككىلى تامامەن بىردەك ئىتتىپاقلىشىشى، مەزھەپچىلىك خاھىشىغا قارشى تۇرۇشى لازىم. ئارمىيە كادىرلىرى يەرلىك خىزمەتتىكى كادىرلارغا ياردەم بېرىشى، يەرلىك خىزمەتتىكى كادىرلارمۇ ئارمىيە كادىرلىرىغا ياردەم بېرىشى كېرەك. ئەگەر ماجرا بولۇپ قالسا، ھەر ئىككى تەرەپ بىر-بىرىنى كەچۈرۈشى ھەمدە ھەرقايسىسى ئۆزى ئۈستىدە توغرا بولغان ئۆز-ئۆزىنى تەنقىتنى يۈرگۈزۈشى كېرەك. ئارمىيە كادىرلىرى ئەملىيەتتە

رەھبەرلىك ئورۇندا تۇرغان جايلاردا، ئادەتتىكى ئەھۋالدا، ئەگەر ئارمىيە كادىرلىرى بىلەن يەرلىك خىزمەتتىكى كادىرلارنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى يولغا قويۇلمىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئاساسىي جاۋابكارلىق ئارمىيە كادىرلىرىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈشى كېرەك. ئارمىيە كادىرلىرىنى ئالدى بىلەن ئۆز مەسئۇلىيىتىنى چۈشىنىپ، يەرلىك خىزمەتتىكى كادىرلارغا كەمتەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان قىلىش كېرەك، شۇ چاغدىلا گېنجۇيدىلەرنىڭ ئۇرۇش ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشىنىڭ شەرت-شارائىتى تۇغۇلىدۇ.

بىرقانچە قوشۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى، بىرقانچە جايلار ئوتتۇرىسى-دىكى، بىرقانچە خىزمەت ئورۇنلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرمۇ شۇنداق. پەقەت ئۆزىنىلا كۆزدە تۇتۇپ، باشقىلارنى كۆزدە تۇتماي-دىغان تار مەھكەمچىلىك خاھىشىغا قارشى تۇرۇش كېرەك. كىمكى باشقىلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرى بىلەن كارى بولمايدىكەن، باشقىلار ئۆز قارىمىقىدىكى كادىرلاردىن كىشى سورىسا، بەرمەيدىكەن ياكى ناچارلىرىنى بېرىپ، «ئاپەتنى خوشنىسىغا ئىتتىرىپ قويۇش» ئىشىنى قىلىدىكەن، باشقا قىسىملار، باشقا جايلار، باشقا كىشىلەر توغرىسىدا زادى ئويلانمايدىكەن، بۇنداق كىشى تار مەھكەمچى دەپ ئاتى-لىدۇ، بۇ — كوممۇنىستىك روھنى پۈتۈنلەي يوقاتقانلىق. ئومۇمىيلىقنى كۆزدە تۇتماسلىق، باشقا قىسىملارغا، باشقا جايلارغا، باشقا كىشى-لەرگە پەقەت كۆڭۈل بۆلمەسلىك — مۇشۇنداق تار مەھكەمچىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى. بۇنداق كىشىلەرگە تەربىيىنى كۈچەيتىپ، بۇنىڭ بىر خىل مەزھەپچىلىك خاھىشى ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ئۇ راۋاجلىنىپ كېتىۋەرسە، ناھايىتى خەتەرلىك بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش لازىم.

يەنە بىر مەسىلە بار، ئۇ بولسىمۇ كونا كادىرلار بىلەن يېڭى

كادىرلارنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن بۇيان، پارتىيىمىز زور دەرىجىدە راۋاجلاندى، ئۇرغۇنلىغان يېڭى كادىرلار بارلىققا كەلدى، بۇ ـ ناھايىتى ياخشى ئەھۋال. يولداش ستالىن سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 18 ـ قۇرۇلتىيىدا قىلغان دوكلادىدا: «كونا كادىرلار ئادەتتە كۆپ بولمايدۇ، ئېھتىياجلىق ساندىن كەم بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئالەمنىڭ تەبىئەت قانۇنى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇلار قىسمەن قاتاردىن چىقىشقا باشلايدۇ» دېگەن ئىدى. ئۇ بۇ يەردە كادىرلار ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىدۇ، تەبىي پەن ئۈستىدىمۇ توختىلىدۇ. پارتىيىمىزدە ئەگەر كەڭ يېڭى كادىرلار بىلەن كونا كادىرلارنىڭ بىردەك ھەمكارلىقى بولمىسا، بىزنىڭ ئىشىمىز ئوتتۇرىدا ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق كونا كادىرلار ناھايىتى زور قىزغىنلىق بىلەن يېڭى كادىرلارنى قارشى ئېلىشى، يېڭى كادىرلارغا غەمخورلۇق قىلىشى كېرەك. دۇرۇس، يېڭى كادىرلاردا كەمچىلىك بار، ئۇلارنىڭ ئىنقىلابقا قاتناشقىنىغا تېخى ئۇزاق بولمىدى، تەجرىبىسى تېخى كەم، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كونا جەمئىيەتنىڭ ناچار ئىدىيىسىنىڭ قۇيرۇغىنى يەنى ئۇششاق بۇرژۇئا شەخسىيەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ قالدۇقلىرىنى ئۆزى بىللە بىلەن سۆرەپ كېلىشتىن خالى بولالمايدۇ. لېكىن بۇ كەمچىلىكلەرنى تەربىيە ۋە ئىنقىلاپتا چېنىقىش داۋامىدا پەيدىن ـ پەي تۈگەتكىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى شۇكى، خۇددى ستالىن ئېيتقاندەك، ئۇلارنىڭ يېڭى شەيئىلەرگە قارىتا سېزىمچانلىقى ئۆتكۈر بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلاردا يۈكسەك قىزغىنلىق ۋە ئاكتىپلىق بار، بەزى كونا كادىرلاردا بولسا بۇلار كەم⑤. يېڭى ۋە كونا كادىرلار بىردەك ئىتتىپاق بولۇپ، ئورتاق

ئىشلارنى ئېلىپ بېرىش ھەمدە مەزھەپچىلىك خاھىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بىر ـ بىرىنى ھۆرمەتلىشى، بىر ـ بىرىدىن ئۆگىنىشى، بىر ـ بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىپ، يېتىشسىزلىكىنى تۈگىتىشى لازىم. كونا كادىرلار ئاساسىي رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان جايلاردا، ئادەتتىكى ئەھۋالدا، ئەگەر كونا كادىرلار بىلەن يېڭى كادىرلارنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى يولغا قويۇلمىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئاساسىي جاۋابكارلىقنى كونا كادىرلار ئۈستىگە ئېلىشى لازىم.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان قىسمەنلىك بىلەن ئومۇمىيلىقنىڭ مۇناسىۋىتى، شەخس بىلەن پارتىيىنىڭ مۇناسىۋىتى، چەتتىن كەلگەن كادىرلار بىلەن يەرلىك كادىرلارنىڭ مۇناسىۋىتى، ئارمىيە كادىرلىرى بىلەن يەرلىك خىزمەتتىكى كادىرلارنىڭ مۇناسىۋىتى، قوشۇنلار بىلەن قوشۇنلار، جايلار بىلەن جايلار، بۇ خىزمەت ئورنى بىلەن ئۇ خىزمەت ئورنى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر، كونا كادىرلار بىلەن يېڭى كادىرلارنىڭ مۇناسىۋىتى — بۇلارنىڭ ھەممىسى پارتىيە ئىچىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەت. كۆرەشكە پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، بۇ جەھەتلەردە كوممۇنىستىك روھنى ئۇستۇرۇپ، مەزھەپچىلىك خاھىشىدىن ساقلىنىش بىلەن پارتىيىمىزنى قوشۇنى رەتلىك، قەدىمى تەكشى بولۇش مەقسىتىگە يەتكۈزۈش كېرەك. بۇ — ناھايىتى موھىم مەسىلە، پارتىيە ئىستىلىنى تۈزىتىشتە بۇ مەسىلىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ھەل قىلىشىمىز كېرەك. مەزھەپچىلىك — جۇگۇەنجۇيىنىڭ تەشكىلىي مۇناسىۋەتتىكى بىر خىل ئىپادىسى؛ ئەگەر بىز جۇگۇەنجۇيىنى تۈگىتىپ، ماركسىزم ـ لېنىنىزمىنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش روھىنى راۋاجلاندۇرماقچى بولساق، پارتىيە ئىچىدىكى مەزھەپچىلىكنىڭ قالدۇقلىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، پارتىيە مەنپەئەتىنى شەخسىي

مەنپەئەت ۋە قسمەن مەنپەئەتتن ئۈستۈن قويۇشنى چقش نۇقتسى قلپ، پارتيمزنى تولۇق ئىتتپاقلقا، برلككە ئېرشتۇرۇشمز لازم.

مەزھەپچلكنڭ قالدۇقلرى پارتيە ئچدكى مۇناسۋەتلەردە يوقتلشى كېرەك، پارتيە سرتدكى مۇناسۋەتلەردمۇ يوقتلشى كېرەك. بۇنڭ سەۋۋى: دۈشمەننى يالغۇز پۈتۈن پارتيدكى يولداشلارنى ئىتتپاقلاشتۇرۇش بلەنلا يەڭگلى بولمايدۇ، پۈتۈن مەملكەت خەلقنى ئىتتپاقلاشتۇرغاندلا، يەڭگلى بولدۇ. جۇڭگو گۇڭچەنداڭى پۈتۈن مەملكەت خەلقنى ئىتتپاقلاشتۇرۇش ئىشدا 20 يلدن بېرى مۇشەققەتلك، ئۇلۇق خزمەتلەرنى ئشلەپ كەلدى؛ ياپون باسقۇنچلرغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندن بۇيان، بۇ خزمەتلەرنڭ مۇۋەپپەقيتى تېخمۇ ئۇلۇق بولدى. لېكن بۇ، بزنڭ بارلق يولداشلرمز خەلق ئاممسگە مۇئاملە قلشتا توغرا ئىستلغا ئىگە بولدى، مەزھەپچلك خاھشدن خالى بولدى، دېگەنلك ئەمەس. ئۇنداق ئەمەس. بر قسم يولداشلاردا مەزھەپ-چلك خاھشى ھەققەتەن ھېلمۇ بار، بەزلەردە بەلكى ناھايتى ئېغر. برمۇنچە يولداشلرمز پارتيە سرتدكى كشلەر ئالددا ئۆزنى چوڭ تۇتۇشقا ئامراق، ئۇلارنى كوزگە ئلمايدۇ، ئۇلارنى مەنستمەيدۇ، ئۇلارنى ھورمەتلەشنى، ئۇلارنڭ ئارتۇقچلقلرنى چۈشنشنى بولسا خالمايدۇ. مانا بۇلار مەزھەپچلك خاھشى. بۇ يولداشلار ماركسزم كتاپلردن برنەچچنى ئوقۇغاندن كېين، ئۆزنى تېخمۇ كەمتەر تۇتۇش ئورنغا تېخمۇ تەكەببۇرلشۋالدۇ، دائم باشقلارنى، كارغا كەلمەيدۇ، دېيشدۇ، ئۆزنڭ بلمدغنى بولسا ھەققەتەن يېرم-ياتا ئىكەنلكنى چۈشەنمەيدۇ. بزنڭ

يولداشلىرىمىز مۇنۇ بىر ھەقىقەتنى چۈشىنىۋېلىشى كېرەك: گۇڭچەنداڭ ئەزالىرى پارتىيە سىرتىدىكى كىشىلەرگە قارىغاندا ھەرقاچان ئازچىلىقنى تەشكىل قىلىدۇ. 100 كىشى ئىچىدە بىر گۇڭچەنداڭ ئەزاسى بار، دەپ پەرەز قىلىنسا، پۈتۈن جۇڭگودىكى 450 مىليون كىشى ئىچىدە 4 مىليون 500 مىڭ گۇڭچەنداڭ ئەزاسى بولغان بولىدۇ. مۇشۇنداق كۆپ سانغا يەتكەن تەقدىردىمۇ، گۇڭچەنداڭ ئەزالىرى ئاران بىر پىرسەنتىنىلا تەشكىل قىلىدۇ، قالغان 99 پىرسەنتى پارتىيىسىزلەر. پارتىيىسىز كىشىلەر بىلەن ھەمكارلاشماسلىقتا نىمە ئاساسىمىز بار؟ بىز بىلەن ھەمكارلىشىشنى خالايدىغان شۇنىڭدەك بىز بىلەن ھەمكارلىشىشى مۇمكىن بولغان بارلىق كىشىلەرگە قارىتا بىزنىڭ پەقەت ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىش مەجبۇرىيىتىمىزلا بار، ھەرگىز ئۇلارنى چەتكە قېقىش ھوقۇقىمىز يوق. بىر قىسىم پارتىيە ئەزالىرى بولسا بۇ داۋلىنى چۈشەنمەيدۇ، بىز بىلەن ھەمكارلىشىشنى خالايدىغان كىشىلەرنى كوزگە ئىلمايدۇ، ھەتتا چەتكە قاقىدۇ. بۇنداق قىلىشقا ھېچقانداق ئاساس يوق. ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلار بىزگە مۇشۇنداق ئاساس بەرگەنمۇ؟ ياق. ئەكسىچە، ئۇلار بىزگە ئاممىدىن ئايرىلماي، ئاممە بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاش لازىملىغىنى ھامان سەممى تەۋسىيە قىلىپ كەلدى. جۇڭگو گۇڭچەنداڭ جۇڭياڭى بىزگە مۇشۇنداق ئاساس بەرگەنمۇ؟ ياق. جۇڭياڭنىڭ بارلىق قارارلىرى ئىچىدە، بىز ئاممىدىن ئايرىلىپ ئۆزىمىزنى يېتىم قالدۇرساقمۇ بولىدۇ، دېيىلگەن بىرمۇ قارار يوق. ئەكسىچە، جۇڭياڭ بىزنى ئاممىدىن ئايرىلماي، ئاممە بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاشقا ھەمىشە ئۈندەپ كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاممىدىن ئايرىلىدىغان بارلىق قىلىقلارنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق،

بۇ پەقەت بىزنىڭ بىر قىسىم يولداشلىرىمىز ئۆزى ياساپ چىققان مەزھەپچىلىك ئىدىيىسىنىڭ كاساپىتى، خالاس. بۇنداق مەزھەپچىلىك بىر قىسىم يولداشلار ئارىسىدا تېخى ناھايىتى ئېغىر، ھېلىمۇ پارتىيە لۇشيەنىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ مەسىلىگە قارىتىپ پارتىيە ئىچىدە كەڭ تەربىيە ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. ئالدى بىلەن كادىرلىرىمىزنى بۇ مەسىلىنىڭ ئېغىر مەسىلە ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي چۈشىنىدىغان، ئەگەر گۇڭچەنداڭ ئەزالىرى پارتىيە سىرتىدىكى كادىرلار، پارتىيە سىرتىدىكى كىشىلەر بىلەن ئۆزئارا بىرلەشمىسە، دۈشمەننى چوقۇم تار-مار قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئىنقىلاپنىڭ مەقسىتىگە چوقۇم يەتكىلى بولماي-دىغانلىقىنى چۈشىنىدىغان قىلىش لازىم.

بارلىق مەزھەپچىلىك ئىدىيىلىرى جۇگۇەنجۇيى بولۇپ، ئىنقىلاپ-نىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەزھەپ-چىلىككە قارشى كۆرەش بىلەن جۇگۇەنجۇيىغا قارشى كۆرەشنى بىللە ئېلىپ بېرىش كېرەك.

پارتىيە باگۇسى مەسىلىسى توغرىسىدا بۈگۈن توختالمايمەن، باشقا بىر مەجلىستە مۇزاكىرىلىشىمىز. پارتىيە باگۇسى — ئىپلاسلىق-لارنى ساقلايدىغان نەرسە، جۇگۇەنجۇيى ۋە مەزھەپچىلىكنىڭ بىر خىل ئىپادە شەكلى. ئۇ كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزىدۇ، ئىنقىلاپقا پايدىسىز، ئۇنى يوقىتىشىمىز كېرەك.

جۇگۇەنجۇيىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، ۋېيۋۇجۇيىنى تەشۋىق قىلىشىمىز، بيەنجېڭفانى تەشۋىق قىلىشىمىز لازىم. لېكىن پارتىيىمىزدە يەنە بىرمۇنچە يولداشلار باركى، ئۇلار ۋېيۋۇجۇيىنى تەشۋىق قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، بيەنجېڭفانى تەشۋىق قىلىشقىمۇ ئەھمىيەت

بەرمەيدۇ. بەزى يولداشلار باشقىلارنىڭ جۇڭگۇەنجۇينى تەشۋىق
قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ، ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمايدۇ. بۇ
يولداشلار، مەن ماركسىزمغا ئىشىنىمەن، دەيدۇ، ئەمما، ئۇلار ۋېيۋۇ-
جۇينى تەشۋىق قىلىشقا تىرىشمايدۇ، جۇڭگۇەنجۇيىلىق نەرسىلەرنى
ئاڭلىسىمۇ ياكى كورسىمۇ، بۇ ھەقتە ئويلاپ باقمايدۇ، ھېچنىمە
دىمەيدۇ. بۇنداق پوزىتسىيە كۆكچەنداڭ ئەزالىرىنىڭ پوزىتسىيىسى
ئەمەس. بۇنىڭ سەۋەبىدىن بىزنىڭ بىرمۇنچە يولداشلىرىمىز
جۇڭگۇەنجۇيى ئىدېيىسى بىلەن زەھەرلىنىپ قالدى، بىخۇتلۇق
ھادىسىلىرى پەيدا بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پارتىيە ئىچىدە ئاقارتىش
ھەركىتىنى قوزغاپ، يولداشلىرىمىزنى روھىي جەھەتتە جۇڭگۇەنجۇيى
ۋە جياۋتياۋجۇيىنىڭ غەپلەتلىرىدىن ئازات قىلىشىمىز، ئۇلارنى
جۇڭگۇەنجۇيى، مەزھەپچىلىك ۋە پارتىيە باگۇسىنى توسۇشقا چاقىرى-
شىمىز كېرەك. بۇ نەرسىلەر ياپون مىلىغا ئوخشاش بولۇپ، پەقەت
دۈشمەنلىرىمىزلا بىزنىڭ بۇنداق يامان نەرسىلەرنى ساقلاپ، غەپلەتتە
قېلىۋېرىشىمىزنى خالايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز، ياپون مېلىنى توس-
قانغا[8] ئوخشاش، بۇلارنىمۇ توسۇشنى تەشەببۇس قىلىشىمىز كېرەك.
بىز جۇڭگۇەنجۇيى، مەزھەپچىلىك ۋە پارتىيە باگۇسىماللىرىنىڭ
ھەممىسىنى توسۇپ، ئۇلارنىڭ بازىرىنى كاساتلاشتۇرۇشىمىز، ئۇلار-
نىڭ پارتىيىدە نەزىرىيىۋى سەۋىيىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن پايدىلىنىپ،
ئۆزىگە بازار تېپىشىغا يول قويماسلىقىمىز كېرەك. بۇ مەقسەت ئۈچۈن،
يولداشلىرىمىز پۇراش سېزىمىنى ئوستۇرۇشى، ھەرقانداق نەرسىنى
بۇرنى بىلەن پۇراپ بېقىپ، ئۇنىڭ ياخشى ياكى يامان نەرسە
ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىشى، ئاندىن ئۇنى قارشى ئېلىش ياكى
توسۇشنى بەلگىلىشى لازىم. كۆكچەنداڭ ئەزالىرى ھەرقانداق ئىشقا

قارىتا نىمە ئۈچۈن دېگەن سوئالنى قويۇشى، ئۇنى ئۆز كاللىسىدا ئەتراپلىق مۇھاكىمىدىن ئۆتكۈزۈشى، ئۇنىڭ ئەمىلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ياكى كەلمەيدىغانلىغىنى، ھەقىقەتەن داۋلىسى بار ياكى يوقلۇغىنى ئويلاپ كورۇشى، زادى قارغۇلارچە ئەگەشمەسلىكى، قۇلچىلىقنى زادى تەشەببۇس قىلماسلىقى لازىم.

ئاخىرىدا، جۇگۇەنجۇيغا، مەزھەپچىلىككە ۋە پارتىيە باگۇسىغا قارشى تۇرۇشتا مۇنۇ ئىككى ئاساسىي مەقسەتنى كوزدە تۇتۇشىمىز زورۇر: بىرىنچى ــ «ئوتموشتىكىدىن ساۋاق ئېلىپ، كېيىنكىگە ئىبرەت قىلىش»، ئىككىنچى ــ «كېسەلنى داۋالاپ، ئادەمنى قۇتقۇزۇش». كېيىنكى خىزمەتلەردە ئېھتىياتلىقراق بولۇش، ياخشىراق ئىشلەش ئۈچۈن، ئىلگىرىكى خاتالىقلارنى چوقۇم ئېچىپ تاشلاش، يۈز ـ خاتىرە قىلماسلىق، ئوتموشتىكى ناچار نەرسىلەرنى ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن تەھلىل ۋە پىپەن قىلىش كېرەك. «ئوتموشتىكىدىن ساۋاق ئېلىپ، كېيىنكىگە ئىبرەت قىلىش»نىڭ مەنىسى ئەنە شۇ. لېكىن خاتالىقلارنى ئېچىپ تاشلىشىمىز، كەمچىلىكلەرنى پىپەن قىلىشىمىزدىن مەقسەت ئادەمنى نابۇت قىلىش ئەمەس، بەلكى دوختۇرنىڭ كېسەلنى داۋالىغىنىدەك، پۈتۈنلەي ئادەمنى قۇتقۇزۇپ قېلىش. بىر كىشى سوقۇرئۈچەي بولۇپ قالسا، دوختۇر سوقۇرئۈچەيىنى كېسىپ تاشلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم قۇتقۇزۇۋېلىنىدۇ. خاتالاشقان ھەرقانداق كىشى ئاغرىقنى يوشۇرماي، داۋالىنىشتىن قاچماي، خاتالىقىدا چىڭ تۇرۇۋېلىپ ساقايتقىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يېتىپ قالماي، سەممىي بولۇپ، داۋالىنىشنى، تۈزۈلۈشنى ھەقىقىي خالىسىلا، بىز ئۇنى قارشى ئېلىشىمىز، كېسىلىنى ساقايتىپ، ياخشى يولداش قىلىپ چىقىشىمىز لازىم. بۇ خىزمەت ھەرگىز بىردەملىك پۇخادىن چىقىۋېلىش بىلەن،

قالايمىقان زەربە بېرىۋېلىش بىلەن ئۇنۇملۇك بولۇپ چىقمىدىغان خىزمەت ئەمەس. ئىدىيە ۋە سىياسى جەھەتلەردىكى كېسەللەرگە قارىتا ھەرگىز قوپال پوزىتسىيە تۇتۇشقا بولمايدۇ، «كېسەلنى داۋالاپ، ئادەمنى قۇتقۇزۇش» پوزىتسىيىسىنى تۇتۇش كېرەك، مۇشۇ ئۇسۇللا توغرا ۋە ئۇنۇملۇك ئۇسۇل.

بۈگۈن پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئېچىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، مۇشۇ بىرمۇنچە سۆزلەرنى قىلدىم، يولداشلارنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈشىنى ئۈمىت قىلىمەن. (قىزغىن ئالقىشلار.)

## ئىزاھلار

① مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ 1 ـ تومىدىكى «جۇڭگو ئىنقىلابىي ئۇرۇشىنىڭ جەڭلىۋى مەسىلىسى»نىڭ ㊲ ئىزاھىغا قاراڭ. باگۇ ئەدەبىياتى ــ بۇتۇنلەي مەزمۇنسىز، پەقەت شەكىلگىلا ئېتىبار بېرىدىغان يېزىق ئۇيۇنى. بۇنداق ماقالىنىڭ ھەر بىر بولىكى مۇقىم بەلگىلەنگەن قېلىپقا سېلىنىدۇ، ھەتتا خەت سانىنىمۇ مەلۇم چەكى بولىدۇ، كىشىلەر ماقالىنى ماۋزۇدىكى خەتلەرنىڭ مەنىسىگە قاراپ زورمۇ-زور يېزىپ چىقىدۇ. «پارتىيە باگۇسى» ــ ئىنقىلابىي سەپتىكى بەزى كىشىلەر يازغان ماقالىلارنى كۆرسىتىدۇ، بۇنداق ماقالىلاردا شەيئىلەر تەھلىل قىلىنماي، پەقەت بەزى ئىنقىلابىي سۆز ۋە ئاتالغۇلار كەلسە ـ كەلمەس كۆچۈرۈپ ئىشلىتىلىدۇ، بۇنداق ماقالىلارمۇ يۇقۇرىدا ئېيتىلغان باگۇ ئەدەبىياتىغا ئوخشاش بىمەنە سەپسەتە ۋە باشتىن ـ ئاياق قۇرۇق سۆز بىلەن تولغان بولىدۇ.

② بۇ جۇڭگولۇق جۇڭگىيانىڭ زىيالىلارنى جەلپ قىلىش توغرىسىدا 1939 ـ يىل 12 ـ ئايدا قوبۇل قىلغان قارارىنى يەنى مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ 2 ـ تومىدىكى «زىيالىلارنى كۆپلەپ جەلپ قىلىش توغرىسىدا» دىگەن ئەسەرنى كۆرسىتىدۇ.

③ ستالىن. «لېنىنىزم ئاساسلىرى توغرىسىدا»نىڭ 3-قىسمىغا قارالسۇن.

④ بۇ — كۇڭزى ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ سۆز خاتىرىلىرى «لۇنيۈي»نىڭ بېشىدىكى بىرىنچى جۈملە.

⑤ ستالىن. «پارتىيىنىڭ 18-قۇرۇلتىيىغا سوۋېت ئىتتىپاقى گۇڭچەنداڭى (بولشېۋىكلار پارتىيىسى) جۇڭياڭنىڭ خىزمىتى توغرىسىدا خۇلاسە دوكلات»نىڭ 3-قىسىم 2-تارمىقىغا قارالسۇن.

⑥ ياپون مېلىنى توسۇش — جۇڭگو خەلقى 20-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇشتا دائىم قوللىنىپ كەلگەن بىر خىل كۈرەش ئۇسۇلى. مەسىلەن، 1919-يىلدىكى 4-ماي ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى دەۋرىدە، 1931-يىلدىكى 18-سىنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش دەۋرىدە جۇڭگو خەلقى ياپون مېلىنى توسۇش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارغان ئىدى.

# پارتىيە باگۇسىغا قارشى تۇرايلى*

**(1942-يىل 2-ئاينىڭ 8-كۈنى)**

ھېلى يولداش كەيفېڭ بۈگۈنكى مەجلىسنىڭ ئاساسىي مەقسىدىنى سۆزلەپ ئۆتتى. مەن ئەمدى جۇگۇەنجۇيى ۋە مەزھەپچىلىكنىڭ قانداق قىلىپ پارتىيە باگۇسىنى ئۆزلىرىنىڭ تەشۋىقات قورالى ياكى ئىپادە شەكلى قىلىۋالغانلىقى ھەققىدە سۆزلىمەكچىمەن. بىز جۇگۇەنجۇيىغا ۋە مەزھەپچىلىككە قارشى تۇرۇشتا ئەگەر پارتىيە باگۇسىدىنمۇ ھېساپ ئالمايدىغان بولساق، ئۇلار يەنە ئۆزىنى يوشۇرىدىغان ئورۇن تېپىپ، يوشۇرۇنۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئەگەر پارتىيە باگۇسىنىمۇ بىللە يوقاتساق، ئۇ چاغدا جۇگۇەنجۇيى ۋە مەزھەپچىلىكنى ئۈزۈل-كېسىل مات قىلغان بولىمىز، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى غەلىتى نەرسىنىڭ ئەپتى-بەشىرىسى تولۇق ئېچىلىپ، «كوچىدىن ئۆتكەن چاشقان ئۇر-ئۇرغا قاپتۇ» دېگەندەك بولۇپ قالىدۇ-دە، بۇ ئىككى غەلىتى نەرسىمۇ ئاسان يوقىلىدۇ.

بىر كىشى پارتىيە باگۇسىنى يېزىپ، ئەگەر ئۆزىلا ئوقۇسىغۇ،

---

* بۇ — يولداش ماۋ زېدۇڭ يەنئەن كادىرلار يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتۇق.

بۇنىڭ كارى چاغلىق. ئەگەر ئۇنى ئىككىنچى كىشىگە ئوقۇتسا، ئوقۇغۇچىنىڭ سانى بىر ھەسسە كۆپىيىدۇ-دە، ئۇنىڭ كىشىگە يەتكۈزگەن زىيىنىمۇ ئاز بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ تامغا چاپلانسا ياكى ماي باسمىدا بېسىلسا، ياكى گېزىتكە بېسىلسا، ياكى كىتاپ بولۇپ چىقسا، ئۇ چاغدا مەسىلە چوڭىيىدۇ، شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن كىشى-لەرگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ھالبۇكى، پارتىيە باگۇسىنى يازىدىغانلار ھامان، نۇرغۇن كىشىلەر ئوقۇسۇن، دەپ يازىدۇ. شۇڭا ئۇنى ئېچىپ تاشلىماي، يوقاتماي بولمايدۇ.

پارتىيە باگۇسى شۇنداقلا چەتئەل باگۇسى. بۇ چەتئەل باگۇسىغا لۇشۇن بۇرۇنلا قارشى چىققان ئىدى①. بىز نېمە ئۈچۈن ئۇنى يەنە پارتىيە باگۇسى دەپ ئاتايمىز؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇنىڭدا چەتئەل پۇرىقىدىن باشقا بىر ئاز يەرلىك پۇراقمۇ بار. بۇمۇ بىر ئىجادىيەت ھېساپلىنار! كىم بىزنىڭ كىشىلىرىمىزنى بىر ئازمۇ ئىجادىيىتى يوق دەيدىكەن؟ مانا بىرى تۇرۇپتۇغۇ! (قاتتىق كۈلكە.)

پارتىيە باگۇسى پارتىيىمىزدە ئۇزاق تارىخقا ئىگە؛ بولۇپمۇ يەر ئىنقىلاۋى دەۋرىدە بەزى ۋاقىتتا ناھايىتى ئەۋج ئېلىپ كەتكەن ئىدى.

تارىختىن قارىغاندا، پارتىيە باگۇسى 4-ماي ھەركىتىگە نىسبەتەن ئەكسىيەتچىلىك.

4-ماي ھەركىتى دەۋرىدە، بىر تۈركۈم يېڭىلىق تەرەپدارلىرى ۋېنيەن ئەدەبىياتىغا قارشى تۇرۇپ، بەيخۇا ئەدەبىياتىنى تەشەببۇس قىلدى، كونا جياۋتياۋغا قارشى تۇرۇپ، پەن ۋە دېموكراتىيىنى تەشەببۇس قىلدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى توغرا ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا بۇ ھەركەت جانلىق، ئىلغار، ئىنقىلاۋى ئىدى. شۇ

ۋاقىتتىكى هوكۇمران سىنىپلار ئوقۇغۇچىلارنى كۆلۈك قۇزى داۋىللىرى بىلەن تەربىيىلەيتتى، كۆلۈك قۇزىسىنىڭ بىرىنچىلىرىنى دىنىي جىاۋتىياۋ قىلىۋېلىپ، خەلقنى ئۇنىڭغا ئېتىقات قىلىشقا مەجبۇر قىلاتتى، ماقالا يازغۇچىلارنىڭ هەممىسى ۋېنيەن ئەدەبىياتىنى قوللىناتتى. قىسقىسى، ئۇ چاغدىكى هوكۇمران سىنىپلار ۋە ئۇلارنىڭ يالاقچىلىرىنىڭ ماقالىلىرى ۋە ماقارىپى، مەيلى مەزمۇن، مەيلى شەكىل جەھەتتىن بولسۇن، باگۇ شەكلىدە، جىاۋتىياۋ شەكلىدە ئىدى. مانا بۇ كونا باگۇ ۋە كونا جىاۋتىياۋ. بۇنداق كونا باگۇ ۋە كونا جىاۋتىياۋنىڭ سەت قىياپىتىنى خەلققە ئېچىپ كورسىتىپ، خەلقنى كونا باگۇ ۋە كونا جىاۋتىياۋغا قارشى تۇرۇشقا چاقىرغانلىقى — 4-ماي هەركىتى دەۋرىنىڭ كورسەتكەن ئىنتايىن زور خىزمىتى. شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك هالدا 4-ماي هەركىتىنىڭ كورسەتكەن يەنە بىر زور خىزمىتى — ئۇنىڭ جاهانگىرلىككە قارشى تۇرغانلىقى؛ كونا باگۇ ۋە كونا جىاۋتىياۋغا قارشى بۇ كۈرەشمۇ ئۇنىڭ كورسەتكەن زور خىزمەتلىرىنىڭ بىرى. ئەمما كېيىن چەتئەل باگۇسى، چەتئەل جىاۋتىياۋسى پەيدا بولدى. پارتىيىمىزدە ماركسىزمغا خىلاپلىق قىلغان بەزى كىشىلەر بولسا بۇنداق چەتئەل باگۇسى، چەتئەل جىاۋتىياۋسىنى راۋاجلاندۇرۇپ، جۇگۇەنجۇيى، مەزھەپچىلىك ۋە پارتىيە باگۇسىغا ئايلاندۇردى. بۇلارنىڭ هەممىسى يېڭى باگۇ ۋە يېڭى جىاۋتىياۋ. بۇنداق يېڭى باگۇ ۋە يېڭى جىاۋتىياۋ نۇرغۇن يولداشلىرىمىزنىڭ مېڭىسىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، بىزنى بۇگۇنكى كۇندە ئۇزگەرتىش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىش ئۇچۇن يەنە زور كۈچ سەرپ قىلىشقا مەجبۇر قىلىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق قارىغاندا، «4-ماي» دەۋرىدىكى جانلىق، ئىلغار، ئىنقىلاۋىي بولغان، فېودالىزمغا قارشى بولغان كونا باگۇ ۋە كونا جىاۋتىياۋغا قارشى بولغان هەركەت كېيىن بەزى

كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنىڭ قارشى تەرىپىگە راۋاجلاندۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن يېڭى باگۇ ۋە يېڭى جياۋتياۋ كېلىپ چىقتى. ئۇلار جانلىق نەرسە ئەمەس، ئۆلۈك نەرسە؛ ئالغا باسىدىغان نەرسە ئەمەس، ئارقىغا چېكىنىدىغان نەرسە؛ ئىنقىلاۋىي نەرسە ئەمەس، ئىنقىلاپقا توسقۇن بولىدىغان نەرسە. دېمەك، چەتئەل باگۇسى ياكى پارتىيە باگۇسى — 4-ماي ھەركىتىنىڭ ئەسلى خاراكتېرىغا نىسبەتەن ئەكسىيەتچىلىك. لېكىن 4-ماي ھەركىتىنىڭ ئۆزىدىمۇ كەمچىلىك بار. شۇ ۋاقىتتىكى نۇرغۇن رەھبىرىي كىشىلەردە تېخى ماركسىزىمچە پىپەنلىك روھ يوق ئىدى، ئۇلارنىڭ قوللانغان ئۇسۇلى، ئومۇمەن، بۇرژۇئازىيە ئۇسۇلىدىن يەنى شەكىلۋازلىق ئۇسۇلىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلارنىڭ كونا باگۇ ۋە كونا جياۋتياۋغا قارشى تۇرۇپ، پەن ۋە دېموكراتىيىنى قۇۋۋەتلىگەنلىكى ناھايىتى توغرا ئىدى. لېكىن ئۇلاردا مەۋجۇت ئەھۋالغا، تارىخقا، چەتئەل نەرسىلىرىگە قارىتا تارىخىي ۋېيۇۋۇجۇيىچە پىپەنلىك روھ يوق ئىدى، يامان دېگەنلىرىنى مۇتلەق يامان، ھەممىسى يامان دەپ؛ ياخشى دېگەنلىرىنى مۇتلەق ياخشى، ھەممىسى ياخشى دەپ قارىدى. مەسىلىگە بۇنداق شەكىلۋازلىق بىلەن قاراش ئۇسۇلى بۇ ھەركەتنىڭ كېيىنكى راۋاجىغا تەسىر يەتكۈزدى. 4-ماي ھەركىتىنىڭ راۋاجى ئىككى ئېقىمغا ئايرىلدى. بىر قىسىم كىشىلەر 4-ماي ھەركىتىنىڭ پەننى ۋە دېموكراتىك روھىغا ۋارىسلىق قىلدى ھەم ئۇنى ماركسىزم ئاساسىدا ئۆزگەرتتى، بۇلار كوممۇنىستلارنىڭ ۋە پارتىيە سىرتىدىكى بەزى ماركسىزىمچىلارنىڭ قىلغان خىزمەتلىرى. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بولسا بۇرژۇئازىيە يولىغا چۈشتى، بۇ — شەكىلۋازلىقنىڭ ئوڭغا راۋاجلانغانلىقى. لېكىن كوڭچەندانغ ئىچىدىمۇ بىردەكلىك بولمىدى، ئۇنىڭ ئىچىدىمۇ بىر

قىسىم كىشىلەردە ئىغىش يۈزبەردى، ئۇلار ماركسىزىمنى چەك تۇتالماي، شەكىللىۋازلىق خاتالىقىنى گۇتكۈزدى، بۇ — جۇڭگۇەنجۇيى، مەزھەپچىلىك ۋە پارتىيە باگۇسى، بۇ — شەكىللىۋازلىقنىڭ «سول»غا راۋاجلانغانلىقى. بۇنداق قارىغاندا، پارتىيە باگۇسى دىگەن بۇ نەرسە تاسادىپى نەرسە ئەمەس، ئۇ، بىر تەرەپتىن، 4-ماي ھەركىتىنىڭ ئاكتىپ ئامىللىرىغا نىسبەتەن ئەكسىيەتچىلىك بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، 4-ماي ھەركىتىنىڭ پاسسىپ ئامىللىرىنىڭ ۋارىسى، داۋامى ياكى راۋاجى. بىزنىڭ بۇنى چۈشىنىۋىلىشىمىز پايدىلىق. ئەگەر «4 - ماي» دەۋرىدە كونا باگۇ ۋە كونا جياۋتياۋجۇيىغا قارشى تۇرۇش ئىنقىلاۋىي ھەم زورۇر بولغان بولسا، دىمەك، بۈگۈنكى كۈندە يېڭى باگۇ ۋە يېڭى جياۋتياۋجۇيىنى ماركسىزىم بىلەن پىپەن قىلىشىمىزمۇ ئىنقىلاۋىي ھەم زورۇر. ئەگەر «4 - ماي» دەۋرىدە كونا باگۇ ۋە كونا جياۋتياۋجۇيىغا قارشى تۇرۇلمىغان بولسا، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىدىيىسى كونا باگۇ ۋە كونا جياۋتياۋجۇيىنىڭ ئاسارىتىدىن ئازات بولالمىغان بولاتتى، جۇڭگونىڭ ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىققا ئېرىششىدىن ئۈمىت بولمىغان بولاتتى. بۇ خىزمەت 4 - ماي ھەركىتى دەۋرىدە تېخى بىر باشلىنىشلا ئىدى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى كونا باگۇ ۋە كونا جياۋتياۋجۇيىنىڭ ھوكۈمرانلىقىدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن تېخى ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ — بۇنىڭدىن كېيىن ئىنقىلاۋىي ئۆزگەرتىش يولىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان يەنە بىر زور قۇرۇلۇش. ئەگەر بىز بۈگۈن يېڭى باگۇ ۋە يېڭى جياۋتياۋجۇيىغا قارشى تۇرمىساق، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىدىيىسى ئىككىنچى بىر شەكىللىۋازلىقنىڭ ئاسارىتىگە چۈشۈپ قالىدۇ. پارتىيەمىزدىكى بىر قىسىم (ئەلۋەتتە، پەقەت بىر قىسىملا) يولداشلار

زەھەرلەنگەن پارتىيە باگۇسى ئوغىسى ۋە ئۇلار ئوتكۇزگەن جياۋ-تياۋجۇيىلىق خاتالىقى تۈگىتىلمەيدىكەن، ئۇ ھالدا، جانلىق-تېتىك ئىنقىلاۋىي روھنى ئوستۇرگىلى بولمايدۇ، ماركسىزىمغا ناتوغرا پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىشتەك يامان ئادەتنى يوقاتقىلى بولمايدۇ، ھەقىقىي ماركسىزىمنى كەڭ كولەمدە تارقاتقىلى ۋە راۋاج-لاندۇرغىلى بولمايدۇ؛ كونا باگۇ ۋە كونا جياۋتياۋنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئارىسىدىكى تەسىرىگە شۇنىڭدەك چەتئەل باگۇسى ۋە چەتئەل جياۋتياۋسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە نۇرغۇن كىشىلەر ئارىسىدىكى تەسىرىگە قارشى كۈچلۈك كۈرەش ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ، بۇلارنى تولۇق يىمىرىپ تاشلاش مەقسىدىگە يەتكىلى بولمايدۇ.

جۇگۇەنجۇيى، مەزھەپچىلىك ۋە پارتىيە باگۇسىدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ نەرسە ماركسىزىمغا قارشى، ئۇلار پرولېتارىياتقا كېرەك ئەمەس، بەلكى ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارغا كېرەك. بۇ نەرسىلەر — ئۇششاق بۇرژۇئا ئىدېيىسىنىڭ پارتىيىمىز ئىچىدىكى ئىنكاسى. جۇڭ-گو — ئۇششاق بۇرژۇئازىيە تەركىۋى ناھايىتى كەڭ بىر مەملىكەت، پارتىيىمىز مۇشۇ كەڭ سىنىپنىڭ مۇھاسىرىسىدە تۇرماقتا، ئۇنىڭ ئۇستىگە، بىزنىڭ ناھايىتى كوپ ساندىكى پارتىيە ئەزالىرىمىز مۇشۇ سىنىپتىن كېلىپ چىققان، ئۇلار، يا ئۇزۇن، يا قىسقا بولسۇن، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە قۇيرۇقلىرىنى پارتىيىمىزگە سورەپ كىرمەي قالمايدۇ. ئەگەر ئۇششاق بۇرژۇئا ئىنقىلاپچىلىرىنىڭ بىردەملىك قىزغىنلىقى ۋە بىر تەرەپلىمىلىكى چەكلەنمىسە، ئوزگەرتىلمىسە، جۇگۇەنجۇيى، مەزھەپچىلىك ناھايىتى ئاسانلا پەيدا بولىدۇ، ئۇنىڭ بىر تۈرلۈك ئىپادە شەكلى ئەنە شۇ چەتئەل باگۇسى ياكى پارتىيە باگۇسى.

بۇ نەرسىلەرنى يوقىتىش ۋە سۇپۇرۇپ تاشلاش خىزمىتىنى ئىشلەش ئاسان ئەمەس. بۇ خىزمەتنى ئۆز لايىغىدا ئىشلەش يەنى داۋلىنى ياخشى چۈشەندۈرۈش لازىم. ئەگەر داۋلى ياخشى چۈشەندۈرۈلسە، دەل جايىدا چۈشەندۈرۈلسە، ئىش ئۈنۈملۈك بولىدۇ. داۋلىنى چۈشەندۈرۈشنىڭ دەسلەپكى ئۇسۇلى كېسەلگە قاتتىق تەسىر بېرىش، قاتتىق ئاۋاز بىلەن: «سېنىڭ ئاغرىقىڭ بار!» دەپ چوچۇتۇش، تەرلىتىش، ئاندىن ئۇنى ياخشى داۋالىنىشقا بۇيرۇشتىن ئىبارەت.

ئەمدى پارتىيە باگۇسىنىڭ يامان يېرى نەدە ئىكەنلىكىنى تەھلىل قىلىپ ئۆتەيلى. بىزمۇ باگۇ ماقالىسىنىڭ ئۇسلۇبىغا[2] تەقلىت قىلىپ بىر «باگۇ» ياساپ، زەھەرگە زەھەر بىلەن ھۇجۇم قىلايلى، پارتىيە باگۇسىغا 8 چوڭ جىنايەت قويايلى.

پارتىيە باگۇسىنىڭ بىرىنچى جىنايىتى — باشتىن - ئاياق قۇرۇق سوز قىلىش، بىمەنە سەپسەتە سېتىش. بىزنىڭ بەزى يولداشلىرىمىز ئۇزۇن ماقالا يېزىشنى ياخشى كورىدۇ، لېكىن ئۇنىڭدا ھېچقانداق مەزمۇن يوق، خۇددى «ھورۇن خوتۇنىنىڭ پايتىمىسى ھەم ئۇزۇن، ھەم سېسىق» بولغىنىغا ئوخشاش. نىمە ئۈچۈن شۇنچە ئۇزۇن ۋە شۇنچە مەزمۇنسىز يازىدۇ؟ بۇنى پەقەت شۇنداق دەپلا چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇكى، ئۇ بولسىمۇ، ئامما ئوقۇمىسۇن، دەپ نىيەت قىلغانلىق. ئۇزۇن ھەم مەزمۇنسىز بولغاچقا، ئامما كورۈپلا بېشىنى چايقايدۇ، قانداقمۇ ئۇنى ئاخىرغىچە ئوقۇشنى خالىسۇن؟ بۇلار پەقەت نادان ئادەملەرنىلا ئالداپ ئېتىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يامان تەسىرلەرنى تارقىتىدۇ، يامان ئادەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ، خالاس. بۇلتۇر 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى تاجاۋۇزچىلىققا قارشى شۇنچە زور ئۇرۇش باشلىدى، ستالىن شۇ مۇناسىۋەت بىلەن 7 - ئاينىڭ

3-كۈنى نۇتۇق سوزلىدى، بۇ نۇتۇقنىڭ ئۇزۇنلۇقى پەقەت «جىيفاڭ رىباۋ» گېزىتىمىزنىڭ بىر باشماقالىسىچىلىكلا بار. بىزنىڭ لويىلىرىمىز يازىدىغان بولسا، قالتىس يازاتتى، ئاز دېگەندە بىرنەچچە ئون مىڭ خەتكە يەتكۈزگەن بولاتتى. ھازىر ئۇرۇش ۋاقتى، بىز ماقالىنى قانداق قىلىپ قىسقىراق، مېغىزلىقراق يېزىشنى تەتقىق قىلىشىمىز لازىم. يەنئەندە گەرچە ئۇرۇش بولۇۋاتمىغان بولسىمۇ، لېكىن قوشۇنلىرىمىز ھەر كۈنى ئالدىنقى سەپتە جەڭ قىلىۋاتىدۇ، ئارقا سەپمۇ، خىزمەتلىرىمىز ئالدىراش، دەۋاتىدۇ، ماقالا بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتسە، ئۇنى كىم ئوقۇيدۇ؟ بەزى يولداشلار ئالدىنقى سەپتىمۇ ئۇزۇن دوكلات يېزىشقا ئامراق. ئۇلار ئۇنى جاپا-مۇشەققەت بىلەن يېزىپ، بىزنى كورسۇن دەپ ئەۋەتىدۇ. ئەمما ئۇنى قانداقمۇ كورۇپ كەتكىلى بولسۇن؟ ئۇزۇن ھەم مەزمۇنسىز بولسا ياخشى ئەمەس ئىكەن، قىسقا ھەم مەزمۇنسىز بولسا ياخشىمۇ؟ بۇمۇ ياخشى ئەمەس. بىز بارلىق قۇرۇق سوزلەرنى قەتئى مەنئى قىلىشىمىز لازىم. لېكىن ئاساسىي ۋە بىرىنچى ۋەزىپە — ھورۇن خوتۇننىڭ ھېلىقى ھەم ئۇزۇن، ھەم سېسىق پايپاقنى دەرھال ئەخلەت ساندۇغىغا تاشلىۋېتىش. ئېھتىمال، بەزى كىشىلەر: «كاپىتال» ناھايىتى ئۇزۇن ئەمەسمۇ، ئۇنى قانداق قىلىش كېرەك؟ دېيىشەر، بۇنىڭ يولى ئوڭاي، ئۇنى ئوقۇۋېرىش كېرەك. «نەگە بارساڭ، شۇ يەرنىڭ ناخشىسىنى ئېيت» دېگەن گەپ بار، يەنە «سەيگە قاراپ تاماق ئىچ، بويىغا قاراپ كىيىم پىچ» دېگەن گەپمۇ بار. بىز ھەرقانداق ئىشنى ئەھۋالغا قاراپ قىلىشىمىز كېرەك، ماقالا يېزىش ۋە نۇتۇق سوزلەشتىمۇ شۇنداق. بىزنىڭ قارشى تۇرىدىغىنىمىز — باشتىن-ئاياق قۇرۇق سوز، بىمەنە سەپسەتىلەر بىلەن تولغان باگۇ مۇقامى، بۇ، ھەرقانداق نەرسە قىسقا بولسا

ياخشى، دىگەنلىك ئەمەس. ئۇرۇش ۋاقتىدا ماقالىلار، ئەلۋەتتە، قىسقا بولۇشى زۆرۈر، ئەمما مەزمۇنلۇق بولۇشى بولۇپمۇ زۆرۈر. ئەڭ كېرەكسىزى، ئەڭ قارشى تۇرىدىغىنىمىز — بىمەنە سەپسەتىلەر بىلەن تولغان ماقالىلار. نۇتۇقمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش، باشتىن-ئاياق قۇرۇق سۆز، بىمەنە سەپسەتىلەر بىلەن تولغان نۇتۇقلار توختىتىلىشى لازىم.

پارتىيە باگۇسىنىڭ ئىككىنچى جىنايىتى — سىپاگەرچىلىك بىلەن كىشىلەرگە ھەيۋە قىلىش. بەزى پارتىيە باگۇلىرى باشتىن-ئاياق قۇرۇق سۆز بولۇپلا قالماي، بەلكى سىپاگەرچىلىك بىلەن كىشىلەرگە قەستەن ھەيۋە قىلىدۇ، بۇنىڭدا ناھايىتى يامان زەھەر يوشۇرۇنغان. باشتىن-ئاياق قۇرۇق سۆز قىلىش، بىمەنە سەپسەتە سېتىشنى گودەكلىك دىسىمۇ بولىدۇ؛ سىپاگەرچىلىك بىلەن كىشىلەرگە ھەيۋە قىلىش بولسا گودەكلىكلا ئەمەس، ھەتتا مۇتەھەملىك بولىدۇ. لۇشۈن بۇنداق كىشىلەرنى تەنقىت قىلغان ئىدى، ئۇ: «ھاقارەتلەش، ھەيۋە قىلىش ھەرگىز كۈرەش قىلغانلىق ئەمەس»③ دىگەن ئىدى. پەن، مەيلى قانداقلا ۋاقىتتا بولسۇن، باشقىلارنىڭ تەنقىدىدىن قورقمايدۇ، چۈنكى پەن — ھەقىقەت، ئۇ ھەرگىز باشقىلارنىڭ رەددىيە بېرىشىدىن قورقمايدۇ. پارتىيە باگۇسى شەكلىدىكى ماقالا ۋە نۇتۇقلاردا ئىپادىلەنگەن جۇگۇەنجۇيى ۋە مەزھەپچىلىك بولسا باشقىلارنىڭ رەددىيە بېرىشىدىن قورقىدۇ، ئادەتتىن تاشقىرى يۈرەكسىز، شۇڭا سىپاگەرچىلىك بىلەن كىشىلەرگە ھەيۋە قىلىشقا يۆلىنىدۇ؛ مۇشۇ ھەيۋە بىلەن باشقىلارنىڭ ئاغزى ئېتىلىدۇ-دە، ئۇزەم «غەلىبە بىلەن ئوردىغا قايتىمەن» دەپ ھېساپلايدۇ. بۇنداق سىپاگەرچىلىك ھەقىقەتنى ئەكس ئەتتۈرەلمەيدۇ، بەلكى ھەقىقەتكە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. ھەقىقەت ئىگىسى سىپاگەرچىلىك بىلەن كىشىلەرگە ھەيۋە قىلمايدۇ، پەقەت

سەممى سوزلەيدۇ ۋە ئشلەيدۇ. ئلگرى نۇرغۇن يولداشلارنڭ ماقالا ۋە نۇتۇقلرىدا، كوپىنچە، مۇنداق ئككى ئاتالغۇ ئۇچرايتتى: برى — «شەپقەتسز كۇرەش»، برى — «رەھمسز زەربە». بۇنداق ۋاستنى دۇشمەنگە ياكى دۇشمەن ئدېيگە قارشى قوللنش پۇتۇنلەي زورۇر، ئوز يولداشلرىمزغا قوللنش خاتا. «سوۋېت ئتتپاقى كۇكچەنداكى (بولشېۋىكلار پارتيسى) تارىخى قسقچە كۇرسى» خاتمسنڭ 4-ماددىسدا ئېيتلغنىدەك، دۇشمەنلەر ۋە دۇشمەن ئدېيلەر پارتيە ئچگمۇ، كوپىنچە، سۇقۇنۇپ كرىۋالدۇ. شەك-شۇبھسزكى، بۇنداق كشلەرگە شەپقەتسز كۇرەش قلش ياكى رەھمسز زەربە بېرىش ۋاستسنى قوللنش لازم، چۇنكى ئۇنداق بۇزۇق كشلەر بۇ ۋاستدىن پايدىلنپ پارتيگە قارشى تۇرۇۋاتدۇ، ئەگەر بز يەنە ئۇلارغا كەڭچلك قلدىغان بولساق، دەل بۇزۇق كشلەرنڭ ئالدام خالتسغا چۇشۇپ قالمز. لېكن بۇنداق ۋاستنى تاسادىپى خاتالاشقان يولداشلارغا قوللانغلى بولمايدۇ؛ بۇنداق يولداشلارغا تەنقت ۋە ئوز-ئوزىنى تەنقت ئۇسۇلنى قوللنش لازم، بۇ ئۇسۇل — «سوۋېت ئتتپاقى كۇكچەنداكى (بولشېۋىكلار پارتيسى) تارىخى قسقچە كۇرسى» خاتمسنڭ 5-ماددىسدا ئېيتلغان ئۇسۇل. ئلگرى ئەنە شۇ يولداشلرىمزنڭ بۇ يولداشلارغمۇ ھە دەپ «شەپقەتسز كۇرەش» ۋە «رەھمسز زەربە»نى قوللنشنى تەكتلشى، بر تەرەپتن، دۇشياڭنى تەھلل قلمىغانلق بولسا، يەنە بر تەرەپتن، سياگەرچلك بلەن كشلەرگە ھەيۋە قلش ئۇچۇن ئدى. مەيلى قانداق كشگە بولسۇن، سياگەرچلك بلەن ھەيۋە قلش ئۇسۇلنى قوللنشقا بولمايدۇ. چۇنكى بۇنداق ھەيۋە قلش جەنشۇسى دۇشمەنگە

قارىتىلسا، قىلىچە پايدا بەرمەيدۇ، يولداشلارغا قارىتىلسا، پەقەت زىيان يەتكۈزىدۇ. بۇنداق ھەيۋە قىلىش جەنىشۇسى — ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ساۋاتسىز پۇرولېتارلار ئىشلىتىپ كەلگەن ۋاستە، پۇرولېتارىياتقا بۇنداق ۋاستە كېرەك ئەمەس. پۇرولېتارىياتنىڭ ئەڭ ئۆتكۈر، ئەڭ ئۈنۈملۈك قورالى پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ جىددىي، جەڭگىۋار ئىلمىي پوزىتسىيە. كۆڭۈلچەندىڭ ھەيۋە قىلىشقا يۆلىنىپ جان باقمايدۇ، بەلكى ماركسىزم - لېنىنىزم ھەقىقىتىگە يۆلىنىپ جان باقىدۇ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەشكە يۆلىنىپ جان باقىدۇ، پەنگە يۆلىنىپ جان باقىدۇ. سىپاگەرچىلىك قىلىپ شوھرەت ۋە ئورۇنغا ئىگە بولۇش مەقسىدىگە يېتىشكە كەلسەك، بۇ تېخىمۇ ئىپلاس غەرەز، بۇ توغرۇلۇق سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. قىسقىسى، ھەرقانداق ئورگان قارار قوبۇل قىلىش، يوليورۇق چىقىرىشتا، ھەرقانداق يولداش ماقالا يېزىشتا، نۇتۇق سۆزلەشتە، تامامەن ماركسىزم - لېنىنىزم ھەقىقىتىگە يۆلىنىشى، يارامىلىق بولۇشقا يۆلىنىشى لازىم. پەقەت شۇلارغا يۆلەنگەندىلا، ئىنقىلاپ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ، بۇنىڭدىن باشقىسى پايدىسىز.

پارتىيە باگۇسىنىڭ ئۈچىنچى جىنايىتى — نىشانسىز ئوق ئېتىش، دۇيشىياڭغا قارىماسلىق. بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل ئىلگىرى يەنئەن شەھرىنىڭ سېپىلىدا: «ئىشچى، دېھقانلار بىرلىشىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەيلى» دېگەن بىر شوئارنى كۆرگەن ئىدىم. بۇ شوئارنىڭ مەنىسى يامان ئەمەس، ئەمما ئۇنىڭدا «工人 (ئىشچى)» دېگەن سۆزدىكى «工» خېتىنىڭ ئوتتۇرىدىكى سىزىقى تىك يېزىلماستىن، ئىككى بۇرجەك چىقىرىلىپ، «工» قىلىپ يېزىلغان، «人» خېتىچۇ؟ ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۈچ سىزىق قوشۇلۇپ،

«[illegible]» قىلىپ يېزىلغان. بۇنى يازغان يولداشنىڭ قەدىمكى زامان ئەدىپلىرىنىڭ شاگىرتى ئىكەنلىكىدە شەك ـ شۈبھە يوق، ئەمما ئۇنىڭ بۇنى يېپىۋەن باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە يەنئەننىڭ سېپىلىغا يازغانلىقى سەل ئەجەپلىنەرلىك. ئېھتىمال، ئۇ، لاۋبەيشىڭ ـ لار ئوقۇيالمىسۇن، دەپ قەسەم قىلغان بولسا كېرەك، ئۇنداق بولمىسا، بۇنى باشقىچە چۈشەندۈرۈش تەس. گۇڭچەنداڭ ئەزالىرى ئەگەر راستلا تەشۋىق قىلماقچى بولسا، دىيشىياڭنى كوزدە تۇتۇشى، ئوزىنىڭ ماقالىسى، نۇتقى، سوزى، خېتىنى كىملەرنىڭ ئوقۇيدىغانلىقى ۋە كىملەرنىڭ ئاڭلايدىغانلىقىنى ئويلاپ بېقىشى لازىم، ئۇنداق قىلمايدىكەن، ئۇنى ھېچكىم ئوقۇمىسۇن، ھېچكىم ئاڭلىمىسۇن، دەپ نىيەت قىلغان بولىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ھەمىشە ئوزىنىڭ يازغان ۋە سوزلىگەنلىرىنى، باشقىلار ئوقۇغاندا، ئاڭلىغاندا، ئاسان چۈشىنىدۇ، دەپ ئويلايدۇ، ھەقىقەتتە بولسا ئەسلا ئۇنداق ئەمەس، چۈنكى ئۇلارنىڭ يازغان ۋە سوزلىگەنلىرى پارتىيە باگۇسى تۇرسا، باشقىلار ئۇنى قانداق چۈشەنسۇن؟ «كالىنىڭ قۇلىقىغا ساز چېلىش» دېگەن سوزدە دىيشىياڭنى مەسخىرە قىلىش مەنىسى بار. ئەگەر بىز بۇ مەنىسىنى چىقىرىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا دىيشىياڭغا ھورمەت قىلىش مەنىسىنى كىرگۈزسەك، ساز چالغۇچىنى مەسخىرە قىلىش مەنىسىلا قالىدۇ. نىمە ئۈچۈن دىيشىياڭغا قارىماي قالايمىقان ساز چېلىشىۋېرىدۇ؟ ھالبۇكى، ئۇ ــ پارتىيە باگۇسى، ھەتتا قاغىنىڭ ناۋۇشى، شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ خەلق ئاممىسىگە قاراپ قاقىلداۋېرىدۇ. ئوقىيا ئاتقاندا نىشانىغا، ساز چالغاندا ئاڭلىغۇچىلارغا قاراش كېرەك ئىكەن، ماقالا يازغاندا، نۇتۇق سوزلىگەندە ئوقۇغۇچىلارغا، ئاڭلىغۇچىلارغا قارىمىسا بولامدۇ؟ بىز مەيلى كىم بىلەن دوست بولايلى، ئەگەر

بىر ـ بىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمىسەك، بىر ـ بىرىمىزنىڭ كۆڭلىمىزدە نىمە ئويلاۋاتقانلىقىمىزنى بىلمىسەك، سىرداش دوست بولۇپ كېتەلەيمىزمۇ؟ تەشۋىقات خىزمىتىنى ئىشلىگۈچىلەر ئۆزىنىڭ تەشۋىقات دۈيشىياڭىنى تەكشۈرمەي، تەتقىق قىلماي، تەھلىل قىلماي، كەلسە ـ كەلمەس سۆزلەۋەرسە، زادى بولمايدۇ.

پارتىيە باگۇسىنىڭ تۇتىنچى جىنايىتى ــ تىلى تېتىقسىز بولۇش، بىيسەنگە④ ئوخشاپ قېلىش. شاڭخەيلىكلەر كىچىك بىيسەن دەپ ئاتايدىغان تىپلارمۇ بىزدىكى پارتىيە باگۇسىغا ئوخشاش ناھايىتى ئاۋاق، ناھايىتى كورۇمسىز كېلىدۇ. ئەگەر بىرەر ماقالا، بىرەر نۇتۇق ئورۇلۇپمۇ ـ چورۇلۇپمۇ بىرنەچچە ئاتالغۇدىن نېرى كېتەلمىسە، «ئوقۇغۇچىلار تىلى»دىن ئىبارەت بولسا، ئۇنىڭدا قىلچە جانلىق تىل بولمىسا، ئۇ تىلى تېتىقسىز، ئەپتى ـ بەشىرىسى يىرگىنىشلىك بولۇپ، بىيسەنگە ئوخشاپ قالامدۇ؟ بىر كىشى يەتتە يېشىدا باشلانغۇچ مەكتەپكە، ئون نەچچە يېشىدا ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىپ، يىگىرمە نەچچە يېشىدا داشۆېنى پۈتتۈرگەن، خەلق ئاممىسى بىلەن ئۇچراشـمىغان بولسا، ئۇنىڭ تىلىغا باي بولماسلىقى، تىلىنىڭ ناھايىتى ئاددى بولۇشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. لېكىن بىز ــ ئىنقىلاپچىلارمىز، ئاممە ئۈچۈن ئىش قىلىدىغانلارمىز، شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئاممىنىڭ تىلىنى ئۆگەنمىسەك، ئۇ ھالدا، ئىشنى ياخشى قىلالمايمىز. ھازىر بىزدە تەشۋىقات خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقان بىرمۇنچە يولداشلارمۇ تىل ئۆگەنمەيۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ تەشۋىقلىرى ناھايىتى تېتىقسىز؛ ئۇلارنىڭ ماقالىلىرىنى قىزىقىپ ئوقۇيدىغانلار ئاز؛ ئۇلارنىڭ نۇتۇقلىرىنى قىزىقىپ ئاڭلايدىغانلارمۇ ئاز. تىلنى نىمە ئۈچۈن ئۆگىنىش كېرەك ۋە ئۆگەنگەندىمۇ ناھايىتى زور ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىش كېرەك؟

چۈنكى تىل ئوكيالا ئۆگىنىۋالغىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس، بۇنىڭ
ئۈچۈن مۇشەققەتلىك ئەمگەك سەرپ قىلماي بولمايدۇ. بىرىنچى،
خەلق ئاممىسىدىن تىل ئۆگىنىش لازىم. خەلق تىلى باي، جانلىق
كېلىدۇ، ئەمەلىي تۇرمۇشنى ئىپادىلەيدۇ. بىزنىڭ نۇرغۇن كىشىلىرىمىز
تىلنى ياخشى ئۆگەنمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ يازغان ماقالە-
لىرىمىز، سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىمىزدا بىرنەچچە ئېغىز بولسىمۇ جانلىق،
ھەقىقىي كۈچلۈك سۆزلەر يوق، پەقەت قېتىپ قالغان بىرنەچچە تال
سىڭىرلا بولۇپ، خۇددى بېيسەنگە ئوخشاش ئاۋاق، كورۇمسىز كېلى-
دۇ، ساغلام ئادەمگە ئوخشىمايدۇ. ئىككىنچى، چەتئەل تىللىرىدىن
ئۆزىمىزگە ئېھتىياجلىق تەركىبلەرنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. بىز
چەتئەل تىللىرىنى ئۆز پېتىچە كۆچۈرۈپ كەلمەيمىز، ياكى قالايمىقان
قوللانمايمىز، چەتئەل تىللىرىدىكى ياخشى نەرسىلەرنى، ئۆزىمىزگە
مۇۋاپىق كېلىدىغان نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىمىز. چۈنكى جۇڭگونىڭ
ئەسلىدىن بار لۇغەت تەركىۋى يېتىشمەيدۇ، ھازىر بىزنىڭ لۇغەت
تەركىۋىمىزدە چەتئەل تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان نۇرغۇن سۆزلەر
بار. مەسىلەن، بۈگۈن ئېچىلغان كادىرلار يىغىنىنى ئالساق، بۇنىڭ-
دىكى «干部 (كادىر)» دېگەن سۆز چەتئەلدىن قوبۇل قىلىنغان. بىز
يەنە چەتئەللەرنىڭ يېڭىلىقلىرىنى كۆپلەپ قوبۇل قىلىشىمىز، ئۇلار-
نىڭ ئىلغار داۋلىلىرىنىلا قوبۇل قىلىپ قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ
يېڭى سۆزلىرىنىمۇ قوبۇل قىلىشىمىز لازىم. ئۈچىنچى، بىز يەنە
قەدىمكى كىشىلەرنىڭ تىلىدىكى ھاياتىي كۈچكە ئىگە نەرسىلەرنى
ئۆگىنىشىمىز لازىم. بىز تىلنى تىرىشىپ ئۆگەنمىگەنلىكىمىزدىن،
قەدىمكى كىشىلەرنىڭ تىلىدىكى نۇرغۇنلىغان جانلىق نەرسىلەردىن
تولۇق ۋە مۇۋاپىق پايدىلىنالمايۋاتىمىز. ئەلۋەتتە، بىز ئاللىقاچان

ئىستىمالدىن قالغان سوز ۋە دىيەنگۇلارنى قوللىنىشقا قەتئى قارشى تۇرىمىز، بۇنىسى جەزمەن، لېكىن ياخشى ۋە ھېلىمۇ كېرەككە كېلەدىغان نەرسىلەرگە ۋارىسلىق قىلىشىمىز لازىم. ھازىر پارتىيە باگۇسى بىلەن قاتتىق زەھەرلەنگەن كىشىلەر خەلق تىلى، چەتئەل تىلى ۋە قەدىمكى كىشىلەر تىلىدىكى كېرەكلىك نەرسىلەرنى مۇشەققەتلىك ئەمگەك سەرپ قىلىپ ئۆگىنىشنى خالىمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاممە ئۇلارنىڭ قۇرۇق، تېتىقسىز تەشۋىقلىرىنى ئالقىشلىمايدۇ، بىزگىمۇ بۇنداق ناكا، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان تەشۋىقاتچىلار كېرەك ئەمەس. كىملەر تەشۋىقاتچى؟ ئوقۇتقۇچىلار، مۇخبىرلار، ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىلا تەشۋىقاتچى بولۇپ قالماستىن، بىزنىڭ بارلىق كادىرلىرىمىزمۇ تەشۋىقاتچى. مەسىلەن، ھەربىي جۇڭجۇيۇەنلەرنى ئالساق، ئۇلار تاشقىرىغا خىتابنامە چىقارمىسىمۇ، لېكىن ئەسكەرلەر بىلەن سوزلىشىپ تۇرىدۇ، خەلق بىلەن ئالاقە قىلىپ تۇرىدۇ، بۇ تەشۋىق بولماي نېمە؟ بىر كىشى باشقىلارغا سوز قىلىدىكەن، ئۇ تەشۋىقات خىزمىتىنى قىلغان بولىدۇ. پەقەت گاچا بولمىسىلا، ھەر ھالدا، ئۇنىڭ بىرنەچچە ئېغىز سوزى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يولداشلىرىمىزنىڭ ھەممىسى تىل ئۆگەنمەي بولمايدۇ.

پارتىيە باگۇسىنىڭ بەشىنچى جىنايىتى — ئا، ب، س، د لارغا بولۇپ، جۇگىيى دورىخانىسى ئېچىش. جۇگىيى دورىخانىسىغا بېرىپ قاراپ بېقىڭلار، ئۇ يەردىكى دورا ئىشكاپلىرىدا نۇرغۇن كاتەك-كاتەك سىرتىملار بار، ھەر بىر سىرتىمنىڭ ئۈستىگە دورىلارنىڭ ئىسمى يېزىلغان، داڭگۈي دەمسىز، شۇدى دەمسىز، دەيخۇاڭ دەمسىز، ماگشياۋ دەمسىز، نېمە لازىم بولسا، شۇ تېپىلىدۇ. بۇ ئۇسۇلنى بىزنىڭ يولداشلىرىمىزمۇ ئۆگىنىۋالغان. ئۇلار ماقالا يازسا، نۇتۇق

سوزلىسە، كىتاپ يازسا، دوكلات يازسا، بىرىنچىدىن، بىرىنچى،
ئىككىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچىلەرگە؛ ئىككىنچىدىن، I، II، III، IV
لەرگە؛ ئۈچىنچىدىن، ئا، ب، س، د لارغا؛ تۆتىنچىدىن، ئا)، ب)،
س)، د) لارغا ئايرىيدۇ، يەنە چوڭ A، B، C، D ۋە كىچىك
a، b، c، d لارمۇ بار؛ تېخى ئەرەپچە رەقەملەرمۇ بار، شۇنداق،
ناھايىتى جىق! ھېلىمۇ ياخشى، قەدىمكى كىشىلەر ۋە چەتئەللىكلەر
بىزنىڭ ھېچ قىلالماي جۇگيى دورىخانىسى ئېچىشىمىز ئۈچۈن ئەنە
شۇنداق نۇرغۇن ئالامەتلەرنى ئىشلەپ قويغان ئىكەن. بىر پارچە
ماقالا مۇشۇنداق ئالامەتلەر بىلەن تولسا، ئۇنىڭدا مەسىلە قويۇلمىسا،
تەھلىل قىلىنمىسا ۋە ھەل قىلىنمىسا، نىمىنى ياقلاپ، نىمىگە قارشى
تۇرىدىغانلىقى بىلدۈرۈلمىسە، ئۇنى دىسۇن، بۇنى دىسۇن، بەربىر،
جۇگيى دورىخانىسى بولۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق ھەقىقى
مەزمۇن بولمايدۇ. مەن، ئا، ب، س، د لارنى ئىشلەتكىلى بولماي-
دۇ، دەۋاتقىنىم يوق، مەسىلىگە ئەنە شۇنداق مۇئامىلە قىلىش ئۇسۇلى
ناتوغرا، دەۋاتىمەن. ھازىر نۇرغۇن يولداشلار جۇگيى دورىخانىسى
ئېچىشتەك مۇشۇنداق ئۇسۇلدىن لەززەتلەنمەكتە، بۇ، ھەقىقەتەن،
بىر خىل ئەڭ يارامسىز، ئەڭ گودەكلەرچە، ئەڭ چاكىنا ئۇسۇل.
بۇنداق ئۇسۇل — شەكىلۋازلىق ئۇسۇلى، شەيئىلەرنى ئىچكى
باغلىنىشلىرىغا قاراپ خىللارغا بولمەي، تاشقى بەلگىلىرىگە قاراپ
خىللارغا بولگەنلىك. شەيئىلەرنىڭ تاشقى بەلگىلىرىگىلا قاراپ،
ئۆز ئارا ئىچكى باغلىنىشلىرى يوق بىر دۆۋە ئۇقۇمنى قاتار تىزىپ،
بىر ماقالا، بىر نۇتۇق ياكى بىر دوكلات قۇراشتۇرۇپ چىقىش ئۇسۇ-
لىنى قوللانغۇچىلار ئۇقۇملار ئويۇنى ئوينىغان بولىدۇ، باشقىلارنىمۇ
مۇشۇنداق ئويۇننى ئويناشقا باشلاپ، كىشىلەرنى مەسىلىگە باش

ئاتۇرماي، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى مۇھاكىمە قىلماي، پەقەت ئا، ب، س، د لاردىن ئىبارەت ھادىسىلەر تىزىمى بىلەنلا قانائەتلىنىدىغان قىلىپ قويىدۇ. مەسىلە دېگەن نېمە؟ مەسىلە — شەيئىلەرنىڭ زىددىيىتى. قەيەردە ھەل قىلىنمىغان زىددىيەت بولسا، شۇ يەردە مەسىلە بولىدۇ. مەسىلە بولىدىكەن، قانداقلا بولسۇن، بىر تەرەپنى ياقلاپ، ئىككىنچى تەرەپكە قارشى تۇرۇشۇڭ، مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇڭ كېرەك. مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا، ئالدى بىلەن مەسىلىنىڭ يەنى زىددىيەتنىڭ ئىككى نېگىزلىك تەرىپىنى قىسقىچە تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، زىددىيەتنىڭ خاراكتېرى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ، بۇ — مەسىلە تېپىش جەريانى. قىسقىچە تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش بىلەن مەسىلە تاپقىلى ۋە مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغىلى بولىدۇ، لېكىن مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يەنە شتۇگلۇق، پۇختا تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى ئىشلەش كېرەك، بۇ — تەھلىل قىلىش جەريانى. مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىمۇ تەھلىل قىلىش لازىم، ئۇنداق قىلمىساڭ، شەيئىلەرنىڭ بىرتالاي مۇجمەل ۋە چىگىش ھادىسىلىرى ئالدىدا مەسىلىنىڭ يەنى زىددىيەتنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيسەن. بۇ يەردە ئېيتىلغان تەھلىل قىلىش جەريانى شتۇگلۇق، پۇختا تەھلىل قىلىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. كۆپ چاغلاردا مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، لېكىن ھەل قىلىنمايدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، شەيئىلەرنىڭ ئىچكى باغلىنىشلىرى تېخى ئېچىپ تاشلانمىغان، ئەنە شۇنداق شتۇگلۇق، پۇختا تەھلىل قىلىش جەريانىدىن تېخى ئۆتكۈزۈلمىگەن، شۇڭا مەسىلىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى تېخى ئايدىڭلاشمىغان بولىدۇ، ئومۇملاشتۇرۇش

خزمـتنی قلـغلی بولمایـدۇ، مەسـلنی ئوبـدان هەل قلغلمۇ بولمایدۇ. بر ماقالا یاکی بر نۇتۇق ئەگەر موهم بولسا، یېتەکچی-لك خاراکترىدا بولسا، ئۇنگدا بىرەر مەسلنی ئوتتۇرىغا قویۇشقا، ئارقىدىنلا تەهلىل قلشقا، ئاندىن كېیىن ئومۇملاشتۇرۇشقا، مەسلە-نىڭ خاراکترىنی کورسىتىپ بېرشکە، هەل قلش چارىسنی تېپىپ بېرشکە توغرا كېلىدۇ، دېمەك، بۇنگدا شەکلۋازلق ئۇسۇلی كارغا كەلمەیدۇ. بۇنداق گودەكلەرچە، یاراملسز، چاکىنا، باش قاتۇرمایدىغان شەکلۋازلىق ئۇسۇلی پارتیمزدە کەڭ تارقالغان، شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنی ئېچىپ تاشلاش لازىم، شۇنداق قلغاندىلا، کوپچىلك مارکسزم ئۇسۇلنی قوللنىپ، مەسلەلەرنی کۆزتىشنی، ئوتتۇرىغا قویۇشنی، تەهلىل قلشنی ۋە هەل قلشنی ئۆگنىۋالىدۇ، بزنىڭ ئشلىرمز یاخشی یۈرۈشۈپ كېتىدۇ، ئنقلاۋی ئشلىرمز غەلبە قازىنىدۇ.

پارتىیە باگۇسىنىڭ ئالتنچی جنایىتی — مەسئۇلیەتسزلك قلش، هەممىلا جایدا كشلەرگە زیان یەتكۈزۈش. یۇقۇرىدا ئېیتلغانلار، بر تەرەپتىن، گودەكلكتىن كېلىپ چىققان بولسا، یەنە بر تەرەپتىن، مەسئۇلیەتچانلقنىڭ یېتەرلك بولمىغانلىقىدىنمۇ كېلىپ چىققان. یۈز یۇیۇشنی مسالغا ئالساق، بز هەر كۈنی یۈزى-مزنی یۇیۇپ تۇرىمز، نۇرغۇن كشلەر بر قېتىم یۇیۇش بىلەنلا قالمایدۇ، یۇیۇپ بولغاندىن كېیىن، چالا قالدىمكىن، دەپ یەنە ئەینەككە قارایدۇ، بر قۇر تەكشۈرۈپ تەتقق قلىدۇ. (قاتتىق كۈلكە.) قاراڭلار، بۇ نەقەدەر مەسئۇلیەتچانلق! بز ماقالا یازغان-دا، نۇتۇق سوزلىگەنىدە، ئەنە شۇ یۈز یۇغاندەك مەسئۇلیەتچان بولساق، یامان بولماس ئدی. ئوتتۇرىغا چقارغىلی بولمایدىغان

نەرسىنى چىقارماسلىق كېرەك. بۇنىڭ باشقىلارنىڭ ئىدىيىسى ۋە
ھەركىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىغانلىقىنى بىلىش كېرەك-تە! بىر كىشى
تاسادىپىي بىر-ئىككى كۈن يۈزىنى يۇماي قالسا، ئەلۋەتتە، ياخشى
بولمايدۇ، يۇغاندىمۇ، يۈزىنىڭ بىر-ئىككى يېرىدە كىر قالسا،
بۇمۇ چىرايلىق كۆرۈنمەيدۇ، لېكىن بۇنىڭ ھېچقانداق زور خەۋپى
يوق. ماقالا يېزىش، نۇتۇق سوزلەش بۇنىڭغا ئوخشمايدۇ، ئۇ
مەخسۇس كىشىلەرگە تەسىر كورسىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ، يولداش-
لىرىمىز، ئەكسىچە، بۇنىڭغا يۈزە قارايدۇ، بۇ—موھىم ئىش بىلەن
موھىم بولمىغان ئىشنى ئالماشتۇرۇپ قويغانلىق. نۇرغۇن كىشىلەر،
ماقالا يېزىشتا ۋە نۇتۇق سوزلەشتە ئالدىن تەتقىق قىلمىسىمۇ، ئالدىن
تەييارلىق كورمىسىمۇ بولىدۇ، دەپ ئويلايدۇ؛ ماقالىنى يېزىپ بولغان-
دىن كېيىنمۇ، يۈزىنى يۇيۇپ بولۇپ ئەينەككە قارىغاندەك، بىرقانچە
قېتىم كورۇپ چىقماستىن، كەلسە-كەلمەس ئېلان قىلىۋېرىدۇ.
نەتىجىدە، كوپىنچە، «قەلەم تەۋرەتسە، مىڭ سوز يازىدۇ، ئەمما
ماۋزۇدىن ئون مىڭ لى يىراق كېتىدۇ»، ئوزى تالانت ئىگىسىدەك
كورۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ھەممىلا جايدا كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزى-
دۇ. مەسئۇلىيەتچانلىقى ئاجىز بولۇشتەك بۇنداق يامان ئادەت
تۈزىتىلىشى لازىم.

يەتتىنچى جىنايىتى—پۈتۈن پارتىيىگە زەھەر تارقىتىش، ئىنقىلاپقا
زىيان يەتكۈزۈش. سەككىزىنچى جىنايىتى—كەڭ تارقىلىپ كېتىپ،
دولەتكە ۋە خەلققە بالايى-ئاپەت يەتكۈزۈش. بۇ ئىككىسىنىڭ
مەنىسى ئوز-ئوزىدىنلا چۈشىنىشلىك، كوپ سوزلەشنىڭ ھاجىتى
يوق. دېمەك، پارتىيە باگۇسى ئوزگەرتىلمىسە، ئۇنىڭ راۋاجلىنىشىغا
يول قويۇپ بېرىلسە، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ئېغىر بولىدۇ، ناھايىتى يامان

دەرىجىگە يېتىپ باردۇ. پارتىيە باگۇسىنىڭ ئىچىگە جۇگۇەنجۇيى، مەزھەپچىلىك زەھەرلىرى يوشۇرۇنىغان، بۇ زەھەرلەر تارقىلىپ كەتسە، پارتىيىگە، دولەتكە زىيان يەتكۈزىدۇ.

يۇقۇرىدىكى 8 ماددا — بىزنىڭ پارتىيە باگۇسىنى ئەيىپلەپ چىقارغان خىتاپنامىمىز.

بۇ پارتىيە باگۇسى شەكلى ئىنقىلاۋىي روھنى ئىپادىلەشكە ئوگايلىق بەرمەيلا قالماي، بەلكى ئىنقىلاۋىي روھنى ناھايىتى ئاسان بوغۇپ قويىدۇ. ئىنقىلاۋىي روھنى ئۇستۇرۇش ئۇچۇن، پارتىيە باگۇسىنى چورۇپ تاشلاپ، جانلىق، يېڭى، كۈچلۈك، ماركسىزم-لېنىنىزىملىق ئەدەبىيات ئىستىلىنى قوللىنىش لازىم. بۇنداق ئەدەبىيات ئىستىلى خېلى بۇرۇنلا مەۋجۇت ئىدى، لېكىن تولۇقلانماي، ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلانماي كەلدى. بىز چەتئەل باگۇسى ۋە پارتىيە باگۇسىنى يىمىرىپ تاشلىغاندىن كېيىن، يېڭى ئەدەبىيات ئىستىلى تولۇقلىنىدۇ، ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلىنىدۇ، پارتىيىنىڭ ئىنقىلاۋىي ئىشلىرىمۇ ئالغا سىلجىيدۇ.

پارتىيە باگۇسى ماقالا ۋە نۇتۇقلاردىلا بولۇپ قالماي، مەجلىس ئېچىشتىمۇ بار. «1. مەجلىس ئېچىش، 2. دوكلات قىلىش، 3. مۇزاكىرە قىلىش، 4. خۇلاسە چىقىرىش، 5. مەجلىس يېپىش». ھەممە جايدا، چوڭ-كىچىك مەجلىسلەرنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇ ئولۇك تەرتىپ قوللىنىلىدىغان بولسا، بۇمۇ پارتىيە باگۇسى بولمامدۇ؟ مەجلىستە «دوكلات» قىلىنغاندا، دوكلات، كوپىنچە، «1. خەلقارا ئەھۋال، 2. ئىچكى ئەھۋال، 3. چېگرا رايون ئەھۋالى، 4. ئوز ئورنىنىڭ ئەھۋالى» ئۇستىدە بارىدۇ، مەجلىس، كوپىنچە، ئەتىگەندىن-كەچكىچە داۋام قىلىدۇ، سوزى يوق كىشىلەرمۇ سوزلەپ قويىدۇ،

سوزلىمىسە، كىشىلەر ئالدىدا خىجالەتتە قالغاندەك بولىدۇ. قىسقى-
سى، ئەمەلىي ئەھۋالغا قارىماسلىق، قېتىپ قالغان كونا شەكىل، كونا
ئادەتلەرگە چىڭ ئېسىلىۋېلىشتەك ھادىسىلەرنى ئۆزگەرتىش لازىم
ئەمەسمۇ؟

ھازىر نۇرغۇن كىشىلەر مىللىلاشتۇرۇش، پەننىلەشتۇرۇش ۋە
ئامموۋىلەشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ، بۇ ناھايىتى ياخشى.
لېكىن «لاشتۇرۇش» باشتىن-ئاياقچە، ئىچىدىن-تېشىغىچە ئەمەلگە
ئاشۇرۇش دېگەن سۆز؛ بەزى كىشىلەر «ئاززاق»مۇ ئەمەلگە ئاشۇر-
ماي تۇرۇپ، «لاشتۇرۇش»نى تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ، تېخى! شۇنىڭ
ئۈچۈن مەن بۇ يولداشلارنىڭ ئالدى بىلەن «ئاززاق» ئىشلەپ،
ئاندىن «لاشتۇرۇش»قا ئۆتۈشنى تەۋسىيە قىلىمەن، ئۇنداق بولمى-
غاندا، ئاۋالقىدەكلا جياۋتياۋجۇيى ۋە پارتىيە باگوسىدىن قۇتۇلغىلى
بولمايدۇ، بۇ، نەزىرى ئۈستۈن، قولىدىن ئىش كەلمەيدۇ، ئارزۇسى
چوڭ، قابىلىيىتى تۆۋەن، دېگەنلىك بولىدۇ، بۇنىڭدىن نەتىجە
چىقمايدۇ. مەسىلەن، ئاغزىدا ئامموۋىلەشتۇرۇشنى سۆزلەپ، ئەمەلدە
ئامموۋىلەشتۇرمەيدىغان كىشىلەر ناھايىتى ئېھتىيات قىلىشى لازىم،
ئەگەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاممە ئارىسىدىن بىرەر كىشى يولدا ئۇنىڭغا
ئۇچراپ قېلىپ: «ئەپەندىم، قېنى، ماڭا بىر ئامموۋىلەشتۇرۇپ
كۆرسىتىڭا» دېسە، مات بولۇپ قالىدۇ. ئامموۋىلەشتۇرۇشنى ئاغزىدا
تەشەببۇس قىلىپلا قالماي، بەلكى ھەقىقەتەن ئەمەلگە ئاشۇرماقچى
بولغان كىشى لاۋبەيشىڭلاردىن ھەقىقىي تۇردە ئۆگىنىشى كېرەك،
ئۇنداق بولمىغاندا، «لاشتۇرۇش»نى، بەرىبىر، ئەمەلگە ئاشۇ-
رالمايدۇ. ئامموۋىلەشتۇرۇش دەپ ھەر كۈنى ۋاقىراپ يۈرىدىغان
بەزى كىشىلەر لاۋبەيشىڭ تىلىدا ئىككى ئېغىز سۆزنىمۇ ئۆگلاپ

قىلالمايدۇ، بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ لاۋبەيشىڭلاردىن ئۇگىنىشكە بەل باغلىمىغانلىقىنى كورگىلى بولىدۇ، راستىنى ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ غەرىزى يەنىلا ئاممىۋىلەشتۇرمەسلىك.

بۇگۇن مەجلىستە «تەشۋىقات قوللانمىسى» ناملىق كىتابچە تارقىتىلدى، ئۇنىڭ ئىچىدە 4 پارچە ماقالا بار، مەن يولداشلارنىڭ بۇنى بىرقانچە قېتىم ئوقۇپ چىقىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

بىرىنچى ماقالا «سوۋېت ئىتتىپاقى گۇڭچەنداڭى (بولشېۋىكلار پارتىيىسى) تارىخى قىسقىچە كۇرسى»دىن ئۇزۇندە قىلىپ ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا لېنىننىڭ تەشۋىقاتنى قانداق ئېلىپ بارغانلىقى سوزلىنىدۇ. لېنىننىڭ تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى يېزىش ئەھۋالى ئۇستىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «پېتىربۇرگ «ئىشچىلار سىنىپىنى ئازات قىلىش ئۇچۇن كۇرەش ئىتتىپاقى» لېنىننىڭ يولباشچىلىقىدا روسىيىدە بىرىنچى بولۇپ سوتسىيالىزمنى ئىشچىلار ھەركىتى بىلەن بىرلەش-تۇرۇشكە باشلىدى. ئۇز گۇرۇپپىلىرىغا قاتناشقۇچىلار ئارقىلىق كارخانىلاردىكى ئەھۋالدىن ياخشى خەۋەردار بولغان «كۇرەش ئىتتىپاقى» بىرەر زاۋۇتتا ئىش تاشلاش بولغان چاغدا دەررۇ تەش-ۋىقات ۋەرەقىلىرى، سوتسىيالىستىك خىتاپنامىلەر چىقىرىپ، مەدەت بېرىپ تۇراتتى. بۇ تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىدە، زاۋۇت ئىگىلىرىنىڭ ئىشچىلارنى خورلىشى پاش قىلىناتتى، ئىشچىلارنىڭ ئۇز مەنپەئەت-لىرى ئۇچۇن قانداق كۇرەش ئېلىپ بېرىشى كېرەكلىكى چۇشەندۇ-رۇلەتتى، ئىشچىلار ئاممىسىنىڭ تەلەپلىرى يېزىلاتتى. تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىدە كاپىتالىزىمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مېرەزلىرى، ئىشچىلارنىڭ نامراتلىقتا كۇن كەچۇرۇۋاتقانلىقى، ئۇلارنىڭ 12 — 14 سائەتلىك ھەددىدىن تاشقىرى ئېغىر ئەمگەكلىرى، ئۇلارنىڭ ھوقۇقسىزلىقلىرىغا

ئوخشاش ھەقىقى ئەھۋاللار قالدۇرۇلماي ئېچىپ تاشلىناتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ تەشۋىقات ۋەرەقلىرىدە يەنە تېگىشلىك سىياسى تەلەپلەرمۇ قويۇلاتتى.»

«ياخشى خەۋەردار بولغان» ـ ھە! «قالدۇرۇلماي ئېچىپ تاشلانغان» ـ ھە!

«لېنىن 1894 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىشچى بابۇشكىننىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئەنە شۇنداق بىرىنچى تەشۋىقات ۋەرەقىسىنى ھەم پېتېربۇرگدىكى سېمياننىكوۋ زاۋۇدىنىڭ ئىش تاشلىغان ئىشچىلىرىغا قارىتىلغان مۇراجىئەتنامىسىنى يېزىپ چىقتى.»

بىر تەشۋىقات ۋەرەقىسى يېزىش ئۈچۈن ئەھۋالدىن ياخشى خەۋىرى بار يولداشلار بىلەن مەسلىھەتلىشىش كېرەك. لېنىن ئەنە شۇنداق تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىشقا ئاساسلىنىپ ماقالا يازاتتى ۋە ئىشلەيتتى.

«بۇنداق ھەر بىر تەشۋىقات ۋەرەقىسى ئىشچىلارنىڭ روھىنى ناھايىتى كۆتۈرەتتى. ئىشچىلار سوتسىيالىستلارنىڭ ئۆزلىرىگە ياردەم بېرىۋاتقانلىقىنى، ئۆزلىرىنى قوغداۋاتقانلىقىنى كۆردى.»[5]

بىز لېنىننى ياقلىغۇچىلارغۇ؟ شۇنداق ئىكەنمىز، لېنىننىڭ روھى بويىچە ئىشلىشىمىز لازىم. باشتىن ـ ئاياق قۇرۇق سۆز قىلماسلىغىمىز، بىمەنە سەپسەتە ساتماسلىغىمىز؛ نىشانسىز ئوق ئاتماسلىقىمىز، دۇنياغا قارىماي ئىش كۆرمەسلىكىمىز؛ شۇنىڭدەك ئۆزىمىزنىڭكىنىلا راست دەپ، قۇرۇق گەپ ساتماسلىغىمىز؛ بەلكى لېنىنغا ئوخشاش ئىشلىشىمىز لازىم.

ئىككىنچى ماقالا دىمىتروۋنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسونالنىڭ 7 ـ قۇرۇلتىيىدا قىلغان دوكلادىدىن ئۆزۈندە قىلىپ ئېلىنغان،

دىمىتروۋ نېمىلەرنى دېگەن؟ ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئاممىگە كىتابتىكى گۇگۇشلار بىلەن ئەمەس، ئاممىنىڭ ئىشى ئۇچۇن كۈرەشۋاتقان جەڭچىلەرنىڭ تىلى بىلەن سۆزلەشنى ئۆگىنىۋېلىش لازىم، بۇ جەڭچىلەرنىڭ ھەر بىر سۆزى، ھەر بىر ئوي-پىكرى مىليونلىغان ئاممىنىڭ ئوي-پىكرى ۋە كەيپىياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.»

«ئەگەر بىز ئامما چۈشىنىدىغان سۆزلەرنى ئۆگىنىۋالمىساق، ئۇ ھالدا، كەڭ ئامما بىزنىڭ قارارلىرىمىزنى ئۆزلەشتۈرەلمەيدۇ. بىز ھەر دائىم ئاددىي، كونكرېت، ئاممىگە تونۇش ۋە چۈشىنىشلىك ئوبرازلار بىلەن سۆزلەشكە تېخى ماھىر ئەمەسمىز. بىز پىششىق يادلىۋالغان ئابستراكت گۇگۇشلارنى تېخى چۆرۈپ تاشلىيالمىدۇق. ئەمەلىيەتتە، سىلەر پەقەت بىزنىڭ تەشۋىقات ۋەرەقلىرىمىز، گېزىتلىرىمىز، قارارلىرىمىز ۋە تىگاگلىرىمىزغا قاراپ باقسا ڭلار، شۇنى كۆرەلەيسىلەر: بۇ نەرسىلەر، كۆپىنچە، شۇنداق تىل بىلەن يېزىلغانكى ۋە شۇنداق ئېغىر يېزىلغانكى، بۇنى ئاددىي ئىشچىلارنىڭ چۈشىنىشى ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا پارتىيىمىزدىكى كادىرلارنىڭمۇ چۈشىنىشى قىيىن.»

قانداق؟ بىزنىڭ كېسەللىرىمىزنىڭ دەل ئۆزىنى كۆرسىتىپ بېرىپتۇمۇ؟ دۇرۇس، پارتىيە باگۇسى جۇڭگودا بار، چەتئەللەردىمۇ بار ئىكەن، مانا بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئومۇمىي كېسەل ئىكەنلىكىنى كورگىلى بولىدۇ. (كۈلكە.) لېكىن بىز، ھەر ھالدا، يولداش دىمىتروۋنىڭ كورسەتمىسى بويىچە ئۆزىمىزنىڭ كېسىلىنى چاپسان ساقايتىۋېلىشىمىز لازىم.

«بىز ھەر بىرىمىز تۆۋەندىكى باشلانغۇچ قائىدىنى ھەقىقىي ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشىمىز، ئۇنى قانۇن قىلىۋېلىشىمىز، بولشېۋىستىك

قانۇن قىلىۋېلىشىمىز لازىم: بىر نەرسە يازغىنىڭىزدا ياكى نۇتۇق سوزلىگىنىڭىزدە، ھەر ۋاقىت ھەر بىر ئاددى ئىشچىنىڭ چۈشىنىشىنى، چاقىرىغىڭىزغا ئىشىنىشىنى ۋە ساڭا ئەگىشىشكە بەل باغلىشىنى ئويلىشىڭ كېرەك. زادى كىم ئۈچۈن يازدىغانلىغىڭنى ۋە كىمگە سوز قىلدىغانلىغىڭنى ئويلىشىڭ كېرەك.»⑥

بۇ — كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسونالىنىڭ ئاغرىق داۋالاش ئۈچۈن بىزگە بەرگەن دورا قەغىزى، ئۇنىڭغا رايە قىلىشىمىز لازىم. بۇ «قائىدە» — دە!

ئۈچىنچى ماقالا «لۇشۇن ئەسەرلىرى»دىن تاللىۋېلىنغان، بۇ — لۇشۇننىڭ «بېيدۇ زاجژ»⑦ ژورنىلىنىڭ ماقالىنى قانداق يېزىش توغرىسىدىكى مۇھاكىمىسىگە جاۋابەن يازغان خېتى. ئۇ نىمىلەرنى كورسىتىدۇ؟ ئۇ ماقالا يېزىشنىڭ جەمى 8 قائىدىسىنى كورسىتىدۇ، مەن ھازىر ئۇنىڭدىن بىرنەچچىسىنى سوزلەپ ئوتىمەن.

بىرىنچىسى — «تۇرلۇك ئىشلارغا كوڭۇل بولۇش، ئازغىنا كورۇش بىلەنلا يازماستىن، كوپ كورۇش.»

گەپ بىرەر - يېرىم ئىش ئۈستىدە ئەمەس، «تۇرلۇك ئىشلارغا كوڭۇل بولۇش» ئۈستىدە كېتىۋاتىدۇ. گەپ چالا - بۇلا كورۇش ئۈستىدە ئەمەس، «كوپ كورۇش» ئۈستىدە كېتىۋاتىدۇ. بىز قانداق قىلىۋاتىمىز؟ دەل ئۇنىڭ تەتۇرسىچە، ئازغىنا كورۇش بىلەنلا يېزىۋاتىمىزمۇ؟

ئىككىنچىسى — «يازالمىغان چاغدا زورلىنىپ يازماسلىق.»

بىز قانداق قىلىۋاتىمىز؟ مېڭىمىزدە ھېچنەرسە يوقلۇغى ئوپ - ئوچۇق تۇرۇقلۇق، ھە دەپ يېزىشقا زورلىنىۋاتىمىزمۇ؟ تەك-شۇرمەي، تەتقىق قىلماي، قەلەمنى ئېلىپلا «زورلىنىپ يېزىش» —

مەسئۇلىيەتسىزلىك پوزىتسىيىسى.

تونىنچىسى — «يېزىپ بولغاندىن كېيىن، ئاز دىگەندە 2 قېتىم كورۇپ چىقىش كېرەك، بولىسمۇ بولىدىغان، بولمىسىمۇ بولىدىغان سوزلەر، جۈملىلەر، ئابزاسلارنى قىلچە ئايىماستىن چىقىرىپ تاشلاش لازىم. ھېكايە يېزىشقا بولىدىغان ماتېرىيالنى قىسقارتىپ سۈشىي يېزىش كېرەككى، سۈشىي يېزىلىدىغان ماتېرىيالنى ھەرگىز ئۇزارتىپ ھېكايە يازماسلىق كېرەك.»

كۇڭ فۇزى «تەكرار پىكىر قىلىش»نى⑧ تەشەببۇس قىلغان، خەن يۈيمۇ «ئىش — ھەركەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى پىكىر قىلىشتا»⑨ دىگەن، بۇلار قەدىمكى زاماندىكى ئىشلار. ھازىرقى ئىشلاردا مەسىلىلەر ناھايىتى مۇرەككەپ، بەزى ئىشلاردا ھەتتا 3 — 4 قېتىم ئويلاشمۇ ئازلىق قىلىدۇ. لۇشۈن «ئاز دىگەندە 2 قېتىم كورۇپ چىقىش كېرەك» دەيدۇ، كوپ بولغاندىچۇ؟ بۇنى ئۇ ئېيتمىغان، مېنىڭچە، موھىم ماقالىلارنى ئون نەچچە قېتىم كورۇپ چىقىپ، ئىخلاس بىلەن تۈزىتىپ، ئاندىن ئېلان قىلىش كېرەك. ماقالا — كېڭۈەن شەيئىلەرنىڭ ئىنكاسى، شەيئىلەر بولسا چىگىش ھەم مۇرەككەپ بولىدۇ، ئۇلارنى تەكرار تەتقىق قىلىش لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، مۇۋاپىق ئەكس ئەتتۈرگىلى بولىدۇ؛ بۇنىڭدا بىپەرۋالىق قىلىش ماقالا يېزىشنىڭ ئەقەللى ساۋادىنىمۇ بىلمىگەنلىك بولىدۇ.

ئالتىنچىسى — «ئوزىدىن باشقا ھېچكىم چۈشەنمەيدىغان تەسۋىرىي سوزلەرنى ياساپ چىقماسلىق.»

بىز «ياساپ چىققان» نەرسىلەر ناھايىتى كوپ بولۇپ كەتتى، قىسقىسى، ئۇلارنى «ھېچكىم چۈشەنمەيدۇ». جۈملىلەرنىڭ ئۇزۇنى 40 — 50 سوزدىن تۈزۈلگەن، ئۇ «ھېچكىم چۈشەنمەيدىغان تەسۋىرىي

سوزلەر» بىلەن تولغان. لۇشۇننى ھمايە قىلىمز، دەپ ئاغزىدىن جۇشۇرمەي يۈرگەن نۇرغۇن كىشىلەر ــ دەل لۇشۇنگە خلاپلىق قىلىۋاتقانلار!

ئاخرقى ماقالا ــ جۇڭگو گۇڭچەنداڭى 6 ـ نوۋەتلىك جۇڭياڭ ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ 6 ـ ئومۇميغىندا قوبۇل قىلىنغان دوكلاتنىڭ تەشۋىقاتنى مىللىلاشتۇرۇش توغرىسىدا دىگەن قىسمى. 6 ـ نوۋەتلىك جۇڭياڭ ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ 6 ـ ئومۇميغىنى 1938 ـ يىلى ئوتكۇزۇلگەن ئىدى، بىز ئۇ چاغدا: «جۇڭگونىڭ خۇسۇسيەتلىرىنى قايرىپ قويۇپ، ماركسىزىمدىن سوز ئاچىدىغان بولسا، بۇنداق ماركسىزىم ئابستىراكت، پۇچەك ماركسىزىم بولىدۇ، خالاس» دىگەن ئىدۇق. بۇ، ماركسىزىم توغرىسىدا قۇرۇق سەپسەتە سىتىشقا قارشى تۇرۇش كىرەك، جۇڭگودا ياشىغۇچى گۇڭچەنداڭ ئەزالىرى ماركسىزىمنى جۇڭگو ئىنقلاۋىنىڭ ئەملىيىتىگە باغلاپ تەتقىق قىلىشى كىرەك، دىگەنلىك.

«چەتئەل باگۇسى بىكار قىلىنىشى، پۇچەك، ئابستىراكت مۇقاملار ئازراق ئېيتىلىشى، جياۋتياۋجۇيى دەم ئېلىشى، ئۇلارنىڭ ئورنىنى يىڭى، جانلىق، جۇڭگو لاۋبەيشىڭلىرى ياقتۇرىدىغان جۇڭگو ئىستىلى ۋە جۇڭگو ئۇسلۇبى ئېلىشى كىرەك. ئىنتېرناتسىونالىزىملىق مەزمۇننى مىللى شەكىلدىن ئايرىۋېتىش ــ ئىنتېرناتسىونالىزىمنى قىلچىمۇ چۈشەنمەيدىغان كىشىلەرنىڭ ئىشى، بىز بۇ ئىككىسىنى زىچ بىرلەشتۇرۇشىمىز كىرەك. بۇ مەسىلىدە قوشۇنىمىزدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بەزىبىر ئېغىر خاتالىقلارنى ئەستايىدىللىق بىلەن تۈگىتىشىمىز كىرەك.»

بۇ يەردە، چەتئەل باگۇسى بىكار قىلىنسۇن، دىيىلىۋاتسا، بەزى بولداشلار، ئەملىيەتتە، ئۇنى تېخى تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ. بۇ يەردە، پۇچەك، ئابستىراكت مۇقاملار ئازراق ئېيتىلسۇن، دىيىلىۋاتسا،

بەزى يولداشلار ئۇنى زورمۇ-زور كوپرەك ئېيتىۋاتىدۇ. بۇ يەردە، جياۋتياۋجۇيى دەم ئالسۇن، دېيىلىۋاتسا، بەزى يولداشلار ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇۋاتىدۇ. قىسقىسى، نۇرغۇن كىشىلەر 6-ئومۇمىيغىن ماقۇللىغان دوكلاتنى، گويا ئۇنىڭ بىلەن قەستەن قېرىشىۋاتقاندەك، قۇلىغىدا تۇتمايىۋاتىدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە باگۇسىنى، جياۋتياۋجۇيىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى چوقۇم ئۇزۇل-كېسىل چورۇپ تاشلاشنى قارار قىلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇ يەردە كوپرەك سوزلىدىم. يولداشلارنىڭ سوزلىگەنلىرىمنى مۇلاھىزە قىلىشنى، تەھلىل قىلىشنى شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەركىمنىڭ ئوز ئەھۋالىنىمۇ تەھلىل قىلىشنى ئۈمىت قىلىمەن. ھەر بىر كىشى ئوزى ئۈستىدە ياخشىراق ئويلىشى، شۇنىڭدەك ئوزى ئويلاپ ئېنىقلىغان نەرسىلەر ھەققىدە سىرداش دوستلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئەتراپىتىكى يولداشلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئوز كەمچىلىكلىرىنى ھەقىقىي ئوزگەرتىشى كېرەك.

## ئىزاھلار

① يېڭى ۋە كونا باگۇلارغا قارشى تۇرۇش — لۇشۈن ئەسەرلىرىنىڭ ئىزچىل روھى. لۇشۈن «ساختا ئەركىنلىك» دىگەن كىتاۋىدىكى «تەكتىگە يېتىش» دىگەن ماقالىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «باگۇ — ئەسلىدە ھاماقەتلىكنىڭ مەھسۇلى. بىرىنچىدىن، ئىمتىھان ئېلىشقا قارايدىغان ئەمەلدارلار ئاۋارىچىلىقتىن قاچاتتى — ئۇلارنىڭ تولىسىنىڭ مېڭىسى يىنچىكىمۇ ياغىچىدىن ياسالغان — ،ئەۋلىيالارچە يېزىپ قالدۇرۇلغان ھېكمەتلىك سوزلەرنى، ماقالىنىڭ قۇراشتۇرۇلۇشىدىكى ئۇيغۇنلۇقنى، ماقالىنىڭ ئوزىگە خاس ئۇسلۇبىنى بەلگىلىك ئولچەم بولمىغانلىقتىن پەرق ئېتىش

تەس ئىدى، شۇڭا، ئۇلار ماقالىنى بۇيرۇق بىلەن بەلگىلەنگەن ئەندىزىگە مۇۋاپىق قىلىپ، بوغۇملارغا بولۇپ يېزىشنى بەلگىلەيتتى، ھەر بىر ماقالىنى مۇشۇ ئەندىزە بىلەن «ئۆلچەيتتى»، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ماقالىنىڭ قىممىتىنى بىر قاراش بىلەنلا كۆرۈۋالالايتتى. ئىككىنچىدىن، ئىمتىھان بەرگۈچىلەرمۇ، ئانچە كۈچ كەتمەيدۇ، ئاۋارىچىلىق بولمايدۇ، دەپ بىلىشەتتى. بۇنداق باگۇنىڭ يېڭىسىمۇ، كونىسىمۇ سۈپۈرۈپ تاشلاش كېرەك.» چەتئەل باگۇسى 4-ماي ھەركىتىدىن كېيىن بەزى پۈچەك بۇرژۇئا ۋە ئۇششاق بۇرژۇئا زىيالىلىرى راۋاجلاندۇرغان نەرسە بولۇپ، ئۇلارنىڭ تارقىتىشى نەتىجىسىدە ئىنقىلاۋىي مەدەنىيەت قوشۇنىدا ئۇزاقتىن بۇيان مەۋجۇت ئىدى. لۇشۈن ئۆزىنىڭ نۇرغۇن ماقالىلىرىدا ئىنقىلاۋىي مەدەنىيەت قوشۇنىدىكى چەتئەل باگۇسىغا قارشى تۇرغان، ئۇ بۇنداق چەتئەل باگۇسىنى پىپەن قىلىپ: «باگۇنىڭ يېڭىسىمۇ، كونىسىمۇ سۈپۈرۈپ تاشلاش كېرەك، ...... مەسىلەن، پەقەت «ھاقارەتلەش»، «ھەيۋە قىلىش»، ھەتتا «ھۆكۈم چىقىرىش»نىلا بىلىپ، ھەر كۈنى پەيدا بولۇپ تۇرغان يېڭى پاكىتلار، يېڭى ھادىسىلەرنى پەن ئېرىشكەن كۆزقاراشلار بىلەن كونكرېت ۋە ھەقىقىي رەۋىشتە چۈشەندۈرۈشنى خالىماي، تەييار كۆزقاراشلارنى كوچۇرۇۋېلىپ، ئۇلارنى ھەممە ئىشتا قالايمىقان قوللىنىۋېرىشمۇ بىر تۈرلۈك باگۇ بولىدۇ» دېگەن ئىدى. («تەكتىگە يېتىش»كە قوشۇمچە قىلىنغان «جۇ شيۇشياغا جاۋاپ خەت»كە قارالسۇن.)

② مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ 1-تومىدىكى «جۇڭگو ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشىنىڭ جەڭلىۋىي مەسىلىسى»نىڭ ㊲ ئىزاھىغا قارالسۇن.

③ بۇ — لۇشۈننىڭ «شالغۇت مۇقامىلار» توپلىمىدىكى بىر ماقالىنىڭ ماۋزۇسى، بۇ ماقالا 1932-يىلى يېزىلغان بولۇپ، «لۇشۈن ئەسەرلىرى»نىڭ 5-تومىغا كىرگۈزۈلگەن.

④ شەھەردە توغرا كەسىپ بىلەن شۇغۇللانماي، تىلەمچىلىك ياكى ئوغرىلىق بىلەن كۈن كەچۈرىدىغان سەرگەردانلارنى شاڭخەيلىكلەر

بېسەن دەپ ئاتايدۇ، ئۇلار ئادەتتە ناھايىتى ئاۋاق كېلىدۇ.

⑤ «سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك (بولشېۋىكلار پارتىيىسى) تارىخى قىسقىچە كۇرسى»نىڭ 1-باب 3-بۆلۈمىگە قارالسۇن.

⑥ دىمىتروۋنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىونالنىڭ 7-قۇرۇلتىيىدا قىلغان خۇلاسە سۆزى — «ئىشچىلار سىنىپىنىڭ فاشىزىمغا قارشى بىرلىكسېپى ئۈچۈن كۆرەشەينى»نىڭ 6-قىسمى «پەقەت توغرا لۇشيەن بولۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ»غا قارالسۇن.

⑦ «بېيدۇ زاجۇ» ژورنىلى — جۇڭگو سولقانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقى تەرىپىدىن 1931-يىلدىن 1932-يىلغا قەدەر نەشر قىلىنغان ئايلىق ژورنال. «بېيدۇ زاجۇ» ژورنىلىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاپ» «لۇشۈن ئەسەرلىرى»نىڭ 4-تومىدىكى «ئالا كوكۇل»گە كىرگۈزۈلگەن.

⑧ «لۇنيۈي»نىڭ «گۇڭيېچاڭ — 5-بابى»غا قارالسۇن.

⑨ خەن يۈي — مىلادى 8-ئەسىردىن 9-ئەسىرگىچە ياشىغان كىشى، جۇڭگونىڭ تاڭ دەۋرىدىكى مەشھۇر يازغۇچىسى. ئۇ «ئىلىم تەھسىل قىلىش ھەققىدە» دىگەن ئەسىرىدە: «ئىش-ھەركەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى پىكىر قىلىشتا، بۇزۇلۇشى پىكىر قىلماسلىقتا» دىگەن.

# يەنئەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت سوھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق

**(1942 ـ يىل 5 ـ ئاي)**

## كىرىش سۆز (1942 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى)

يولداشلار! بۈگۈن ھەرقايسىڭلارنى تەكلىپ قىلىپ سوھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈشتىن مەقسەت سىلەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئىنقىلاۋىي خىزمەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىپ، ئىنقىلاۋىي ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ توغرا راۋاجلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئىنقىلاۋىي ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ باشقا ئىنقىلاۋىي خىزمەتلەرگە تېخىمۇ ئوبدان يار ـ يۆلەك بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن مىللىي دۈشمىنىمىزنى يوقىتىپ، مىللىي ئازاتلىق ۋەزىپىمىزنى ئورۇنلاشتىن ئىبارەت.

بىزنىڭ جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرىشىمىزدە ھەر خىل سەپلەر بار، ئۇنىڭ ئىچىدە قەلەم ۋە ئەلەمدىن ئىبارەت ئىككى سەپ بار، دېيىشكىمۇ بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ مەدەنىيەت سېپى ۋە ھەربىي ئىشلار سېپى. بىز دۈشمەننى يېڭىمىز

دىسەك، ئالدى بىلەن قولىغا قورال ئالغان قوشۇنغا تايىنىشىمىز
كېرەك. ئەمما بۇنداق قوشۇننىڭلا بولۇشى كۇپايە قىلمايدۇ، بىزدە
يەنە مەدەنىيەت قوشۇنىمۇ بولۇشى كېرەك، بۇ — ئۆزىمىزنى ئىتتىپاق-
لاشتۇرۇشتا ۋە دۈشمەننى يېڭىشتە كەم بولسا بولمايدىغان بىر قوشۇن.
«4-ماي»دىن بۇيان، بۇ مەدەنىيەت قوشۇنى جۇڭگودا شەكىللىنىپ،
جۇڭگو ئىنقىلاۋىغا ياردەم بەردى، جۇڭگونىڭ فېوداللىق مەدەنىيىتى-
نىڭ ۋە جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزىغا ماسلاشقان مەيىن مەدەنىيىتى-
نىڭ ئىگىللىگەن زېمىنىنى پەيدىن-پەي تارايتتى، ئۇلارنىڭ كۈچىنى
پەيدىن-پەي ئاجىزلاشتۇردى. ھازىر بولسا جۇڭگو ئەكسىيەتچىلىرى
يېڭى مەدەنىيەتكە پەقەت «سانى سۈپەتكە قارشى قويۇش» دىگەن
چارىنىلا ئوتتۇرىغا قويۇپ قارشى تۇرىدىغان بولۇپ قالدى، يەنى
ئەكسىيەتچىلەردە پۇل بولسا بار، ياخشى نەرسىلەرنى ئېلىپ چىقالا-
مىغىنى بىلەن، ناچار نەرسىلەرنى جېنىنىڭ بېرىچە كوپلەپ چىقىرىشى
مۇمكىن. «4-ماي»دىن بۇيانقى مەدەنىيەت سېپىدە ئەدەبىيات ۋە
سەنئەت موھىم، نەتىجىلىك بىر تارماق بولۇپ قالدى. ئىنقىلاۋىي
ئەدەبىيات-سەنئەت ھەركىتى 10 يىللىق ئىچكى ئۇرۇش دەۋرىدە
كوپ راۋاجلاندى. بۇ ھەركەت شۇ ۋاقىتتىكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش
بىلەن ئومۇمىي يونىلىش جەھەتتە بىردەك ئىدى، لېكىن ئەمەلىي
خىزمەتلەردە ئۆزئارا بىرلەشمىدى، بۇنىڭ سەۋەبى شۇ چاغدىكى
ئەكسىيەتچىلەرنىڭ بۇ ئىككى قېرىنداش قوشۇننى بىر-بىرىدىن
ئايرىۋەتكەنلىكى ئىدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلا-
غاندىن كېيىن، ئىنقىلاۋىي ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىدىن يەنئەنگە
ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى گېنجۇيدىلەرگە كەلگەنلەر كوپەيدى،
بۇ — ناھايىتى ياخشى ئىش. لېكىن، گېنجۇيدىلەرگە كەلدى،

دىگەنلىك گېنجۇيدىلەردىكى خەلق ئاممىسى بىلەن تامامەن بىرلىشىپ كەتتى، دىگەنلىك ئەمەس. بىز ئىنقىلاۋىي خىزمەتنى ئالغا سىلجىتىمىز دىسەك، بۇ ئىككىسىنى تولۇق بىرلەشتۈرۈشىمىز لازىم. بىزنىڭ بۈگۈن بۇ يىغىننى ئۆتكۈزۈشىمىزدىن مەقسەت ــ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ھەقىقى تۈردە پۈتۈن ئىنقىلاپ ماشىنىسىنىڭ بىر تەركىۋىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، خەلقنى تەربىيەلەش، دۈشمەنگە زەربە بېرىش، دۈشمەننى يوقىتىشنىڭ كۈچلۈك قورالى سۈپىتىدە خەلقنىڭ دۈشمەنگە قارشى بىر نىيەت ـ بىر مەقسەتتە كۈرەش قىلىشىغا ياردەم بېرىدىغان قىلىش. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ھەل قىلىشقا تېگىشلىك قانداق مەسىلىلەر بار؟ مېنىڭچە، مۇنداق مەسىلىلەر يەنى ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ مەيدان مەسىلىسى، پوزىتسىيە مەسىلىسى، خىزمەت دۈيشياڭى مەسىلىسى، خىزمەت مەسىلىسى ۋە ئۆگىنىش مەسىلىسى بار.

مەيدان مەسىلىسى. بىز پۇرولېتارىيات ۋە خەلق ئاممىسى مەيدانىدا تۇرىمىز. گۇڭچەنداڭ ئەزالىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ، شۇنداقلا، پارتىيە مەيدانىدا، پارتىيىۋىلىك مەيدانىدا ۋە پارتىيە سىياسىتى مەيدانىدا تۇرۇش، دىمەكتۇر. بۇ مەسىلىدە بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىمىز ئارىسىدا تونۇشى توغرا بولمىغان ياكى تونۇشى ئېنىق بولمىغانلار يەنە بارمۇ، يوقمۇ؟ مېنىڭچە، بار. نۇرغۇن يولداشلار كۆپ ۋاقىتلاردا ئۆزىنىڭ توغرا مەيدانىنى يوقىتىپ قويۇۋاتىدۇ.

پوزىتسىيە مەسىلىسى. مەيدان مۇناسىۋىتى بىلەن بىزنىڭ تۈرلۈك كونكرېت شەيئىلەرگە تۇتىدىغان كونكرېت پوزىتسىيىمىز پەيدا بولىدۇ. ئېيتايلى، مەدھىيەلەش كېرەكمۇ ياكى پاش قىلىشمۇ؟ بۇ ــ

پوزىتسىيە مەسىلىسى. بىزگە زادى قايسى پوزىتسىيە كېرەك؟ مېنىڭچە، ئىككىلىسى كېرەك، گەپ كىمگە قارىتىشتا. ئۈچ خىل ئادەم بار: بىر خىلى — دۈشمەنلەر، بىر خىلى — بىرلىكسەپتىكى ئىتتىپاقچىلار، يەنە بىر خىلى — ئۆز ئادەملىرىمىز، بۇ ئۈچىنچى خىلدىكى ئادەملەر — خەلق ئاممىسى ۋە ئۇنىڭ شيەنفېڭدۇيى. بۇ ئۈچ خىل ئادەمگە نىسبەتەن ئۈچ خىل پوزىتسىيە بولۇشى كېرەك. دۈشمەنلەرگە نىسبەتەن، ياپون جاھانگىرلىكى ۋە بارلىق خەلق دۈشمەنلىرىگە نىسبەتەن ئىنقىلاۋىي ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ ۋەزىپىسى ئۇلارنىڭ ۋەھشىلىكلىرى ۋە ئالدامچىلىقلىرىنى پاش قىلىش ھەمدە ئۇلارنىڭ مۇقەررەر مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇۋاتقان ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ ئۇلارنى بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە قەتئىي يوقىتىشقا ئىلھام بېرىشتىن ئىبارەت. بىرلىكسەپتىكى ھەر خىل ئىتتىپاقچىلارغا نىسبەتەن بىزنىڭ پوزىتسىيىمىز بىرلىشىش، تەنقىت قىلىش، ھەر خىل بىرلىشىش، ھەر خىل تەنقىت قىلىش بولۇشى كېرەك. ئۇلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشىنى قوللايمىز؛ ئەگەر نەتىجە كۆرسەتسە، تېخى ماختايمىز. لېكىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا ئاكتىپلىق كۆرسەتمەيدىكەن، تەنقىت قىلىشىمىز لازىم. ئەگەر كىمكى گۇڭچەنداڭغا ۋە خەلققە قارشى تۇرىدىكەن، كۈندىن-كۈنگە ئەكسىيەتچىلىك يولىغا ماڭىدىكەن، بىز ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىمىز. خەلق ئاممىسىغا، خەلقنىڭ ئەمگىكى ۋە كۈرىشىگە، خەلقنىڭ ئارمىيىسى ۋە خەلقنىڭ پارتىيىسىگە كەلسەك، بىز ئۇلارنى ئەلۋەتتە ماختىشىمىز لازىم. خەلقتىمۇ كەمچىلىك بولىدۇ. پرولېتارىيات ئارىسىدىمۇ بىرمۇنچە كىشىلەردە ئۇششاق بۇرژۇئا ئىدىيىلىرى ساقلىنىپ كەلمەكتە،

دىخانلاردا ۋە شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسىدە قالاق ئىدېيىلەر بار، بۇ نەرسىلەر ئۇلارنىڭ كۆرەشتىكى يۈكى. بىز ئۇلارغا ئۇزاق مۇددەت سەۋرىلىك بىلەن تەربىيە بېرىشىمىز، ئۇلارنىڭ يۈدۈۋالغان بويىسىدىن قۇتۇلۇشىغا، ئۆزىنىڭ كەمچىلىك ۋە خاتالىقلىرىغا قارشى كۆرەش قىلىشىغا ياردەم بېرىشىمىز، شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنى چوڭ قەدەم بىلەن ئالغا باسالايدىغان قىلىشىمىز لازىم. ئۇلار كۆرەش داۋامىدا ئۆزلىرىنى ئۆزگەرتتى، ياكى ئۆزگەرتمەكتە، بىزنىڭ ئەدبىيات-سەنئەتىمىز ئۇلارنىڭ مۇشۇ ئۆزگىرىش جەريانىنى تەسۋىرلىشى لازىم. ئۇلار پەقەت خاتالىقىدا قاتتىق تۇرۇۋالىدىغانلاردىن بولمىسىلا، بىز بىر تەرىپىنى كورۇپلا، خاتا ھالدا مەسخىرە قىلماسلىقىمىز، بولۇپمۇ ئۇلارغا دۈشمەنلىك بىلەن قارىماسلىقىمىز لازىم. بىز يازغان نەرسىلەر ئۇلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان، ئۇلارنى ئالغا باستۇرىدىغان بولۇشى، ئۇلارنى بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە ئالغا قاراپ كۆرەش قىلدىغان، قالاق نەرسىلەرنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئىنقىلاۋىي نەرسىلەرنى جارى قىلدىغان قىلىشى كېرەك، ھەرگىز ئۇنىڭ ئەكسىچە بولماسلىقى لازىم.

خىزمەت دۆيشياگى مەسىلىسى يەنى ئەدبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنى كىملەرگە كورسىتىش مەسىلىسى. شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايونىدا ۋە خۇابېي، خۇاجۇڭدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى گېنجۇيدىلەردە بۇ مەسىلە گومىنداڭ ھوكۇمرانلىق قىلىۋاتقان رايونلاردىكىگە ئوخشىمايدۇ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى شاڭخەيدىكىگە تېخىمۇ ئوخشىمايدۇ. شاڭخەيدىكى مەزگىلدە ئىنقىلاۋىي ئەدبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ تەلەپكارلىرى ئارىسىدا بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار، خىزمەتچىلەر ۋە دۇكان خىزمەت-

چىلىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ھوكۇمرانلىقىدىكى رايونلاردا تەلەپكارلار دائىرىسى بىرقەدەر كېڭەيگەن بولسىمۇ، لېكىن، ئومۇمەن، يەنە شۇ كىشىلەر ئاساسىي ئورۇندا تۇرىۋاتىدۇ، چۈنكى ئۇ يەرلەردىكى ھوكۇمەت ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر بىلەن ئىنقىلاۋىي ئەدەبىيات - سەنئەتنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ تاشلىغان. بىزنىڭ گېنجۇيدىلىرىمىزدە ئەھۋال تامامەن باشقىچە. گېنجۇيدىلەردە ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ تەلەپكارلىرى — ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ۋە ئىنقىلاۋىي كادىرلار. گېنجۇيدىلەردىمۇ ئوقۇغۇچىلار بار، لېكىن بۇ ئوقۇغۇچىلار كونا تەقلىتتىكى ئوقۇغۇچىلارغا ئوخشىمايدۇ، ئۇلار يا بۇرۇن كادىر بولغانلار، يا بولمىسا كەلگۈسىدە كادىر بولىدىغانلار. ھەر خىل كادىرلار، قوشۇنلاردىكى جەڭچىلەر، زاۋۇتلاردىكى ئىشچىلار ۋە يېزىلاردىكى دېھقانلار ساۋادى چىقىش بىلەنلا كىتاب ئوقۇيدۇ، گېزىت ئوقۇيدۇ، ئۇلارنىڭ ساۋاتسىزلىرىمۇ تىياتىر كورىدۇ، رەسىم كورىدۇ، ناخشا ئېيتىدۇ، مۇزىكا ئاڭلايدۇ، ئۇلار بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىمىزنىڭ تەلەپكارلىرى. كادىرلاردىن ئېيتساق، سىلەر بۇ كىشىلەرنىڭ سانىنى ئاز كورمەڭلار، ئۇلار گومىنداڭ ھوكۇمرانلىقىدىكى رايونلاردا چىققان بىر كىتابنىڭ ئوقۇغۇچىسىدىن كوپ ئوشۇق. ئۇ يەرلەردە بىر كىتاپ بىر قېتىم نەشر قىلىنغاندا، ئادەتتە ئاران 2 مىڭ نۇسخىغا، ئۈچ قېتىم نەشر قىلىنغاندىمۇ، ئاران 6 مىڭ نۇسخىغا يېتىدۇ؛ لېكىن گېنجۇيدىلەردىكى كادىرلارنىڭ كىتاپ ئوقۇيالايدىغانلىرى پەقەت يەنئەننىڭ ئوزىدىلا 10 مىڭدىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ كادىرلارنىڭ كوپچىلىكى — ئۇزاق مۇددەت چېنىققان ئىنقىلاپچىلار، ئۇلار مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى

جايلىرىدىن كەلگەن، ئۇلار يەنە مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ ئىشلەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا قارىتا تەربىيە خىزمىتى ئېلىپ بېرىش ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە. بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىمىز ئۇلارغا قارىتا ئوبدان خىزمەت ئىشلىشى كېرەك.

ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتىنىڭ دۇيشياڭى ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ كادىرلىرى ئىكەن، ئۇلارنى چۈشىنىش ۋە ئۇلار بىلەن ياخشى تونۇشۇش مەسىلىسى كېلىپ چىقىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلارنى چۈشىنىش، ئۇلار بىلەن ياخشى تونۇشۇش ئۈچۈن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا، يېزىلاردا، زاۋۇتلاردا، 8-ئارمىيە ۋە يېڭى 4-ئارمىيىدە ھەر خىل كىشىلەرنى چۈشىنىش ۋە ھەر خىل كىشىلەر بىلەن ياخشى تونۇشۇش، ھەر خىل ئىشلارنى چۈشىنىش ۋە ھەر خىل ئىشلار بىلەن ياخشى تونۇشۇش ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىمىز ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتىنى ئىشلىشى زۆرۈر، ئەمما كىشىلەرنى چۈشىنىش ۋە كىشىلەر بىلەن ياخشى تونۇشۇش خىزمىتى بولسا بىرىنچى ئورۇندىكى خىزمەت. بۇنىڭغا نىسبەتەن بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىمىزدا ئەھۋال ئىلگىرى قانداق ئىدى؟ مېنىڭچە، ئۇلار ئىلگىرى ياخشى تونۇشمايتتى، بىلمەيتتى، «قەھرىمانىغا ماھارەت كۆرسىتىش ئۈچۈن زېمىن يوق» ئىدى. نېمە بىلەن ياخشى تونۇشمايتتى؟ كىشىلەر بىلەن ياخشى تونۇشمايتتى. ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى ئۆزى تەسۋىرلەيدىغان دۇيشياڭلار بىلەن ۋە ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ تەلەپكارلىرى بىلەن ياخشى تونۇشمايتتى، ياكى زادىلا تونۇشمايتتى. بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىمىز

ئىشچىلار بىلەن ياخشى تونۇشمايتتى، دىخانلار بىلەن ياخشى تونۇشمايتتى، ئەسكەرلەر بىلەن ياخشى تونۇشمايتتى، ئۇلارنىڭ كادىرلىرى بىلەنمۇ ياخشى تونۇشمايتتى. نىمىنى بىلمەيتتى؟ تىلنى بىلمەيتتى، يەنى خەلق ئاممىسىنىڭ باي، جانلىق تىلى توغرىسىدا تولۇق بىلىمى يوق ئىدى. نۇرغۇن ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى ئۆزى ئاممىدىن ئايرىلغان بولغاچقا، تۇرمۇشى مەنىسىز بولغاچقا، ئەلۋەتتە، خەلق تىلىنىمۇ ياخشى بىلمەيتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تىلى تېتىقسىز ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلارغا ھەمىشە بەزى ياسىما، خەلق تىلىغا يات، قالاىشمىغان ئىبارىلەر قىستۇرۇلغان بولاتتى. نۇرغۇن يولداشلار «ئاممىۋىلەشتۈرۈش» دېيىشكە ئامراق، لېكىن ئاممىۋىلەشتۈرۈش دېگەن نىمە؟ بۇ بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىمىزنىڭ پىكىر-ھېسسىياتتا ئىشچى-دىخان-ئەسكەرلەر ئاممىسى بىلەن ئىچقويۇن-تاشقويۇن بولۇپ كېتىشىدىن ئىبارەت. ئىچقويۇن-تاشقويۇن بولۇپ كېتىش ئۈچۈن ئاممىنىڭ تىلىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش كېرەك. ئاممىنىڭ تىلىدىن بىلمەيدىغان نەرسىلەر كوپ تۇرسا، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيتى ئۈستىدە يەنە نىمە سوز بولسۇن؟ «قەھرىمانغا ماھارەت كورسىتىش ئۈچۈن زىمىن يوق» دېگەنلىك، سىنىڭ چوڭ داۋىللىرىڭنى ئاممە ياراتمايدۇ، دېگەنلىكتۇر. سەن ئاممە ئالدىدا ئوز سالاھىيىتىڭنى قانچە ئاشۇرۇپ كورسەتسەڭ، ئوزەڭنى قانچە «قەھرىمان» قىلىپ كورسەتسەڭ، بۇ نىملىرىڭنى بازارغا قانچە سالساڭ، ئاممە ئالدىدا شۇنچە ئوتمەيدۇ. سەن ئوزەڭنى ئاممە چۈشەنسۇن دەسەڭ، ئاممە بىلەن ئىچقويۇن-تاشقويۇن بولۇپ كەتمەكچى بولساڭ، ئۇزاق مۇددەتلىك ھەتتا مۇشەققەتلىك چېنىقىشنى باشتىن كەچۈرۈشكە بەل باغلىشىڭ

كېرەك. بۇ يەردە مەن ئۆز ھېسسىياتىمنىڭ ئۆزگىرىشى توغرىسىدىكى تەجرىبەمنى ئېيتىپ بېرەي. مەن ئوقۇغۇچىلىقتىن كېلىپ چىققان ئادەم، مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلىق ئادىتىگە ئۆگىنىپ قالغان ئىدىم، مۈرىسىگە ئەپكەش، قولىغا سايمان ئېلىپ باقمىغان بىر توپ ئوقۇ-غۇچىلار ئالدىدا كىچىككىنە ئەمگەك قىلىش، مەسىلەن، ئۆزەمنىڭ شەكلىمنى كۆتىرىشمۇ ماڭا ياراشمايدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ماڭا ئۇ چاغدا دۇنيادا پەقەت زىيالىلارلا پاكىز، ئىشچى، دېھقانلار ھامان پاسكىنىراق سېزىلەتتى. زىيالىلارنىڭ كىيىمنى باشقىلارنىڭ دىمەي، پاكىز دەپ كىيەتتىم؛ ئىشچى، دېھقانلارنىڭ كىيىمنى پاسكىنا دەپ كىيگۈم كەلمەيتتى. ئىنقىلابقا قاتناشتىم، ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە ئىنقىلاۋىي ئارمىيە جەڭچىلىرى بىلەن بىللە بولدۇم، ئۇلار بىلەن ئاستا-ئاستا تونۇشتۇم، ئۇلارمۇ مەن بىلەن ئاستا-ئاستا تونۇشتى. شۇ چاغدا، پەقەت شۇ چاغدىلا، بۇرژۇئازىيە مەكتىۋى ماڭا سىڭدۈرگەن بۇرژۇئازىيە ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ھېسسىياتىنى تۈپ-ئاساسىدىن ئۆزگەرتتىم. شۇ چاغدا تېخى ئۆز-گەرمىگەن زىيالىلارنى ئىشچى، دېھقانلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، زىيالىلارنىڭ پاكىز ئەمەسلىكىنى، ئىشچى، دېھقانلارنىڭ ئەڭ پاكىز ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ قولى قارا بولسىمۇ، پۇتىدا كالا تېزىكى يۇقۇندىلىرى بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇرژۇئا ۋە ئۇششاق بۇرژۇئا زىيالىلىرىدىن يەنىلا پاكىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ھېسسىياتتا ئۆزگىرىش بولغانلىق يەنى بىر سىنىپتىن يەنە بىر سىنىپقا ئۆتكەنلىك دەپ ئەنە شۇنى دەيدۇ. بىزنىڭ زىيالىلاردىن كېلىپ چىققان ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىمىز ئۆز ئەسەرلىرىنى ئامما قارشى ئالسۇن دىسە، ئۆزىنىڭ پىكىر-ھېسسىياتىدا ئۆزگىرىش ياسىشى ۋە

ئۇنى ئۆزگەرتىشى لازىم. بۇنداق ئۆزگىرىش ۋە بۇنداق ئۆزگەرتىش بولمىسا، ھېچقانداق ئىشنى ياخشى قىلغىلى بولمايدۇ، ھېچقانداق ئىش جايىدىن چىقمايدۇ.

ئەڭ ئاخىرقى مەسىلە — ئۆگىنىش، مېنىڭ ئېيتماقچى بولغىنىم — ماركسىزىم-لېنىنىزىمنى ئۆگىنىش ۋە جەمئىيەتنى ئۆگىنىش. ئۆزىنى ماركسىزىمچى ئىنقىلاۋىي يازغۇچى دەپ ئاتايدىغان يازغۇچى بولۇپمۇ پارتىيىلىك يازغۇچى ماركسىزىم-لېنىنىزىم بىلىملىرىگە ئىگە بولۇشى لازىم. ئەمما ھازىر بەزى يولداشلاردا ماركسىزىملىق تۈپ نۇقتىنەزەر كەملىك قىلىۋاتىدۇ. ئېيتايلى، ماركسىزىمنىڭ بىر تۈپ نۇقتىنەزىرى مەۋجۇدىيەت ئاڭنى بەلگىلەيدۇ، سىنىپىي ۋە مىللىي كۆرەشلەرنىڭ كېگۆەن ئەمەلىيىتى بىزنىڭ پىكىر-ھېسسىياتىمىزنى بەلگىلەيدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. لېكىن بىزنىڭ بەزى يولداشلىرىمىز بۇ مەسىلىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىدۇ-دە، قانداقتۇ، ھەممىدە «مۇھەببەت»نى نەزەردە تۇتۇش كېرەك، دەيدۇ. مۇھەببەتنى ئالايلى، سىنىپىي جەمئىيەتتە سىنىپىي مۇھەببەتلا بولىدۇ، لېكىن بۇ يولداشلار قانداقتۇ سىنىپتىن خالىي مۇھەببەتنى، ئابستراكت مۇھەببەتنى ھەممىدە ئابستراكت ئەركىنلىك، ئابستراكت ھەقىقەت، ئابستراكت ئىنسان تەبىئىتىگە ئوخشاشلارنى قوغلىشىدۇ. بۇ ئەنە شۇ يولداشلارنىڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ. بۇنداق تەسىردىن تازا ئۈزۈل-كېسىل ھېساپ ئېلىش، ماركسىزىم-لېنىنىزىمنى تازا ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىش كېرەك. ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنى ئۆگىنىشى كېرەك، بۇ توغرا، لېكىن ماركسىزىم-لېنىنىزىم — بارلىق ئىنقىلاپچىلار ئۆگىنىشكە تېگىشلىك پەن،

ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى بۇنىڭ سىرتىدا قالالمايدۇ. ئەدەبىـ يات ـ سەنئەت خادىملىرى جەمىيەتنى ئۆگىنىشى يەنى جەمىيەتتىكى سىنىپلارنى تەتقىق قىلىشى، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى ۋە ھەرقايسىسىنىڭ ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشى، ئۇلارنىڭ قىياپىتىنى ۋە روھىي ھالىتىنى تەتقىق قىلىشى لازىم. پەقەت مۇشۇلارنى ئېنىقلىۋالـ غاندىلا، بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىز باي مەزمۇنغا ۋە توغرا يونىلىشكە ئىگە بولالايدۇ.

بۈگۈن مەن كىرىش سۆز ئورنىدا مۇشۇ مەسىلىلەرنىلا ئوتتۇرىغا قويدۇم، كۆپچىلىكنىڭ بۇ مەسىلىلەر ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر بايان قىلىشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

## خۇلاسە (1942 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى)

يولداشلار! بىزنىڭ بۇ يىغىنىمىز بىر ئاي ئىچىدە ئۈچ قېتىم ئوتكۈزۈلدى. كۆپچىلىك ھەقىقەت ئىزدەش ئۈچۈن قىزغىن مۇنازىرە ئېلىپ باردى، پارتىيىلىك ۋە پارتىيىسىز يولداشلاردىن بىرنەچچە ئون كىشى سۆزگە چىقىپ، مەسىلىنى كەڭ ئاچتى ھەم كونكرېتلاشـ تۇردى. مەن بۇنى پۈتۈن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەركىتىگە ناھايىتى پايدىلىق دەپ ھېسابلايمەن.

بىز مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلغاندا، تەبىرلەرنى نەزەردە تۇتماستىن، ئەمەلىيەتنى نەزەردە تۇتۇشىمىز كېرەك. ئەگەر بىز ئەدەبىياتنىڭ نېمە ئىكەنلىكى، سەنئەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكى توغرىسىـ دىكى تەبىرلەرنى دەرسلىك كىتابلاردىن ئىزدەپ، ئاندىن شۇ تەبىرلەر بويىچە بۈگۈنكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەركىتىنىڭ فاڭجېنىنى

بەلگىلەيدىغان بولساق، بۈگۈنكى كۈندە يۈزبەرگەن ھەر خىل قاراشلار ۋە مۇنازىرىلەرگە باھا بېرىدىغان بولساق، بۇنداق ئۇسۇل توغرا بولماس ئىدى. بىز ــ ماركسىزمچىلارمىز، ماركسىزىم بىزنى مەسىلىلەرگە قاراشتا ئابستراكت تەبىرلەرنى نەزەردە تۇتماستىن، كېڭۈەن ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان پاكىتلارنى نەزەردە تۇتۇشقا، مۇشۇ پاكىتلارنى تەھلىل قىلىش ئاساسىدا فاڭجېن، سىياسەت ۋە چارە ـ تەدبىرلەرنى تېپىشقا ئۆگىتىدۇ. بىز ھازىر ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىنى مۇھاكىمە قىلىۋاتىمىز، بۇنىڭدىمۇ شۇنداق قىلىشىمىز لازىم.

ھازىرقى پاكىتلار نىمىلەردىن ئىبارەت؟ پاكىتلار مۇنۇلاردىن ئىبارەت: جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى 5 يىل ئېلىپ بارغان ئۇرۇشى؛ پۈتۈن دۇنيانىڭ فاشىزىمغا قارشى ئۇرۇشى؛ جۇڭگو چوڭ پومېشچىك ـ چوڭ بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ياپون باسقۇنچى- لىرىغا قارشى ئۇرۇش داۋامىدىكى تەۋرىنىشى ۋە ئۇلارنىڭ خەلققە قاراتقان قاتتىق بېسىم سىياستى؛ «4 ـ ماي»دىن بۇيانقى ئىنقىلاۋىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەركىتى ــ بۇ ھەركەتنىڭ 23 يىل داۋامىدا ئىنقىلاپقا قوشقان ئۇلۇغ توھپىسى ۋە ئۇنىڭ نۇرغۇن كەمچىلىكلىرى؛ 8 ـ ئارمىيە بىلەن يېڭى 4 ـ ئارمىيىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك گېنجۈيدىلىرى، بۇ گېنجۈيدىلەردىكى نۇرغۇنلىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ 8 ـ ئارمىيە، يېڭى 4 ـ ئارمىيە بىلەن ۋە ئىشچىلار، دىخانلار بىلەن بىرلەشكەنلىگى؛ گېنجۈيدىلەر- دىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى بىلەن گومىنداڭ ھوكۇمرانلىق قىلىۋاتقان رايونلاردىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ شارائىتى ھەم ۋەزىپىلىرىدىكى پەرقلەر؛ ھازىر يەنئەندىكى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى گېنجۈيدىلەردىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت

خىزمىتىدە تۇغۇلغان تالاش ـ تارتىشلار مەسىلىسى. ـــ مانا بۇلار ئەمىلىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، ئېنىقلا قىلىنىشى لازىم بولغان پاكىتلار، بىز ئۆز مەسىلىلىرىمىزنى مۇشۇ پاكىتلار ئاساسىدا ئويلىشىشىمىز لازىم.

ئەمما، بىزدىكى مەسىلىنىڭ مەركىزى نېمە؟ مېنىڭچە، بىزدىكى مەسىلە، ئاساسەن، ئاممە ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەسىلىسى ۋە ئاممە ئۈچۈن قانداق خىزمەت قىلىش مەسىلىسى. بۇ ئىككى مەسىلە ھەل قىلىنمىسا ياكى بۇ ئىككى مەسىلە لايىقىدا ھەل قىلىنمىسا، بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىمىز ئۆز شارائىتىغا، ۋەزىپىسىگە ماسلىشالماي قالىدۇ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىمىز تاشقى ۋە ئىچكى جەھەتلەردىن بىر قاتار مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىپ قالىدۇ. مەن ئۆز خۇلاسەمدە مۇشۇ ئىككى مەسىلىنى مەركەز قىلىمەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك باشقا مەسىلىلەر ئۈستىدىمۇ توختىلىمەن.

## 1

بىرىنچى مەسىلە: بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىز كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك؟

بۇ مەسىلە ئەسلىدە ماركسىزمچىلار بولۇپمۇ لېنىن تەرىپىدىن ئاللىقاچان ھەل قىلىنغان. لېنىن 1905 ـ يىلىدىلا، بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىز «مىليونلىغان، ئون مىليونلىغان ئەمگەكچىلەرگە خىزمەت قىلىشى»① كېرەك، دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتكەن ئىدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كېنجۈيدىلىرىمىزدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت

خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى يولداشلىرىمىز ئارىسىدا بۇ مەسىلە
ھەل قىلىنىپ بولغاندەك، ئۇنى قايتا سوزلەشنىڭ ھاجىتى يوقتەك
كورۇنىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. نۇرغۇن يولداشلار بۇ
مەسىلىنى تېخى ئېنىق ھەل قىلىۋالغىنى يوق. شۇنىڭ ئۇچۇن،
ئۇلارنىڭ كەيپىياتىدا، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە، ئۇلارنىڭ ھەركەت-
لىرىدە، ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت فاڭجېنى مەسىلىسى توغرىسى-
دىكى پىكىرلىرىدە ئاممىنىڭ ئېھتىياجىغا ۋە ئەمەلىي كۇرەشنىڭ
ئېھتىياجىغا ماس كەلمەيدىغان ئەھۋاللار ئازدۇر-كوپتۇر بولۇپ
تۇرىدۇ. ئەلۋەتتە، ھازىر گۇڭچەندالڭ، 8-ئارمىيە ۋە يېڭى 4-ئارمىيە
بىلەن بىرلىكتە ئۇلۇغ ئازاتلىق كۇرىشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان
كوپلىگەن مەدەنىيەت ئەرباپلىرى، ئەدىپلەر، سەنئەتكارلار ۋە ئادەت-
تىكى ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى ئىچىدە بەزىلىرى ۋاقىتلىق
كەلگەن پۇرسەتپەرەسلەردىن بولۇشىمۇ مۇمكىن، لېكىن ئۇلارنىڭ
مۇتلەق كوپچىلىكى ئورتاق ئىشلار ئۇچۇن تىرىشىپ ئىشلەۋاتىدۇ.
مۇشۇ يولداشلارغا تايىنىپ، بىزنىڭ پۈتۈن ئەدەبىيات خىزمىتىمىز،
تىياتىر خىزمىتىمىز، مۇزىكا خىزمىتىمىز ۋە نەپىس سەنئەت خىزمىتىمىز
ناھايىتى زور ئۇتۇقلارغا ئىگە بولدى. بۇ ئەدەبىيات-سەنئەت
خادىملىرىدىن بىرمۇنچىلىرى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش
باشلانغاندىن كېيىن خىزمەتكە كىرىشكەن؛ بىرمۇنچىلىرى ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىن ئىلگىرى كوپ ۋاقىت ئىنقىلاۋىي
خىزمەتلەردە بولغان، نۇرغۇن جاپا-مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن كەچۇر-
گەن ھەمدە ئوز خىزمىتى ۋە ئەسەرلىرى بىلەن كەڭ ئاممىگە تەسىر
كورسەتكەن. لېكىن نىمە ئۇچۇن، مۇشۇ يولداشلار ئارىسىدىمۇ ئەدە-
بىيات-سەنئەت كىم ئۇچۇن خىزمەت قىلىشى كېرەك دېگەن مەسىلىنى

تېخى ئېنىق ھەل قىلالمىغانلار بار، دەيمىز؟ بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىنقىلاۋىي ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ خەلق ئاممىسى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار ۋە ئەزگۈچىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىنى قوۋۋەتلىگۈچىلەرمۇ بارمۇ؟

دەرۋەقە، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار ۋە ئەزگۈچىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئەدەبىيات-سەنئەت بار. ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ پومېشچىكلار سىنىپى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغىنى — فېئوداللىق ئەدەبىيات-سەنئەت. جۇڭگونىڭ فېئوداللىق دەۋرىدىكى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئەدەبىيات-سەنئىتى ئەنە شۇنداق نەرسە. بۇنداق ئەدەبىيات-سەنئەت جۇڭگودا تا ھازىرغىچە خېلى زور تەسىرگە ئىگە بولۇپ كەلمەكتە. ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ بۇرژۇئازىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغىنى — بۇرژۇئازىيە ئەدەبىيات-سەنئىتى. لۇشۈن تەنقىت قىلغان لياڭ شىچيۇغا② ئوخشاش كىشىلەر گەرچە ئاغزىدا، ئەدەبىيات-سەنئەت سىنىپتىن خالى، دىگەن نىمىنى ئوتتۇرىغا قويىسمۇ، لېكىن، ئەمەلىيەتتە بۇرژۇئازىيە ئەدەبىيات-سەنئىتىنى قوۋۋەتلەپ، پرولېتارىيات ئەدەبىيات-سەنئىتىگە قارشى تۇرىدۇ. ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ جاھانگىرلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغىنى — جۇ زورېن، جاڭ زىپىڭغا③ ئوخشاش كىشىلەرنىڭ ئەنە شۇنداق — ۋەتەن خائىنلىرى ئەدەبىيات-سەنئىتى دەپ ئاتىلىدۇ. بىزدە ئەدەبىيات-سەنئەت يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ھەر خىل كىشىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلماستىن، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بىز، جۇڭگونىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى يېڭى مەدەنىيىتى پرولېتارىيات رەھبەرلىك قىلىدىغان، خەلق ئاممىسىغا مەنسۇپ بولغان، جاھانگىرلىككە ۋە فېئوداللىزىمغا قارشى مەدەنىيەت، دىگەن ئىدۇق. خەلق ئاممىسىغا ھەقىقى مەنسۇپ بولغان

نەرسە — ھازىر چوقۇم پۇرولېتارىيات رەھبەرلىكىدىكى نەرسە. بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىكىدىكى نەرسىلەرنىڭ خەلق ئاممىسىغا مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. يېڭى مەدەنىيەت تەركىبىدىكى يېڭى ئەدەبىيات ۋە يېڭى سەنئەتنىڭمۇ شۇنداق ئىكەنلىكى تەبىي. بىز جۇڭگونىڭ ۋە چەتئەللەرنىڭ ئۆتكەن دەۋرلەردىن قالغان باي ئەدەبىيات-سەنئەت مىراسلىرىغا ۋە ئوبدان ئەدەبىيات-سەنئەت ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىمىز، لېكىن مەقسىدىمىز — يەنىلا خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش. بىز ئۆتكەن دەۋرلەرنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت شەكىللىرىدىن پايدىلىنىشنىمۇ رەت قىلمايمىز، لېكىن بۇ كونا شەكىللەر بىزنىڭ قولىمىزغا ئۆتۈشى بىلەن ئۆزگەرتىلىدۇ، ئۇلارغا يېڭى مەزمۇن كىرگۈزۈلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئىنقىلاۋىي نەرسىگە ئايلىنىدۇ.

ئەمسە، خەلق ئاممىسى دېگەن نېمە؟ ئەڭ كەڭ خەلق، پۈتۈن ئاھالىنىڭ 90 پىرسەنتتىن ئارتۇقراقىنى تەشكىل قىلىدىغان خەلق — ئىشچىلار، دېھقانلار، ئەسكەرلەر ۋە شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئىتىمىز، بىرىنچىدىن، ئىشچىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك، ئۇلار ئىنقىلاپقا رەھبەرلىك قىلىدىغان سىنىپ. ئىككىنچىدىن، دېھقانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك، ئۇلار ئىنقىلاپنىڭ ئەڭ كەڭ، ئەڭ قەتئىي ئىتتىپاقچى قوشۇنى. ئۈچىنچىدىن، قورااللانغان ئىشچىلار ۋە دېھقانلار ئۈچۈن يەنى 8-ئارمىيە، يېڭى 4-ئارمىيە ۋە باشقا خەلق قوراللىق قوشۇنلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك، ئۇلار ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشنىڭ ئاساسى كۈچى. تۆتىنچىدىن، شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئا ئەمگەكچىلىرى ۋە زىيالىيلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك، ئۇلارمۇ ئىنقىلاپنىڭ

ئىتتىپاقچىلىرى، ئۇلار ئۇزاق مۇددەت ئىچىدە بىز بىلەن ھەمكارلىشالايدۇ. بۇ تۆت خىل كىشىلەر ـــ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەڭ زور قىسمى، ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسى.

بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىز يۇقۇرىدا ئېيتىلغان تۆت خىل كىشىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك. بىز مۇشۇ تۆت خىل كىشىلەرگە خىزمەت قىلىمىز دىسەك، پرولېتارىيات مەيدانىدا تۇرۇشىمىز كېرەك، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە مەيدانىدا تۇرۇشقا بولمايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە شەخسىيەتچىلىكتە، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە مەيدانىدا قاتتىق تۇرۇۋالىدىغان يازغۇچىلارنىڭ ئىنقىلاۋىي ئىشچى ـ دىخان ـ ئەسكەرلەر ئاممىسى ئۈچۈن ھەقىقى تۈردە خىزمەت قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇلاردىكى قىزىقىش، ئاساسەن، ئاز ساندىكى ئۇششاق بۇرژۇئا زىيالىلىرىغا قارىتىلغان. ھالبۇكى، ھازىر بىر قىسىم يولداشلىرىمىزنىڭ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك، دىگەن مەسىلىنى توغرا ھەل قىلالمايۋاتقانلىقىنىڭ تۈگۈنى دەل ئەنە شۇ يەردە. مېنىڭ بۇنداق دىگىنىم، نەزىرىيەدە شۇنداق بولۇۋاتىدۇ، دىگەنلىك ئەمەس. بىزنىڭ قوشۇنىمىزدا نەزىرىيەدە ياكى ئېغىزدا ئىشچى ـ دىخان ـ ئەسكەرلەر ئاممىسىنى ئۇششاق بۇرژۇئا زىيالىلىرىدىن موھىم ئەمەس دەپ قارايدىغان بىرمۇ كىشى يوق. مەن، ئەمەلىيەتتە، ھەركەتتە شۇنداق بولۇۋاتىدۇ، دەۋاتىمەن. ئەمەلىيەتتە، ھەركەتتە ئۇلار ئۇششاق بۇرژۇئا زىيالىلىرىنى ئىشچى، دىخان، ئەسكەرلەردىنمۇ موھىمراق دەپ قاراۋاتامدۇ؟ مېنىڭچە، شۇنداق دەپ قاراۋاتىدۇ. نۇرغۇن يولداشلار ئۇششاق بۇرژۇئا زىيالىلىرىنى تەتقىق قىلىشقا، ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتىنى تەھلىل قىلىشقا بىرقەدەر ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنى ئالاھىدە تەسۋىرلەيدۇ، ئۇلارنىڭ كەمچىلىكىنى

ئەپۇ قىلىدۇ ۋە ئاقلايدۇ، ئەمما ئۇلارنى ئۆزى بىلەن بىللە ئىشچى ـ دېھقان ـ ئەسكەرلەر ئاممىسىگە يېقىنلىشىشقا، ئىشچى ـ دېھقان ـ ئەسكەرلەر ئاممىسىنىڭ ئەمەلىي كۈرەشلىرىگە قاتنىشىشقا، ئىشچى ـ دېھقان ـ ئەسكەرلەر ئاممىسىنى تەسۋىرلەشكە، ئىشچى ـ دېھقان ـ ئەسكەرلەر ئاممىسىنى تەربىيىلەشكە باشلىمايدۇ. نۇرغۇن يولداشلار ئۆزلىرى ئۇششاق بۇرژۇئازىيىدىن كېلىپ چىققانلىقتىن، ئۆزلىرى زىيالىي بولغانلىقتىن، پەقەت زىيالىيلار قاتارىدىنلا دوست ئىزلەيدۇ، ئۆزىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى زىيالىيلارنى تەتقىق قىلىش ۋە تەسۋىرلەشكە قارىتىدۇ. ئۇلار مۇشۇنداق تەتقىق قىلىش ۋە تەسۋىرلەشتە ئەگەر پرولېتارىيات مەيدانىدا تۇرغان بولسا، توغرۇلۇق قىلغان بولاتتى. لېكىن ئۇلار ئۇنداق قىلمىدى ياكى تولۇق ئۇنداق قىلمىدى. ئۇلار ئۇششاق بۇرژۇئازىيە مەيدانىدا تۇرىدۇ، ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىنى ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى تەسۋىرلىشى تەرىقىسىدە يارىتىدۇ، بىز بۇنداق نەرسىلەرنى خېلى كۆپ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدە ئۇچرىتىمىز. ئۇلار كۆپ ۋاقىتلاردا ئۇششاق بۇرژۇئازىيىدىن كېلىپ چىققان زىيالىيلارغا قىزغىن ھېسداشلىق بىلدۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ كەمچىلىكلىرىگىمۇ ھېسداشلىق بىلدۈرىدۇ، ھەتتا بۇلارنى تەرغىپ قىلىدۇ. ئۇلار ئىشچى ـ دېھقان ـ ئەسكەرلەر ئاممىسى بىلەن بولسا ئانچە يېقىنلاشمايدۇ، ئۇلارنى ئانچە چۈشەنمەيدۇ، ئانچە تەتقىق قىلمايدۇ، ئۇلار بىلەن ئانچە سىرداش دوست بولمايدۇ، ئۇلارنى ياخشى تەسۋىرلىيەلمەيدۇ؛ تەسۋىرلىگەندىمۇ كىيىمدىن ئەمگەكچى خەلق، چىرايىدىن ئۇششاق بۇرژۇئا زىيالىيسى قىلىپ قويىدۇ. ئۇلار بەزى جەھەتلەردە ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەرنىمۇ ياقتۇرىدۇ، ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەردىن

كىلىپ چىققان كادىرلارنىمۇ ياقتۇرىدۇ، لېكىن بەزى ۋاقىتلاردا ياقتۇرمايدۇ، بەزى يەرلىرىنى ياقتۇرمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىنى ياقتۇرمايدۇ، ئۇلارنىڭ تەققى ـ تۇرقىنى ياقتۇرمايدۇ، ئۇلارنىڭ تورەلمە ھالەتتىكى ئەدبىيات ـ سەنئىتىنى (تام گېزىتلىرى، تام سۇرەتلىرى، خەلق قوشاقلىرى، خەلق چوچەكلىرى ۋە باشقىلىرىنى) ياقتۇرمايدۇ. ئۇلار بەزىدە بۇ نەرسىلەرنى ياقتۇرۇپمۇ قالىدۇ، بىراق غەلىتە نەرسىلەرنى تېپىش ئۈچۈن، ئوز ئەسەرلىرىنى بېزەش ئۈچۈن ھەتتا ئۇنىڭ ئىچىدىكى قالاق نەرسىلەرنى تېپىش ئۈچۈن ياقتۇرىدۇ. بەزىدە ئۇ نەرسىلەردىن ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق يىرگىنىدۇ ـ دە، ئۇششاق بۇرژۇئا زىيالىلىرىنىڭ ھەتتا بۇرژۇئازىيىنىڭ نەرسىلىرىنىلا ياقتۇرۇپ كېتىشىدۇ. بۇ يولداشلارنىڭ مەۋقەسى ھېلىمۇ ئۇششاق بۇرژۇئا زىيالىلىرى تەرەپتە، ياكى، چىرايلىقراق سوز بىلەن ئېيتقاندا، ئۇلار ـ نىڭ روھىي دۇنياسىدا ئۇششاق بۇرژۇئا زىيالىلىرىنىڭ پادىشالىقى چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. شۇنداق قىلىپ، كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەسىلىسىنى ئۇلار تېخى ھەل قىلمىغان، ياكى ئېنىق ھەل قىلمىغان. بۇنى يەنئەنگە كەلگەنگە ئۇزاق بولمىغان كىشىلەرلا ئەمەس، ھەتتا ئالدىنقى سەپتە بولغان، گېنجۈيىدىلەردە، 8 ـ ئارمىيىدە ۋە يېڭى 4 ـ ئارمىيىدە بىرنەچچە يىل خىزمەت قىلغان كىشىلەردىنمۇ بىرمۇنچىلىرى تەلتوكۇس ھەل قىلمىغان. بۇ مەسىلىنى تەلتوكۇس ھەل قىلىش ئۈچۈن 8 — 10 يىلچە ئۇزاق ۋاقىت بولمىسا بولمايدۇ. لېكىن ۋاقىت قانچە ئۇزاق بولسا بولسۇن، بىز ئۇنى ھەل قىلىشىمىز لازىم، ئۇنى ئېنىق، تەلتوكۇس ھەل قىلىشىمىز لازىم. بىزنىڭ ئەدبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىمىز بۇ ۋەزىپىنى چوقۇم ئورۇنلىشى، مەۋقەسىنى چوقۇم يوتكىشى، ئىشچى ـ دېخان ـ ئەسكەرلەر ئاممىسى

ئىچىگە، ئەمەلىي كۈرەشلەرگە چوڭقۇر چۆكۈش جەريانىدا، ماركس-
زىمنى ۋە جەمئىيەتنى ئۆگىنىش جەريانىدا چوقۇم پەيدىن-پەي
يۆتكىشى، ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر تەرەپكە يۆتكىشى، پرولې-
تارىيات تەرەپكە يۆتكىشى كېرەك. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا، بىز
ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن ھەقىقىي خىزمەت قىلىدىغان
ئەدەبىيات-سەنئەتكە، ھەقىقىي پرولېتارىيات ئەدەبىيات-سەنئىتىگە
ئىگە بولالايمىز.

كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەسىلىسى — تۈپ-ئاساسىي مەسىلە،
پرىنسىپلىق مەسىلە. ئىلگىرى بەزى يولداشلار ئارىسىدىكى تالاش-
تارتىش، ئىختىلاپ، قارىمۇ-قارشىلىق ۋە ئىتتىپاقسىزلىقلار مۇشۇ
تۈپ-ئاساسىي پرىنسىپلىق مەسىلە ئۈستىدە بولماي، بەزىبىر
ئىككىنچى ئورۇندىكى ھەتتا پرىنسىپسىز مەسىلىلەر ئۈستىدە بولدى.
ھالبۇكى، بۇ پرىنسىپلىق مەسىلە ئۈستىدە، تالاش-تارتىش قىلغۇچى
ئىككى تەرەپتە ھېچقانداق ئىختىلاپ يوق ئىدى، ئىككى تەرەپ بىر
دېگۈدەك ئىدى، ھەر ئىككى تەرەپتە مەلۇم دەرىجىدە ئىشچى،
دېھقان، ئەسكەرلەرگە سەل قاراش، ئاممىدىن ئايرىلىش خاھىشلىرى
بار ئىدى. مېنىڭ مەلۇم دەرىجىدە دېگىنىمنىڭ سەۋەبى، ئومۇمەن
ئېيتقاندا، بۇ يولداشلارنىڭ ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەرگە سەل
قارىشى، ئاممىدىن ئايرىلىشى گومىنداڭنىڭ ئىشچى، دېھقان، ئەس-
كەرلەرگە سەل قارىشىغا، ئاممىدىن ئايرىلىشىغا ئوخشىمايدۇ؛ لېكىن
قانداق بولسا بولسۇن، بۇ خاھىش بار. بۇ تۈپ-ئاساسىي مەسىلە
ھەل قىلىنمىسا، باشقا نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئاسان
بولماي قالىدۇ. مەسىلەن، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى
مەزھەپچىلىكنى ئالايلى، بۇمۇ پرىنسىپلىق مەسىلە، لېكىن مەزھەپچى-

لىكنى يوقىتىش ئۈچۈنمۇ پەقەت ئىشچى، دېھقانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، 8-ئارمىيە بىلەن يېڭى 4-ئارمىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئاممە ئارىسىغا بېرىش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدىلا ھەمدە ئۇنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرغانىدىلا، مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ، ئۇنداق قىلمىغاندا، مەزھەپچىلىك مەسىلىسىنى ھەرگىز ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. لۇشۈن مۇنداق دېگەن ئىدى: «بىرلەشمە سەپ ئورتاق مەقسەتنىڭ بولۇشىنى زورۇر شەرت قىلىدۇ. ...... سېپىمىزنىڭ بىرلىككە كېلەلمىگەنلىكى ياكى پەقەت كىچىك گۇرۇھنىلا دەپ، ياكى ئەمەلدە پەقەت شەخسنىلا دەپ، مەقسىدىمىزنىڭ بىردەك بولالمايۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەگەر ھەممىنىڭ مەقسىدى ئىشچى-دېھقانلار ئاممىسىنى كۆزدە تۇتۇش بولسا، ئەلۋەتتە، سېپىمىزمۇ بىرلىككە كەلگەن بولاتتى.»④ بۇ مەسىلە ئۇ چاغدا شاڭخەيدە بار ئىدى، ھازىر چۇڭچىڭدىمۇ بار. ئۇ جايلاردا بۇ مەسىلىنى تەلتۆكۈس ھەل قىلىش ناھايىتى قىيىن، چۈنكى ئۇ جايلاردىكى ھۆكۈمرانلار ئىنقىلابىي ئەدىبلەر ۋە سەنئەتكارلارنى ئېزىدۇ، ئۇلاردا ئىشچى-دېھقان-ئەسكەرلەر ئاممىسى ئارىسىغا بېرىش ئەركىنلىكى بولۇشىغا يول قويمايدۇ. بىزنىڭ بۇ يەردە ئەھۋال تامامەن باشقىچە. بىز ئىنقىلابىي ئەدىبلەر ۋە سەنئەتكارلارنى ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەرگە پائال يېقىنلىشىشقا رىغبەتلەندۈرىمىز، ئۇلارنىڭ ئاممە ئارىسىغا بېرىشىغا تولۇق ئەركىنلىك بېرىمىز، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئىنقىلابىي ئەدەبىيات-سەنئەت يارىتىشىغا تولۇق ئەركىنلىك بېرىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مەسىلە بىزنىڭ بۇ يەردە ھەل بولۇشقا يېقىنلىشىپ قالدى. ھەل بولۇشقا يېقىنلاشقانلىق ھەرگىز تولۇق، تەلتۆكۈس ھەل بولغانلىق ئەمەس؛ بىزنىڭ، ماركسىزمنى ۋە جەمئىيەتنى

ئۈگىنىش كېرەك، دېيىشىمىزدىن مەقسەت — مۇشۇ مەسىلىنى تولۇق، تەلتۆكۈس ھەل قىلىش. بىز ئېيتىۋاتقان ماركسىزىم ئېغىزدىكى ماركسىزىم ئەمەس، ئاممىنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئاممىنىڭ كۈرىشىدە ئەمىلىي رول ئويناپدىغان جانلىق ماركسىزىم. ئېغىزدىكى ماركسىزىم ئەمىلىي تۇرمۇشتىكى ماركسىزىمغا ئايلاندۇرۇلسا، مەزھەپچىلىك پەيدا بولمايدۇ. مەزھەپچىلىك مەسىلىسى ھەل بولۇپلا قالماستىن، باشقا نۇرغۇن مەسىلىلەرمۇ ھەل بولىدۇ.

## 2

كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەسىلىسى ھەل قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۇلىنىپلا كېلىدىغان مەسىلە — قانداق خىزمەت قىلىش مەسىلىسى. يولداشلارنىڭ سوزى بىلەن ئېيتقاندا، بۇ: يۇقۇرى كوتىرىش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەكمۇ ياكى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەكمۇ؟ دېگەن مەسىلە.

بەزى يولداشلار ئۆتمۈشتە ئومۇملاشتۇرۇشقا خېلى ياكى ئېغىر دەرىجىدە سەل قارىدى ۋە ئېتىۋارسىز قارىدى، ئۇلار يۇقۇرى كوتىرىشنى نامۇۋاپىق ھالدا تەكىتلەپ كەتتى. يۇقۇرى كوتىرىشنى تەكىتلەش كېرەك، ئەمما يۇقۇرى كوتىرىشنى بىر تەرەپلىمە، يەككە ھالدا تەكىتلەش، تەكىتلىگەندىمۇ لايىقىدىن ئاشۇرۇۋېتىش خاتا بولىدۇ. مەن يۇقۇرىدا ئېيتقان كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەسىلىسىنىڭ ئېنىق ھەل قىلىنمىغانلىقى توغرىسىدىكى پاكىتلار بۇنىڭدىمۇ كورۇلۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئېنىقلىۋېلىنمىغانلىقتىن، ئۇلار ئېيتقان ئومۇملاشتۇرۇشتىمۇ، يۇقۇرى

كوتىرىشتىمۇ توغرا ئۇلچەم بولمايدۇ، بۇ ئىككىسىنىڭ توغرا مۇناسىۋىتىنى، ئەلۋەتتە، تېخىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىز، ئاساسەن، ئىشچى، دېخان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىكەن، ئۇ ھالدا، ئومۇملاشتۇرۇش دېگىنىمىزمۇ ئىشچى، دېخان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن ئومۇملاشتۇرۇش، يۇقۇرى كوتىرىش دېگىنىمىزمۇ ئىشچى، دېخان، ئەسكەرلەر ئاساسىدىن يۇقۇرى كوتىرىش دېگەنلىكتۇر. ئۇلارغا نىمىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك؟ فېودال ـ پومىششىكلار سىنىپىغا ئېھتىياجلىق بولغان ۋە ئۇلار ئاسان قوبۇل قىلىدىغان نەرسىلەرنىمۇ؟ بۇرژۇئازىيىگە ئېھتىياجلىق بولغان ۋە ئۇلار ئاسان قوبۇل قىلىدىغان نەرسىلەرنىمۇ؟ ئۇششاق بۇرژۇئا زىيالىلىرىغا ئېھتىياجلىق بولغان ۋە ئۇلار ئاسان قوبۇل قىلىدىغان نەرسىلەرنىمۇ؟ ھېچقايسىسى بولمايدۇ، پەقەت ئىشچى، دېخان، ئەسكەرلەرگە ئېھتىياجلىق بولغان ۋە ئۇلار ئاسان قوبۇل قىلىدىغان نەرسىلەرنىلا ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشچى، دېخان، ئەسكەرلەرگە تەربىيە بېرىش ۋەزىپىسىدىن ئىلگىرى ئىشچى، دېخان، ئەسكەرلەردىن ئۈگىنىش ۋەزىپىسى تۇرىدۇ. يۇقۇرى كوتىرىش مەسىلىسىدە تېخىمۇ شۇنداق. يۇقۇرى كوتىرىشتە بىر ئاساس بولۇشى كېرەك. مەسىلەن، بىر چېلەك سۇنى يەردىن كوتەرمەي، كوكتىن كوتىرىش كېرەكمىدى؟ ئۇنداق بولسا، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى يۇقۇرى كوتىرىش دېگەندە، قايسى ئاساستىن يۇقۇرى كوتىرىش كېرەك؟ فېودالار سىنىپى ئاساسىدىنمۇ؟ بۇرژۇئازىيە ئاساسىدىنمۇ؟ ئۇششاق بۇرژۇئا زىيالىلىرى ئاساسىدىنمۇ؟ ھېچقايسىسىدىن ئەمەس، پەقەت ئىشچى ـ دېخان ـ ئەسكەرلەر ئاممىسى ئاساسىدىن يۇقۇرى كوتىرىش. ئىشچى، دېخان، ئەسكەرلەرنى فېودالار سىنىپىنىڭ، بۇرژۇئازىيە-

نىڭ، ئۇشاق بۇرژۇئا زىيالىيلىرىنىڭ «يۇقۇرى دەرىجىسى»گە كۆتىرىشمۇ ئەمەس، بەلكى ئىشچى، دىخان، ئەسكەرلەرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يونۇلۇشىنى بويلاپ، پرولېتارىياتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يونۇلۇشىنى بويلاپ يۇقۇرى كۆتىرىش. دىمەك، بۇ يەردىمۇ ئىشچى، دىخان، ئەسكەرلەردىن ئۈگىنىش ۋەزىپىسى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. پەقەت ئىشچى، دىخان، ئەسكەرلەرنى نەزەردە تۇتقاندىلا، ئومۇملاشتۇرۇش ۋە يۇقۇرى كۆتىرىش توغرىسىدا توغرا چۈشەنچىگە ئىگە بولالايمىز، ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن يۇقۇرى كۆتىرىشنىڭ توغرا مۇناسىۋىتىنىمۇ تاپالايمىز.

خىلمۇ-خىل ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ مەنبەسى زادى نەدە؟ ئىدىيە شەكلىدىكى ھېساپلىنىدىغان ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرى — مەلۇم ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنسانلار مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى. ئىنقىلاۋىي ئەدەبىيات-سەنئەت بولسا خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئىنقىلاۋىي يازغۇچىلار مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى. خەلق تۇرمۇشىدا ئەدەبىيات-سەنئەتكە خام ئەشيا بولىدىغان قېزىلما بايلىقلار ئەزەلدىن مەۋجۇت، بۇلار تەبىي ھالەتتىكى نەرسە، خام نەرسە، لېكىن ئەڭ جانلىق، ئەڭ مول، ئەڭ تۈپ نەرسە؛ بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئالدىدا بارلىق ئەدەبىيات-سەنئەت چېنىپ قالىدۇ، ئۇلار — بارلىق ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ پۈتمەس-تۈگىمەس، بىردىن-بىر مەنبەسى. بۇلار بىردىن-بىر مەنبە، چۈنكى مۇشۇنداق مەنبەلا بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭدىن باشقا ئىككىنچى مەنبە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بەزىلەر، يازما ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرى، قەدىمكى زامان ۋە چەتئەل ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىمۇ مەنبە ئەمەسمۇ؟ دېيىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۆتمۈشتىكى ئەدەبىيات-سەنئەت

ئەسەرلىرى مەنبە ئەمەس، بەلكى ئېقىن، ئۇلار قەدىمكىلەر ۋە چەتئەللىكلەر شۇ زامان، شۇ ماكاندا خەلق تۇرمۇشىدىن ئالغان ئەدىبىيات ـ سەنئەت خام ئەشيالىرىغا ئاساسلىنىپ ياراتقان نەرسىلەر. بىز بارلىق ئېسىل ئەدىبىيات ـ سەنئەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى پايدىلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يېپەنلىك ھالدا قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئوز زامان، ئوز ماكانىمىزدىكى خەلق تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان ئەدىبىيات ـ سەنئەت خام ئەشيالىرىدىن ئەسەر ـ لەر يارىتىشتا ئەينەك قىلىشىمىز لازىم. بۇ ئەينەكنىڭ بولۇشى بىلەن بولماسلىقىنىڭ پەرقى بار، بۇ پەرق بەدىئىلىك بىلەن بەدىئىي ئەمەسلىكنىڭ پەرقى، نەپىسلىك بىلەن قوپاللىقنىڭ پەرقى، ئۇستۇن ـ لۇك بىلەن تۇۋەنلىكنىڭ پەرقى، چاپسانلىق بىلەن ئاستىلىقنىڭ پەرقىدىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىمكىلەرنىڭ ۋە چەتئەللىك ـ لەرنىڭ نەرسىلىرى، مەيلى فېوداللار سىنىپىنىڭ ۋە بۇرژۇئازىيىنىڭ نەرسىلىرى بولسۇن، بىز ئۇلارغا ۋارىسلىق قىلىشنى ۋە ئۇلارنى ئەينەك قىلىشنى ھەرگىز رەت قىلمايمىز. لېكىن ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئەينەك قىلىشنى ئوزىمىزنىڭ ئىجادىيىتى ئورنىغا دەسسىتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ، بۇنداق قىلىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ئەدىبىيات ـ سەنئەتتە قەدىمكىلەرنىڭكىنى ۋە چەتئەللىكلەرنىڭكىنى ھېچقانداق يېپەنسىز كوچۇرۇۋېلىش ۋە دوراش — ئەڭ يارامسىز، ئەڭ زىيانلىق ئەدىبىيات جىياۋتياۋجۇيىسى ۋە سەنئەت جىياۋتياۋجۇيىسى. جۇڭگونىڭ ئىنقىلاۋىي ئەدىبلىرى ۋە سەنئەتكارلىرى، يارامىلىق ئەدىبلىرى ۋە سەنئەتكارلىرى ئاممە ئارىسىغا بېرىشى لازىم، ئۇزاققىچە، شەرتسىز ھالدا ۋە جان ـ دىلى بىلەن ئىشچى ـ دېھقان ـ ئەسكەرلەر ئاممىسى ئارىسىغا بېرىپ، ئوتتەك قىزىق كورەش ئىچىگە بېرىپ، بىردىن ـ بىر،

ئەڭ كەڭ ۋە ئەڭ باي مەنبەگە بېرىپ، بارلىق كىشلەرنى، بارلىق سىنىپلارنى، بارلىق ئاممىنى، بارلىق جانلىق تۇرمۇش ۋە كۈرەش شەكىللىرىنى، بارلىق ئەدەبىيات ۋە سەنئەت خام ماتېرىياللىرىنى كۆزىتىشى، ئۆگىنىشى، تەتقىق قىلىشى ۋە تەھلىل قىلىشى لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، ئىجادىيەت جەريانىغا قەدەم بېسىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. ئۇنداق قىلمىساڭ، سېنىڭ ئەمگىكىڭ دۇيىشياڭسىز بولۇپ قالىدۇ-دە، لۇشۇن ئۆز ۋەسىيىتىدە ئوغلىغا قەتئى ساقلىنىشنى سەممى تاپىلىغان سۆپرىسى قۇرۇق ئەدىب ياكى سۆپرىسى قۇرۇق سەنئەتكارلاردىن⑤ بولۇپ قالىسەن.

ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ بىردىن-بىر مەنبەسى بولسىمۇ، كېيىنكىسىگە قارىغاندا تەڭكىلەشتۈرۈپ بولمايدىغان جانلىق ۋە باي مەزمۇنغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن خەلق يەنە ئالدىنقىسى بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي، كېيىنكىسىنى تەلەپ قىلىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئىككىلىسى گۈزەل بولسىمۇ، لېكىن ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇش ئادەتتىكى ئەمەلىي تۇرمۇشقا قارىغاندا تېخىمۇ يۇكسەك، تېخىمۇ يارقىن، تېخىمۇ يىغىنچاق، تېخىمۇ تىپىك، تېخىمۇ غايىۋى بولىدۇ ۋە شۇنداق بولۇشى كېرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تېخىمۇ ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان بولىدۇ. ئىنقىلاۋىي ئەدەبىيات-سەنئەت ئەمەلىي تۇرمۇشقا ئاساسەن خىلمۇ-خىل ئوبرازلارنى يارىتىپ، ئاممىنىڭ تارىخنى ئالغا سۈرۈشكە ياردەم بېرىشى كېرەك. مەسىلەن، بىر تەرەپتە كىشىلەر ئاچ-يالىڭاچلىقتا قېلىۋاتقان، زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقانلىقىدىن، بىر تەرەپتە ئادەمنى ئادەم ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىۋاتقان، ئادەمنى ئادەم ئېزىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت پاكىت ھەممە

يەردە مەۋجۇت، كىشىلەرمۇ ئۇنى ئادەتتىكى ئىش قاتارىدا كۆرىدۇ؛ ئەدەبىيات-سەنئەت مانا شۇنداق كۈندىلىك ھادىسىلەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭدىكى زىددىيەت ۋە كۈرەشلەرنى تىپىكلەشتۈرۈپ، ئەدەبىي ئەسەرلەر ياكى سەنئەت ئەسەرلىرىنى يارىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىپ، روھلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقلىشىش ۋە كۈرەش قىلىش يولىغا چۈشۈپ، ئۆز شارائىتىنى ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولىدۇ. ئەگەر بۇنداق ئەدەبىيات-سەنئەت بولمىسا، ئۇ چاغدا بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلىغىلى بولمايدۇ، ياكى پائال ۋە تېز ئورۇنلىغىلى بولمايدۇ.

ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتىدىكى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈش دېگەن نېمە؟ بۇ ئىككى خىل ۋەزىپىنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق؟ باشلانغۇچ سەۋىيىلىك نەرسىلەر ئاددىي ۋە چۈشىنىشلىكرەك بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنى ھازىرقى ۋاقىتتا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تېز قوبۇل قىلىشى ئاسانراق بولىدۇ. يۇقىرى سەۋىيىلىك ئەسەرلەر نەپىسرەك بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئىشلەپ چىقىشمۇ قىيىنراق بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ھازىرقى ۋاقىتتا كەڭ خەلق ئاممىسى ئىچىدە چاپسان تارقىلىشىمۇ، كۆپىنچە، قىيىنراق بولىدۇ. ھازىر ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئالدىدا تۇرغان مەسىلە مۇنۇلاردىن ئىبارەتكى، ئۇلار دۈشمەنگە قارشى رەھىمسىز، قانلىق كۈرەشلەرنى ئېلىۋاتىدۇ، لېكىن ئۇلار فېئوداللار سىنىپى ۋە بۇرژۇئازىيىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ھۆكۈمرانلىقى سەۋەبىدىن ساۋاتسىز قالغان ۋە مەدەنىيەتتىن مەھرۇم بولغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئومۇمىيۈزلۈك ئاقارتىش ھەركىتىنى جىددىي تەلەپ قىلماقتا، ئۇلار ئۆزلىرىگە جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان ۋە ئۆزلىرى ئاسان قوبۇل قىلىدىغان مەدەنىيەت

بىلىملىرى ھەم ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىگە ئىگە بولۇپ، ئۇز ـ لىرىنىڭ كۈرەش قىزغىنلىقى ۋە غەلىبە قازىنىش ئىشەنچىنى يۇقۇرى كۆتىرىشنى، ئۇزلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنى، بۇنىڭ بىلەن ئۇزلىرىنىڭ دۇشمەنىگە قارشى بىر نىيەت ـ بىر مەقسەتتە كۈرەش قىلىشىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇشنى جىددى تەلەپ قىلماقتا. ئۇلارغا بىرىنچى قەدەمدە ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقىنى «كىمخاپ ئۇستىگە گۈل بېسىش» ئەمەس، بەلكى «قاتتىق سوغۇقتا كومۇر يەتكۈزۈپ بېرىش». شۇنىڭ ئۇچۇن ھازىرقى شارائىتتا ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدە ۋەزىپە تېخىمۇ جىددى. ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىگە سەل قاراش ۋە ئېتىۋارسىز قاراش پوزىتسىيىسى خاتا.

ئەمما، ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى بىلەن يۇقۇرى كۆتىرىش خىزمىتىنى بىر ـ بىرىدىن پۈتۈنلەي ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ. بىر قىسىم ئېسىل ئەسەرلەرنى ھازىرمۇ ئومۇملاشتۇرۇش ئىمكانىيىتى بار، ئۇنىڭ ئۇستىگە كەڭ ئاممىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسمۇ ئۇزلۇكسىز يۇقۇرى كۆتىرىلمەكتە. ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى ئەگەر بىر سەۋىيىدە مەڭگۈ توختاپ قېلىۋەرسە، 1 ئاي، 2 ئاي، 3 ئاي، 1 يىل، 2 يىل، 3 يىلغىچە بىر خىل مال بولىۋەرسە، ئوخشاشلا «پادىچى بالا»[6]، ئوخشاشلا «人، 手، 口، 刀، 牛، 羊»[7] بولىۋەرسە، ئۇ چاغدا تەربىيىلىگۈچى بىلەن تەربىيىلەنگۈچىنىڭ ئىككىلىسى ئىككى سەككىز ـ ئون ئالتە بولۇپ قالمامدۇ؟ بۇنداق ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ يەنە نىمە ئەھمىيىتى بار؟ خەلق ئومۇملاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇنىڭ ئارقىسىدىنلا يۇقۇرى كۆتىرىشنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ، ئايمۇ ـ ئاي، يىلمۇ ـ يىل يۇقۇرى كۆتىرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ يەردىكى ئومۇملاشتۇرۇش خەلق ئۇچۇن ئومۇملاشتۇرۇش، يۇقۇرى كۆتىرىشمۇ خەلق

ئۈچۈن يۇقۇرى كوتىرىشى. ھالبۇكى، بۇنداق يۇقۇرى كوتىرىش
كوكتىن يۇقۇرى كوتىرىش ئەمەس، ئىشىكنى تاقىۋېلىپ يۇقۇرى
كوتىرىش ئەمەس، بەلكى ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىدىكى يۇقۇرى
كوتىرىش. بۇنداق يۇقۇرى كوتىرىش ئومۇملاشتۇرۇشقا باغلىق،
شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە ئومۇملاشتۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.
جۇڭگو دائىرىسىدىن ئېيتقاندا، ئىنقىلاپ ۋە ئىنقىلاۋىي مەدەنىيەتنىڭ
تەرەققىياتى تەكشى بولمايدۇ، بەلكى پەيدىن-پەي كېڭىيىدۇ.
بىر جايدا ئومۇملاشتۇرۇلغان ۋە ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىدا يۇقۇرى
كوتىرىلگەن بولسا، باشقا بىر جايدا ئومۇملاشتۇرۇش تېخى باشلان-
مىغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر جاينىڭ ئومۇملاشتۇرۇشتىن ۋە شۇ
ئاساستا يۇقۇرى كوتىرىشتىن ھاسىل قىلىنغان ياخشى تەجرىبىلىرىنى
باشقا جايلاردا قوللىنىپ، باشقا جايلارنىڭ ئومۇملاشتۇرۇش ۋە
يۇقۇرى كوتىرىش خىزمىتىنى يېتەكچىلىككە ئىگە قىلغىلى، نۇرغۇن
ئەگرى-توقاي يول مېڭىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. خەلقارا دائىرىدىن
ئېيتقاندا، چەتئەللەرنىڭ ياخشى تەجرىبىلىرى خۇسۇسەن سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ تەجرىبىلىرىمۇ بىز ئۈچۈن يېتەكچىلىك رولىغا ئىگە.
شۇڭا، بىزنىڭ يۇقۇرى كوتىرىشىمىز — ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىدىكى
يۇقۇرى كوتىرىش؛ بىزنىڭ ئومۇملاشتۇرۇشىمىز — يۇقۇرى كوتىرىش
يېتەكچىلىگىدىكى ئومۇملاشتۇرۇش. ئەنە شۇنداق بولغانلىقتىن، بىز
ئېيتقان ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى يۇقۇرى كوتىرىشكە توسقۇن
بولمايلا قالماستىن، بەلكى دائىرىسى چەكلىك بولغان ھازىرقى
يۇقۇرى كوتىرىش خىزمىتىمىزگە ئاساس سېلىپ بېرىدۇ، دائىرىسى
كەڭ بولغان كەلگۈسى يۇقۇرى كوتىرىش خىزمىتىمىزگىمۇ زورۇر
شەرت ھازىرلاپ بېرىدۇ.

ئاممه ئۇچۇن بىۋاسته ئىھتىياجلىق بولغان يۇقۇرى كوتىرىشتىن باشقا، ئاممه ئۇچۇن ۋاستىلىك ئىھتىياجلىق بولغان يەنه بىر خىل يۇقۇرى كوتىرىشمۇ بار، ئۇ بولسىمۇ كادىرلار ئۇچۇن ئىھتىياجلىق بولغان يۇقۇرى كوتىرىش. كادىرلار — ئاممه ئارىسىدىكى ئىلغارلار، ئۇلار ئاممىگه قارىغاندا، ئومۇمەن، كوپرەك تەربىيه ئالغان؛ ئۇلار ئۇچۇن يۇقۇرىراق سەۋىيىلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت تامامەن زورۇر، بۇنىڭغا ئېتىۋارسىز قاراش خاتا. كادىرلار ئۇچۇن ئىشلەشمۇ تامامەن ئاممه ئۇچۇن ئىشلەش بولىدۇ، چۇنكى كادىرلار ئارقىلىقلا ئاممىگه تەربىيه بەرگىلى، ئاممىگه يېتەكچىلىك قىلغىلى بولىدۇ. ئەگەر بۇ مەقسەتكه خىلاپلىق قىلىنسا، ئەگەر بىزنىڭ كادىرلارغا بەرگىنىمىز ئۇلارنىڭ ئاممىنى تەربىيىلىشى ۋە ئاممىگه يېتەكچىلىك قىلىشىغا ياردەم بېرەلمىسە، ئۇ ھالدا، بىزنىڭ يۇقۇرى كوتىرىش خىزمىتىمىز نىشانسىز ئوق ئېتىش بولىدۇ، خەلق ئاممىسى ئۇچۇن ئىشلەش دىگەن توپ ـ ئاساسىي پىرىنسىپتىن چەتلىگەن بولىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، خەلق تۇرمۇشىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت خام ئەشيالىرى ئىنقىلاۋىي يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىي ئەمگىكى ئارقىلىق ئىدېيه شەكلىگه مەنسۇپ بولغان، خەلق ئاممىسى ئۇچۇن خىزمەت قىلىدىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت بولۇپ شەكىللىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ سەۋىيىلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئاساسىدا راۋاجلانغان، سەۋىيىسى يۇقۇرى كوتىرىلگەن ئاممه ئۇچۇن ئىھتىياجلىق بولغان ياكى ئالدى بىلەن ئاممه ئارىسىدىكى كادىرلار ئۇچۇن ئىھتىياجلىق بولغان يۇقۇرى سەۋىيىلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتمۇ بار، ئوز نوۋىتىدە مۇشۇنداق يۇقۇرى سەۋىيىلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولىدىغان، كوپىنچە، بۇگۇنكى ئەڭ كەڭ ئاممه ئۇچۇن ھەممىدىن

ئاۋال ئېھتىياجلىق بولغان باشلانغۇچ سەۋىيىلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتمۇ بار. بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىز، مەيلى يۇقۇرى سەۋىيىلىك بولسۇن ياكى باشلانغۇچ سەۋىيىلىك بولسۇن، خەلق ئاممىسى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن، ئىشچى، دىخان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ئىشچى، دىخان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن يارىتىلىدۇ ۋە بۇنىڭدىن ئىشچى، دىخان، ئەسكەرلەر پايدىلىنىدۇ.

بىز يۇقۇرى كوتىرىش بىلەن ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى ھەل قىلغان ئىكەنمىز، مۇتەخەسسىسلەر بىلەن ئومۇملاش- تۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلىگۈچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسىمۇ شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەل بولۇپ كېتىدۇ. بىزنىڭ مۇتە- خەسسىسلىرىمىز كادىرلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىپلا قالماي، ئاساسەن، يەنىلا ئاممە ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بىزنىڭ ئەدەبىيات مۇتەخەسسى- لىرىمىز ئاممىنىڭ تام گېزىتلىرىگە ئەھمىيەت بېرىشى، قوشۇنلاردىكى ۋە يېزىلاردىكى تۇڭشۇن ئەدەبىياتىغا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. بىزنىڭ تىياتىر مۇتەخەسسىسلىرىمىز قوشۇنلاردىكى ۋە يېزىلاردىكى كىچىك تىياتىر ئومەكلىرىگە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. بىزنىڭ مۇزىكا مۇتەخەسسىسلىرىمىز ئاممىنىڭ ناخشىلىرىغا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. بىزنىڭ نەپىس سەنئەت مۇتەخەسسىسلىرىمىز ئاممىنىڭ نەپىس سەنئىتىگە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. بۇ يولداشلارنىڭ ھەممىسى ئاممە ئارىسىدا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقان يولداشلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاپ، بىر تەرەپتىن، ئۇلارغا ياردەم بېرىشى، ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلىشى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلاردىن ئۆگىنىشى، ئاممىدىن كېلىدىغان ئوزۇقلۇقلارنى ئۇلار ئارقىلىق قوبۇل قىلىپ، ئوزىنى تولۇقلىشى ۋە

بېيىتىشى، شۇنداق قىلىپ، ئۆزىنىڭ مۇتەخەسسىسلىكىنى ئاممىدىن ئايرىلغان، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان، تامامەن مەزمۇنسىز، تامامەن جانسىز مۇئەللەق راۋاقتا ئايلاندۇرۇپ قويۇشتىن ساقلىنىشى لازىم. بىز مۇتەخەسسىسلەرنى ھۆرمەتلىشىمىز كېرەك، مۇتەخەسسىسلەر بىزنىڭ ئىشىمىز ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىك. لېكىن ئۇلارغا شۇنى ئېيتىپ قويۇشىمىز كېرەككى، بارلىق ئىنقىلابىي ئەدىبلەر ۋە سەنئەتكارلار ئامما بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغان، ئاممىنى تەسۋىرلىگەن ۋە ئۆزىنى ئاممىنىڭ سادىق كۈيچىسى ھېسابلىغاندىلا، ئۇلارنىڭ خىزمىتى ئەھمىيەتلىك بولىدۇ. ئاممىغا ۋەكىللىك قىلغاندىلا، ئاممىنى تەربىيىلىگىلى بولىدۇ، ئاممىنىڭ شاگىرتى بولغاندىلا، ئاممىنىڭ ئۇستازى بولغىلى بولىدۇ. ئەگەر ئۆزىنى ئاممىنىڭ خوجايىنى دەپ قارىسا، «قارا خەلق»تىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئاقسۆڭەك دەپ قارىسا، ئۇ چاغدا، ئۇلار قانچە زور قابىلىيەتلىك بولسىمۇ، ئامما ئۇلارنى كېرەك قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ خىزمىتى ئىستىقبالسىز بولىدۇ.

بىزنىڭ بۇنداق پوزىتسىيىمىز مەنپەئەتپەرەسلىك بولامدۇ؟ ماتېرىيالىستلار مەنپەئەتپەرەسلىككە قارا-قويۇقلا قارشى تۇرمايدۇ، ئەمما فېئوداللار سىنىپىنىڭ، بۇرژۇئازىيىنىڭ، ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتپەرەسلىكىگە قارشى تۇرىدۇ، ئېغىزدا مەنپەئەتپەرەسلىككە قارشى تۇرىدىغان، ئەمەلىيەتتە ئەڭ شەخسىيەتچى بولغان، يىراقنى كۆرەلمەيدىغان مەنپەئەتپەرەس ساختىپەزلەرگە قارشى تۇرىدۇ. دۇنيادا قانداقتۇ مەنپەئەتپەرەسلىكتىن خالىلىق يوق، سىنىپىي جەمئىيەتتە يا بۇ سىنىپنىڭ مەنپەئەتپەرەسلىكى، يا ئۇ سىنىپنىڭ مەنپەئەتپەرەسلىكى بولىدۇ. بىز — پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي مەنپەئەتپەرەسلىرىمىز، بىز پۈتۈن ئاھالىنىڭ 90 پىرسەنت-

تىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدىغان ئەڭ كەڭ ئاممىنىڭ ھازىرقى مەنپەئەتى بىلەن كەلگۈسى مەنپەئەتىنىڭ بىرلىكىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز پەقەت قىسمەنلا ۋە كۆز ئالدىدىكىنىلا كۆرىدىغان تار مەنپەئەتپەرەسلەردىن ئەمەس، بەلكى ئەڭ كەڭ ۋە ئەڭ يىراق مەنپەئەتنى نىشان قىلىدىغان ئىنقىلابىي مەنپەئەتپەرەسلەرمىز. مەسىلەن، مەلۇم بىر ئەسەر ئازچىلىق كىشىلەرگىلا ياقىدۇ، ئەمما كۆپچىلىك كىشىلەرگە ئېھتىياجلىق بولمايدۇ، ھەتتا كۆپچىلىك كىشىلەرگە زىيانلىق بولىدۇ، بۇنداق ئەسەرنى ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىنى ياكى تار بىر گۇرۇھنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، زورمۇ-زور بازارغا سېلىپ، ئاممىغا تەشۋىق قىلىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاممىنىڭ مەنپەئەتپەرەسلىكىنى ئەيىبلەش ئاممىنى ھاقارەتلىگەنلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تولىمۇ ئۆزىنى بىلمىگەنلىك بولىدۇ. ھەرقانداق بىر نەرسە خەلق ئاممىسىنى ھەقىقىي مەنپەئەتكە ئىگە قىلالايدىغان بولۇشى لازىم، شۇ چاغدىلا ياخشى نەرسە بولالايدۇ. سېنىڭكى «باھار قارلىرى»مۇ بولسۇن، بۇ ۋاقىتنىچە ئاز سانلىق كىشىلەر بەھرىمەن بولىدىغان نەرسە ئىكەن، ئاممە يەنە «سەھرالىق بەدبۇيلەر»نى⑧ ئېيتىۋېرىدۇ، ئۇ ھالدا، سەن ئۇنى يۇقىرى كۆتەرمەي، پەقەت كىشىلەرنى تىللاش بىلەنلا بولساڭ، ھەرقانچە تىللىغىنىڭ بىلەنمۇ بىكار. ھازىرقى مەسىلە ــ «باھار قارلىرى» بىلەن «سەھرالىق بەدبۇيلەر»نى بىرلىككە كەلتۈرۈش، يۇقىرى كۆتىرىش بىلەن ئومۇملاشتۇرۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەسىلىسى. بىرلىككە كەلتۈرۈلمەيدىكەن، ھەرقانداق مۇتەخەسسىسنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىلىك سەنئىتىمۇ ئەڭ تار مەنپەئەتپەرەسلىك بولۇپ قېلىشتىن خالىي بولالمايدۇ؛ بۇنى پاك دېگىنى بىلەنمۇ، بەربىر، ئۆزىچە پاك

دەپ ئاتىۋالغان بولىدۇ، بۇنى ئاممە تەستىقلىمەيدۇ.

ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ۋە ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن قانداق خىزمەت قىلىشنىڭ توپ فاكتېنى مەسىلىسى ھەل قىلىنغاندىن كېيىن، باشقا مەسىلىلەر، مەسىلەن، يورۇقلۇقنى يېزىش ۋە قاراڭغۇلۇقنى يېزىش مەسىلىسى، ئىتتىپاقلىق مەسىلىسى ۋە باشقىلار ئۇلار بىلەن بىللە ھەل بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر كوپچىلىك مۇشۇ توپ فاكتېنغا قوشۇلىدىغان بولسا، بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىمىز، بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەكتەپلىرىمىز، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ژورناللىرىمىز، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەشكىلاتلىرىمىز ۋە بارلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيەتلىرىمىز مۇشۇ فاكتېنغا ئەمەل قىلىشى كېرەك. بۇ فاكتېندىن چەتلەش خاتا؛ بۇ فاكتېنغا ئانچە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلارغا مۇۋاپىق تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزۈش لازىم.

## 3

بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىز خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىكەن، ئۇ ھالدا، ئەمدى بىز پارتىيە ئىچىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسى يەنى پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىنىڭ پارتىيىنىڭ پۈتۈن خىزمىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى ۋە پارتىيە سىرتىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسى يەنى پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتى بىلەن پارتىيە سىرتىدىكىلەرنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى ـ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى بىرلىكسەپ

مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىشقا ئۆتەلەيمىز.

ئاۋال بىرىنچى مەسىلە ئۈستىدە توختىلىمەن. ھازىرقى دۇنيادا بارلىق مەدەنىيەت ياكى ئەدەبىيات-سەنئەت مەلۇم سىنىپقا مەنسۇپ، مەلۇم سىياسى لۇشيەنگە مەنسۇپ. سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت، سىنىپتىن خالى سەنئەت، سىياسى بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان ياكى ئۇنىڭدىن مۇستەقىل تۇرىدىغان سەنئەت ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئەمەس. پۈرولېتارىيات ئەدەبىيات-سەنئىتى — پۈرولېتارىياتنىڭ پۈتۈن ئىنقىلاۋىي ئىشىنىڭ بىر قىسمى، لېنىن ئېيتقاندەك، پۈتۈن ئىنقىلاپ ماشىنىسىنىڭ «چىشلىق چاقى ھەم ۋىنتىسى»[9]. شۇنىڭ ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتىنىڭ پارتىيىنىڭ پۈتۈن ئىنقىلاۋىي خىزمىتىدىكى ئورنى ئېنىق بەلگىلەنگەن ۋە جايلاشتۇرۇلغان؛ بۇ خىزمەت پارتىيىنىڭ مەلۇم ئىنقىلاپ دەۋرىدە بەلگىلىگەن ئىنقىلاۋىي ۋەزىپىسىگە بويسۇنىدۇ. بۇنداق جايلاشتۇرۇشقا قارشى چىقىش چوقۇم ئىكىيۇەنلۇنغا ياكى دويۇەنلۇنغا ئېلىپ بارىدۇ، ئۇنىڭ ماھىيىتى بولسا تروتسكىنىڭكىدەك: «سىياسى — ماركسىزمچە؛ سەنئەت — بۇرژۇئازىيىچە» بولۇپ قالىدۇ. بىز ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ موھىملىغىنى ھەددىدىن ئارتۇق تەكىتلەپ خاتا دەرىجىگە كۆتىرىشكە قوشۇلمايمىز، لېكىن ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ موھىملىقىغا يېتەرلىك باھا بەرمەسلىككىمۇ قوشۇلمايمىز. ئەدەبىيات-سەنئەت سىياسىغا بېقىنىدۇ، لېكىن يەنە ئۆز نۆۋىتىدە سىياسىغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىنقىلاۋىي ئەدەبىيات-سەنئەت — پۈتۈن ئىنقىلاپ ئىشىنىڭ بىر قىسمى، چىشلىق چاقى ھەم ۋىنتىسى، ئۇنى باشقا تېخىمۇ موھىم قىسىملىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئەلۋەتتە، موھىملىق، جىددىيلىك دەرىجىسى ۋە نۆۋىتى جەھەتتە پەرقى بولىسمۇ، لېكىن ئۇ — پۈتۈن

ماشىنىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان چىشلىق چاقى ھەم ۋىنتىسى، پۈتۈن ئىنقىلاپ ئىشىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر قىسمى. ئەگەر ئەڭ كەڭ مەنىدىكى، ئەڭ ئادەتتىكى ئەدەبىيات-سەنئەتمۇ بولمايدىغان بولسا، ئىنقىلاۋىي ھەركەتنى ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ ۋە غەلىبىگە ئېرىشتۈرگىلى بولمايدۇ. بۇنى چۈشەنمەسلىك توغرا ئەمەس. شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، بىز ئېيتقان، ئەدەبىيات-سەنئەت سىياسىغا بويسۇنىدۇ، دىگەن سوزدىكى سىياسى ئاز سانلىق سىياسىيون دىيلگەنلەرنىڭ سىياسىسىنى ئەمەس، بەلكى سىنىپنىڭ سىياسىسىنى، ئامىنىڭ سىياسىسىنى كورستىدۇ. سىياسى، مەيلى ئىنقىلاۋىي بولسۇن ياكى ئەكسىلئىنقىلاۋىي بولسۇن، ئاز سانلىق شەخسلەرنىڭ پائالىيتى ئەمەس، سىنىپنىڭ سىنىپقا قارشى كۈرىشى. ئىنقىلاۋىي ئىدېيە كۈرىشى ۋە سەنئەت كۈرىشى سىياسى كۈرەشكە بويسۇنۇشى كېرەك، چۈنكى سىنىپ ۋە ئامىنىڭ ئېھتىياجىنى پەقەت سىياسى ئارقىلىقلا مەركەزلەشتۈرۈپ ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. ئىنقىلاۋىي سىياسىيونلار، ئىنقىلاۋىي سىياسى ئىلمىنى ياكى سىياسى سەنئەتنى چۈشىنىدىغان سىياسى مۇتەخەسسىسلەر — پەقەت ئامما ئىچىدىكى مىليونلىغان، ئون مىليونلىغان سىياسىيونلارنىڭ رەھبەرلىرى، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئامما ئىچىدىكى سىياسىيونلارنىڭ پىكىرلىرىنى توپلاپ، ئىلغاپ چىقىپ، ئۇنى يەنە ئامما ئىچىگە ئېلىپ بېرىپ، ئامىنىڭ قوبۇل قىلىشى ۋە ئىشقا ئاشۇرۇشىغا تاپشۇرۇشتىن ئىبارەت، ئۇلار ئىشكىنى تاقىۋېلىپ خىيالىي لايىھە تۈزىدىغان، ئۆزىنى ئەقىللىق ھېساپلايدىغان، پەقەت مەنىلا بار، باشقا ھېچكىم يوق، دەيدىغان ئاقسوڭەكلەرچە «سىياسىيونلار» ئەمەس، — بۇ پرولېتارىيات سىياسىيونلىرىنىڭ چىرىپ كەتكەن بۇرژۇئا سىياسىيونلىرىدىن پىرىنسىپلىق

پەرقى. ئەنە شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزنىڭ سىياسىلىقى بىلەن چىنلىقى پۈتۈنلەي بىر بولۇپ كېتەلەيدۇ. بۇنى چۈشەنمەي، پورولېتارىيات سىياسىتىنى ۋە سىياسىيونلارنى چاكىنىلاشتۇرۇۋېتىش توغرا ئەمەس.

ئەمدى ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلىكسەپ مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىمەن. ئەدەبىيات ـ سەنئەت سىياسىغا بويسۇنىدۇ، بۈگۈنكى جۇڭگو سىياسىتىدىكى بىرىنچى تۈپ ـ ئاساسىي مەسىلە ـــ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، شۇنىڭ ئۈچۈن پارتىيىلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى، بىرىنچىدىن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش جەھەتتە پارتىيە سىرتىدىكى بارلىق ئەدىپلەر ۋە سەنئەتكارلار بىلەن (پارتىيە خەيرىخاھلىرىدىن بولغان، ئوششاق بۇرژۇئازىيەدىن بولغان ئەدىپلەر ۋە سەنئەتكارلاردىن تارتىپ بۇرژۇئازىيە ۋە پومىشچىكلار سىنىپىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا قوشۇلىدىغان بارلىق ئەدىپلىرى ۋە سەنئەتكارلىرىغا قەدەر) ئىتتىپاقلىشىشى كېرەك. ئىككىنچىدىن، دېموكراتىيە جەھەتتە ئىتتىپاقلىشىشى كېرەك؛ بۇنىڭغا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرىدىغان بىر قىسىم ئەدىپلەر ۋە سەنئەتكارلار قوشۇلمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىتتىپاقلىشىش دائىرىسىنىڭ تارراق بولۇشى تۇرغان گەپ. ئۈچىنچىدىن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى ئالاھىدە مەسىلىدە ـــ بەدىي ئۇسۇل ۋە بەدىي ئۇسلۇب جەھەتتە ئىتتىپاقلىشىشى كېرەك؛ بىز سوتسىيالىستىك شيەنشىجۇيىنى قۇۋۋەتلەيمىز، بۇنىڭغا يەنە بىر قىسىم كىشىلەر قوشۇلمايدۇ، شۇڭا بۇ ئىتتىپاقلىقنىڭ دائىرىسى تېخىمۇ تارراق بولىدۇ. بىر مەسىلىدە ئىتتىپاقلىق بولسا، يەنە بىر مەسىلىدە كۈرەش بولىدۇ، تەنقىد بولىدۇ. مەسىلىلەر بىر ـ بىرىدىن ئايرىلغان ۋە يەنە بىر ـ

بىرىگە باغلانغان بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىتتىپاقلىق ھاسىل قىلىنغان مەسىلىلەردە، مەسىلەن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدىمۇ بىرلا ۋاقىتتا كۈرەش بولىدۇ، تەنقىت بولىدۇ. بىر بىرلىكسەپ ئىچىدە پەقەت ئىتتىپاقلىقنىلا يولغا قويۇپ، كۈرەش ئېلىپ بارماسلىق ياكى پەقەت كۈرەشلا ئېلىپ بېرىپ، ئىتتىپاقلىقنى يولغا قويماسلىق — ئىلگىرى بەزى يولداشلار يولغا قويغاندەك، ئوڭچىل تەسلىمچىلىك، قۇيرۇقچىلىق ياكى «سول»چىل پەيۋەيجۇيى، مەزھەپچىلىكنى يولغا قويۇش — بۇ، خاتا سىياسەت. سىياسى جەھەتتە شۇنداق، بەدىيلىك جەھەتتىمۇ شۇنداق.

ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى بىرلىكسەپتىكى ھەر خىل كۈچلەر ئىچىدە ئۇششاق بۇرژۇئا ئەدىپلىرى ۋە سەنئەتكارلىرى — جۇڭگودا موھىم كۈچ. ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدە ۋە ئەسەرلىرىدە خېلى كۆپ كەمچىلىكلەر بار، ئەمما ئۇلار ئىنقىلابقا مايىلراق، ئەمگەكچى خەلققە يېقىنراق كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئۆز كەمچىلىكلىرىنى تۈگىتىشىگە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى ئەمگەكچى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش سېپىگە ئۆتكۈزۈش — ئالاھىدە موھىم بىر ۋەزىپە.

## 4

ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى ئاساسىي كۈرەش ئۇسۇللىرىدىن بىرى — ئەدەبىي تەنقىت. ئەدەبىي تەنقىتنى قانات يايدۇرۇش لازىم، ئىلگىرى بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرنىڭ ئىشلىنىشى ناھايىتى يېتەرسىز بولىدى، يولداشلارنىڭ بۇنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنلىكى توغرا. ئەدەبىي تەنقىت — مۇرەككەپ بىر مەسىلە، كۆپرەك مەخسۇس تەتقىق

قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەن بۇ يەردە بىر تۈپ مەسىلە ـــ تەنقىتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى ئۈستىدە ئالاھىدە توختىلىپ ئۆتىمەن. بۇنىڭدىن تاشقىرى، بەزى يولداشلار ئوتتۇرىغا قويغان ئايرىم مەسىلىلەر ۋە بەزى ناتوغرا نۇقتىنەزەرلەر ئۈستىدىمۇ ئۆز پىكرىمنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

ئەدەبىي تەنقىتنىڭ ئىككى ئۆلچىمى بار، بىرى ـــ سىياسى ئۆلچەم، بىرى ـــ بەدىي ئۆلچەم. سىياسى ئۆلچەم بويىچە ئېيتقاندا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا ۋە ئىتتىپاقلىققا پايدىلىق بولغان، ئاممىنى بىر نىيەت ـ بىر مەقسەتتە بولۇشقا رىغبەتلەندۈرى- دىغان، ئارقىغا چېكىنىشكە قارشى تۇرۇپ، ئالغا بېسىشقا تۈرتكە بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ياخشى نەرسىلەر؛ ياپون باسقۇن- چىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا ۋە ئىتتىپاقلىققا پايدىلىق بولمىغان، ئاممىنى غەيرى نىيەت ـ غەيرى مەقسەتتە بولۇشقا قوزغايدىغان، ئالغا بېسىشقا قارشى تۇرۇپ، كىشىلەرنى ئارقىغا تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يامان نەرسىلەر. بۇ يەردە ئېيتىلغان ياخشى ياكى ياماننى پەرق ئېتىشتە زادى مۇددىئا (جۇگۇەن ئارزۇ) كوزدە تۇتۇلامدۇ، ياكى نەتىجە (ئىجتىمائى ئەمەلىيەت) كوزدە تۇتۇلامدۇ؟ ۋېيشىنلۇنچىلار مۇددىئانى تەكىتلەپ، نەتىجىنى ئىنكار قىلىدۇ، جىشىيلىك ۋېيۋۇلۇن- چىلار نەتىجىنى تەكىتلەپ، مۇددىئانى ئىنكار قىلىدۇ، بىز بۇ ئىككىسىنىڭ ئەكسىچە، بىيەنجېڭلىق ۋېيۋۇجۇيىنىڭ مۇددىئا بىلەن نەتىجىنىڭ بىرلىكى نەزەرىيىسىنى قۇۋۋەتلىگۈچىلەرمىز. ئاممە ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مۇددىئاسى بىلەن ئاممە ئالقىشلايدىغان نەتىجە بىر- بىرىدىن ئايرىلمايدۇ، بۇ ئىككىسى بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشى لازىم. شەخس ۋە تار گۇرۇھ ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مۇددىئاسى ياخشى

ئەمەس؛ ئامما ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مۇددىئاسى بولسىمۇ، لېكىن ئامما ئالقىشلىمايدىغان ۋە ئاممىگە پايدا يەتكۈزىدىغان نەتىجە بەرمىسە، بۇمۇ ياخشى ئەمەس. بىر يازغۇچىنىڭ جۇڭگوەن ئارزۇسىنىڭ يەنى ئۇنىڭ مۇددىئاسىنىڭ توغرا - ناتوغرىلىقى، ياخشى - يامانلىقىنى تەكشۈرۈشتە، ئۇنىڭ خىتاۋىغا ئەمەس، ئۇنىڭ پائالىيىتى (ئاساسەن ئەسەرلىرى)نىڭ جامائەتچىلىك ئارىسىدا تۇغدۇرغان نەتىجىسىگە قارىلىدۇ. ئىجتىمائى ئەمەلىيەت ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسى — جۇڭگوەن ئارزۇ ياكى مۇددىئانى تەكشۈرۈشنىڭ ئۆلچىمى. بىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىدىمىز مەزھەپچىلىكتىن خالى بولۇشى كېرەك، ئىتتىپاقلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت چوڭ پىرىنسىپ بويىچە، ھەر خىل - ھەر رەڭدىكى سىياسى پوزىتسىيەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويۇشىمىز كېرەك. ئەمما بىز تەنقىتتە يەنە پىرىنسىپتا ۋە مەيداندا چىڭ تۇرىمىز، مىللەتكە، پەنگە، ئاممىگە ۋە كوممۇ - چەنداگىغا قارشى نۇقتىنەزەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى قاتتىق پىپەن قىلىشىمىز ۋە ئۇلارغا رەددىيە بېرىشىمىز لازىم؛ چۈنكى بۇنداق ئەدەبىيات - سەنئەت دېيىلگەن نەرسىلەرنىڭ مۇددىئاسى ۋە نەتىجىسى — ئىتتىپاقلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا بۇزغۇنچىلىق سېلىش. بەدىي ئۆلچەم بويىچە ئېيتقاندا، بەدىيلىكى يۇقۇرىراق بولغانلارنىڭ ھەممىسى ياخشى ياكى ياخشىراق بولىدۇ؛ بەدىيلىكى تۆۋەنرەك بولغانلىرى بولسا يامان ياكى يامانراق بولىدۇ. بۇنى پەرق ئېتىشمۇ، ئەلۋەتتە، ئەسەرنىڭ ئىجتىمائى نەتىجىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەدىبلەر ۋە سەنئەتكارلارنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىنى ياخشى دېمەيدىغا-

لىرى يوق دىيەرلىك، بىزنىڭ تەنقىدىمىز ھەر خىل ـ ھەر رەڭدىكى بەدىي ئەسەرلەرنىڭ ئەركىن بەسلىشىشىگىمۇ يول قويۇشى لازىم؛ لېكىن سەنئەت پىرىنسىپىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە توغرا پىپەن قىلىپ، تۆۋەن رەك سەۋىيىدىكى سەنئەتنى پەيدىن ـ پەي ئۆستۈرۈپ، يۇقۇ-رىراق سەۋىيىدىكى سەنئەتكە ئايلاندۇرۇشى، كەڭ ئاممىنىڭ كۈرەش تەلىۋىگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان سەنئەتنى ئۆزگەرتىپ، كەڭ ئاممىنىڭ كۈرەش تەلىۋىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان سەنئەتكە ئايلاندۇرۇشىمۇ تامامەن زورۇر.

ھەم سىياسى ئۆلچەم، ھەم بەدىي ئۆلچەم بار ئىكەن، بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ سىياسى سەنئەتنىڭ ئۆزى ئەمەس، ئادەتتىكى دۇنىياقاراشمۇ ئەدىبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدىبىي تەنقىت ئۇسۇلىنىڭ ئۆزى ئەمەس، بىز ئابىستىراكىت، مۇتلەق ئۆزگەرمەيدىغان سىياسى ئۆلچەمنى ئىنكار قىلىپلا قالماستىن، ئابىس-تىراكىت، مۇتلەق ئۆزگەرمەيدىغان بەدىي ئۆلچەمنىمۇ ئىنكار قىلىمىز، ھەر بىر سىنىپىي جەمىيەتتە ھەر بىر سىنىپىنىڭ ئوخشاش بولمىغان سىياسى ئۆلچىمى ۋە ئوخشاش بولمىغان بەدىي ئۆلچىمى بولىدۇ. لېكىن ھەرقانداق سىنىپىي جەمىيەتتە ھەرقانداق سىنىپ ھەرقاچان سىياسى ئۆلچەمنى بىرىنچى ئورۇنغا، بەدىي ئۆلچەمنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويىدۇ. بۇرژۇئازىيە پۇرولېتارىياتنىڭ ئەدىبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى، ئۇلارنىڭ بەدىي جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ قانچە ئۇستۇن بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ھامان چەتكە قاقىدۇ. پۇرولېتا-رىياتمۇ ئوتمۇش دەۋرلەرنىڭ ئەدىبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىگە نىسبەتەن، ئالدى بىلەن، شۇ ئەسەرلەرنىڭ خەلققە قانداق مۇناسى-ۋەتتە بولغانلىقىغا، تارىختا ئىلغار ئەھمىيەتكە بولغان ياكى بولمىغان-

لىنىغا قاراپ پەرقلىق مۇئامىلە قىلىشى لازىم. سىياسىي جەھەتتىن پۈتۈنلەي ئەكسىيەتچىل بولغان بەزى نەرسىلەرنىڭمۇ مەلۇم دەرىجىدە بەدىئىيلىكى بولۇشى مۇمكىن. مەزمۇنى قانچە ئەكسىيەتچىل بولغان ئەسەر قانچىكى بەدىئىي بولسا، خەلقنى شۇنچە زەھەرلىيەلەيدۇ، شۇڭا ئۇنى شۇنچە چەتكە قېقىش كېرەك. زاۋاللىق دەۋرىدە تۇرغان بارلىق ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتى — ئۇنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسىي مەزمۇنى بىلەن بەدىئىي شەكلى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇغى. بىزنىڭ تەلىۋىمىز بولسا سىياسىي بىلەن سەنئەتنىڭ بىرلىكى، مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىرلىكى، ئىنقىلاۋىي سىياسىي مەزمۇن بىلەن مۇمكىن قەدەر مۇكەممەل بولغان بەدىئىي شەكىلنىڭ بىرلىكى. بەدىئىيلىكى كەم بەدىئىي ئەسەرلەر سىياسىي جەھەتتە ھەرقانچە ئىلغار بولغان بىلەنمۇ كۈچسىز بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز سىياسىي نۇقتىنەزىرى خاتا بەدىئىي ئەسەرلەرگىمۇ قارشى تۇرىمىز، توغرا سىياسىي نۇقتىنەزىرىلا بولۇپ، بەدىئىي كۈچى بولمىغان «شوئارۋازلىق» خاھىشىغىمۇ قارشى تۇرىمىز. بىز ئەدەبىيات-سەنئەت مەسىلىسىدە ئىككى سەپ بويىچە كۈرەش ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم.

بۇ ئىككى خىل خاھىش نۇرغۇن يولداشلىرىمىزنىڭ ئىدىيىسىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. نۇرغۇن يولداشلىرىمىزدا بەدىئىيلىككە ئېتىبارسىز قارايدىغان خاھىش بار، شۇنىڭ ئۈچۈن بەدىئىيلىكنى يۇقۇرى كۆتىرىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. لېكىن ھازىر بولۇپمۇ مەسىلە بولۇۋاتقىنى، مېنىڭچە، ھېلىمۇ سىياسىي تەرىپى. بەزى يولداشلاردا باشلانغۇچ سىياسىي ساۋاتىمۇ كەم، شۇڭا ھەر خىل مۇجمەل چۈشەنچىلەر تۇغۇلدى. ئەمدى مەن يەنئەندىن بىرنەچچە مىسال كەلتۈرۈپ

ئۆتەي.

«ئىنسان تەبىتى نەزەرىيىسى.» ئىنسان تەبىتى دېگەن نەرسە بارمۇ، يوقمۇ؟ ئەلۋەتتە بار. ئەمما كونكرېت ئىنسان تەبىتىلا بار، ئابستراكت ئىنسان تەبىتى يوق. سىنىپىي جەمىيەتتە پەقەت سىنىپىي خاراكتېر ئالغان ئىنسان تەبىتىلا بار، سىنىپتىن خالى ھېچقانداق ئىنسان تەبىتى يوق. بىز پۈرولېتارىياتنىڭ ئىنسان تەبىتىنى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنسان تەبىتىنى قۇۋۋەتلەيمىز، پومىششىكلار سىنىپى ۋە بۇرژۇئازىيە بولسا پومىششىكلار سىنىپى ۋە بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىنسان تەبىتىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، بىراق ئۇلار ئېغىزدا ئۇنداق دېمەي، ئەكسىچە ئۇنى بىردىن-بىر ئىنسان تەبىتى قىلىپ كۆرسىتىدۇ. بەزى ئۇششاق بۇرژۇئا زىيالىيلىرىنىڭ تەرغىپ قىلىۋاتقىنىمۇ خەلق ئاممىسىدىن ئايرىلغان ياكى خەلق ئاممىسىغا قارشى ئىنسان تەبىتى، ئۇلارنىڭ ئىنسان تەبىتى دېگەن نەرسىسى ماھىيەتتە بۇرژۇئازىيە شەخسىيەتچىلىكى، شۇڭا ئۇلارنىڭ نەزەرىدە پۈرولېتارىياتنىڭ ئىنسان تەبىتىگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. ھازىر يەنئەندە بەزىلەر ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ نەزەرىيە ئاساسى سۈپىتىدە تەشەببۇس قىلىۋاتقان «ئىنسان تەبىتى نەزەرىيىسى»دە ئەنە شۇنداق دېيىلىدۇ، بۇ تامامەن خاتا.

«ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ تۈپ چىقىش نۇقتىسى — مۇھەببەت، ئىنسانىي مۇھەببەت.» مۇھەببەت چىقىش نۇقتا بولۇشى مۇمكىن، ئەمما يەنە بىر تۈپ چىقىش نۇقتا بار. مۇھەببەت — ئىدىيە شەكلىگە دائىر نەرسە، كېگۈەن ئەمەلىيەتنىڭ مەھسۇلى. بىز، تۈپ-ئاساسىدىن ئېيتقاندا، ئىدىيە شەكلىنى چىقىش نۇقتا قىلمايمىز، بەلكى كېگۈەن ئەمەلىيەتنى چىقىش نۇقتا قىلىمىز. بىزنىڭ زىيالىيلاردىن كېلىپ

چىققان ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىمىزنىڭ پۇرولېتارىياتقا مۇھەببەت باغلىشى — جەمىيەتنىڭ ئۇلارغا ئوزلىرىنىڭ پۇرولېتارىيات بىلەن تەقدىرداش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. بىزنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىدىن نەپرەتلىنىشىمىز — ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ بىزنى ئەزگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. دۇنيادا ھەرگىز سەۋەبسىز مۇھەببەت بولمايدۇ، سەۋەبسىز نەپرەتمۇ بولمايدۇ. «ئىنسانىي مۇھەببەت» دېيىلگەن نەرسىگە كەلسەك، ئىنسانلار سىنىپلارغا بولۇنگەندىن تارتىپلا، بۇنداق بىر پۈتۈن مۇھەببەت بولۇپ باققان ئەمەس. ئوتمۇشتىكى بارلىق ھوكۇمران سىنىپلار بۇ نەرسىنى تەشەببۇس قىلىشنى ياخشى كورەتتى، ئەۋلىيا-ئەنبىيا دەپ ئاتالغان بىرمۇنچە كىشىلەرمۇ بۇ نەرسىنى تەشەببۇس قىلىشنى ياخشى كورەتتى، لېكىن ئۇنى ھېچقايسىسى ھەقىقى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ باققىنى يوق، چۇنكى سىنىپىي جەمىيەتتە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ھەقىقى ئىنسانىي مۇھەببەت بولىدۇ، بۇ پۈتۈن دۇنيادا سىنىپلار يوقىتىلغاندىن كېيىن بولىدۇ. سىنىپلار كېلىپ چىقىشى بىلەن جەمىيەت نۇرغۇن قارىمۇ-قارشى گۇرۇھلارغا بولۇندى، سىنىپلار يوقىتىلغاندىن كېيىن، بىر پۈتۈن ئىنسانىي مۇھەببەت بولىدۇ، ئەمما ئۇ ھازىر تېخى يوق. بىز دۇشمەنگە مۇھەببەت باغلىيالمايمىز، جەمىيەتتىكى يىرگىنچلىك ھادىسىلەرگە مۇھەببەت باغلىيالمايمىز، بىزنىڭ مەقسىتىمىز — بۇ نەرسىلەرنى يوقىتىش. بۇ — كىشىلەرگە ئايان ئاددى ساۋات، بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىمىزدىن بۇنى چۈشەنمەيدىغانلارمۇ چىقىپ قالارمۇ؟

«ئەزەلدىن بۇيانقى ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىدە يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇقنى يېزىشتا بىردەك ئەھمىيەت

بېرىلگەن، ئىككىلىسىگە تەڭ ئورۇن بېرىلگەن.» بۇنىڭدا نۇرغۇن مۇجمەل چۈشەنچە بار. ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرى ئەزەلدىن شۇنداق بولۇۋەرگەن ئەمەس. نۇرغۇن ئۇششاق بۇرژۇئا يازغۇچىلىرى يورۇقلۇقنى تاپالمىدى، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى پەقەت قاراڭغۇلۇقنى پاش قىلىش بىلەنلا بولۇپ، «پاش قىلىش ئەدەبىياتى» دەپ ئاتالدى، ھەتتا مەخسۇسلا ئۈمىتسىزلىكنى ۋە تەركى دۇنيالىقنى تەشۋىق قىلغان ئەسەرلەرمۇ بولدى. ئەكسىچە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش دەۋرىدىكى ئەدەبىياتى يورۇقلۇقنى يېزىشنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇلار خىزمەتتىكى كەمچىلىكلەرنىمۇ يازىدۇ، سەلبىي شەخسلەرنىمۇ يازىدۇ، ئەمما بۇنداق تەسۋىرلەش پەقەت پۈتۈن يورۇقلۇقنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن سېلىشتۇرما بولالايدۇ، بۇ ھەرگىز «ئىككىلىسىگە تەڭ ئورۇن بەرگەنلىك» ئەمەس. ئەكسىيەتچىل دەۋرنىڭ بۇرژۇئا ئەدىبلىرى ۋە سەنئەتكارلىرى ئىنقىلاۋىي ئاممىنى توپىلاڭچى دەپ، ئۆزلىرىنى بولسا ئەۋلىيا دەپ تەسۋىرلەيدۇ، يورۇقلۇقنى قاراڭغۇلۇق دەپ، قاراڭغۇلۇقنى يورۇقلۇق دەپ كۆرسىتىدۇ. پەقەت ھەقىقىي ئىنقىلاۋىي ئەدىبلەر ۋە سەنئەتكارلارلا مەدھىيلەش ۋە پاش قىلىش مەسىلىسىنى توغرا ھەل قىلالايدۇ. خەلق ئاممىسىغا زىيان يەتكۈزىدىغان بارلىق قارا كۈچلەرنى پاش قىلىش، خەلق ئاممىسىنىڭ بارلىق ئىنقىلاۋىي كۈرەشلىرىنى مەدھىيلەش لازىم، بۇ — ئىنقىلاۋىي ئەدىبلەر ۋە سەنئەتكارلارنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى.

«ئەزەلدىن بۇيانقى ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ۋەزىپىسى — پاش قىلىش.» بۇنداق دېيىش ئالدىنقىسى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىككىلىسى تارىخ ئىلمىدىن خەۋەرسىز كىشىلەرنىڭ قارىشى.

ئىزىلىدىن بۇيانقى ئەدەبىيات-سەنئەت پەقەت پاش قىلىش بىلەنلا بولۇپ كەلمىگەنلىكىنى يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتتۇق. ئىنقىلاۋىي ئەدىبلەر ۋە سەنئەتكارلارنىڭ پاش قىلىش دۇيىشياگى خەلق ئاممىسى بولماستىن، پەقەت تاجاۋۇزچىلار، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار، ئەزگۈچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ خەلق ئىچىدە قالدۇرغان يامان تەسىرلىرى بولۇشى كېرەك. خەلق ئاممىسىدىمۇ كەمچىلىكلەر بار، بۇ كەمچىلىك-لەرنى خەلق ئىچىدىكى تەنقىت ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىت بىلەن تۈگىتىش لازىم، بۇنداق تەنقىت ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىتنى يۈر-گۈزۈشمۇ ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئەڭ موھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى. لېكىن بۇنى قانداقتۇ «خەلقنى پاش قىلىش» دېمەسلىك لازىم. خەلققە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاساسەن، مەسىلە ئۇلارنى تەربىيەلەش ۋە ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت. پەقەت ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئەدىبلەر ۋە سەنئەتكارلارلا خەلقنى «تۇغما گالۋاڭ»لار، ئىنقىلاۋىي ئاممىنى «زوراۋان توپىلاڭچى»لار دەپ تەسۋىرلەيدۇ.

«ھازىرمۇ زاۋىيىن دەۋرى، لۇشۇننىڭ ئەدىبىي ئۇسلۇبى يەنە كېرەك.» لۇشۇن قارا كۈچلەر ھوكۇمرانلىقى ئاستىدا ياشىغان، ئۇ سۆز ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم ئىدى، شۇڭا ئۇ ئۆتكۈر ھەجۋىي زاۋىيىن شەكلىنى قوللىنىپ جەڭ قىلدى، لۇشۇن تامامەن توغرا قىلغان ئىدى. بىزمۇ فاشىزىمنى، جۇڭگو ئەكسىيەتچىلىرىنى ۋە خەلققە زىيانلىق بولغان بارلىق نەرسىلەرنى قاتتىق مەسخىرە قىلىشىمىز لازىم، لېكىن ئىنقىلاۋىي ئەدىبلەر ۋە سەنئەتكارلارغا تولۇق دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىك بېرىلگەن، پەقەت ئەكسىلئىنقىلاپچىلارغىلا دېموك-راتىيە ۋە ئەركىنلىك بېرىلمىگەن شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايونىدا ۋە دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى

ئېنجۇيدىلەردە زاۋېن شەكلىنى ئاددى ھالدا لۇشۇننىڭكىگە ئوخشاش قىلىپ قويماسلىق لازىم. بىز ئوچۇق-ئاشكارا سوزلەۋەرسەك بولىدۇ، خەلق ئاممىسى ئاسان چۈشىنەلەيدىغان ياپتا-ئەگىتمە سوزلەرنىڭ لازىمى يوق. سوز خەلق دۈشمەنلىرى ئۈستىدە بولماي، خەلقنىڭ ئوزى ئۈستىدە بارغاندا، «زاۋېن دەۋرى»دىكى لۇشۇنمۇ ئىنقىلاۋىي خەلقنى ۋە ئىنقىلاۋىي پارتىيىنى مەسخىرە قىلمىغان ۋە ئۇلارغا ھۇجۇم قىلمىغان ئىدى، ئۇنىڭ زاۋېن يېزىش ئۇسۇلىمۇ دۈشمەنگە قارىتىلغىنىدىن پۈتۈنلەي باشقىچە بولغان ئىدى. خەلقنىڭ كەمچىلىك-لىرىنى تەنقىت قىلىش لازىم، بىز بۇنى يۇقۇرىدا سوزلەپ ئوتتۇق، لېكىن ھەقىقى تۇردە خەلق مەيدانىدا تۇرۇپ، خەلقنى قوغدايدىغان، خەلقنى تەربىيلەيدىغان تولۇق قىزغىنلىق بىلەن سوزلەش لازىم. ئەگەر ئوز يولداشلىرىمىزغا دۈشمەن قاتارىدا مۇئامىلە قىلساق، ئۇ ھالدا، ئوزىمىزنى دۈشمەن مەيدانىغا ئوتكۈزۈپ قويغان بولىمىز. بىز ھەجۋنى بىكار قىلىۋېتىمىزمۇ؟ ياق، ھەجۋ مەڭگۈ كېرەك. لېكىن ھەجۋ بىرنەچچە تۈرلۈك بولىدۇ: دۈشمەنگە قارىتىلىدىغىنى بولىدۇ، ئىتتىپاقچىلارغا قارىتىلىدىغىنى بولىدۇ، ئوز قوشۇنىمىزغا قارىتىلىدى-غىنى بولىدۇ، بۇلارنىڭ ھەر بىرىگە تۇتۇلىدىغان پوزىتسىيە ئوخشاش بولمايدۇ. بىز ھەجۋگە قارا-قويۇق قارشى تۇرىۋەرمەيمىز، لېكىن ئۇنى قالايمىقان قوللىنىشنى تۈگىتىشىمىز لازىم.

«مەن مەدھىيىچى ئەمەسمەن؛ يورۇقلۇقنى مەدھىيىلىگۈچىلەر ئەسەرلىرىنىڭ ئۇلۇغ بولۇشى ناتايىن، قاراڭغۇلۇقنى سۈرەتلىگۈچىلەر ئەسەرلىرىنىڭ چاكىنا بولۇشى ناتايىن.» سەن بۇرژۇئا ئەدىبى ياكى سەنئەتكارى ئىكەنسەن، پرولېتارىياتنى مەدھىيىلىمەي، بۇرژۇئازى-يىنى مەدھىيىلەيسەن؛ سەن پرولېتارىيات ئەدىبى ياكى سەنئەتكارى

ئىكەنەن، بۇرژۇئازىيىنى مەدھىيىلىمەي، پۇرولېتارىياتنى ۋە ئەمگەكچى خەلقنى مەدھىيىلەيسەن: ئىككىنىڭ بىرى. بۇرژۇئا يورۇق-لۇغىنى مەدھىيىلىگۈچىلەر ئەسەرلىرىنىڭ ئۇلۇغ بولۇشى ناتايىن، بۇرژۇئا قاراڭغۇلۇغىنى سۈرەتلىگۈچىلەر ئەسەرلىرىنىڭ چاكىنا بولۇشى ناتايىن، پۇرولېتارىيات يورۇقلۇغىنى مەدھىيىلىگۈچىلەر ئەسەرلىرىنىڭ ئۇلۇغ بولماسلىقى ناتايىن، پۇرولېتارىيات «قاراڭغۇ-لۇغى»نى سۈرەتلىگۈچىلەر ئەسەرلىرىنىڭ چاكىنا بولۇشى چوقۇم، بۇ ئەدەبىيات-سەنئەت تارىخىدىكى پاكىت ئەمەسمۇ؟ خەلقنى يەنى ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ تارىخىنى ياراتقۇچىلارنى نىمە ئۈچۈن مەدھىيىلىمەسلىك كېرەك ئىكەن؟ پۇرولېتارىياتنى، كوممۇنىستىك پارتىيىنى، يېڭى دېموكراتىزىمنى، سوتسىيالىزىمنى نىمە ئۈچۈن مەدھىيىلىمەسلىك كېرەك ئىكەن؟ شۇنداق كىشىلەرمۇ باركى، ئۇلار خەلق ئىشىغا زادى قىزىقمايدۇ، ئۇلار پۇرولېتارىياتنىڭ ۋە ئۇنىڭ شېپىخدۈيىنىڭ كۈرىشى ۋە غەلىبىسىگە سوغۇق مۇئامىلە بىلەن چەتتە قاراپ تۇرۇش پوزىتسىيىسىنى تۇتىدۇ، ئۇلارنىڭ قىزىقىدىغىنى ۋە هارماي-تالماي مەدھىيىلەيدىغىنى — پەقەت ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ياكى شۇ قاتاردا ئۆز ئاككىدىكى كىچىك گۇرۇھنىڭ بىرقانچە شەخسلىرى. بۇنداق ئۇششاق بۇرژۇئا شەخسىيەتچىلىرى ئىنقىلابىي خەلقنىڭ كورسەتكەن خىزمىتىنى مەدھىيىلەشنى، ئىنقىلابىي خەلقنىڭ كۈرەش جاسارىتى ۋە غەلىبە قازىنىش ئىشەنچىگە ئىلھام بېرىشنى ئەلۋەتتە خالىمايدۇ. بۇنداق كىشىلەر پەقەت ئىنقىلاپ قوشۇنىدىكى مىتە، ئىنقىلابىي خەلق بۇنداق «مەدھىيىچى»لەرگە زادى مۇھتاج ئەمەس.

«مەيدان مەسىلىسى ئەمەس؛ مەيدان توغرا، نىيەت ياخشى، مەقسەت چۈشىنىشلىك، پەقەت ياخشى ئىپادىلەنمىگەن، نەتىجىدە

يامان رول ئوينىغان.» مەن مۇددىئا ۋە نەتىجە توغرىسىدىكى بىرلىككە كەلگەن مۇشۇ بىرلىككە نۇقتىسىنەزەر ئۈستىدە يۇقۇرىدا سوزلەپ ئۆتتۈم. ئەمدى شۇنداق سوئال قويايلى: نەتىجە مەسىلىسى مەيدان مەسىلىسىمۇ، ئەمەسمۇ؟ بىر ئادەمنىڭ ئىش قىلغانىدا پەقەت مۇددىئا ـ نىلا كوزدە تۇتۇپ، نەتىجە بىلەن كارى بولماسلىقى خۇددى بىر دوختۇرنىڭ پەقەت دورا قەغىزى يېزىپ بېرىشنىلا بىلىپ، ئاغرىقلار ـ نىڭ دورىنى ئىچىپ، قانچىسى ئولۇپ كېتىۋاتقانلىقى بىلەن كارى بولمىغىنىغا ئوخشاش، ياكى بىر پارتىيىنىڭ پەقەت خىتاپنامە چىقىرىشنىلا بىلىپ، ئۇنىڭ ئىجرا قىلىنغان ـ قىلىنمىغانلىقى بىلەن كارى بولمىغىنىغا ئوخشاش. قېنى، بۇنداق مەيدانمۇ توغرا بولامدۇ؟ بۇنداق نىيەتمۇ ياخشى بولامدۇ؟ ئىشقا كىرىشىشتىن ئاۋال ئىشنىڭ ئاخىرىدىكى نەتىجىلىرىنى مولچەرلىگەندە، ئەلۋەتتە، خاتالىق تۇغۇ ـ لۇشى مۇمكىن، لېكىن پاكىتلار نەتىجىنىڭ يامان بولغانلىقىنى ئىسپات ـ لاپ تۇرسىمۇ، يەنىلا شۇ پېتىچە ئىشلىنىۋېرىدىغان بولسا، بۇنداق نىيەتمۇ ياخشى بولامدۇ؟ بىز بىرەر پارتىيىگە، بىرەر دوختۇرغا باھا بەرگەندە، ئۇلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە، ئىش نەتىجىسىگە قارىشىمىز كېرەك؛ بىرەر يازغۇچىغا باھا بەرگەندىمۇ، شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك. ھەقىقى ياخشى نىيەتتىكىلەر نەتىجىنى كوزدە تۇتۇشى، تەجرىبىلەرنى يەكۇنلىشى، ئۇسۇلنى يەنى، ئىجادىيەتچىلىكتىن ئېيتقاندا، تەسۋىر ـ لەش ماھارىتىنى تەتقىق قىلىشى كېرەك. ھەقىقى ياخشى نىيەتتىكىلەر ئوز خىزمىتىدىكى كەمچىلىك ۋە خاتالىقلار ئۈستىدە تولۇق سەممىيەت بىلەن ئوز ـ ئوزىنى تەنقىت قىلىشى، بۇ كەمچىلىك ۋە خاتالىقلارنى تۈزىتىشكە بەل باغلىشى كېرەك. كوممۇنىستلارنىڭ ئوز ـ ئوزىنى تەنقىت قىلىش ئۇسۇلى ئەنە شۇنداق قوللىنىلىدۇ.

پەقەت مۇشۇنداق مەيدانلا توغرا مەيدان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پەقەت مۇشۇنداق تەلەپچانلىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بولغان ئەمەلىيەت جەريانىدىلا، توغرا مەيداننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى قەدەممۇ-قەدەم چۈشىنىۋالغىلى، توغرا مەيداننى قەدەممۇ-قەدەم ئىگەللىۋالغىلى بولىدۇ. ئەگەر ئەمەلىيەت داۋامىدا مۇشۇ يۆنىلىشكە قاراپ ئىلگىرىلىمەي، پەقەت ئۆزىنىڭكىنىلا راست قىلىپ، «چۈشىنىمەن» دېسىمۇ، ئەمەلىيەتتە چۈشەنمىگەن بولۇپ چىقىدۇ.

«ماركسىزمنى ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلىش بىەنجىگىلىق ۋېيۋۇ-لۇنچە ئىجادىيەت ئۇسۇلى خاتالىقنى تەكرارلاش بولۇپ، ئىجادىيەت كەيپىياتىغا دەخلى يەتكۈزىدۇ.» ماركسىزمنى ئۆگىنىش دېگىنىمىز ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىدە پەلسەپە جىياڭىسى يېزىش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى دۇنيانى، جەمىيەتنى، ئەدەبىيات-سەنئەتنى بىەنجىگىلىق ۋېيۋۇلۇنچە ۋە تارىخىي ۋېيۋۇلۇنچە نۇقتىنەزەر بىلەن كۆزىتىش دېگەنلىك. ماركسىزم ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى شېئىرىيەتنى ئورنىغا ئالالايدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ، خۇددى ئۇنىڭ ۋۇلىشۇي پەندىكى ئاتوم نەزەرىيىسى ۋە ئېلېكترون نەزەرىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالالىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئورنىنى باسالمىغىنىدەك. پۇچەك ۋە قۇرۇق جىياۋتياۋ گۇگۇشلار ئىجادىيەت كەيپىياتىنى بۇزىدۇ، ئىجادىيەت كەيپىياتىنىلا بۇزۇپ قالماي، بەلكى ئالدى بىلەن ماركسىزمنى بۇزىدۇ. جىياۋتياۋجۇيىلىق «ماركسىزم» ماركسىزم ئەمەس، بەلكى ماركسىزمغا زىت. ئۇنداق بولسا، ماركسىزم ئىجادىيەت كەيپىياتىنى بۇزمامدۇ؟ بۇزىدۇ، ئۇ فېوداللىق، بۇرژۇئازىيىلىك، ئۇششاق بۇرژۇئازىيىلىك، زىيۇجۇيىلىق، شەخسىيەتچىلىك، ئىنكارچىلىق ئىجادىيەت كەيپىياتلىرىنى، سەنئەت

ئۇچۇن سەنئەت دەيدىغان، ئاقسوڭەكلەرچە بولغان، چۇشكۇن، ئۇمىتسىز بولغان ئىجادىيەت كەيپىياتلىرىنى شۇنىڭدەك خەلق ئاممىسىغە ۋە پرولېتارىياتقا يات بولغان باشقا خىلمۇ ـ خىل ئىجادىيەت كەيپىياتلىرىنى چوقۇم بۇزىدۇ. پرولېتارىيات ئەدىپلىرى ۋە سەنئەتكارلىرى ئۇچۇن بۇنداق كەيپىياتلارنى بۇزۇش كېرەكمۇ، كېرەك ئەمەسمۇ؟ مېنىڭچە، كېرەك، ئۇلارنى ئۇزۇل ـ كېسىل بۇزۇش كېرەك، بۇزۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا يېڭى نەرسىلەرنى قۇرغىلى بولىدۇ.

## 5

يەنئەندىكى ئەدىبىيات ـ سەنئەتچىلىرىمىز ئارىسىدا يۇقۇرىدا ئېيتىلغان خىلمۇ ـ خىل مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇغى قانداق پاكىتنى كورسىتىدۇ؟ بۇ مۇنداق بىر پاكىتنى يەنى ئەدىبىيات ـ سەنئەتچىلەر ئارىسىدا ئىستىل جەھەتتىن ناتوغرا نەرسىلەرنىڭ ئېغىر دەرىجىدە مەۋجۇت ئىكەنلىگىنى، يولداشلار ئارىسىدا يەنە ۋېيشىنلۇنلۇق، جياۋتياۋجۇيىلىق، خام خىيال سۇرۇش، قۇرۇق گەپ سېتىش، ئەمىلىيەتكە سەل قاراش، ئاممىدىن ئايرىلىش كەمچىلىكلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن كەمچىلىكلەرنىڭ بار ئىكەنلىگىنى، ھەقىقى ۋە جىددى ئىستىل تۇزىتىش ھەركىتى ئېلىپ بېرىشنىڭ زورۇر ئىكەنلىگىنى كورسىتىدۇ.

بىزنىڭ نۇرغۇن يولداشلىرىمىز پرولېتارىيات بىلەن ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ پەرقىنى تېخى ئانچە ئېنىق بىلمەيدۇ. نۇرغۇن پارتىيە ئەزالىرى تەشكىلىي جەھەتتىن پارتىيىگە كىرگەن بولسىمۇ، ئىدىيە جەھەتتىن پارتىيىگە تولۇق كىرمىگەن، ھەتتا تامامەن كىرمىگەن.

ئىدىيە جەھەتتىن پارتىيىگە كىرمىگەن بۇنداق كىشىلەرنىڭ
كاللىسىغا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ نۇرغۇن ئىپلاس
نەرسىلىرى قاچىلانغان، ئۇلار پۇرولېتارىيات ئىدىيىسىنىڭ نېمە
ئىكەنلىكىنى، كوممۇنىزىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، پارتىيىنىڭ نېمە
ئىكەنلىكىنى پەقەت بىلمەيدۇ. ئۇلار: نېمە پۇرولېتارىيات ئىدىيىسى،
يەنىلا ھېلىقى نېمە ئەمەسمۇ؟ دەپ ئويلايدۇ، ئۇلار بۇ نېمىگە
ئېرىشىشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى نەدىن بىلسۇن! بەزى ئادەملەردىن
ئومۇرۋايەتمۇ گۇگچەنداڭ ئەزاسىنىڭ پۇرىقى چىقمايدۇ، ئۇلار
ئاخىر پارتىيىدىن ئايرىلىدۇ، خالاس. شۇنىڭ ئۈچۈن پارتىيىمىزنى،
قوشۇنىمىزنى، گەرچە ئۇنىڭ كۆپ قىسمى پاك بولسىمۇ، ئىنقىلاۋى
ھەركەتكە رەھبەرلىك قىلىپ، بۇ ھەركەتنى تېخىمۇ ئوبدان راۋاج-
لاندۇرۇش، تېخىمۇ تېز ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئۈچۈن ئىدىيە جەھەت-
تىن، تەشكىلىي جەھەتتىن ئەستايىدىل تەرتىپكە سېلىپ چىقىش
لازىم. تەشكىلىي جەھەتتىن تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن
ئىدىيە جەھەتتىن تەرتىپكە سېلىشقا، پۇرولېتارىيات ئىدىيىسىنىڭ
غەيرى پۇرولېتارىيات ئىدىيىلىرىگە قارشى كۈرىشىنى قانات يايدۇ-
رۇشقا توغرا كېلىدۇ. يەنئەندىكى ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر ھازىر
ئىدىيىۋى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇۋەتتى، بۇ ناھايىتى زورۇر ئىدى.
ئۇششاق بۇرژۇئازىيىدىن كېلىپ چىققان كىشىلەر ھامان خىلمۇ-خىل
ئۇسۇللار جۈملىدىن ئەدەبىيات-سەنئەت ئۇسۇللىرى ئارقىلىق
تەرسالىق بىلەن ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ، ئۆز تەشەببۇسىنى تەشۋىق
قىلىدۇ، كىشىلەردىن پارتىيىنى، دۇنيانى ئۇششاق بۇرژۇئا زىيالى-
لىرىنىڭ قىياپىتى بويىچە ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ھالدا،
بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئۇلارغا قاتتىق ئاۋاز بىلەن: «يولداش»لار،

سىلەرنىڭ ئۇ نىمەڭلار ئاقمايدۇ، پۇرولېتارىيات سىلەرنى مەيلىڭلارغا قويۇۋەتمەيدۇ، سىلەرنىڭ رايىڭلارغا بېقىش، ئەمەلىيەتتە، چوڭ پومەشچىك ـ چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ رايىغا باققانلىق بولىدۇ، ئۇنداق قىلغاندا، پارتىيىنىڭ، دۆلەتنىڭ يوقىلىش خەۋپى تۇغۇلىدۇ، دەپ ئېيتىشتىن ئىبارەت. كىمنىڭ رايىغا بېقىش كېرەك؟ پارتىيىنى، دۇنيانى پەقەت پۇرولېتارىيات شېنفېڭدۇيىنىڭ قىياپىتى بويىچە ئۆزگەرتىش كېرەك. بىز ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى يولداشلاردىن بۇ كەڭ بەس ـ مۇنازىرىنىڭ جىددىيلىكىنى چۈشىنىپ، بۇ كۆرەشكە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ھەر بىر يولداشنى ساغلاملاشتۇرۇشنى، پۈتۈن قوشۇنىمىزنى ئىدىيە ۋە تەشكىل جەھەتتىن ھەقىقى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە مۇستەھكەملەشنى ئۈمىت قىلىمىز.

ئىدىيە جەھەتتە نۇرغۇن مەسىلىلەر بولغانلىقتىن، نۇرغۇن يولداشلىرىمىز ئىنقىلاۋىي گېنجۇيدىلەر بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىغىدىكى رايونلارنى ھەقىقى پەرق ئېتەلمەيۋاتىدۇ، شۇنىڭ ئارقىسىدا نۇرغۇن خاتالىقلارنى تۇغدۇرۇۋاتىدۇ. نۇرغۇن يولداشلىرىمىز شاڭخەينىڭ تىڭزىجيەنلىرىدىن⑩ كەلگەن؛ ئۇلار تىڭزىجيەنلەردىن ئىنقىلاۋىي گېنجۇيدىلەرگە كەلگىچە، ئىككى خىل رايونلا بېسىپ ئۆتۈش بىلەن قالماي، بەلكى ئىككى تارىخىي دەۋرنىمۇ بېسىپ ئۆتتى. بىرى — چوڭ پومەشچىك ـ چوڭ بۇرژۇئازىيە ھۆكۈمرانلىغىدىكى يېرىم فېئودال، يېرىم مۇستەملىكە جەمىيەت، بىرى — پۇرولېتارىيات رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلاۋىي، يېڭى دېموكراتىك جەمىيەت. ئىنقىلاۋىي گېنجۇيدىلەرگە كېلىش جۇڭگو تارىخىدا نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان، خەلق ئاممىسى ھاكىمىيىتىنى قولغا ئالغان دەۋرگە كەلگەنلىك بولىدۇ. بىزنىڭ ئەتراپىمىزدىكى

كىشىلەر، بىزنىڭ تەشۋىقات دۇيشياگىمىز پۈتۈنلەي باشقىچە. ئۇتكەن دەۋر كەلمەسكە كەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز يېڭى ئامما بىلەن بىرلىشىشىمىز كېرەك، بۇنىڭدا ھېچقانداق ئىككىلىنىشكە بولمايدۇ. ئەگەر يولداشلار يېڭى ئامما ئارىسىدا، مەن ئۇتكەن قېتىم ئېيتىپ ئۇتكەنىدەك، يەنە شۇنداق «ياخشى تونۇشمايدىغان، بىلمەيدىغان، قەھرىمانلىغا ماھارەت كورسىتىش ئۈچۈن زىمىن يوق» بولۇپ قالسا، ئۇ ھالدا، يېزىغا بارغاندا، قىيىنچىلىققا ئۇچراپلا قالماستىن، يېزىغا بارماي يەنئەندە تۇرغاندىمۇ، قىيىنچىلىققا ئۇچراۋېرىدۇ. بەزى يولداشلار: مەن «كەڭ ئارقا سەپ»تىكى[11] كىتاپخانىلار ئۈچۈن يېزىۋېرەيمۇ، بۇ ھەم ماڭا تونۇش، ھەم «پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئەھمىيەتكە ئىگە» دەپ ئويلايدۇ. بۇنداق ئوي پۈتۈنلەي ناتوغرا. «كەڭ ئارقا سەپ»مۇ ئوزگىرىدۇ، «كەڭ ئارقا سەپ»تىكى كىتاپخانىلار ئاگلاۋېرىپ زېرىكىپ كەتكەن كونا ھېكايىلەرنى ئىنقىلاۋىي گېنجۇيدىلەرنىڭ يازغۇچىلىرىدىن ئاڭلاشقا مۇھتاج ئەمەس، ئۇلار ئىنقىلاۋىي گېنجۇيدىلەردىكى يازغۇچىلاردىن يېڭى شەخسلەرنى، يېڭى دۇنيانى سوزلەپ بېرىشىنى ئۈمىت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەسەر قانچىكى ئىنقىلاۋىي گېنجۇيدىلەردىكى ئاممىگە ئاتاپ يېزىلغان بولسا، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە شۇنچە ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. فادىيېۋنىڭ «تار - مار»ىدا[12] پەقەت كىچىككىنە بىر پارتىزان دۈيلا تەسۋىرلەنگەن، بۇ ئەسەر، كونا دۇنيا كىتاپخانىلىرىنىڭ كوڭلىگە ياقسۇن، دەپ يېزىلغان ئەمەس، لېكىن ئۇ پۈتۈن دۇنياغا تەسىر كورسەتتى، ھېچ بولمىغاندا، ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، جۇڭگوغا ناھايىتى زور تەسىر كورسەتتى. جۇڭگو ئالغا باسىدۇ، ئارقىغا ماڭمايدۇ، جۇڭگونىڭ ئالغا بېسىشىغا رەھبەرلىك قىلىۋاتقان جايلار

قالاق ۋە ئارقىغا چېكىنىۋاتقان جايلار ئەمەس، ئىنقىلاۋىي گېنجۇدىلەر. يولداشلار ئىستىل تۈزىتىش داۋامىدا ئالدى بىلەن مۇشۇ تۈپ-ئاساسىي مەسىلىنى چۈشىنىۋېلىشى لازىم.

يېڭى ئاممىغا مەنسۇپ دەۋرگە ماسلىشىش زورۇر ئىكەن، شەخسنىڭ ئاممە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى تەلتۆكۈس ھەل قىلىش زورۇر. لۇشۈننىڭ: «غەزەپ بىلەن ھومىيىمەن قەبىھ زالىملارغا، كالا بولۇپ باش ئېگىمەن سەبىي بالىلارغا»⑬ دېگەن 2 مىسرا شېئىرى قىبلىنامىمىز بولۇپ قالسۇن. «قەبىھ زالىملار» بۇ يەردە دۈشمەن دېگەن ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدۇ، بىز ھەرقانداق ياۋۇز دۈشمەنگە ھەرگىز باش ئەگمەيمىز. «سەبىي بالىلار» بۇ يەردە پرولېتارىيات ۋە خەلق ئاممىسى دېگەن ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدۇ. بارلىق گۇڭچەنداڭ ئەزالىرى، بارلىق ئىنقىلابچىلار، بارلىق ئىنقىلاۋىي ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى لۇشۈندىن ئۈلگە ئېلىپ، پرولېتارىياتقا ۋە خەلق ئاممىسىغا «كالا» بولۇشى، ئۆزىنىڭ پۈتۈن كۈچىنى ۋە پۈتۈن ھاياتىنى ئەڭ ئاخىرقى نەپەسكە قەدەر شۇلارغا بېغىشلىشى لازىم. زىيالىلارنىڭ ئاممە بىلەن بىرلىشىپ كېتىشى، ئاممىغا خىزمەت قىلىشى ئۈچۈن، ئۆز-ئارا چۈشىنىش جەريانى كېرەك. بۇ جەرياندا نۇرغۇن جاپا-مۇشەققەتلەر، نۇرغۇن سۈركىلىشلەر بولۇشى مۇمكىن ۋە چوقۇم، لېكىن ھەممەيلەندە قەتئىي نىيەت بولسىلا، بۇ تەلەپلەرگە يەتكىلى بولىدۇ.

بۈگۈن مېنىڭ سۆزلىگەنلىرىم پەقەت بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ھەرىكىتىمىزدىكى بەزى تۈپ-ئاساسىي يۆنىلىش مەسىلىلىرىدىنلا ئىبارەت، بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك يەنە نۇرغۇن كونكرېت مەسىلىلەر بار. ئىشىنىمەنكى، يولداشلار مۇشۇ

يونۇلۇشكە قاراپ ماڭىدىغان قەتئىي نىيەت بار. ئىشىنىمەنكى، يولداشلار ئىستىل تۈزىتىش جەريانىدا، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇزاق مۇددەتلىك ئۆگىنىش ۋە خىزمەت جەريانىدا ئۆزلىرىنى ۋە ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ قىياپىتىنى چوقۇم ئۆزگەرتەلەيدۇ، خەلق ئاممىسى قىزغىن قارشى ئالىدىغان نۇرغۇن ئوبدان ئەسەرلەرنى چوقۇم يارىتالايدۇ، ئىنقىلاۋىي گېنجۇيدىلەرنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەركىتىنى ۋە پۈتۈن جۇڭگونىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەركىتىنى پارلاق يېڭى باسقۇچقا چوقۇم كۆتۈرەلەيدۇ.

## ئىزاھلار

① لېنىننىڭ «پارتىيە تەشكىلاتى ۋە پارتىيە ئەدەبىياتى» دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن. لېنىن بۇ ئەسىرىدە پرولېتارىيات ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدە بەلگىلىرىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئەدەبىيات ئەركىن ئەدەبىيات بولىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ قاتارىغا تۈركۈم-تۈركۈم يېڭى كۈچ-لەرنى تارتىدىغان نەرسە ئاچكۆزلۈك بىلەن شۆھرەتپەرەسلىك بولماستىن، بەلكى سوتسىيالىزم ئىدىيىسى ۋە ئەمگەكچى خەلققە خەيرىخاھلىق بولىدۇ. بۇ ئەدەبىيات ئەركىن ئەدەبىيات بولىدۇ، چۈنكى بۇ ئەدەبىيات قوسقىنى تويغۇزۇۋېلىپ، كۈن بويى لاغايلاپ يۈرىدىغان خانىملارغا، توقلۇقتىن شوخلۇق قىلىپ، سېمىزلىكنى كۆتۈرەلمەي قالغان "ئون مىڭلىغان ئېسىل زاتلار"غا خىزمەت قىلمايدۇ، بەلكى مەملىكەتنىڭ گۈلى، كۈچ-قۇۋۋىتى ۋە ئىستىقبالى بولغان مىليونلىغان، ئون مىليونلىغان ئەمگەكچى خەلققە خىزمەت قىلىدۇ. بۇ ئەدەبىيات ئەركىن ئەدەبىيات بولىدۇ، ئۇ پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئىنقىلاۋىي ئىدىيىسىنى سوتسىيالىستىك پرولېتارىياتنىڭ تەجرىبىسى ۋە جانلىق ئىشى بىلەن بېيىتىدۇ، ئۇ ئوت-مۈشنىڭ تەجرىبىسى (ئىپتىدائىي، خىيالىي شەكىلدىكى سوتسىيالىزمنىڭ

ئۇسۇپ مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ نەتىجىسى بولغان ئىلمىي سوتسىيالىزىم) بىلەن ھازىرقى تەجرىبىلەر (ئىشچى يولداشلارنىڭ ھازىرقى كۈرەشلىرى)نى دائىم بىر-بىرىگە باغلاپ تۇرىدۇ.»

② لياڭ شىچيۇ — ئەكسىلئىنقىلاۋىي گوجيا شېخۇيداڭنىڭ ئەزاسى. ئۇ ئۇزاق ۋاقىت داۋامىدا، ئامېرىكا ئەكسىيەتچى بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىپ، ئىنقىلاپقا قاتتىق قارشى تۇرغان، ئىنقىلاۋىي ئەدەبىيات-سەنئەتنى قاغىغان.

③ جۇ زورېن، جاڭ زىپىڭلار، 1937-يىلى ياپون قاراقچىلىرى بېيجىڭ ۋە شاڭخەينى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ياپون قاراقچىلىرىغا تەسلىم بولغان.

④ «لۇشۈن ئەسەرلىرى» 4-توم «ئالا كوكۇل» توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن «سولقانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقى توغرىسىدا پىكىر»گە قاراڭ.

⑤ «لۇشۈن ئەسەرلىرى» 6-توم «چيېجيېتىڭ زاۋېنلىرى ئاخىرقى قىسمى»نىڭ «ئىلاۋە»سىگە كىرگۈزۈلگەن «ئۆلۈم»گە قاراڭ.

⑥ «پادىچى بالا» — جۇڭگودا كەڭ تارقالغان ناخشا-ئۇسسۇللۇق كىچىك سەھنە ئەسىرى، بۇنىڭدا بىر پادىچى بالا ۋە بىر يېزا قىزىدىن ئىبارەت ئىككىلا رول بار، ئۇلار سەھنە ئەسىرىنىڭ مەزمۇنىنى ئېيتىشىش شەكلى بىلەن ئىپادىلەيدۇ. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، بەزىلەر بۇ ناخشا-ئۇسسۇللۇق سەھنە ئەسىرى شەكلىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ ئەسلى سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى تەشۋىق قىلغان، بۇ مەلۇم مەزگىل خېلى كەڭ تارقالغان.

⑦ «人،手،口،刀،牛،羊» — بۇلار يېزىلىشى ئاددىراق خەنزۇچە خەتلەر بولۇپ، بۇ خەتلەر كونا زاماندىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر تىل دەرسلىكى بىرىنچى قىسمىنىڭ ئەڭ باشتىكى بىرقانچە دەرسكە كىرگۈزۈلەتتى.

⑧ «باھار قارلىرى»، «سەھرالىق بەدنۇملەر» — بۇلار مىلادىيىدىن 3 ئەسىر ئىلگىرى ئۆتكەن چۇ بەگلىكىنىڭ ناخشىلىرى. «باھار قارلىرى» بىرقەدەر يۇقىرى سەۋىيىلىك كۈي ھېسابلىناتتى، «سەھرالىق بەدنۇملەر» بولسا بىرقەدەر تۆۋەن سەۋىيىلىك كۈي ھېسابلىناتتى. «ئەدىبىي ئەسەرلەر تاللانمىسى»دىكى «سۇڭ يۈينىڭ چۇ ۋاڭ قويغان سوئاللارغا جاۋاۋى» دېگەن ئەسەردە بىر ھېكايە بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: چۇ بەگلىكىنىڭ پايتەختىدە بىر كىشى «باھار قارلىرى» ناخشىسىنى ئېيتقاندا، «ئۇنىڭغا بىرنەچچە ئونلا ئادەم قوشۇلۇپ ئېيتقان»؛ ئەمما «سەھرالىق بەدنۇملەر»نى ئېيتقاندا، «ئۇنىڭغا بىرنەچچە مىڭ ئادەم قوشۇلۇپ ئېيتقان».

⑨ لېنىننىڭ «پارتىيە تەشكىلاتى ۋە پارتىيە ئەدەبىياتى» دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن. لېنىن مۇنداق دەيدۇ: «ئەدەبىيات ئىشى پرولېتارىيات ئومۇمىي ئىشىنىڭ بىر قىسمى بولۇشى كېرەك، پۈتۈن ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ھەممە ئاڭلىق شىيەنفېڭدۈيى يۇرگۈزۈپ تۇرغان بىر پۈتۈن ئۇلۇق سوتسىيال-دېموكراتىك ماشىنىنىڭ «چىشلىق چاقى ھەم ۋىنتىسى» بولۇشى لازىم.»

⑩ تىڭزىجيەن — شاڭخەيدىكى قەۋەتلىك ئىمارەتلەرنىڭ پەلەمپىيى تۈۋىدىكى بىر خىل تار، قاراڭغۇ، كىچىك ھوجرا، شۇڭا ئۇنىڭ ئىجارە ھەققى ئەرزانراق بولاتتى. كەمبەغەل ئەدىپلەر، سەنئەتكارلار، زىيالىيلار ۋە ئىدارىلەردىكى ئۇششاق خىزمەتچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى شۇنداق ھوجرىلارنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇراتتى.

⑪ بۇ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارنى كۆرسىتىدۇ. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە، ياپون قاراقچىلىرى بېسىۋالمىغان ئەمما گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرغان جۇڭگونىڭ غەربىي جەنۇپ قىسمى ۋە غەربىي شىمال قىسمىدىكى كەڭ زېمىننى كىشىلەر ئادەتتە «كەڭ ئارقا سەپ» دەپ ئاتاش بىلەن، گۇڭچەنداڭ رەھبەرلىكىدىكى دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى گېنجۈيىدىلەردىن

ئىبارەت «كىچىك ئارقا سەپ»تىن پەرقلەندۈرەتتى.

⑫ فادىيېۋ ــ مەشھۇر سوۋېت يازغۇچىسى. ئۇنىڭ «تار ـ مار» دېگەن رومانى 1927 ـ يىلى نەشر قىلىنغان، ئۇنىڭدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى ئۇرۇش دەۋرىدە سىبىرىيە ئىشچىلىرى، دېھقانلىرى ۋە ئىنقىلاۋىي زىيالىيلىرىدىن تەشكىللەنگەن بىر پارتىزان دۈيىنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي باسمىچىلارغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشى تەسۋىرلىنىدۇ، بۇنى لۇشۈن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان.

⑬ «لۇشۈن ئەسەرلىرى» 7 ـ توم «توپلامغا كىرگۈزۈلمىگەن ئەسەرلەر» دېكى «ئۆز ـ ئۆزەمنى مەسخىرە»گە قارالسۇن.

# ئنتاين موهم بر سياسەت*

**(1942 ـ يل 9 ـ ئاينڭ 7 ـ كۈنى)**

داگجوگياڭ قوشۇنلارنى خل، مەمۇرى ئورۇنلارنى ئخچام قلش سياستنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن بۇيان، نۇرغۇن ياپون باسقۇنچىلرىغا قارشى گېنجۇيدلەردكى پارتيە تەشكلاتلرى جۇڭ‌ياگنڭ يوليورۇغى بويىچە بۇ خزمەتنى پلانلدى ۋە ئېلپ باردى. سەنشى ـ خېبېي ـ شەندۇڭ ـ خېنەن چېگرا رايوندكى رەھبرى يولداشلار بۇ خزمەتنى ناھايتى چڭ تۇتۇپ، قوشۇنلارنى خل، مەمۇرى ئورۇنلارنى ئخچام قلشتا نەمۇنە كورسەتتى. ئەمما يەنە برقانچە گېنجۇيدىدكى يولداشلار تونۇشنڭ يېتەرسزلگدن، بۇ ئشنى ئەستايدل ئېلپ بارمايۋاتىدۇ. بۇ جايلاردكى يولداشلار قوشۇنلارنى خل، مەمۇرى ئورۇنلارنى ئخچام قلشنڭ ھازرقى ۋەزيەت بلەن ۋە پارتيەنڭ ھەر خل سياسەتلرى بلەن بولغان مۇناسۋتنى تېخى چۈشەنمەيۋاتىدۇ، قوشۇنلارنى خل، مەمۇرى ئورۇنلارنى ئخچام قلشنى تېخىچە ئنتاين موهم بر سياسەت

---

* بۇ ــ يولداش ماۋ زېدۇڭ يەنئەن «جېفاڭ رباۋ» گېزتى ئۈچۈن يېزپ بەرگەن باشماقالا.

دەپ قارىمايۋاتىدۇ. بۇ ئىش توغرىسىدا «جىيفاڭ رىباۋ» گېزىتىدە ئۇرغۇن قېتىم مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى، بۇگۈن يەنە چۈشەندۈرۈپ ئۆتمەكچىمىز.

پارتىيىنىڭ ھەممە سىياسىتى ياپون قاراقچىلىرىنى يېڭىشكە قارىتىلغان. ھالبۇكى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ 5-يىلىدىن كېيىنكى ۋەزىيىتى، ھەقىقەتەن، ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچ — غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش باسقۇچىدا تۇرماقتا. بۇ باسقۇچ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ 1 ۋە 2-يىللىرىدىكىدىن پەرق قىلىپلا قالماي، 3 ۋە 4-يىللىرىدىكىدىنمۇ پەرق قىلىدۇ. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ 5 ۋە 6-يىللىرى مۇنداق ئەھۋالنى — غەلىبە يېقىنلاشقان لېكىن ئىنتايىن ئېغىر قىيىنچىلىقلارمۇ بولۇۋاتقان يەنى «تاڭ ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇق» دېيىلگەن ئەھۋالنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ *ئەھۋال ھازىرقى باسقۇچتا يالغۇز 8-ئارمىيە، يېڭى 4-ئارمىيىنىڭ* ھەرقايسى گېنجۇيدىلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى فاشىزمغا قارشى ئەللەرنىڭ ھەممىسىدە بار، پۈتۈن جۇڭگودىمۇ بار، لېكىن بولۇپمۇ ئارمىيىمىزنىڭ ھەرقايسى گېنجۇيدىلىرىدە ئالاھىدە كەسكىن ئىپادىلەنمەكتە. بىز تىرىشىپ، ياپون قاراقچىلىرىنى 2 يىل ئىچىدە مەغلۇپ قىلىشىمىز كېرەك. بۇ 2 يىل ئىنتايىن جاپالىق 2 يىل بولىدۇ، ئۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى 2 يىلى ۋە ئوتتۇرىدىكى 2 يىلىدىن ناھايىتى زور پەرق قىلىدۇ. بۇ خۇسۇسىيەتنى ئىنقىلاۋىي پارتىيە ۋە ئىنقىلاۋىي ئارمىيىنىڭ رەھبەرلىرى ئالدىن كورۇشى لازىم. ئەگەر ئۇلار ئالدىن كورەلمىسە، ۋاقىتنىڭ كەينىدە سورىلىپ قالىدۇ، تىرىشىپ ئىشلىگىنى بىلەنمۇ غەلىبە قازىنالمايدۇ، ئەكسىچە، ئىنقىلاپ ئىشلىرىنى زىيانغا ئۇچراش خەۋپى ئاستىدا

قالدۇرىدۇ. دۈشمەن ئارقا سەپىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
گېنجۇيدىلەرنىڭ ۋەزىيىتىدىكى قىيىنچىلىق بۇ كۈنكى كۈندە ئىلگىرى-
كىدىن بىرنەچچە ھەسسە ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ تېخى ئىنتايىن
ئېغىر قىيىنچىلىق ئەمەس. ئەگەر ھازىر توغرا سىياسەت بولمايدىكەن،
كېيىن ئىنتايىن ئېغىر قىيىنچىلىققا ئۇچرايمىز. ئادەتتىكى كىشىلەر
بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى ئەھۋال بىلەن ئاسانلا قايمۇقۇپ قېلىپ، بۇنىڭ-
دىن كېيىنمۇ بەربىر مۇشۇنداق بولىدۇغۇ، دەپ ئويلايدۇ. ئۇلاردا
كېتىۋاتقان كېمىنىڭ سۇ ئاستىدىكى خادا تاشقا دۈچكېلىشىنى
ئالدىن كورۇش قابىلىيىتى كەم، ئۇلار رولىنى ھوشيارلىق بىلەن
باشقۇرۇپ، كېمىنى سۇ ئاستىدىكى خادا تاشتىن ئەگىتىپ ئوتكۈزەل-
مەيدۇ. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش كېمىسىنىڭ بۇنىڭدىن
كېيىنكى يولىدا ياتقان سۇ ئاستىدىكى خادا تاش دېگەن نىمە؟
بۇ — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇ-
چىدىكى ماددى جەھەتتىكى ئىنتايىن ئېغىر قىيىنچىلىقلار. داڭجۇڭياڭ
بۇ قىيىنچىلىقلارنى كورسىتىپ، بىزنى بۇ سۇ ئاستىدىكى خادا تاشتىن
دىققەت بىلەن ئەگىپ ئوتۇشكە چاقىردى. بىزنىڭ نۇرغۇن يولداش-
لىرىمىز بۇنى چۈشىنىپ يەتتى، لېكىن يەنە بىرمۇنچە يولداشلىرىمىز
تېخى چۈشىنىپ يەتمىدى، مانا بۇ ئالدى بىلەن يېڭىشكە تېگىشلىك
توسالغۇ. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا ئىتتىپاقلىق كېرەك،
ئىتتىپاقلىشىشتا ھەر خىل قىيىنچىلىقلار بولىدۇ. بۇ قىيىنچىلىقلار
سىياسى جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلار بولۇپ، ئىلگىرى بار ئىدى،
بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بولۇشى مۇمكىن. 5 يىلدىن بېرى، پارتىيىمىز
ناھايىتى زور كۈچ چىقىرىپ، بۇ قىيىنچىلىقلارنى پەيدىن-پەي يېڭىپ
كەلمەكتە، بىزنىڭ شوئارىمىز — ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش، بۇنىڭدىن

كېيىن ئۇنى يەنە كۈچەيتىش كېرەك. لېكىن يەنە بىر قىيىنچىلىق بار، ئۇ بولسىمۇ ماددىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىق. بۇ قىيىنچىلىقنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن بارغانسىرى كۈچىيىشى چوقۇم. ھازىر يەنە بىرمۇنچە يولداشلار بىخارامان يۈرۈپ، بۇنى ئانچە سەزمەيۋاتىدۇ، بىز بۇ يولداشلارنىڭ دىققەت-ئېتىۋارىنى قوزغىشىمىز زۆرۈر. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كېنجۇيدىلەردىكى بارلىق يولداشلار چۈشىنىشى كېرەككى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ماددىي قىيىنچىلىقلارنىڭ ھازىرقىدىنمۇ ئېغىر بولۇشى چوقۇم، بىز بۇ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشىمىز كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ مۇھىم چارىلىرىمىزنىڭ بىرى — قوشۇنلارنى خىل، مەمۇرىي ئورۇنلارنى ئىخچام قىلىش.

قوشۇنلارنى خىل، مەمۇرىي ئورۇنلارنى ئىخچام قىلىش نېمە ئۈچۈن ماددىي قىيىنچىلىقنى يېڭىشتە مۇھىم بىر سىياسەت بولىدۇ؟ ناھايىتى روشەنكى، كېنجۇيدىلەرنىڭ ھازىرقى بولۇپمۇ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇرۇش ئەھۋالى بىزنىڭ ئىلگىرىكى نۇقتىسىنەزەردە تۇرۇپ قېلىشىمىزغا يول قويمايدۇ. بىزنىڭ زور ئۇرۇش ئورگانلىرى-مىز ئىلگىرىكى ئەھۋالغا مۇۋاپىق ئىدى. ئۇ چاغدىكى ئەھۋال بىزنىڭ شۇنداق قىلىشىمىزغا يول قويغان ئىدى ھەم شۇنداق قىلىش كېرەك ئىدى. لېكىن ھازىر ئەھۋال باشقىچە، كېنجۇيدىلەر تارايدى، بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە يەنە تارىيىشى مۇمكىن، بىز زور ئورگانلارنى ھەرگىز ئىلگىرىكىدەك ساقلاپ قالالمايمىز. ھازىر ئۇرۇش ئورگانلىرى بىلەن ئۇرۇش ئەھۋالى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت تۇغۇلدى، بىز بۇ زىددىيەتنى تۈگىتىشىمىز كېرەك. دۈشمەننىڭ فاڭ-جېنى بىزدىكى بۇ زىددىيەتنى كېڭەيتىش، مانا بۇ ئۇنىڭ «ئۈچ تۈگ-تىش» سىياسىتى[1]. ئەگەر بىز مۇشۇنداق زور ئورگانلارنى ساقلاپ

قىلىۋېرىدىغان بولساق، ئۇ چاغدا دەل دۈشمەننىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ قالىمىز. ئەگەر بىز ئۆز ئورگانلىرىمىزنى كىچىكلىتىپ، قوشۇنلارنى خىل، مەمۇرى ئورۇنلارنى ئىخچام قىلساق، ئۇرۇش ئورگانلىرىمىز كىچىكلەپ كەتسىمۇ، ئۆز كۈچىنى ساقلاپ قېلىۋېرىدۇ؛ بېلىق چوڭ، سۇ ئاز بولۇش زىددىيىتىنى تۈگىتىپ، ئۇرۇش ئورگانلىرىمىزنى ئۇرۇش ئەھۋالىغا مۇۋاپىقلاشتۇرساق، بارغانسىرى كۈچىيىمىز، دۈشمەندىن يېڭىلمەيمىز، بەلكى دۈشمەننى ئۈزۈل-كېسىل يېڭىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، داڭجۇڭگياڭ ئوتتۇرىغا قويغان قوشۇنلارنى خىل، مەمۇرى ئورۇنلارنى ئىخچام قىلىش سىياسىتىنى ئىنتايىن موھىم بىر سىياسەت دەيمىز.

لېكىن، مەۋجۇت ئەھۋال ۋە ئادەت، كوپ چاغلاردا، كىشىلەرنىڭ مېڭىسىنى ئاسانلا قاتتىق چىرمىۋالىدۇ، ھەتتا ئىنقىلابچىلارمۇ بەزىدە بۇنىڭدىن خالى بولالمايدۇ. زور ئورگانلارنى ئۆز قولى بىلەن قۇرۇپ چىقىپ، ئەمدى ئۇلارنى يەنە ئۆز قولى بىلەن كىچىكلىتىشكە توغرا كەلگەنلىكتىن، كىچىكلىتىش ۋاقتىدا ئاسانلىقچە قولى بارمايدۇ، ناھايىتى قىيىن ھېس قىلىدۇ. دۈشمەن بىزگە ئۆزىنىڭ زور ئورگانلىرى بىلەن بېسىم كورسىتىۋاتسا، بىز يەنە ئۇنى كىچىكلەتسەك بولامدۇ؟ دەپ قاراپ، كىچىكلىتىلسە، دۈشمەنگە تاقابىل كېلىشتە ئەسكەر ئازلىق قىلىپ قالىدۇ، دەپ ھېس قىلىدۇ. مەۋجۇت ئەھۋال ۋە ئادەت بىلەن چىرمىلىپ قېلىش دېگەن ئەنە شۇ. ھاۋا ئۆزگەرگەندە، كىيىمنىمۇ شۇنىڭغا قاراپ يوتكەش كېرەك. ھەر يىلى ئەتىياز كېتىپ ياز كەلگەندە، ياز كېتىپ كۈز كەلگەندە، كۈز كېتىپ قىش كەلگەندە ۋە قىش كېتىپ ئەتىياز كەلگەندە، بىر قېتىمدىن كىيىم يوتكەش كېرەك. لېكىن كىشىلەر كوپ ھاللاردا ئەنە شۇ «بىرى كېتىپ،

بىرى كېلىش»تە كىيىم يوتكىمەي، ئوزىگە كېسەل تېپىۋالىدۇ، مانا بۇ ئادەت كۈچىدىن بولىدۇ. دۈشمەنگە قارشى چاقىقانلىق بىلەن كۈرەش قىلىش ئۈچۈن گېنجۈيدىلەرنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى بىزدىن قىشلىق كىيىمنى تاشلاپ، يازلىق كىيىم كىيىشنى تەلەپ قىلماقتا، بىز بولساق، تېخى گەۋدىمىز كېلەگسىز، بېشىمىز يوغان، پۈتىمىز ئىنچىكە بولغاچقا، جەڭگە تازا ماسلىشالمايۋاتىمىز. ئەگەر: دۈشمەننىڭ زور ئورگىنىغا قانداق تاقابىل تۇرۇش كېرەك؟ دەپ سورالسا، بۇنىڭغا سۈن ۋۇكۇڭنىڭ تومۇر يەلپۈگۈچلۈك خان قىزىغا تاقابىل كەلگەنلىگى مىسال بولىدۇ. تومۇر يەلپۈگۈچلۈك خان قىزى ناھايىتى يامان بىر جادۇگەر بولسىمۇ، سۈن ۋۇكۇڭ كىچىككىنە بىر قۇرۇتقا ئايلىنىپ، تومۇر يەلپۈگۈچلۈك خان قىزىنىڭ يۈرىگىگە كىرىۋېلىپ ئۇنى يەڭگەن[2]. ليۇ زۇڭيۇەن تەسۋىرلىگەن «گۈيجۇ ئېشىكىنىڭ ھۈنىرى»[3]مۇ ئوبدان بىر ساۋاق. گۈيجۇغا ناھايىتى چوڭ بىر ئېشەك بېرىپ قاپتۇ، گۈيجۇدىكى كىچىك يولۋاس ئۇنى كورۇپ ناھايىتى قورقۇپ كېتىپتۇ. لېكىن كېيىن بۇ كىچىك يولۋاس ھېلىقى چوڭ ئېشەكنى يەپ قويۇپتۇ. بىزنىڭ 8-ئارمىيە بىلەن يېڭى 4-ئارمىيەمىز — سۈن ۋۇكۇڭ ۋە كىچىك يولۋاس، ئۇلار ياپون جادۇگەرلىرى ياكى ياپون ئېشەكلىرىگە تاقابىل كېلىشكە پۈتۈنلەي قادىر. ھازىر بىز ئوزگىرىشىمىز كېرەك، گەۋدىمىزنى كىچىكرەك، لېكىن مەزمۇتراق قىلىپ ئوزگەرتىشىمىز كېرەك، شۇ چاغدا بىز يېڭىلمەس بولىمىز.

## ئىزاھلار

① «ئۈچ تۈگىتىش سىياسىتى» ياپون جاھانگىرلىگىنىڭ جۇڭگو ئازات

رايونلىرىغا يۆرگۈزگەن كويىدۇرۇپ تۈگىتىش، قىرىپ تۈگىتىش، بۇلاپ تۈگىتىشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈگىتىش سىياسىتىنى كورسىتىدۇ.

② تومۇر يەلپۈگۈچلۈك خان قىزى لوچا دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سۇن ۋۇكۇڭنىڭ كېچىككىنە قۇرۇتقا ئايلىنىپ، تومۇر يەلپۈگۈچلۈك خان قىزنى يەڭگەنلىگى ھەققىدىكى ھېكايە توغرىسىدا جۇڭگونىڭ ئەپسانىۋى رومانى «شيۇجى»نىڭ 59 - بابىغا قارالسۇن.

③ ليۇ زۇڭيۈەن (مىلادى 773 — 819 - يىللىرى) — جۇڭگونىڭ تاڭ دەۋرىدىكى مەشھۇر يازغۇچىلىرىدىن بىرى. ئۇ «ئۈچ پەندىيات» ناملىق ئەسەرنى يازغان، بۇ ئۈچ مەسەلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇنىڭ بىرى «گۈيجۇ ئېشىگى» بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «گۈيجۇدا ئېشەك يوق ئىكەن، بىر قىزىقچى ئۇ يەرگە كېمىگە سېلىپ بىر ئېشەك ئېلىپ كەپتۇ. بۇ ئېشەكتىن پايدىلىنالمىغاندىن كېيىن، ئۇنى تاغ باغرىغا قويۇپ بېرىپتۇ. يولۋاس ئۇنى كورۇپ: بۇ نىمە دېگەن يوغان مەخلۇقتۇ، مۇقەددەس نەرسە بولسا كېرەك، دەپ، ئورمانلىققا موكۇۋېلىپ، ئۇنى ماراپ يۈرۈپتۇ. كېيىن ئاستا چىقىپ، ئۇنىڭغا يېقىنراق كەپتۇ، تازا سىنچىلاپ قارىسىمۇ، ئۇنىڭ نىمە ئىكەنلىگىنى بايقىيالماپتۇ. بىر كۈنى ئېشەك ھاڭرىغان ئىكەن، يولۋاس، مېنى يەپ قويىدىغان بولدى، دەپ، تېخىمۇ قورقۇپ يىراققا قېچىپ كېتىپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ ياقىقا ئوتۇپ، بۇ ياققا ئوتۇپ قاراپ، ئۇنىڭدا ئالاھىدە خىسلەت يوقلۇغىنى سېزىپتۇ؛ ئۇنىڭ ئاۋۇشىغىمۇ كونۇكۇپتۇ، يەنە ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ، ئالدى - كەينىدىنمۇ ئوتۇپ بېقىپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىشقا ئەسلا جۈرئەت قىلالماپتۇ. يېقىنراق كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئوينىشىپ، چىشىغا تېگىپتۇ. ئېشەك ناھايىتى غەزەپلىنىپ يولۋاسنى تېپىپتۇ. بۇ چاغدا يولۋاس خۇش بولۇپ: «بۇنىڭ بار - يوق ھۈنىرى شۇنىچىلىك ئىكەنغۇ!» دەپتۇ - دە، ئېشەككە ئوقتەك ئېتىلىپ، ئۇنىڭ كېكىرتىكىدىن ئاپتۇ، گوشىنى يەپ بولۇپ، ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ.»

# ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى*

**(1942 - يىل 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى)**

ستالىنگراد ئۇرۇشىنى ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا گېزىتلىرى ۋېردېن جەڭىگە ئوخشاتماقتا، «قىزىل ۋېردېن» دېگەن نام دۇنياغا پۇر كەتتى. بۇ ئوخشىتىش مۇۋاپىق ئەمەس. بۈگۈنكى ستالىنگراد ئۇرۇشى، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ۋاقتىدىكى ۋېردېن ئۇرۇشىغا سېلىشتۇرغاندا، خاراكتېر جەھەتتىن ئوخشىمايدۇ. ئەمما ئوخشايدىغان بىر يېرى بار: نۇرغۇن كىشىلەر مۇشۇنداق پەيتتىمۇ گېرمانىيىنىڭ ھۇجۇمى بىلەن قايمۇقۇپ، گېرمانىيىنىڭ يەنە غەلىبە قازىنىش ئىمكانىيىتى بار، دەپ قارىماقتا. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى 1918 - يىلى قىشتا ئاياقلاشتى، 1916 - يىلى گېرمانىيە ئارمىيىسى فرانسىيىنىڭ مۇھىم قورولى بولغان ۋېردېنگە بىرقانچە نۆۋەت ھۇجۇم قىلغان ئىدى. شۇ چاغدا گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇش باش قوماندانى گېرمانىيە شاھزادىسى ئىدى، بۇ جەڭگە قاتناشقان كۈچلەر گېرمانىيە

---

* بۇ — يولداش ماۋ زېدۇڭ يەنئەن «جيېفاڭ رىباۋ» گېزىتى ئۈچۈن يېزىپ بەرگەن باشماقالە.

ئارمىيىسىنىڭ ئەڭ خىل قىسمى ئىدى. ئۇ چاغدىكى جەڭ ھەل قىلغۇچ خاراكتېردىكى جەڭ ئىدى. گېرمانىيە ئارمىيىسى شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىشمۇ، ۋېردېننى ئالالمىدى، پۈتۈن گېرمانىيە-ئاۋستريە-تۈركىيە-بۇلغارىيە سېپى زادى چېقىش يولى تاپالماي قالدى، شۇنىڭدىن باشلاپ كۈندىن-كۈنگە قىيىنچىلىقتا قالدى، ھەممىنى بىزار قىلدى، تېرى-پېرەڭ بولدى، ئاخىرقى ھالاكەتكە بېرىپ يەتتى. بىراق شۇ چاغدا ئەنگلىيە-ئامېرىكا-فرانسىيە سېپى تېخى بۇ ئەھۋالنى بايقىيالماي، گېرمانىيە ئارمىيىسىنى يەنىلا ناھايىتى قۇدرەتلىك دەپ ھېساپلىدى، ئۆزىنىڭ پات ئارىدا غەلىبە قازىنىدىغانلىقىنى بىلمىدى. ئىنسانىيەت تارىخىدا ھالاكەتكە مەھكۇم بولغان ئەكسىيەتچى كۈچلەر ھامان ئىنقىلاۋىي كۈچلەرگە قارشى ئەڭ ئاخىرقى جان تالىشىشقا ئۇرۇنىدۇ، بەزى ئىنقىلاۋىي كىشىلەرمۇ مەلۇم ۋاقىتلاردا بۇنداق كورۈنۈشى قالتىس، ئەسلى ھالىسىز ھادىسىدىن قايمۇقۇپ قېلىپ، دۈشمەننىڭ پات ئارىدا يوقىلىدىغانلىقى، ئۆزىنىڭ پات ئارىدا غەلىبە قازىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ماھىيەتنى بايقىيالمايدۇ. پۈتۈن فاشىستىك كۈچلەرنىڭ باش كوتىرىشى ۋە ئۇلارنىڭ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلارنى قىلىشى — نەق ئەنە شۇنداق ئەڭ ئاخىرقى جان تالىشىشنىڭ ئىپادىسى؛ ئۇرۇشتا بولۇپمۇ ستالىنگرادقا ھۇجۇم قىلىشتا ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى جان تالىشىۋاتقانلىقىنى كورسەتتى. مۇشۇ تارىخىي بۇرۇلۇش نۇقتىسى ئالدىدا، فاشىزىمغا قارشى دۇنياۋى سەپتىكى بىرمۇنچە كىشىلەرمۇ فاشىزىمنىڭ يىرتقۇچ قىياپىتىدىن قايمۇقۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى بايقىيالمايۋاتىدۇ. 8-ئاينىڭ 23-كۈنى گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ پۈتۈن قىسمى دون دەرياسىنىڭ ئەگىمىدىن ئوتۇپ، ستالىنگرادقا

ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم باشلىغان ۋە 9-ئاينىڭ 15-كۈنى گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ بىر قىسمى بۇ شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىدىكى سانائەت رايونىغا بېسىپ كىرگەندىن باشلاپ، 10-ئاينىڭ 9-كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى چىڭباۋجۇيى قىزىل ئارمىيىنىڭ بۇ رايوندىكى گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ مۇھاسىرە سېپىنى بۇزۇپ چىققانلىقىنى ئېلان قىلغانغا قەدەر، جەمئى 48 كۈن داۋام قىلغان، ئىنسانىيەت تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن جاپا-مۇشەققەتلىك جەڭ بولۇپ ئۆتتى. بۇ ئۇرۇشتا ئاخىر غەلىبە قازىنىلدى. بۇ 48 كۈن داۋامىدا مۇشۇ شەھەردىن كەلگەن كۈنلۈك غالىبىيەت ۋە مەغلۇبىيەت خەۋەرلىرى ئون مىليونلىغان، يۈز مىليونلىغان خەلقنىڭ پۈتۈن دىققىتىنى جەلپ قىلىپ، ئۇلارنى قايغۇغىمۇ سالدى، خوشالمۇ قىلدى. بۇ ئۇرۇش يالغۇز سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشىنىڭلا بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالماستىن، ھەتتا بۇ قېتىمقى فاشىزىمغا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇشنىڭمۇ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالماستىن، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەت تارىخىنىڭمۇ بۇرۇلۇش نۇقتىسى. مۇشۇ 48 كۈن داۋامىدا دۇنيا خەلقىنىڭ ستالىنگرادقا بولغان دىققىتى بۈلتۈر 10-ئايدا دۇنيا خەلقىنىڭ موسكۋاغا بولغان دىققىتىگە قارىغاندا دەرىجە جەھەتتىن ئوشۇق بولسا بولىدىكى، كەم بولمىدى.

گىتلېر غەربىي سەپتە غەلىبە قازىنىشتىن ئىلگىرى گويا ئېھتىياتچانلىق قىلغاندەك بولدى. پولشىغا ھۇجۇم قىلغاندا، نورۋېگىيىگە ھۇجۇم قىلغاندا، گوللاندىيە، بېلگىيە، فرانسىيىگە ھۇجۇم قىلغاندا ۋە بالقانغا ھۇجۇم قىلغاندا، پۈتۈن كۈچىنى بىر يەرگە توپلىدى، باشقا تەرەپكە چېقىلىشقا پېتىنالمىدى. ئۇ غەربىي سەپتە غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، خۇددىنى بىلەلمەي قېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى

3 ئايدا مەغلۇپ قىلىماقچى بولىدى. بۇ زور قۇدرەتلىك سوتسىيا- لىستىك مەملىكەتكە شىمالدا مۇرمانسكىدىن تارتىپ جەنۇپتا قىرىمغىچە بولغان ئارىلىقتا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قىلدى، شۇنداق قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى چېچىۋەتتى. بۇلتۇر 10-ئايدا موسكۋاغا قىلىنغان ھۇجۇمنىڭ مەغلۇپ بولۇشى بىلەن سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشى- نىڭ بىرىنچى باسقۇچى ئاياقلاشتى؛ گىتلېرنىڭ بىرىنچى جەنلۇبىلىك پىلانى بىت-چىت بولدى. قىزىل ئارمىيە گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ئۆتكەن يىلقى ھۇجۇمىنى توختاتتى ھەمدە قىش پەسلىدە پۈتۈن سەپ بويىچە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى، بۇ سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى بولدى؛ گىتلېر چېكىنىش ۋە مۇداپىيەلىنىش ئورنىغا چۈشۈپ قالدى. بۇ مەزگىلدە، گىتلېر ئۆزىنىڭ ئالدىنقى سەپ زۇڭسىلىڭى بىراۋچىتچىنى ئورنىدىن قالدۇرۇپ، ئۆزى زۇڭسىلىڭ بولدى، ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قىلىش پىلانىدىن ۋازكېچىش قارارىغا كەلدى ۋە ياۋروپادىكى ھەممە كۈچلەرنى يىغىپ، جەنۇبىي سەپتە قىسمەن لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جان تومۇرىغا زەربە بېرىش دەپ تونۇغان ئەڭ ئاخىرقى ھۇجۇمنى ئېلىپ بېرىشقا تەييارلاندى. بۇ ھۇجۇم ئاخىرقى قېتىملىق ھۇجۇم خاراكتېرىنى ئالغان ۋە فاشىزىم- نىڭ ھايات-ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقتىن، گىتلېر غايەت زور ئەسكىرىي كۈچىنى توپلىدى، شىمالىي ئافرىكىدا ئۇرۇش قىلىۋاتقان بىر قىسىم ئايروپىلان، تانكىلىرىنىمۇ يوتكەپ كەلدى. بۇ يىل 5-ئايدا كېرچ ۋە سېۋاستوپولغا ھۇجۇم قىلغاندىن باشلاپ، ئۇرۇش ئۈچىنچى باسقۇچقا ئۆتتى. گىتلېر 1 مىليون 500 مىڭدىن ئوشۇق ئەسكىرىي كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ ۋە ئۇنىڭغا ئايروپىلان، تانكىلىرىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى قوشۇپ، ستالىنگرادقا ۋە كاۋكازغا مىسلىسىز

شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. ئۇ بۇ ئىككى جاينى تېزلىكتە بېسىۋېلىپ، ۋولگىنى كېسىپ تاشلاش ۋە باكۇنى تارتىۋېلىشتىن ئىبارەت ئىككى مەقسەتكە يېتىشكە، ئاندىن شىمالدا موسكۋاغا ھۇجۇم قىلىشقا، جەنۇپتا پېرسىيە قولتۇغىغا چىقىشقا ئۇرۇندى ھەمدە ياپون فاشىستلىرىغا ئەسكىرىي كۈچىنى مانجۇرىيىگە توپلاپ، ستالىنگراد ئېلىنغاندىن كېيىن سىبىرىيىگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈشنى بۇيرۇدى. گىتلېر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇرۇش مەيدانىدىن بوشىتىپ چىقىپ، ئۇنى غەربىي سەپكە يۆتكەپ، ئەنگلىيىنىڭ ۋە ئامېرىكىنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى قويۇش ھەمدە يېقىن شەرقنىڭ بايلىق مەنبەلىرىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىش، گېرمانىيە بىلەن ياپونىيىنىڭ ئالاقە باغلىشىغا يول ئېچىش بىلەن، شۇنداقلا، ياپون ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي كۈچىنىمۇ شىمالدىن بوشىتىپ چىقىپ، ئۇنى غەربكە ھەم جەنۇبقا ئەۋەتىپ، مەملىكىتىمىزگە ۋە ئەنگلىيە ھەم ئامېرىكىغا قارشى قويۇش بىلەن ئارقا سەپتىن خاتىرجەم بولۇش، شۇنداق قىلىپ فاشىزىم سېپىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش خام خىيالىدا بولغان ئىدى. ئەمما بۇ باسقۇچتىكى ئەھۋال قانداق بولدى؟ گىتلېر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھالاك قىلىدىغان سىلۇبىسكە دۇچ كەلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئالدى بىلەن دۈشمەننى ئىچكىرىلەپ كىرگۈزۈش، ئاندىن ئۇنىڭغا قەيسەرلىك بىلەن قارشى تۇرۇش فاڭجېنىنى قوللاندى. 5 ئايلىق ئۇرۇشتا گېرمانىيە ئارمىيىسى كاۋكاز نېفىتلىكىگىمۇ بېسىپ كىرەلمىدى، ستالىنگرادنىمۇ ئالالمىدى، گىتلېر ئەسكەرلىرى ئىگىز تاغلار ۋە مۇستەھكەم ئىستىھكاملار ئالدىدا توختاپ قېلىپ، يا ئالغا باسالماي، يا ئارقىغا چېكىنەلمەي، ناھايىتى زور چىقىمغا

ئۇچراپ، مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. ھازىر 10 ـ ئاي بولۇپ قالدى، قىش كېلىۋاتىدۇ، ئۇرۇشنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچى ئاياغلىشاي دەپ قالدى، تۆتىنچى باسقۇچى باشلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ. گىتلېر- نىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشتىكى جەنلۇبلىك قەستىنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولدى. بۇ مەزگىلدە، گىتلېر بۇلتۇر يازدا ئەسكەر- لىرىنى چېچىۋېتىش نەتىجىسىدە ئۇچرىغان مەغلۇبىيىتىنى كوزدە تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ ئەسكىرىي كۈچلىرىنى جەنۇبىي سەپكە توپلىغان ئىدى. ئەمما ئۇ بىر قېتىمدىلا شەرقتە ۋولگىنى كېسىپ تاشلاش، جەنۇپتا كاۋكازنى بېسىۋېلىشتەك ئىككى مەقسەتكە يېتىشنى كوزلەپ، ئۆزىنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى يەنە چېچىۋەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمەلىي كۈچى بىلەن غەرىزىنىڭ بىر ـ بىرىگە ماس كەلمەيۋاتقانلىقىنى ھېساپقا ئالمىغانلىقتىن، «ئەپكەشنىڭ بېغى پۇختا بولمىسا، ئىككى بېشىدا يۈك توختىمايتۇ» دىگەندەك، ھازىرقى تۇيۇق يولغا كىرىپ قالدى. قارشى تەرەپ ــ سوۋېت ئىتتىپاقى بولسا ئۇرۇشقانسىرى كۈچەيمەكتە. ستالىنىنىڭ چېۋەر جەنلۇبلىك قوماندانلىقى تامامەن جۇدۇڭ ئورۇندا تۇرۇپ، ھەممە يەردە گىتلېرنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارماقتا. مۇشۇ يىل قىشتا باشلىنىدىغان تۆتىنچى باسقۇچ گىتلېرنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان باسقۇچ بولغۇسى.

گىتلېرنىڭ بىرىنچى باسقۇچتىكى ئەھۋالى بىلەن ئۈچىنچى باسقۇچتىكى ئەھۋالىنى سېلىشتۇرىدىغان بولساق، گىتلېرنىڭ ئۈزۈل- كېسىل مەغلۇپ بولۇش يوسۇنىدا تۇرغانلىقىنى بىلەلەيمىز. ھازىر قىزىل ئارمىيە ستالىنگراد ۋە كاۋكاز تەرەپلىرىدە، ئەمەلىيەتتە، گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمىنى توختاتتى، گىتلېر ھازىر پۈتۈنلەي ھالىدىن كەتتى، ئۇنىڭ ستالىنگراد ۋە كاۋكازغا قىلغان ھۇجۇملىرى

مەغلۇپ بولدى. ئۇنىڭ ئوتكەن يىلى 12 ـ ئايدىن بۇ يىل 5 ـ ئايغىچە پۈتۈن قىش بويى رۇسلىۋالغان ئازغىنا ئەسكىرىي كۈچىمۇ خوراپ تۈگىدى. سوۋېت ـ گېرمان ئۇرۇش سېپىدە قىشنىڭ كېلىشىگە بىر ئايمۇ قالمىدى، ئۇنىڭغا دەرھال مۇداپىئەلىنىش زورۇر بولۇپ قالدى. پۈتۈن دون دەرياسىنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىي ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ خەۋپلىك جاي بولۇپ قالدى، قىزىل ئارمىيە ئەمدى بۇ جايلاردا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئوتىدۇ. گىتلېر ئەجەلنىڭ قىستىشى ئارقىسىدا بۇ يىل قىش ئوز قوشۇنلىرىنى يەنە بىر قېتىم رۇسلايدۇ. بەلكىم، ئۇ يەنە ئوزىنىڭ ئازغىنا قالدۇق كۈچلىرىنى تېرىشتۇرۇپ، بىرنەچچە يېڭى شتۇەن تەييارلىشى، بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئوزىنىڭ 3 فاشىست شېرىكى ــ ئىتالىيە، رۇمىنىيە، ۋېنگرىيەلەردىن تىلەپ، ئۇلاردىن بىر ئاز زەمبىرەك يەملىرى ئېلىپ، بۇنىڭ بىلەن شەرقىي ۋە غەربىي سەپلەردىكى خەۋپلىك ۋەزىيەتكە جاۋاپ بېرىشكە ئۇرۇنۇشى مۇمكىن. لېكىن ئۇ شەرقىي سەپتە قىشلىق ئۇرۇشنىڭ ئىنتايىن زور چىقىمىغا جاۋاپ بېرىشى، غەربىي سەپتە 2 ـ ئۇرۇش سېپىگە جاۋاپ بېرىشكە ھازىرلىنىشى لازىم بولىدۇ؛ ئىتالىيە، رۇمىنىيە، ۋېنگرىيە دولەتلىرى بولسا گىتلېرنىڭ ھالاكىتى مۇقەررەرلىشىپ قالغان بۇنداق بىر ئۇمىتسىزلىك كەيپىياتتا كۈندىن ـ كۈنگە ئۇنىڭدىن يىراقلىشىدۇ. قىسقىسى، 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىن كېيىنكى گىتلېر ئۈچۈن پەقەت ئولۇم يولىلا قالىدۇ.

قىزىل ئارمىيىنىڭ ستالىنگرادنى 48 كۈن مۇداپىئە قىلىشى ئوتكەن يىلدىكى موسكۋانى مۇداپىئە قىلىشقا مەلۇم جەھەتتىن ئوخشايدۇ. يەنى ئۇ گىتلېرنىڭ بۇ يىلقى پىلانىنىمۇ بۇلتۇرقى پىلانغا ئوخشاشلا بىت ـ چىت قىلدى. ئوخشمايدىغان يېرى شۇكى، موسكۋانى مۇداپىئە

قىلىش جېڭىدىن كېيىن، قىزىل ئارمىيە گەرچە قىشلىق قايتۇرما
ھۇجۇم ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ يىل يەنە گېرمانىيە ئارمىيە-
سىنىڭ يازلىق ھۇجۇمغا ئۇچرىدى، بۇ، بىرىنچىدىن، گېرمانىيە ۋە
ئۇنىڭ ياۋروپادىكى شېرىكلىرىدە تېخى بازارغا سالغۇدەك قالدۇق
كۈچ بولغانلىقىدىن، ئىككىنچىدىن، ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ 2 - ئۇرۇش
سېپىنى ئېچىشنى كەينىگە سورىگەنلىكىدىن بولدى. ئەمما ستالىن-
گرادنى مۇداپىيە قىلىش جېڭىدىن كېيىن ۋەزىيەت ئۆتكەن يىلدىكىگە
قارىغاندا تامامەن باشقىچە بولىدۇ. بىر تەرەپتىن، سوۋېت ئىتتىپاقى
ئىنتايىن زور مىقياستا ئىككىنچى قېتىملىق قىشلىق قايتۇرما ھۇجۇم
ئېلىپ بارىدۇ، ئەنگلىيە، ئامېرىكا 2 - ئۇرۇش سېپى ئېچىشنى كېچىك-
تۈرەلمەيدۇ (گەرچە ئۇنىڭ كونكرېت ۋاقتىنى مولچەرلەش ھازىرچە
مۇمكىن بولمىسىمۇ)، ياۋروپا خەلقىمۇ قوزغىلاڭ كۆتىرىپ ماسلىشىش
ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، گېرمانىيە ۋە
ئۇنىڭ ياۋروپادىكى شېرىكلىرىدە ئەمدى كەڭ كولەملىك ھۇجۇم
ئېلىپ بارغۇدەك قۇۋۋەتمۇ قالمىدى، گىتلېر پۈتۈن فاگېپىنى جەن-
لۇبىلىك مۇداپىيەگە ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. گىتلېر جەنلۇبىلىك
مۇداپىيەگە ئۆتۈشكە مەجبۇر قىلىنسىلا، فاشىزىمنىڭ ئۆمرى تۈگىگەن
بولىدۇ. چۈنكى گىتلېر دولىتىدەك مۇشۇنداق فاشىست دولەتنىڭ
سىياسى ھاياتى ۋە ھەربى ھاياتى دۇنياغا كەلگەن كۈنىدىن تارتىپلا
ھۇجۇم قىلىش ئۈستىگە قۇرۇلغان، ئۇنىڭ ھۇجۇمى ئاياقلىششى بىلەنلا
ھاياتىمۇ ئاياقلىشىدۇ. ستالىنگراد جېڭى فاشىزىم ھۇجۇمىنى توختىت-
تىدۇ، بۇ جەڭ ھەل قىلغۇچ خاراكتېرغا ئىگە. بۇنداق ھەل قىلغۇچ
خاراكتېر پۈتۈن دۇنيا ئۇرۇشنى بەلگىلەيدۇ.

گىتلېرنىڭ ئالدىدا ئۈچ قۇدرەتلىك دۇشمەن — سوۋېت ئىتتىپاقى،

ئەنگلىيە-ئامېرىكا ۋە گىتلېر بېسىۋالغان جايلاردىكى لاۋبەيشىڭلار تۇرۇپتۇ. شەرقىي سەپتە تەۋرەنمەس ئىستىھكام بولغان قىزىل ئارمىيە ۋە قىزىل ئارمىيىنىڭ پۈتۈن ئىككىنچى قېتىمقى قىشلىق قايتۇرما ھۇجۇمى ھەم ئۇنىڭغا ئۇلاشتۇرۇپ ئېلىپ بارىدىغان قايتۇرما ھۇجۇملىرى تۇرماقتا، بۇ — پۈتۈن ئۇرۇشنى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلىدىغان كۈچ. غەربىي سەپتە ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا تېخىچە چەتتە قاراپ تۇرۇش ۋە ئارقىغا سورەش سىياسىتىنى قوللىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلۇك يولۋاسنى كالتەكلەش ۋاقتى كەلگەندە، ئاخىر 2-ئۇرۇش سېپىنى ئاچىدۇ. گىتلېرنىڭ ئالدىدا يەنە بىر ئىچكى ئۇرۇش سېپى يەنى گېرمانىيە، فرانسىيلەردە ۋە ياۋروپانىڭ باشقا قىسىملىرىدا يېتىلىۋاتقان ئۇلۇق خەلق قوزغىلىڭى تۇرۇپتۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قايتۇرما ھۇجۇمغا ئوتۇشى ۋە 2-ئۇرۇش سېپىنىڭ زەمبىرەكلىرى گۈلدۈرلىشى بىلەنلا، ئۇلار 3-ئۇرۇش سېپىنى ئېچىپ بۇنىڭغا ماسلىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۈچ ئۇرۇش سېپىنىڭ گىتلېرنى ئارىغا ئېلىپ زەربە بېرىشى ستالىنگراد جەنىسىدىن كېيىنكى ئۇلۇق تارىخىي جەريان بولۇپ قالىدۇ.

ناپولېئوننىڭ سىياسىي ھاياتى ۋاتېرلوئودا ئاياقلاشتى، لېكىن بۇنى بەلگىلىگەن نۇقتا ئۇنىڭ موسكۋادىكى مەغلۇبىيىتى ئىدى①. گىتلېر بۈگۈنكى كۈندە دەل ناپولېئون يولىدىن ماڭماقتا، ستالىنگراد جەنىسى — ئۇنىڭ ھالاكىتىنى بەلگىلەيدىغان نۇقتا.

بۇ ۋەزىيەت يىراق شەرققە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. كېلەر يىل ياپون فاشىزمى ئۈچۈنمۇ خەيرلىك يىل بولمايدۇ. تاكى گورگە كىرگەنگە قەدەر ئۇنىڭ بېشى كۈندىن-كۈنگە ئاغرىۋېرىدۇ.

دۇنيا ۋەزىيىتىگە ئۈمىتسىز قاراۋاتقان بارلىق كىشىلەر ئوزىنىڭ

نۇقتىنەزىرىنى ئۆزگەرتىۋېلىشى لازىم.

## ئىزاھ

① 1815-يىل 6-ئايدا، ناپولېون ئەنگلىيە-پرۇسسىيە بىرلەشمە ئارمىيىسى بىلەن بېلگىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ۋاتېرلوئودا شىددەتلىك جەڭ قىلدى. ناپولېون ئۇرۇشتا يېڭىلىپ، ئاتلانتىك ئوكياننىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى سېنت يېلېنا ئارىلىغا سۈرگۈن قىلىندى، 1821-يىلى شۇ ئارالدا ئۆلدى. ناپولېون ئۆز ھاياتىدا ياۋروپادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنى بويسۇندۇرغان ئىدى، لېكىن 1812-يىلى روسىيىگە قىلغان ھۇجۇمدا موسكۋادا ئىنتايىن زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى، ئۇنىڭ خىل قوشۇنلىرى تامامەن دېگۈدەك يوقىتىلدى. ناپولېون مۇشۇ زەربىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ھۇشىغا كېلەلمىدى. ناپولېوننىڭ موسكۋادا مەغلۇپ بولغانلىقى توغرىسىدا مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ 2-تومىدىكى «ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش توغرىسىدا»نىڭ ㉓ ئىزاھىغا قارالسۇن.

# ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ 25 يىللىقىنى تەبرىكلەيمىز

**(1942-يىل 11-ئاينىڭ 6-كۈنى)**

بىز بۇ يىلقى ئوكتەبىر ئىنقىلاۋى بايرىمىنى ئەڭ زور ئۈمىتۋارلىق بىلەن تەبرىكلەيمىز. مەن قەتئىي ئىشىنىمەنكى، بۇ يىلقى ئوكتەبىر ئىنقىلاۋى بايرىمى سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى فاشىزىمغا قارشى دۇنياۋى سەپنىڭ فاشىزىم سېپىنى يېڭىشىنىڭمۇ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولىدۇ.

بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى مەزگىلدە، فاشىست گېرمانىيىسىگە ۋە ئۇنىڭ ياۋروپادىكى شېرىكلىرىگە قىزىل ئارمىيە يالغۇز قارشى تۇرغانلىقتىن، گىتلېر تېخى داۋاملىق ھۇجۇم قىلالىغان ئىدى، گىتلېر تېخى مەغلۇپ قىلىنمىغان ئىدى. ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈچى ئۇرۇش داۋامىدا زورايدى، گىتلېرنىڭ ئىككىنچى يازلىق ھۇجۇمى بىت-چىت بولدى. بۇنىڭدىن كېيىن فاشىزىمغا قارشى دۇنياۋى سەپنىڭ ۋەزىپىسى — فاشىزىم سېپىگە قارشى ھۇجۇم قوزغاپ، فاشىزىمنى ئۈزۈل-كېسىل مەغلۇپ قىلىش.

ستالىنگرادتىكى قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ

تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك باتۇرانە ئىشلارنى قىلدى. ئۇلار — ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ پەرزەنتلىرى. ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ تۇغى — يېڭىلمەس تۇغ، بارلىق فاشىزىم كۈچلىرى بولسا هالاكەتكە مەهكۇم.

بىز جۇڭگو خەلقىنىڭ قىزىل ئارمىيىسىنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەيمىز — ئەينى زاماندا ئۇز غەلىبىمىزنى تەبرىكلىگەنلىگىمىز. بىزنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىۋاتقىنىمىزغا 5 يىلدىن ئاشتى، ئالدىمىزدا يەنە جاپا ـ مۇشەققەتلەر بولسىمۇ، ئەمما غالىبىيەتنىڭ تاڭ نۇرى كورۇنۇپ تۇرماقتا. ياپون فاشىزىمىنى چوقۇم يېڭىپلا قالماي، بەلكى پات ئارىدا يېڭىمىز.

بارلىق تىرىشچانلىقلارنى ياپون فاشىزىمىغا زەربە بېرىشكە مەركەزلەشتۇرۇش — جۇڭگو خەلقىنىڭ ۋەزىپىسى.

# ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدىكى ئىگىلىك مەسىلىسى ۋە مالىيە مەسىلىسى*

(1942 - يىل 12 - ئاي)

ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، تەمىنلەشنى كاپالەتلەندۇرۇش — بىزنىڭ ئىگىلىك خىزمىتىمىز ۋە مالىيە خىزمىتىمىزنىڭ باش فاڭجېنى. لېكىن بىرمۇنچە يولداشلار بىر تەرەپلىمە هالدا مالىيىگىلا ئەهمىيەت بېرىپ، پۈتۈن ئىگىلىكنىڭ موهىملىقىنى چۈشەنمەيدۇ؛ ئۇلارنىڭ پىكرى - خىيالى ئەتىدىن - كەچكىچە پەقەت مالىيە كىرىم - چىقىم مەسىلىسى ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ، هەرقانچە ئايلانغان بىلەنمۇ مەسىلىنى

---

* بۇ يولداش ماۋزېدۇڭ شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونى يۇقۇرى دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا بەرگەن دوكلات «ئىگىلىك مەسىلىسى ۋە مالىيە مەسىلىسى»نىڭ بىرىنچى بابى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلى ماۋزۇسى «ئۆتكەنكى خىزمەتلەر توغرىسىدا ئاساسىي خۇلاسە» ئىدى. 1941 ۋە 1942 - يىللىرى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىنىڭ ئازات رايونلار ئۈچۈن ئەڭ قىيىن مەزگىلى ئىدى. ياپون قاراقچىلىرىنىڭ ۋەھشىلەرچە هۇجۇم قىلىشى ۋە گومىنداڭنىڭ

ھەل قىلالمايدۇ. بۇ بىر تۈرلۈك كونا، مۇتەئەسسىپ نۇقتىنەزەر-نىڭ ئەنە شۇ يولداشلارنىڭ كاللىسىدا ۋەسۋەسە تۇغدۇرغانلىقىدىن بولدى. مالىيە سىياسىتىنىڭ ياخشى-يامان بولۇشى، ئەلۋەتتە، ئىگىلىككە تەسىر كۆرسىتەلىسىمۇ، لېكىن مالىيىنى بەلگىلەيدىغان نەرسە ئىگىلىك ئىكەنلىكىنى ئۇلار بىلمەيدۇ. ئىگىلىك ئاساسى بولماي تۇرۇپ، مالىيە قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ باققان ئەمەس، ئىگىلىك راۋاجلانماي تۇرۇپ، مالىيە كەڭتاشا بولۇپ باققان ئەمەس. شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايونىنىڭ مالىيە مەسى-لىسى — بىرقانچە ئون مىڭ ئەسكەر ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش خىراجىتى ۋە ئىش خىراجىتىنى تەمىنلەش مەسىلىسى، يەنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ خىراجىتىنى تەمىنلەش مەسىلىسى. بۇ خىراجەتلەر تامامەن خەلقتىن ئېلىنىدىغان باج-سېلىق بىلەن شۇنىڭدەك بىرقانچە ئون مىڭ ئەسكەر ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن ھەل قىلىنىدۇ. ئەگەر بىز خۇسۇسى ئىگىلىك ۋە ئومۇمىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرمايدىكەنمىز، بىزگە قول قوشتۇ-

---

مۇھاسىرىگە ئېلىشى ھەم قامال قىلىشى سەۋەبىدىن ئازات رايونلارنىڭ مالىيىسىدە ئىنتايىن زور قىيىنچىلىقلار يۈزبەردى. يولداش ماۋزېدۇڭ پارتىيىنىڭ تىرىشىپ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ۋە باشقا ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشى لازىملىقىنى كۆرسەتتى ھەمدە ئازات رايونلاردىكى ئىدارىلەر، مەكتەپلەر ۋە قىسىملارنى ئىمكانىيىتىنىڭ بېرىچە ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەشنى يولغا قويۇپ، شۇنىڭ بىلەن مالىيە قىيىنچىلىقى ۋە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە چاقىردى. يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «ئىگىلىك مەسىلىسى ۋە مالىيە مەسىلىسى» دېگەن كىتاۋى شۇنىڭدەك «گېنجۈيدىلەردە ئىجارە كېمەيتىش،

رۇپ ئولۇمنى كۈتۈشلا قالىدۇ. مالىيە قىيىنچىلىقىنى پەقەت ئىگىلىكنى ھەقىقى ۋە ئۈنۈملۈك راۋاجلاندۇرۇش يولى بىلەنلا ھەل قىلغىلى بولىدۇ. ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئۇنتۇپ، مالىيە مەنبەلىرىنى ئېچىشنى ئۇنتۇپ، چىقىم قىلمىسا بولمايدىغان مالىيە چىقىملىرىنى قىسقارتىش ئارقىلىق مالىيە قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان مۇتەئەسسىپ نۇقتىنەزەر بىلەن ھېچقانداق مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ.

بىز 5 يىلدىن بۇيان بىرقانچە باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتۇق. ئەڭ زور قىيىنچىلىق 1940 ۋە 1941 ـ يىللىرىدا بولدى، گومىنداڭنىڭ كۈڭچەنداڭغا قارشى پەيدا قىلغان ئىككى قېتىملىق سۈركىلىشىنىڭ ئىككىلىسى مۇشۇ مەزگىلدە بولدى. ئەھۋال شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، بىزدە كىيىم ـ كېچەك، ياغ، قەغەز، كوكتات، جەڭچىلەر ئۈچۈن خەي ـ پايپاق، خىزمەتچىلەر ئۈچۈن قىشلىق يېپىنچا يوق دېيەرلىك ئىدى. گومىنداڭ بىزگە بېرىدىغان خىراـ جەتنى توختىتىپ ۋە بىزنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن قامال قىلىپ،

---

ئىشلەپچىقىرىش ۋە ھوكۇمەتنى ھىمايە قىلىش ـ خەلقنى سۆيۈش ھەرـ كەتلىرىنى قانات يايدۇرايلى»، «تەشكىللىنەيلى» دېگەن ئەسەرلىرى پارتىيىنىڭ شۇ چاغدا ئازات رايونلاردا ئىشلەپچىقىرىش ھەركىتىگە رەھبەرلىك قىلىشتىكى ئاساسىي گاڭلىكى بولدى. يولداش ماۋ زېدۇڭ «ئىگىلىك مەسىلىسى ۋە مالىيە مەسىلىسى» دېگەن كىتابىدا ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن چەتلەپ، پەقەت مالىيە كىرىم ـ چىقىم مەسىلىسى ئۈستىدىلا باش قاتۇرىدىغان خاتا ئىدىيىلەرنى ۋە خەلقنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇلارغا ياردەم بېرىپ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلانـ دۇرۇش يولى بىلەن قىيىنچىلىقتىن ئۆتۈۋېلىشقا كۆڭۈل بولمەي، پەقەت خەلقتىن نەرسە ئېلىش كويىدىلا بولىدىغان خاتا ئىستىلنى

قىيناپ ئۆلتۈرۈۋېتىشكە ئۇرۇندى، بىزنىڭ قىيىنچىلىقىمىز ھەقىقەتەن
ناھايىتى ئېغىر ئىدى. لېكىن بىز قىيىنچىلىقتىن ئۆتۈپ كەتتۇق. بۇ
چېگرا رايون خەلقىنىڭ بىزنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلىگەنلىكىدىنلا
بولۇپ قالماي، خۇسۇسەن ئۆزىمىز قول سېلىپ ئىشلەشكە قەتئىي
بەل باغلاپ، ئومۇمىي ئىگىلىكىمىزنى قۇرۇۋالغانلىقىمىزدىن بولدى.
چېگرا رايون ھۆكۈمىتى ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەشنى نىشان قىلغان
نۇرغۇن سانائەتلەرنى قۇردى؛ ئارمىيىمىز كەڭ كۆلەملىك ئىشلەپچى-
قىرىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىپ، ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەشنى نىشان
قىلغان يېزا ئىگىلىك، سانائەت ۋە سودا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇردى؛
ئىدارە ۋە مەكتەپلەرنىڭ بىرقانچە ئون مىڭ كىشىسىمۇ شۇنىڭغا
ئوخشاش ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەشنى نىشان قىلغان ئىگىلىكنى راۋاج-
لاندۇردى. ئارمىيە ۋە ئىدارە، مەكتەپلەر راۋاجلاندۇرغان ئۆز-
ئۆزىنى تەمىنلەشنى نىشان قىلغان بۇنداق ئىگىلىك — ھازىرقى مۇشۇ
ئالاھىدە شارائىتنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلى، ئۇ باشقا تارىخىي شارا-
ئىتلاردا نامۇۋاپىق ۋە چۈشىنىكسىز بولغان بولاتتى، لېكىن ھازىرقى

---

ئالاھىدە پېيەن قىلىپ، پارتىيىنىڭ «ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش،
تەمىنلەشنى كاپالەتلەندۈرۈش» تىن ئىبارەت توغرا فاڭجېننى ئوتتۇ-
رىغا قويدى. بۇ فاڭجېننىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ئارقىسىدا، شەنشى-
گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايونىدا ۋە دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى ئازات
رايونلاردا ئەۋج ئالغان ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتى غايەت زور
مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىپ، ئازات رايونلاردىكى ئارمىيە ۋە خەلقنى
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئەڭ قىيىن مەزگىللىرىدىن
غەلىبىلىك ئۆتكۈزۈۋېلا قالماستىن، بەلكى پارتىيىنىڭ كېيىنكى
چاغلاردا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىشى ئۈچۈنمۇ
مول تەجرىبە توپلاپ بەردى.

ۋاقىتتا بولسا پۈتۈنلەي مۇۋاپىق ۋە پۈتۈنلەي زۆرۈر. بىز قىيىنچىلىقلارنى مۇشۇ چارىلەر بىلەن يەڭدۇق. ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرغاندىلا، تەمىنلەشنى كاپالەتلەندۈرگىلى بولىدۇ، دېگەن بۇ ھەقىقەتنى بىزگە چۈشىنىشلىك ۋە شەك-شۈبھىسىز تارىخىي پاكىتلار ئىسپاتلاپ بەرمىدىمۇ؟ ھازىرقى ۋاقىتتا، بىزدە تېخى نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار بولسىمۇ، لېكىن بىز ئومۇمىي ئىگىلىكنىڭ ئاساسىنى قۇرۇۋالدۇق. 1943-يىلى يەنە بىر يىل تۇتۇش قىلساق، ئاساسىمىز تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىدۇ.

ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش لۇشيەنى — توغرا لۇشيەن، لېكىن بۇ راۋاجلاندۇرۇش تەۋەككۈلگە، ئاساسسىز راۋاجلاندۇرۇش ئەمەس. بەزى يولداشلار شۇ زامان، شۇ ماكاننىڭ كونكرېت شارائىتىغا قارىماي، راۋاجلاندۇرۇش ھەققىدە قۇرۇق داۋراڭ سالىدۇ، مەسىلەن، ئېغىر سانائەت قۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، زور تۇزچىلىق پىلانى، زور ھەربىي سانائەت پىلانى ۋە باشقىلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس، قوللانغىلى بولمايدۇ. پارتىيىنىڭ لۇشيەنى — توغرا راۋاجلاندۇرۇش لۇشيەنى، ئۇ، بىر تەرەپتىن، كونا، مۇتەئەسسىپ نۇقتىنەزەرگە قارشى تۇرىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، قۇرۇق، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان زور پىلانغىمۇ قارشى تۇرىدۇ. بۇ — پارتىيىنىڭ مالىيە، ئىگىلىك خىزمەتلىرىدە ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىككى سەپتىكى كۈرىشى.

بىز ئومۇمىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم، لېكىن خەلقنىڭ بىزگە بېرىۋاتقان ياردەملىرىنىڭ موھىملىقىنى ئەستىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك. خەلق بىزگە 1940-يىلى 90 مىڭ دەن، 1941-يىلى 200 مىڭ دەن، 1942-يىلى 160 مىڭ دەن ئاشلىق بېرىپ①، ئارمىيىنى

ۋە خىزمەتچىلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلىدى. تا 1941 ـ يىلىغىچە ئومۇم ئىگىلىگىدىكى دېخانچىلىغىمىزدا ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى ناھايىتى ئاجىز ئىدى، بىز ئاشلىق جەھەتتە يەنە لاۋبەيشىڭلارغا تايىناتتۇق. بۇنىڭدىن كېيىن ئارمىيىنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى چوقۇم ئارتتۇرۇش زورۇر بولسىمۇ، لېكىن ھازىرچە يەنە ئاساسەن لاۋبەيشىڭلارغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونى ئۇرۇش ۋەيرانچىلىغىغا بىۋاستە ئۇچرىمىغان ئارقا سەپ شارائىتىدا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ يېرى كەڭ، ئاھالىسى شالاڭ، ئاران 1 مىليون 500 مىڭ ئاھالىسى بار، ئۇنىڭ بىزنى شۇنچە كوپ ئاشلىق بىلەن تەمىنلىشى ئاسان ئەمەس. لاۋبەيشىڭلار بىزگە ھوكۇمەت تۇزىنى توشۇپ بېرىۋاتىدۇ ياكى تۇز توشۇش ھېساۋىغا پۇل تولەۋاتىدۇ، 1941 ـ يىلى يەنە 5 مىليون يۈەنلىك زايوم سېتىۋالدى، بۇمۇ ئاز يۇك ئەمەس. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ۋە دولەت قۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى ئۇچۇن خەلق بۇ يۇكنى كوتىرىشى كېرەك، خەلق بۇنىڭ زورۇرلۇگىنى ئوبدان بىلىدۇ. ھوكۇمەت ئىنتايىن قىيىنچىلىقتا قالغاندا، خەلققە كوپرەك يۇك ئارتىش زورۇر، خەلقمۇ بۇنى چۇشىنىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، بىز، بىر تەرەپتىن، خەلقتىن ئېلىشىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن، خۇسۇسى ئىگىلىكىنى ئوسۇشكە، تولۇقلىنىشقا ئىگە قىلىشىمىز لازىم. دېمەك، خەلقنىڭ دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول سانائەت، تۇزچىلىق ۋە سودا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىدىغان مۇۋاپىق تەدبىرلەرنى ۋە چارىلەرنى قوللىنىپ، خەلقنى چىقىم قىلىش بىلەن بىللە كىرىممۇ قىلالايدىغان ھەمدە كىرىمى چىقىمىدىن كوپ بولىدىغان قىلىش لازىم، شۇ چاغدىلا ئۇزاق مۇددەتلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا

قارشى ئۇرۇشقا بەرداشلىق بەرگىلى بولىدۇ.

بەزى يولداشلار ئۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىغا قارىماي، ھوكۇمەتنىڭ «رەھىملىك سىياسەت» يۈرگۈزۈشى لازىملىقىنى نوقۇل ھالدا تەكىتلەيدۇ، بۇ ـــ خاتا نۇقتىنەزەر. چۈنكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قازانمىسا، «رەھىملىك سىياسەت» پەقەت ياپون جاھانگىرلىكىگىلا قوللىنىلغان بولىدۇ، ئۇنىڭ خەلق بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. ئەكسىچە، خەلقنىڭ يۈكى بىرمەھەل ئېغىرراق بولۇپ كەتسىمۇ، لېكىن ھوكۇمەتنىڭ ۋە ئارمىيىنىڭ قىيىنچىلىقىنى يېڭىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىپ، دۈشمەننى مەغلۇپ قىلغاندا، خەلق ياخشى كۈنگە ئېرىشىدۇ، مۇشۇلا ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەتنىڭ چوڭ رەھىملىك سىياستى بولىدۇ.

يەنە بىر خاتا نۇقتىنەزەر ـــ خەلقنىڭ قىيىنچىلىقىنى نەزەردە تۇتماي، پەقەت ھوكۇمەتنىڭ ۋە ئارمىيىنىڭلا ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، كولنى قۇرۇتۇپ بېلىق تۇتۇش، تۈگىمەس ئالۋان، پۈتمەس سېلىق سېلىش. بۇ ـــ گومىنداڭنىڭ ئىدىيىسى، بىز بۇنىڭغا ھەرگىز ۋارىسلىق قىلمايمىز. بىز خەلق ئۈستىدىكى يۈكىنى بىر مەزگىل ئېغىرلاشتۇرۇپ قويغان بولساقمۇ، لېكىن دەرھال قول سېلىپ ئىشلەپ ئومۇمىي ئىگىلىكنى قۇرۇۋالدۇق. 1941 ۋە 1942 ـ يىللىرى ئارمىيە ۋە ئىدارە، مەكتەپلەرنىڭ ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەپ ھەل قىلغىنى پۈتۈن ئېھتىياجىنىڭ كوپ قىسمىنى تەشكىل قىلدى. بۇ ـــ جۇڭگو تارىخىدا كورۇلۇپ باقمىغان موجىزە، بۇ ـــ بىزنىڭ يېڭىلمەسلىكىمىزنىڭ ماددىي ئاساسى. بىزنىڭ ئۆز ـ ئۆزىمىزنى تەمىنلەيدىغان ئىگىلىكىمىز قانچە راۋاجلانسا، خەلق ئۈستىدىكى باج ـ سېلىق شۇنچە يېنىكلەيدۇ. 1937 ـ يىلدىن 1939 ـ يىلغىچە بولغان بىرىنچى باسقۇچتا

بىزنىڭ خەلقتىن ئالغانلىرىمىز ناھايىتى ئاز بولدى؛ بۇ باسقۇچتا خەلق ئۆزىنى خېلى ئوڭشىۋالدى. 1940 ـ يىلدىن 1942 ـ يىلغىچە بولغان ئىككىنچى باسقۇچتا خەلق ئۈستىدىكى يۈك ئېغىرلاشتى. 1943 ـ يىلدىن كېيىن ئۈچىنچى باسقۇچقا ئۆتۈش مۇمكىن. ئەگەر بىزدە ئومۇم ئىگىلىگى 1943 ۋە 1944 ـ يىللىرى داۋاملىق راۋاجلىنىدىغان بولسا، بىزنىڭ شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونىدىكى قوشۇنلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ياكى كوپ قىسمى بۇ 2 يىل ئىچىدە يەر تۇتۇپ دېخانچىلىق قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا، 2 يىلدىن كېيىن خەلق ئۈستىدىكى يۈك يەنە يېنىكلەيدۇ، خەلق يەنە ئۆزىنى ئوڭشىۋالىدۇ. بۇ يونىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن، بىز مۇشۇنداق قىلىشقا تەييارلىنىشىمىز كېرەك.

بىز ئۇنداق ياكى بۇنداق بىر تەرەپلىمە قاراشلارغا رەددىيە بېرىپ، پارتىيىمىزنىڭ توغرا شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز كېرەك، ئۇ بولسىمۇ «ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، تەمىنلەشنى كاپالەتلەندۇرۇش»؛ ئومۇم بىلەن خۇسۇسىلارنىڭ مۇناسىۋىتىدە بولسا «ئومۇمغىمۇ، خۇسۇسىلارغىمۇ ئېتىۋار بېرىش» ياكى «ئارمىيىگىمۇ، خەلققىمۇ ئېتىۋار بېرىش». بىزچە، پەقەت مۇشۇنداق شوئارلا توغرا شوئار بولىدۇ. ئومۇم ئىگىلىگى ۋە خۇسۇسىلار ئىگىلىكلىرىنى پەقەت ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلىگەن ھالدا راۋاجلاندۇرغاندىلا، مالىيە جەھەتتىكى تەمىنلەشنى كاپالەتلەندۇرگىلى بولىدۇ. بىز گەرچە قىيىنچىلىق دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان بولساقمۇ، باج ـ سېلىقنىڭ چەكلىمىسىگە ھېلىمۇ دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، خەلق ئۈستىدىكى يۈك ئېغىر بولغاندىمۇ، خەلق ھالسىزلىنىپ قالىدىغان دەرىجىگە چۈشۈپ قالمىسۇن. ئامال بولسىلا، خەلق ئۈستىدىكى يۈكنى يېنىكلىتىپ، خەلقنىڭ ئۆزىنى

ئۇكتىشۋېلىشىغا ئىمكانىيەت بېرىشىمىز لازىم.

گومىنداڭ جاھىللىرى، چېگرا رايوننىڭ قۇرۇلۇشىدىن ئۈمىت يوق، چېگرا رايوننىڭ قىيىنچىلىقى يەڭگىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىق، دەپ ھېساپلايدۇ، ئۇلار ھەر كۈنى چېگرا رايوننىڭ «گۇمران بولۇشى»نى كۈتمەكتە. بۇنداق كىشىلەر بىلەن مۇنازىرىلىشىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇلار بىز «گۇمران» بولىدىغان كۈننى ھېچقاچان كۆرەلمەيدۇ، بىز گۈللەپ ياشناۋېرىمىز. گۇڭچەنداڭنىڭ ۋە چېگرا رايون ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە خەلق ئاممىسىنىڭ پارتىيىنى ۋە ھۆكۈمەتنى ھامان ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى ئۇلار بىلمەيدۇ. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئىگىلىك ۋە مالىيە جەھەتتىمۇ چوقۇم چارە تېپىپ، ھەرقانداق ئېغىر قىيىنچىلىقلاردىن ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ. بىز ھازىرقى قىيىنچىلىقلارنىڭ بەزىلىرىدىن ئۆتۈپ كەتتۇق، بەزىلىرىدىن پات ئارىدا ئۆتۈپ كېتىمىز. بىز ھازىرقىدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى بېشىمىزدىن كەچۈرگەن چاغدىمۇ، ئۇ قىيىنچىلىقلاردىن ئۆتۈپ كەتكەن ئىدۇق. ھازىر خۇابېي ۋە خۇاجۇڭدىكى گېنجۇيدىلەرنىڭ قىيىنچىلىقلىرى شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايوننىڭكىدىن كۆپ ئېغىر، ئۇ يەرلەردە ھەر كۈنى قاتتىق جەڭ بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ بەرداشلىق بېرىپ كېلىۋاتقىنىغا 5 يېرىم يىل بولۇپ قالدى، ئۇلار تا غەلىبە قازانغىچە چوقۇم بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. بىزدە ئۈمىتسىزلىك يوق، بىز ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى يېڭەلەيمىز.

بىز بۇ قېتىمقى شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايونى يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدىن كېيىنلا «قوشۇنلارنى خىل، مەمۇرى ئورۇنلارنى ئىخچام قىلىش»[2]نى يۈرگۈزىمىز. بۇ قېتىم قوشۇنلارنى خىل، مەمۇرى ئورۇنلارنى ئىخچام قىلىشنى قولنىڭ ئۇچىدا،

چالا-بۇلا، قىسمەن ھالدا ئېلىپ بارماستىن، بەلكى قەتئىي، تەلتۆكۈس، ئومۇمىيۈزلۈك ئېلىپ بېرىش لازىم. بۇ قېتىم قوشۇنلارنى خىل، مەمۇرى ئورۇنلارنى ئىخچام قىلىشتا خىل-ئىخچام قىلىش، بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئۈنۈم ھاسىل قىلىش، ئىقتىسات قىلىش ۋە گۇەنلياۋجۇيىغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت بەش مەقسەتكە يېتىش كېرەك. بۇ بەشىنىڭ بىزنىڭ ئىگىلىك ئىشلىرىمىز ۋە مالىيە ئىشلىرىمىزغا بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى زور. خىل-ئىخچام قىلىنغاندىن كېيىن، ئىستىمال خاراكتېرلىق چىقىملار ئازىيىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش دارامىتى كۆپىيىدۇ، بۇ مالىيىگە بىۋاستە ياخشى تەسىر بېرىپلا قالماي، بەلكى خەلقنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىپ، خەلقنىڭ ئىگىلىكىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىگىلىك ۋە مالىيە ئورگانلىرىدىكى بىرلىككە كەلمەسلىك، مۇستەقىللىق دەۋاسى قىلىش، باشباشتاقلىققا ئوخشاش قەبىھ ھادىسىلەرنى تۈگىتىپ، بىرلىككە كەلگەن، كۆڭۈلدىكىدەك قوماندانلىق قىلىنىدىغان، سىياسەت ۋە تۈزۈملەر ئاخىرغىچە ئىجرا قىلىنىدىغان خىزمەت شىتۇڭىنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك. بۇنداق بىرلىككە كەلگەن شىتۇڭ قۇرۇلغاندىن كېيىن، خىزمەت ئۈنۈمى ئاشىدۇ. ئىقتىسات قىلىشقا بارلىق ئورگانلار دىققەت قىلىشى، ئىگىلىك ۋە مالىيە ئورگانلىرى بولۇپمۇ دىققەت قىلىشى لازىم. ئىقتىسات قىلىشنى يولغا قويۇش نەتىجىسىدە ئورۇنسىز ۋە ئىسراپچىلىققا ياتىدىغان بىرمۇنچە چىقىملارنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ، بۇنداق چىقىملار بىرنەچچە ئون مىليون يۈەنگە يېتىشى مۇمكىن. ئىگىلىك ۋە مالىيە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خىزمەتچىلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھەتتا بەزى ناھايىتى ئېغىر دەرىجىدە بولغان گۇەنلياۋجۇيىنى، مەسىلەن، خىيانەتچىلىك ھادىسىلىرى، سولەتۋازلىق،

پايدىسىز «مۇنتىزىملاشتۇرۇش» ۋە قەغەزۋازلىققا ئوخشاشلارنى تۈگىتىشى لازىم. ئەگەر بىز بۇ بەش تەلەپنى پارتىيە، ھوكۇمەت ۋە ئارمىيىنىڭ ھەرقايسى شتۇگىلىرىدا تولۇق ئىشقا ئاشۇرساق، بۇ قېتىمقى قوشۇنلارنى خىل، مەمۇرى ئورۇنلارنى ئىخچام قىلىش مەقسىدىگە يەتكەن بولىمىز، قىيىنچىلىقلىرىمىزنى چوقۇم يېڭەلەيمىز، بىزنى «گۇمران بولىدۇ» دەپ مەسخىرە قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئاغزىنىمۇ تۇۋاقلاپ قويالايمىز.

## ئىزاھلار

① يولداش ماۋزېدۇڭ بۇ يەردە كۆرسەتكەن ئاشلىق سانى — شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونىدىكى دېخانلارنىڭ 1940 - يىلدىن 1942 - يىلغىچە تاپشۇرغان دېخانچىلىق بېجى (بەنى پاراق)نىڭ ئومۇمى سانى.

② مۇشۇ تومدىكى «ئىنتايىن موھىم بىر سىياسەت» دىگەن ئەسەرگە قارالسۇن.

# رەھبەرلىك ئۇسۇلىغا دائىر بىرقانچە مەسلە*

**(1943 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى)**

1. بىز كوممۇنىستلار، مەيلى قانداقلىكى خىزمەتنى ئىلىپ بارايلى، مۇنۇ ئىككى ئۇسۇلنى قوللىنىشىمىز زورۇر: بىرىنچى — ئومۇملۇق بىلەن ئايرىملىقنى بىرلەشتۈرۈش؛ ئىككىنچى — رەھبەرلىك بىلەن ئاممىنى بىرلەشتۈرۈش.

2. ھەرقانداق ۋەزىپىنى ئورۇنلاشتا، ئومۇمىي، كەڭ چاقىرىق بولمىسا، كەڭ ئاممىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. لېكىن ئومۇمىي چاقىرىقلا بولۇپ، رەھبىرىي خادىملار چاقىرىق قىلىنغان خىزمەتلەرنى كونكرېت ۋە بىۋاستە ھالدا بىرقانچە تەشكىلاتتا چوڭقۇر چوكۇپ ئىشلەپ، بىرەر نۇقتىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، تەجربە ھاسىل قىلىپ، ئاندىن شۇ تەجربىدىن پايدىلىنىپ، باشقا ئورۇنلارغا يېتەكچىلىك قىلمايدىغان بولسا، ئوزلىرى ئوتتۇرىغا قويغان ئومۇمىي چاقىرىقنىڭ توغرا بولغان ياكى توغرا بولمىغانلى-

* بۇ — يولداش ماۋزېدۇڭ يازغان جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىك ئۇسۇلى توغرىسىدىكى قارارى.

غىنى سىناقتىن ئۆتكۈزۈشكە ئامالسىز قالىدۇ، ئومۇمىي چاقىرىقنىڭ مەزمۇنىنى تولۇقلاشقىمۇ ئامالسىز قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئومۇمىي چاقىرىقنىڭ قۇرۇق سوز بولۇپ قېلىش خەۋپى تۇغۇلىدۇ. مەسىلەن، 1942 - يىلدىكى ئىستىل تۈزىتىشتە ئومۇمىي چاقىرىق بىلەن ئايرىم يېتەكچىلىكنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانغان جايلار مۇۋەپپەق- يەت قازاندى؛ بۇنداق ئۇسۇلنى قوللانمىغان جايلار مۇۋەپپەقىيەت قازانمىدى. 1943 - يىلدىكى ئىستىل تۈزىتىشتە جۇڭياڭجۇيلەر، جۇڭياڭ فېنجۇيلەر، چۈيداڭۋېيلار ۋە دىۋېيلار ئومۇمىي چاقىرىق (پۈتۈن يىللىق ئىستىل تۈزىتىش پىلانى)نى ئوتتۇرىغا قويغاندىن تاشقىرى، ئوز ئىدارىلىرىدىن ۋە يېقىن ئەتراپتىكى ئىدارىلەر، مەكتەپلەر، قىسىملاردىن 2-3 ئورۇننى (ئانچە كوپ بولۇپ كەتمە- سۇن) تاللىۋېلىپ، چوڭقۇر تەتقىق قىلىشى، ئىستىل تۈزىتىش ئۆگىنىشىنىڭ مۇشۇ ئورۇنلاردىكى راۋاجلىنىش جەريانى بىلەن تەپسىلىي تونۇشۇپ چىقىشى، بۇ ئورۇنلاردىكى بىرقانچە (بۇمۇ ئانچە كوپ بولۇپ كەتمىسۇن) ۋەكىللىك خاراكتېرىغا ئىگە خادىملارنىڭ سىياسى ئوتمۇشى، ئىدىيىۋى خۇسۇسىيىتى، ئۆگىنىشتە تىرىشچانلىقى ياكى ھورۇنلۇغى ۋە خىزمەتتە ياخشى ياكى ناچارلىقى بىلەن تەپسىلىي تونۇشۇپ چىقىشى ھەمدە مۇشۇ ئورۇنلاردىكى مەسئۇل كىشىلەرنىڭ ئوز ئورۇنلىرىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى كونكرېت ھەل قىلىشىغا شەخسەن يېتەكچىلىك قىلىشى، شۇنىڭ بىلەن تەجرىبە ھاسىل قىلىشى كېرەك. بىر ئىدارە، بىر مەكتەپ، بىر قىسىمنىڭ ئىچىدىمۇ بىرنەچچە تارماقلار بولىدۇ، شۇ ئىدارە، شۇ مەكتەپ، شۇ قىسىمنىڭ رەھبىرىي خادىملىرىمۇ ئەنە شۇنداق قىلىشى كېرەك. بۇ، شۇنداقلا، رەھبىرىي خادىملار ئۈچۈن يېتەكچىلىك قىلىش بىلەن ئۆگىنىشنى بىرلەشتۈرۈش

ئۇسۇلى. ھەرقانداق رەھبىرىي خادىملاردىن تۆۋەن دەرىجىلىك ئايرىم ئورۇنلاردىكى ئايرىم خادىملار ۋە ئايرىم ئىشلار ئۈستىدە كونكرېت تەجرىبە ھاسىل قىلمىغانلىرى ھەممە تارماقلارغا چوقۇم ئومۇمىيۈزلۈك يېتەكچىلىك قىلالمايدۇ. بۇ ئۇسۇلنى ئومۇمىيۈزلۈك تەشەببۇس قىلىش كېرەككى، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى قوللىنىشنى ئۈگىنىۋالسۇن.

3. 1942 ـ يىلدىكى ئىستىل تۈزىتىشنىڭ تەجرىبىلىرى يەنە شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھەر بىر ئورۇننىڭ ئىستىل تۈزىتىش ھەركىتى ئىستىل تۈزىتىش جەريانىدا شۇ ئورۇننىڭ مۇھىم مەسئۇل كىشىلىرىنى خېشىن قىلغان ئاز سانلىق ئاكتىپلاردىن رەھبىرىي تايانچىلارنى شەكىللەندۈرۈشى ھەم بۇ رەھبىرىي تايانچىلارنى ئۈگىنىشكە قاتناشقان كەڭ ئاممە بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈشى لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، ئىستىل تۈزىتىش ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىيالايدۇ. پەقەت رەھبىرىي تايانچىلارنىڭلا ئاكتىپلىقى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرلەشمىگەن كەڭ ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقى بولمىسا، ئۇ ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ قۇرۇق ئاۋارىچىلىقى بولۇپ قالىدۇ. لېكىن كەڭ ئاممىنىڭلا ئاكتىپلىقى بولۇپ، ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىنى مۇۋاپىق ئۇيۇشتۇرىدىغان كۈچلۈك رەھبىرىي تايانچىلار بولمىسا، ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقى ئۇزاققىچە داۋام قىلالمايدۇ، توغرا يۆنىلىشكىچە قاراپ ماڭالمايدۇ ۋە يۇقۇرى دەرىجىگىچە كۆتۈرۈلەلمەيدۇ. ئاممە بار ھەرقانداق جايدا، ئومۇمەن ئالغاندا، بىرقەدەر ئاكتىپ، ئارىلىق ھالەتتىكى ۋە بىرقەدەر قالاق بولغان ئۈچ خىل كىشى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن رەھبەرلەر ئاز ساندىكى ئاكتىپلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، رەھبىرىي تايانچ قىلىشقا ھەمدە مۇشۇ تايانچىلارغا يۆلىنىپ، ئارىلىقتىكىلەرنى يۇقۇرى كۆتۈرۈشكە،

قالاقلارنى قولىغا كەلتۈرۈشكە ماھىر بولۇشى لازىم. ھەقىقىي بىردەك ئىتتىپاقلاشقان، ئاممە بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغان رەھبىرىي تايانچلار ئاممىۋى كۈرەشتىن ئايرىلغان ھالدا ئەمەس، ئاممىۋى كۈرەش داۋامىدا پەيدىن-پەي ۋۇجۇتقا چىققان بولۇشى كېرەك. بىر ئۇلۇق كۈرەش جەريانىدا ئۇنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى، ئوتتۇرا باسقۇچى ۋە ئاخىرقى باسقۇچىدىكى رەھبىرىي تايانچلار كوپ ھاللاردا تامامەن ئوخشاش بولماسلىقى كېرەك ۋە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس؛ كۈرەش داۋامىدا ئوتتۇرىغا چىققان ئاكتىپلارنى ئۈزلۈكسىز ئوستۇرۇپ، ئىلگىرىكى تايانچلار ئارىسىدىكى چېنىپ قالغانلار ياكى چىرىكلەشكەنلەرنىڭ ئورنىغا قويۇش كېرەك. بىرمۇنچە جايلار ۋە ئىدارىلەردە خىزمەتنىڭ ئالغا سىلجىيالماسلىقىنىڭ توپ سەۋەبى — بىردەك ئىتتىپاقلاشقان، ئاممە بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغان، دائىم ساغلام بولغان ئەنە شۇنداق رەھبىرىي تايانچلارنىڭ يوقلۇغى. يۈز كىشىسى بار بىر مەكتەپتە ئەگەر ئوقۇتقۇچىلاردىن، خىزمەتچىلەردىن، ئوقۇغۇچىلاردىن ئەمەلىي رەۋىشتە ۋۇجۇتقا چىققان (زورمۇ-زور توپلانغان ئەمەس) ئەڭ ئاكتىپ، ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ زىرەك بىرقانچە كىشىلىك ياكى ئون نەچچە كىشىلىك رەھبىرىي تايانچ بولمىسا، بۇ مەكتەپنى چوقۇم ياخشى باشقۇرغىلى بولمايدۇ. پارتىيىنى بولشېۋىكلاشتۇرۇش توغرىسىدا ستالىن ئوتتۇرىغا قويغان 12 شەرتنىڭ 9-سىدا ئېيتىلغان رەھبەرلىك خېشىنى قۇرۇش مەسىلىسىنى[①] چوڭ-كىچىك ھەممە ئىدارىلەر، مەكتەپلەر، قىسىملار، زاۋۇتلار ۋە يېزىلارغىچە تەتبىق قىلىشىمىز كېرەك. بۇنداق رەھبىرىي تايانچلارنىڭ ئولچىمى دىمىتروۋ كادىرلار سىياسىتى توغرىسىدا توختالغاندا كورسەتكەن كادىرلار ھەققىدىكى 4 ئولچەم (چەكسىز سادىق بولۇش، ئاممە بىلەن

مۇناسىۋەت باغلاش، مۇستەقىل ئىشلەش قابىلىيىتى بولۇش، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش)②دىن ئىبارەت بولۇشى لازىم. مەيلى ئۇرۇش، ئىشلەپ-چىقىرىش، تەلىم- تەربىيىگە (جۇملىدىن ئىستىل تۈزىتىشكە) ئوخشاش مەركىزىي ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلىشتا بولسۇن ياكى خىزمەت تەكشۈرۈش، كادىرلارنى تەكشۈرۈش ۋە باشقا خىزمەتلەرنى ئىجرا قىلىشتا بولسۇن، ئومۇمىي چاقىرىق بىلەن ئايرىم يېتەكچىلىكنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانغاندىن تاشقىرى، رەھبىرىي تايانچلار بىلەن كەڭ ئاممىنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنىمۇ قوللىنىش لازىم.

4. پارتىيىمىزنىڭ بارلىق ئەمەلىي خىزمەتلىرىدە توغرا رەھبەر-لىك ئاممىدىن ئېلىپ، ئاممىغا قايتۇرۇش بولۇشى لازىم. بۇ شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئاممىنىڭ پىكرىنى (چېچىلاڭغۇ، سىستېمىسىز پىكىرلەرنى) مەركەزلەشتۈرۈپ (تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مەركەزلەش-تۈرۈلگەن، سىستېمىلىق پىكىرلەرگە ئايلاندۇرۇپ)، يەنە ئاممە ئىچىگە ئېلىپ بېرىپ، تەشۋىق قىلىپ، چۈشەندۈرۈپ، ئاممىنىڭ پىكرىگە ئايلاندۇرۇپ، ئاممە قەتئىي ئىجرا قىلىدىغان ۋە ھەرىكەتتە كۆرسىت-كىدىغان قىلىش ھەمدە بۇ پىكىرلەرنىڭ توغرا ياكى ناتوغرىلىقىنى ئاممىنىڭ ھەرىكىتىدە سىناش لازىم. ئاندىن كېيىن يەنە ئاممىدىن مەركەزلەشتۈرۈپ، يەنە ئاممىغا قايتۇرۇپ قەتئىي ئىجرا قىلىش لازىم. مۇشۇ تەقلىتتە چەكسىز تەكرارلىنىۋەرگەندە، بىر قېتىمقىسىدىن يەنە بىر قېتىمقىسى تېخىمۇ توغرا، تېخىمۇ جانلىق بولىدۇ، تېخىمۇ بېيىدۇ. بۇ — ماركسىزمچە بىلىش نەزەرىيىسى.

5. رەھبىرىي تايانچلار كەڭ ئاممە بىلەن تەشكىلىي ئىشلاردا ۋە كۈرەش پائالىيەتلىرىدە توغرا مۇناسىۋەت ئورنىتىشى كېرەك، دېگەن ئىدىيىنى، پەقەت ئاممىدىن مەركەزلەشتۈرۈپ، يەنە ئاممىغا قايتۇرۇپ

قەتئىي ئىجرا قىلىشلا توغرا رەھبەرلىك پىكرى بولالايدۇ، دىگەن ئىدىيىنى، رەھبەرلىك پىكرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئومۇمىي چاقىرىق بىلەن ئايرىم يېتەكچىلىكنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك، دىگەن ئىدىيىنى بۇ قېتىمقى ئىستىل تۈزىتىشتە ئومۇمىيۈزلۈك تەشۋىق قىلىپ، مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە كادىرلار ئارىسىدا ساقلىنىپ تۇرغان خاتا نۇقتىـنەزەرلەرنى تۈزىتىش لازىم. نۇرغۇن يولداشلار ئاكتىپلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ رەھبەرلىك خېيىنى تەشكىل قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ ۋە ماھىر ئەمەس، بۇنداق رەھبەرلىك خېيىنىنى كەڭ ئاممە بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ ۋە ماھىر ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆز رەھبەرلىكىنى ئاممىدىن ئايرىلغان گۇەنلياۋجۇيىلىق رەھبەرلىككە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. نۇرغۇن يولداشلار ئاممىۋى كۈرەش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەشكە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ ۋە ماھىر ئەمەس، ئۇلار جۇگۇەنجۇيىلىق ۋە مەمەدانلىق بىلەن نۇرغۇن پىكىر بايان قىلىشنى ياخشى كورىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆز پىكرىنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان قۇرۇق سەپسەتىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. نۇرغۇن يولداشلار ۋەزىپە توغرىسىدا ئومۇمىي چاقىرىق بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالىدۇ، ئومۇمىي چاقىرىقتىن كېيىن، دەررۇ ئايرىم ۋە كونكرېت يېتەكچىلىك قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ ۋە ماھىر ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ چاقىرىقلىرى ئېغىزدىلا، قەغەزدىلا ياكى مەجلىستىلا قېلىپ قالىدۇ، رەھبەرلىكى گۇەنلياۋ-جۇيىلىق رەھبەرلىككە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ قېتىمقى ئىستىل تۈزىتىشتە مۇشۇ كەمچىلىكلەرنى تۈزىتىش كېرەك، ئىستىل تۈزىتىش ئۆگىنىشىدە، خىزمەت تەكشۈرۈشتە، كادىرلارنى تەكشۈرۈشتە رەھبەرلىك بىلەن ئاممىنى بىرلەشتۈرۈش، ئومۇملۇق بىلەن ئايرىملىقنى بىرلەشتۈرۈش

ئۇسۇلنى ئۆگىنىۋېلىش ھەمدە بۇ ئۇسۇلنى كېيىن بارلىق خىزمەتـ لەردە قوللىنىش لازىم.

6. ئاممىدىن مەركەزلەشتۈرۈپ، يەنە ئاممىگە قايتۇرۇپ قەتئىي ئىجرا قىلىش، شۇنىڭ بىلەن توغرا رەھبەرلىك پىكرىنى شەكىللەنـ دۈرۈش — تۈپ رەھبەرلىك ئۇسۇلى. مەركەزلەشتۈرۈش ۋە قەتئىي ئىجرا قىلىش جەريانىدا ئومۇمىي چاقىرىق بىلەن ئايرىم يېتەكچىلىكنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك، بۇ — ئالدىنقى ئۇسۇلنىڭ تەركىبىي قىسمى. نۇرغۇن ئايرىم يېتەكچىلىكلەردىن ئومۇمىي پىكىر (ئومۇمىي چاقىرىق)نى شەكىللەندۈرۈپ، بۇ ئومۇمىي پىكىرنى يەنە نۇرغۇن ئايرىم ئورۇنلارغا ئېلىپ بېرىپ سىناش (ئۆزىلا شۇنداق قىلىپ قالماي، باشقىلارغىمۇ شۇنداق قىلىشنى ئېيتىش)، ئۇنىڭدىن كېيىن يېڭى تەجرىبىلەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ (تەجرىبىلەرنى يەكۈنـ لەپ)، يېڭى يوليورۇقلارنى ئىشلەپ چىقىپ، ئاممىغا ئومۇمىيۈزلۈك يېتەكچىلىك قىلىش لازىم. يولداشلار بۇ قېتىمقى ئىستىل تۈزىتىشتە ئەنە شۇنداق ئىشلىشى كېرەك، ھەرقانداق خىزمەتتە شۇنداق ئىشلىشى كېرەك. بىرقەدەر ياخشى رەھبەرلىك ئەنە شۇنداق ئىشلەشكە بىرقەدەر ماھىر بولۇشتىن ھاسىل بولىدۇ.

7. توۋەنگە ھەرقانداق ۋەزىپىنى (ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش، ئىشلەپـ چىقىرىش، تەلىم-تەربىيىنى، ياكى ئىستىل تۈزىتىش ئۆگىنىشى، خىزمەت تەكشۈرۈش، كادىرلارنى تەكشۈرۈشنى، ياكى تەشۋىقات ئىشلىرى، تەشكىلىي ئىشلار، خائىنلارنى يوقىتىش ئىشلىرى ۋە باشقىلارنى) تاپشۇرغاندا، ئۇنى يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلار ۋە ئۇلارنىڭ ئايرىم تارماقلىرى شۇ خىزمەتكە ئالاقىدار توۋەن دەرىجىلىك ئىدارىلەرنىڭ ئاساسىي مەسئۇل كىشىلىرى

ئارقىلىق تاپشۇرۇپ، ئۇلارغا مەسئۇلىيەت يۈكلىشى، شۇنىڭ بىلەن خىزمەتتە تەقسىماتمۇ بولۇش، بىرلىكمۇ بولۇش مەقسىدىگە (بىرتۇ-تاشلىقنى) يېتىشى لازىم. پەقەت يۇقۇرى دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ ئايرىم تارماقلىرى تۆۋەن دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ ئايرىم تارماق-لىرى بىلەنلا (مەسىلەن، يۇقۇرى دەرىجىلىك تەشكىلات بۆلىرى تۆۋەن دەرىجىلىك تەشكىلات بۆلىرى بىلەنلا، يۇقۇرى دەرىجىلىك تەشۋىقات بۆلىرى تۆۋەن دەرىجىلىك تەشۋىقات بۆلىرى بىلەنلا، خائىنلارنى يوقىتىش بۆلىرىنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىكلىرى تۆۋەن دەرىجىلىكلىرى بىلەنلا) ئالاقە باغلاپ، تۆۋەن دەرىجىلىك ئورگان-لارنىڭ باش مەسئۇل كىشىلىرى (مەسىلەن، شۇجى، جۇشى، جۇرېن، شياۋجاڭلىرى)نى خەۋەرسىز ياكى مەسئۇلىيەتسىز قالدۇرماسلىقى كېرەك. باش مەسئۇل كىشىلەر ۋە تارماقلاردىكى مەسئۇل كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى خەۋەردار قىلىش، مەسئۇل قىلىش لازىم. خىزمەتتە تەقسىماتمۇ، بىرلىكمۇ بولغان بۇنداق بىرتۇتاشلىق ئۇسۇلى باش مەسئۇل كىشى ئارقىلىق كوپلىگەن كادىرلارنى ھەتتا بەزى چاغلاردا بارلىق خادىملارنى بىرەر خىزمەتنى ئىشلەشكە قوزغاش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئايرىم تارماقلاردا كادىر يېتىشمەسلىك كەمچىلىكىنى تۈگىتىپ، نۇرغۇن كىشىلەرنى مۇشۇ خىزمەتكە ئاكتىپ قاتنىشىدىغان كادىرلارغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. بۇمۇ رەھبەرلىك بىلەن ئاممىنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ بىر خىل شەكلى. مەسىلەن، كادىرلارنى تەكشۈرۈشتە، ئەگەر بۇ خىزمەتنى پەقەت تەشكىلات بۆسىدەك رەھبىرىي ئورگاننىڭ ئاز سانلىق كىشىلىرىلا ئۆز ئالدىغا ئىشلەيدىغان بولسا، چوقۇم ياخشى ئورۇنلىغىلى بولمايدۇ؛ ئەگەر مەلۇم بىر ئىدارىنىڭ ياكى مەلۇم بىر مەكتەپنىڭ مەمۇرى مەسئۇل

كىشىلىرى ئارقىلىق شۇ ئىدارىنىڭ ياكى شۇ مەكتەپنىڭ نۇرغۇن خادىملىرى، نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلىرى ھەتتا بەزى چاغلاردا بارلىق خادىملىرى، ھەممە ئوقۇغۇچىلىرى ھەركەتكە كەلتۈرۈلۈپ، تەكشۈرۈش خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇلىدىغان بولسا، يۇقۇرى دەرىجىلىك تەشكىلات بۇسىنىڭ رەھبىرىي خادىملىرى بۇ تەكشۈرۈش خىزمىتىگە توغرا يېتەكچىلىك قىلىپ، رەھبەرلىك بىلەن ئاممىنى بىرلەشتۈرۈش پىرىنسىپىنى ئىجرا قىلىدىغان بولسا، كادىرلارنى تەكشۈرۈش مەقسىدىگە چوقۇم تولۇق يەتكىلى بولىدۇ.

8. ھەرقانداق بىر جايدا بىرلا ۋاقىتتا نۇرغۇن مەركىزىي خىزمەتلەرنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، مەلۇم بىر مەزگىل ئىچىدە بىرلا مەركىزىي خىزمەت بولىدۇ، ئۇنىڭغا قوشۇمچە ئىككىنچى ئورۇندا، ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان باشقا خىزمەتلەر بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر جاينىڭ باش مەسئۇل كىشىسى شۇ جاينىڭ كۈرەش تارىخىنى ۋە كۈرەش شارائىتىنى ھېسابقا ئېلىپ، ھەر خىل خىزمەتلەرنى مۇۋاپىق ئورۇنغا قويۇشى كېرەك؛ ئۆزى تامامەن پىلانسىز بولۇپ، پەقەت يۇقۇرىنىڭ يوليورۇقلىرى بويىچە نىمە كەلسە شۇنى ئىشلەۋېرىپ، نۇرغۇن «مەركىزىي خىزمەت»لەرنى ۋە قالايمىقان-تەرتىپسىز ھالەتنى شەكىللەندۈرۈپ قويماسلىقى كېرەك. يۇقۇرى دەرىجىلىك ئىدارىلەرمۇ تۆۋەن دەرىجىلىك ئىدارىلەرگە ئىشنىڭ موھىملىق ۋە جىددىيلىك دەرىجىسىنى پەرق ئەتمىگەن ھالدا ۋە مەركەزسىز ھالدا بىرلا ۋاقىتتا نۇرغۇن خىزمەتلەرنى كۆرسىتىپ بېرىپ، تۆۋەن دەرىجىلىك ئىدارىلەرنىڭ خىزمەت تەرتىۋىدە قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇپ، ئۇلارنى بەلگىلەنگەن نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدىغان قىلىپ قويماسلىقى كېرەك. رەھبىرىي خادىملار ھەر بىر

كونكرېت جايىنىڭ تارىخىي شارائىتى ۋە موھىت شارائىتىغا قاراپ، ئومۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتۇپ، ھەر بىر مەزگىلدىكى خىزمەتنىڭ ئېغىرلىق مەركىزىنى ۋە تەرتىۋىنى توغرا بەلگىلىشى ھەمدە بۇ بەلگىلىمىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، چوقۇم بەلگىلىك نەتىجىگە ئېگە بولۇشى لازىم، بۇ — بىر خىل رەھبەرلىك سەنئىتى. شۇنداقلا، بۇ — رەھبەرلىك بىلەن ئاممىنى بىرلەشتۈرۈش، ئومۇملۇق بىلەن ئايرىملىقنى بىرلەشتۈرۈش پىرىنسىپلىرىنى قوللانغاندا دىققەت قىلىپ ھەل قىلىش زۆرۈر بولغان رەھبەرلىك ئۇسۇلى مەسىلىسى.

9. بىز بۇ يەردە رەھبەرلىك ئۇسۇلىغا دائىر ئۇششاق مەسىلىلەر ئۈستىدە بىر-بىرلەپ توختىلىپ ئولتۇرمىدۇق، جايلاردىكى يولداشلارنىڭ بۇنىڭدا ئېيتىلغان پىرىنسىپ، قائىدىلەرغا ئاساسەن، ئۆزلىرى كۆڭۈل قويۇپ پىكىر قىلىشىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىي كۈچىنى جارى قىلدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. كۈرەش قانچىكى مۇشەققەتلىك بولسا، كوممۇنىستلارنىڭ رەھبەرلىكى بىلەن كەڭ ئاممىنىڭ تەلىۋىنى زىچ بىرلەشتۈرۈش، كوممۇنىستلارنىڭ ئومۇمىي چاقىرىقى بىلەن ئايرىم يېتەكچىلىكنى زىچ بىرلەشتۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن جۇغۇەنجۇيىلىق ۋە گۇەنلياۋجۇيىلىق رەھبەرلىك ئۇسۇلىنى تەلتۆكۈس بىت-چىت قىلىش شۇنچە زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ. پارتىيىمىزدىكى بارلىق رەھبىرىي يولداشلار ھەرقاچان ماركسىزملىق ئىلمىي رەھبەرلىك ئۇسۇلىنى جۇغۇەنجۇيىلىق ۋە گۇەنلياۋجۇيىلىق رەھبەرلىك ئۇسۇلىغا قارىمۇ-قارشى قويۇشى ۋە ئالدىنقىسى ئارقىلىق كېيىنكىسىنى يېڭىشى لازىم. جۇغۇەنجۇيىچىلار ۋە گۇەنلياۋجۇيىچىلار رەھبەرلىك بىلەن ئاممىنى بىرلەشتۈرۈش، ئومۇملۇق بىلەن ئايرىملىقنى بىرلەشتۈرۈش پىرىنسىپىنى بىلمەيدۇ، پارتىيە خىزمىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا

ئىنتايىن زور دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. جۇگۇەنجۇيلىق ۋە گۇەنلياۋجۇيلىق رەھبەرلىك ئۇسۇلىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ماركسىزملىق ئىلمىي رەھبەرلىك ئۇسۇلىنى كەڭ ۋە چوڭقۇر تەشەببۇس قىلىش كېرەك.

## ئىزاھلار

① ستالىننىڭ «گېرمانىيە گۇڭچەنداڭنىڭ ئىستىقبالى ھەم بولشېۋىكلاشتۇرۇش ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن.

② كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىونالنىڭ 7-قۇرۇلتىيىدا دىمىتروۋنىڭ قىلغان خۇلاسە سۆزى — «ئىشچىلار سىنىپىنىڭ فاشىزمغا قارشى بىرلىكسېپى ئۈچۈن كۈرەشەيلى»نىڭ 7-قىسمى «كادىرلار مەسىلىسى»گە قارالسۇن.

# گومىنداڭغا سوراق*

## (1943 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى)

يېقىنقى ئايلاردىن بۇيان جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى لاگىرىدا ئادەتتە كورۈلمەيدىغان، ناھايىتى غەلىتە بىر ۋەقە يۈزبەردى، ئۇ بولسىمۇ جۇڭگو گومىنداڭى رەھبەرلىكىدىكى نۇرغۇن پارتىيە، ھوكۇمەت ئورگانلىرى ۋە ھەربى ئورگانلارنىڭ ئىتتىپاقلىقنى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى بۇزىدىغان بىر ھەركەت قوزغىغانلىقى. بۇ ھەركەت كوممۇنىستلارغا قارشى قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقتى، ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇ ــ جۇڭخۇا مىللىتىگە قارشى ۋە جۇڭگو خەلقىگە قارشى ھەركەت.

ئالدى بىلەن گومىنداڭ ئارمىيىسىگە قاراپ باقايلى. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە گومىنداڭ رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ئارمىيىنىڭ غەربىي شىمال تەرەپكە جايلاشقان ئاساسىي كۈچلىرى 34، 37 ۋە 38 ـ جىتۈەنجۈنلەردىن ئىبارەت 3 جىتۈەنجۈن بولۇپ، ھەممىسى 8 ـ ئۇرۇش رايونى فۇسىلىڭجاڭگۇەنى خۇ زۇڭنەننىڭ قوماندانلىقىدا ئىدى. ئۇلاردىن 2 جىتۈەنجۈن شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونىنى

* بۇ ــ يولداش ماۋزېدۇڭ يەنئەن «جيېفاڭ رىباۋ» گېزىتى ئۈچۈن يېزىپ بەرگەن باشماقالا.

مۇھاسىرە قىلىشقا قويۇلىغان، پەقەت بىرىلا خۇاڭخې دەرياسىنىڭ يىچۇەندىن تۇڭگۇەنگىچە بولغان ئارىلىقتىكى قىرغاقلىرىنى ساقلاش ئۈچۈن ياپون قاراقچىلىرىغا قارشى قويۇلغان. بۇ ئەھۋالغا 4 يىلدىن ئاشتى، پەقەت ھەربى توقۇنۇش يۈزبېرىپ قالمىسىلا، كوپچىلىكمۇ بۇنى ئادەتتىكى ئىش دەپ كېتىۋېرەتتى. بىراق يېقىندا كۈتۈلمىگەن ھالدا مۇنىداق ئۆزگىرىش يۈزبەردى، يەنى خۇاڭخې مۇداپىەسىنى ئۈستىگە ئالغان 1، 16 ۋە 90-جۈنلەردىن ئىبارەت 3 جۈندىن 2 سى يوتكەلدى، 1-جۈن بىنجۇ، چۈنخۇا تەرەپلەرگە، 90-جۈن لوچۇەن تەرەپكە يوتكەپ كېلىندى ۋە چېگرا رايونىغا ھۇجۇم قىلىشقا پائال تەييارلىق كورۇلۇپ، ياپون قاراقچىلىرىغا قارشى خۇاڭخې مۇداپىەسىنىڭ كوپ قىسمى بوش قالدۇرۇلدى.

بۇ ھال كىشىلەردە، مۇشۇ گومىنداڭچىلار بىلەن ياپونلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت زادى قانداقتۇ؟ دىگەن شۇبھىنى تۇغدۇرماي قالمايدۇ.

بىرمۇنچە گومىنداڭچىلار ھەر كۈنى كۈكچەنداڭ «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى بۇزدى»، «ئىتتىپاقلىقنى بۇزدى» دەپ ھېچبىر ئەيمەنمەستىن تەشۋىق قىلىۋاتاتتى-يۇ، خۇاڭخې مۇداپىەسىنى ئۈستىگە ئالغان ئاساسىي كۈچلىرىنى قالدۇرماي چېكىندۇرگەنلىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى كۈچەيتكەنلىك دىيىلەمدۇكى؟ چېگرا رايونغا ھۇجۇم قىلىشى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش دىيىلەمدۇكى؟

مۇشۇ ئىشلارنى قىلىۋاتقان گومىنداڭچىلاردىن سورايمىزكى، سىلەر ياپونلارغا ئارقاڭلارنى قىلىپ تۇرۇۋاتىسىلەر، ياپونلار بولسا سىلەرگە ئالدىنى قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئەگەر ياپونلار ئارقاڭلاردىن بېسىپ كەلسە، ئۇ چاغدا قانداق قىلىسىلەر؟

ئەگەر سىلەر شۇنچە ئۇزۇن خۇاڭخې مۇداپىئەسىنى تاشلىۋېتىپ كارىڭلار بولمىسا، ياپونلار بۇرۇنقىدەكلا دەريانىڭ ئۇ قېتىدا قىمىر-لىماي تىپ-تىنچ تۇرۇپ، پەقەت قولىغا دۇربۇن ئېلىپ، سىلەرنىڭ بارغانسېرى ئۇزاپ كېتىۋاتقان قاراڭلارغا چەكسىز خۇشاللىق بىلەن سەپ سېلىپ تۇرسا، ئۇ ھالدا، بۇنىڭدا يەنە قانداق سەۋەب بار؟ نېمە ئۈچۈن ياپونلار سىلەرنىڭ ئارقاڭلارنى قىلىپ تۇرۇشۇڭلارنى شۇنچە ياخشى كۆرىدۇ؟ سىلەر بولساڭلار خۇاڭخې مۇداپىئەسىنى تاشلىۋېتىپ كارىڭلار بولماي، شۇنچە كۆپ يەرنى بوش قالدۇرۇپ، نېمانچىۋالا خاتىرجەم بولۇپ كەتتىڭلار؟

خۇسۇسى مۇلۇكچىلىك جەمئىيىتىدە، كېچىسى ئۇخلىغاندا، ھەممىشە ئىشىك ئېتىپ قويۇلىدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، بۇ بىكارغا قىلىنغان ئىش ئەمەس، بەلكى ئوغرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قىلىنغان ئىش. ھازىر سىلەر دەرۋازىنى ئېچىپ قويدۇڭلار، ئوغرى كىرىشتىن قورقمامسىلەر؟ دەرۋازا ئوچۇق تۇرسۇ-نۇ، ئوغرى كىرمىسۇن، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

سىلەرنىڭ ئېيتىشىڭلارچە بولغاندا، جۇڭگو زېمىنىدا پەقەت گومىنداڭلا «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى بۇزغۇچى» ئىكەن، سىلەر بولساڭلار تازا «مىللەت ئەلا»نى قۇۋۋەتلىگۈچى ئىكەنسىلەر، ئۇنداق بولسا، دۈشمەنگە ئارقىسىنى قىلىپ تۇرۇش نېمىنى ئەلا بىلگەنلىك بولىدۇ؟

سىلەرنىڭ ئېيتىشىڭلارچە بولغاندا، «ئىتتىپاقلىقنى بۇزغۇچى»مۇ گومىنداڭ ئىكەن، سىلەر بولساڭلار تازا «سەممىي ئىتتىپاقلىق» تەرەپدارلىرى ئىكەنسىلەر، ئۇنداق بولسا، سىلەرنىڭ 3 جىتۇەنجۈن (بىر جۈن كەم) ئەسكىرىي كۈچۈڭلارنىڭ قولىغا نەيزە ئېلىپ، ئېغىر

زەمبىرەكلەر بىلەن قوراللىنىپ، چېگرا رايون خەلقىگە قاراپ ئىلگىرىلىشىنىمۇ «سەممى ئىتتىپاقلىق» دەپ ھېسابلىغىلى بولامدۇ؟

ياكى سىلەرنىڭ يەنە بىر تۈرلۈك ئېيتىشىڭلارچە بولغاندا، سىلەر ئىتتىپاقلىقنى ياقتۇرماي، «بىرلىك»كە كەلتۈرۈشنى ناھايىتى ياقتۇرىدىكەنسىلەر، شۇڭا سىلەر چېگرا رايوننى يەر بىلەن يەكسان قىلماقچى، ئۆزەڭلار ئېيتىۋاتقان «فېوداللىق گېجۇي»نى يوقاتماقچى، گۈڭچەنداڭنى قىرىپ تۈگەتمەكچى ئىكەنسىلەر. خوش، شۇنداقمۇ بولسۇن، نىمە ئۈچۈن سىلەر ياپونلارنىڭ جۇڭگوغا ملىتنى «بىرلىك»كە كەلتۈرۈشىدىن ھەمدە سىلەرنىمۇ قوشۇپ «بىرلىك»كە كەلتۈرۈۋېتىشىدىن قورقمايسىلەر؟

ئەگەر ۋەقەنىڭ نەتىجىسىدە، سىلەر بىر يۈرۈشتىلا غەلىبە قازانغان ھالدا چېگرا رايوننى «بىرلىك»كە كەلتۈرىدىغان، گۈڭچەنداڭنى جىمىقتۇرۇۋېتىدىغان بولساڭلار، ياپونلار بولسا سىلەرنىڭ قانداقتۇ «دورا بىھۇش»لىرىڭلار بىلەن ھۇشسىزلىنىپ ياكى قانداقتۇ «سېھىر»لىرىڭلار بىلەن بەنت بولۇپ قىمىرلىيالمايدىغان بولسا، شۇ سەۋەپتىن ئۇلار ملىلەتنى شۇنىڭدەك سىلەرنىمۇ «بىرلىك»كە كەلتۈرەلمەيدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، سۆيۈملۈك گومىنداڭچى جانابلىرىمىز، ئۆزەڭلارنىڭ ھېلىقى «دورا بىھۇش» ياكى «سېھىر» دىگەن نىمەڭلاردىن بىزگە بىر-ئىككىسىنى كورسىتىپ باقساڭلار قانداق؟

ئەگەر سىلەردە ياپونلارغا جاۋاپ بېرەلىگۈدەك ھېچقانداق «دورا بىھۇش»، «سېھىر»مۇ بولمىسا، ياپونلار بىلەن كوڭۈلدە پۈتۈشۈپمۇ ئالمىغان بولساڭلار، ئۇ ھالدا، بىز سىلەرگە شۇنى رەسمى ئېيتىپ قويايلىكى، سىلەر چېگرا رايونغا ھۇجۇم قىلماسلىقىڭلار كېرەك، چېگرا رايونغا ھۇجۇم قىلساڭلار بولمايدۇ. «بېلىقچى قۇش بىلەن

قۇلۇلە تۇتۇشۇپ قالسا، پايدا بېلىقچىغا بوپتۇ»، «ياچىۋەك تومۇزغىنى تۇتماقچى بولسا، سېرىق قۇچقاچ ئۇنىڭ پېيىگە چۈشۈپتۇ» دېگەن ئىككى چوچەكتە داۋلى بار. سىلەر بىز بىلەن بىرلىكتە تۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرى بېسىۋالغان جايلارنى بىرلىككە كەلتۈرسەڭلار، ياپون ئالۋاستىلىرىنى قوغلاپ چىقارساڭلار، توغرا قىلغان بولاتتىڭلار، ئالىقاندەك بۇ چېگرا رايوننى نىمانچە ئالدىراپ-سالدىراپ «بىرلىك»كە كەلتۈرمەكچى بولىسىلەر؟ گۈزەل ۋەتىنىمىز-نىڭ كەڭ زىمىنى دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ كېتىۋاتسا، ئالدىرىماي، تاقەتسىزلەنمەي، چېگرا رايونغا ھۇجۇم قىلىشقا ۋە گۇڭچەنداڭنى يوقىتىشقا بولسا ئالدىراپ كېتىشىڭلار، تاقەتسىزلىنىپ كېتىشىڭلار نىمە دېگەن ئېچىنىشلىق! نىمە دېگەن نومۇسسىزلىق!

ئەمدى گومنداڭنىڭ پارتىيە ئىشلىرىغا قاراپ باقايلى. گۇڭچەن-داڭغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، گومنداڭ بىرنەچچە يۈز ئىشپىيونلۇق دادۈيلىرىنى قۇردى، ئۇلارغا ئەڭ پەسكەش مۇناپىقلارنىمۇ قوبۇل قىلدى. مەسىلەن، جۇڭخۇا مىنگونىڭ 32-يىلى يەنى مىلادى 1943-يىل 7-ئاينىڭ 6-كۈنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ 6 يىللىقىنى خاتىرىلەش ھارپىسىدا جۇڭگو گومنداڭنىڭ جۇڭياڭشېسى بىر خەۋەر تارقاتتى، بۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شەن دېگەن يېرىدە بەزى «مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرى» دېيىلگەن بىرنىمىلەر مەجلىس ئېچىپ، 3-ئىنتېرناتسونال تارقالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىمۇ «تارقىتىۋېتىش» توغرىسىدا ماۋزېدۇڭغا ديەنباۋ ئەۋەتىشنى قارار قىلىپتۇ، بۇنىڭدا يەنە «چېگرا رايون گېجۈيسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش» دېگەن بىر ماددىمۇ بار ئىكەن. كىتابخانىلار بۇنى بىر «يېڭى خەۋەر» دەپ ھېس

قىلىشى مۇمكىن، ھەقىقەتتە بولسا بۇ — كونا خەۋەر.

بۇ ئىش ئەسلىدە بىرنەچچە يۈز ئىشپىيونلۇق دادۇيلىرىنىڭ بىرىدە بولغان. بۇ دادۇي ئىشپىيونلۇق زۇڭدۇيىبۇ (يەنى «گومىنجىڭفۇ ھەربىي ۋېيىيۈەنخۇيى تەكشۈرۈش ـ تىزىملاش ئىدارىسى» ۋە «جۇڭگو گومىنداڭى مەركىزىي ئىجرائىيە ۋېيىيۈەنخۇيى تەكشۈرۈش ـ تىزىملاش ئىدارىسى») نىڭ يولىيورۇغى بويىچە، گومىنداڭ خىراجىتى بىلەن چىقىرىلىۋاتقان ۋەتەن خائىنلىرى ژورنىلى — «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ۋە مەدەنىيەت»تە گۇڭچەنداڭغا قارشى ماقالا يېزىش بىلەن نام چىقارغان ۋە ھازىر شەنشىدىكى ئەمگەك لاگېرى تەلىم ـ تەربىيە باشقارمىسىنىڭ چۈجاڭى بولۇپ تۇرغان تروتسكىچى ۋەتەن خائىنى جاڭ دىفېي ئارقىلىق 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى يەنى جۇڭيانىڭ ئەشۇ خەۋەرنى ئېلان قىلىشتىن 25 كۈن ئىلگىرى، 9 كىشىنى چاقىرىپ 10 منۇتلۇق مەجلىس ئېچىپ، مۇشۇ دېيەنباۋ دېيىلگەن بىرنىمىنى «ماقۇللىغان».

بۇ دېيەنباۋنى يەنئەن تا بۈگۈنگىچە قەدەر تاپشۇرۇۋالىغىنى يوق، لېكىن ئۇنىڭ مەزمۇنى مەلۇم بولۇپ بولدى: 3 ـ ئىنتېرناتسونال تارقالغان ئىكەن، جۇڭگو گۇڭچەنداڭىمۇ «تارقىتىۋېتىلىشى» لازىم ئىمىش، يەنە «ماركسىزىم ـ لېنىنىزىم بەربات بولغان» ئىمىش ۋاھاكازالار.

بۇمۇ گومىنداڭچىلارنىڭ ئاغزىدىن چىققان گەپ! بىز بۇ خىلدىكى (ھەرنەرسە ئوز خىلىنى تاپىدۇ) گومىنداڭچىلارنىڭ ئاغزىدىن ھەر نىمە چىقىدىغانلىقىنى ھەرقاچان بىلەتتۇق، دەرۋەقە، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن ئىپلاسلىقلار يەنە چىقتى!

ھازىر جۇڭگو زېمىنىدا پارتىيە ـ گۇرۇھلار ناھايىتى كوپ، پەقەت

گومىنداڭدىنلا ئىككىسى بار. ئۇنىڭ بىرى ۋاڭ جىڭۋېي تامغىلىق گومىنداڭ بولۇپ، نەنجىڭ ۋە باشقا جايلاردا قۇرۇلدى، ئۇمۇ كوك ئاسمان، ئاق كۈن بەلگىلىك بايراق كوتەرگەن، ئۇنىڭمۇ مەركىزىي ئىجرائىيە ۋېيۋەنخۇيى دىگەن بىرنىمىسى بار، شۇنىڭدەك بىر تۇركۇم ئىشپىيونلۇق دادۇيلىرىمۇ بار. بۇنىڭدىن تاشقىرى يەنە، قولـدىن كەتكەن رايونلاردا ياپون فاشىست پارتىيىلىرى كەڭ تارقالغان.

سۇيۇملۇك گومىنداڭچى جاناپلىرىمىز، 3-ئىنتېرناتسونال تارقالـغاندىن كېيىن، سىلەر هە دەپ شاپاشلاپ، پەقەت گۇڭچەنداڭنىلا «تارقىتىۋېتىش» قەستىدە بولدۇڭلار، لېكىن ۋەتەن خائىنلىرى پارتىيىلىرى ۋە ياپون پارتىيىلىرىنى تارقىتىۋېتىشكە ئازراق بولسىمۇ كۈچ چىقىرىشنى زادى خالىمىدىڭلار، بۇنىڭ سەۋەبى نىمە؟ سىلەر جاڭ دىفېيغا دىيەنباۋ يازدۇرغاندا، گۇڭچەنداڭنى تارقىتىۋېتىشنى تەلەپ قىلغاندىن تاشقىرى، ۋەتەن خائىنلىرى پارتىيىلىرى ۋە ياپون پارتىيىلىرىنىمۇ تارقىتىۋېتىشكە ئەرزىيدىغانلىقى هەققىدە نىمە ئۈچۈن بىرەر جۈملە سوز قوشۇپ قويمىدىڭلار؟

سىلەرچە، گۇڭچەنداڭ بەك ئارتۇقلۇق قىلىۋاتامدۇ؟ پۈتۈن جۇڭگو زېمىندا پەقەت بىرلا گۇڭچەنداڭ بار، گومىنداڭ بولسا ئىككى، زادى قايسىسى ئارتۇقلۇق قىلىدىكەن؟

گومىنداڭچى جاناپلار، سىلەر مۇنداق بىر ئىشنىمۇ ئويلاپ كورگەنمىدىڭلار؟ سىلەردىن باشقا يەنە ياپونلار بىلەن ۋاڭ جىڭۋېيمۇ گۇڭچەنداڭنى يوقىتىشقا جېنىنىڭ بېرىچە بىردەك ئۇرۇنىۋاتىدۇ، پەقەت گۇڭچەنداڭلا بەك ئارتۇقلۇق قىلىۋاتىدۇ، شۇڭا ئۇنى يوقىتىش كېرەك، دەپ بىردەك جار سېلىۋاتىدۇ؛ گومىنداڭنى بولسا هېچقاچان ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ، پەقەت كەملىك قىلىۋاتىدۇ، دەپ

ھېس قىلىپ، ھەممىلا يەردە ۋاڭ جىڭۋېي تامغىلىق گومىنداڭنى پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرۈۋاتىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

گومىنداڭچى جاناپلار، بىز سىلەرگە مالال كەلمەي ئېيتىپ قويايلى: ياپونلار بىلەن ۋاڭ جىڭۋېي گومىنداڭنى ۋە سەنمىنجۇيىنى شۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ ياقتۇرىدۇكى، بۇ پارتىيە ۋە بۇ مەسلەكتە ئۇلار پايدىلىنالايدىغان جايلار بار. بۇ پارتىيە بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، پەقەت 1924 ـ يىلىدىن 1927 ـ يىلىغىچە بولغان مەزگىلدە، سۇن جۇڭشەن ئەپەندى تەرىپىدىن ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىشى، كوممۇنىستلارنى قوبۇل قىلىشى، گومىنداڭ ـ گۇڭچەنداڭ ھەمكارلىقىدىكى مىللىي ئىتتىپاق بولۇشى بىلەنلا، بارلىق جاھانگىرلار ھەم ۋەتەن خائىنلىرى يامان كۆرىدىغان، ياقتۇرمايدىغان ۋە يوقىتىش ئۈچۈن بارلىق كۈچى بىلەن قەست قىلىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ مەسلەكمۇ پەقەت شۇ مەزگىلدە سۇن جۇڭشەننىڭ قولى بىلەن ئۆزگەرتىلىپ، «جۇڭگو گومىنداڭنىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ خىتابنامىسى»دىكى سەنمىنجۇيىغا يەنى ئىنقىلابىي سەنمىنجۇيىغا ئايلىنىشى بىلەنلا، بارلىق جاھانگىرلار ھەم ۋەتەن خائىنلىرى يامان كۆرىدىغان، ياقتۇرمايدىغان ۋە يوقىتىش ئۈچۈن بارلىق كۈچى بىلەن قەست قىلىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ پارتىيە، بۇ مەسلەك گۇڭچەنداڭنى چەتكە قاققان، سۇن جۇڭشەننىڭ ئىنقىلابىي روھىنى چەتكە قاققان شارائىتتا، بارلىق جاھانگىرلارنىڭ ھەم ۋەتەن خائىنلىرىنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى، ياپون فاشىستلىرى ھەم ۋەتەن خائىنى ۋاڭ جىڭۋېيمۇ ئۇلارنى ياقتۇرىدىغان بولۇپ قالدى، خۇددى گوھەر تېپىۋالغاندەك ئۇنى پەرۋىش قىلدى ۋە ئۆستۈردى. ۋاڭ جىڭۋېي تامغىلىق گومىنداڭ

بۇرۇن بايرىغىنىڭ سول بۇرجىكىدىكى بىر پارچە سېرىق بەلگە بىلەن پەرقلىنىپ تۇراتتى، ئەمدىلىكتە، كوزگە قادالمىسۇن، دەپ شۇنچىلىك پەرقىنىمۇ قالدۇرماي، تامامەن بىردەك قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ ياقتۇرۇشى قايسى دەرىجىگە يەتكەن؟

ۋاڭ جىڭۋېي تامغىلىق گومينداڭچىلار قولىدىن كەتكەن رايونلاردىلا ئەمەس، بەلكى كەڭ ئارقا سەپتىمۇ ساماندەك. بەزىلىرى مەخپىي، بۇلار — دۇشمەنىنىڭ 5-زۇڭدۇيى. بەزىلىرى ئاشكارا، بۇلار — پارتىيىگە يولىنىپ جان باقىدىغان، ئىشپىيونلۇق بىلەن جان باقىدىغان ئەمما ياپون باسقۇنچىلىرىغا زادىلا قارشى تۇرماي، مەخسۇسلا كۈڭچەنداڭغا قارشى تۇرىدىغان كىشىلەر. بۇ كىشىلەر، پىشانىسىدە ۋاڭ جىڭۋېي تامغىسى بولمىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ۋاڭ جىڭۋېي تامغىلىق كىشىلەر. بۇ كىشىلەرمۇ دۇشمەنىنىڭ 5-زۇڭدۇيى، ئۇلار ئۆزىنى نىقابلاپ، كىشىلەرنىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن شەكىل جەھەتتىلا ئالدىنقى خىلدىكىلەردىن سەللا پەرقلىق بولۇۋالغان، خالاس.

دېمەك، مەسىلە پۈتۈنلەي ئايدىڭلاشتى. سىلەرنىڭ جاڭ دېفىيغا دېيەنباۋ يازدۇرغان چاغدا، كۈڭچەنداڭنى «تارقىتىۋېتىش»نى تەلەپ قىلغانىدىن تاشقىرى، ياپون پارتىيىلىرى ھەم ۋەتەن خائىنلىرى پارتىيىلىرىنىڭمۇ تارقىتىۋېتىشكە ئەرزىيدىغانلىقى توغرىسىدا بىرەر ئېغىز سوز قوشۇپ قويۇشقا زادى رايىڭلار بارمىغانلىقىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار بىلەن سىلەرنىڭ ئوتتۇراڭلاردا، مەيلى ئىدىيە جەھەتتە، سىياسەت جەھەتتە، تەشكىل جەھەتتە بولسۇن، نۇرغۇن ئورتاقلىقلار بار، ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاساسىي ئورتاق ئىدىيە — كۈڭچەنداڭغا، خەلققە قارشى تۇرۇش.

گومينداڭچىلارغا قويۇلىدىغان يەنە بىر سوراقمۇ بار: دۇنيادا

شۇنىڭدەك جۇڭگو زېمىنىدا «بەربات بولغىنى» پەقەت ماركسىزم-لېنىنىزىملا بولۇپ، باشقىلارنىڭ ھەممىسى ياخشى نەرسىلەرمۇ؟ ۋاڭ جىڭۋېينىڭ سەنمىنجۇيىسى ھەققىدە يۇقۇرىدا سۆزلەندى، گىتلېر، مۇسسولىنى، دۇگتياۋىيىڭجىلەرنىڭ فاشىزمى قانداق؟ جاڭ دىفېينىڭ تىروتسكىچىلىقچۇ؟ جۇڭگو زېمىنىدىكى پالانچى تامغىلىق ياكى پۇستانچى تامغىلىق ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىچىلىقچۇ؟

سۇيۇملۇك گومىنداڭچى جانابلىرىمىز، سىلەر جاڭ دىفېيغا دېيەنباۋ يازدۇرغان چاغدا، نېمىشقا ۋابادەك، چۈشىدەك، ئىت تېزىگىدەك بىرمۇنچە «مەسىلەك»لەر توغرىسىدا بىرەر ئىلاۋە ياكى بىرەر ئىزاھ قوشۇپ قويمىدىڭلار؟ سىلەرنىڭ نەزىرىڭلاردا، بۇ ئەكسىلئىنقىلاۋىي نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى كەم-كوتىسىز، مۇكەممەل بولۇپ، پەقەت ماركسىزم-لېنىنىزىملا پۈتۈنلەي «بەربات بولغان»مۇ؟

سۆزنىڭ توغرىسىنى ئېيتايلى، بىز سىلەردىن قاتتىق گۇمانلىنىمىزكى، سىلەر ياپون پارتىيىلىرى ھەم ۋەتەن خائىنلىرى پارتىيىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالدىڭلار، شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر ئۇلار بىلەن شۇ قەدەر ھەمنەپەس بولۇپ كەتتىڭلار، شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرنىڭ ئېيتقان سۆزۈڭلار، قىلغان ئىشىڭلار دۈشمەنىڭكى بىلەن، ۋەتەن خائىنلىرىنىڭكى بىلەن شۇ قەدەر ئوپ-ئوخشاش، تامامەن بىردەك، پۈتۈنلەي پەرقسىز. دۈشمەنلەر ھەم ۋەتەن خائىنلىرى يېڭى 4-ئارمىيىنى تارقىتىۋەتمەكچى بولۇۋىدى، سىلەر يېڭى 4-ئارمىيىنى تارقىتىۋەتتىڭلار؛ دۈشمەنلەر ھەم ۋەتەن خائىنلىرى كۇڭچەندانگنى تارقىتىۋەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، سىلەرمۇ كۇڭچەندانگنى تارقىتىۋەتمەكچى بولۇۋاتىسىلەر؛ دۈشمەنلەر ھەم ۋەتەن خائىنلىرى چېگرا

رايوننى ئەمەلدىن قالدۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ، سىلەرمۇ چېگرا رايوننى ئەمەلدىن قالدۇرماقچى بولۇۋاتىسىلەر؛ دۈشمەنلەر ھەم ۋەتەن خائىنلىرى خۇاڭخې مۇداپىيەسىنى قوغدىشىڭلارنى خالىمىغان ئىدى، سىلەر خۇاڭخې مۇداپىيەسىنى تاشلىۋەتتىڭلار؛ دۈشمەنلەر ھەم ۋەتەن خائىنلىرى چېگرا رايونغا ھۇجۇم قىلىۋىدى (سۇيدې-مىجۇ-جياشيەن-ۋۇبۇ-چىڭجيەن سېپىنى بويلاپ خۇاڭخېنىڭ ئۇ قېتىغا جايلاشقان دۈشمەن قوشۇنلىرى 8-ئارمىيە ساقلاپ تۇرغان خۇاڭخې مۇداپىيەسى جېبدىسىنى 6 يىلدىن بېرى ئۈزلۈكسىز توپقا تۇتۇپ كەلدى)، سىلەرمۇ چېگرا رايونغا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتىسىلەر؛ دۈشمەنلەر ھەم ۋەتەن خائىنلىرى گۇڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇۋاتىدۇ، سىلەرمۇ گۇڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇۋاتىسىلەر؛ دۈشمەنلەر ھەم ۋەتەن خائىنلىرى كوممۇنىزىمنى ۋە ھۇرىيەتپەرۋەرلىكنى قاتتىق تىللاۋاتىدۇ، سىلەرمۇ كوممۇنىزىمنى ۋە ھۇرىيەتپەرۋەرلىكنى قاتتىق تىللاۋاتىسىلەر①؛ دۈشمەنلەر ھەم ۋەتەن خائىنلىرى گۇڭچەنداڭ ئەزالىرىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇلارنى توۋۋا قىلىپ ئۆزىنى گېزىتتە ئېلان قىلىشقا مەجبۇر قىلىۋاتىدۇ، سىلەرمۇ گۇڭچەنداڭ ئەزالىرىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇلارنى توۋۋا قىلىپ ئۆزىنى گېزىتتە ئېلان قىلىشقا مەجبۇر قىلىۋاتىسىلەر؛ دۈشمەنلەر ھەم ۋەتەن خائىنلىرى ئەكسىلئىنقىلابچى ئىشپىيونلارنى گۇڭچەنداڭ، 8-ئارمىيە ۋە يېڭى 4-ئارمىيە ئىچىگە يوشۇرۇن كىرىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتسە، سىلەرمۇ ئەكسىلئىنقىلابچى ئىشپىيونلارنى گۇڭچەنداڭ، 8-ئارمىيە ۋە يېڭى 4-ئارمىيە ئىچىگە يوشۇرۇن كىرىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىۋاتىسىلەر. نېمە ئۈچۈن ئۇلار بىلەن سىلەرنىڭ ئوتتۇرىڭلاردىكى ئوپ-ئوخشاشلىق، تامامەن بىردەكلىك، پۈتۈنلەي پەرقسىزلىق شۇ دەرىجىگە

يېتىپ باردى؟ سىلەرنىڭ مۇشۇنداق بىرمۇنچىلىغان سوز ۋە ھەرىكە-تىڭلار دۈشمەن ھەم ۋەتەن خائىنلىرىنىڭ ئەنە شۇنداق بارلىق سوز ۋە ھەرىكىتى بىلەن ئوپ-ئوخشاش، تامامەن بىردەك، پۈتۈنلەي پەرقسىز تۇرسا، بۇ قانداقمۇ كىشىلەردە سىلەرنى دۈشمەن ھەم ۋەتەن خائىنلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالغان ياكى قانداقتۇ كوڭۈلدە پۈتۈشۈۋالغان دېگەن گۇمانغا كەلتۈرمىسۇن؟

بىز رەسمى ھالدا جۇڭگو گومىنداڭ جۇڭياڭغا ئېتىراز بىلدۈ-رىمىزكى، خۇاڭخې مۇداپىئەسىدىكى قوشۇنلارنى چېكىندۈرۈپ، چېگرا رايونغا ھۇجۇم قىلىشقا، ئىچكى ئۇرۇش قوزغاشقا تەييارلىنىش — ئۇچىغا چىققان خاتا ھەرىكەت، ئۇنىڭغا يول قويغىلى بولمايدۇ. جۇڭياڭشې 7- ئاينىڭ 6- كۈنى تارقاتقان ئىتتىپاقلىقنى بۇزىدىغان، گۇڭچەنداڭنى ھاقارەتلەيدىغان خەۋەر — ئۇچىغا چىققان خاتا سوز، ئۇنىڭغىمۇ يول قويغىلى بولمايدۇ. بۇ خاتالىقلارنىڭ ئىككىلىسى خاراكتېر جەھەتتە چېكىدىن ئاشقان جىنايەت، بۇ دۈشمەن ھەم ۋەتەن خائىنلىرىنىڭكىدىن قىلچە پەرقلەنمەيدۇ، سىلەر بۇ خاتالىقلارنى تۈزىتىشىڭلار لازىم.

بىز رەسمى ھالدا جۇڭگو گومىنداڭنىڭ زۇڭسەيى جياڭ جيېشى جاناپلىرىغا تەلەپ قويىمىزكى، خۇ زۇڭنەن قوشۇنىنى خۇاڭخې مۇداپىئەسىگە قايتۇرۇپ كېلىشكە بۇيرۇق بېرىڭ، جۇڭياڭشېنىڭ تىزگىنىنى تارتىڭ ھەم ۋەتەن خائىنى جاڭ دىفېڭنى جازالاڭ.

بىز خۇاڭخې مۇداپىئەسىدىن چېكىنىشنى، چېگرا رايونغا ھۇجۇم قىلىشنى خالىمايدىغان ۋە گۇڭچەنداڭنىڭ تارقىتىۋېتىلىشنى تەلەپ قىلىشنى خالىمايدىغان بارلىق ھەقىقى ۋەتەنپەرۋەر گومىنداڭچىلارغا مۇراجىئەت قىلىمىزكى، ھەرىكەتكە كېلىپ، مۇشۇ ئىچكى ئۇرۇش

ۋېيجىسىنى تونۇشتۇرغانىكەن ئۈچۈن تونۇمىغانلار. بىز سىلەر بىلەن ئاخىرغىچە ھەمكارلىشىپ، بىرلىكتە مىللىتىمىزنى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرۇشنى خالايمىز.

بىزچە، بۇ تەلەپلەر — پۈتۈنلەي ھەققانىي تەلەپلەر.

## ئىزاھ

① يولداش ماۋزېدۇڭ بۇ يەردە جياڭ جيېشى ئېلان قىلغان «جۇڭگونىڭ تەقدىرى» دىگەن كىتابىنى كۆرسەتمەكتە. جياڭ جيېشى بۇ كىتابتا كوممۇنىزىمغا ۋە ھۆرىيەتپەرۋەرلىككە قارشى تۈرلۈك دىگەن غالجىرانە تەشەببۇسنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغان.

# گىنجۇيدىلەردە ئىجارە كېمەيتىش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ھوكۇمەتنى ھىمايە قىلىش-خەلقنى سۆيۈش ھەركەتلىرىنى قانات يايدۇرايلى*

(1943-يىل 10-ئاينىڭ 1-كۈنى)

1. كۈزلۈك يىغىم ۋاقتى يېتىپ كەلدى، گىنجۇيدىلەردىكى رەھبىري ئورگانلار ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ۋە ھوكۇمەت ئورگانلىرىغا ئىجارە كېمەيتىش سىياسىتىنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى تاپشۇرۇشى لازىم. ئىجارە ئەستايىدىل كېمەيتىلمىگەن جايلارنىڭ ھەممىسىدە بۇ يىل ئىجارە كېمەيتىلىشى لازىم. ئىجارە كېمەيتىلگەن ئەمما تەلتوكۈس بولمىغان جايلاردا بۇ يىل تەلتوكۈس كېمەيتىلىشى لازىم. داڭۋېيلار جۇڭگيانىڭ يەر سىياسىتىگە ۋە ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن يوليورۇق چىقىرىشى ۋە بىرنەچچە يېزىنى ئۆزلىرى بىۋاستە تەكشۈرۈپ، نەمۇنە تېپىپ، باشقا جايلارنىڭ خىزمىتىنى ئىلگىرى

---

* بۇ — يولداش ماۋزېدۇڭ يازغان جۇڭگۇڭ جۇڭگيانىڭ پارتىيە ئىچىگە قاراتقان يوليورۇغى.

سۇرۇشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، گېزىتلەردە ئىجارە كېمەيتىش توغرىسىدا باشماقالىلار ۋە ئىجارە كېمەيتىشنىڭ نەمۇنىلىك تەجرىبىلىرى توغرىسىدا خەۋەرلەر بېسىش كېرەك. ئىجارە كېمەيتىش ئاممىگە قىلىنىغان ئىلتىپات ئەمەس، بەلكى دېخانلارنىڭ ئاممىۋى كۈرىشى؛ پارتىيىنىڭ يولىيورۇقلىرى ۋە ھوكۇمەتنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرى بولسا بۇ ئاممىۋى كۈرەشكە قىلىنىغان يېتەكچىلىك ۋە ياردەم. ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىمايدىغان ئىلتىپات تەرىقىسىدىكى ئىجارە كېمەيتىش توغرا ئەمەس، بۇنىڭ نەتىجىسى مۇستەھكەم بولمايدۇ. ئىجارە كېمەيتىش كۈرىشى داۋامىدا دېخانلار تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇش ياكى دېخانلار تەشكىلاتلىرىنى ئۆزگەرتىش كېرەك. ھوكۇمەت ئىجارە كېمەيتىش توغرىسىدىكى ئەمىر-پەرمانلارنى ئىجرا قىلىش ۋە يەر ئىگىلىرى بىلەن ئىجارىگە ئالغۇچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى تەڭشەش مەيدانىدا تۇرۇشى كېرەك. ھازىر گېنجۇيدىلەر تارىيىپ كەتتى، پارتىيىمىزنىڭ گېنجۇيدىلەردە ئاممىنى ئىخلاس بىلەن، ئەستايىدىللىق ۋە پۇختىلىق بىلەن قولغا كەلتۈرۈش، ئاممە بىلەن ھايات-ماماتتا بىللە بولۇش ۋەزىپىسى ئۆتكەن 6 يىلدىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ جىددى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ قالدى. ئەگەر بىز بۇ يىل كۈزدە ئىجارە كېمەيتىش سىياسىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش دەرىجىسىنى تەكشۈرۈپ چىقالىساق ۋە ئىجارىنى تەلتوكۇس كېمەيتەلىسەك، دېخانلار ئاممىسىنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئۇستۇرۇپ، كېلەر يىل دۇشمەنگە قارشى كۈرەشنى كۈچەيتەلەيمىز ۋە كېلەر يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ھەركىتىنى ئالغا سۈرەلەيمىز.

2. دۇشمەن ئارقا سېپىدىكى گېنجۇيدىلەرنىڭ كوپچىلىك كادىرلىرى پارتىيە، ھوكۇمەت ئورگانلىرىنىڭ خادىملىرىنى، قوشۇن

خادىملىرىنى ۋە خەلق ئاممىسىنى (دۆلەت ئىشىدىكىلەر ۋە خۇسۇسى ئىشتىكىلەر، ھەربىلەر ۋە خەلقلەر، ئەرلەر ۋە ئاياللار، ياشلار ۋە قېرىلارنىڭ ھېچقايسىسىنى سىرتتا قالدۇرماي) ھەركەتلەندۇرۇپ، كەڭ كولەملىك ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىشنى تېخى ئۆگىنىۋالالمىدى. داڭۋېيلار، ھوكۇمەت ئورگانلىرى ۋە قوشۇنلار بۇ يىل كۈز ۋە قىشتا پۈتۈن كېنجۈيدىلەردە كېلەر يىل ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىش يولىدىكى (شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونىدىن باشقا جايلاردا، كىيىم - كېچەك، ئوزۇق - تۈلۈك مول بولۇش شوئارى ۋاقتىنچە ئوتتۇرىغا قويۇلمايدۇ) كەڭ كولەملىك ئىشلەپچىقىرىش ھەركىتىنى يەنى ئومۇم ئىگىلىگىدىكى ۋە خۇسۇسلار ئىگىلىگىدىكى دېھقانچىلىق، سانائەت، قول سانائەت، نەقلىيات، چارۋىچىلىق ۋە سودا ئىشلىرىنى ئوز ئىچىگە ئالغان لېكىن يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان ئىشلەپچىقىرىش ھەركىتىنى ئېلىپ بېرىشقا ياخشى تەييارلىق قىلىپ قويۇشى كېرەك. ئائىلىلەر بويىچە پىلانلاشنى، ئەمگەكتە ھەمكارلىشىشنى (شىمالىي شەنشىدە بيەنگۇڭدۇي[1] دەپ ئاتىلىدۇ، بۇرۇن جياڭشى قىزىل رايونىدا تېرىلغۇ دۈيى ياكى ئەمگەكتە ھەمكارلىشىش گۇرۇپپىسى دەپ ئاتىلاتتى) يولغا قويۇش، ئەمگەك قەھرىمانلىرىنى مۇكاپاتلاش، ئىشلەپچىقىرىش مۇسابىقىسىنى ئېلىپ بېرىش ۋە ئاممە ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان كوپىراتىپلارنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. ناھىيە، رايونلاردىكى پارتىيە، ھوكۇمەت خادىملىرى مالىيە ۋە ئىقتىسات مەسىلىلىرىدە، ئوز كۈچ - قۇۋۋىتىنىڭ 90 پىرسەنتىنى دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىشكە سەرپ قىلىشى، قالغان 10 پىرسەنتىنى دېھقانلاردىن باج ئېلىشقا سەرپ قىلىشى لازىم.

ئالدىنقىسى جاپاغا چىداپ ئىشلەنسە، كېيىنكىسى يېنىكلىشىدۇ. بارلىق ئىدارە، مەكتەپ ۋە قىسىملار ئۇرۇش شارائىتىدا كوكتات تېرىش، چوشقا بېقىش، ئوتۇن تەييارلاش، ياغاچكومۇر تەييارلاش، قول سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە قىسمەن ئاشلىق تېرىش بىلەن جىددى شۇغۇللىنىشى كېرەك. چوڭ-كىچىك ئورۇنلار كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىشنى بىردەك راۋاجلاندۇرۇشتىن تاشقىرى، ئەينى زاماندا، بارلىق شەخسلەرنى (قوشۇنلار بۇنىڭ سىرتىدا) ئىشتىن تاشقىرى ئوز ئالدىغا كىچىك كولەملىك دېخانچىلىق ۋە قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا رىغبەتلەندۇرۇشى (تىجارەت قىلىش مەنى قىلىنىدۇ)، ئۇنىڭ كىرىمىنى شەخسنىڭ ئوز ئىختىيارىدا قالدۇرۇشى كېرەك. جايلار 7 كۇندىن 10 كۇنگىچە مۇددەت بىلەن كوكتات تېرىغۇچىلار كورسى، چوشقا باققۇچىلار كورسى ۋە ئاماقنى ياخشىلاش ئۇچۇن ئاشپەزلەر يېتىشتۇرۇش كورسى ئېچىشى لازىم. بارلىق پارتىيە، ھوكۇمەت ئورگانلىرى ۋە ھەربى ئورگانلاردا ئىقتىساتقا رىايە قىلىش، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇش، خىيانەتچىلىكنى مەنى قىلىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھوكۇمەت ئورگانلىرى، ھەربى ئورگانلار ۋە مەكتەپلەرنىڭ بارلىق رەھبىرى خادىملىرى ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا رەھبەرلىك قىلىشنىڭ پۇتۇن ماھارىتىنى ئوگىنىۋېلىشى لازىم. ئىشلەپچىقىرىشنى تەتقىق قىلىشقا ئېتىۋار بەرمەيدىغان كىشى ياخشى رەھبەر ھېساپلان-مايدۇ. ھەربىلەر ۋە خەلقلەردىن ئىشلەپچىقىرىشقا ئەھمىيەت بەرمەي-دىغان، ئەكسىچە، ئاقنانىچىلىق-ھورۇنلۇق قىلىدىغانلىرى ياخشى ھەربى ۋە ياخشى گۇگمىن ھېساپلانمايدۇ. يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقى-رىشتىن ئايرىلمىغان بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ئىشلەپچىقىرىشنى

راۋاجلاندۇرۇشنى ئۆزىنىڭ ئاممىگە ئۈلگە بولۇشىنىڭ شەرتلىرىدىن بىرى قىلىشى لازىم. ئىشلەپچىقىرىش ھەركىتىدە ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرمەي، بىر تەرەپلىمە ھالدا چىقىم مەسىلىسى ئۈستىدىلا سەنىپەن سوقۇشتەك مۇتەئەسسىپلىك نوقۇل مالىيە نۇقتىنەزىرى خاتا. پارتىيە، ھوكۇمەت ئورگانلىرىدىكى ۋە ھەربى ئورگانلاردىكى ئاممىنىڭ ھەم خەلق ئاممىسىنىڭ كەڭ ئەمگەك كۈچلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئاممىۋى ئىشلەپچىقىرىش ھەركىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرمەي، ئاز ساندىكى ھوكۇمەت خادىملىرى ئارقىلىق ھە دەپ پاراق ۋە باج يىغىش، پۇل ۋە ئوزۇق-تۈلۈك ھازىرلاشقىلا بىر تەرەپلىمە ھالدا ئەھمىيەت بېرىش نۇقتىنەزىرى خاتا. ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشنى بىلمەي، ئاممىدىن ئاشلىق ۋە پۇل ئېلىشنىلا بىلىش نۇقتىنەزىرى (گومىنداڭ نۇقتىنەزىرى) خاتا. ئاممىۋى ئىشلەپچىقىرىش ھەركىتىنى ھەر تەرەپلىمە قوزغاشقا .ئەھمىيەت بەرمەي، بىر تەرەپلىمە ھالدا ئاز سانلىق ئىگىلىك ئورگانلىرى ئارقىلىق ئاز سانلىق كىشىلەرنى ئىشلەپچىقىرىشقا ئۇيۇشتۇرۇشقىلا ئەھمىيەت بېرىش نۇقتىنەزىرى خاتا. گۆڭچەنداڭ ئەزالىرىنىڭ ئائىلە تۇرمۇشىنى تەمىنلەش (يېزىلاردىكى پارتىيە ئەزالىرى) ۋە ئۆز تۇرمۇشىنى ياخشىلاش (ئىدارە ۋە مەكتەپلەردىكى پارتىيە ئەزالىرى)، شۇنىڭ بىلەن ئىنقىلاپ ئىشىغا پايدا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئائىلىۋى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىشتىن تاشقىرى شەخسىي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشنى شەرەپلىك ئەمەس، ئەخلاققا مۇناسىپ ئەمەس، دەپ ھېساپلاش نۇقتىنەزىرى خاتا. گېنجۈيدىلەر بار بولۇپ تۇرغان شارائىتتا، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشنى ۋە

ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش شەرتى ئاستىدا ماددى تۇرمۇشنى ياخشىلاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى تەشەببۇس قىلماي، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشنىلا بىر تەرەپلىمە ھالدا تەشەببۇس قىلىش نۇقتىسىنەزىرى خاتا. كوپىراتىپنى ئامما ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئىگىلىك تەشكىلاتى دەپ قارىماي، ئاز سانلىق خادىملار پۇل تاپىدىغان، پايدا ئالىدىغان ئورۇن دەپ قاراش ياكى ھوكۇمەت ئىگىلىكىدىكى سودا دۇكىنى دەپ قاراش نۇقتىسىنەزىرى خاتا.

شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايونىدىكى بەزىبىر يېزا ئىگىلىك ئەمگەك قەھرىمانلىرىنىڭ نەمۇنىلىك ئەمگەك ئۇسۇللىرىنى (ئەمگەكتە ھەمكارلىشىش، كوپ ھەيدەش، كوپ چاغلاش، كوپ ئوغۇتلاشنى) جايلارغا كېڭەيتمەي، بەلكى، بۇ ئۇسۇللارنى بەزى گېنجۇيدىلەردە قوللانغىلى بولمايدۇ، دەپ ھېساپلاش نۇقتىسىنەزىرى خاتا. ئىشلەپ-چىقىرىش ھەركىتىدە باشلىقلار جاۋاپكار بولۇش، ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەش، رەھبىرىي تايانچلار بىلەن كەڭ ئاممىنى بىرلەشتۈرۈش، ئومۇمىي چاقىرىق بىلەن ئايرىم يېتەكچىلىكنى بىرلەشتۈرۈشنى ۋە تەكشۈرۈش-تەتقىق قىلىشنى يولغا قويماي، ئىشنىڭ جىددىيلىك ۋە موھىملىق دەرىجىسىنى پەرق ئەتمەي، ئەر-ئاياللار، ياش-قېرىلار ۋە سەرگەردانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا بىردەك قاتنىشىشىنى قولغا كەلتۈرمەي، كادىر يېتىشتۈرمەي، ئاممىنى تەربىيىلىمەي، ئىشلەپچى-قىرىش ۋەزىپىسىنى پەقەت قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ تىڭجاڭلىرى، تەمىنات بۇسىنىڭ بۇجاڭلىرى، خوجىلىق باشقارمىسىنىڭ چۇجاڭلى-رىغىلا ئىتتىرىپ قويۇش نۇقتىسىنەزىرى خاتا. ھازىرقى شارائىتتا ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مەركىزىي ھالقىسى — ئەمگەك كۈچلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش. ھەر بىر گېنجۇيدىدە پارتىيە، ھوكۇمەت

ئورگانلىرى ۋە قوشۇنلاردىن نەچچە ئون مىڭ ئەمگەك كۈچىنى ۋە خەلق ئىچىدىن نەچچە يۈز مىڭ ئەمگەك كۈچىنى ئۇيۇشتۇرۇپ (ئائىلە بويىچە پىلانلاش، بىيەنگۇڭدۇي، نەقلىيات دۈيى، ھەمكارلىشىش گۇرۇپپىسى ۋە كوپىراتىپ شەكىللىرى ئارقىلىق، ئىختىيارىيلىق ۋە تەڭ قىممەت پىرىنسىپلىرى بويىچە ئەمگەك كۈچلىرى ۋە يېرىم ئەمگەك كۈچلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ)، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىش ھازىرقى ئۇرۇش شارائىتىدىمۇ مۇمكىن ۋە تامامەن زۆرۈر. گۇڭچەنداڭ ئەزالىرى ئەمگەك كۈچلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇشنىڭ بارلىق فاڭجېن ۋە ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. بۇ يىل بارلىق گېنجۇيدىلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىجارىنى تەلتۆكۈس كېمەيتىش كېلەر يىل ئىشلەپچىقىرىشنى كەڭ كولەمدە راۋاجلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولىدۇ. كېلەر يىل مەيلى پارتىيە ۋە ھوكۇمەت، ئارمىيە ۋە خەلق بولسۇن، مەيلى ئەر ۋە ئايال، ياش ۋە قېرى بولسۇن، ھەممىسىنىڭ ئۇلۇق ئىشلەپچىقىرىش ھەركىتىنى ئېلىپ بېرىپ، ئاشلىق ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئاشۇرۇشى، تەبىي ئاپەتكە قارشى كۈرەش قىلىشقا تەييارلىنىشى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى گېنجۇيدىلەرنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ ماددى ئاساسى بولىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، ئىنتايىن زور قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرايمىز.

3. پارتىيە، ھوكۇمەت، ئارمىيىنى خەلق بىلەن ئىچقويۇن-تاشقويۇن قىلىپ، كېلەر يىل دۈشمەنگە قارشى كۈرەشنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ھەركىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ئاسانلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن گېنجۇيدىلەردىكى داڭۋېيلار ۋە ئارمىيە، ھوكۇمەت رەھبىرى ئورگانلىرى كېلەر يىل يىلى 1-ئايدا ھوكۇمەتنى ھىمايە قىلىش-خەلقنى سۆيۈش ۋە ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش-ياپون باسقۇنچىلىرىغا

قارشى تۇرۇۋاتقان ھەربىلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە ئېتىۋار بېرىش[2] يۈزىسىدىن ئومۇمىيۈزلۈك ۋە قاتاردىن قالماي بىر قېتىم كەڭ كولەملىك ئاممىۋى ھەركەت يۈرگۈزۈشى لازىم. ئارمىيە تەرەپ ھوكۇمەتنى ھمايە قىلىش-خەلقنى سۆيۈش ئەھدىنامىلىرىنى يېگىۋاشتىن ئېلان قىلىشى، ئۆز ئىچىدە جىيەنتاۋ مەجلىسلىرى ئېچىشى، ئاھالىنى چاقىرىپ بىرلەشمە كوڭۈل ئېچىش يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈشى (شۇ يەردىكى پارتىيە، ھوكۇمەت ئورگانلىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن)، ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزگەن بولسا، تولەپ بېرىشى، ناماقۇل بولۇشى كېرەك. ئامما تەرەپ شۇ يەردىكى پارتىيە، ھوكۇمەت ئورگانلىرى ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئارمىيىنى ھمايە قىلىش-ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇۋاتقان ھەربىلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە ئېتىۋار بېرىش ئەھدىنامىلىرىنى يېگىۋاشتىن ئېلان قىلىشى، ئارمىيىدىن قىزغىن ھال سوراش ھەركىتىنى ئېلىپ بېرىشى كېرەك. ھوكۇمەتنى ھمايە قىلىش-خەلقنى سۆيۈش ۋە ئارمىيىنى ھمايە قىلىش-ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇۋاتقان ھەربىلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە ئېتىۋار بېرىش ھەركىتىدە، ئارمىيە تەرەپ بىلەن پارتىيە، ھوكۇمەت تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ 1943-يىلدىكى كەمچىلىك-خاتالىقلىرىنى تەلتوكۇس تەكشۈرۈپ، 1944-يىلى قەتئىي تۈزىتىشى لازىم. بۇنىڭدىن كېيىن، بۇ ھەركەتنى ھەر يىلى يېڭى يىلى 1-ئايدا بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك ئېلىپ بېرىپ، ھوكۇمەتنى ھمايە قىلىش-خەلقنى سۆيۈش ئەھدىنامىلىرى ۋە ئارمىيىنى ھمايە قىلىش-ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇۋاتقان ھەربىلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە ئېتىۋار بېرىش ئەھدىنامىلىرىنى قايتا-قايتا ئوقۇپ ئوتۇش، گېنجۇيدىلەردە يۈزبەرگەن ئارمىيە تەرەپ پارتىيە، ھوكۇمەت ۋە خەلقنى قىسىپ

قويۇش، پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە خەلق تەرەپ ئارمىيىگە يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلمەسلىك كەمچىلىك-خاتالىقلىرى ئۈستىدە ئاشكارا ۋە ئاممىۋى خاراكتېرلىق ئۆز-ئۆزىنى تەنقىدنى (ھەرقايسى تەرەپ ئۆزىنىلا تەنقىد قىلىش، ئىككىنچى تەرەپنى تەنقىد قىلماسلىق) قايتا-قايتا ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى ئۈزۈل-كېسىل تۈزىتىش لازىم.

## ئىزاھلار

① مۇشۇ تومدىكى «تەشكىللىنەيلى»نىڭ ④ ئىزاھىغا قاراڭ.

② «ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش-خەلقنى سۆيۈش» — گېنجۇيدىلەردىكى ھەربىلەرنىڭ شوئارى. «ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش-ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇۋاتقان ھەربىلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە ئېتىۋار بېرىش» — گېنجۇيدىلەردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى، ئاممىۋى تەشكىلاتلاردىكى خادىملار ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ شوئارى.

# گومنداڭ جۇڭياڭنىڭ 11 ـ ئومۇمىيـ غىنىغا ۋە 3 ـ نوۋەتلىك گومىن سەنجېڭخۇينىڭ 2 ـ يىغىنىغا باھا*

(1943 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى)

9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 13 ـ كۈنىگىچە گومىنداڭ جۇڭياڭى 11 ـ ئومۇمىيغىنىنى ئۆتكۈزدى، 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 27 ـ كۈنىگىچە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى 3 ـ نوۋەتلىك گومىن سەنجېڭخۇينىڭ 2 ـ يىغىنىنى ئۆتكۈزدى، ئىككى يىغىنىنىڭ ھەممە ماتېرىياللىرىنى يىغىپ بولدۇق، ئەمدى ئومۇمىي باھا بەرسەك بولىدۇ.

خەلقارا ۋەزىيەت چوڭ ئۆزگىرىش ھارپىسىغا يېتىپ كەلدى، ھازىر، مەيلى قايسى تەرەپ بولسۇن، بۇ ئۆزگىرىشنى ھېس قىلماقتا. ياۋروپا ئوق ـ مەركەز دۆلەتلىرى بۇ ئۆزگىرىشنى ھېس قىلماقتا؛ گىتلېر ئاخىرقى جان تالىشىش سىياسىتىنى قوللانماقتا. بۇ ئۆزگىرىشنى ئاساسەن سوۋېت ئىتتىپاقى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ ئۆزگىرىشتىن پايدىلىنىۋاتىدۇ: قىزىل ئارمىيە ھەممىنى

* بۇ ـــ يولداش ماۋزېدۇڭ يەنئەن «جېيفاڭ رىباۋ» گېزىتى ئۈچۈن يېزىپ بەرگەن باشماقالە.

سۈرۈپ توقاي قىلىدىغان ھەيۋەت بىلەن دېڭىزىر دەرياسىغا يېتىپ باردى؛ يەنە بىر قىشلىق ھۇجۇمدا يېڭى چېگرىغا يېتىپ بارمىسمۇ، كونا چېگرىغا يېتىپ بارىدۇ. ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىمۇ بۇ ئۆزگە-رىشتىن پايدىلىنىۋاتىدۇ: روزۋېلت بىلەن چېرچىلل گىتلېر لىگىشىپ ئورۇلۇپ كېتەي دىگەن ۋاقىتتا فرانسىيىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرمەكچى بولۇۋاتىدۇ. فىنسىيە، گېرمانىيە فاشىستلىرىنىڭ ئۇرۇش ئاپاراتى پاچاقلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا، ياۋروپادا فاشىزىمغا قارشى ئۇرۇش مەسىلىسى ئومۇمىيۈزلۈك ھەل بولۇش ھارپىسىدا تۇرماقتا، ھالبۇكى، فاشىزىمنى يوقىتىدىغان ئاساسىي كۈچ — سوۋېت ئىتتىپاقى. فاشىزىمغا قارشى دۇنيا ئۇرۇشى مەسىلىسىنىڭ تۈگۈنى ياۋروپادا؛ ياۋروپا مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلىنىشى فاشىزىم سېپى ۋە فاشىزىمغا قارشى سەپتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ دۇنياۋى سەپنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. ياپون جاھانگىرلىگى ئۆزىنىڭ مېڭىشقا يول تاپالماي قالغانلىقىنى ھېس قىلماقتا، ئۇنىڭ سىياسىتىمۇ بارلىق كۈچىنى توپلاپ، ئەڭ ئاخىرقى جان تالىشىشقا تەييارلىنىشتىنلا ئىبارەت بولىدۇ. ئۇ، جۇڭگوغا نىسبەتەن، گومىنداڭنى «تازىلاش»، گومىنداڭنى تەسلىم بولۇشقا قىزىقتۇرۇش يولىنى تۇتماقتا.

گومىنداڭچىلارمۇ بۇ ئۆزگىرىشنى ھېس قىلماقتا. ئۇلار بۇ ۋەزىيەت ئالدىدا، بىر تەرەپتىن، خوشال بولماقتا، يەنە بىر تەرەپتىن، چوچۇمەكتە. خوشال بولىدىغىنى شۇكى، ئۇلار، ياۋروپا مەسىلىسى ھەل بولسا، ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا قولىنى بوشىتىپ، بىز ئۈچۈن ياپونلارنى يوقىتىپ بېرىدۇ، بىز كۈچ سەرپ قىلماستىنلا نەنجىڭغا قايتىپ بېرىۋېلىشىمىز مۇمكىن، دەپ ئويلايدۇ. چوچۇيدىغىنى شۇكى، ئۈچ فاشىست دۆلەت بىراقلا گۇمران بولسا، دۇنيادا ئىنسانىيەت

تارىخى بارلىققا كەلگەندىن بۇيان كورۇلۇپ باقمىغان ئۇلۇق ئازاتلىق دەۋرى باشلىندۇ، گومىنداڭنىڭ مەيىەنلىك، فېودالللىق، فاشىستلىك، ھاكىم مۇتلەق سىياسىي دۇنيانىڭ ئەركىن، دېموكراتىك بىپايان دېڭىزىدا كىچىككىنە بىر يالغۇز ئارال بولۇپ قالىدۇ، شۇڭا ئۇلار ئوزلىرىنىڭ «بىر پارتىيە، بىر مەسلەك، بىر داھى»لىق فاشىزمىنىڭ غەرق بولۇپ كېتىشىدىن چوچۇيدۇ.

ئەسلىدە، گومىنداڭچىلارنىڭ غەرىزى سوۋېت ئىتتىپاقىنى گىتلېر بىلەن يالغۇز ئۇرۇشتۇرۇپ ۋە ياپون قاراقچىلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك دولەتنى ھالاك قىلىش ياكى ھالسىرىتىش، ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىغا ياۋروپادا ئىككىنچى ياكى ئۇچىنچى ئۇرۇش مەيدانىنى ئاچقۇزماي، بەلكى بارلىق كۈچىنى شەرققە يوتكىتىپ، ئالدى بىلەن ياپونىيىنى مەغلۇپ قىلغۇزۇش، ئاندىن جۇڭگو كۇڭچەنداڭنى يوقاتقۇزۇش، باشقا ئىشلار ھەققىدە كېيىن بىرنىمە دېيىش ئىدى. گومىنداڭچىلارنىڭ دەسلەپ «ئاۋال ئاسىيا، ئاندىن ياۋروپا» دېگەننى، كېيىن يەنە «ياۋروپا بىلەن ئاسىياغا باراۋەر نەزەر سېلىش» دېگەننى داۋراڭ قىلىشى مۇشۇنداق يوشۇرۇن مەقسەت ئۇچۇن ئىدى. بۇ يىل 8-ئايدىكى كۆپېك يىغىنىنىڭ ئاخىرىدا، روزۋېلت بىلەن چېرچىلل گومىنداڭ ھوكۇمىتىنىڭ ۋەكىلى ۋېجياۋ بۇجاڭى سۇڭ زىۋېننى چاقىرتىپ، بىرنەچچە ئېغىز سوز قىلىپ قويۇۋىدى، گومىنداڭچىلار يەنە «روزۋېلت بىلەن چېرچىللنىڭ دىققەت نەزىرى شەرققە بۇرالدى، ئاۋال ياۋروپا، ئاندىن ئاسىيا دېگەن پىلان ئوزگەردى»، «كۆپېك يىغىنى ــ ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە جۇڭگودىن ئىبارەت 3 كۈچلۈك دولەتنىڭ يىغىنى» دېگەنگە ئوخشاش داۋراڭلارنى كوتەردى، يەنە ئوزىنى ئوزى بازارغا سېلىپ

ماختىنىش بىلەن بىردەم خوشال بولۇۋالىدى. لېكىن بۇ گومىنداڭچى-
لارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خوشاللىقى بولۇپ قالىدى. شۇنىڭدىن كېيىن
ئۇلارنىڭ كەيپىياتىدا بىر ئاز ئۆزگىرىش بولىدى، «ئاۋال ئاسىيا،
ئاندىن ياۋروپا» ياكى «ياۋروپا بىلەن ئاسىياغا باراۋەر نەزەر
سېلىش» شۇنىڭدىن باشلاپ تارىخ بوۋۇگۇەنگە كىرىپ كەتتى، ئۇلار،
ئېھتىمال، باشقا غەرەزگە كەلمەكچى بولسا كېرەك. گومىنداڭ
جۇڭياڭنىڭ 11-ئومۇمىي يىغىنى ۋە گومىنداڭ چاڭگىلىدىكى سەنجېڭ-
خۇيىنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىنى، ئېھتىمال، ئەنە شۇنداق باشقا غەرەزگە
كېلىشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولسا كېرەك.

گومىنداڭ جۇڭياڭنىڭ 11-ئومۇمىي يىغىنى گۇڭچەنداڭغا «ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى بۇزدى، دۆلەتكە خەۋپ يەتكۈزدى»
دەپ توھمەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە «سىياسىي يول بىلەن
ھەل قىلىش» ۋە «شيەنجېڭنى يولغا قويۇشقا تەييارلىنىش»نى جاكا-
لىدى. 3-نۆۋەتلىك گومىن سەنجېڭخۇيىنىڭ 2-يىغىنى زور كۆپچى-
لىكنى تەشكىل قىلغان گومىنداڭ ئەزالىرىنىڭ چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىشى
ئارقىسىدا، گۇڭچەنداڭ توغرىسىدا 11-ئومۇمىي يىغىنىڭكىگە ئومۇمەن
ئوخشاپ كېتىدىغان قارار ماقۇللىدى. بۇنىڭدىن باشقا، 11-ئومۇمىي-
يىغىن يەنە ھاكىم مۇتلەقلىق ئاپپاراتلىرىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن جىياڭ
جيېشىنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ جۇشىلىقىغا «سايلىدى».

11-ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن گومىنداڭچىلار قانداق غەرەزدە بولۇشى
مۇمكىن؟ مۇنۇ 3 تۈرلۈكتىن سىرتقا چىقىپ كېتەلمەيدۇ: 1) ياپون
جاھانگىرلىكىگە تەسلىم بولۇش؛ 2) كونا يولى بويىچە ئارقىغا
سوزۇۋېرىش؛ 3) سىياسىي فاڭجېننى ئۆزگەرتىش.

گومىنداڭ ئىچىدىكى مەغلۇبىيەتچىلەر ۋە تەسلىمچىلەر ياپون

جاھانگىرلىكنىڭ «گۇڭچەنداڭغا ھۇجۇم قىلىش، گومىنداڭنى ئۆزىگە تارتىش» تەلىۋىگە ماسلىشىپ، تەسلىم بولۇشنى بىللە قۇۋۋەتلەپ كەلمەكتە. ئۇلار گۇڭچەنداڭغا قارشى ئىچكى ئۇرۇش قوزغاشقا ھەر سائەت ـ ھەر مىنۇت ئۇرۇنماقتا، ئىچكى ئۇرۇش باشلىنىپلا قالسا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش، تەبىي، مۇمكىن بولماي قالىدۇ، پەقەت تەسلىم بولۇش يولىلا قالىدۇ. گومىنداڭ غەربىي شىمالغا 400 مىڭدىن 500 مىڭغىچە ئەسكەر توپلىدى، ھازىرمۇ باشقا ئۇرۇش مەيدانلىرىدىن قوشۇنلىرىنى غەربىي شىمالغا يوشۇرۇن ھالدا توپلاۋاتىدۇ. ئاڭلىشىمىزچە، جياڭجۇنلىرىنىڭ يۈرىكى قاپتەك ئىكەن، ئۇلار: «يەنئەننى ئېلىش مەسىلە دىگۈدەك مەسىلە ئەمەس» دېيىشىدىكەن. بۇ ــ ئۇلارنىڭ گومىنداڭ جۇڭياڭنىڭ 11 ـ ئومۇمىيغىنىدا جانابى جياڭ جيېشىنىڭ ئۆز نۇتقىدا ئېيتقان گۇڭچەنداڭ مەسىلىسى «سىياسى مەسىلە، ئۇنى سىياسى يول بىلەن ھەل قىلىش كېرەك» دىگەن سۆزنى ئاڭلىغان ۋە بۇ ئومۇمىيغىن جياڭ جيېشىنىڭ نۇتقىغا ئومۇمەن ئوخشاپ كېتىدىغان قارار ماقۇللىغاندىن كېيىن ئېيتقان سۆزى. بۇلتۇر گومىنداڭ جۇڭياڭنىڭ 10 ـ ئومۇمىيغىنىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قارار ماقۇللىغان ئىدى، لېكىن قارارنىڭ سىياسى قۇرۇدىسى قۇرۇماستىنلا، جياڭجۇنلەر بۇيرۇق بويىچە چېگرا رايونىنى يوقىتىش توغرىسىدا ھەربى پىلان ئىشلەپ چىقتى؛ بۇ يىل 6، 7 ـ ئايلاردا ھەربى قىسىملىرىنى يوتكەپ، چېگرا رايونغا قارشى چاقماق تېزلىكىدە ھۇجۇم قوزغاشقا ھازىرلاندى، پەقەت ئىچكى ۋە تاشقى جامائەت پىكرىنىڭ قارشىلىقى ئارقىسىدىلا بۇ سۇيقەستنى ۋاقىتىنچە قويۇپ تۇردى. ئەمدى 11 ـ ئومۇمىيغىن قارارىنىڭ سىياسى ئاق قەغەزگە چۈشە ـ چۈشمەيلا، جياڭجۇنلەر يوغان گەپلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا

ۋە ئەسكىرىي كۈچلىرىنى يوتكەشكە باشلىدى. «يەنئەننى ئېلىش مەسىلە دىگۈدەك مەسىلە ئەمەس» دىگەنىنىڭ مەنىسى نىمە؟ بۇ—ياپون جاھانگىرلىگىگە تەسلىم بولۇش قارارىغا كەلدى، دىگەن سوز. «يەنئەنگە ھۇجۇم قىلىش»قا قوشۇلىدىغان گومىنداڭچىلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگۇەن جەھەتتىن بىر قارارغا كەلگەن تەسلىمچىلەر بولىۋەرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى، ئېھتىمال، بىر تەرەپتىن گۇڭچەنداڭغا قارشى تۇرساق، يەنە بىر تەرەپتىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرىۋېرىمىز، دەپ ئويلىسا كېرەك. خۇاڭپۇ شىتۇڭدىكى ھەربىلەرنىڭ[1] بىرمۇنچىسى مۇشۇنداق ئويلىسا كېرەك. لېكىن بىز كوممۇنىستلار بۇ جاناپلارغا مۇنۇ سوئاللارنى قويىمىز: سىلەر 10 يىللىق ئىچكى ئۇرۇشنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ؟ ئىچكى ئۇرۇش باشلىنىپ قالسا، بىر قارارغا كېلىۋالغان ھېلىقى تەسلىمچىلەر سىلەرنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋېرىشىڭلارغا يول قويامدۇ؟ ياپونلار بىلەن ۋاڭ جىڭۋېي سىلەرنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋېرىشىڭلارغا يول قويامدۇ؟ سىلەرنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى ئىككى تەرەپكە قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بارالىغۇدەك زادى قانچىلىك بىگىڭلار بار؟ سىلەردە ھازىر ئاتاقتا 3 مىليون ئەسكەر بولسىمۇ، ئەملىيەتتە، ئەسكەرلىرىڭلارنىڭ روھىي چۈشكۈنلۈگى چېكىگە يەتكەن، كىشىلەر ئۇلارنى تېگىپلا كەتسە مىجىغى چىقىپ كېتىدىغان بىر سېۋەت تۇخۇمغا ئوخشىتىدۇ. جۇڭتياۋشەن جەنىيسى، تەيخاڭشەن جەنىيسى، جېجياڭ-جياڭشى جەنىيسى، غەربىي خۇبېي جەنىيسى، دابيېشەن جەنىيسىنىڭ ھەممىسىدە شۇنداق بولدى. بۇ سىلەرنىڭ «گۇڭچەنداڭغا ئاكتىپ قارشى تۇرۇش»، «ياپون باسقۇنچىلىرىغا پاسسىپ قارشى تۇرۇش»تىن ئىبارەت ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان ئىككى سىياسەتنى قوللانغانلىغىڭ-

لاردىن بولدى. مىللى دۈشمەن ۋەتىنىمىزنىڭ تۇپرىقىغا ئىچكىرىلەپ كىرىۋاتقاندا، سىلەر گۇڭچەنداڭغا قانچىكى ئاكتىپ قارشى تۇرساڭلار ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قانچىكى پاسسىپ قارشى تۇرساڭلار، ئەسكەرلىرىڭلارنىڭ روھى شۇنچە چۈشكۈنلىشىدۇ. تاشقى دۈشمەنگە شۇنداق ئىكەنسىلەر، گۇڭچەنداڭغا ۋە خەلققە كەلگەندە، توساتتىنلا نوچىلىشىپ كېتەلەمسىلەر؟ مۇمكىن ئەمەس. ئىچكى ئۇرۇش باشلىنىدىغانلا بولسا، سىلەرنىڭ پۈتۈن پىكرى-خىيالىڭلار ئىچكى ئۇرۇش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، «بىر تەرەپتىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش» دىگەن نىمەڭلارنى چوقۇم يەتتە قەۋەت ئاسماننىڭ نېرىسىغا چۆرۈۋېتىسىلەر، نەتىجىدە «تەسلىم بولۇش» دىگەن بىرلا فاكتىن قالىدۇ-دە، مۇقەررەر ھالدا ياپون جاھانگىرلىكى بىلەن شەرتسىز تەسلىم بولۇش شەرتنامىسى تۈزىسىلەر. گومىنداڭ ئىچىدىكى ھەقىقەتەن تەسلىم بولۇشنى خالىمايدىغان بارلىق كىشىلەر، سىلەر ئىچكى ئۇرۇشنى ئاكتىپ قوزغايدىغان ياكى ئۇنىڭغا ئاكتىپ قاتنىشىدىغانلا بولساڭلار، مۇقەررەر ھالدا تەسلىمچىلەرگە ئايلىنىپ قالىسىلەر. ئەگەر سىلەر تەسلىمچىلەرنىڭ قۇترىتىشىغا ئىشىنىپ، گومىنداڭ جۇڭياڭى 11 - ئومۇمىيغىنىنىڭ قارارىنى ۋە سەنجېڭخۇيىنىڭ قارارىنى جامائەت پىكرىنى قوزغاشنىڭ، گۇڭچەنداڭغا قارشى ئىچكى ئۇرۇش قوزغاشقا تەييارلىنىشنىڭ قورالى قىلىۋالىدىغان بولساڭلار، ئۇنىڭ نەتىجىسىدە چوقۇم ئەنە شۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىسىلەر. ئۆزەڭلار ئەسلىدە تەسلىم بولۇشنى خالىمىساڭلارمۇ، لېكىن تەسلىمچىلەرنىڭ قۇترىتىشىغا ئىشىنىپ، خاتا تەدبىر قوللىنىدىغان بولساڭلار، نەتىجىدە تەسلىمچىلەرگە ئەگىشىپ تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولىسىلەر. بۇ — 11 - ئومۇمىيغىنىدىن كېيىن گومىنداڭنىڭ قوللىنىشى ئېھتىمال

بولغان بىرىنچى خىل يونىلىش، بۇ ۋەيجى ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. تەسلىمچىلەرنىڭ قارىشىچە، «سىياسى يول بىلەن ھەل قىلىش» ۋە «شيەنجېڭنى يولغا قويۇشقا تەييارلىنىش» — دەل ئىچكى ئۇرۇشقا تەييارلىنىش يەنى تەسلىم بولۇشقا تەييارلىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى كوز باغلاش ئۇسۇلى، بارلىق كوممۇنىستلار، ۋەتەنپەرۋەر گومىنداڭچىلار، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىيە-گۇرۇھلار ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بارلىق قېرىنداشلار، بۇ ئىنتايىن ئېغىر ۋەزىيەتكە كوزۇڭلارنى ئېچىپ نەزەر سېلىڭلار، تەسلىمچىلەرنىڭ كوز باغلاش ئۇسۇلى بىلەن قايمۇقۇپ قالماڭلار. بىلىش كېرەككى، دەل گومىنداڭ جۇڭيياڭنىڭ 11 - ئومۇمىيغىنىدىن كېيىن ئىچكى ئۇرۇش ۋەيجىسى مىسلى كورۇلمىگەن دەرىجىگە يەتتى.

گومىنداڭ جۇڭيياڭى 11 - ئومۇمىيغىنىنىڭ قارارى ۋە سەنجېڭخۇيـنىڭ قارارى باشقا بىر يونىلىشكە يەنى «ۋاقتىنچە ئارقىغا سورەش، كەلگۈسىدە ئۇرۇش قىلىش»قا قاراپ راۋاجلىنىشى مۇمكىن. بۇ يونىلىش تەسلىمچىلەرنىڭ يونىلىشىدىن ئاز - تولا پەرقلىنىدۇ، بۇ — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ۋەزىيىتىنى كورۇنۇشتە يەنە ساقلاپ قالماقچى بولغان لېكىن گۇڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇشتىن ۋە ھاكىم مۇتلەقلىقتىن ۋازكېچىشنىمۇ ھەرگىز خالىمايدىغان كىشىلەرنىڭ يونىلىشى. بۇ كىشىلەر مۇشۇنداق يونىلىشنى قوللىنىشى مۇمكىن، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار خەلقارادا چوڭ ئوزگىرىش بولىدىغانلىقىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى كورمەكتە، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ چوقۇم مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى كورمەكتە، ئىچكى ئۇرۇشنىڭ تەسلىم بولۇشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كورمەكتە، مەملىكەت ئىچىدىكى كىشىلەر كوڭلىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى ھىمايە قىلىشقا

ۋە ئىچكى ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇشقا مايىللىقىنى كورمەكتە، گومىنـ
داڭنىڭ ئاممىدىن ئايرىلغانلىقى، كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىدىن مەھرۇم
قالغانلىقى، ئوزىنى ئەزەلدىن كورۇلۇپ باقمىغان يىتىم ھالغا چۈشۈـ
رۇپ قويغانلىقىدىن ئىبارەت مۇشۇنداق ئېغىر ۋەزىيەتنى كورمەكتە،
ئامېرىكا، ئەنگىلىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو ھوكۇمىتىنىڭ
ئىچكى ئۇرۇش قوزغىشىغا بىردەك قارشى تۇرىدىغانلىقىنى كورمەكتە،
شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇلار ئىچكى ئۇرۇش سۇيىقەستىنى كەينىگە سۈرۈشكە
مەجبۇر بولۇپ، «سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش» ۋە «شىەنجىڭنى
يولغا قويۇشقا تەييارلىنىش» دېگەن قۇرۇق گەپلەرنى ئارقىغا سورەشـ
نىڭ قورالى قىلىۋالماقتا. بۇ كىشىلەرنىڭ ئەزەلدىن بۇيانقى
ھۈنىرى«ئالداش» ۋە «ئارقىغا سورەش» ئىدى. بۇ كىشىلەر «يەنئەننى
ئېلىش» ۋە «گوڭچەنداڭنى يوقىتىش» خىيالىنى چۈشىدىمۇ ئۇنتۇـ
مايدۇ. بۇ نۇقتىدا ئۇلار تەسلىمچىلەردىن قىلچە پەرقلەنمەيدۇ.
پەقەت ئۇلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش تاختىسىنى
ئاسماقچى بولۇۋاتىدۇ، ئۇلار گومىنداڭنىڭ خەلقارا ئورنىنى يوقىتىپ
قويۇشنى خالىمايدۇ، بەزىدە خەلقارا ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى جامائەت
پىكرىنىڭ ئەيىپلىشىدىنمۇ ئەندىشە قىلىدۇ، شۇڭا ئۇلار ۋاقتىنچە
ئارقىغا سورەپ تۇرۇشى، «سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش» ۋە
«شىەنجىڭنى يولغا قويۇشقا تەييارلىنىش»نى ئارقىغا سورەشنىڭ
پەردىسى قىلىپ، كەلگۈسىدىن پايدىلىق شەرت ـ شارائىت كۈتۈشى
مۇمكىن. ئۇلاردا راستىن «سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش» ۋە
«شىەنجىڭنى يولغا قويۇش» سەممىيىتى يوق، ھېچ بولمىغاندا ھازىر
زادى يوق. بۇلتۇر گومىنداڭ جۇڭگوسىنىڭ 10 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن
ئىلگىرى ۋە كېيىن گوڭچەنداڭ جۇڭگوسىغا يولداش لىن بياۋنى

جانابى جياڭ جيېشى بىلەن كورۇشۇشكە چۇڭچىڭغا ئەۋەتكەن ئىدى، ئۇ چۇڭچىڭدا 10 ئاي كۇتتى، لېكىن جانابى جياڭ جيېشى ۋە گومىنداڭ جۇڭياڭى ئۇنىڭ بىلەن بىرەر كونكرېت مەسىلە ئۇستىدىمۇ سوزلىشىشنى خالىمىدى. بۇ يىل 3 ـ ئايدا جانابى جياڭ جيېشى «جۇڭگونىڭ تەقدىرى» دىگەن كىتاپنى ئېلان قىلىپ، كوممۇنىزىمغا ۋە هۇرىيەتپەرۋەرلىككە قارشى تۇرۇشنى تەكىتلىدى، 10 يىللىق ئىچكى ئۇرۇشنىڭ جاۋاپكارلىغىنى گۇڭچەنداڭغا دوڭگىدى، گۇڭچەنداڭنى، 8 ـ ئارمىيە ۋە يېڭى 4 ـ ئارمىيىنى «يېڭىچە جۇنفا»، «يېڭىچە گېجۇيچى» دەپ هاقارەتلىدى، گۇڭچەنداڭنى 2 يىل ئىچىدە چوقۇم بىرتەرەپ قىلىۋېتىدىغانلىغىدىن ئىشارە بەردى. جانابى جياڭ جيېشى بۇ يىل 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۇنى جۇئېنلەيگە، لىن بياۋ قاتارلىق يولداشلارنىڭ يەنئەنگە قايتىشىغا ماقۇل بولدى، لېكىن ئۇ دەل شۇ چاغدا خۇاڭخې مۇداپىئەسىدىكى ئەسكىرىي كۇچلىرىنى يوتكەپ، چېگرا رايونغا قاراپ ئىلگىرىلەش توغرىسىدا بۇيرۇق چۇشۇردى، 3 ـ ئىنتېرناتسونال تارقىتىلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، «خەلق تەشكىلاتلىرى» نامىدىن جۇڭگو گۇڭچەنداڭنى تارقىتىۋېتىشنى تەلەپ قىلىش توغرىسىدا پۇتۇن مەملىكەت بويىچە هەممە جايلارغا بۇيرۇق چۇشۇردى. مۇشۇنداق ئەهۋالدا، بىز كوممۇنىستلار گومىنداڭنى ۋە پۇتۇن مەملىكەت خەلقىنى ئىچكى ئۇرۇشنى توسۇشقا چاقىرماي تۇرالمايمىز، گومىنداڭنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى بۇزىدىغان، دولەتكە خەۋپ يەتكۇزىدىغان هەر خىل سۇئىقەستلىك قارا پەردىلىرىنى ئېچىپ تاشلىماي تۇرالمايمىز. بىز سەۋرى قىلىپ ئاخىرقى چەككە يەتتۇق، بۇنىڭغا تارىخىي پاكىتلار گۇۋا. ۋۇخەن قولدىن كەتكەندىن بۇيان، خۇابېي ۋە خۇاجۇڭدا گۇڭچەنداڭغا

قارشى چوڭ-كىچىك جەڭلەر ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇردى. تېچ ئوكيان ئۇرۇشىنىڭ پارتلىغىنىغا 2 يىل بولدى، گومىنداڭنىڭمۇ خۇاجۇڭ ۋە خۇابېيدا گۇڭچەنداڭغا ھۇجۇم قىلىۋاتقىنىغا 2 يىل بولدى، گومىنداڭ ئاۋالقى قوشۇنىدىن باشقا، يەنە ۋاڭ جۇڭلىيەن جىتۇەنجۇنى بىلەن لىشيەنجۇ جىتۇەنجۇنىنى گۇڭچەنداڭغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن جياڭسۇ ۋە شەندۇڭغا ئەۋەتتى. تەيخاڭشەندىكى پاڭ بىڭشۈن جىتۇەنجۇنى بۇيرۇق بويىچە مەخسۇس گۇڭچەنداڭغىلا قارشى تۇرۇپ كەلگەن، ئەنخۇي ۋە خۇبېيدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىمۇ بۇيرۇق بويىچە گۇڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇپ كەلگەن. بۇلار ھەققىدە بىز ئوتكەندە ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە پاكىتلارنىمۇ ئېلان قىلمىدۇق. گومىنداڭنىڭ بارلىق چوڭ-كىچىك گېزىت-ژورناللىرى گۇڭچەن-داڭنى ھەر سائەت-ھەر مىنۇت توختىماي ھاقارەتلەپ كەلدى، بىز بۇنىڭغا ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە بىر ئېغىزمۇ جاۋاپ قايتۇرمىدۇق. گومىن-داڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قەھرىمانلىق بىلەن قارشى تۇرغان يېڭى 4-ئارمىيىنى ھېچبىر ئاساسسىزلا تارقىتىۋەتتى، يېڭى 4-ئارمىيىنىڭ جەنۇبىي ئەنخۇيدىكى قىسىملىرىدىن 9 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى يوقىتىۋەتتى، يې تىڭنى قولغا ئالدى، شياڭ يىڭنى ئولتۈرۈۋەتتى، يېڭى 4-ئارمىيە كادىرلىرىدىن بىرنەچچە يۈز كىشىنى تۈرمىگە تاشلىدى، بۇ — خەلققە، مىللەتكە ئاسىيلىق قىلىشتىن ئىبارەت چېكىدىن ئاشقان جىنايەت، بىز بۇ ھەقتە گومىنداڭغا ئېتىراز بىلدۈرگەن ۋە بۇ ۋەقەگە دائىر مەسىلىلەرنى بىرتەرەپ قىلىش شەرتىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن تاشقىرى، ۋەتەننى دەپ يەنىلا سەۋرى قىلىپ كەلدۇق. شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايونى، 1937-يىل 6، 7-ئايلاردا گۇڭچەنداڭ ۋەكىلى يولداش جۇ ئېنلەي لۇشەندە

جانابى جياڭ جيېشى بىلەن كورۇشكەن ۋاقىتتا، جانابى جياڭ جيېشى بۇيرۇق ئىبلان قىلىپ ئىېتىراپ قىلىشقا، ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىنى تەيىنلەشكە ۋە ئۇنى گومىنجېڭفۇنىڭ شىڭجېڭيۇەنىگە بىۋاستە قارايدىغان مەمۇرى رايون قىلىشقا ماقۇل بولغان رايون ئىدى، لېكىن جانابى جياڭ جيېشى لەۋزىدىن يېنىۋېلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى 4 ـ 5 يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتىپ، چېگرا رايوننى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ھەربى ۋە ئىقتىسادىي قامال يۈرگۈزدى، بۇنىڭدىن مەقسىدى چېگرا رايون خەلقىنى ۋە 8 ـ ئارمىيىنىڭ ئارقا سەپ مۇداپىيە ـ ئالاقە ئورگانلىرىنى ھالاكەتكە ئۇچرىتىپ، خۇماردىن چىقىش ئىدى. 8 ـ ئارمىيىنىڭ تەمىناتىنى ئۈزۈپ قويغانلىقى، گوڭچەنداڭنى «خائىن پارتىيە» دەپ ئاتىغانلىقى، يېڭى 4 ـ ئارمىيىنى «ئىسيانچى ئارمىيە» دەپ ئاتىغانلىقى، 8 ـ ئارمىيىنى «خائىن ئارمىيە» دەپ ئاتىغانلىقى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش پاكىتلارغا كەلسەك، بۇلار ھەممىگە تېخىمۇ ئايان. قىسقىسى، ئەنە شۇ ئىشلارنى قىلىۋاتقان گومىنداڭچىلار گوڭچەنداڭنى دۈشمەن دەپ قارىماقتا. گومىنداڭنىڭ نەزىرىدە گوڭچەنداڭ ياپونلارغا قارىغاندا 10 ھەسسە، 100 ھەسسە يامان. گومىنداڭ ئەڭ چوڭ ئۇچمەنلىكىنى گوڭچەنداڭغا مەركەزلەشتۈردى؛ ئەگەر، ئۇنىڭ ياپونلارغا تېخى ئۇچمەنلىكى بار، دېيىلسە، ئۇ ئۇچمەنلىكىنىڭ ئىنتايىن ئاز بىر قىسمىلا قالدى. بۇ ياپون فاشىستلىرىنىڭ گومىنداڭ بىلەن گوڭچەنداڭغا پەرقلىق پوزىتسىيە تۇتقانلىقى بىلەن بىر يەردىن چىقىۋاتىدۇ. ياپون فاشىستلىرى ئەڭ چوڭ ئۇچمەنلىكىنى جۇڭگو گوڭچەنداڭغا مەركەزلەشتۈردى، گومىنداڭغا بولسا كۈندىن ـ كۈنگە مۇلايىملىشىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ «گوڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇش»، «گومىنداڭنى يوقىتىش» دېگەن

ئىككى شوئاردىن بۇگۈنكى كۈندە پەقەت «گۇڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇش» دېگەن بىرىلا قالدى. ياپونلارنىڭ ھەم ۋاڭ جىڭۋېينىڭ بارلىق گېزىت ـ ژورناللىرى «گومىنداڭنى يوقىتىش»، «جياڭ جيېشىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش» دېگەن شوئارلارنى ئەمدى تىلغا ئالمايدىغان بولۇپ قالدى. ياپونىيە ئۆزىنىڭ جۇڭگودىكى ئەسكىرىي كۈچىنىڭ 58 پىرسەنتىنى گۇڭچەنداڭغا قارشى قويدى، پەقەت 42 پىرسەنتىنىلا گومىنداڭنى نازارەت قىلىپ تۇرۇشقا قويدى؛ گومىنداڭنى تەسلىم بولۇشقا قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن، يېقىندا جېجياڭ، خۇبېيلاردىن يەنە نۇرغۇن قوشۇنلىرىنى چېكىندۇرۇپ، نازارەت قىلىپ تۇرغان ئەسكىرىي كۈچىنى ئازايتتى. ياپون جاھانگىرلىكى تەسلىم بولۇشقا قىزىقتۇرۇش توغرىسىدا گۇڭچەنداڭغا ئېغىز ئاچالمىدى، گومىنداڭغا قارىتا بولسا نۇرغۇن نەرسىلەر يېزىپ، توختىماي ۋالاقلاپ، ئۇنى تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلدى. گومىنداڭ پەقەت گۇڭچەنداڭ ۋە خەلق ئالدىدىلا تېخىچە نوچىلىق قىلىپ تۇرماقتا، ياپونلارنىڭ ئالدىدا بولسا بىر ئازمۇ نوچىلىق قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. ھەركەتتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن ئاللىقاچان ئۇرۇشنى تاماشا قىلىشقا ئۆزگىرىپلا قالماي، ھەتتا سۆزدىمۇ ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تەسلىم بولۇشقا قىزىقتۇرۇشىغا ۋە تۈرلۈك ھاقارەتلىك سۆزلىرىگە بىر ـ ئىككى ئېغىز سەل ـ پەل كەسكىنرەك رەددىيە بېرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. ياپونلار: «جياڭ جيېشى يازغان ‹جۇڭگونىڭ تەقدىرى›دە بايان قىلىنغان يونىلىشتە خاتالىق يوق» دېيىشمەكتە. جانابىي جياڭ جيېشى ۋە ئۇنىڭ مۇرتلىرى بۇ سۆزگە بىرەر رەددىيە بەردىمۇ؟ بەرمىدى، بېرىشكە جۈرئەتمۇ قىلالمايدۇ. ياپون جاھانگىرلىكى جانابىي جياڭ جيېشىنىڭ ۋە گومىنداڭنىڭ

پەقەت گۇڭچەنداڭغا قارىتا «ھەربىي بۇيرۇق، مەمۇرىي بۇيرۇق» ۋە «ئىنتىزام» دېگەن ئىسىملەرنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى، گومىنداڭنىڭ دۈشمەنگە تەسلىم بولغان 20 جۇڭگىياڭ ۋېيىۋەنىگە، گومىنداڭنىڭ دۈشمەنگە تەسلىم بولغان 58 جياڭلىڭىغا بولسا ھەربىي بۇيرۇق، مەمۇرىي بۇيرۇق ۋە ئىنتىزام مەسىلىلىرىنى قويۇشنى خالىمايۋاتقانلىقىنى ۋە قويۇشقا جۈرئەتمۇ قىلالمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپتۇ، بۇ ئەھۋالدا ياپون جاھانگىرلىكى قانداقمۇ گومىنداڭنى سەل چاغلىمىسۇن! پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ۋە پۈتۈن دۇنيادىكى دوست ئەللەرنىڭ ئالدىدا پەقەت شۇ نەرسە ئايانكى، جانابىي جياڭ جيېشى ۋە گومىنداڭ يېڭى 4-ئارمىيىنى تارقىتىۋەتتى، 8-ئارمىيىگە ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ، چېگرا رايوننى مۇھاسىرىگە ئېلىۋاتىدۇ، ئۇلارغا «خائىن پارتىيە»، «خائىن ئارمىيە»، «يېڭىچە جۇنفا»، «يېڭىچە گېجۈيچى» دەپ تۆھمەت قىلىۋاتىدۇ، «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى بۇزدى»، «دۆلەتكە خەۋپ يەتكۈزدى» دەپ تۆھمەت قىلىۋاتىدۇ، «ھەربىي بۇيرۇق، مەمۇرىي بۇيرۇق» ۋە «ئىنتىزام» دېگەن ئىسىملەرنى ھەمىشە ئۈزلۈكسىز ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىدۇ، گومىنداڭنىڭ دۈشمەنگە تەسلىم بولغان 20 جۇڭگىياڭ ۋېيىۋەنىگە، گومىنداڭنىڭ دۈشمەنگە تەسلىم بولغان 58 جياڭلىڭىغا بولسا ھېچقانداق ھەربىي بۇيرۇق، مەمۇرىي بۇيرۇقنى ئىجرا قىلمايۋاتىدۇ، ھېچقانداق ئىنتىزام جازاسى قوللانمايۋاتىدۇ. بۇ قېتىمقى 11-ئومۇمىيغىن بىلەن گومىن سەنجېڭخۇيمۇ ئاۋالقىدەك پەقەت گۇڭچەنداڭغا قارشى قارارلا قوبۇل قىلدى، گومىنداڭنىڭ ۋەتەنگە خائىنلىق قىلىپ، دۈشمەنگە تەسلىم بولغان زور بىر تۈركۈم جۇڭگىياڭ ۋېيىۋەنلىرىگە ھەم ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىپ، دۈشمەنگە تەسلىم بولغان زور بىر تۈركۈم ھەربىي جياڭلىڭلىرىغا

قارشى ھېچقانداق قارار قوبۇل قىلمىدى، بۇ ئەھۋالدا پۈتۈن مەملىـ
كەت خەلقى ۋە پۈتۈن دۇنيادىكى دوست ئەللەر گومىنداڭغا يەنە
قانداق قارىسۇن! 11 ـ ئومۇمىيغىنىدا، دەرۋەقە، «سىياسىي يول بىلەن
ھەل قىلىش» ۋە «شىيەنجېڭنى يولغا قويۇشقا تەييارلىنىش» دېگەن
گەپلەرمۇ بولدى، ناھايىتى ياخشى، بىز بۇ گەپلەرنى قارشى ئالىمىز.
لېكىن گومىنداڭنىڭ كوپ يىللاردىن بۇيان ئىزچىل يۈرگۈزۈپ
كېلىۋاتقان سىياسىي لۇشيەنىدىن قارىغاندا، بىزچە، بۇلار ئادەم
ئالدايدىغان بىرتالاي قۇرۇق گەپتىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئەمەلىيەتتە
بولسا ئىچكى ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلىنىش ۋە خەلققە قارشى ھاكىم
مۇتلەق سىياسىتىنى ئەبەدىي ۋازكەچمەسلىك مەقسىدى ئۈچۈن، زورۇر
بولغان ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت.

ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىدا 3 ـ خىل يونۇلۇش بولۇشى مۇمكىنمۇ؟
بولۇشى مۇمكىن، بىر قىسىم گومىنداڭ ئەزالىرى، پۈتۈن مەملىكەت
خەلقى ۋە بىز كوممۇنىستلار ــ ھەممىمىز شۇنداق بولۇشىنى ئۈمىت
قىلىمىز. 3 ـ خىل يونۇلۇش دېگەن نىمە؟ ئۇ بولىسمۇ گومىنداڭ
بىلەن گۇڭچەنداڭنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى ئادىل ۋە مۇۋاپىق
تۈردە سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىشتىن، ھەقىقىي دېموكراتىك ۋە
ئەركىنلىك شىيەنجېڭنى سەممىي يولغا قويۇشتىن، «بىر پارتىيە، بىر
مەسىلەك، بىر داھىي» دەيدىغان فاشىستىك ھاكىم مۇتلەق سىيا-
سىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتىن ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
ئۇرۇش دەۋرىدە ھەقىقىي تۈردە خەلق ئىرادىسى بىلەن سايلانغان
گومىنداخۇيىنى چاقىرىشتىن ئىبارەت. بىز كوممۇنىستلار بۇ فاكجىنى
باشتىن-ئاياق قۇۋۋەتلەيمىز. بىر قىسىم گومىنداڭچىلارمۇ بۇ فاكجىنىغا
قوشۇلىدۇ. بىز ئىلگىرى ھەتتا جانابىي جياڭ جيېشىدىن ۋە ئۇنىڭ

ئۆز كۈرۈشىدىكى گومىنداڭچىلاردىنمۇ بۇ فاڭجېننى يولغا قويۇشنى ئۈزاق مۇددەت ۋە ھەمىشە ئۈمىت قىلىپ كەلگەن ئىدۇق. لېكىن بىرنەچچە يىللىق ئەمەلىي ئەھۋاللارغا قارىغاندا، ھازىرقى پاكىتلارغا قارىغاندا، جانابى جياڭ جيېشى ۋە ھاكىمىيەت بېشىدىكى كوپچىلىك گومىنداڭچىلار بۇنداق فاڭجېننى يولغا قويۇشنى خالايدىغانلىقىنى ھېچقانداق پاكىت بىلەن كورسەتكىنى يوق.

بۇنداق فاڭجېننى يولغا قويۇش ئۈچۈن خەلقارا ۋە ئىچكى جەھەتتىن نۇرغۇن شەرت ـ شارائىتلار بولۇشى كېرەك. ھازىرقى خەلقارا شارائىت (ياۋروپادا فاشىزىمنىڭ ئومۇمىي يىمىرىلىش ھار ـ پىسىدا تۇرغانلىقى) جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا پايدىلىق، لېكىن تەسلىمچىلەر تەسلىم بولۇشقا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن مۇشۇ ۋاقىتتا ئىچكى ئۇرۇش قوزغىماقچى بولۇۋاتىدۇ، ياپونلار ۋە ۋاڭ جىڭۋېيمۇ تەسلىم قىلىشقا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن مۇشۇ ۋاقىتتا ئىچكى ئۇرۇش قوزغىماقچى بولۇۋاتىدۇ. ۋاڭ جىڭۋېي: «ئەڭ يېقىن ئاكا ـ ئۇكا ھامىنى ئاكا ـ ئۇكا، چۇڭچىڭ كەلگۈسىدە چوقۇم بىز بىلەن بىر يولدا ماڭىدۇ، لېكىن ئۈمىدىمىز شۇكى، بۇ كۈنلەر قانچىكى تېز كەلسە، شۇنچە ياخشى بولاتتى» دېدى. (تۇنۈگۈنكى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى خەۋىرى.) بۇ نىمە دېگەن يېقىنلىق، جەزمەنلىك ۋە ئىنتىزارلىق! شۇنىڭ ئۈچۈن، ھازىرقى ۋەزىيەت، ئەڭ ياخشى بولغاندىمۇ، بىر ئاز ئارقىغا سورۇلەر، بىراق، ئۇنىڭ بىردىنلا يامانلىشىپ كېتىش خەۋپى ناھايىتى ئېغىر. 3 ـ يونۇلۇشنىڭ شەرت ـ شارائىتى تېخى ھازىرلانمىدى، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقايسى پارتىيە ـ گۇرۇھلاردىكى ۋەتەنپەرۋەرلەر ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ھەر جەھەتتىن تىرىشىشى لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا،

ئۇنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

جانابى جياڭ جيېشى گومىنداڭ جۇڭگوياڭىنىڭ 11 ـ ئومۇمىيىغىنىدا مۇنداق دەپ جاكالىدى: «شۇنى ئوچۇق ئېيتىش كېرەككى، جۇڭگوياڭ ـ نىڭ گۇڭچەنداڭغا باشقا ھېچقانداق تەلىۋى يوق، پەقەت ئۇنىڭ قورال كۈچى بىلەن گېجوي قىلىۋېلىشتىن ۋازكېچىشىنى ۋە ئۇنىڭ ئىلگىرىدىن ھەرقايسى جايلاردا دولەت ئارمىيىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا بۇزغۇنچىلىق سىلىپ كەلگەن ھەركەتلىرىنى توختىتىشىنىلا ئۈمىت قىلىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇزىنىڭ مىنگونىڭ 26 ـ يىلى چىقارغان ۋەتەننى بىرلىكتە ئاپەتتىن قۇتۇلدۇ ـ رۇش خىتاپنامىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىنى، ۋەدىسىدە كورسىتىلگەن 4 نۇقتىنى ئىجرا قىلىشىنى ئۈمىت قىلىدۇ.»

جانابى جياڭ جيېشى «دولەت ئارمىيىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا بۇزغۇنچىلىق سىلىپ كەلگەن ھەر ـ كەتلىرى» دېگىنىنى گومىنداڭغا قارىتىشى لازىم ئىدى، ئەپسۇسكى، ئۇ گۇڭچەنداڭغا ئادالەتسىزلىك ۋە تاش يۈرەكلىك بىلەن توھمەت قىلدى. ۋۇخەن قولدىن كەتكەندىن بۇيان، گومىنداڭ ئۈچ قېتىم گۇڭچەنداڭغا قارشى دولقۇن قوزغىدى، شۇ ئۈچ قېتىملىق گۇڭچەن ـ داڭغا قارشى دولقۇنىنىڭ ھەممىسىدە گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ گۇڭچەنداڭ قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلغانلىقىغا پاكىتلار بار. بىرىنچى قېتىمقىسى 1939 ـ يىل قىشتىن 1940 ـ يىل ئەتىيازغىچە داۋام قىلدى، ئۇ چاغدا، گومىنداڭ قوشۇنلىرى شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونىنىڭ 8 ـ ئارمىيە مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان چۇنخۇا، شۇنيى، جېڭنىڭ، نىڭشيەن، جېنيۈەن قاتارلىق 5 شەھەرنى بېسىۋالدى ھەمدە ئايروپىلان ئىشلەتتى. خۇابېيدا جۇ خۇەيىڭنى ئەۋەتىپ، تەيخاڭشەن

رايوندىكى 8-ئارمىيىگە ھۇجۇم قىلدۇردى، 8-ئارمىيە بولسا پەقەت ئۆزىنى قوغداپ قىلىش ئۈچۈنلا جەڭ قىلدى. ئىككىنچى قېتىمقىسى 1941-يىل 1-ئايدا بولدى. ئاۋۋال خې يىڭچىن بىلەن بەي چۇڭشى «19-ئوكتەبىر دېپېشاۋىسى» (1940-يىل 10-ئاينىڭ 19-كۈنى) تارقىلىپ چۇ دې، پېڭ دېخۇەي، يې تىڭ ۋە شياڭ يىڭلارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۇلارنى خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىدىكى 8-ئارمىيە بىلەن يېڭى 4-ئارمىيىنى بىر ئاي مۇددەت ئىچىدە تامامەن خۇاڭخېنىڭ شىمالىغا ئېلىپ كېتىشكە مەجبۇرلىدى. بىز جەنۇبىي ئەنخۇيدىكى قىسىملارنى شىمالغا يۆتكەشكە ماقۇل بولدۇق، باشقا قىسىملارنى بولسا ئەمەلدە يۆتكىگىلى بولمايتتى، شۇنداقتىمۇ كورسىتىلگەن جايغا ياپون باسقۇن-چىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قازانغاندىن كېيىن يۆتكەشكە ماقۇل بولغان ئىدۇق. كىم بىلسۇن، دەل جەنۇبىي ئەنخۇيدىكى قىسىملىرى-مىزدىن 9 مىڭدىن ئارتۇق كىشى 1-ئاينىڭ 5-كۈنى بۇيرۇققا بىنائەن يۆتكىلىۋاتقان چاغدا، جانابى جياڭ جيېشى «بىر يولىلا ھەممىنى يوقىتىش» توغرىسىدا ئالىلقاچان بۇيرۇق چۈشۈرۈپ بولغان ئىكەن. گومىنداڭنىڭ جەنۇبىي ئەنخۇيدىكى بارلىق قوشۇنلىرى، دەرۋەقە، 6-كۈنىدىن 14-كۈنىگىچە يېڭى 4-ئارمىيىنىڭ مۇشۇ قىسىملىرىغا نىسبەتەن «بىر يولىلا ھەممىنى يوقىتىش»نى ئېلىپ باردى، جانابى جياڭ جيېشى يەنە 17-كۈنى پۈتۈن يېڭى 4-ئارمىيىنى تارقىتىۋېتىش، يې تىڭنى سوراققا تارتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن، خۇاجۇڭ، خۇابېيدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى بار بولغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى گېنجۇيدىلەرنىڭ ھەممىسىدە، شۇ يەرلەردىكى 8-ئارمىيە بىلەن يېڭى 4-ئارمىيە گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، 8-ئارمىيە بىلەن يېڭى 4-ئارمىيە بولسا ئۆزىنى مۇداپىئە

قىلىپلا تۇردى. ئۈچىنچى قېتىمقىسى بۇ يىل 3 - ئايدىن ھازىرغا قەدەر داۋام قىلىۋاتىدۇ. گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ خۇاجۇڭ، خۇابېيدا 8 - ئارمىيە بىلەن يېڭى 4 - ئارمىيىگە داۋاملىق ھۇجۇم قىلغىنىدىن تاشقىرى، جانابى جياڭ جيېشى يەنە گۇڭچەنداڭغا، خەلققە قارشى بولغان «جۇڭگونىڭ تەقدىرى» دېگەن كىتاۋىنى ئېلان قىلدى؛ خۇاڭخې مۇداپىئەسىدىكى نۇرغۇنلىغان قىسىملىرىنى يۆتكەپ، چېگرا رايونىغا چاقماق تېزلىكىدە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلاندى؛ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى «خەلق تەشكىلاتلىرى» دېگەن نىملەرنى قوزغاپ، گۇڭچەنداڭنى تارقىتىۋېتىشنى تەلەپ قىلدۇردى؛ گومىن سەنجېڭخۇيىدا زور كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلغان گومىنداڭ ئەزالىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، خې يىڭچىننىڭ 8 - ئارمىيىگە تۆھمەت قىلغان ھەربىي دوكلادىنى قوبۇل قىلدۇردى، گۇڭچەنداڭغا قارشى قارار ماقۇللاتقۇزدى، شۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى ئىپادىلەيدىغان گومىن سەنجېڭخۇيىنى گومىنداڭنىڭ گۇڭچەنداڭغا قارشى جامائەت پىكرى تۇغدۇرۇپ، ئىچكى ئۇرۇش تەييارلايدىغان قولچوماق ئورگىنىغا ئايلاندۇرۇۋالدى، نەتىجىدە گۇڭچەنداڭدىن قاتناشقان سەنجېڭيۈەن يولداش دۇڭ بىۋۇ سەنجېڭخۇي مەجلىسىدىن چىقىپ كېتىشكە، شۇ ئارقىلىق ئېتىراز بىلدۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. قىسقىسى، بۇ ئۈچ قېتىملىق گۇڭچەنداڭغا قارشى دولقۇننىڭ ھەممىسىنى گومىنداڭ پىلانلىق ۋە تەييارلىق كۆرگەن ھالدا قوزغىغان. ئېيتىڭلارچۇ، بۇ «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا بۇزغۇنچىلىق سېلىپ كەلگەن ھەركەت» بولماي نېمە؟

جۇڭگو گۇڭچەنداڭ جۇڭياڭى مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىل) 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ۋەتەننى بىرلىكتە ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش

ختاپنامسنى ئېلان قلغان ئىدى. بۇ ختاپنامدە مۇنداق دېيل-
گەن: «دۈشمەننىڭ سۈئىقەست قلش پانلرنى يوقتش ئۈچۈن،
گۈماندا بولۇۋاتقان بارلق ئاق كوگۈل كىشلەرنىڭ ئۈقۈشۇلما-
سلقلرنى تۈگتش ئۈچۈن جۇڭگو كۈڭچەنداڭ جۇڭيالڭ ۋېيۈەن-
خۇيى ئۆزنىڭ مللى ئازاتلق ئشلرىغا بولغان چن سەمىمىيتنى
ئوچۇق كورستشنى زورۇر تاپتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇڭگوڭ جۇڭيالڭ
پۈتۈن مەملكەتكە يەنە تەنتەنە بلەن بايان قلدۇكى، 1. سۇن
جۇڭشەن ئەپەندنىڭ سەنمنجۇيىسى بۈگۈنكى جۇڭگو ئۈچۈن زورۇر،
پارتيىمز ئۇنى تەلتوكۈس ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش
قلشنى خالايدۇ؛ 2. گومنداڭ هاكميتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش
يولدكى بارلق قوزغلاڭ كوترىش سياسەتلرى ۋە پومششكلار-
نىڭ يەرلرنى زورلۇق بلەن مۇسادرە قلش سياسەتلرى توختا-
تلدۇ؛ 3. پۈتۈن مەملكەت بويچە هاكميەتنى بىرلككە كەلتۈرۈش
ئۈچۈن هازىرقى قىزىل هوكۈمەت ئالاهدە رايون دېموكراتك
هوكۈمتى قلپ ئوزگەرتپ تەشكل قلندۇ؛ 4. قىزىل ئارميە
نامى ۋە فەنخاۋسى ئوزگەرتلپ، مللى-ئنقلاۋي ئارميە قلپ
قايتا تۈزۈلۈپ، گومنجېڭفۇ هەربى ۋېيۈەنخۇيىنىڭ قارمغدا بولدۇ
ۋە ياپون باسقۇنچلرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدنقى سەپ ۋەزپى-
سنى ئوتەش ئۈچۈن ئاتلنشقا بۇيرۇق كۈتدۇ.»

بىز مۇشۇ 4 ماددلق ۋەدىنىڭ هەممسنى تولۇق ئەمەلگە
ئاشۇردۇق، جانابى جياڭ جېشى ۋە هەرقانداق گومنداڭچى مۇشۇ
ماددىلاردىن بىز ئەمەلگە ئاشۇرماي قويغان بىرسنمۇ كورستپ
بېرەلمەيدۇ. بىرنچدىن، شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايوندا
ۋە دۈشمەن ئارقا سپېدىكى ياپون باسقۇنچلرىغا قارشى گېنجۈيدى-

لەردە گۇڭچەنداڭ يولىغا قويغان سىياسەتلەرنىڭ ھەممىسى سۇن
جۇڭشەننىڭ سەنمىنجۇيىلىق سىياسىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، سۇن
جۇڭشەننىڭ سەنمىنجۇيىسىغا خىلاپ كېلىدىغان زادى بىرمۇ سىياسەت
يوق. ئىككىنچىدىن، گومنداڭ مىللى دۈشمەنگە تەسلىم بولىمىغان،
گومنداڭ ـ گۇڭچەنداڭ ھەمكارلىقىنى بۇزمىغان، گۇڭچەنداڭغا قارشى
ئىچكى ئۇرۇش قوزغىمىغان شارائىتتا، زورلۇق سىياسىتى ئارقىلىق
گومنداڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاماسلىق ۋە پومىشچىكلارنىڭ
يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلماسلىق دېگەن ۋەدىمىزگە باشتىن ـ ئاياق
ئەمەل قىلىمىز. ئىلگىرى شۇنداق قىلدۇق، ھازىر شۇنداق قىلىۋاتىمىز،
كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق قىلماقچىمىز. بۇ ـــ پەقەت گومنداڭ دۈشمەنگە
تەسلىم بولغان، ھەمكارلىقنى بۇزغان، ئىچكى ئۇرۇش قوزغىغان
شارائىتتىلا ئىلاجسىزلىقتىن ئۆز ۋەدىمىزنى داۋاملىق ئەمەلگە
ئاشۇرالماي قالىمىز، پەقەت مۇشۇنداق شارائىتتىلا، ۋەدىمىزنى
داۋاملىق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىدىن ئايرىلىپ قالىمىز، دېگەندىن ـ
لىك. ئۈچىنچىدىن، سابىق قىزىل ھاكىمىيەت ياپون باسقۇنچىلىرىغا
قارشى ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى يىلىدىلا ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان
ئىدى، «ئۈچ ئۈچتىن بىر تۈزۈم» ئاساسىدىكى دېموكراتىك سىياسىمۇ
ئاللىقاچان ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان ئىدى، بىراق گومنداڭ شەنشى ـ
گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونىنى ئېتىراپ قىلىش توغرىسىدىكى
ۋەدىسىنى بۈگۈنگىچە ئورۇنلىمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنى تېخى،
«فېوداللىق گېجۈي» قىلىۋالدى، دەپ تىللاۋاتىدۇ. جانابى جياڭ
جيېشى ۋە گومنداڭچىلار، بىلىشىڭلار كېرەككى، شەنشى ـ گەنسۇ ـ
نىڭشيا چېگرا رايونىنىڭ ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى گېنجۈيدى ـ
لەرنىڭ گومنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنمىغان مۇشۇنداق

ھالىتى يەنى سىلەر دەپ كەلگەن «گېجۇي» بىز خالايدىغان ئەھۋال ئەمەس ئىدى، بىزنى مۇشۇنداق قىلىشقا تامامەن ئۆزەڭلار مەجبۇر قىلدىڭلار. سىلەر لەۋزىڭلاردىن يېنىۋېلىپ، ئەسلىدە ئېتىراپ قىلىشقا ماقۇل بولغان بۇ رايوننى ئېتىراپ قىلماي، بۇ دېموكراتىك سىياسىنى ئېتىراپ قىلماي، ئەكسىچە، بىزنى، «گېجۇي» قىلىۋالدى، دەپ تىللاۋاتىسىلەر، ئېيتىڭلارچۇ، بۇ قانداق داۋلى؟ بىز سىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىڭلارنى ھەر كۈنى تەلەپ قىلىۋاتىمىز، سىلەر بولساڭلار ھامان ئېتىراپ قىلمايۋاتىسىلەر، بۇ جاۋاپكارلىقنى زادى كىم ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك؟ جانابى جياڭ جيېشى گومىنداڭنىڭ زۇڭسەيى ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مەسئۇل كىشىسى سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ «جۇڭگونىڭ تەقدىرى» دېگەن كىتاۋىدىمۇ «گېجۇي» قىلىۋالدى، دەپ ئەنە شۇنداق ئاغزىغا كەلگىنىچە تىللىدى، ئۆزى ئازغىنا جاۋاپكارلىقنىمۇ ئۈستىگە ئالمىدى، بۇنىڭدا قانداق داۋلىسى بار؟ بىز ھازىر جانابى جياڭ جيېشى 11-ئومۇمىيغىنىدا بىزدىن ۋەدىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى يەنە تەلەپ قىلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جانابى جياڭ جيېشىدىن مۇنۇ ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى يەنى خەلق ھوقۇقى مەسىلىسىنى ئاللىقاچان ئەمەلگە ئاشۇرغان شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايونىنى شۇنىڭدەك دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك گېنجۈيدىلەرنى ئەمىر-پەرمان يولى بىلەن ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلىمىز. ئەگەر سىلەر يەنىلا ئېتىراپ قىلماسلىق يولىنى تۇتىدىكەنسىلەر، ئۇ چاغدا بىزنى، «گېجۇي»نى داۋاملاشتۇرۇۋېرىڭلار، دېگەن بولسىلەر، بۇنىڭ جاۋاپكارلىقى، ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا، بىزدە ئەمەس، تامامەن ئۆزەڭلاردا بولىدۇ. ئوتتىنچىدىن، «قىزىل ئارمىيىنىڭ نامى ۋە پەتىخاۋسى» ئاللىقاچان ئۆزگەرتىلدى، ئۇ

ئاللىقاچان «مىللىي ـ ئىنقىلاۋىي ئارمىيە قىلىپ قايتا تۈزۈلۈپ» بولدى، ئاللىقاچان «گومىنجىڭغۇ ھەربىي ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ قارىمىقىدا» بولدى، بۇ ۋەدە ئاللىقاچان ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. پەقەت مىللىي ـ ئىنقىلاۋىي ئارمىيىنىڭ يېڭىدىن تۈزۈلگەن 4 ـ ئارمىيىسىلا ھازىر گومىنجىڭغۇ ھەربىي ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ قارىمىقىدا ئەمەس، بىۋاستە گۇڭچەنداڭ جۇڭـ ياڭنىڭ قارىمىقىدا بولماقتا، بۇ گومىنجىڭغۇ ھەربىي ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ 1941 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا بۇزغۇنچىلىق سالىدىغان، دۆلەتكە خەۋپ يەتكۈزىدىغان ئەكسىلئىنقىـ لاۋىي بۇيرۇق چىقىرىپ، بۇ ئارمىيىنى «ئىسيانچى ئارمىيە» دەپ ئېلان قىلىپ «تارقىتىۋەتكەن»لىكىدىن ۋە بۇ ئارمىيىنى ھەر كۈنى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىتىپ تۇرغانلىقىدىن بولدى. لېكىن بۇ ئارمىيە خۇاجۇڭدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئىزچىل ئۇرۇش قىلىپلا قالماستىن، بەلكى 4 ماددىلىق ۋەدىنىڭ 1، 2، 3 ـ ماددىلىرىنى ئىزچىل ئەمەلگە ئاشۇرۇپ كەلمەكتە، شۇنىڭدەك قايتىدىن «گومىنجىڭغۇ ھەربىي ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ قارىمىقىدا» بولۇشنى خالايدۇ ۋە جانابىي جياڭ جيېشىدىن تارقىتىۋېتىش بۇيرۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بۇ ئارمىيىنىڭ فەنخاۋسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇنى ۋەدىنىڭ 4 ـ ماددىـ سىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

گومىنداڭ جۇڭياڭى 11 ـ ئومۇمىيغىنىنىڭ گۇڭچەنداڭ مەسىلىسى توغرىسىدىكى ھوججەتلىرىدە يۇقۇرىدا بايان قىلىنغانلاردىن باشقا يەنە: «باشقا مەسىلىلەرگە كەلسەك، يىغىنىمىز ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بىر يىل ئىچىدە گومىنداخۇيى چاقىرىپ، شيەنغا تۈزۈپ ئېلان قىلىشنى قارار قىلدى، ئۇلارنى ئەنە شۇ گومىنداخۇيىدا ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇھاكىمە قىلىشقا ۋە ھەل قىلىشقا بولىدۇ» دېيىلگەن. «باشقا

مەسىلىلەر» دېيىلگىنى گومىنداڭنىڭ ھاكىم مۇتلەق سىياسىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش مەسىلىسى، فاشىستىك ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش مەسىلىسى، پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە دېموكراتىك سىياسىنى ئەمەلگە قويۇش مەسىلىسى، خەلق تۇرمۇشىغا دەخلى يەتكۈزىدىغان ئىقتىسادىي ھوكۇمرانلىقنى ۋە ئېغىر باج-سېلىقلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش مەسىلىسى، پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە ئىجارە ۋە ئۆسۈمنى كېمەيتىشتىن ئىبارەت يەر سىياستىنى ھەم ئوتتۇرا، كىچىك سانائەتكە يار-يۆلەك بولۇش، ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتىن ئىبارەت ئىقتىسادىي سىياسەتنى ئەمەلگە قويۇش مەسىلىسى ئىدى. مىنگونىڭ 26-يىلى 9-ئاينىڭ 22-كۈنىدىكى پارتىيىمىزنىڭ ۋەتەننى بىرلىكتە ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش خىتاپنامىسىدە: «خەلق ھوقۇقى سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، گومىنداخۇي چاقىرىپ، شىيەنفا تۈزۈپ چىقىش ھەم ۋەتەننى قۇتقۇزۇش فاڭجېننى بەلگىلەش لازىم. جۇڭگو خەلقى ئۈچۈن بەختىيار ۋە خوشال-خورام تۇرمۇش بەرپا قىلىش، ئالدى بىلەن، ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنى قۇتقۇزۇش، خەلق تۇرمۇشىنى خاتىرجەم قىلىش، دولەت مۇداپىئە ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش، خەلقنى ئازاپ-ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش لازىم» دېيىلگەن ئىدى. جانابى جياڭ جېيشى بۇ خىتاپنامە ئېلان قىلىنغان كۈننىڭ ئەتىسى (9-ئاينىڭ 23-كۈنى) سوھبەت ئېلان قىلىپ، بۇ خىتاپنامىنىڭ پۈتۈن قىسمىنى ئېتىراپ قىلغان ئىكەن، پەقەت گۇڭچەنداڭدىنلا بۇ خىتاپنامىدىكى 4 ماددىلىق ۋەدىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ قالماي، جانابى جياڭ جېيشى ئۆزىدىنمۇ، گومىنداڭدىنمۇ ۋە گومىنداڭ ھوكۇمىتىدىنمۇ يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ماددىلارنى ئەمەلگە

ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلىشى لازىم ئىدى. جانابى جياڭ جيېشى ھازىر گومىنداڭنىڭ زۇڭسەيى بولۇپلا قالماي، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ (بۇ ھۆكۈمەت ئۆزىنى «گومىنجېڭفۇ» دەپ ئاتىۋالغان) جۇشىسىمۇ بولدى، يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان دېموكراتىيە ۋە خەلق تۇرمۇشى توغرىسىدىكى ماددىلارنى، جانابى جياڭ جيېشى ئۆزى بىز كوممۇنىستلارغا ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە بەرگەن سان-ساناقسىز ۋەدىلەرنى ئەستايىدىل ئەمەلگە ئاشۇرۇشى، ۋەدىسىنىڭ ھېچقايسىسىنى يەنە يەتتە قەۋەت ئاسماننىڭ نېرىسىغا چۆرۈۋەتمەسلىكى، ھە دەپ قاتتىق بېسىم ئىشلىتىۋەرمەسلىكى، دېگىنى بىر خىل، قىلغىنى يەنە بىر خىل بولۇۋەرمەسلىكى لازىم. بىز كوممۇنىستلار ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى پاكىتقا قارايمىز، ئادەم ئالدايدىغان قۇرۇق گەپلەرگە ئەمدى قۇلاق سالمايمىز. پاكىت بولسا، قارشى ئالىمىز؛ پاكىت بولمىسا، قۇرۇق سۆزلەر بىلەن كىشىلەرنى ئالداپ كېتىۋەرگىلى بولمايدۇ. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىش، تەسلىم بولۇش خەۋپىنى توسۇش، ھەمكارلىقنى داۋاملاشتۇرۇش، ئىچكى ئۇرۇش ۋېيجىسىنى توسۇش، چېگرا رايوننىڭ ۋە دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى گېنجۇيدىلەرنىڭ دېموكراتىك سىياسىتىنى ئېتىراپ قىلىش، يېڭى 4-ئارمىيىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، گۇڭچەنداڭغا قارشى ھەركەتنى توختىتىش، شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايوننى مۇھاسىرە قىلىپ تۇرغان 4-5 يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇننى چېكىندۈرۈش، گومىن سەنجېڭخۇيىنى ئەمدى يەنە گومىنداڭنىڭ گۇڭچەنداڭغا قارشى جامائەت پىكرى تۇغدۇرىدىغان قولچوماق ئورگىنى قىلىۋالماسلىق، سۆز ئەركىنلىكى، يىغىن ئۆتكۈزۈش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش ئەركىنلىكلىرىگە يول

بېرىش، گومىنداڭنىڭ بىر پارتىيە دىكتاتۇرىسىنى بىكار قىلىش، ئىجارە ۋە ئۆسۈمنى كېمەيتىش، ئىشچىلارنىڭ تەمىناتىنى ياخشىلاش، ئوتتۇرا، كىچىك سانائەتكە يار-يۆلەك بولۇش، ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئىشپىيونلۇق تەلىم-تەربىيىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، دېموكراتىك تەلىم-تەربىيىنى يولغا قويۇش — بىزنىڭ جانابى جياڭ جيېشىغا ۋە گومىنداڭغا قويىدىغان تەلەپلىرىمىز. بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى دەل سىلەرنىڭ ئۆز ۋەدەڭلار. ئەگەر سىلەر بۇ تەلەپ ھەم ۋەدىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرالىساڭلار، بىز سىلەرگە ئۆز ۋەدىلىرىمىزنى داۋاملىق ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كاپالەت بېرىمىز. جانابى جياڭ جيېشى ۋە گومىنداڭ خالىسىلا، بىز ئىككى پارتىيىنىڭ تەنپەننى قاچانلا بولسۇن ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى خالايمىز.

قىسقىسى، گومىنداڭنىڭ قوللىنىشى ئېھتىمال بولغان ئۈچ يونۇلۇش ئىچىدە بىرىنچىسى يەنى تەسلىم بولۇش ۋە ئىچكى ئۇرۇش قىلىش يونۇلۇشى — جانابى جياڭ جيېشى ۋە گومىنداڭ ئۈچۈن ئۆلۈم يولى. ئىككىنچىسى يەنى قۇرۇق گەپلەر بىلەن ئالدامچىلىق قىلىپ ۋاقىتنى ئارقىغا سورەش، يوشۇرۇن ھالدا بولسا فاشىستىك ھاكىم مۇتلەقلىقنى دائىم ئېسىدىن چىقارماسلىق ۋە ئىچكى ئۇرۇشقا پائال تەييارلىنىش يونۇلۇشمۇ جانابى جياڭ جيېشى ۋە گومىنداڭ ئۈچۈن ھايات يولى ئەمەس. پەقەت ئۈچىنچى يونۇلۇش — فاشىستىك ھاكىم مۇتلەقلىق ۋە ئىچكى ئۇرۇشتىن ئىبارەت خاتا يولدىن پۈتۈنلەي ۋازكېچىپ، دېموكراتىيە ۋە ھەمكارلىقتىن ئىبارەت توغرا يولنى ئەمەلگە قويۇشلا جانابى جياڭ جيېشى ۋە گومىنداڭ ئۈچۈن ھايات يولى. لېكىن بۇ يونۇلۇشكە مېڭىش توغرىسىدا جانابى جياڭ جيېشى بىلەن گومىنداڭ بۈگۈنگىچە ھېچقانداق ئەمەلىي ئىپادە كۆرسەتمىدى،

تېخى ھېچ كىشىنى ئەنسەندۈرەلمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى تەسلىم بولۇش ۋە ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ئىنتايىن ئېغىر خەۋپىدىن ئاۋالقىدەكلا ھوشيار بولۇشى لازىم.

بارلىق ۋەتەنپەرۋەر گومىنداڭچىلار ئىتتىپاقلىشىپ، گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ بىرىنچى يۆنۈلۈشكە مېڭىشىغا ئىمكانىيەت بەرمەسلىكى، ئىككىنچى يۆنۈلۈشكە قاراپ مېڭىۋېرىشىگە يول قويماسلىقى، ئۈچىنچى يۆنۈلۈشكە قاراپ مېڭىشىنى تەلەپ قىلىشى لازىم.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بارلىق ۋەتەنپەرۋەر پارتىيە-گۇرۇھلار ۋە خەلقلەر ئىتتىپاقلىشىپ، گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ بىرىنچى يۆنۈلۈشكە مېڭىشىغا ئىمكانىيەت بەرمەسلىكى، ئىككىنچى يۆنۈلۈشكە قاراپ مېڭىۋېرىشىگە يول قويماسلىقى، ئۈچىنچى يۆنۈلۈشكە قاراپ مېڭىشىنى تەلەپ قىلىشى لازىم.

دۇنيانىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن زور ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى پات ئارىدا يېتىپ كېلىدۇ، بىز جانابى جياڭ جيېشىدىن ۋە گومىنداڭچىلاردىن دەۋرنىڭ مۇشۇنداق ئۇلۇق پەيتىدە ئوبدان يول تۇتۇشنى ئۈمىت قىلىمىز، بارلىق ۋەتەنپەرۋەر پارتىيە-گۇرۇھلاردىن ھەم ۋەتەنپەرۋەر خەلقتىن دەۋرنىڭ مۇشۇنداق ئۇلۇق پەيتىدە ئوبدان يول تۇتۇشنى ئۈمىت قىلىمىز.

## ئىزاھ

① خۇاڭپۇ شىتۇڭىدىكى ھەربىيلەر خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىدە جياۋگۇەن بولغان ۋە ئوقۇغان گومىنداڭ جياڭلىڭلىرى ھەم جۇنگۇەنلىرىنى كۆرسىتىدۇ. خۇاڭپۇ شىتۇڭى — گومىنداڭ قوشۇنىدىكى جياڭ جيېشىنىڭ ئۆز گۇرۇھى.

# تەشكىللىنەيلى*

## (1943-يىل 11-ئاينىڭ 29-كۈنى)

بۈگۈن كۈنگچەنداڭ جۇڭياڭى شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايونىنىڭ دىخانلار ئاممىسىدىن، زاۋۇتلاردىن، قىسىملاردىن، ئىدارە ۋە مەكتەپلەردىن سايلانغان ئەر-ئايال ئەمگەك قەھرىمانلىرىنى ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىكى خىزمەت نەمۇنىچىلىرىنى كۈتۈۋالماقتا، مەن جۇڭياڭغا ۋاكالىتەن بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلماقچىمەن. دېمەكچى بولغىنىم، بىر ئېغىز سۆز بىلەن يىغىنچاقلىغاندا، «تەشكىللىنەيلى» دېگەندىن ئىبارەت. چېگرا رايوندىكى دىخانلار ئاممىسى ۋە قىسىملار، ئىدارىلەر، مەكتەپلەر، زاۋۇتلاردىكى ئاممە جۇڭگۇڭ جۇڭياڭ شىبېيجۈيى بۆلتۇر قىشتا چاقىرغان يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىنىڭ قارارىغا ئاساسەن بۇ يىل بىر يىل ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتى ئېلىپ باردى. بۇ بىر يىللىق ئىشلەپچىقىرىشتا ھەر جەھەتتىن ناھايىتى چوڭ ئۈتۈقلار قولغا كەلتۈرۈلدى ۋە زور ئىلگىرىلەشلەر بولدى، چېگرا رايونىنىڭ قىياپىتى بىردىنلا يېڭىلاندى. پاكىتلار يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىنىڭ فاڭجېنىنىڭ توغرىلىقىنى

---

* بۇ — يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايونىنىڭ ئەمگەك قەھرىمانلىرىنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتۇق.

تولۇق ئىسپاتلىدى. يۇقۇرى دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىنىڭ فاكتىن-
نىڭ ئاساسى ئۇقتىسى ئاممىنى تەشكىللەش، بارلىق لاۋبەيشىڭلارنىڭ
كۈچىنى، بارلىق قىسىملار، ئىدارىلەر ۋە مەكتەپلەرنىڭ كۈچىنى،
ئەر-ئايال، ياش-قېرىلار ئىچىدىكى بارلىق پۈتۈن ئەمگەك كۈچلىرى
ۋە يېرىم ئەمگەك كۈچلىرىنى، ئىمكانىيەت يار بەرسىلا، ھېچبىرىنى
قالدۇرماي سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، تەشكىللەپ، چوڭ ئەمگەك
قوشۇنىغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. بىزدە ئۇرۇش قىلىدىغان قوشۇن
بار، ئەمگەك قىلىدىغان قوشۇنىمۇ بار. ئۇرۇش قىلىدىغان قوشۇنىمىز —
8-ئارمىيە بىلەن يېڭى 4-ئارمىيە؛ بۇ قوشۇنىمۇ ئىككى قوشۇن
ئورنىدا ئىشلەيدۇ: بىر تەرەپتىن، ئۇرۇش قىلىدۇ، يەنە بىر تەرەپ-
تىن، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىز مۇشۇ ئىككى قوشۇنغا
ئىگە ئىكەنمىز، قوشۇنلىرىمىز ئەنە شۇ ئىككى خىل ماھارەتكە ئىگە
ئىكەن، بۇنىڭغا يەنە بىر ئاممىۋى خىزمەت ئىشلەش ماھارىتى قوشۇل-
سا، ئۇ ھالدا، بىز قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ياپون جاھانگىرلىكىنى
تار-مار قىلالايمىز. ئەگەر چېگرا رايونىنىڭ ئۆتكەن يىلىنىڭ
ئاخىرىغىچە بولغان ئىشلەپچىقىرىش ھەركىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى تېخى
ئانچە زور بولمىغان، تېخى ئانچە كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولمىغان،
تېخى بۇ ئۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلاشقا كۇپايە قىلمىغان بولسا، ئەمدى
بۇ يىلقى ئۇتۇقلار بۇنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى، بۇنى ھەممەيلەن
ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپتۇ.

چېگرا رايوندىكى قوشۇنلاردىن يەرگە ئىگە بولغانلىرى بۇ يىل
ھەر بىر جەڭچىنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 18 مودىن يەر تېرىشىنى
ئەمەلگە ئاشۇردى، يەيدىغان كۆكتات، گۆش-ياغلىرىنى، كىيىدىغان
پاختىلىق كىيىم، يۇڭ كىيىم، خەي-پايپاقلىرىنى، ئورىدىغان گەمە،

ئۆي ـ جايلىرىنى، يىغىن ئۆتكۈزىدىغان چوڭ ـ كىچىك زاللىرىنى، ئىشلىتىدىغان جوزا ـ بەندىڭ، قەغەز ـ قەلەملىرىنى، قالايىدىغان ئوتۇن، ياغاچكومۇر، تاشكومۇرلىرىنى ــ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئۆزلىرى ياسايدىغان، ئۆزلىرى تەييارلايدىغان بولدى. بىز ئۆزىمىز قول سېلىپ ئىشلەش يولى بىلەن كىيىم ـ كېچەك، ئوزۇق ـ تۈلۈك مول بولۇش مەقسىدىگە يەتتۇق. ھەر بىر جەڭچىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۈچۈن بىر يىلدا پەقەت 3 ئاي ۋاقىت لازىم، قالغان 9 ئايدا تەلىم ئېلىش ۋە ئۇرۇش قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىشى مۇمكىن. بىزنىڭ قوشۇنىمىز ھەم گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەمىنات بېرىشىگە مۇھتاج ئەمەس، ھەم چېگرا رايون ھۆكۈمىتىنىڭ تەمىنات بېرىشىگە مۇھتاج ئەمەس، شۇنداقلا لاۋبەيشىڭلارنىڭ تەمىنات بېرىشىگىمۇ مۇھتاج ئەمەس، تامامەن ئۆز ـ ئۆزىنى تەمىنلەيدۇ؛ بۇ ئىجادىيەت بىزنىڭ مىللىي ئازاتلىق ئىشىمىز ئۈچۈن نىمە دېگەن زور ئەھمىيەتكە ئىگە ـ ھە! 6 يېرىم يىللىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش داۋامىدا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى گېنجۇيدىلەر دۈشمەننىڭ كويىدۇرۇپ تۈگىتىش، قىرىپ تۈگىتىش، بۇلاپ تۈگىتىشتىن ئىبارەت «ئۈچ تۈگىتىش» سىياسىتىنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىدى، شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونى بولسا گومىنداڭنىڭ قاتمۇ ـ قات قامال قىلىشىغا ئۇچرىدى، مالىيە ۋە ئىقتىسات جەھەتتە پەۋقۇلئاددە قىيىن ھالەتتە قالغان ئىدۇق، ئەگەر قوشۇنىمىز پەقەت ئۇرۇش قىلىشنىلا بىلىدىغان بولسا، مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايتتى. ھازىر، چېگرا رايوندىكى قوشۇنلىرىمىز ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئۆگىنىۋالدى؛ ئالدىنقى سەپتىكى قوشۇنلىرىمىزنىڭمۇ بىر قىسمى ئۆگىنىۋالدى، قالغان قىسمى ئۆگىنىشكە كىرىشىۋاتىدۇ. بىزنىڭ

قەھرىمان، ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر پۈتۈن 8 ـ ئارمىيە بىلەن يېڭى 4 ـ ئارمىيىمىزدىكى ھەر بىر كىشى ئۇرۇش قىلىشنى ۋە ئاممىۋى خىزمەت ئىشلەشنىلا بىلىپ قالماي، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشنىمۇ بىلىدىغان بولسا، بىز ھېچقانداق قىيىنچىلىقتىن قورقمايمىز، مېڭ زى ئېيتقاندەك: «دۇنيادا تەڭدىشى يوق»[1] بولىمىز. بىزنىڭ ئىدارە ۋە مەكتەپلىرىمىزمۇ بۇ يىل ئالغا قاراپ چوڭ بىر قەدەم تاشلىدى، ئۇلارنىڭ ھوكۇمەتتىن ئالغان پۇلى خىراجىتىنىڭ ئازغىنا بىر قىسمىنىلا تەشكىل قىلدى، ئۆزلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ھەل قىلغىنى خىراجىتىنىڭ مۇتلەق كوپ قىسمىنى تەشكىل قىلدى؛ بۇلتۇر كوكتات بىلەن ئوزىنى 50 پىرسەنتلا تەمىنلىگەن ئىدى، بۇ يىل بولسا يۈزدە ـ يۈز تەمىنلىدى؛ چوشقا ۋە قوي بېقىپ، گوشنى زور دەرىجىدە كوپەيتتى؛ يەنە نۇرغۇن ھۈنەرۋەنلىك ئىشخانىلىرى قۇرۇپ، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقاردى. قىسىملار، ئىدارىلەر، مەكتەپلەر ماددى جەھەتتىكى مەسىلىلەرنىڭ پۈتۈن قىسمىنى ياكى كوپ قىسمىنى ئوزلىرى ھەل قىلغان ئىكەن، باج تەرىقىسىدە لاۋبەيشىڭلاردىن ئېلىپ تەمىنلىنىدىغان قىسمى ئازىيىدۇ، لاۋبەيشىڭلارنىڭ ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرىدىن ئوزلىرى بەھرىمەن بولىدىغان قىسمى بولسا كوپىيىدۇ. قوشۇنلار بىلەن خەلق ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، ھەممەيلەن كىيىم ـ كېچەك، ئوزۇق ـ تۈلۈك مول بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇردى، ھەممەيلەن خۇرسەن بولدى. يەنە زاۋۇتلىرىمىزدا ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلاندۇرۇلدى، ئىشپىيونلار تەكشۈرۈپ تازىلاندى، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىمۇ زور دەرىجىدە ئوستى. پۈتۈن چېگرا رايون بويىچە نۇرغۇن يېزا ئىگىلىك ئەمگەك قەھرىمانلىرى، سانائەت ئەمگەك قەھرىمانلىرى،

ئىدارە ۋە مەكتەپ ئەمگەك قەھرىمانلىرى بارلىققا كەلدى، قوشۇن-لاردىمۇ نۇرغۇن ئەمگەك قەھرىمانلىرى چىقتى، ئىپتىش مۇمكىنكى، چېگرا رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى يولغا چۈشتى. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئاممىنىڭ كۈچىنى تەشكىللىگەنلىكنىڭ نەتىجىسى.

ئاممىنىڭ كۈچىنى تەشكىللەش — بۇ بىر خىل فاڭجېن. يەنە بۇنىڭ ئەكسىچە فاڭجېن بارمۇ؟ بار. ئۇ بولسىمۇ ئاممىۋى نۇقتىنەزەر يېتەرلىك بولماسلىق، ئاممىگە يۆلەنمەسلىك، ئاممىنى تەشكىللىمەسلىك، يېزىلار، قىسىملار، ئىدارىلەر، مەكتەپلەر ۋە زاۋۇت-لاردىكى كەڭ ئاممىنى تەشكىللەشكە ئەھمىيەت بەرمەستىن، پەقەت مالىيە ئورۇنلىرى، تەمىنات ئورۇنلىرى، سودا ئورۇنلىرىدىكى ئازغىنا بىر قىسىم كىشىلەرنىلا تەشكىللەشكە ئەھمىيەت بېرىش؛ ئىگىلىك خىزمىتىنى كەڭ بىر ھەرىكەت، كەڭ بىر سەپ دەپ قارىماستىن، پەقەت مالىيىدىكى يېتىشمەسلىكنى تولدۇرۇشنىڭ ۋاقىتلىق بىر ۋاسىتىسى دەپ قاراشتىن ئىبارەت. بۇ — باشقا بىر خىل فاڭجېن، بۇ — خاتا فاڭجېن. شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايونىدا ئىلگىرى بۇ خىل فاڭجېن مەۋجۇت ئىدى، بىرقانچە يىلدىن بۇيانقى تۈزىتىشلەر ئارقىسىدا بولۇپمۇ بۇلتۇر چاقىرىلغان يۇقۇرى دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ۋە بۇ يىلقى ئاممىۋى ھەرىكەتتىن كېيىن، ھازىر يەنە شۇنداق خاتا ئويدا بولۇۋاتقانلار ئازايغان بولسا كېرەك. خۇابېي، خۇاجۇڭ-دىكى گېنجۇيدىلەردە ئۇرۇش جىددىي بولغانلىقتىن، شۇنىڭدەك رەھبىرىي ئورۇنلار يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن، ئاممىۋى ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتى تېخى كەڭ قانات يايمىدى. لېكىن جۇڭيائىنىڭ بۇ يىل 10-ئاينىڭ 1-كۈنىدىكى يوليورۇقىدىن② كېيىن ھەرقايسى جايلارمۇ كېلەر يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىنى قوزغاش

ئۈچۈن تەييارلىق كورمەكتە. ئالدىنقى سەپنىڭ شارائىتى شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونىغا قارىغاندا تېخىمۇ قىيىن، ئۇ يەرلەردە جىددىي ئۇرۇشلا بولۇپ قالماي، بەزى جايلىرىدا ئېغىر ئاپەتلەرمۇ بار. لېكىن ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ئۈچۈن، دۈشمەننىڭ «ئۈچ تۈگىتىش» سىياسىتىگە جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن، ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن پۈتۈن پارتىيە، هوكۇمەت، ئارمىيە ۋە خەلقنى، بىر تەرەپتىن، دۈشمەنگە زەربە بېرىشكە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويۇشقا سەپەرۋەر قىلماي بولمايدۇ. ئالدىنقى سەپ ئۆتكەن بىرنەچچە يىللىق ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا بەزى تەجرىبىلەرگە ئىگە بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يىل قىشتىكى ئىدىيىۋى تەييارلىق، تەشكىلىي تەييارلىق ۋە ماددىي تەييارلىق ئارقىسىدا، كېلەر يىل كەڭ هەركەت ۋۇجۇتقا كېلىشى مۇمكىن ۋە كەڭ هەركەت ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلۈشى لازىم. ئالدىنقى سەپ، ئۇرۇش شارائىتىدا تۇرۇۋاتقاندا، «كىيىم ـ كېچەك، ئوزۇق ـ تۈلۈك مول بولۇش»قا ئېرىشىشى تېخى مۇمكىن ئەمەس، لېكىن «ئوزى قول سېلىپ ئىشلەپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىش»كە بولسا ئېرىشىشى تامامەن مۇمكىن ۋە ئېرىشىشى لازىم.

هازىر ئىگىلىك جەھەتتە ئاممىنى تەشكىللىشىمىزنىڭ ئەڭ موهىم شەكلى ـــ كوپېراتىپ. قىسىم، ئىدارە ۋە مەكتەپلىرىمىزدىكى ئاممىۋى ئىشلەپچىقىرىشتا زورمۇ ـ زور كوپېراتىپ نامىنى بېرىش هاجەت بولمىسىمۇ، لېكىن مەركەزلەشكەن رەھبەرلىك ئاستىدا ئوزئارا ياردەملىشىپ، ئورتاق ئەمگەك قىلىش ئۇسۇلى بىلەن هەرقايسى تارماق، هەرقايسى ئورۇن ۋە هەر بىر شەخسنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى هەل قىلىدىغان بۇنداق ئاممىۋى ئىشلەپچىقىرىش يائالىيتى كوپېراتىپ

خاراكتېرىنى ئالغان بولىدۇ. بۇ — بىر خىل كوپېراتىپ.

دېھقانلار ئامىسى بىرنەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان يەككە ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە، ھەر بىر ئائىلە بىر ئىشلەپچىقىرىش بىرلىكى ھېساپلىنىدۇ، بۇنداق تارقاق، يەككە ئىشلەپچىقىرىش فېودال ھوكۇمرانلىقنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى بولۇپ، دېھقانلارنىڭ ئوزىنى مەڭگۈ نامراتلىق ئازاۋىدا قالدۇرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالنى توگىتىشنىڭ بىردىن-بىر چارىسى — پەيدىن-پەي كوللېكتىپلىشىش؛ كوللېكتىپلىشىشكە يېتىشنىڭ بىردىن-بىر يولى، لېنىننىڭ ئېيتقىنى بويىچە بولغاندا، كوپېراتىپ قۇرۇش[3]. چېگرا رايونىدا ھازىر نۇرغۇن دېھقانلار كوپېراتىپلىرىنى تەشكىل قىلدۇق، لېكىن بۇلار ھازىر تېخى بىر تۇرلۇك باشلانغۇچ شەكىلدىكى كوپېراتىپ بولۇپ، يەنە بىرقانچە تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئوتۇشى كېرەك، ئاندىن كەلگۈسىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدا قوللىنىلغان شەكىلگە — كولخوز دەپ ئاتالغان كوپېراتىپقا تەرەققى قىلىدۇ. بىزنىڭ ئىقتىسادىمىز — يېڭى دېموك-راتىك ئىقتىسات، بىزنىڭ كوپېراتىۋىمىز — ھازىر تېخى يەككە ئىگىلىك ئاساسىغا (خۇسۇسىي مۇلۇك ئاساسىغا) قۇرۇلغان كوللېكتىپ ئەمگەك تەشكىلاتى. بۇنىڭ يەنە بىرنەچچە خىل شەكلى بار. بىر خىلى — «بيەنگۇڭدۈي» ۋە «جاگۇڭدۈي»گە ئوخشاش يېزا ئىگىلىك ئەمگەكدە ئوزئارا ھەمكارلىق يولغا قويۇلىدىغان تەشكىلاتلار[4] بولۇپ، بۇلار بۇرۇن جياڭشى قىزىل رايونىدا ئەمگەكتە ھەمكار-لىشىش گورۇپپىسى ياكى تېرىلغۇ دۈيى[5] دەپ ئاتىلاتتى، ھازىر ئالدىنقى سەپنىڭ بەزى جايلىرىدا ھەمكارلىشىش گورۇپپىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ تەشكىلاتلار، مەيلى قانداق نام بىلەن ئاتالسۇن، مەيلى ھەر بىر ئورۇننىڭ كىشى سانى بىرنەچچە كىشى، بىرنەچچە ئون

كىشى، بىرنەچچە يۈز كىشى بولسۇن، مەيلى پۈتۈن ئەمگەك
كۈچلىرىدىنلا تەركىب تاپقان ياكى يېرىم ئەمگەك كۈچلىرىمۇ قاتناش-
قان بولسۇن، مەيلى ئادەم كۈچى، ئات-ئۇلاغ كۈچى، قورال-
سايمان بويىچە ھەمكارلىشىدىغان ياكى دېخانچىلىق ئالدىراش
چاغلاردا ھەتتا كوللېكتىپ تاماق يەيدىغان ۋە يېتىپ-قوپىدىغانمۇ
بولسۇن، مەيلى ۋاقىتلىق خاراكتېردا ياكى دائىملىق خاراكتېردا
بولسۇن، قىسقىسى، پەقەت ئامما ئىختىيارىي قاتناشقان (ھەرگىز
مەجبۇر قىلىنغىلى بولمايدۇ) كوللېكتىپ ھەمكارلىق تەشكىلاتى بولسىلا،
ياخشى. بۇنداق كوللېكتىپ ھەمكارلىشىش چارىسىنى ئامما ئۆزى
كەشىپ قىلغان. بىز ئىلگىرى جيائگشىدا ئاممىنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈن-
لىگەن ئىدۇق، بۇ قېتىم شىمالىي شەنشىدىمۇ شۇنداق تەجرىبىلەرنى
يەكۈنلىدۇق. بۇلتۇرقى يۇقۇرى دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىنىڭ
تەشەببۇسى ۋە ئۈنىڭ مۇشۇ بىر يىلدىن بۇيان ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى
ئارقىسىدا، چېگرا رايوندا ئەمگەكتە ھەمكارلىشىش زور دەرىجىدە
تەرتىپكە چۈشتى ۋە تېخىمۇ راۋاجلاندى. بۇ يىل چېگرا رايوندىكى
نۇرغۇن بىيەنگۇڭدۇيلەر تېرىلغۇ، ئوتاق، ئوما ئىشلىرىدا كوللېكتىپ
ئىشلەشنى يولغا قويۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن بىر ھەسسە ئارتۇق
ھوسۇل ئالدى. ئامما بۇنداق زور ھەقىقى ئۈنۈمنى كوردى،
كېلەر يىل بۇ چارىنى چوقۇم تېخىمۇ نۇرغۇن كىشىلەر يولغا قويىدۇ.
بىز ھازىر كېلەركى بىر يىل ئىچىدىلا پۈتكۈل چېگرا رايوندىكى
بىرنەچچە يۈز مىڭ پۈتۈن ئەمگەك كۈچلىرى ۋە يېرىم ئەمگەك
كۈچلىرىنىڭ ھەممىسىنى كوپېراتىپقا تەشكىللەپ بولۇشنى ئۈمىت
قىلمايمىز، لېكىن بىرنەچچە يىل ئىچىدە بۇ مەقسەتكە يېتىش مۇمكىن.
ئاياللار ئاممىسىنىمۇ تولۇق سەپەرۋەر قىلىپ، مەلۇم دەرىجىدىكى

ئىشلەپچىقىرىشقا قاتناشتۇرۇش لازىم. بارلىق لۈكچەكلەرنى ئۆزگەرتىپ، ئىشلەپچىقىرىشقا قاتناشتۇرۇپ، ياخشى ئادەمگە ئايلاندۇرۇش لازىم. خۇابېي، خۇاجۇڭدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى گېنجۇيېدىلەردە بۇنداق كوللېكتىپ ھەمكارلىق يولغا قويۇلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرىنى ئاممىنىڭ ئىختىيار قىلىشى ئاساسىدا كەڭ كۆلەمدە تەشكىل قىلىش لازىم.

كوللېكتىپ ھەمكارلىق يولغا قويۇلىدىغان بۇنداق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرىدىن باشقا، يەنە ئۈچ خىل شەكىلدىكى كوپېراتىپ بار، بۇلار ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىقى، ئىستېمال ھەمكارلىقى، نەقلىيات ھەمكارلىقى (تۇز توشۇش) ۋە ئامانەت-قەرز ھەمكارلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەنئەن نەنچۈي كوپېراتىۋى شەكلىدىكى ئومۇمىي خاراكتېرلىق كوپېراتىپ، نەقلىيات كوپېراتىۋى (تۇز توشۇش دۈيى) ۋە قول سانائەت كوپېراتىۋىدىن ئىبارەت.

بىزدە خەلق ئاممىسىنىڭ مانا شۇنداق تۆت خىل كوپېراتىۋى ۋە قىسىملار، ئىدارىلەر، مەكتەپلەرنىڭ كوللېكتىپ ئەمگەك يولغا قويۇلىدىغان كوپېراتىپلىرى بار ئىكەن، ئاممىنىڭ كۈچىنى تەشكىللەپ، زور بىر ئەمگەك قوشۇنىغا ئايلاندۇرالايمىز. بۇ — خەلق ئاممىسىنىڭ ئازاتلىقنى قولغا كەلتۈرۈشىنىڭ مۇقەررەر يولى، نامراتلىقتىن باياشاتلىققا ئۆتۈشىنىڭ مۇقەررەر يولى، شۇنىڭدەك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنىشنىڭمۇ مۇقەررەر يولى. ھەر بىر كۆڭچەنداڭ ئەزاسى ئاممىنى ئەمگەككە تەشكىللەشنى ئۆگىنىۋېلىشى لازىم. زىيالىيلاردىن كېلىپ چىققان پارتىيە ئەزالىرىمۇ ئۆگىنىۋېلىشى لازىم؛ پەقەت قەتئىي نىيەت بولسىلا، يېرىم يىل، بىرەر يىلدا ئۆگىنىۋېلىشى مۇمكىن. ئۇلار ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى

تەشكىللىشكە، ئاممىنىڭ تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىشىگە ياردەم بېرە-لەيدۇ. يولداشلىرىمىز ئاممىنى ئەمگەككە تەشكىللەشنى، دېخانلارنىڭ ئائىلە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش پىلانى تۈزۈشىگە ياردەم بېرىشنى، بيەنگۇڭدۇي تەشكىل قىلىشنى، تۈز توشۇش دۈيى تەشكىل قىلىشنى، ئومۇمىي خاراكتېرلىق كوپېراتىپ تەشكىل قىلىشنى، قوشۇنلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى تەشكىللەشنى، ئىدارە، مەكتەپلەرنىڭ ئىشلەپچىقى-رىشنى تەشكىللەشنى، زاۋۇتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى تەشكىللەشنى، ئىشلەپچىقىرىش مۇسابىقىلىرى ئۇيۇشتۇرۇشنى، ئەمگەك قەھرىمانلىرىنى مۇكاپاتلاشنى، ئىشلەپچىقىرىش كورگەزمىلىرى ئۇيۇشتۇرۇشنى، ئاممىنىڭ ئىجادىي كۈچى ۋە ئاكتىپلىقىنى قوزغاشنى ئۆگىنىۋالسا، ئۇنىڭغا باشقا ماھارەتلەرنى قوشساق، بىز ياپون جاھانگىرلىكىنى چوقۇم قوغلاپ چىقىرالايمىز، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە چوقۇم يېڭى بىر دولەت قۇرالايمىز.

بىز كۈڭچەنداڭ ئەزالىرى، مەيلى قانداق مەسىلىدە بولسۇن، ئاممە بىلەن چوقۇم بىرلىشىپ كېتەلەيدىغان بولۇشىمىز كېرەك. ئەگەر بىزنىڭ پارتىيە ئەزالىرىمىز ئومۇرۋايەت ئۆيىدىن چىقماي ئولتۇرۇ-ۋالسا، بوران-چاپقۇنلارنى بېشىدىن كەچۈرمىسە، دۇنيادىن بىخەۋەر بولسا، بۇنداق پارتىيە ئەزالىرىنىڭ جۇڭگو خەلقىگە زادى قانچىلىك پايدىسى بار؟ قىلچىلىكمۇ پايدىسى يوق، بۇنداق پارتىيە ئەزالىرىنىڭ بىزگە كېرىكى يوق. بىز كۈڭچەنداڭ ئەزالىرى بوران-چاپقۇنلارنى بېشىمىزدىن كەچۈرۈشىمىز، دۇنيادىن خەۋەردار بولۇشىمىز لازىم؛ بۇ بوران-چاپقۇن — ئاممىۋى كۈرەشنىڭ زور بوران-چاپقۇنى، بۇ دۇنيا — ئاممىۋى كۈرەشنىڭ كەڭ دۇنياسى. «ئۈچ ئاددى كونچى بىرلەشسە، جۇگې لياڭ بولىدۇ» دېگەن سۆز، ئاممە بۈيۈك

ئىجادىي كۈچكە ئىگە، دىگەنلىك بولىدۇ. جۇڭگو خەلقى ئارىسىدا، ھەقىقەتەن، مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان «جۇگې لياڭ» بار، ھەر بىر يېزا ـ كەنتنىڭ، ھەر بىر بازار ـ جېنىڭ ئۆز «جۇگې لياڭ»لىرى بار. بىز ئاممە ئارىسىغا بېرىپ، ئاممىدىن ئۆگىنىشىمىز، ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، تېخىمۇ ياخشى، تەرتىپلىك داۋلى ۋە چارىلەرگە ئايلاندۇرۇپ، ئاندىن بۇلارنى يەنە ئاممىگە چۈشەن-دۈرۈشىمىز (تەشۋىق قىلىشىمىز) ھەمدە ئاممىنى بۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا چاقىرىپ، ئاممىنىڭ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ، ئاممىنى ئازاتلىققا ۋە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرۈشىمىز كېرەك. ئەگەر بىزنىڭ يەرلىك خىزمەتلەرنى ئىشلىگۈچى يولداشلىرىمىز ئاممىدىن ئايرىلسا، ئاممىنىڭ كەيپىياتىنى چۈشەنمىسە، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقى-رىشنى تەشكىللىشىگە ۋە تۇرمۇشىنى ياخشىلىشىغا ياردەم بېرەلمىسە، ئۇلاردىن ۋەتەن قۇتقۇزۇش پارىغى ئېلىشنىلا بىلىپ، ئاۋال 90 پىر-سەنت كۈچ بىلەن ئاممىنىڭ «خەلق قۇتقۇزۇش ئوزۇغى» مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بەرگەندە، ئاندىن 10 پىرسەنت كۈچ بىلەنلا ۋەتەن قۇتقۇزۇش پارىغى مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلمىسە، ئۇ ھالدا، بۇ گومىنداڭ ئىستىلىنى يۇقتۇرۇۋالغانلىق، گۇەنلياۋجۇيى چاڭ ـ توزىنىنى قوندۇرۇۋالغانلىق بولىدۇ. گومىنداڭ لاۋبەيشىڭلاردىن نەرسە ئېلىشنىلا بىلىدۇ، لېكىن لاۋبەيشىڭلارغا ھېچقانداق نەرسە بەرمەيدۇ. ئەگەر بىز گۇڭچەنداڭ ئەزالىرىمۇ شۇنداق قىلىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا، ئۇنداق پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىستىلى گومىنداڭ ئىستىلى بولىدۇ، ئۇنداق پارتىيە ئەزالىرىنىڭ يۈزىنى بىر قەۋەت گۇەنلياۋجۇيى چاڭ ـ توزىنى باسقان بولىدۇ، ئۇنى بىر داس ئىسسىق سۇ بىلەن ئوبدان يۇيۇپ، پاكىز قىلىپ

قويۇشـقا توغرا كېلىدۇ. مېنىڭ ھېس قىلىشىمـچە، ياپون باسقۇنچـىلىرىـغا قارشى گېنـجۇيـدىلەرنىڭ مەيـلى قايسىبىرىـنىڭ يەرلىك خىزمىتىدە بولسۇن، مۇشۇنـداق گۇەنلياۋچۇيىلىق ئىستىل مەۋجۇت، ئامـمۇي ئۇقـتىسنەزىـرى كەم بولغانـلىقى سەۋەبىـدىن ئاممىـدىن ئايرىلىپ قالغان بىر قىـسىم يولداشلار بار. بىز بۇنداق ئىستىلنى قەتئىي ئۆگىتىشىمىز كېرەك، شۇنـداق قىلغانـدىلا، ئاممە بىلەن زىچ بىرلىشىپ كېتەلەيمىز.

بۇنىڭـدىن باشـقا، بىزنىڭ ئارمـىيە خىزمىتىمىزدىمۇ بىر خىل جۇنفاجۇيىلىق ئىستىل ساقلانماقتا، بۇمۇ بىر خىل گومينداڭ ئىستىلى، چۈنكى گومينداڭ ئارمىيىسى — ئاممىدىن ئايرىلغان ئارمىيە. بىزنىڭ ئارمىيىمىز ئارمىيە بىلەن خەلق مۇناسىۋىتىدە، ئارمىيە بىلەن ھوكۇمەت مۇناسىۋىـتىدە، ئارمـىيە بىلەن پارتىيە مۇناسىۋىـتىدە، جۇنگۇەنلەر بىلەن ئەسـكەرلەر مۇناسىۋىتىدە، ھەربىي خىزمەت بىلەن سىـياسىي خىزمەت مۇناسىـۋىـتىدە ۋە كادىرلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسـۋىتىـدە توغرا پىـرىنسىپـقا ئەمەل قىلىشى لازىم، ھەرگىز جۇنـفاجۇيىـلىق ئىللەتـنى سادىر قىلماسـلىقى كېرەك. جۇنگۇەنـلەر ئەسـكەرلەرگە كويۇنۇشى كېرەك، كوڭۇل بولـمەسلىكـكە، تەن جازاسى قوللىنىشقا بولمايـدۇ؛ ئارمىيە خەلـققە كويۇنۇشى كېرەك، خەلق مەنپەئەتـىگە زىيان يەتكۈزۈشـكە بولمايـدۇ؛ ئارمىيە ھوكۇمەتـنى ھورمەتـلىشى، پارتىيـىنى ھورمەتـلىشى كېرەك، مۇستەقىلـلىق دەۋاسى قىلىشـقا بولمايدۇ. بىزنىڭ 8 ـ ئارمىيە بىلەن يېڭى 4 ـ ئارمىيىمىز ـــ خەلقنىڭ ئارمىيىسى، ئۇلار ئەزەلدىن ياخشى، ھازىرمۇ ياخشى، پۈتۈن مەملىـكەتتىكى ھەممە ئارمىـيـلەر ئىچىدە ئەڭ ياخشى ئارمىيە. لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ھەقىقەتەن، بىر خىل جۇنفاجۇيىلىق ئىللەت ئۆسۈپ

قالدى، ئارمىيە خىزمىتىدىكى بىر قىسىم يولداشلاردا بىر تۈرلۈك تەكەببۇرلۇق پەيدا بولۇپ قالدى، ئۇلار ئەسكەرلەرگە، خەلققە، ھۆكۈمەتكە، پارتىيىگە قوپاللىق-يولسىزلىق قىلىدىغان، يەرلىك خىزمەتلەرنى ئىشلەۋاتقان يولداشلارنىلا ئەيىبلەپ، ئۆزلىرىنى ئەيىبلىمەيدىغان، ئۇتۇقلىرىنىلا كۆرۈپ، كەمچىلىكلىرىنى كۆرمەيدىغان، ماختاپ ئۇچۇرۇشىنىلا ياقتۇرۇپ، تەنقىتنى ياقتۇرمايدىغان بولۇپ قالدى. مەسىلەن، شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايونىدا مۇشۇنداق ئەھۋال بار. بۇ خاھىش بۇلتۇرقى يۇقۇرى دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ۋە ھەربىي-مەمۇرى كادىرلار يىغىنى ئارقىلىق شۇنىڭدەك بۇ يىل باھار بايرىمىدا ئېلىپ بېرىلغان ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش-خەلقنى سۆيۈش ھەركىتى ۋە ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش ھەركىتى ئارقىلىق تۈپ-ئاساسىدىن تۈگىتىلگەن بولسىمۇ، يەنە ئۇنىڭ بەزى ساقىندىلىرى بار، ئۇلارنى داۋاملىق تۈگىتىش كېرەك. خۇابېي، خۇاجۇڭدىكى گېنجۇيدىلەرنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇنداق ئىللەتلەر بار، ئۇ يەرلەردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە قوشۇنلار بۇنداق ئىللەتلەرنى تۈگىتىشكە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

يەرلىك خىزمەتلەردىكى گۇەنلياۋجۇيىلىق خاھىش ياكى ئارمىيە خىزمىتىدىكى جۇنفاجۇيىلىق خاھىش بولسۇن، بۇ ئىللەتلەرنىڭ خاراكتېرى ئوخشاش، ئۇ بولسىمۇ ئاممىدىن ئايرىلىش. يولداشلىرىدىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى — ياخشى يولداشلار. كەمچىلىكى بار كىشىلەرگە قارىتا تەنقىت قانات يايدۇرۇلۇپ، خاتالىقلار پاش قىلىنسىلا، ئۇلار تۈزىتىۋېلىشى مۇمكىن. لېكىن ئۆز-ئۆزىنى تەنقىتنى قانات يايدۇرۇپ، خاتا خاھىشلارغا جىددى قاراپ، ئۇلارنى ئەستايىدىل تۈزىتىش زۆرۈر. ئەگەر يەرلىك خىزمەتلەردە گۇەنلياۋجۇيىلىق

خاھىش تەنقىت قىلىنمىسا، ئارمىيە خىزمىتىدە جۇڭفاجۇيىلىق خاھىش تەنقىت قىلىنمىسا، بۇ گومىنداڭ ئىستىلىنى ساقلاپ قېلىشنى خالىغانلىق، ئۆزىنىڭ پاكىز يۈزىدە گۇەنلياۋجۇيى چاڭ-توزىنى ۋە جۇڭفاجۇيى چاڭ-توزىنىنى ساقلاپ قېلىشنى خالىغانلىق بولىدۇ، بۇنداق كىشى ياخشى پارتىيە ئەزاسى ئەمەس. ئەگەر بىز يەرلىك خىزمەتلەردە گۇەنلياۋجۇيىلىق خاھىشنى يوقاتساق، ئارمىيە خىزمىتىدە جۇڭفاجۇيىلىق خاھىشنى يوقاتساق، بارلىق خىزمەتلەر ئۈگۈشلۈك قانات يايدۇ، ئىشلەپچىقىرىش ھەركىتىمۇ ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ.

چېگرا رايونىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى، مەيلى دېھقانلار ئاممىسى تەرەپتە بولسۇن، ئىدارە، مەكتەپلەر تەرەپتە بولسۇن، ئارمىيە تەرەپتە بولسۇن، زاۋۇتلار تەرەپتە بولسۇن، ناھايىتى زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشتى، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتىدىمۇ زور ئىلگىرىلەشلەر بولدى، چېگرا رايونىمىزنىڭ قىياپىتى بۇرۇنقىغا كوپ ئوخشىمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى يولداشلىرىمىزنىڭ ئاممىۋى نۇقتىنەزىرىنىڭ كۈچەيگەنلىگىنىڭ ۋە ئاممە بىلەن بىرلەشىشتە زور بىر قەدەم تاشلىغانلىغىنىڭ ئىپادىسى. لېكىن ئۆز-ئۆزىمىزدىن قانائەتلىنىپ قالماسلىغىمىز، يەنە داۋاملىق ئۆز-ئۆزىمىزنى تەنقىت قىلىشىمىز، يەنە داۋاملىق ئالغا بېسىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىمىزمۇ داۋاملىق ئىلگىرىلىشى كېرەك. يۈزىمىزدە چاڭ-توزان بولسا، ھەر كۈنى يۇيۇپ تۇرۇشىمىز كېرەك، يەردە چاڭ-توزان بولسا، ھەر كۈنى سۈپۈرۈپ تۇرۇشىمىز كېرەك. بىز يەرلىك خىزمەتلەردىكى گۇەنلياۋجۇيىلىق خاھىشنى، ئارمىيە خىزمىتىدىكى جۇڭفاجۇيىلىق خاھىشنى تۈپ-ئاساسىدىن تۈگەتكەن بولساقمۇ، لېكىن بۇ يامان خاھىشلار يەنە ئۆسۈپ قېلىشى مۇمكىن.

بىز ياپون جاھانگىرلىگى ۋە جۇڭگو ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنىڭ قاتمۇ-قات مۇھاسىرىسىدە تۇرماقتىمىز، بىز چېچىلاڭغۇ ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ مۇھاسىرىسىدە تۇرماقتىمىز، ئەڭ ئىپلاس گۇمرانلىياۋ-جۇيى چاڭ-توزىنى ۋە جۇنفاجۇيى چاڭ-توزىنى ھەر كۈنى يۈزىمىزگە كوپلەپ قونۇپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇتۇقلىرىمىزنى كورۇپلا ئۆز-ئۆزىمىزدىن قانائەتلىنىپ قېلىشقا زادى بولمايدۇ. ئۆز-ئۆزىمىزدىن قانائەتلىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىشىمىز، ئۆز كەمچىلىكلىرىمىزنى ھەر ۋاقىت تەنقىت قىلىپ تۇرۇشىمىز لازىم، خۇددى پاكىزلىق ئۈچۈن، چاڭ-توزانلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ھەر كۈنى يۈزىمىزنى يۇيۇپ، ھەر كۈنى يەرنى سۈپۈرۈپ تۇرغىنىمىزغا ئوخشاش.

ئەمگەك قەھرىمانلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىكى خىزمەت نەمۇنىچىلىرى، سىلەر — خەلقنىڭ رەھبەرلىرى، سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلاردا كوپ ئۇتۇقلار بار، سىلەرنىڭمۇ ئۆز-ئۆزەڭلاردىن قانائەتلىنىپ قالماسلىقىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن سىلەرنىڭ گۇەنجۇڭغا، شەرقىي گەنسۇغا، دىڭبيەن، ئەنبيەن، جىڭبيەنلەرگە، سۈيدېغا، يەنئەن تەۋەسىدىكى ناھىيىلەرگە، ئىدارىلەر، مەكتەپلەر، قىسىملار، زاۋۇتلارغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، ئەمگەك رەھبەرلىك قىلىپ، خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشىڭلارنى، ئەڭ ئاۋال، ئىختىيارىيلىق پىرىنسىپى بويىچە ئاممىنى كوپىراتىپقا تەشكىللىشىڭلارنى، تېخىمۇ كوپ، تېخىمۇ ياخشى تەشكىللىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. سىلەرنىڭ قايتىپ بېرىپ، بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشۇڭلارنى، بۇنى تەشۋىق قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، كېلەر يىلى يەنە ئەمگەك قەھرىمانلىرى يىغىنى چاقىرىلغان چاغدا، بىز تېخىمۇ زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەن بولايلى.

# ئىزاھلار

① «مىلىڭ زى» 3 ـ توم «گۇڭگۇن جۇ 1 ـ قىسمى»دىن ئېلىنغان.

② مۇشۇ تومدىكى «گېنجۇيىدىلەردە ئىجارە كېمەيتىش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ھوكۇمەتنى ھىمايە قىلىش ـ خەلقنى سۆيۈش ھەركەتلىرىنى قانات يايدۇرايلى» دېگەن ئەسەرنى كۆرسىتىدۇ.

③ لېنىن. «كوپېراتسىيە ھەققىدە»گە قارالسۇن.

④ «بېيەنگۇڭدۈي»، «جاگۇڭدۈي»لەر ـــ شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا كوللېكتىپ ھەمكارلىق يولغا قويۇلغان ئەمگەك تەشكىلاتلىرى. «بېيەنگۇڭ» لايىقۇتلىشىش دېگەن بولۇپ، دېخانلارنىڭ ئەمگەك كۈچلىرىنى ئۆزئارا تەڭشەش ئۇسۇلى، بۇنىڭدا ئادەم كۈچىگە ئادەم كۈچى، ئات ـ ئۇلاق كۈچىگە ئات ـ ئۇلاق كۈچى، ئادەم كۈچىگە ئات ـ ئۇلاق كۈچى قايتۇرۇلىدۇ ۋە باشقىلار. بېيەنگۇڭدۈيگە قاتناشقان دېخانلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەك كۈچى ياكى ئات ـ ئۇلاق كۈچىنى چىقىرىپ، ئۆز دۈيىدىكى ئائىلىلەرنىڭ يەرلىرىنى نۆۋەت بىلەن ۋە كوللېكتىپ ھالدا تېرىيدۇ، ھېساۋات قىلغاندا، بىر گۇڭ بىر گۇڭغا سۇندۇرۇلۇپ، ئادەم كۈچى ياكى ئات ـ ئۇلاق كۈچىنى كۆپ چىقارغانلارغا ئاز چىقارغانلار گۇڭ ھەققى تولەيدۇ. «جاگۇڭدۈي» ئادەتتە يېرى يېتىشمەيدىغان دېخانلاردىن تەشكىل قىلىنىدۇ، جاگۇڭدۈيگە قاتناشقان دېخانلار ئۆزئارا لايىقۇتلىشىپ ھەمكارلاشقاندىن تاشقىرى، ئاساسەن، ئەمگەك كۈچىگە مۇھتاج كىشىلەرگە كوللېكتىپ ياللىنىدۇ.

⑤ مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ 1 ـ تومىدىكى «بىزنىڭ ئىقتىسادىي سىياسىتىمىز»نىڭ ② ئىزاھىغا قارالسۇن.

# ئۆگىنىش ۋە ۋەزىيەت*

**(1944 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى)**

**1**

بۇلتۇر قىشتىن باشلاپ، پارتىيىمىزنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك كادىرلىرى پارتىيە تارىخىدىكى ئىككى لۇشيەن مەسىلىسىنى ئۆگەندى. بۇ ئۆگىنىش كەڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ سىياسى سەۋىيىسىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى. بۇ ئۆگىنىش داۋامىدا

---

* جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ جۇڭيالۇ رەھبەرلىك ئورگىنى ۋە يۇقۇرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ 1942 ـ يىلدىن 1944 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا پارتىيە تارىخى توغرىسىدا بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 1931 ـ يىلىنىڭ بېشىدىن 1934 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان دەۋردىكى تارىخى توغرىسىدا ئېلىپ بارغان مۇھاكىمىسى پارتىيە ئىچىدىكى ئىدىيىنىڭ ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئاساسىدا بىرلىككە كېلىشىگە ناھايىتى زور ياردەم بەردى. داڭجۇڭيالۇ 1935 ـ يىل 1 ـ ئايدا گۈيجۇ ئۆلكىسىنىڭ زۇنيى شەھرىدە چاقىرغان كېڭەيتىلگەن جېڭجۈجۈي يىغىنىدا، 1931 ـ يىلىنىڭ بېشىدىن 1934 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلغان

يولداشلار بىرمۇنچە مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى، جۇڭياڭ جېڭجېجۈيى بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرقانچە موھىم مەسىلە ئۈستىدە خۇلاسە چىقاردى. بۇ خۇلاسىلەر مۇنۇلار:

1. تارىخىي تەجرىبىلەرنى تەتقىق قىلىشتا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش مەسىلىسى توغرىسىدا. جۇڭياڭ: كادىرلارنى پارتىيە ئىچىدىكى تارىخىي مەسىلىلەر توغرىسىدا ئىدىيە جەھەتتىن تولۇق چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، تارىختا خاتالاشقان يولداشلار ئۈستىدىن خۇلاسە چىقارغاندا، كەڭچىلىك قىلىش فاڭجېنىنى قوللىنىش، شۇنداق قىلىپ، بىر تەرەپتىن، كادىرلارنى پارتىيىمىزنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرىنى تولۇق چۈشىنىپ، خاتالىقلارنى تەكرارلىمايدىغان قىلىش، يەنە بىر تەرەپتىن، بارلىق يولداشلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، بىرلىكتە ئىشلەشكە ئىمكانىيەت يارىتىش لازىم، دەپ تونۇيدۇ. پارتىيىمىز تارىخىدا چېن دۇشيۇ خاتا لۇشيەنىگە ۋە لى لىسەن خاتا لۇشيەنىگە قارشى چوڭ كۈرەشلەر بولۇپ ئۆتتى،

---

«سول»چىل خاتا لۇشيەن تۈزىتىلىپ، داڭجۇڭياڭ رەھبەرلىك ئورگىنىنىڭ تەركىۋى ئۆزگەرتىلىپ، يولداش ماۋ زېدۇڭ باشچىلىقىدىكى رەھبەرلىك تىكلىنىپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەنى ماركسىزم-لېنىنىزملىق توغرا ئىزغا سېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن پارتىيىنىڭ نۇرغۇن كادىرلىرى ئارىسىدا ئۆتمۈشتىكى خاتا لۇشيەنىنىڭ خاراكتېرى ئۈستىدە تەلتۆكۈس ھېساپ-كىتاپ قىلىنمىغان ئىدى. پارتىيە كادىرلىرىنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزملىق ئىدىيىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش ئۈچۈن داڭجۇڭياڭ جېڭجېجۈيى 1942-يىلىدىن 1943-يىلىغىچە بولغان مەزگىلدە پارتىيە تارىخى توغرىسىدا بىرقانچە نۆۋەت مۇھاكىمە

بۇ كۆرەشلەر پۈتۈنلەي تېگىشلىك ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئۇسۇلىدا
كەمچىلىكلەر بولدى: بىر تەرەپتىن، كادىرلار شۇ چاغدىكى
خاتالىقلارنىڭ تۇغۇلۇشىدىكى سەۋەبلەر، شارائىتلار ۋە بۇنداق
خاتالىقلارنى تۈزىتىشنىڭ تەپسىلى چارىلىرى توغرىسىدا ئىدېيە
جەھەتتىن تولۇق چۈشەنچىگە ئىگە قىلىنمىدى، شۇنىڭ بىلەن كېيىن
يەنە مۇشۇنداق خاراكتېردىكى خاتالىقلارنىڭ تەكرارلىنىشىغا
ئىمكانىيەت قالدۇرۇلدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، شەخسنىڭ جاۋاپ-
كارلىقى بەك تەكىتلىنىپ كېتىپ، تېخىمۇ نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن
ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە ئىشلەشكە ئىمكانىيەت قالدۇرۇلمىدى. بىز بۇ
ئىككى كەمچىلىكتىن ئىبرەت ئېلىشىمىز لازىم. بۇ نۆۋەت تارىخي
مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا، بەزى ئايرىم يولداشلارنىڭ جاۋاپ-
كارلىقىغا ئەمەس، شۇ چاغدىكى شارائىتنى تەھلىل قىلىشقا، شۇ
چاغدىكى خاتالىقلارنىڭ مەزمۇنىغا، شۇ چاغدىكى خاتالىقلارنىڭ
ئىجتىمائى يىلتىزى، تارىخي يىلتىزى ۋە ئىدېيىۋى يىلتىزىغا كۆپرەك

---

ئېلىپ بارغان ئىدى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە 1943-يىلدىن 1944-يىل-
غىچە بولغان مەزگىلدە پۈتۈن پارتىيىدىكى يۇقۇرى دەرىجىلىك
كادىرلارغا رەھبەرلىك قىلىپ شۇنداق مۇھاكىمىنى ئېلىپ باردى. بۇ
مۇھاكىمىلەر پارتىيىنىڭ 1945-يىلى چاقىرىلغان مەملىكەتلىك
7-قۇرۇلتىيى ئۈچۈن موھىم ھازىرلىق بولدى ھەم بۇ قۇرۇلتاينى
جۇڭگو گوڭچەنداڭنىڭ تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىدېيىۋى ۋە
سىياسى بىردەكلىككە ئېرىشتۈردى. «ئۆگىنىش ۋە ۋەزىيەت»—
يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ يەنئەن يۇقۇرى دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا
مۇشۇ مۇھاكىمىلەر توغرىسىدا سۆزلىگەن نۇتقى.

دىققەت قىلىش، ئۆتمۈشتىكىدىن ساۋاق ئېلىپ، كېيىنكىگە ئىبرەت قىلىش، كېسەلنى داۋالاپ، ئادەمنى قۇتقۇزۇش فاكچىيىنى قوللىنىش، شۇنىڭ بىلەن ھەم ئىدىيىنى روشەنلەشتۈرۈش، ھەم يولداشلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشتىن ئىبارەت ئىككى مەقسەتكە يېتىش كېرەك. كىشىلەرنىڭ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتۇش، ھەم پەرۋاسىزلىق بىلەن يۈزە ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك، ھەم يولداشلارغا زىيان يەتكۈزمەسلىك — پارتىيىمىزنىڭ گۈللەپ راۋاجلىنىشىنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى.

2. ھەرقانداق مەسىلىدە، تەھلىل قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇش، ھەممىنى ئىنكار قىلىۋەتمەسلىك كېرەك. مەسىلەن، 4-ئومۇمىيىغىندىن[1] زۇنيى يىغىنىغىچە بولغان مەزگىللەردىكى جۇڭيانگنىڭ رەھبەرلىك لۇشيەنى مەسىلىسىنى ئىككى تەرەپتىن تەھلىل قىلىش كېرەك: بىر تەرەپتىن، شۇ مەزگىلدە جۇڭياڭ رەھبەرلىك ئورگىنى قوللانغان سىياسى سىلۇۋ، ھەربى سىلۇۋ ۋە كادىرلار سىياسىتىنىڭ ئاساسى جەھەتلىرىنىڭ ھەممىسى خاتا بولغانلىقىنى كورسىتىش كېرەك؛ يەنە بىر تەرەپتىن، شۇ چاغدا خاتالاشقان يولداشلار بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا جياڭ جيېشىغا قارشى تۇرۇش، يەر ئىنقىلاۋىنى ۋە قىزىل ئارمىيە كۈرىشىنى قۇۋۋەتلەشتىن ئىبارەت ئاساسى مەسىلىلەر ئۈستىدە تالاش-تارتىش بولمىغانلىقىنىمۇ كورسىتىش كېرەك. سىلۇۋ جەھەتتىمۇ تەھلىل يۈرگۈزۈش كېرەك. مەسىلەن، يەر مەسىلىسىدە شۇ چاغدىكى خاتالىق پومېشچىكلارغا يەر بولۇپ بەرمەسلىك، باي دېخانلارغا ناچار يەرلەرنى بولۇپ بېرىشتەك تولىمۇ سول سىياسەت يۈرگۈزۈلگەنلىكى ئىدى، ئەمما ئۇلار پومېشچىكلارنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، يېرى يوق ۋە يېرى ئاز دېخانلارغا بولۇپ بېرىشتە

بولسا بىز بىلەن بىر پىكىردە ئىدى. لېنىن: كونكرېت ئەھۋالنى كونكرېت تەھلىل قىلىش «ماركسىزىمنىڭ تۈپ ماھىيىتى ۋە ئۇنىڭ جېنى»② دېگەن ئىدى. بىزنىڭ نۇرغۇن يولداشلىرىمىز تەھلىلىي پىكىر يۈرگۈزمەيدۇ، مۇرەككەپ شەيئىلەرنى قايتا ـ قايتا چوڭقۇر تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىشنى خالىمايدۇ، بەلكى مۇتلەق مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان ياكى مۇتلەق ئىنكار قىلىدىغان ئاددى خۇلاسىلەرنى چىقىرىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بىزنىڭ گېزىتلىرىمىزدە تەھلىلىي ماقالىلارنىڭ كەملىگى، پارتىيە ئىچىدە تەھلىل قىلىش ئادىتىنىڭ تېخى تولۇق يېتىشتۈرۈلمىگەنلىگى بۇ كەمچىلىكنىڭ مەۋجۇتلۇغىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئەھۋالنى تۈزىتىش كېرەك.

3. پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 6 ـ قۇرۇلتىيى ھۆججەتلىرى ئۈستىدىكى مۇھاكىمىلەر توغرىسىدا. شۇنى كۆرسىتىش كېرەككى، مەملىكەتلىك 6 ـ قۇرۇلتاينىڭ لۇشيەنى ئاساسەن توغرا، چۈنكى ئۇ ھازىرقى ۋاقىتتىكى ئىنقىلاپنىڭ بۇرژۇئا دېموكراتىك خاراكتېردا ئىكەنلىگىنى مۇئەييەنلەشتۈردى، شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتنىڭ ئىككى ئىنقىلاۋىي دولقۇن ئارىلىغىدىكى ۋەزىيەت ئىكەنلىگىنى مۇئەييەن-لەشتۈردى، جىخۇيجۇيى ۋە قاراملىقنى يېپەن قىلدى، 10 ماددىلىق گاڭلىڭنى③ جاكالىدى ۋە باشقىلار، بۇلارنىڭ ھەممىسى توغرا. مەملىكەتلىك 6 ـ قۇرۇلتايدا كەمچىلىكلەرمۇ بولدى، مەسىلەن، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئىنتايىن ئۇزاق مۇددەتلىكلىگى ۋە يېزا گېنجۈي-دىلىرىنىڭ جۇڭگو ئىنقىلاۋىدا ئىنتايىن موھىملىقى كۆرسىتىلمىدى، شۇنىڭدەك باشقا بىرقانچە كەمچىلىك ياكى خاتالىقمۇ بولدى. لېكىن قانداقلا بولسۇن، مەملىكەتلىك 6 ـ قۇرۇلتاي پارتىيىمىزنىڭ

تارىخىدا ئىلغار رول ئوينىدى.

4. 1931 ـ يىلدىكى شاڭخەيدىكى ۋاقىتلىق جۇڭياڭنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن شۇ ۋاقىتلىق جۇڭياڭ چاقىرغان 5 ـ ئومۇمىيغىنىنىڭ④ قانۇنىي ئىكەنلىكى ياكى قانۇنىي ئەمەسلىكى مەسىلىسى توغرىسىدا. جۇڭياڭ ئۇلارنى قانۇنىي دەپ ھېساپلايدۇ، لېكىن سايلام رەسمىيەت- لىرىنىڭ مۇكەممەل بولمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئوتتۇش ۋە ئۇنى تارىخىي ساۋاق قىلىش كېرەك.

5. پارتىيىمىز تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن مەزھەپلەر مەسىلىسى توغرىسىدا. شۇنى كۆرسىتىش كېرەككى، پارتىيىمىز تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋە ناچار رول ئوينىغان مەزھەپلەر زۇنيى يىغىنىدىن بۇيانقى بىرقانچە قېتىملىق ئۆزگىرىشلەر ئارقىسىدا ھازىر قالمىدى. پارتىيە ئىچىدە ئىككى لۇشيەن ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان بۇ قېتىمقى ئۆگىنىشتە بۇنداق مەزھەپلەرنىڭ تارىختا بولۇپ ئۆتكەنلىكى ۋە ناچار رول ئوينىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئوتتۇش تامامەن زۆرۈر. لېكىن 1935 ـ يىل 1 ـ ئايدىكى زۇنيى يىغىنى، 1938 ـ يىل 10 ـ ئايدىكى 6 ـ نۆۋەتلىك جۇڭياڭ ۋېيىيۈەنخۇينىڭ 6 ـ ئومۇمىيغىنى، 1941 ـ يىل 9 ـ ئايدىكى جېڭجۈجۈي كېڭەيتىلگەن يىغىنى⑤، 1942 ـ يىلى پۈتۈن پارتىيە بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئىستىل تۈزىتىشكە ۋە پارتىيىمىز تارى- خىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىككى لۇشيەن كۈرىشى توغرىسىدا 1943 ـ يىلى قىشتا باشلانغان ئۆگىنىشكە ئوخشاش نۇرغۇن قېتىملىق پارتىيە ئىچىدىكى كۈرەشلەر ئارقىسىدا يۈزبەرگەن ئۆزگىرىشلەردىن كېيىنمۇ، ئىلگىرىكى خاتا سىياسى گاڭلىڭغا ۋە تەشكىلىي شەكىلگە ئىگە مەزھەپلەر يەنە مەۋجۇت، دەپ قارىلىدىغان بولسا، ناتوغرا بولاتتى. ئوتمۇشتىكى مەزھەپلەر ھازىر قالمىدى. ھازىر قېلىپ

قالغىنى پەقەت جياۋتياۋجۇيى ۋە تەجرىبىچىلىك ئىدىيە شىكتەيىنىڭ ساقىندىلىرىدىنلا ئىبارەت، بىز ئىستىل تۈزىتىش ئۆگىنىشىنى داۋاملىق چوڭقۇر ئېلىپ بارساقلا، ئۇلارنى تۈگىتەلەيمىز. ھازىر پارتىيىمىزدە ئېغىر ھالدا ۋە ئومۇميۈزلۈك دىگۈدەك مەۋجۇت بولۇپ تۇرغىنى — قارغۇلۇق خاراكتىرىنى ئالغان شەنتۇجۇيى خاھىشى⑥. مەسىلەن، كۈرەش تارىخىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقى، ئىشلەۋاتقان يېرىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقى (بۇ گېنجۇيدى بىلەن ئۇ گېنجۇيدىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقى، دۈشمەن ئىشغالىيىتىدىكى رايونلار، گومىنداڭ ھوكۇمرانلىقىدىكى رايونلار ۋە ئىنقىلاۋىي گېنجۇيدىلەرنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشاش بولمىغانلىقى) ۋە ئىشلەۋاتقان ئورۇنلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقى (بۇ قوشۇن بىلەن ئۇ قوشۇننىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقى، بۇ خىزمەت بىلەن ئۇ خىزمەتنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقى)دىن ھەر بىر قىسىم يولداشلار ئارىسىدا كېلىپ چىققان ئۆزئارا چۈشەنمەسلىك، ھۆرمەت قىلىشماسلىق، ئىتتىپاقسىزلىق ھادىسىلىرى ئادەتتىكى ئىشتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلدە پارتىيىنىڭ بىرلىكىگە ۋە پارتىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنىڭ ئۆسۈشىگە ئېغىر دەخلى يەتكۈزمەكتە. شەنتۇجۇيىنىڭ ئىجتىمائىي، تارىخى يىلتىزى جۇڭگودا ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ پەۋقۇلئاددە كەڭ بولغانلىقى ۋە دۈشمەنلەرنىڭ يېزىلاردىكى گېنجۇيدىلەرنى ئۇزاق مۇددەت بىر-بىرىدىن بولۇۋەتكەنلىكىدىن ئىبارەت، پارتىيە ئىچىدە تەربىيىنىڭ يېتەرسىز بولغانلىقى بولسا ئۇنىڭ جۇگۇەن سەۋەبى. بۇ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، يولداشلارنى قارغۇلۇقنى تۈگىتىشكە، ئاڭلىقلىقنى ئۆستۈرۈشكە قايىل قىلىش، يولداشلار ئارا پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلىش، يولداشلار ئارا بىر-بىرىنى چۈشىنىش ۋە بىر-بىرىنى ھۆرمەتلەشنى تەشەببۇس

قىلىش، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن پارتىيەنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش — بىزنىڭ نۆۋەتتىكى موھىم ۋەزىپىمىز.

يۇقۇرىدا ئېيتىلغان مەسىلىلەر توغرىسىدا ئەگەر پۈتۈن پارتىيە بويىچە ئېنىق چۈشەنچە ھاسىل قىلىنىدىغان بولسا، پارتىيە ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان بۇ قېتىمقى ئۆگىنىشنىڭ چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنى كاپالەتلەندۈرگىلى بولۇپلا قالماي، بەلكى جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ چوقۇم غەلىبە قازىنىشىنىمۇ كاپالەتلەندۈرگىلى بولىدۇ.

## 2

ھازىرقى ۋەزىيەتنىڭ ئىككى خۇسۇسىيىتى بار، بىرىنچىسى — فاشىزمغا قارشى سەپنىڭ كۈچەيگەنلىكى ۋە فاشىزم سېپىنىڭ زەئىپلەشكەنلىكى؛ ئىككىنچىسى — فاشىزمغا قارشى سەپ ئىچىدىكى خەلق كۈچلىرىنىڭ كۈچەيگەنلىكى ۋە خەلققە قارشى كۈچلەرنىڭ زەئىپلەشكەنلىكى. ئالدىنقى خۇسۇسىيەت ناھايىتى روشەن، كىشىلەر ئۇنى ئاسان كۆرۈۋالالايدۇ. گىتلېر ئۇزاققا قالماي مەغلۇپ بولىدۇ، ياپون قاراقچىلىرىمۇ گۇمران بولۇش جەريانىدا تۇرماقتا. كېيىنكى خۇسۇسىيەت تېخى ئانچە روشەن ئەمەس، ئادەتتىكى كىشىلەر ئۇنى تېخى ئاسان كۆرۈۋالالمايدۇ، لېكىن ئۇ ياۋروپادا، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىدا، جۇڭگودا كۈندىن - كۈنگە ئوچۇق كۆرۈنمەكتە.

جۇڭگودا خەلق كۈچلىرىنىڭ كۈچەيگەنلىكىنى پارتىيەمىزنى مەركەز قىلىپ چۈشەندۈرۈش كېرەك.

پارتىيەمىزنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدىكى تەرەققىياتىنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن. 1937 - يىلدىن

1940 ـ يىلغىچە بىرىنچى باسقۇچ. بۇ باسقۇچنىڭ دەسلەپكى 2 يىلىدا يەنى 1937 ۋە 1938 ـ يىللاردا ياپون جۇنفالىرى گومىنداڭغا جىددى قارىدى، گوڭچەنداڭغا سەل قارىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ گومىنداڭ سېپىگە ئۆزىنىڭ ئاساسىي كۈچى بىلەن ھۇجۇم قىلدى، ئۇنىڭغا ھەربى جەھەتتىن زەربە بېرىشنى ئاساس قىلىش، سىياسى جەھەتتىن تەسلىم بولۇشقا قىزىقتۇرۇشنى قوشۇمچە قىلىش سىياستىنى قوللاندى، گوڭچەنداڭ رەھبەرلىگىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى گېنجۇيې-دىلەرگە بولسا، بۇ يەرلەردە پەقەت ئاز سانلىق كوممۇنىستلارلا ئاز-تولا پارتىزان ئۇرۇشى قىلىۋاتىدىغۇ، دەپ ھېساپلاپ، سەل قارىدى. لېكىن ياپون جاھانگىرلىرى 1938 ـ يىل 10 ـ ئايدا ۋۇخەننى بېسىۋال-قاندىن كېيىن، بۇ سىياستىنى ئۆزگەرتىشكە باشلاپ، گوڭچەنداڭغا جىددى قارايدىغان، گومىنداڭغا سەل قارايدىغان بولدى؛ گومىنداڭغا سىياسى جەھەتتىن تەسلىم بولۇشقا قىزىقتۇرۇشنى ئاساس قىلىش، ھەربى جەھەتتىن زەربە بېرىشنى قوشۇمچە قىلىش سىياستى بىلەن تاقابىل تۇرىدىغان، گوڭچەنداڭغا بولسا ئاساسىي كۈچىنى پەيدىن-پەي يوتكەپ كېلىپ تاقابىل تۇرىدىغان بولدى. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا ياپون جاھانگىرلىرى، گومىنداڭ ئەمدى قورقۇنچلۇق ئەمەس، گوڭچەنداڭ قورقۇنچلۇق بولۇپ قالدى، دىگەن ھېسسىياتقا كەلگەن ئىدى. گومىنداڭ 1937 ۋە 1938 ـ يىللىرى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا بىرقەدەر تىرىشقان ئىدى، ئۇنىڭ پارتىيىمىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ بىرقەدەر ياخشى بولغان ئىدى، ئۇ خەلقنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەركىتىگە نۇرغۇن چەك قويغان بولسىمۇ، لېكىن خېلى جىق ئەركىنلىكلەرگە يولمۇ قويغان ئىدى. ۋۇخەن قولدىن كەتكەندىن كېيىن، گومىنداڭ ئۇرۇشتا مەغلۇپ

بولغانلىقى ۋە گۇڭچەنداڭنى ئۆچ كۆرۈش كەيپىياتى كۈچەيگەنلىكى سەۋەبىدىن پەيدىن ـ پەي ئەكسىيەتچىللەشتى، گۇڭچەنداڭغا قارشى پائالىيەتلىرىدە پەيدىن ـ پەي ئاكتىپلاشتى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا پەيدىن ـ پەي پاسسىپلاشتى. گۇڭچەنداڭ ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلىقتىن، 1937 ـ يىلى ئۇنىڭ ئاران 40 مىڭچە تەشكىللىك ئەزاسى ۋە 30 نەچچە مىڭ كىشىلىك ئارمىيىسى قالغان، شۇڭا ياپون جۇنفالىرى تەرىپىدىن سەل قارالغان ئىدى. لېكىن 1940 ـ يىلغا كەلگەندە، پارتىيە ئەزاسى كۆپىيىپ 800 مىڭغا يەتتى، ئارمىيىسى كېڭىيىپ 500 مىڭ كىشىگە يېقىنلاشتى، گېنجۇيدىلەرنىڭ ئاھالىسى بىر تەرەپكە پاراق ۋە باج تۆلەيدىغانلار بىلەن ئىككى تەرەپكە پاراق ۋە باج تۆلەيدىغانلار⑦ قوشۇلۇپ، تەخمىنەن 100 مىليونغا يەتتى. بىرنەچچە يىل ئىچىدە پارتىيىمىز شۇنداق كەڭ دائىرىلىك ئازات رايون جەڭ مەيدانلىرىنى ئاچتى، شۇنىڭ بىلەن ياپون قاراقچىلىرىنىڭ ئاساسىي كۈچىنىڭ گومىنداڭ جەڭ مەيدانلىرىغا جەنلۈبىلىك ھۇجۇم قىلىشىنى 5 يېرىم يىل توختىتىپ، ياپون ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى ئۆز ئەتراپىغا جەلپ قىلىپ، گومىنداڭ جەڭ مەيدانلىرىنى ۋەيجىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالىدى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرەلىدى. لېكىن بۇ باسقۇچتا پارتىيىمىزدىكى بىر قىسىم يولداشلار بىر خىل خاتالىق ئۆتكۈزدى، بۇ خاتالىق ياپون جاھانگىرلىكىگە سەل قاراش (شۇڭلاشقا ئۇرۇشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى ۋە دەھشەتلىكلىكىگە دىققەت قىلماي، چوڭ بىڭتۇەنلەر يۈندۈڭجەننى ئاساس قىلىشنى تەشەببۇس قىلىش، پارتىزان ئۇرۇشىغا بولسا سەل قاراش)، گومىنداڭغا يۆلىنىۋېلىش،

سەگەك بولماسلىق ۋە مۇستەقىل سىياسەت قوللانماسلىق (شۇ مۇناسىۋەت بىلەن گومىنداڭغا نىسبەتەن پەيدا بولغان تەسلىمچىلىك، ئاممىنى دادىل ھەركەتلەندۇرۇپ، دۈشمەن ئارقا سېپىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك گېنجۇيدىلەر قۇرۇش ۋە پارتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئارمىيىنى كۆپلەپ كېڭەيتىشكە ئوخشاش سىياسەتلەرگە نىسبەتەن يۈزبەرگەن تەۋرىنىش)تىن ئىبارەت. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارتىيىمىز نۇرغۇن ساندا يېڭى ئەزا قوبۇل قىلدى، ئۇلار تېخى تەجرىبىسىز ئىدى؛ دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى بارلىق گېنجۇيدىلەرمۇ يېڭىدىن قۇرۇلغان بولۇپ، تېخى مۇستەھكەملەنمىگەن ئىدى. بۇ باسقۇچتا ۋەزىيەتنىڭ راۋاجلىنىشى، پارتىيە ۋە ئارمىيىنىڭ كېڭىيىشى ئارقىسىدا پارتىيە ئىچىدە بىر خىل تەكەببۇرلۇق يەنە ئۆسۈپ قالدى، نۇرغۇن كىشىلەر، بىز قالتىس بولۇپ كەتتۇق، دەپ ھېساپلىدى. بۇ باسقۇچتا بىز پارتىيە ئىچىدىكى ئوڭچىل ئېغىشلارنى يەڭدۇق، مۇستەقىل سىياسەت ئىجرا قىلدۇق، شۇنىڭ بىلەن ياپون جاھانگىرلىكىگە زەربە بېرىش، گېنجۇيدىلەر قۇرۇش، 8 ـ ئارمىيە ۋە يېڭى 4 ـ ئارمىيىنى كېڭەيتىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى گومىنداڭنىڭ بىرىنچى قېتىملىق كوممۇنىستلارغا قارشى دولقۇنىنىمۇ چېكىندۈردۇق.

1941 ۋە 1942 ـ يىللار ئىككىنچى باسقۇچ. ياپون جاھانگىرلىكى ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىغا قارشى ئۇرۇش تەييارلاش ھەم ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ۋۇخەننى بېسىۋالغاندىن كېيىن ئۆزگەرتكەن فاڭجېننى يەنى گومىنداڭنى ئاساس قىلىشتىن كوڭچەندىڭنى ئاساس قىلىشقا ئۆزگەرتكەن فاڭجېننى تېخىمۇ تەكىتلەپ، ئۆزىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى كوڭچەنداڭ رەھبەرلىكىدىكى بارلىق

گېنجۇيدىلەرنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ كۆپ توپلاپ، ئارقىمۇ ـ ئارقا «تازىلاش» ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ، دەھشەتلىك «ئۈچ تۈگىتىش» سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، پارتىيىمىزگە ئالاھىدە زەربە بەردى، شۇنىڭ بىلەن پارتىيىمىزنى 1941 ۋە 1942 ـ يىللىرى ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. بۇ باسقۇچتا پارتىيىمىزنىڭ گېنجۇيدىلىرى تارىيىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ ئاھالىسى كېمىيىپ 50 مىليونغىمۇ يەتمەيدىغان بولۇپ قالدى، 8 ـ ئارمىيىنىڭ كىشى سانىمۇ كېمىيىپ 300 نەچچە مىڭغا چۈشۈپ قالدى، كادىرلاردىن نۇرغۇن چىقىم بولدى، مالىيە ۋە ئىقتىساتتا ئىنتايىن زور قىيىنچىلىقلار يۈزبەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، گومىنداڭ يەنە ئۆز قولىنى بوشاپ قالغان ھېساپلاپ، پارتىيىمىزگە تۈرلۈك چارىلەر بىلەن قارشى تۇردى، ئىككىنچى قېتىملىق گۇڭچەنداڭغا قارشى دولقۇن قوزغاپ، ياپون جاھانگىرلىكىگە ماسلىشىپ بىزگە ھۇجۇم قىلدى. لېكىن بۇنداق قىيىن ئەھۋال كوممۇنىستلارنى تەربىيىلىدى، بۇنىڭ بىلەن بىز نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدۇق. بىز دۈشمەننىڭ «تازىلاش» ئۇرۇشىغا، «بىلە قورۇۋېتىپ كېمىرىش» سىياسىتىگە[8]، «ئامانلىقنى ساقلاشنى كۈچەيتىش» ھەرىكىتىگە[9]، «ئۈچ تۈگىتىش» سىياسىتىگە ۋە توۋا قىلدۇرۇش سىياسىتىگە قانداق قارشى تۇرۇش كېرەكلىكىنى ئۆگىنىۋالدۇق؛ بىز بىرلىكسەپ ھاكىمىيىتىنىڭ «ئۈچ ئۈچتىن بىر تۈزۈم» سىياسىتىنى، يەر سىياسىتىنى، ئۈچ ئىستىلنى تۈزىتىش، قوشۇنلارنى خىل، مەمۇرىي ئورۇنلارنى ئىخچام قىلىش، بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىش، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش ـ خەلقنى سۆيۈش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئوخشاش خىزمەتلەرنى ئۆگىنىۋالدۇق ياكى ئۆگىنىۋېلىشقا باشلىدۇق، نۇرغۇن كەمچىلىكلەرنى تۈگەتتۇق ھەمدە بىرىنچى

باسقۇچتا نۇرغۇن كشلەردە كورۇلگەن ئۇزىچە، قالتس بولۇپ
كەتتۇق، دەپ ھېساپلايدىغان تەكەببۇرلۇقنمۇ تۇگەتتۇق. بۇ باسقۇچتا
بز گەرچە ناھايتى چوڭ زيانلارغا ئۇچرىغان بولساقمۇ، لېكن
ئاياق بېسپ تۇرالدۇق، بر تەرەپتن، ياپون قاراقچلرنڭ
ھۇجۇمنى چېكندۇردۇق، يەنە بر تەرەپتن، گومنداڭنڭ ئككنچى
قېتملق گۇڭچەنداڭغا قارشى دولقۇننمۇ چېكندۇردۇق. گومنداڭ-
نڭ گۇڭچەنداڭغا قارشى تۇرغانلغى ۋە گومنداڭنڭ گۇڭچەنداڭغا
قارشى تۇرۇش سياستگە نسبەتەن بزنڭ ئۇزىمزنى قوغداش
كۇرشنى ئېلپ بېرشقا مەجبۇر بولغانلغمزدەك ئەھۋاللار تۇپەي-
لدىن، پارتيە ئچدە بر تۇرلۇك تولمۇ سول ئېغش يەنە ئۇسۇپ
قالدى، مەسلەن، گومنداڭ ـ گۇڭچەنداڭ ھەمكارلغى بۇزۇلدىغان
بولدى، دەپ پومشكلارغا ھەددىدن زيادە زەربە بېرلدى،
پارتيە سرتدكى زاتلار بلەن ئتتپاقلششقا ئەھمىيەت بېرلمدى
ۋاھاكازالار. لېكن بز بۇنداق تولمۇ سول ئېغشلارنمۇ تۇگەتتۇق.
بز سۇركلشلەرگە قارشى كۇرەشتە يوللۇق، پايدلق، چەكلك
بولۇش پرنسپنى كورسەتتۇق، برلكسەپتە ھەم ئتتپاقلشش،
ھەم كۇرەش قلش ۋە كۇرەش ئارقلق ئتتپاقلققا ئېرششنڭ
زورۇرلۇگنى كورسەتتۇق، مەملكەت ئچدە ۋە گېنجۇيدلەردە
ياپون باسقۇنچلرغا قارشى مللى برلكسەپنى ساقلاپ قالدۇق.

1943 ـ يلدىن ھازرغچە ئۇچنچى باسقۇچ. بزنڭ تۇرلۇك
سياسەتلرمز تېخمۇ ياخشى ئۇنۇم بەردى، بولۇپمۇ ئۇچ ئستلنى
تۇزىتش ۋە ئشلەپچقرشنى راۋاجلاندۇرۇشتن ئبارەت ئككى
تۇرلۇك خزمتمز تۇپ خاراكترلق ئۇنۇم بەردى، بۇنڭ ئار-
قسمدا پارتيمز ئدېيۋى ئاساس ۋە ماددى ئاساس جەھەتلردە

يېڭىلمەس ئورۇنغا ئىگە بولدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، بىز يەنە بۇلتۇر كادىرلارنى تەكشۈرۈش ۋە ئىشپىيونلارغا قارشى تۇرۇش سىياسىتىنى ئۆگىنىۋالدۇق ياكى ئۆگىنىۋېلىشقا باشلىدۇق. بۇنداق ئەھۋالدا، گېنجۇيدىلىرىمىزنىڭ كۆلىمى يەنە كېڭەيدى، گېنجۇيدىلىرىمىزنىڭ ئاھالىسى يەنە كۆپىيىپ، بىر تەرەپكە سىلىق تولەيدىغانلار بىلەن ئىككى تەرەپكە سىلىق تولەيدىغانلارنى قوشقاندا، 80 ملىيوندىن ئېشىپ كەتتى، ئارمىيىمىزنىڭ كىشى سانىمۇ 470 مىڭغا يەتتى، مىنبىگلار 2 ملىيون 270 مىڭغا يەتتى، پارتىيە ئەزالىرى كۆپىيىپ 900 مىڭدىن ئاشتى.

1943 ـ يىلى، ياپون جۇنفالىرىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان سىياستىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى، يەنىلا گۇڭچەنداڭغا زەربە بېرىش ئاساس قىلىندى. 1941 ـ يىلدىن ھازىرغىچە بولغان 3 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ياپونىيىنىڭ جۇڭگودىكى ئارمىيىسىنىڭ 60 پىرسەنتتىن كۆپرەكى پارتىيىمىز رەھبەرلىكىدىكى ياپون باسقۇنـ چىلىرىغا قارشى گېنجۇيدىلەرگە تاشلاندى. 3 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، گومىنداڭنىڭ دۈشمەن ئارقا سېپىدە قالدۇرغان بىرنەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇنى ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمىدى، تەخمىنەن يېرىمى دۈشمەنگە تەسلىم بولۇپ كەتتى، تەخمىنەن يېرىمى دۈشمەن تەرىپىدىن يوق قىلىندى، قالدى ـ قاتتىلىرى ۋە ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەنلىرىنىڭ سانى ناھايىتى ئاز. گومىنداڭنىڭ دۈشمەنگە تەسلىم بولغان مۇشۇ قوشۇنـ لىرى ئۆرۈلۈپ كېلىپ پارتىيىمىزگە ھۇجۇم قىلدى، پارتىيىمىزگە يەنە قورچاق قوشۇنلارنىڭ 90 پىرسەنتتىن ئارتۇقىغا قارشى تۇرۇشنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا توغرا كەلدى. گومىنداڭ ياپون ئارمىيىسىنىڭ

پەقەت 40 پىرسەنتكە يەتمەيدىغان قىسمىغا ۋە قورچاق قوشۇنلارنىڭ
10 پىرسەنتكە يەتمەيدىغان قىسمىغىلا قارشى تۇرۇشنى ئۈستىگە
ئالدى. 1938 ـ يىل 10 ـ ئايدا ۋۇخەن قولدىن كەتكەندىن تارتىپ،
توپ ـ توغرا 5 يېرىم يىل ۋاقىت ئىچىدە، ياپون جۇنفالىرى گومىنداڭ
جەڭ مەيدانلىرىغا جەنلۇېلىك ھۇجۇم قىلمىدى، پەقەت بىرنەچچە
قېتىم چوڭراق جەنيى ھەركەتلىرى (جېجياڭ ـ جياڭشى، چاڭشا،
غەربىي خۇبېي، جەنۇبىي خېنەن ۋە چاڭدې جەنيى ھەركەتلىرى)نىلا
ئېلىپ باردى، بۇلاردىمۇ ئەتىگىنى چىقىپ كېتىپ، ئاخشىمى قايتىپ
كېلىپ يۈردى، ئۆزىنىڭ ئاساسىي دىققەت ـ ئېتىۋارىنى بولسا
پارتىيىمىز رەھبەرلىكىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى گېنجۇيىدى-
لەرگە مەركەزلەشتۈردى. بۇنداق ئەھۋالدا، گومىنداڭ تاققا چىقىۋې-
لىش سىياسىتى ۋە ئۇرۇشنى تاماشا قىلىش سىياسىتىنى قوللاندى،
دۈشمەن كېلىپ قالسا، مۇداپىئە قىلىپ قويدى، دۈشمەن چېكىنسە، يەنە
قول قوشتۇرۇپ چەتتە قاراپ تۇردى. 1943 ـ يىلى گومىنداڭنىڭ ئىچكى
سىياسىتى تېخىمۇ ئەكسىيەتچىللەشتى، ئۇ ئۇچىنچى قېتىملىق گۇڭچەن-
داڭغا قارشى دولقۇن قوزغىدى، لېكىن بىز بۇنىمۇ چېكىندۈردۇق.

1943 ـ يىلدىن تا بۇ يىل ئەتىيازغىچە، ياپون قاراقچىلىرى تېچ
ئوكيان ئۇرۇش سېپىدە پەيدىن ـ پەي مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرا-
ۋاتىدۇ، ئامېرىكىنىڭ قايتۇرما ھۇجۇمى كۈچىيىۋاتىدۇ، غەرپتە گىتلېر
سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئېغىر زەربىسى ئاستىدا لىڭشىپ ئورۇلۇپ
كېتەي دەپ قالدى. ياپون جاھانگىرلىكى ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇش
غەرىزىدە بېيپىڭ ـ خەنكۇ، گۇاڭدۇڭ ـ خەنكۇ تومۇريوللىرىنى
تۇتاشتۇرماقچى بولدى؛ شۇنىڭدەك چۇڭچىڭ گومىنداڭنى تەسلىم
بولۇشقا قىزىقتۇرۇش سىياسىتى تېخى نەتىجە بەرمىگىنى ئۈچۈن

ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم زەربە بېرىشنى زورۇر تاپتى، شۇڭا بۇ يىل گومىنداڭنىڭ ئۇرۇش سېپىگە كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىدى. خېنەن جەنىيسى[10] بولۇۋاتقىنىغا بىر ئايدىن ئاشتى. دۈشمەن بىرنەچچە شىتۇەندىن ئاشمايتتى، گومىنداڭنىڭ بىرنەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇنى ئۇرۇش قىلا-قىلمايلا تار-مار بولدى، پەقەت ھەر خىل نامدا ئاتىلىدىغان قوشۇنلارلا ئانچە-مۇنچە ئۇرۇش قىلالىدى. تاڭ ئېنبو قىسىملىرى جۇڭگۇەنلەر ئەسكەرلەردىن، قوشۇنلار خەلقتىن ئايرىلىپ قالغان ناھايىتى قالايمىقان ئەھۋالدا قېلىپ، ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن كۆپرەكى چىقىم بولدى. خۇ زۇڭنەننىڭ خېنەنگە ئەۋەتكەن بىرنەچچە شىسىمۇ بىر ئۇچرىشىشتىلا تار-مار بولدى. بۇ ئەھۋال، تامامەن، گومىنداڭنىڭ نەچچە يىلدىن بېرى ئەكسىيەتچىل سىياسەتنى قاتتىق يۈرگۈزۈپ كەلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. ۋۇخەن قولدىن كەتكەندىن بۇيانقى 5 يېرىم يىل ئىچىدە گوڭچەنداڭ رەھبەرلىكىدىكى ئازات رايون جەڭ مەيدانلىرى ياپون قوشۇنلىرى ۋە قورچاق قوشۇنلارنىڭ ئاساسىي كۈچلىرىگە قارشى تۇرۇشتەك ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ كەلدى، بۇنىڭدا بۇنىڭدىن كېيىن بەزى ئۆزگىرىشلەر يۈزبېرىشى مۇمكىن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۆزگىرىشلەرمۇ پەقەت ۋاقىتلىق بولىدۇ، چۈنكى گومىنداڭ 5 يېرىم يىلدىن بۇيان ياپون باسقۇنچىلىرىغا پاسسىپ قارشى تۇرۇش، گوڭچەنداڭغا ئاكتىپ قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئەكسىيەتچىل سىياسەت قوللىنىپ، ئىنتايىن چىرىك ھالەت پەيدا قىلدى، بۇنىڭ سەۋەبىدىن گومىنداڭ بۇنىڭدىن كېيىن مۇقەررەر ئېغىر مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكلەرگە ئۇچرايدۇ، ئۇ چاغدا پارتىيىمىزنىڭ دۈشمەن قوشۇنلىرىغا ۋە قورچاق قوشۇنلارغا قارشى تۇرۇش ۋەزىپىسى يەنىمۇ

ئېغىرلىشىدۇ. گومىنداڭ 5 يېرىم يىل قول قوشتۇرۇپ چەتتە قاراپ تۇرۇش ئارقىسىدا جەڭگىۋارلىقىنى يوقىتىپ قويۇش نەتىجىسىگە ئېرىشتى. گۇڭچەنداڭ 5 يېرىم يىل جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش ئارقىسىدا جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇش نەتىجىسىگە ئېرىشتى. بۇ ئەھۋال جۇڭگونىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ.

يولداشلار كۆرۈپ تۇرۇپتۇ، 1937 ـ يىل 7 ـ ئايدىن ھازىرغا قەدەر ئۆتكەن بۇ 7 يىل ئىچىدە پارتىيىمىز رەھبەرلىكىدىكى خەلق دېموك-راتىك كۈچلىرى ئۆرلەش، پەسىيىش، يەنە ئۆرلەشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئەھۋالنى بېشىدىن كەچۈردى. پارتىيىمىز ياپون قاراقچىلىرىنىڭ دەھشەتلىك ھۇجۇمىغا قارشى تۇردى، كەڭ ئىنقىلاۋىي گېنجۇيدىلەرنى قۇردى، پارتىيە ۋە ئارمىيىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتتى، گومىنداڭنىڭ ئۈچ قېتىملىق گۇڭچەنداڭغا قارشى كەڭ كۆلەملىك دولقۇنىنى چېكىندۈردى، پارتىيە ئىچىدە يۈزبەرگەن ئوڭچىل ۋە «سول»چىل خاتا ئىدىيىلەرنى تۈگەتتى، پۈتۈن پارتىيىمىز بويىچە نۇرغۇن-لىغان قىممەتلىك تەجرىبىلەرگە ئىگە بولدى. مانا بۇلار 7 يىللىق خىزمىتىمىزنىڭ يەكۈنى.

ھازىرقى ۋەزىپە ــ بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ زور مەسئۇلىيەت-لەرنى ئۆتەشكە تەييار تۇرۇش. بىز ياپون قاراقچىلىرىنى جۇڭگودىن ھەرقانداق ئەھۋالدا قوغلاپ چىقىرىشقا تەييار تۇرۇشىمىز كېرەك. پارتىيىمىزنى مۇشۇ مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان قىلىش ئۈچۈن، پارتىيىمىزنى، ئارمىيىمىزنى ۋە گېنجۇيدىلىرىمىزنى تېخىمۇ كېڭەيتىشىمىز ۋە تېخىمۇ مۇستەھكەملىشىمىز، چوڭ شەھەرلەر ۋە موھىم قاتناش يوللىرى خىزمەتلىرىگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز، شەھەرلەر خىزمىتىنى گېنجۇيدىلەر خىزمىتىگە ئوخشاش موھىم ئورۇنغا

كوتىرىشىمىز لازىم.

گېنجۇيدىلەر خىزمىتىگە كەلسەك، گېنجۇيدىلەر بىرىنچى باسقۇچتا ناھايىتى كېڭەيدى، لېكىن مۇستەھكەملەنمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككىنچى باسقۇچتا دۈشمەنىنىڭ ئېغىر زەربىسىگە ئۇچراش بىلەنلا تارىيىپ كەتتى. ئىككىنچى باسقۇچتا، پارتىيىمىز رەھبەرلىگىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بارلىق گېنجۇيدىلەر قاتتىق چېنىقتى، بىرىنچى باسقۇچتىكىگە قارىغاندا كوپ ياخشى بولۇپ قالدى؛ كادىرلار ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىدېيۋى سەۋىيىسى ۋە سىياسەت سەۋىيىسى زور دەرىجىدە ئۆستى، ئۇلار بىلمەيدىغان نەرسىلەردىن خېلى كوپىنى ئۆگىنىۋالدى. لېكىن پىكىر بىرلىگى ھاسىل قىلىش ۋە سىياسەت ئۆگىنىش يەنە ۋاقىت تەلەپ قىلىدۇ، بىز تېخى بىلمەيدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر بار. پارتىيىمىزنىڭ كۈچى تېخى دىگەندەك زور ئەمەس، پارتىيە ئىچكى جەھەتتىن تېخى دىگەندەك بىرلىككە كەلگەن ئەمەس، تېخى دىگەندەك مۇستەھكەم ئەمەس، شۇڭا ئۇ تېخى ھازىرقىغا قارىغاندا يەنىمۇ زور مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى مەسىلە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇش جەريانىدا پارتىيىمىزنى، ئارمىيىمىزنى ۋە گېنجۇيدى-لىرىمىزنى تېخىمۇ كېڭەيتىش ۋە تېخىمۇ مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت، بۇ — كەلگۈسىدە غايەت زور خىزمەتلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن زورۇر بولغان بىرىنچى ئىدېيۋى تەييارلىق ۋە ماددى تەييارلىق. بۇنداق تەييارلىق بولمىغاندا، ياپون قاراقچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرالمايمىز، پۈتۈن جۇڭگونى ئازات قىلالمايمىز.

چوڭ شەھەرلەر ۋە موھىم قاتناش يوللىرى خىزمەتلىرىگە كەلسەك، بىزنىڭ بۇ خىزمەتلەرنى ئىشلىشىمىز ناھايىتى يېتەرسىز بولۇپ

كەلدى. ئەگەر بىز هازىرمۇ چوڭ شەھەرلەردە ۋە موھىم قاتناش يوللىرىدا ياپون جاھانگىرلىكى تەرىپىدىن ئېزىلىۋاتقان مىليونلىغان ئەمگەكچىلەر ئاممىسى ۋە شەھەر خەلقى ئاممىسىنى پارتىيىمىز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇشقا تىرىشمىساق، شۇنىڭدەك ئاممىۋى قوراللىق قوزغىلاڭ تەييارلىمىساق، بىزنىڭ قوشۇنلىرىمىز ۋە يېزا گېنجۈيدىلىرىمىز شەھەرلەرنىڭ ماسلىشىشىغا ئىگە بولالماي، خىلمۇ-خىل قىيىنچىلىقلارغا يولۇقىدۇ. بىز ئون نەچچە يىلدىن بېرى يېزىلاردا تۇردۇق، يېزىلار بىلەن ئوبدان تونۇشۇش ۋە يېزا گېنجۈيدىلىرى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ كەلدۇق، بۇ زورۇر ئىدى. شەھەرلەردە قوزغىلاڭ تەييارلاش توغرىسىدا پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 6-قۇرۇلتىيى بەلگىلىگەن ۋەزىپە مۇشۇ ئون نەچچە يىل ئىچىدە ئىجرا قىلىنمىدى ۋە ئىجرا قىلىنىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمما ھازىر ئەھۋال باشقىچە، مەملىكەتلىك 6-قۇرۇلتاينىڭ قارارىنى مەملىكەتلىك 7-قۇرۇلتايدىن كېيىن ئىجرا قىلىشقا توغرا كەلدى. پارتىيىمىزنىڭ مەملىكەتلىك 7-قۇرۇلتىيى پات ئارىدا ئېچىلىشى مۇمكىن، بۇ قۇرۇلتايدا شەھەر خىزمەتلىرىنى كۈچەيتىش ۋە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش مەسىلىلىرى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايونىدا ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان سانائەت يىغىنى زور ئەھمىيەتكە ئىگە. چېگرا رايوندىكى زاۋۇتلاردا، 1937-يىلى ئاران 700 ئىشچى بار ئىدى، 1942-يىلى 7 مىڭغا يەتتى، ھازىر 12 مىڭ كىشى بار. بۇ رەقەملەرنى ھەرگىز سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. بىز چوڭ شەھەرلەردىكى سودا-سانائەتنى ۋە قاتناش ئورگانلىرىنى قانداق باشقۇرۇشنى گېنجۈيدىلەردىلا ئۆگىنىپ قويۇشىمىز لازىم، ئۇنداق قىلمىساق، ۋاقتى

كەلگەندە تەمتىرەپ قالمىمىز. چوڭ شەھەرلەردە ۋە موھىم قاتناش يوللىرىدا قوراللىق قوزغىلاڭ تەييارلاش شۇنىڭدەك سودا-ساناﺋەتنى باشقۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىش — بۇ، زورۇر بولغان ئىككىنچى ئىدېيىۋى تەييارلىق ۋە ماددى تەييارلىق. بۇنداق تەييارلىق بولمىغاندىمۇ، ياپون قاراقچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرالمايمىز، پۈتۈن جۇڭگونى ئازات قىلالمايمىز.

## 3

يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، پارتىيە كادىرلىرى ئارىسىدا بوپىنى تاشلاشنى ۋە ماشىنىنى ھەركەتكە كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىش لازىم. بوپىنى تاشلاش دېگىنىمىز — ئۆزىمىزنىڭ روھىي جەھەتتىكى بىرمۇنچە يۈكلىرىمىزنى ئېلىپ تاشلاش دېگەنلىك. نۇرغۇن نەرسىلەر باركى، ئۇلار ئالدىدا قارىغۇلۇق ھالغا چۈشۈپ قالساق، ئاگاھلىقلىغىمىز يېتەرلىك بولمىسا، ئۇلار بىزگە بوپا بولۇپ قېلىشى، يۈك بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: خاتالىشىش كىشىنى، بەربىر خاتالاشتىمغۇ، دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ، روھسىزلاندۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن؛ خاتالاشماسلىقمۇ كىشىنى، خاتالاشمىدىمغۇ، دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ، تەكەببۇرلاشتۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن. خىزمەتنىڭ ئۇتۇقلۇق بولماسلىقى كىشىنى ئۈمىتسىزلىككە چۈشۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن؛ خىزمەتنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشىمۇ كىشىنىڭ دىمىغىنى ئۆستۈ-رۈپ قويۇشى مۇمكىن. كۆرەش تارىخى قىسقا بولغانلار، كۆرەش تارىخىم قىسقا، دەپ، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىشى مۇمكىن؛ كۆرەش تارىخى ئۇزۇن بولغانلار، كۆرەش تارىخىم ئۇزۇن، دەپ، ئۆزىنىڭكىنىلا

توغرا ھېساپلىشى مۇمكىن. ئىشچى، دېخانلاردىن چىققانلار كېلىپ چىقىشىنىڭ شەرەپلىكلىگى بىلەن زىيالىلارغا ھاكاۋۇرلۇق قىلىشى مۇمكىن؛ زىيالىلارمۇ ئۆزىنىڭ مەلۇم بىلىمگە ئىگە بولغانلىقى بىلەن ئىشچى، دېخانلاردىن چىققانلارغا ھاكاۋۇرلۇق قىلىشى مۇمكىن. ھەر خىل كەسپىي مۇتەخەسسىسلىك ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشنىڭ ۋە باشقىلارنى مەنسىتمەسلىكنىڭ كاپىتالىغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. ھەتتا ياش قۇراممۇ تەكەببۇرلۇقنىڭ قورالىغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن: ياشلار ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى ۋە قابىللىقى بىلەن ياشانغانلارنى كۆزگە ئىلماسلىقى مۇمكىن، ياشانغانلارمۇ ئۆزىنىڭ تەجرىبىگە باي بولغانلىقى بىلەن ياشلارنى كۆزگە ئىلماسلىقى مۇمكىن. ئەنە شۇنداق نەرسىلەرگە نىسبەتەن ئەگەر ئاگاھلىق بولمىسا، ئۇلار يۈك ياكى بوپا بولۇپ قالىدۇ. بەزى يولداشلارنىڭ ئۆزىنى يۇقىرى تۇتۇشى، ئاممىدىن ئايرىلىپ قېلىشى ۋە تەكرار خاتالىق ئۆتكۈزۈشىنىڭ موھىم بىر سەۋەبى — مۇشۇنداق بوپىنى يۈدۈۋالغانلىقى. شۇنىڭ ئۈچۈن، يۈدۈۋالغان بوپىنى تەكشۈرۈپ، ئۇنى تاشلىۋېتىپ، روھىي جەھەتتىن ئازات بولۇش، ھەقىقەتەن، ئاممە بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش ۋە خاتالىقنى ئازايتىشنىڭ زۆرۈر ئالدىنقى شەرتلىرىدىن بىرى. پارتىيىمىز ئۆز تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن بىرنەچچە قېتىملىق زور تەكەببۇرلۇقنىڭ ھەممىسىدە زىيان تارتقان ئىدى. بىرىنچى قېتىمقىسى 1927 - يىلىنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا كۆرۈلدى. ئۇ چاغدا بېيفا ئارمىيىسى ۋۇخەنگە يېتىپ بارغان ئىدى، بەزى يولداشلار تەكەببۇرلىشىپ كېتىپ، قالتىس بولۇپ كەتتۇق، دەپ، گومىنداڭنىڭ بىزگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويدى. نەتىجىدە چېن دۇشيۇ لۇشيەنى خاتالىقى يۈز بېرىپ، شۇ نۆۋەتتىكى ئىنقىلاپنى مەغلۇبىيەتكە

ئۇچراتتى. ئىككىنچى قېتىمقىسى 1930 ـ يىلى كورۇلدى. قىزىل ئارمىيە جياڭ جېيشى بىلەن فېڭ يۈيشياڭ ـ يەن شىشەنلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش[11] شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، جەڭلەردە بەزىبىر غەلىبىلەرنى قازانغان ئىدى، بۇنىڭ بىلەن يەنە بەزى يولداشلار تەكەببۇرلىشىپ كېتىپ، قالتىس بولۇپ كەتتۇق، دەپ بىلىشتى. نەتىجىدە لى لىسەن لۇشيەنى خاتالىقى يۈزبەردى، بۇمۇ ئىنقىلاۋى كۈچلەرنى بەزى زىيانلارغا ئۇچراتتى. ئۈچىنچى قېتىمقىسى 1931 ـ يىلى كورۇلدى. قىزىل ئارمىيە ئۈچىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»نى تار ـ مار كەلتۇردى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ياپونىيىنىڭ ھۇجۇمىغا جاۋابەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى داغدۇغىلىق ھەركەت تۇزغىدى، بۇنىڭ بىلەن يەنە بەزى يولداشلار تەكەببۇرلىشىپ كېتىپ، قالتىس بولۇپ كەتتۇق، دەپ بىلىشتى. نەتىجىدە تېخىمۇ ئېغىر لۇشيەن خاتالىقى يۈزبېرىپ، جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن توپلىغان ئىنقىلاۋى كۈچلىرىمىزنىڭ 90 پىرسەنتچىسى چىقىم بولدى. تۆتىنچى قېتىمقىسى 1938 ـ يىلى كورۇلدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلاندى، بىرلىكسەپ قۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن يەنە بەزى يولداشلار تەكەببۇرلىشىپ كېتىپ، قالتىس بولۇپ كەتتۇق، دەپ بىلىشتى، نەتىجىدە چېن دۇشيۇ لۇشيەنىگە بەزى جەھەتتىن ئوخشاپراق كېتىدىغان خاتالىق يۈزبەردى. بۇ قېتىمدىمۇ مۇشۇ يولداشلارنىڭ خاتا ئىدىيىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئەڭ كوپ يولۇققان جايلاردىكى ئىنقىلاۋى خىزمەتلەر ناھايىتى زور زىيانغا ئۇچرىدى. پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار مۇشۇ بىرنەچچە قېتىملىق تەكەببۇرلۇق ۋە بىرنەچچە قېتىملىق خاتالىقتىن ئىبرەت ئېلىشى كېرەك. يېقىندا گومورونىڭ لى زىچېڭ توغرىسىدا يازغان ماقالىسىنى[12] بېسىشىمىزمۇ يولداشلارنى

بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالدۇرۇپ، غەلىبە قازانغاندا تەكەببۇرلىشىپ كېتىش خاتالىقلىرىنى تەكرارلاتماسلىق ئۈچۈن ئىدى.

ماشىنىنى ھەركەتكە كەلتۈرۈش دېگىنىمىز — پىكىر قىلىش ئەزاسىنى ئىشقا سېلىشقا ماھىر بولۇش دېگەنلىك. بەزى كىشىلەر بوپپا يۈدۈۋالمىغان بولسىمۇ، ئامما بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش ئارتۇقچىلىقىغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن پىكىر قىلىشقا ماھىر ئەمەس، مېڭە ئىشلىتىپ كۆپ ئويلىنىشنى ۋە باش قاتۇرۇشنى خالىمايدۇ، نەتىجىدە يەنىلا ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ. يەنە بەزى كىشىلەر بوپپا يۈدۈۋالغانلىقى ئۈچۈن، مېڭە ئىشلىتىشنى خالىمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئەقلى بوپپا ئاستىدا بېسىلىپ قالغان. لېنىن، ستالىنلار ھەمىشە كىشىلەرگە پىكىر قىلىشقا ماھىر بولۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ، بىزمۇ كىشىلەرگە شۇنى تەۋسىيە قىلىمىز. مېڭە دېگەن بۇ ماشىنىنىڭ ۋەزىپىسى — مەخسۇسلا پىكىر قىلىش. مېڭ زى: «كۆڭۈلنىڭ بۇرچى پىكىر قىلماقتۇر»[13] دېگەن. ئۇ مېڭىنىڭ ۋەزىپىسىگە توغرا تەبىر بەرگەن. ھەرقانداق ئىشتا مېڭە ئىشلىتىپ، ئوبدان ئويلىنىش كېرەك. خەلق ئىچىدە: «قوشۇمىسىنى بىر تۈرۈۋىدى، كۆڭلىگە ئەقىل كەلدى» دېگەن ماقال بار. بۇ، كۆپ ئويلىساڭ، ئەقىل تاپىسەن، دېگەنلىك. پارتىيىمىزدىكى ئېغىر قارىغۇلۇقنى تۈگىتىش ئۈچۈن، پىكىر يۈرگۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىش، شەيئىلەرنى تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋېلىش، تەھلىل قىلىشقا ئادەتلىنىش كېرەك. بۇنداق ئادەت پارتىيىمىزدە بەكمۇ يېتەرسىز. ئەگەر بىز بوپپىمۇ تاشلىساق، ماشىنىمۇ ھەركەتكە كەلتۈرسەك، ھەم يېنىك بولساق، ھەم پىكىر قىلىشنى بىلسەك، غەلىبە قازىنىمىز.

## ئىزاھلار

① 4-ئومۇمىيغىن جۇڭگو گۇڭچەنداڭى 6-نوۋەتلىك جۇڭياڭ ۋېيىيۈەنخۇيىنىڭ 1931-يىل 1-ئايدىكى 4-ئومۇمىيغىننى كۆرسىتىدۇ.

② لېنىننىڭ «كوممۇنىزمدىكى «سولچىللىق» كېسىلى» دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن. ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ 1-تومىدىكى «جۇڭگو ئىنقىلابىي ئۇرۇشىنىڭ ستراتېگىيە مەسىلىسى»نىڭ ⑩ ئىزاھىغا قارالسۇن.

③ ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ 1-تومىدىكى «ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇشنىڭ تاكتىكىسى توغرىسىدا»نىڭ ㉙ ئىزاھىغا قارالسۇن.

④ 5-ئومۇمىيغىن جۇڭگو گۇڭچەنداڭى 6-نوۋەتلىك جۇڭياڭ ۋېيىيۈەنخۇيىنىڭ 1934-يىل 1-ئايدىكى 5-ئومۇمىيغىننى كۆرسىتىدۇ.

⑤ بۇ يىغىندا پارتىيىنىڭ ئۆز تارىخىدىكى بولۇپمۇ ئىككىنچى ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش دەۋرىدىكى سىياسىي لۇشيەن مەسىلىلىرى قارالغان ئىدى.

⑥ شەنتۇجۇيى خاھىشى بىر خىل گۇرۇھۋازلىق خاھىش بولۇپ، ئاساسەن ئۇزاق مۇددەتلىك پارتىزان ئۇرۇشى داۋامىدا، يېزا ئىنقىلابىي گېنجۇيدىلىرى تارقاق جايلاشقان ۋە ئۆزئارا ئالاقە قىلىشماي تۇرغان شارائىتتا كېلىپ چىققان. بۇ گېنجۇيدىلەرنىڭ تولىسى دەسلەپ تاغلىق رايونلاردا قۇرۇلغان بولۇپ، ھەر بىر گۇرۇھ گويا بىر تاغ چوققىسىدەك بولۇۋالغان ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خاتا خاھىش شەنتۇجۇيى دەپ ئاتالغان.

⑦ بۇ يەردە ئېيتىلغان بىر تەرەپكە پاراق ۋە باج تۆلەيدىغان رايونلار گېنجۇيدىلەرنىڭ مۇستەھكەم رايونلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ جايلاردىكى خەلق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك ھۆكۈمەتكىلا پاراق ۋە باج تۆلەيتتى؛ ئىككى تەرەپكە پاراق ۋە باج تۆلەيدىغان رايونلار گېنجۇيدىلەرنىڭ چەت-ياقا رايونلىرى ۋە پارتىزان

رايونلىرىنى كورسىتىدۇ، بۇ رايونلاردا دۈشمەن دائىم پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ تۇرغانلىقتىن، خەلق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموك-راتىك ھوكۇمەتكە پاراق ۋە باج تولىگەندىن تاشقىرى، دۈشمەننىڭ قورچاق ھاكىمىيىتىگىمۇ ئاز-تولا پاراق ۋە باج تولەپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتى.

⑧ بۇ — ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى گېنجۇيدىلەرگە قىلغان كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇمى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن قوللانغان بىر خىل ئۇسۇلى، بۇ ئۇسۇل چاپىنىلىق بىلەن «لەھەگىدەك يۇتۇش»تىن ئۇزاق مۇددەت پەيدىن-پەي «پىلە قۇرۇتىدەك كېمىرىش» ئۇسۇلىغا ئۆزگەرتىلگەن. ياپون جاھانگىرلىكى پۇختا ئورۇنلىشىپ پۇختا ئىلگىرىلەش، پەيدىن-پەي بولۇۋېتىش تەدبىرىنى قوللىنىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى گېنجۇيدىلەرنى تارايتىشقا، ئۆز ئىشغالىيىتىدىكى رايونلارنى كېڭەيتىشكە ئۇرۇنغان ئىدى.

⑨ 1941-يىل 3-ئايدا خۇابېيدىكى ياپون قاراقچىلىرى ھەم ۋەتەن خائىنلىرى «ئامانلىقنى ساقلاشنى كۈچەيتىش ھەركىتى» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى. «ئامانلىقنى ساقلاشنى كۈچەيتىش» دېگىنى — تىنتىش، باۋ-جيا تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، نوپۇس تەكشۈرۈش، قورچاق قوشۇن تەشكىل قىلىش، شۇنىڭ بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈچلەرنى بېسىقتۇرۇش.

⑩ 1944-يىل 3-ئايدا ياپون قاراقچىلىرى خېنەن جەنىسىنى قوزغىدى، بۇنىڭدا 50-60 مىڭ كىشىلىك ئەسكىرىي كۈچىنى ئىشقا سالدى. گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ جياڭ دىڭۋېن، تاڭ ئېنبو، خۇ زۇڭنەن قىسىملىرىدىكى 400 مىڭ كىشى ياپون قاراقچىلىرىنىڭ قارشىسىنى كورۇپلا تىرى-پىرەڭ بولدى، جېڭجۇ، لوياڭ قاتارلىق 38 ناھىيە ئارقىمۇ-ئارقا قولدىن كەتتى، تاڭ ئېنبو قىسمىدىن 200 مىڭ كىشى چىقىم بولدى.

⑪ جياڭ جيېشى بىلەن فېڭ يۈشياڭ-يەن شىشەنلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش لۇڭ-خەي تۆمۈريولى، تيەنجىن-پۇكۇ تۆمۈريولى بويلىرىدا

جىياڭ جېيشى بىلەن قىلىچ يۇپ-يالاڭ يەن شىشەنلەر ئوتتۇرىسىدا بولغان كەسكىن كۈرەشنى جۇڭگو ئوقۇرمەنلىرىگە كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۇرۇش 1930-يىل 5-ئايدا باشلىنىپ، 10-ئايدا ئاياقلاشتى، يېرىم يىل داۋام قىلدى، ئىككى تەرەپتىن 300 مىڭ كىشى ئۆلدى ۋە يارىدار بولدى.

⑫ 1944-يىلى گومورو مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا لى زىچېڭ رەھبەرلىك قىلغان دېھقانلار قوزغىلىڭى غەلىبىسىنىڭ 300 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن «جىياشېن غەلىبىسىنىڭ 300 يىللىقىنى ئەسلەش» دېگەن ماقالە يازدى. بۇ ماقالىدا لى زىچېڭنىڭ دېھقانلار قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرى 1644-يىلى بېيجىڭغا كىرگەندىن كېيىن، بىرقانچە باشلىقلىرىنىڭ تۇرمۇشتا چىرىكلىشىپ كەتكەنلىكى، مەزھەپچىلەر كۈرىشىنىڭ يۈز بەرگەنلىكى سەۋەبىدىن 1645-يىلى مەغلۇپ بولغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. بۇ ماقالە ئاۋال چۇڭچىڭ «شىنخۇا رىباۋ» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان، كېيىن يەنئەندە ۋە ئازات رايونلاردا كىتابچە قىلىپ بېسىلغان.

⑬ «مىڭ زى» 11-توم «گاۋزى 1-قىسمى»دىن ئېلىنغان.

# خەلق ئۈچۈن خزمەت قلايلى*

## (1944 ـ يل 9 ـ ئاينڭ 8 ـ كۈنى)

بزنڭ گۈڭچەنداڭمز ۋە گۈڭچەنداڭ رەھبەرلگدكى 8 ـ ئارميە، يېڭى 4 ـ ئارميە ـــ ئنقلاۋي قوشۇن. بزنڭ بۇ قوشۇنمز تامامەن خەلقنى ئازاتلقا چقرشنى كوزلەيدۇ، ئۈزۈل ـ كېسل خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ئشلەيدۇ. يولداش جاڭ سدې① مۇشۇ قوشۇنمزدكى بر يولداش ئدى.

كشى ئاخر ئولدۇ، لېكن ئولۇمنڭ ئەھمىيتى ئوخشاش بولمايدۇ. جۇڭگودا قەدمكى زاماندا ئوتكەن سما چيەن دېگەن بر ئەدب مۇنداق دېگەن ئدى: «كشى ئاخر ئولدۇ، بەزلەرنڭ ئولۇمى تەيشەن تېغدنمۇ قەدرلك بولدۇ، بەزلەرنڭ ئولۇمى هاڭگرت پېيدنمۇ قەدرسز بولدۇ.»② خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ئولۇش تەيشەن تېغدنمۇ قەدرلك بولدۇ؛ فاشستلار ئۈچۈن غالچلق قلب ئولۇش، خەلقنى ئېكسپلاتاتسيە قلدىغان ۋە

* بۇ ـــ يولداش ماۋزېدۇڭ جۇڭگۇڭ جۇڭيانڭنڭ بۋاستە قاراشلق ئدارلىرى يولداش جاڭ سدېغا تەزيە يلدۇرۇش ئۈچۈن ئوتكۈزگەن ماتەم مۇراسممدا سوزلگەن نۇتۇق.

ئېزىدىغانلار ئۈچۈن ئۆلۈش ھاڭگىرت پېيىدىنمۇ قەدىرسىز بولىدۇ. يولداش جاڭ سىدې خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆلدى، ئۇنىڭ ئۆلۈمى تەيشەن تېغىدىنمۇ قەدىرلىك.

بىز — خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇچىلارمىز، شۇڭا، بىزدە ئەگەر كەمچىلىك بولىدىكەن، باشقىلارنىڭ تەنقىت قىلىپ كۆرسىتىپ بېرىشىدىن قورقمايمىز. قانداق كىشى ئىكەنلىكىدىن قەتئىي نەزەر، كىم كۆرسىتىپ بەرسە بولىۋېرىدۇ. سېنىڭ ئېيتقىنىڭ توغرا بولسىلا، بىز تۈزىتىمىز. سەن ئېيتقان چارە خەلققە پايدىلىق بولسىلا، بىز سېنىڭ ئېيتقىنىڭچە ئىش كۆرىمىز. «قوشۇنلارنى خىل، مەمۇرى ئورۇنلارنى ئىخچام قىلىش» دىگەن پىكىرنى پارتىيە سىرتىدىكى زاتلاردىن لى دىڭمىڭ ئەپەندى[3] ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى؛ ئۇ ياخشى قويدى، بۇ خەلققە پايدىلىق ئىدى، بىز بۇنى قوبۇل قىلدۇق. بىز خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ياخشىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرىدىغان، خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن خاتانى تۈزىتىدىغانلا بولساق، بىزنىڭ بۇ قوشۇنىمىز چوقۇم گۈللەپ ياشنايدۇ.

بىز ھەر يەر-ھەر يەردىن كېلىپ، ئورتاق ئىنقىلاۋىي نىشان ئۈچۈن توپلاندۇق. بىز يەنە پۈتۈن مەملىكەتتىكى زور كۆپچىلىك خەلق بىلەن بىللە مۇشۇ يولدا ماڭىمىز. بىز بۈگۈنكى كۈندە 91 مىليون ئاھالىگە ئىگە گېنجۇيدىلەرگە[4] رەھبەرلىك قىلىۋاتىمىز، لېكىن بۇ تېخى يېتەرلىك ئەمەس، تېخىمۇ كېڭەيتىشىمىز كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، پۈتۈن مىللەتنىڭ ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز. يولداشلىرىمىز قىيىنچىلىق ۋاقىتلىرىدا ئۇتۇقلارنى كۆرۈشى كېرەك، يورۇقلۇقنى كۆرۈشى كېرەك، غەيرىتىنى ئاشۇرۇشى كېرەك. جۇڭگو خەلقى ئازاپ چېكىۋاتىدۇ، بىزنىڭ ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋېلىش مەسئۇلىيىتىمىز بار،

بىز تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. كۈرەش قىلىدىكەنمىز، قۇربان بېرىشلەر بولىدۇ، ئادەم ئۆلۈش ئىشى دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. لېكىن بىز خەلق مەنپەئەتىنى ئويلىغىنىمىزدا، زور كۆپچىلىك خەلقنىڭ ئازاپ-ئوقۇبەتلىرىنى ئويلىغىنىمىزدا، خەلق ئۈچۈن ئۆلسەك، ئورۇنلۇق ئۆلگەن بولىمىز. شۇنداقتىمۇ تېگىشلىك بولمىغان قۇربان بېرىشلەرنى ئىمكانىيەتىنىڭ بېرىچە ئازايتىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ كادىرلىرىمىز ھەر بىر جەڭچىگە غەمخورلۇق قىلىشى لازىم، ئىنقىلاپ قوشۇنىدىكى بارلىق كىشىلەر بىر-بىرىگە غەمخورلۇق قىلىشى، بىر-بىرىگە كۆيۈنۈشى، بىر-بىرىگە ياردەم بېرىشى لازىم.

بۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ قوشۇنىمىزدا كىم ئۆلسە، مەيلى ئۇ ئاشپەز بولسۇن، جەڭچى بولسۇن، ئاز-تولا پايدىلىق ئىش قىلغانلا بولسا، بىز ئۇنى ئۇزىتىشىمىز، ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشىمىز لازىم. بۇ بىر تۈزۈم بولۇپ قالسۇن. بۇ ئۇسۇلنى لاۋبەيشىڭلارغىمۇ تونۇشتۇرۇش كېرەك. يېزىلاردا كىشى ئۆلسە، ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەك. مۇشۇ يول بىلەن قايغۇمىزنى بىلدۈرۈپ، پۈتۈن خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

## ئىزاھلار

① يولداش جاڭ سىدې — جۇڭگۇڭ جۇڭياڭ مۇھاپىزەتچىلەر تۈەنىنىڭ جەڭچىسى، 1933-يىلى ئىنقىلابقا قاتناشقان، ئۇزۇن سەپەرنى بېسىپ ئۆتكەن، ياردار بولغان، ئۇ خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ساداقەت بىلەن ئىشلىگەن گۇڭچەندانىڭ ئەزاسى ئىدى. 1944-يىل 9-ئاينىڭ 5-كۈنى شىمالىي شەنشىنىڭ ئەنەي ناھىيەسىدىكى تاغدا كۆمۈر كۆيدۈرۈۋاتقان ۋاقىتتا، خۇمدان بېسىۋېلىپ قۇربان بولغان.

② سىما چيەن ــ مىلادىدىن 2 ئەسىر ئىلگىرى ياشىغان كىشى، جۇڭگونىڭ ئاتاقلىق ئەدىبى ۋە تارىخچىسى، ئۇ 130 باپلىق «تارىخىي خاتىرىلەر»نى يازغان. بۇ يەردە كەلتۈرۈلگەن نەقىل توغرىسىدا ئۇ يازغان «رېن شاۋچىڭغا مەكتۇپ»قا قارالسۇن.

③ لى دىڭمىڭ ــ شىمالىي شەنشىلىك كەيمىڭ شىنشى، ئۇ شەنشى- گەنسۇ- نىڭشىيا چېگرا رايون ھۆكۈمىتىنىڭ فۇجۇشىلىقىغا سايلانغان.

④ بۇ شۇ چاغدىكى شەنشى- گەنسۇ- نىڭشىيا چېگرا رايونى ۋە خۇابېي، خۇاجۇڭ، خۇانەندىكى ئازات رايونلار ئاھالىسىنىڭ ئومۇمىي سانىنى كۆرسىتىدۇ.

# جياڭ جيېشىنىڭ 10 ـ ئوكتەبىر بايرىمىدا سۆزلىگەن نۇتقىغا باھا*

**(1944 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى)**

قۇرۇق گەپ سېتىش، خەلق كوكۇل بولىدىغان مەسىلەرنىڭ ھېچبىرىگە جاۋاپ بەرمەسلىك ـــ جياڭ جيېشىنىڭ 10 ـ ئوكتەبىردە سۆزلىگەن نۇتقىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى. جياڭ جيېشى، كەڭ ئارقا سەپتە تېخى كەڭ يەرلەر بار، دۈشمەندىن قورقمايمىز، دېدى. گوياتۇلار دىكتاتۇرىسىنى يۈرگۈزۈۋاتقان گومىنداڭ رەھبەرلىرىدە سىياسىنى ئۆزگەرتىپ، دۈشمەنگە قارشى تۇرىدىغان ھېچقانداق نىيەت ۋە ئىقتىدار بارلىقى تا بۈگۈنگە قەدەر كۆرۈلمىدى، ئۇلاردا دۈشمەننى توسۇشقا پەقەت «يەر»دىن ئىبارەت تەييار كاپىتاللا بار. لېكىن ھەممىگە چۈشىنىشلىككى، پەقەت مۇشۇ كاپىتالنىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ، توغرا سىياسەت ۋە كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىقى بولمىسا، ياپون جاھانگىرلىكى قالغان مۇشۇ بىر پارچە يەرگە ھەر كۈنى تەھلىكە سالىدۇ. جياڭ جيېشى دۈشمەننىڭ بۇ تەھلىكىسىنى

* بۇ ـــ يولداش ماۋزېدۇڭ شىنخۇاشې ئۈچۈن يېزىپ بەرگەن پىكىلۇن.

قاتتىق سەزگەن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ خەلققە، تەھلىكە يوق، دەپ تەكرار-تەكرار بايان قىلىشى ھەتتا «مەن خۇاڭپۇدا ئارمىيە قۇرغاندىن بۇيانقى 20 يىل ئىچىدە ئىنقىلاپ ۋەزىيىتى ھېچقاچان ھازىرقىدەك تۇراقلىق بولغان ئەمەس» دېگىنى — ئۇنىڭ مۇشۇ تەھلىكىنى سەزگەنلىكىنىڭ ئىنكاسى. ئۇنىڭ يەنە، «ئۆزىمىزگە بولغان ئىشەنچىمىزنى يوقاتماسلىقىمىز» كېرەك، دەپ تەكرار ئېيتىشى — گومىنداڭ قاتارىدا، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايونلاردىكى جامائەت ئەرباپلىرى ئىچىدە نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ ئۆز ئىشەن-چىنى يوقىتىپ قويغانلىقىنىڭ ئىنكاسى. جياڭ جيېشى بۇنداق ئىشەنچنى قايتا تىكلەش ئۈچۈن ئۇسۇل ئىزلىمەكتە. لېكىن ئۇ قايتا تىكلەش ئۇسۇلىنى سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي ئىشلار ۋە مەدەنى-يەت ئىشلىرى جەھەتتىكى ھەرقانداق بىر سىياسەت ياكى خىزمەتتىن ئىزلىمىدى، ئۇنىڭ تاپقىنى مەسلىھەتنى رەت قىلىپ، خاتالىقنى يېپىش ئۇسۇلى بولدى. ئۇ، «خەلقارا كۆزەتكۈچى»لەرنىڭ ھەممىسى «سىرنى چۈشەنمەيدۇ»، «چەتئەل جامائەتچىلىكىنىڭ ھەربىي، سىياسىي ئىشلىرىمىز توغرۇلۇق سۆز-چۆچەك» قىلىشى ئۇلارنىڭ «دۈشمەن قاراقچىلار ھەم ۋەتەن خائىنلىرىنىڭ پىتنە-پاساتلىرى»غا ئىشەن-گەنلىكىدىن بولىۋاتىدۇ، دەيدۇ. شۇنىسى ئەجەپلىنەرلىككى، روزۋېلتقا ئوخشاش چەتئەللىكلەرمۇ، سۇڭ چىڭلىڭدەك گومىنداڭچىلارغا، گومىن سەنجېڭخۇيىنىڭ نۇرغۇن سەنجېڭيۈەنلىرىگە ۋە بارلىق ۋىجدانلىق جۇڭگولۇقلارغا ئوخشاشلا، جياڭ جيېشى ۋە ئۇنىڭ مۇخلىسلىرىنىڭ ئۆزىنى ئاقلاپ قىلغان چىرايلىق سۆزلىرىگە ئىشەنمەي، «ھەربىي، سىياسىي ئىشلىرىمىز توغرۇلۇق سۆز-چۆچەك» قىلىۋېتىپتۇ. جياڭ جيېشى بۇنداق ئەھۋالدىن بىشى قېتىپ، ئۆزىچە يوللۇق-ئاساسلىق

دەپ ھېساپلىغان بىرەر دەلىل تاپالماي كەلگەن ئىدى، ئۇنى بۇ يىل 10 ـ ئۆكتەبىر بايرىمىدىلا تاپتى، بايا ئۇلار «دۈشمەن قاراقچىلار ھەم ۋەتەن خائىنلىرىنىڭ پىتنە ـ پاساتلىرى»غا ئىشەنگەن ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن جياڭ جيېشى ئۆز نۇتقىدا مۇشۇنداق «دۈشمەن قاراقچىلار ھەم ۋەتەن خائىنلىرىنىڭ پىتنە ـ پاساتلىرى» دىگەن نىمە ئۈستىدە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق توختىلىپ، ئۇنى قاتتىق تىللىدى. ئۇنىڭچە، ئۇ مۇشۇنداق تىللىسىلا، بارلىق جۇڭگولۇقلارنىڭ ۋە چەتئەللىك-لەرنىڭ ئاغزى تۇۋاقلىنىپ قالىدىكەن. ئۇنىڭ ھەربى، سىياسى ئىشلىرى توغرۇلۇق كىمكى يەنە «سوز ـ چوچەك» قىلىدىغان بولسا، ئۇ «دۈشمەن قاراقچىلار ھەم ۋەتەن خائىنلىرىنىڭ پىتنە ـ پاسات-لىرى»غا ئىشەنگەن بولىدىكەن! بىزچە، جياڭ جيېشىنىڭ بۇنداق ئەيىپلەشلىرى تولىمۇ كۈلكىلىك. چۈنكى گومىنداڭنىڭ گۇاتۇلار دىكتاتۇرىسىنى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا كۈچ چىقارمىغانلىقىنى، چىرىكلىكىنى ۋە قابىلىيەتسىزلىكىنى، گومىنداڭ ھوكۇمىتىنىڭ فاشىستىك مەمۇرى بۇيرۇغىنى ۋە مەغلۇبىيەتچىلىك ھەربى بۇيرۇغىنى دۈشمەن قاراقچىلار ھەم ۋەتەن خائىنلىرى ھېچقا-چان تەنقىت قىلمىدى، ئەكسىچە، ناھايىتى ئالقىشلاپ كەلدى. جياڭ جيېشى يازغان، كىشىلەرنىڭ بىردەك نارازىلىغىنى قوزغىغان «جۇڭگونىڭ تەقدىرى» دىگەن كىتاپنى ياپون جاھانگىرلىگى چىن يۈرىگىدىن ئۇرغۇن قېتىم ماختىدى. گومىنجىڭنى ۋە ئۇنىڭ تۈگ-شۈەيۈسىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش ئىشى توغرىسىدىمۇ دۈشمەن قاراقچىلار ھەم ۋەتەن خائىنلىرىنىڭ بىرەر ئېغىز سوز قىلىپ باققى-نىنى ئاڭلىمىدۇق، چۈنكى ھازىرقىدەك مۇشۇنداق ھەر كۈنى خەلقنى ئېزىدىغان ۋە ھەر كۈنى مەغلۇبىيەتلىك ئۇرۇش قىلىدىغان ھوكۇمەت

ۋە تۇڭشۇەيبۇنى ساقلاپ قېلىش — دەل دۈشمەن قاراقچىلار ھەم ۋەتەن خائىنلىرىنىڭ ئۈمىدى. جياڭ جېيشى ۋە ئۇنىڭ گورۇھىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان ياپون جاھانگىرلىگىنىڭ تەسلىم بولۇشقا قىزىقتۇرۇش دۈشياگى بولۇپ كەلگەنلىگى پاكىت ئەمەسمۇ؟ ياپون جاھانگىرلىگى بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغان «گۇڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇش»، «گومىنداڭنى يوقىتىش» دېگەن ئىككى شوئاردىن «گومىنداڭنى يوقىتىش» دېگەن شوئار ئېلىۋېلىنىپ تاشلىنىپ، «گۇڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇش» دېگەن شوئارلا قالغانلىقى پاكىت ئەمەسمۇ؟ ياپون جاھانگىرلىرى تا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگىچە، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ئۇرۇش ئېلان قىلغىنى يوق، ئۇلار، ياپونىيە بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش ھالىتى مەۋجۇت ئەمەس، دەۋاتىدۇ، تېخى! گومىنداڭنىڭ مەرتىۋىلىك كىشىلىرىنىڭ شاڭخەي، نەنجىڭ، نىڭبو تەرەپلىرىدىكى مال-مۈلۈكلىرى دۈشمەن قاراقچىلار ھەم ۋەتەن خائىنلىرى تەرىپىدىن تا ھازىرغىچە ياخشى ساقلىنىپ تۇرۇپتۇ. دۈشمەن باشلىقلىرىدىن تيەن جۇنلىيۇ فېڭخۇاغا ۋەكىل ئەۋەتىپ، جياڭ جېيشىنىڭ ئاتا-بوۋىسىنىڭ قەۋرىستانلىقىدا نەزىر-چىراق ئۆتكۈزدى. جياڭ جېيشىنىڭ مۇخلىسلىرى يوشۇرۇن ھالدا ئەلچى ئەۋەتىپ، شاڭخەي ۋە باشقا جايلاردا ياپون قاراقچىلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ھەمىشە دېگۈدەك ئۈزمەي ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ، مەخپى تەنپەنلەر ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. بولۇپمۇ ياپون قاراقچىلىرىنىڭ ھۇجۇمى جىددىيلەشكەن چاغلاردا، بۇنداق ئالاقە ۋە تەنپەنلەر تېخىمۇ كۆپ بولىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى پاكىت ئەمەسمۇ؟ مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، جياڭ جېيشى ۋە ئۇنىڭ گورۇھىنىڭ ھەربىي، سىياسىي ئىشلىرى توغرۇلۇق «سوز-چوچەك» پەيدا قىلغان ئادەملەر زادى

«سىرنى چۈشەنمەپتۇ»مۇ ياكى چۈشىنىپتۇمۇ؟ بۇ «سىر»نىڭ كېلىپ چىقىشى زادى «دۈشمەن قاراقچىلار ھەم ۋەتەن خائىنلىرىنىڭ پىتنە-پاساتلىرى»دىنمۇ ياكى جياڭ جيېشىنىڭ ئۆزى ۋە ئۇنىڭ گورۇھىدىنمۇ؟

جياڭ جيېشىنىڭ نۇتقىدا يەنە بىر بايانات بار، ئۇ بولسىمۇ ئۇنىڭ جۇڭگودا ئىچكى ئۇرۇش بولىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلغانلىقى. لېكىن ئۇ يەنە: «ئەمدى ھېچكىم، ۋاڭ جىڭۋېي ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ قىلغىنىدەك، مىنگوغا خىيانەت قىلىشقا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى بۇزۇشقا زادى جۈرئەت قىلالمايدۇ» دېدى. جياڭ جيېشى بۇ يەردە ئىچكى ئۇرۇشقا ئاساس ئىزلىدى ۋە تاپتى. خاتىرىسى كۈچلۈك جۇڭگولۇقلار ئۇنتۇمايدۇكى، 1941-يىلى دەل جۇڭگودىن چىققان ساتقۇنلار يېڭى 4-ئارمىيىنى تارقىتىۋەتكەنلىكىنى ئېلان قىلغان، جۇڭگو خەلقى ئىچكى ئۇرۇش ۋېيجىسىنى توسۇشقا قوزغالغان چاغدا، جياڭ جيېشىنىڭ بىر نۇتقىدا: كەلگۈسىدە «گوڭچەنداڭنى يوقىتىش» ئۇرۇشى زادى بولمايدۇ، ئەگەر بولىدىغان بولسا، بۇ ئۇرۇش ئىسيانچىلارغا قارشى جازا يۈرۈش ئۇرۇشى بولىدۇ، دېيىلگەن. «جۇڭگونىڭ تەقدىرى»نى ئوقۇغان ئادەملەرمۇ ئەسلىيەلەيدۇكى، جياڭ جيېشى ئۇنىڭدا: جۇڭگو گوڭچەنداڭى 1927-يىلى ۋۇخەن ھۆكۈمىتى مەزگىلىدە ۋاڭ جىڭۋېي بىلەن «تىل بىرىكتۈرگەن» دېگەن. گومىنداڭ جۇڭياڭنىڭ 1943-يىلدىكى 11-ئومۇمىيغىنىنىڭ قارارىدا جۇڭگو گوڭچەنداڭىنىڭ ئۈستىگە يەنە «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى بۇزدى، دۆلەتكە خەۋپ يەتكۈزدى» دېگەن ئەيىب ئارتىلغان. كىشىلەر ئەمدى جياڭ جيېشىنىڭ بۇ نۇتقىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئىچكى ئۇرۇش خەۋپى مەۋجۇت

بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇسۇپ بارماقتا، دېگەن ھېسسىياتقا كېلىدۇ. جۇڭگو خەلقى ھازىر شۇنى ئەستە چىڭ تۇتۇشى كېرەككى، جياڭ جيېشى كۈنلەرنىڭ بىرىدە «ئىسيانچى» دېيىلگەنلەرگە قارشى جازا يۈرۈشى قىلىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ، ئۇ چاغدا قويىدىغان جىنايىتى «مىنگوغا خىيانەت قىلدى»، «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى بۇزدى»، «ۋاڭ جىڭۋېي ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ قىلغىنىدەك قىلدى» دېگەنلەردىن ئىبارەت بولىدۇ. جياڭ جيېشى بۇنداق قىلىشقا ئۇستا، ئۇ پاڭ بىڭشۇن، سۇن لياڭچېڭ، چېن شياۋچياڭغا① ئوخشاش كىشىلەرنى ئىسيانچى دەپ ئېلان قىلىشقا ئۇستا ئەمەس، ئۇلارغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلىشقىمۇ ئۇستا ئەمەس، ئەمما ئۇ، ئەكسىچە، خۇاجۇڭدىكى يېڭى 4-ئارمىيىنى ۋە سەنشىدىكى پىداكارلار دۈيىنى② «ئىسيانچى» دەپ ئېلان قىلىشقا ئۇستا ھەم ئۇلارغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلىشقىمۇ ناھايىتى ئۇستا. جۇڭگو خەلقى ھەرگىز ئۇنتۇماسلىقى كېرەككى، جياڭ جيېشى ئۆزى ئىچكى ئۇرۇش قىلماسلىقنى جاكالىغان ۋاقىتتا، 775 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ئەۋەتىپ بولغان ئىدى، بۇ قوشۇنلار ھازىر مەخسۇسلا 8-ئارمىيە، يېڭى 4-ئارمىيە ۋە خۇانەندىكى خەلق پارتىزان دۈيلىرىنى مۇھاسىرە قىلىۋاتىدۇ ياكى ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ.

جياڭ جيېشىنىڭ نۇتقىدا ئىجابىي جەھەتتىن ھېچنەرسە يوق، ئۇنىڭدىن جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى سەپتىكى ئەھۋالنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى قىزغىن ئۈمىدىگە لايىق ھېچقانداق جاۋاب تاپقىلى بولمايدۇ. سەلبىي جەھەتتىن بولسا بۇ نۇتۇق خەۋپ-خەتەرلەر بىلەن تولغان. جياڭ جيېشىنىڭ پوزىتسىيىسى بارغانسىرى باشقىچە بولماقتا، ئۇ خەلقنىڭ سىياسىي ئۆزگەرتىش

تەلىۋىگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى جۇڭگو گومىنداڭغا قاتتىق ئۆچمەنلىك قىلىپ، گومىنداڭغا قارشى ئىچكى ئۇرۇش قوزغاش ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتقان باندىتنى كورسىتىپ قويدى. لېكىن جياڭ جيېشىنىڭ بۇ بارلىق قەستى ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئەگەر ئۇ توتقان يولىنى ئۆزگەرتىشنى خالىمايدىكەن، ئۇ ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چېپىۋالىدۇ. بىز ئۇنىڭدىن توتقان يولىنى ئۆزگەرتىشنى سەممىي ئۈمىت قىلىمىز، چۈنكى ئۇنىڭ ھازىرقى توتقان يولى مۇتلەق ئاقمايدۇ. ئۇ «سوز ئەركىنلىكى مىزانىنى كېڭەيتىش»③نى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، «سوز-چوچەك» قىلىشقان كىشىلەرگە، «دۈشمەن قاراقچىلار ھەم ۋەتەن خائىنلىرىنىڭ پىتنە-پاساتلىرى»غا ئىشەندى، دىگەن بوھتانلار بىلەن تەھلىكە سالماسلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئاغزىنى توۋاقلاپ قويماسلىقى كېرەك ئىدى. ئۇ «شۇنجېڭ دەۋرىنى قىسقارتىش»نى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ ھوكۇمەتنى ۋە تۆگشۈەيبۇنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش تەلىۋىنى رەت قىلماسلىقى كېرەك ئىدى. ئۇ «گومىنداڭ مەسىلىسىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش»نى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئىچكى ئۇرۇش تەييارلاش ئۈچۈن يەنە بانا ئىزلىمەسلىكى كېرەك ئىدى.

## ئىزاھلار

① پاڭ بىڭشۈن، سۈن لياڭچېڭ، چېن شياۋچياڭلار ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ياپون قاراقچىلىرىغا ئاشكارا تەسلىم بولغان گومىنداڭ جياڭگىلىرى.

③ سەنشىدىكى پىداكارلار دۈيى — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە گومىنداڭنىڭ رەھبەرلىكى ھەم

تەسىرىدە ئۆسكەن سەنشى خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوراللىق كۈچلىرى. مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ 2 - تومىدىكى «بارلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، گوڭچەنداڭغا قارشى جاھىللارغا قارشى تۇرايلى» دېگەن ئەسەرنىڭ ③ ئىزاھىغا قارالسۇن.

③ 1944 - يىلدىن بۇيان، گومىنداڭنىڭ ھاكىم مۇتلەق ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىش، دېموكراتىيىنى ئەمەلگە قويۇش ۋە سۆز ئەركىنلىكىنى تەمىن ئېتىشنى تەلەپ قىلىش گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايونلاردىكى خەلقنىڭ ئومۇمىي ئاۋازى بولۇپ قالدى. گومىنداڭ خەلقنىڭ جىددىي تەلىۋىگە قارىتا مادارا قىلىپ قويۇش ئۈچۈن، 1944 - يىل 4 - ئايدا «سۆز ئەركىنلىكى مىزانىنى كېڭەيتىش» دېگەن نىمىنى ئېلان قىلدى؛ 5 - ئايدا گومىنداڭ جۇڭيانگى 12 - ئومۇمىي يىغىنى يەنە «سۆز ئەركىنلىكىنى تەمىن ئېتىش»نى جاكالىدى. لېكىن گومىنداڭنىڭ مەجبۇرىيەت ئاستىدا بىلدۈرگەن بۇ ئىپادىلىرى كېيىن بىر ئازمۇ ئەمەلدە كۆرۈلمىدى، ئۇنىڭ خەلقنىڭ سۆز ئەركىنلىكىنى بوغىدىغان تەدبىرلىرى خەلقنىڭ دېموكراتىك ھەركەتلىرىنىڭ ئۇرلىشىگە ئەگىشىپ كۆپىيىۋەردى.

# مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى بىرلىكسەپ*

**(1944 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى)**

بىزنىڭ بارلىق خىزمىتىمىز ياپون جاھانگىرلىكىنى يوقىتىش ئۈچۈندۇر. ياپون جاھانگىرلىكى، گىتلېرگە ئوخشاش، پات يېقىندا يوقىلىدۇ. لېكىن بىز يەنە داۋاملىق تىرىشىشىمىز كېرەك، شۇ چاغدىلا ئۇنى ئۈزۈل ـ كېسىل يوقىتالايمىز. بىزنىڭ خىزمىتىمىز، ھەممىدىن ئاۋال، ئۇرۇش قىلىش، ئۇنىڭدىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىش، ئۇنىڭدىن قالسا، مەدەنىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش. مەدەنىيەتسىز ئارمىيە ـــ نادان ئارمىيە، نادان ئارمىيە بولسا دۈشمەننى يېڭەلمەيدۇ.

ئازات رايونلار مەدەنىيىتىدە ئىلغار تەرەپ بارلىققا كەلدى، ئەمما قالاق تەرەپ يەنە بار. ئازات رايونلاردا خەلقنىڭ يېڭى مەدەنىيىتى بارلىققا كەلدى، ئەمما كەڭ تارقالغان فېودالىزم قالدۇقلىرى يەنە بار. 1 مىليون 500 مىڭ ئاھالىسى بار شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونىدا تېخى 1 مىليوندىن ئوشۇقراق ساۋاتسىز،

* بۇ ـــ يولداش ماۋزېدۇڭ شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونى مەدەنىيەت ـ مائارىپ خادىملىرى يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتۇق.

2 مىڭ داخان بار، خۇراپى ئىدىيىلەر كەڭ ئاممىگە ھېلىمۇ تەسىر كۆرسەتمەكتە. بۇلارنىڭ ھەممىسى — ئاممىنىڭ ئېڭىغا ئورۇنلاشقان دۈشمەن. ئاممىنىڭ ئېڭىغا ئورۇنلاشقان دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش، كوپ ۋاقىتلاردا، ياپون جاھانگىرلىگىگە قارشى تۇرۇشتىنمۇ قىيىنراق بولىدۇ. بىز ئاممىغا ئۆزى قوزغىلىپ ئۆزىدىكى ساۋاتسىزلىققا قارشى، خۇراپاتلىققا قارشى ۋە تازىلىققا رىئايە قىلماسلىق ئادەتلىرىگە قارشى كۆرەش قىلىش لازىملىغىنى ئېيتىشىمىز كېرەك. بۇ كۆرەشنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن كەڭ بىرلىكسەپ بولماي مۇمكىن ئەمەس. ھالبۇكى، شەنشى-گەنسۇ-نىڭشىيا چېگرا رايونىدەك ئاھالىسى شالاڭ، قاتناش ئىشلىرى ئوڭايسىز، ئەسلى مەدىنىيەت سەۋىيىسى ناھايىتى تۆۋەن بولغان جايدا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇش دەۋرىدە بۇنداق بىرلىكسەپ بولۇپمۇ كەڭ بولۇشى لازىم. شۇڭلاشقا، مائارىپ خىزمىتى جەھەتتە، مەركەزلەشكەن، مۇنتىزىم باشلانغۇچ مەكتەپلەر ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تارقاق، مۇنتىزىملاشمىغان يېزا مەكتەپلىرى، گېزىت ئوقۇش گۇرۇپپىلىرى ۋە ساۋات چىقىرىش گۇرۇپپىلىرىمۇ بولۇشى لازىم. يېڭىچە مەكتەپلەر بولۇشى كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىللە يېزىلاردىكى كونىچە خۇسۇسى مەكتەپلەردىن پايدىلىنىش ۋە ئۇلارنى ئۆزگەرتىش لازىم. سەنئەت خىزمىتى جەھەتتە، خۇاجۇي بولۇپلا قالماستىن، بەلكى چىنچياڭ① ۋە ياڭگېر ئويۇنلىرىمۇ بولۇشى لازىم. يېڭى چىنچياڭ، يېڭى ياڭگېر بولۇشى كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىللە كونا چاڭچىلىلەردىن پايدىلىنىش، ياڭگېر دۈيلىرىنىڭ ئومۇمىي سانىنىڭ 90 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان كونا ياڭگېر دۈيلىرىدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇلارنى پەيدىنپەي ئۆزگەرتىش لازىم. تېبىبى-دورىگەرلىك جەھەتتە تېخىمۇ شۇنداق

بولۇشى كېرەك. شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونىدا ئادەم ۋە چارۋا ماللارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى ناھايىتى يۇقۇرى، نۇرغۇن كىشىلەر تېخىچە داخانىلارغا ئىشىنىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، پەقەت دوختۇرلارغا يۆلىنىش بىلەنلا مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. دوختۇرلار، ئەلۋەتتە، تېۋىپلاردىن ئۈستۈن، لېكىن دوختۇرلار خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولمىسا، خەلق ئۈچۈن دوختۇر يېتىشتۈرمىسە، ھازىر چېگرا رايونىدىكى مىڭدىن ئارتۇق تېۋىپ ۋە كونىچە مال دوختۇرلىرى بىلەن بىرلەشمىسە ھەمدە ئۇلارنىڭ ئالغا بېسىشىغا ياردەم بەرمىسە، ئەمەلدە داخانىلارغا ياردەم بەرگەن بولىدۇ، ئەمەلدە ئادەم ۋە چارۋا ماللارنىڭ كۆپلەپ ئۆلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئېچىتمىغان بولىدۇ. بىرلىكسەپنىڭ ئىككى پىرىنسىپى بار: بىرىنچىسى ـــ ئىتتىپاقلىشىش؛ ئىككىنچىسى ـــ تەنقىت، تەربىيە بېرىش ۋە ئۆزگەرتىش. بىرلىكسەپتە تەسلىمچىلىك خاتا، باشقىلارغا نىسبەتەن چەتكە قېقىش ھەم پەس كۆرۈش پوزىتسىيىسىنى تۇتىدىغان مەزھەپچىلىكمۇ خاتا. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئىشلىتىشكە بولىدىغان بارلىق كونا زىيالىلار، كونا سەنئەتچىلەر ۋە تېۋىپلار بىلەن بىرلىشىش، ئۇلارغا ياردەم بېرىش، ئۇلارنى تەسىرلەندۈرۈش ۋە ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت. ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىتتىپاقلىشىش كېرەك. بىز بۇ ئىشنى جايىدا ئىشلىسەكلا، ئۇلار بىزنىڭ ياردىمىمىزنى قارشى ئالىدۇ.

بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز ـــ خەلق مەدەنىيىتى، مەدەنىيەت خادىملىرىدا خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان يۈكسەك قىزغىنلىق بولۇشى كېرەك، ئۇلار ئاممە بىلەن مۇناسىۋەت باغلىشى، ئاممىدىن ئايرىلىپ قالماسلىقى لازىم. ئاممە بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش ئۈچۈن ئاممىنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئىختىيارى بويىچە ئىش قىلىش كېرەك. ئاممە ئۈچۈن

ئېلىپ بېرىلىدىغان بارلىق خىزمەتلەردە، ھەرقانچە ياخشى بولسىمۇ، شەخسىي ئارزۇنى ئاساس قىلماي، ئاممىنىڭ ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىش كېرەك. كۆپ ۋاقىتلاردا ئاممە كېگۇەن جەھەتتە مەلۇم ئىسلاھاتلارنى قىلىشقا ئېھتىياجلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار جۇگۇەن جەھەتتە تېخى بۇنداق ئاڭ-سېزىمگە ئىگە بولمىغان بولسا، تېخى قەتئىي نىيەتكە كەلمىگەن بولسا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تېخى خالىمىغان بولسا، سەۋرىلىك بىلەن كۈتۈشىمىز لازىم؛ تاكى بىزنىڭ خىزمىتىمىز ئارقىلىق ئاممىنىڭ كۆپچىلىكى بۇنداق ئاڭ-سېزىمگە ئىگە بولغان، قەتئىي نىيەتكە كەلگەن، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى خالىغان چاغدىلا، ئاندىن بۇنداق ئىسلاھاتنى ئېلىپ بېرىش كېرەك، ئۇنداق قىلمىغاندا، ئاممىدىن ئايرىلىپ قالىمىز. ئاممىنىڭ قاتنىشىشى زۆرۈر بولغان خىزمەتلەردە، ئەگەر ئاممىنىڭ ئاڭلىقلىقى ۋە ئىختىيارىيلىقى بولمىسا، بۇنداق خىزمەتلەر قۇرۇق شەكىلگە ئايلىنىپ قېلىپ، مەغلۇپ بولىدۇ. «ئالدىرىغان قالار»② دىگەن سۆز، ئالدىرىماسلىق كېرەك، دىگەنلىك ئەمەس، قارامىلىق قىلما، دىگەنلىك بولىدۇ، قارامىلىق مۇقەررەر ھالدا مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ. بارلىق خىزمەتلەردە شۇنداق بولىدۇ؛ ئاممىنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان مەدەنىيەت-مائارىپ خىزمىتىدە تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. بۇ يەردە ئىككى پىرىنسىپ بار: بىرى، بىزنىڭ كاللىمىزدا ئويلاپ چىقىرىلغان ئېھتىياج ئەمەس، ئاممىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ئېھتىياجى؛ بىرى، بىزنىڭ ئاممە ئۈچۈن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ بېرىشىمىز ئەمەس، ئاممىنىڭ ئىختىيارىيلىقى، ئاممىنىڭ ئۆزى قەتئىي نىيەتكە كېلىشى.

# ئىزاھلار

① چىنچياڭ — شەنشى ئۆلكىسىنىڭ بىر تۈرلۈك كونىچە گېجۈي ئويۇنى. شەنشى قەدىمكى زاماندا چىن بەگلىكىنىڭ زېمىنى بولغاچقا، بۇ ئويۇن چىنچياڭ دەپ ئاتالغان.

② «ئالدىرىغان قالار» — كۇڭزىنىڭ سۆزى، «لۈنيۈي»نىڭ «زىلۇ» بابىغا قارالسۇن.

# ئىگىلىك خىزمىتىنى ئىشلەشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك*

**(1945 - يىل 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى)**

ئەمگەك قەھرىمانلىرى، خىزمەت نەمۇنىچىلىرى!

سىلەر يىغىن ئۆتكۈزۈپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىدىڭلار، كوپچىلىك سىلەرنى قارشى ئالماقتا، سىلەرنى ھۆرمەتلىمەكتە. سىلەرنىڭ ئۈچ خىل ئارتۇقچىلىقىڭلار بار، سىلەر ئۈچ خىل رول ئوينىدىڭلار. بىرىنچىسى — باشلامچىلىق رول. سىلەر ئالاھىدە تىرىشتىڭلار، سىلەرنىڭ نۇرغۇن ئىجادىيىتىڭلار بار، سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلار ئادەتتىكى كىشىلەر ئۈچۈن نەمۇنە بولۇپ قالدى، سىلەر خىزمەت ئۆلچىمىنى يۇقىرى كۆتەردىڭلار، بۇ ھال كوپچىلىكنى سىلەردىن ئۆگىنىشكە قوزغىدى. ئىككىنچىسى — تايانچلىق رول. سىلەرنىڭ كوپچىلىكىڭلار ھازىر تېخى كادىر ئەمەس، لېكىن سىلەر ئاممىنىڭ تايانچلىرى ۋە ئاممىنىڭ خېشىنى بولۇپ قالدىڭلار، سىلەر بولغاچقا، خىزمەتنى

---

* بۇ — يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونى ئەمگەك قەھرىمانلىرى ۋە خىزمەت نەمۇنىچىلىرى يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتۇق.

ئىلگىرى سۈرۈش ئاسانلاشتى. كېلەچەكتە سىلەر كادىر بولۇشۇڭلار مۇمكىن، سىلەر ھازىر كادىرلارنىڭ زاپاس قوشۇنى. ئۈچىنچىسى — كوۋرۈكلۈك رول. سىلەر يۇقۇرىدىكى رەھبىرىي خادىملار بىلەن تۆۋەندىكى كەڭ ئاممە ئوتتۇرىسىدىكى كوۋرۈك، ئاممىنىڭ پىكرى سىلەر ئارقىلىق يۇقۇرىغا كېلىدۇ، يۇقۇرىنىڭ پىكرى سىلەر ئارقىلىق تۆۋەنگە بارىدۇ.

سىلەرنىڭ نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقلىرىڭلار بار، كورسەتكەن ناھايىتى چوڭ خىزمەتلىرىڭلار بار، لېكىن شۇنى ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇشۇڭلار لازىمكى، مەغرۇرلىنىشقا بولمايدۇ. سىلەر كوپچىلىكنىڭ ھورمىتىگە ئىگە بولدۇڭلار، بۇنىڭغا ھەقلىقسىلەر، لېكىن بۇنىڭدىن ئاسانلا مەغرۇرلىنىشمۇ كېلىپ چىقىدۇ. ئەگەر سىلەر مەغرۇرلانساڭلار، كەمتەر بولمىساڭلار، يەنە تىرىشمىساڭلار، باشقىلارنى ھورمەتلىمىسەڭلار، كادىرلارنى ھورمەتلىمىسەڭلار ۋە ئاممىنى ھورمەتلىمىسەڭلار، قەھرىمان ۋە نەمۇنىچى بولالماي قالىسىلەر. ئوتمۇشتە شۇنداق ئادەملەر بولغان ئىدى، ئۇلارنى دورىماسلىقىڭلارنى ئۈمىت قىلىمەن.

سىلەرنىڭ تەجرىبەڭلارنى بۇ قېتىمقى يىغىن خۇلاسىلىدى. بۇ خۇلاسە ھوججەت ياخشى يېزىلغان، بۇ يەرگە مۇۋاپىق بولۇپلا قالماي، ھەرقايسى جايلارغىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ، بۇ ھەقتە سوزلەپ ئولتۇرمايمەن. مەن ئىگىلىك خىزمەتلىرىمىز ئۈستىدە بىر ئاز توختىلىپ ئوتمەكچى.

يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، بىز ئىگىلىك خىزمىتىنى ئۆگىنىۋېلىشقا باشلىدۇق، بىز ئىگىلىك خىزمىتىدە ناھايىتى زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشتۇق، لېكىن بۇ تېخى پەقەتلا بىر باشلىنىش. بىز 2 ـ 3 يىل ئىچىدە شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونىنى ۋە

دۇشمەن ئارقا سېپىدىكى ئازات رايونلارنى ئاشلىق ۋە سانائەت بۇيۇملىرىغا بولغان ئېھتىياجىنىڭ ھەممىسىنى ياكى كۆپ قىسمىنى ئۆزى تەمىنلەيدىغان ۋە ئېشىنىدىغان قىلىشىمىز كېرەك. بىز يېزا ئىگىلىكى، سانائەت ۋە سودا-سېتىق جەھەتلىرىدە ھازىرقىدىنمۇ زور ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم. ئەنە شۇ چاغدىلا تېخىمۇ كۆپ ئۆگەنگەن، تېخىمۇ ياخشى ئۆگەنگەن بولۇپ ھېساپلىنىمىز. ئەگەر قايسى بىر جايدا ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلانمىغان بولسا، قايتۇرما ھۇجۇم ئۈچۈن تەييارلانغان ماددى ئاساس تېخى مۇستەھكەملەنمىگەن بولسا، يېزا ئىگىلىكى، سانائەت ۋە سودا-سېتىق ئىشلىرى يىلدىن-يىلغا يۇقۇرى ئۆرلىمەي، توختاپ قالغان ھەتتا تۆۋەنلەۋاتقان بولسا، بۇ ھال شۇ جايدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيە خادىملىرىنىڭ تېخىچە ئىگىلىك خىزمىتىنى ئۆگىنىۋالمىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ، بۇنداق جايلار ئىنتايىن زور قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرايدۇ.

كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى يەنە بىر قېتىم قوزغاش زۆرۈر بولغان بىر مەسىلە بار، ئۇ بولسىمۇ بىزنىڭ ئىدىيىمىزنىڭ ھازىر ئۆزىمىز تۇرغان شارائىتقا مۇۋاپىق كېلىشىدىن ئىبارەت. بىزنىڭ ھازىر تۇرغان شارائىتىمىز — يېزا شارائىتى، بۇنىڭدا ھېچ مەسىلە يوقتەك كۆرۈنىدۇ، بىزنىڭ يېزىدا تۇرۇۋاتقانلىقىمىزنى كىم بىلمەيدۇ؟ ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. بىزنىڭ نۇرغۇن يولداشلىرىمىز ھەر كۈنى يېزىدا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ھەتتا، يېزىنى چۈشىنىمىز، دەپ ھېساپلىسىمۇ، لېكىن ئۇلار يېزىنى چۈشەنمەيدۇ، ھېچ بولمىغاندا، چوڭقۇر چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار يەككە ئىگىلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان، دۈشمەن تەرىپىدىن بۆلۈۋېتىلگەن ۋە شۇ سەۋەپتىن پارتىزان ئۇرۇشى بولۇۋاتقان يېزا شارائىتىدىن ئىبارەت مۇشۇ نۇقتىغا ئاساسلانمايدۇ،

شۇڭا ئۇلار سىياسى مەسىلىلەردە، ھەربى مەسىلىلەردە، ئىقتىسادىي مەسىلىلەردە، مەدەنىيەت مەسىلىلىرىدە، پارتىيە ئىشلىرى مەسىلە-لىرىدە، ئىشچىلار ھەركىتى، دېخانلار ھەركىتى، ياشلار ھەركىتى، ئاياللار ھەركىتىگە ئوخشاش مەسىلىلەردە، كوپىنچە، مۇۋاپىق ئىش كورمەيدۇ ياكى ئانچە مۇۋاپىق ئىش كورمەيدۇ. ئۇلار يېزىغا شەھەر نۇقتىسىنەزىرىدە تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىدۇ، تۇرغۇن نامۇۋاپىق پىلانلارنى جۇگۇەن ھالدا تۇزۇپ چىقىپ، زورمۇ-زور ئىجرا قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ-دە، ھەمىشە تامغا ئۇسۇۋالىدۇ. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، ئىستىل تۇزىتىش ئارقىسىدا ۋە خىزمەتلەردە مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچراش ئارقىسىدا يولداشلىرىمىز خېلى كوپ ئالغا باستى. لېكىن بىز ئىدېيىمىزنى ئوزىمىز تۇرغان شارائىتقا تامامەن مۇۋاپىقلاشتۇرۇشقا يەنە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك، شۇنىڭدىن كېيىنلا، ھەممە خىزمىتى-مىزدە ئۇنۇمگە ئېرىشەلەيمىز ھەمدە ئۇنۇمگە تېز ئېرىشەلەيمىز. ئەگەر بىز ئوزىمىز تۇرغان شارائىتنىڭ يەككە ئىگىلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان، دۈشمەن تەرىپىدىن بولۇۋېتىلگەن ۋە شۇ سەۋەپتىن پارتىزان ئۇرۇشى بولۇۋاتقان يېزا گېنجۇيدىلىرى شارائىتى ئىكەنلى-گىنى ھەقىقى چۈشىنىدىغان بولساق، ئەگەر بىز ئوزىمىز ئىشلەۋاتقان ھەممە ئىشلاردا مۇشۇ نۇقتىغا ئاساسلىنىدىغان بولساق، قارىماققا ئىشىمىز ناھايىتى ئاستا ئۇنۇم بېرىۋاتقاندەك ۋە داغدۇغىلىق ئەمەستەك كورۇنىسمۇ، لېكىن، ئەمىلىيەتتە، بۇ نۇقتىغا ئاساسلانماي، باشقا بىر نۇقتىغا، ئېيتايلى، شەھەر نۇقتىسىنەزىرىگە ئاساسلانغانغا قارىغاندا، ئۇنىڭ نەتىجىسى قانداق بولۇپ چىقاتتى؟ ئۇ چاغدا ھەرگىز ناھايىتى ئاستا ئەمەس، ئەكسىچە، ناھايىتى تېز بولغان بولاتتى. چۈنكى بىز كېيىنكى نۇقتىغا ئاساسلىنىپ، بۇگۇنكى ئەملىي

ئەھۋالدىن ئايرىلىپ قالىدىغان بولساق، ئۇ چاغدا مەسىلە ئۇنىڭ تېز ـ ئاستىلىقى مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى ھەممە مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچراش، ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەسلىك مەسىلىسى بولغان بولاتتى.

مەسىلەن، بىز تەشەببۇس قىلغان ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ ھازىرقى شەكىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىنىڭ ناھايىتى زور نەتىجە بەرگەنلىكى بۇنىڭ روشەن دەلىلى.

بىز ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا زەربە بېرىشىمىز ھەمدە شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىشكە، قولدىن كەتكەن جايلارنى قايتۇرۇۋېلىشقا تەييارلىنىشىمىز لازىم. لېكىن بىز يەككە ئىگىلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان، دۈشمەن تەرىپىدىن بۆلۈۋېتىلگەن، پارتىزان ئۇرۇشى بولۇۋاتقان يېزا شارائىتىدا تۇرغاندا، قانداق قىلىپ بۇ مەقسەتكە يېتەلەيمىز؟ بىز گومىنداڭنىڭ ئۆزى قول سېلىپ ئىشلىمەي، پەقەت چەتئەللىكلەرگىلا تايىنىۋېلىشنى ھەتتا پاختا رەختكە ئوخشاش كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىمۇ چەتئەللەرگە بېقىندا بولۇپ قېلىشنى دورىمايمىز. بىز ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشنى قۇۋۋەتلەيمىز. بىز چەتنىڭ ياردىمى بولۇشنى ئۈمىت قىلىمىز، لېكىن بىز ئۇنىڭغا تايىنىۋالساق بولمايدۇ، بىز ئۆزىمىزنىڭ تىرىشچانلىقىغا تايىنىمىز، پۈتۈن ئارمىيە ۋە پۈتۈن خەلقنىڭ ئىجادىي كۈچىگە تايىنىمىز. ئۇنداق بولسا، قانداق چارىلەر بار؟ بىز ئارمىيىدىمۇ، خەلق ئىچىدىمۇ بىر ۋاقىتتا كەڭ كۆلەملىك ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىنى قوزغاشتىن ئىبارەت چارىنى قوللىنىمىز.

يېزا شارائىتى بولغانلىقتىن، ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچلەر تارقاق بولغانلىقتىن، بىز ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەمىنلەشتە «بىرتۇتاش

رەھبەرلىك قىلىش، تارقاق باشقۇرۇش» فاڭجېنىنى قوللاندۇق.

يېزا شارائىتى بولغانلىقتىن، دېخانلارنىڭ ھەممىسى تارقاق يەككە ئىشلەپچىقارغۇچىلار بولۇپ، قالاق ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ئىشلىتىۋاتقانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەرنىڭ كوپ قىسمى يەنە پومېشچىكلارنىڭ قولىدا بولۇپ، دېخانلار فېوداللىق يەر ئىجارىسى ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچراۋاتقانلىقتىن، دېخانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىزغىنلىقىنى ھەم يېزا ئىگىلىك ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىز ئىجارە ۋە ئۆسۈمنى كېمەيتىش ھەم ئەمگەكتە ھەمكارلىشىشنى تەشكىللەشتىن ئىبارەت ئىككى فاڭجېننى قوللاندۇق. ئىجارە كېمەيتىش دېخانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىزغىنلىقىنى ئاشۇردى، ئەمگەكتە ياردەملىشىش يېزا ئىگىلىك ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇردى. مەن خۇابېي، خۇاجۇڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ماتېرىياللارنى ئالدىم، بۇ ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىدە ئېيتىلىشىچە، ئىجارە كېمەيتىلگەندىن كېيىن، دېخانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىزغىنلىقى زور دەرىجىدە ئېشىپتۇ، ئۇلار بىزنىڭ بۇ يەردىكى بىرنەچچە بۇ يەردىكى بىزنىڭ ئۆمەك ۋە ئەمگەك تەشكىلاتلىرىدا ۋە ئەمگەك ئالماشتۇرۇش ئۆمەكلىرىگە ئوخشاش ئۆزئارا ھەمكارلىق يولىغا قويۇلىدىغان تەشكىلاتلارنى ئۇيۇشتۇرۇشنى خالاپتۇ، 3 كىشىنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمى 4 كىشىنىڭكىگە تەڭ بولۇپتۇ. ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، 90 مىليون كىشىنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمى 120 مىليون كىشىنىڭكىگە تەڭ كېلىدۇ. ھەتتا 2 كىشىنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمى 3 كىشىنىڭكىگە تەڭ كەلگەن جايلارمۇ بار ئىكەن. ئەگەر بىز بۇيرۇقچىلىق ۋە ئالدىراقسانلىق فاڭجېنىنى قوللانماي، بەلكى سەۋرچانلىق بىلەن قايىل قىلىش، ئۈلگە كورستىش فاڭجېنىنى قوللانساق، ئۇ ھالدا، بىرنەچچە يىل ئىچىدىلا دېخانلارنىڭ زور كوپچىلىكىنى يېزا

ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا ھەمكارلىق يولىغا قويۇلىدىغان تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشتۇرالايمىز. بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلاتلىرىغا ئۇيۇشۇش ئادەتتە ئايلانغاندا، ئىشلەپچىقىرىش مىقتارى زور دەرىجىدە ئېشىپلا قالماستىن، ھەر خىل ئىجادىيەتلەرمۇ مەيدانغا چىقىدۇ ۋە سىياسىي جەھەتتىمۇ ئىلگىرىلەش بولىدۇ، مەدەنىيەتمۇ يۇقۇرى كۆتىرىلىدۇ، تازىلىقمۇ ئەھمىيەت بېرىلىدىغان بولىدۇ، لۈكچەكلەرمۇ ئۆزگىرىدۇ، ئۆرپ-ئادەتلەرمۇ ئۆزگىرىدۇ؛ ئانچە ئۇزاققا قالماي، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىمۇ ياخشىلىنىدۇ. ئۇ ۋاقىتقا يەتكەندە، بىزنىڭ يېزا جەمئىيىتىمىز قەدەممۇ-قەدەم يېڭى ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ.

ئەگەر بىزنىڭ خادىملىرىمىز مۇشۇ خىزمەتنى كۆڭۈل قويۇپ تەتقىق قىلسا، يېزا خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەركىتىنى قانات يايدۇرۇشىغا ئەڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بەرسە، بىرنەچچە يىل ئىچىدە يېزىلاردا ئاشلىق ھەم كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى مول بولىدۇ، ئۇ چاغدا، جەڭنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە قەھەتچىلىك يىللىرىغا بەرداشلىق بېرىش مۇمكىن بولۇپلا قالماي، بەلكى كەلگۈسىدە ئىشلىتىش ئۈچۈن كۆپ مىقداردا ئاشلىق ھەم كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى غەملىۋالغىلى بولىدۇ.

دېخانلارنىلا ئىشلەپچىقىرىشقا ئۇيۇشتۇرۇپ قالماي، بەلكى شۇ قاتاردا قىسىملار ۋە ئىدارىلەرنىمۇ ئىشلەپچىقىرىشقا ئۇيۇشتۇرۇش لازىم.

يېزا شارائىتى بولغانلىقتىن، ھېمىشە دۈشمەن تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنىۋاتقان يېزا شارائىتى بولغانلىقتىن ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇش بولۇۋاتقان يېزا شارائىتى بولغانلىقتىن، قىسىملار ۋە

ئىدارىلەر ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشى لازىم. تارقاق پارتىزان ئۇرۇشى بولۇۋاتقانلىقتىن، قىسىملار ۋە ئىدارىلەرمۇ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونىمىزدا، قىسىملار ۋە ئىدارىلەر-نىڭ ئادەم سانىنى چېگرا رايون ئاھالىسىگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ تۇتقان نىسبىتى ناھايىتى يۇقىرى بولغانلىقتىن، ئۆزىمىز ئىشلەپچى-قارمىساق، ئاچ قالىمىز؛ خەلقتىن ئالىدىغىنىمىز بەك كۆپىيىپ كەتسە، خەلق كۆتۈرەلمەي، قالىدۇ، خەلقمۇ ئاچ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز كەڭ كۆلەملىك ئىشلەپچىقىرىش ھەركىتىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدۇق. شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونىدىن ئېيتساق، قىسىملار ۋە ئىدارىلەرگە ھەر يىلى 260 مىڭ دەن (بىر دەن — 300 جىڭ) ئاق ئاشلىق (سوك) كېتىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە خەلقتىن ئېلىنىدىغىنى 160 مىڭ دەن، ئۆزلىرى ئىشلەپچىقىرىدىغىنى 100 مىڭ دەن، ئەگەر ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارمىغان بولسا، ئارمىيە ۋە خەلقتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنىڭ بىرى جەزمەن ئاچ قالغان بولاتتى. ئىشلەپچىقىرىش ھەركىتىنى قانات يايدۇرغانلىقىمىز ئۈچۈن، ھازىر ئاچ قالمىدۇق، بەلكى ئارمىيىمۇ، خەلقمۇ ناھايىتى ئوبدان ئوزۇقلانماقتا.

بىزنىڭ چېگرا رايونىمىزدىكى ئىدارىلەر، ئاشلىق ۋە كىيىم-كېچەك، يوتقان - كۆرپىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، باشقا خىراجەتلەرنىڭ نۇرغۇن قىسمىنى ئۆزى تەييارلىماقتا، بەزى ئورۇنلار بولسا ھەممىسىنى ئۆزى تەييارلىماقتا. يەنە بىرمۇنچە ئورۇنلار ئۆزىنى بىر قىسىم ئاشلىق ۋە بىر قىسىم كىيىم - كېچەك، يوتقان - كۆرپە بىلەنمۇ تەمىنلىمەكتە.

چېگرا رايوندىكى قىسىملارنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى تېخىمۇ

چوڭ. نۇرغۇن قىسىملار ئاشلىق، كېيىم - كېچەك، يوتقان - كۆرپە ۋە باشقا بارلىق نەرسىلەر بويىچە تامامەن ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلىمەكتە، يەنى ھۆكۈمەتتىن ھېچنەرسە ئالماي، ئۆز - ئۆزىنى يۈزدە - يۈز تەمىنلىمەكتە. بۇ — ئەڭ يۇقۇرى ئۆلچەم، بۇ — 1 - ئۆلچەم، بۇنىڭغا بىرنەچچە يىل ئىچىدە پەيدىن - پەي ئېرىشىلگەن.

ئالدىنقى سەپتە ئۇرۇش بولىدۇ، شۇڭا بۇ ئۆلچەمنى قوللىنىشقا بولمايدۇ. ئالدىنقى سەپتە 2، 3 - ئۆلچەمنى قوللىنىش مۇمكىن. 2 - ئۆلچەم بويىچە، ئاشلىق ۋە كېيىم - كېچەك، يوتقان - كۆرپىنى ھۆكۈمەت بەرگەندىن تاشقىرى، باشقا نەرسىلەر، مەسىلەن، ياغ (ھەر كىشىگە كۈنىگە بەش مىسقال)، تۇز (ھەر كىشىگە كۈنىگە بەش مىسقال)، كۆكتات (ھەر كىشىگە كۈنىگە بىر جىڭدىن بىر يېرىم جىڭغىچە)، گۆش (ھەر كىشىگە ئېيىغا بىر جىڭدىن ئىككى جىڭغىچە)، ئوتۇن - كۆمۈر خىراجىتى، ئىش خىراجىتى، پارچە خىراجەت، مائارىپ خىراجىتى، ساقلىقنى ساقلاش خىراجىتى، قورال - ياراق تازىلاش خىراجىتى، تاماكا، خەي، پايپاق، پەلەي، لوڭگە، چىش چوتكىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەيدۇ، بۇلار پۈتۈن خىراجەتنىڭ تەخمىنەن 50 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، بۇنىڭغا 2 - 3 يىل ئىچىدە ئاستا - ئاستا ئېرىشكىلى بولىدۇ. ھازىر بۇنىڭغا ئېرىشكەنلەرمۇ بار. بۇ ئۆلچەمنى مۇستەھكەملەنگەن رايونلاردا يولغا قويسا بولىدۇ.

3 - ئۆلچەم چەت - ياقا رايونلاردا ھەم پارتىزان رايونلىرىدا يولغا قويۇلىدۇ، ئۇلار ئۆز - ئۆزىنى 50 پىرسەنت تەمىنلىيەلمەيدۇ، لېكىن 15 پىرسەنتتىن 25 پىرسەنتكىچە تەمىنلىشى مۇمكىن. مۇشۇنداق قىلالىسىمۇ، ناھايىتى ياخشى بولغىنى.

قىسقىسى، پەۋقۇلئاددە ئەھۋالنى ھېساپقا ئالمىغاندا، بارلىق قىسىملار، ئىدارىلەر جەڭ، ھەربى تەلىم ۋە خىزمەت ئارىلىقىدىكى بوش ۋاقىتلاردا ئىشلەپچىقىرىشقا قاتنىشىشى لازىم. قىسىملار ۋە ئىدارىلەر جەڭ، ھەربى تەلىم ۋە خىزمەت ئارىلىقىدىكى بوش ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كوللېكتىپ قاتناشقاندىن تاشقىرى، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن مەخسۇس شۇغۇللىنىشقا خادىملارنى تەشكىللەپ، نۇڭچاڭ، كۆكتاتلىق، مۇچاڭ، ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشخانىلىرى، كىچىك زاۋۇتلار، نەقلىيات دۆيلىرى ۋە كوپېراتىپلارنى قۇرۇشى ياكى دېخانلار بىلەن ئورتاقلىشىپ ئاشلىق، كۆكتات تېرىشى لازىم. ھازىرقى شارائىتتا، قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئۈچۈن ھەرقانداق ئىدارە ۋە قىسىملار ئۆز ئىگىلىكىنى تىكلىشى كېرەك. ئۆز ئىگىلىكىنى تىكلەشنى خالىمايدىغان تەييارتاپلىق — نومۇس. سۈپىتىگە قاراپ دەرىجىگە ئايرىشتىن ئىبارەت بولغان شەخسلەرگە پايدا بولۇپ بېرىش تۈزۈمىنىمۇ بەلگىلەپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن بىۋاستە شۇغۇللىنىدىغان خادىملارنى پايدىغا ئىگە قىلىش، شۇنىڭ بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. شۇنىڭدەك باشلىقلار مەسئۇل بولۇشى، ئۆزى قول سېلىپ ئىشلىشى لازىم، رەھبىرى تايانچلار بىلەن كەڭ ئاممىنى بىرلەشتۈرۈش، ئومۇمى چاقىرىق بىلەن كونكرېت يېتەكچىلىكنى بىرلەشتۈرۈش چارىلىرىنى يولغا قويۇش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىنى ئۈنۈملۈك ئالغا سۈرگىلى بولىدۇ.

بەزىلەر، قىسىملار ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانسا، ئۇرۇش ۋە ھەربى تەلىم ئېلىپ بارالماي قالىدۇ؛ ئىدارىلەر ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانسا، خىزمەت قىلالماي قالىدۇ، دېيىشىدۇ. بۇنداق

گەپ توغرا ئەمەس. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى، بىزنىڭ چېگرا رايونىدىكى قىسىملىرىمىز كەڭ كولەملىك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، كىيىم-كېچەك، ئوزۇق-تۈلۈكنى مول قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەم ھەربىي تەلىم ئېلىپ باردى، ھەم سىياسىي ئۆگىنىش ۋە مەدەنىيەت ئۆگىنىشى ئېلىپ باردى، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ زور ئۇتۇققا ئېرىشتى، ئارمىيىنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقى ۋە ئارمىيە بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ ياخشى بولدى. ئالدىنقى سەپتە بولتۇر بىر يىل ئىچىدە كەڭ كولەملىك ئىشلەپچىقىرىش ھەركىتى ئېلىپ بېرىلدى، شۇنداقتىمۇ شۇ يىلى ئۇرۇش قىلىش جەھەتتە ناھايىتى زور ئۇتۇق قولغا كەلدى، شۇنىڭدەك ھەربىي تەلىم ھەركىتى ئومۇميۈزلۈك باشلىنىپ كەتتى. ئىدارىلەر ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقتىن، خادىملارنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلاندى، ئۇلار خىزمەتتە تېخىمۇ خاتىرجەم بولدى، ئۇلارنىڭ خىزمىتى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك بولدى، چېگرا رايوندىمۇ، ئالدىنقى سەپتىمۇ شۇنداق بولدى.

بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، يېزا پارتىزان ئۇرۇشى شارائىتىدا تۇرۇۋاتقان ئىدارە ۋە قىسىملار، ئەگەر ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەش ھەركىتىنى ئېلىپ بارسا، ئۇلارنىڭ جەڭ قىلىشى، ھەربىي تەلىمى ۋە خىزمىتى تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ جانلىق بولىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئىنتىزامى، ئىچكى ئىتتىپاقلىقى ۋە سىرتقى ئىتتىپاقلىقى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. بۇ ـ بىزنىڭ جۇڭگونىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ مەھسۇلى، بۇ ـ بىزنىڭ شان-شەرىپىمىز. بىز بۇنى ئۆگىنىۋالساق، ھەرقانداق ماددىي قىيىنچىلىقلاردىن قورقمايمىز. بىز يىلدىن-يىلغا تېخىمۇ روھلىنىپ

كېتىمىز، تېخىمۇ زور كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە بولىمىز، ئۇرۇشقانسېرى كۈچىيىپ بارىمىز، پەقەت بىزلا دۈشمەننى يېڭىپ چۈشىمىز. دۈشمەن بىزنى يېڭىپ چۈشەرمىكىن، دەپ ئەسلا قورقمايمىز.

بۇ يەردە ئالدىنقى سەپتىكى يولداشلىرىمىزنىڭ يەنە دىققىتىنى قوزغاشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا بار. بىزنىڭ بەزى رايونلىرىمىزنىڭ قورۇلغىنىغا ئانچە ئۇزاق بولمىدى، ئۇ يەرلەر خېلى مولچىلىق، لېكىن ئۇ يەرلەردىكى خادىملار مۇشۇنداق مولچىلىققا تايىنىۋېلىپ، ئىقتىسات قىلىشنى خالىمايۋاتىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشنىمۇ خالىمايۋاتىدۇ. بۇنداق قىلىش ياخشى ئەمەس، ئۇلار كەلگۈسىدە چوقۇم زىيان تارتىدۇ. ھەرقانداق جاي ئادەم كۈچى ۋە ماددى كۈچنى بەكمۇ ئاسرىشى لازىم، ھازىرنىلا نەزەردە تۇتۇپ، قالايمىقان ئىشلىتىپ ئىسراپ قىلىۋېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. ھەرقانداق جايدا ئىش باشلىغان يىلدىن تارتىپ، كەلگۈسىدىكى نۇرغۇن يىللارنى ھېساپقا ئېلىش، ئۇرۇشنى ئۇزاق مۇددەت قەتئى ئېلىپ بېرىشنى ھېساپقا ئېلىش، قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشنى ھېساپقا ئېلىش، دۈشمەننى قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىنكى قۇرۇلۇشنى ھېساپقا ئېلىش زۆرۈر. بىر تەرەپتىن، ھەرگىز قالايمىقان ئىشلىتىپ ئىسراپ قىلماسلىق، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىشلەپچىقىرىشنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇش لازىم. ئۆتكەندە بەزى جايلارنىڭ ئۇزاقنى كوزدە تۇتۇشى يېتەرلىك بولمىدى، ئۇلار ئادەم كۈچى ۋە ماددى كۈچنى تېجەشكىمۇ ئەھمىيەت بەرمەي، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقىمۇ ئەھمىيەت بەرمەي، چوڭ زىيان تارتتى. بۇ ساۋاق بولدى، ئەمدى دىققەت قىلىش لازىم.

سانائەت بۇيۇملىرىغا كەلسەك، شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونى 2 يىل ئىچىدە پاختا، يىپ، رەخت، تۆمۈر، قەغەز ۋە باشقا

نۇرغۇن كېرەكلىك نەرسىلەر بىلەن ئۆز-ئۆزىنى تولۇق تەمىنلىيەلەيدىغان بولۇشنى قارار قىلدى. بۇرۇن زادى بولمىغان ياكى ناھايىتى ئاز ئىشلەپچىقىرىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىمىز تېرىپ، ئۆزىمىز ئىشلەپ، ئۆز-ئۆزىمىزنى تەمىنلىشىمىز، زادىلا چەتكە يۆلەنمەسلىكىمىز لازىم. بۇ ۋەزىپىلەرنى ئومۇم ئىگىلىكى، خۇسۇسلار ئىگىلىكى ۋە كوپىراتىپ ئىگىلىكىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ ئورۇنلايدۇ. ھەممە مەھسۇلاتلارنىڭ سان جەھەتتىن كوپ بولۇشىلا ئەمەس، بەلكى سۈپەت جەھەتتىن ياخشى، چىدامىلىق، پۇختا بولۇشىمۇ تەلەپ قىلىنىدۇ. چېگرا رايون ھوكۈمىتى، 8- ئارمىيە بىرلەشمە مۇداپىئە سىلىڭبۇسى، داگجۇگياڭ شىبېيجۈيى بۇلارنى ناھايىتى چىڭ تۇتماقتا، بۇ ناھايىتى توغرا. ئالدىنقى سەپتىكى ھەرقايسى جايلارنىڭمۇ مۇشۇنداق قىلىشىنى ئۈمىت قىلىمىز. نۇرغۇن جايلار شۇنداق قىلىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

بىزنىڭ چېگرا رايونىمىز ۋە پۈتۈن ئازات رايونلىرىمىز يەنە 2 يىلدىن 3 يىلغىچە ۋاقىت سەرپ قىلسا، پۈتۈن ئىگىلىك خىزمىتىنى ئۆگىنىۋېلىشى مۇمكىن. بىز ئاشلىق ۋە سانائەت بۇيۇملىرى بويىچە پۈتۈن قىسمىنى ياكى كوپ قىسمىنى ئۆزىمىز تېرىپ، ئۆزىمىز ئىشلەپ، ئۆز-ئۆزىمىزنى تەمىنلەش شۇنىڭدەك ئېشىنىش دەرىجىسىگە يەتكەن كۈن بىز يېزىلاردا ئىگىلىك خىزمىتىنى قانداق ئىشلەشنى پۈتۈنلەي ئۆگىنىۋالغان كۈن بولىدۇ. كەلگۈسىدە دۈشمەننى شەھەرلەردىن قوغلاپ چىقارغاندا، بىز يېڭى ئىگىلىك خىزمەتلىرىنىمۇ ئىشلىيەلەيدىغان بولىمىز. جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇشى بىزگە باغلىق، تىرىشىپ ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

# پارتىزان رايونلىرىدىمۇ ئىشلەپچىقىرىشنى ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ*

(1945 - يىل 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى)

بىزنىڭ دۈشمەن ئارقا سېپىگە جايلاشقان ئازات رايونلاردىكى مۇستەھكەم مەرەك گېنجۇيدىلىرىمىزدە، ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەركىتىنى قوزغاشنىڭ مۇمكىنلىكى ۋە لازىملىقى مەسىلىسى بۇرۇنلا ھەل قىلىنىپ بولغان، بۇنىڭدا گەپ يوق. لېكىن پارتىزان رايونلىرىدا، دۈشمەن ئارقا سېپىنىڭ ئارقا سېپىدە مۇشۇنداق قىلىشقا بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقى ئۆتكەندە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىدە ھەل بولماي كەلگەن ئىدى، بۇنىڭ سەۋەبى دەلىللەرنىڭ كەملىكى ئىدى.

لېكىن ھازىر دەلىللەر بار. يولداش جاڭ پىڭكەينىڭ 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى «جيېفاڭ رىباۋ» گېزىتىگە بېسىلغان سەنشى - چاخار - خېبېيدىكى پارتىزان دۈيلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەركىتى توغرىسىدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، سەنشى - چاخار - خېبېي چېگرا رايونىدىكى

---

* بۇ — يولداش ماۋزېدۇڭ يەنئەن «جيېفاڭ رىباۋ» گېزىتى ئۈچۈن يېزىپ بەرگەن باشماقالە.

نۇرغۇن پارتىزان رايونلىرىدا 1944 ـ يىلى كەڭ كولەملىك ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىلغان ۋە ناھايىتى ئوبدان ئۇتۇقلار قولغا كەلتۇرۇلگەن. يولداش جاڭ پىڭكەينىڭ خەۋىرىدە ئېيتىلغان رايونلار ۋە قىسىملار ئوتتۇرا خېبېيدىكى 6 ـ فېنچۇي، 2 ـ فېنچۇينىڭ 4 ـ جۇيدۇيى، 4 ـ فېنچۇينىڭ 8 ـ جۇيدۇيى، شۇيشۇي ـ دىڭشىڭ جۇدۇيى، باۋدىڭ ـ مەنچېڭ جۇدۇيى، يۈنبياۋ جۇدۇيى، سەنشىنىڭ دەيشىيەن ۋە گوشيەن ناھىيىلىرىدىكى قىسىملاردىن ئىبارەت. ئۇ رايونلارنىڭ شارائىتى ناھايىتى ناچار: «دۇشمەن قوشۇنى ۋە قورچاق قوشۇنلارنىڭ جۇيدىيەن ۋە پوتەيلىرى ھەر قەدەمدە ئۇچراپ تۇرىدۇ، تام ـ خەندەكلەر ۋە تاش يوللار خۇددى تورغا ئوخشاش چىرمىشىپ كەتكەن، دۇشمەن ئوزىنىڭ ھەربى جەھەتتىكى ئۇستۇنلۇگىدىن ۋە ئەپلىك قاتناش شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، دائىم بىزگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ تۇرىدۇ، بىزنى قورشىۋالىدۇ ۋە بىزگە قارشى «تازىلاش» ئېلىپ بارىدۇ؛ پارتىزان دۇيلىرى بۇ شارائىتقا جاۋاپ بېرىش ئۇچۇن ھەر كۇنى بىرنەچچە يەرگە يوتكىلىدۇ.» شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار يەنە جەڭ ئارىلىقىدىكى بوش ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئېلىپ بارالىغان. نەتىجىدە «كوپچىلىكنىڭ تەمىناتى ياخشىلاندى، ھەر بىر كىشىنىڭ كۇنلۇك يېغى بەش مىسقالغا، تۇزى بەش مىسقالغا، كوكتاتلىرى بىر جىڭغا، ئايلىق گوشى بىر يېرىم جىڭغا يەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بىرنەچچە يىلدىن بۇيان تېپىلماي كەلگەن چىش چوتكىسى، چىش پاراشوكى ھەم ساۋات چىقىرىش قوللانمىلىرىمۇ ھازىر تەق بولدى». قاراڭلار، پارتىزان رايونلىرىدا ئىشلەپچىقىرىشنى ئېلىپ بارغىلى بولمامدىكەن!

نۇرغۇن كىشىلەر، ئاھالە زىچ جايلاشقان جايلاردا يەر يوق،

دىيىشىدۇ. راستىلا يەر يوقمۇ؟ سەنشى-چاخار-خېبېي چېگرا رايونىغا قاراپ بېقىڭلار: «ئالدى بىلەن يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىش فاڭجېنى بويىچە يەر مەسىلىسى ھەل قىلىندى. ئۇلار توققۇز تۈرلۈك چارە قوللاندى، بۇ چارىلەر: بىرىنچى، قامال تام-خەندەكلىرىنى تۈزلىۋېتىش؛ ئىككىنچى، دۈشمەننىڭ پايدىلىنىشى مۇمكىن بولغان ماشىنا يوللىرىنى بۇزۇۋېتىپ، ئىككى تەرىپىگە زىرائەت تېرىش؛ ئۈچىنچى، پارچە-پۇرات بوز يەرلەردىن پايدىلىنىش؛ تۆتىنچى، مىنبىڭلارغا ياردەملىشىپ، قورال بىلەن مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرۇپ، ئايدىڭ كېچىلەردە دۈشمەن ئىستىھكاملىرى تۆۋىدىكى يەرلەرنى تېرىۋېلىش؛ بەشىنچى، ئەمگەك كۈچى كەم دېخانلار بىلەن ئورتاقچىلىق قىلىش؛ ئالتىنچى، جەڭچىلەر باشقىچە ياسىنىپ، يېرىم ئاشكارا شەكىل بىلەن دۈشمەننىڭ جۈيدىيەن ۋە پوتەيلىرى ئەتراپىدىكى يەرلەرنى تېرىش؛ يەتتىنچى، دەريا بويلىرىدىن پايدىلىنىش، قاش ياساپ ئېتىز بىنا قىلىش، قۇمنى كوچۇرۇۋېتىپ يەر ئېچىش؛ سەككىزىنچى، دېخانلارغا ياردەملىشىپ، بىنەم يەرلەرنى ئولكە يەرلەرگە ئايلاندۇرۇش؛ توققۇزىنچى، ئوزلىرى ھەركەتلىنىۋاتقان يېزا-كەنت-لەردىن پايدىلىنىپ، ھەممىلا يەردە دېخانلارغا يەر تېرىشىپ بېرىش.»

دېخانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىش مۇمكىن بولسىمۇ، قول سانائەت ۋە باشقا ئىشلەپچىقىرىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش مۇمكىن ئەمەستۇ؟ راستىلا مۇمكىن ئەمەسمۇ؟ سەنشى-چاخار-خېبېي چېگرا رايونىغا قاراپ بېقىڭلار: «خەندەكلەر سىرتىدىكى قوشۇنلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى دېخانچىلىق بىلەن چەكلىنىپ قالمىدى، بەلكى ئۇلار مۇستەھكەملەنگەن رايونلارغا ئوخشاشلا قول سانائەت ۋە نەقلىيات ئىشلىرىنىمۇ قانات يايدۇردى. 4-جۈيدۇي بىر كىگىز

قالپاق ئىشخانىسى، بىر يۇفاڭ، بىر موفاڭ قۇرۇپ، 7 ئاي ئىچىدە يەرلىك پۇلغا 500 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى. بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپلا قالماستىن، بەلكى پارتىزان رايونلىرىدىكى ئاممىنىڭ ئېھتىياجىنىمۇ ھەل قىلدى. جەڭچىلەر يۇڭ كىيىم، يۇڭ پايپاقلار ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن ئۆز-ئۆزىنى تولۇق تەمىنلىيەلەيدىغان بولدى.»

پارتىزان رايونلىرىدا ئۈستى-ئۈستىگە جەڭ بولۇۋاتسا، قوشۇنلار ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغاندا جەڭ قىلىشقا تەسىر يېتىپ قالارمىكىن؟ راستىلا شۇنداقمۇ؟ سەنشى-چاخار-خېبېي چېگرا رايونىغا قاراپ بېقىڭلار: «ئەمگەك قىلىش بىلەن جەڭ قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، جەڭ قىلىش ۋەزىپىسى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىگە ئوخشاش ئېتىۋار بەردى.» «2-فېنچۈيىنىڭ 4-چۈيدۈيىنى ئېلىپ كورەيلى. ئەتىيازلىق تېرىلغۇ باشلانغان ۋاقىتتا، دۈشمەنگە زەربە بېرىش ئۈچۈن مەخسۇس قوشۇن ئەۋەتتى، شۇنىڭدەك كۆچلۈك سىياسى ھۇجۇم ئېلىپ باردى. ئەنە شۇنداق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ھەربى پائالىيەتلىرىمۇ جانلاندى، قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقىمۇ ئاشتى. بۇ كىچىك قوشۇن 2-ئايدىن 9-ئاينىڭ باشلىرىغىچە 71 قېتىم جەڭ قىلىپ، جۇدۇڭشى، شاڭجۇاڭ، يېجۇاڭ، فېڭجياجەي، ياتۇ قاتارلىق جۇيدىيەنلەرنى ئالدى، دۈشمەن قوشۇنى ۋە قورچاق قوشۇنلاردىن 165 كىشىنى ئۆلتۈردى ۋە يارىدار قىلدى، قورچاق قوشۇندىن 91 كىشىنى ئەسىر ئالدى، 3 دانە يېنىك جىگۈەنچياڭ، 101 دانە ھەر خىل مىلتىق غەنىمەت ئالدى.» «ھەربى پائالىيەتلەر بىلەن كەڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەركىتى توغرىسىدىكى تەشۋىقاتنى جىپسىلاشتۇرۇپ، «كەڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەركىتىگە

كىمكى بۇزغۇنچىلىق قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا زەربە بېرىلىدۇ» دېگەن مەزمۇندا دەرھال سىياسىي ھۇجۇم ئېلىپ باردى. دەيشيەن، گوشيەن ناھىيە شەھەرلىرىدىكى دۈشمەنلەر لاۋبەيشىڭلاردىن: «نىمە ئۈچۈن 8-ئارمىيە يېقىندىن بۇيان شۇنچە يامان بولۇپ كەتتى؟» دەپ سورىغاندا، لاۋبەيشىڭلار: «سىلەرنىڭ چېگرا رايوننىڭ كەڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەركىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن» دېگەن. قورچاق قوشۇنلار ئىچىدە: «ئۇلار كەڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەركىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ، سىرتقا چىققۇچى بولمايلى» دېگەن گەپ-سۆزلەر كۆپەيگەن.»

پارتىزان رايونلىرىدىكى خەلق ئاممىسىنىمۇ ئىشلەپچىقىرىش ھەركىتىگە قوزغىغىلى بولامدۇ؟ ئۇ يەرلەردە، ئېھتىمال، تېخى ئىجارە كېمەيتىلمىگەن ياكى تەلتۆكۈس كېمەيتىلمىگەن بولۇشى مۇمكىن، بۇ ھالدا دىخانلار ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇشقا قىزىقامدۇ؟ بۇنىڭغىمۇ سەنشى-چاخار-خېبېي چېگرا رايونى ئېنىق جاۋاپ بەردى: «خەندەكلەر سىرتىدىكى قوشۇنلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەركىتىنى قانات يايدۇرۇشى شۇ يەردىكى ئاممىغىمۇ بىۋاستە ياردەم بەردى. ئۇلار، بىر تەرەپتىن، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى قوراللىق كۈچ بىلەن قوغدىدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئاممىغا ئەمگەك كۈچى بىلەن ئومۇميۈزلۈك ياردەم بەردى. بەزى قوشۇنلار دىخانچىلىقنىڭ ئالدىراش ۋاقىتلىرىدا 50 پىرسەنت كۈچىنى ئاجرىتىپ، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا ھەقسىز ياردەم بېرىشنى بەلگىلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كەيپىياتى زور دەرىجىدە ئۆستى، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ يېقىنلاشتى، ئاممە ئۇزۇق-تۈلۈككە ئىگە بولدى. پارتىزان رايونلىرىدىكى ئاممىنىڭ

گۆكچەنداگفا، 8 ـ ئارمىيىگە بولغان خەيرىخاھلىقى ھەم ئۇلارنى ھىمايە قىلىشى شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ كۈچەيدى.»

پارتىزان رايونلىرى ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ كەڭ كولەملىك ئىشلەپچىقىرىش ھەركىتىنى ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن ۋە لازىم، بۇنىڭغا دائىر ھەممە مەسىلە ھەل بولدى. بىز ئازات رايونلاردىكى بارلىق پارتىيە، ھوكۇمەت ۋە ئارمىيە خادىملىرىدىن بولۇپمۇ پارتىزان رايونلىرىدىكى خادىملاردىن بۇ نۇقتىنى ئىدىيە جەھەتتە تولۇق چۈشىنىۋېلىشنى تەلەپ قىلىمىز، ئەنە شۇ «مۇمكىن» ۋە «لازىم»نى چۈشىنىۋالغاندىلا، ئىشنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويغىلى بولىدۇ. سەنشى-چاخار-خېبېي چېگرا رايونىمۇ ئىشنى دەل مۇشۇ يەردىن باشلىغان: «خەندەكلەر سىرتىدىكى قوشۇنلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەركىتى داۋامدا كادىرلارنىڭ ئىدىيىسىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكى، ئەمگەك قىلىش بىلەن جەڭ قىلىشنى بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى، ئاممە ئىچىدە قەھرىمانلار ۋە نەمۇنىچىلەرنى يېتىشتۈرگەنلىكى (دەسلەپكى خۇلاسىدە 66 قەھرىمان ۋە نەمۇنىچى كورسىتىلگەن) ئۈچۈن، خەندەكلەر سىرتىدىكى قوشۇنلىرىمىز پەقەت 5 ئاي ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسى بويىچە پىلاننى ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنلاپلا قالماستىن، بەلكى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش ئاساسىدا نۇرغۇن يېڭى ئىجادىيەتلەرنى ئالاھىدە بارلىققا كەلتۈردى.»

1945 ـ يىلى ھەممە ئازات رايونلار ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كەڭ كولەملىك ئىشلەپچىقىرىش ھەركىتىنى بىردەك يولغا قويۇشى لازىم، قىش كىرگەندە، بىز ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئۇتۇقلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كورىمىز.

ئۇرۇش ھەربىي ۋە سىياسى مۇسابىقىلا ئەمەس، شۇنىڭدەك

ئىقتىسادىي مۇسابىقە. بىز ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى يېڭىش ئۈچۈن، باشقا ھەممە ئىشتا تىرىشقاندىن تاشقىرى، ئىگىلىك ئىشلىرىدىمۇ تىرىشىشىمىز زۆرۈر، بۇ ساھەنى 2 ـ 3 يىل ئىچىدە تولۇق ئۆگىنىۋې-لىشىمىز لازىم؛ بۇ يىل ـــ 1945 ـ يىلدا بولسا ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ زور ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. بۇ ـــ جۇڭگوڭ جۇڭگياڭىنىڭ پۈتۈن ئازات رايونلاردىكى بارلىق خادىملار ۋە ئومۇمخەلقتىن چىن كۆڭلىدىن كۈتكەن ئۈمىدى، بىز بۇ پىلاننىڭ ئورۇنلىنىشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

# جۇڭگونىڭ ئىككى تەقدىرى*

**(1945 - يىل 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى)**

يولداشلار! جۇڭگو گوڭچەنداڭىنىڭ مەملىكەتلىك 7 - قۇرۇلتىيى ۈگۈن ئېچىلدى.

بىزنىڭ بۇ قۇرۇلتىيىمىز قانداق موھىم ئەھمىيەتكە ئىگە؟ ېيتىشىمىز كېرەككى، بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي — پۈتۈن جۇڭگودىكى 450 مىليون خەلقنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك قۇرۇلتاي. جۇڭگونىڭ ەقدىرى ئىككى خىل: بىر خىلى توغرىسىدا بىر كىشى ئاللىقاچان ىتاپ يازدى[1]؛ بىزنىڭ بۇ قۇرۇلتىيىمىز جۇڭگونىڭ يەنە بىر خىل ەقدىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، بۇ توغرىدا بىزمۇ بىر كىتاپ يازىمىز[2]. ىزنىڭ بۇ قۇرۇلتىيىمىز ياپون جاھانگىرلىكىنى يوقىتىپ، پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنى ئازات قىلىشنى كۆزدە تۇتىدۇ. بۇ قۇرۇلتاي — ياپون اجاۋۇزچىلىرىنى مەغلۇپ قىلىشنى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇشنى كۆزدە ۇتقان قۇرۇلتاي، پۈتۈن جۇڭگو خەلقى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، پۈتۈن ۇنيا خەلقى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا

---

* بۇ — يولداش ماۋزېدۇڭ جۇڭگو گوڭچەنداڭىنىڭ مەملىكەتلىك 7 - قۇرۇلتىيىدا سۆزلىگەن ئېچىش نۇتقى.

كەلتۈرۈشنى كوزدە تۇتقان قۇرۇلتاي.

هازىرقى پەيت ناهايىتى ياخشى. ياۋروپادا گىتلېر پات يېقىندا يوقىتىلىدۇ. فاشىزىمغا قارشى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاساسىي بىر قىسمى غەرپتە، ئۇ يەردىكى ئۇرۇش پات يېقىندا غەلىبە قازىنىدۇ، بۇ — سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى. هازىر بېرلىندا قىزىل ئارمىيىنىڭ زەمبىرەك ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇ پات يېقىندا ئېلىنىشى مۇمكىن. شەرقتە ياپون جاھانگىرلىكىنى يوقىتىش ئۇرۇشىمۇ غەلىبە قازىنىش پەيتىگە يېقىنلاشماقتا. بىزنىڭ قۇرۇلتىيىمىز فاشىزىمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنىڭ ھارپىسىدا ئۆتكۈزۈلۈۋاتىدۇ.

جۇڭگو خەلقى ئالدىدا ئىككى يول تۇرۇپتۇ: نۇرلۇق يول ۋە زۇلمەتلىك يول. جۇڭگونىڭ تەقدىرىمۇ ئىككى خىل: جۇڭگونىڭ نۇرلۇق تەقدىرى ۋە جۇڭگونىڭ زۇلمەتلىك تەقدىرى. هازىر ياپون جاھانگىرلىكى تېخى مەغلۇپ قىلىنمىدى. ياپون جاھانگىرلىكى مەغلۇپ قىلىنغان تەقدىردىمۇ، يەنە شۇنداق ئىككى ئىستىقبال بولىدۇ: يا مۇستەقىل، ئەركىن، دېموكراتىك، بىرلىككە كەلگەن ۋە باي-كۈچلۈك جۇڭگو يەنى نۇرلۇق جۇڭگو، جۇڭگو خەلقى ئازاتلىققا ئېرىشكەن يېڭى جۇڭگو بولىدۇ؛ يا باشقىچە بىر جۇڭگو، يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئودال، پارچىلانغان ۋە كەمبەغەل-ئاجىز جۇڭگو يەنى كونا جۇڭگو بولىدۇ. يېڭى جۇڭگو ياكى كونا جۇڭگودىن ئىبارەت ئىككى ئىستىقبال ھېلىمۇ جۇڭگو خەلقى ئالدىدا تۇرۇپتۇ، جۇڭگو گۇڭچەنداڭى ئالدىدا تۇرۇپتۇ، بىزنىڭ مۇشۇ قۇرۇلتىيىمىز ئالدىدا تۇرۇپتۇ.

ياپونىيە هازىر تېخى مەغلۇپ قىلىنمىغان ئىكەن، ياپونىيە مەغلۇپ

قىلىنغانلىقىدىن كېيىنمۇ، ئىككى ئىستىقبال يەنە مەۋجۇت ئىكەن، ئۇ هالدا، خىزمەتلىرىمىزنى قانداق ئىشلىشىمىز كېرەك؟ بىزنىڭ ۋەزىپىمىز نىمىدىن ئىبارەت؟ بىزنىڭ ۋەزىپىمىز باشقا نەرسە ئەمەس، ئاممىنى دادىل هەركەتلەندۈرۈپ، خەلق كۈچلىرىنى ئۇلغايتىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، پارتىيىمىزنىڭ رەهبەرلىكىدە، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، نۇرلۇق يېڭى جۇڭگو قۇرۇش ئۈچۈن، مۇستەقىل، ئەركىن، دېموكراتىك، بىرلىككە كەلگەن ۋە باي-كۈچلۈك يېڭى جۇڭگو قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت. بىز بارلىق كۈچىمىز بىلەن نۇرلۇق ئىستىقبال ۋە نۇرلۇق تەقدىرنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز، زۇلمەتلىك ئىستىقبالغا ۋە زۇلمەتلىك تەقدىرگە قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز مانا شۇلا! بۇ — قۇرۇلتىيىمىزنىڭ ۋەزىپىسى، بۇ — پۈتۈن پارتىيىمىزنىڭ ۋەزىپىسى، بۇ — پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ ۋەزىپىسى.

بىزنىڭ ئۈمىدىمىز ئەمەلگە ئاشامدۇ؟ بىزچە، ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ ئىمكانىيەت مەۋجۇت، چۈنكى بىز هازىر مۇنداق بىرنەچچە شەرتكە ئىگىمىز:

بىرىنچى، تەجرىبىگە باي ۋە 1 مىليون 210 مىڭ پارتىيە ئەزاسىنى ئۇيۇشتۇرغان قۇدرەتلىك جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بار؛

ئىككىنچى، قۇدرەتلىك ئازات رايون بار، بۇ ئازات رايون 95 مىليون 500 مىڭ ئاهالىسىنى، 910 مىڭ كىشىلىك ئارمىيىنى ۋە 2 مىليون 200 مىڭ مىنبىگىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛

ئۈچىنچى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەڭ خەلقنىڭ ياردىمى بار؛

تۆتىنچى، پۈتۈن دۇنيادىكى هەرقايسى مەملىكەت خەلقىنىڭ

بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بار.

قۇدرەتلىك جۇڭگو كۇڭچەنداڭى، قۇدرەتلىك ئازات رايون، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ياردىمى ۋە پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ ياردىمىدىن ئىبارەت بۇ شەرتلەر ئاستىدا بىزنىڭ ئۈمىدىمىز ئەمەلگە ئاشامدۇ؟ بىزچە، ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇنداق شەرتلەر جۇڭگودا ھېچقاچان بولۇپ باقمىغان. نۇرغۇن يىللاردىن بېرى بەزىبىر شەرتلەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىرقىدەك تولۇق بولمىغان ئىدى. جۇڭگو كۇڭچەنداڭى ھېچقاچان ھازىرقىدەك قۇدرەتلىك بولمىغان، ئىنقىلاۋىي گېنجۇيدىلەر ھېچقاچان ھازىرقىدەك كوپ ئاھالىگە ۋە بۇنداق زور ئارمىيىگە ئىگە بولمىغان، جۇڭگو كۇڭچەنداڭىنىڭ ياپونىيە ۋە گومىنداڭ ھوكۇمرانلىقىدىكى رايونلار خەلقى ئارىسىدىكى ئىناۋىتىمۇ ھازىر ئىلگىرىكىگە قارىغاندا ئىنتايىن يۇقۇرى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋە ھەرقايسى مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈچىمۇ ھازىر ئىلگىرىكىگە قارىغاندا ئىنتايىن زور بۇنداق شەرتلەر ئاستىدا، تاجاۋۇزچىلارنى مەغلۇپ قىلىش، يېڭى جۇڭگو قۇرۇش تامامەن مۇمكىن، دەپ ئېيتىشىمىز كېرەك.

بىزگە توغرا سىياسەت كېرەك. بۇ سىياسەتنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى ئاممىنى دادىل ھەركەتلەندۇرۇپ، خەلق كۈچلىرىنى ئۇلغايتىپ، پارتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىكىدە، تاجاۋۇزچىلارنى مەغلۇپ قىلىش ۋە يېڭى جۇڭگو قۇرۇشتىن ئىبارەت.

جۇڭگو كۇڭچەنداڭى 1921 ـ يىلى دۇنياغا كەلگەندىن بۇيان، 24 يىل ئۆتتى، بۇ ۋاقىت ئىچىدە، ئۇ بېيفا ئۇرۇشى، يەر ئىنقىلاۋى ئۇرۇشى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىن ئىبارەت قەھرە-مانانە كۈرەش ئېلىپ بېرىلغان مۇشۇنداق ئۈچ تارىخىي دەۋرنى

بېشىدىن كەچۈرۈپ، مول تەجرىبە توپلىدى. ئەمدىلىكتە بىزنىڭ پارتىيىمىز جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ـ ۋەتەننى قۇتقۇزۇشىنىڭ مەركىزى بولۇپ قالدى، جۇڭگو خەلق ئازاتلىقىنىڭ مەركىزى بولۇپ قالدى، تاجاۋۇزچىلارنى مەغلۇپ قىلىش ۋە يېڭى جۇڭگو قۇرۇشنىڭ مەركىزى بولۇپ قالدى. جۇڭگونىڭ مەركىزى باشقا ھېچقانداق تەرەپتە ئەمەس، بەلكى بىز تەرەپتە.

بىز كەمتەر، ئېھتىياتچان بولۇپ، مەغرۇرلۇق، ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىپ، جۇڭگو خەلقى ئۈچۈن جان ـ دىلىمىز بىلەن خىزمەت قىلىشىمىز، ھازىرقى ۋاقىتتا پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى يېڭىش ئۈچۈن، كەلگۈسىدە بولسا پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، يېڭى دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلىدىغانلا بولساق، توغرا سىياسەت قوللىنىدىغانلا بولساق، بىرلىكتە تىرىشىدىغانلا بولساق، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز چوقۇم ئورۇنلىنىدۇ.

يوقالسۇن ياپون جاھانگىرلىكى!

ياشىسۇن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازاتلىقى!

ياشىسۇن جۇڭگو گۇڭچەنداڭى!

ياشىسۇن جۇڭگو گۇڭچەنداڭىنىڭ مەملىكەتلىك 7 ـ قۇرۇلتىيى!

## ئىزاھلار

① بۇ جيالى جيېشى 1943 ـ يىلى ئېلان قىلغان «جۇڭگونىڭ تەقدىرى» دېگەن كىتابىنى كۆرسىتىدۇ.

② بۇ يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ مۇشۇ قۇرۇلتايدا قىلماقچى بولغان «بىرلەشمە ھۆكۈمەت ھەققىدە» دېگەن دوكلاتىنى كۆرسىتىدۇ.

# بىرلەشمە ھۆكۈمەت ھەققىدە*

**(1945 - يىل 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى)**

## 1. جۇڭگو خەلقىنىڭ ئاساسىي تەلەپلىرى

بىزنىڭ قۇرۇلتىيىمىز مۇنداق ئەھۋالدا ئېچىلىۋاتىدۇ: جۇڭگو خەلقى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى 8 يىلغا يېقىن قەتئىي، باتۇرانە، ئېگىلمەي - سۇنماي كۈرەش ئېلىپ بارغان، سانسىز جاپا - مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن ۋە قۇربانلار بەرگەندىن كېيىن، مۇنداق يېڭى ۋەزىيەت پەيدا بولدى — پۈتۈن دۇنيادا فاشىست تاجاۋۇزچىلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان مۇقەددەس، ئادالەتلىك ئۇرۇش ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە غەلىبىگە ئېرىشتى، جۇڭگو خەلقى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرگە ماسلىشىپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى مەغلۇپ قىلىدىغان پەيت يېقىنلىشىپ قالدى. ئەمما جۇڭگو ھازىر يەنىلا ئىتتىپاق ئەمەس، جۇڭگودا ئېغىر ۋېيجى يەنىلا مەۋجۇت. بۇنداق ئەھۋالدا قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ شەك - شۈبھىسىزكى،

* بۇ — يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ مەملىكەتلىك 7 - قۇرۇلتىيىدا قىلغان سىياسىي دوكلات.

دېموكراتىك ئىسلاھات يۈرگۈزۈپ، ھازىرقى ۋېيجىنى تۈگىتىش، پۈتۈن جۇڭگودىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىش ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بىلەن كۈچلۈك ماسلىشىپ ئۇرۇش قىلىپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى مەغلۇپ قىلىش، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو خەلقىنى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ چاڭگىلىدىن ئازات قىلىش ئۈچۈن، جۇڭگودا ھەرقايسى پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىزلارنىڭ ۋەكىللىرىنى ئىتتى- پاقلاشتۇرۇپ، دېموكراتىك، ۋاقىتلىق بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇش تولىمۇ زۆرۈر. ئۇنىڭدىن كېيىن، كەڭ دېموكراتىيە ئاساسىدا گومىن دەيبياۋ داخۇيى چاقىرىپ، ھەرقايسى پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىزلارنىڭ ۋەكىللىرىنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئوخشاشلا بىرلەشمە خاراكتېرلىق، دېموكراتىك، رەسمىي ھۆكۈمەت قۇرۇپ، ئازاتلىققا ئېرىشكەن پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، جۇڭگونى مۇستەقىل، ئەركىن، دېموك- راتىك، بىرلىككە كەلگەن ۋە باي - كۈچلۈك يېڭى دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش زۆرۈر. بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئىتتىپاقلىق ۋە دېموكراتىيە لۇشيەنىدە مېڭىپ، تاجاۋۇزچىلارنى مەغلۇپ قىلىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇش كېرەك.

بىزچە، شۇنداق قىلىشلا جۇڭگو خەلقىنىڭ ئاساسىي تەلەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مېنىڭ دوكلادىمدا ئاساسەن مۇشۇ تەلەپلەر مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. جۇڭگودا دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇش كېرەككىلىگى ياكى كېرەك ئەمەسلىگى جۇڭگو خەلقى ۋە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەردىكى دېموكراتىك جامائەت- چىلىك ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە بولۇپ قالدى. شۇنىڭ

ئۈچۈن، دوكلادىمدا بۇ مەسىلىنى ئالاھىدە چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن.

جۇڭگو كۈڭچەنداڭى 8 يىللىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش داۋامىدىكى خىزمەتلىرىدە، ناھايىتى كوپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، غايەت زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشتى؛ لېكىن ھازىرقى ۋەزىيەتتە پارتىيىمىز ۋە خەلقىمىز ئالدىدا يەنە ئېغىر قىيىنچىلىقلار بار. ھازىرقى ۋەزىيەت پارتىيىمىزدىن جىددىي ۋە تېخىمۇ ئەمەلىي ئىشلار بىلەن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شۇغۇللىنىپ، قىيىنچىلىقلارنى داۋاملىق يېڭىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئاساسىي تەلەپلىرىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى تەلەپ قىلماقتا.

## 2. خەلقارا ۋەزىيەت ۋە ئىچكى ۋەزىيەت

جۇڭگو خەلقى بىز يۇقۇرىدا ئوتتۇرىغا قويغان ئاساسىي تەلەپلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرالامدۇ؟ بۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ ئويغىنىش، ئىتتىپاقلىشىش ۋە تىرىشىش دەرىجىسىگە باغلىق. لېكىن ھازىرقى خەلقارا ۋە ئىچكى ۋەزىيەت جۇڭگو خەلقىگە ئىنتايىن پايدىلىق شەرت-شارائىتلارنى يارىتىپ بەردى. جۇڭگو خەلقى ئەگەر بۇ شەرت-شارائىتلاردىن ئوبدان پايدىلىنىپ، ئاكتىپلىق، قەتئىيلىك ۋە تېخىمۇ غەيرەت بىلەن ئالغا قاراپ كۈرەش قىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ تاجاۋۇزچىلارنى يېڭىدىغانلىقى ۋە يېڭى جۇڭگو قۇرىدىغانلىقىدا شەك-شۈبھە يوق. جۇڭگو خەلقى ھەسسىلەپ تىرىشىپ، ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى لازىم.

ھازىرقى خەلقارا ۋەزىيەت قانداق؟

ھازىرقى ھەربىي ۋەزىيەت شۇنداقكى، سوۋېت ئارمىيىسى بېرلىنغا

ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ، ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە فرانسىيىلەرنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسىمۇ ئۇنىڭغا ماسلىشىپ، گىتلېرنىڭ قالدۇق قوشۇنلىرىغا زەربە بەرمەكتە، ئىتالىيە خەلقىمۇ قوزغىلاڭ كۆتەردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى گىتلېرنى ئۈزۈل-كېسىل يوقىتىدۇ. گىتلېر يوقىتىلغاندىن كېيىن، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ مەغلۇپ قىلىنىشى ئۇزاققا قالمايدۇ. جۇڭگو ۋە چەتئەل ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ پەرىزىنىڭ ئەكسىچە، فاشىست تاجاۋۇزچى كۈچلەر چوقۇم يوقىتىلىدۇ، خەلق دېموكراتىك كۈچلىرى چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ. دۇنيا تەرەققىياتقا قاراپ ماڭىدۇ، ھەرگىز ئەكسىيەتچىلىككە قاراپ ماڭمايدۇ. ئەلۋەتتە، تولۇق ھوشيار تۇرۇپ، تارىختا بولىدىغان، ۋاقىتلىق ھەتتا جىددىي بەزىبىر ئەگرى-توقاي-لىقلارنىڭ يەنە يۈزبېرىشى ئېھتىماللىقىنى؛ نۇرغۇن مەملىكەتلەردە ئۆز خەلقىنىڭ ۋە چەتئەل خەلقلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا، تەرەققىياتقا ۋە ئازاتلىققا ئېرىشىشىنى كۆرۈشنى خالىمايدىغان ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ ھېلىمۇ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ھېساپقا ئېلىش لازىم. كىمكى بۇلارغا ئېتىۋارسىز قارايدىكەن، ئۇ سىياسى جەھەتتە خاتا-لىشىدۇ. لېكىن، تارىخنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشى بەلگىلىنىپ بولغان، ئۇنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. بۇ ئەھۋال فاشىستلار ئۈچۈنلا ۋە ئەمەلىيەتتە فاشىستلارغا ياردەم بېرىۋاتقان ھەرقايسى ئەل ئەكسىيەت-چىلىرى ئۈچۈنلا پايدىسىز، بارلىق ئەللەر خەلقى ۋە ئۇلارنىڭ تەشكىللەنگەن دېموكراتىك كۈچلىرى ئۈچۈن بولسا خۇش خەۋەر. خەلق، پەقەت خەلقلا دۇنيا تارىخىنى يارىتىدىغان ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچ. سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقى قۇدرەتلىك كۈچ يارىتىپ، فاشىستلارنى يوقىتىدىغان ئاساسىي كۈچ بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە فاشىزىمغا قارشى باشقا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر

خەلقىنىڭ تىرىشىشى ئارقىسىدا، فاشىزىمنى يوقىتىش مۇمكىن بولۇپ قالدى. ئۇرۇش خەلقنى تەربىيىلىدى، خەلق ئۇرۇشتا يېڭىپ چىقىدۇ، تىنچلىققا ئېرىشىدۇ، تەرەققىياتقىمۇ ئېرىشىدۇ.

بۇ يېڭى ۋەزىيەت بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى دەۋرىدىكى ۋەزىيەتتىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. ئۇ چاغدا، تېخى سوۋېت ئىتتىپاقى يوق ئىدى، نۇرغۇن مەملىكەتلەردىكى خەلقنىڭ ئاڭ دەرىجىسىمۇ هازىرقىدەك ئەمەس ئىدى. ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى — بىر - بىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئىككى دەۋر.

فاشىست تاجاۋۇزچى دۆلەتلەر مەغلۇپ قىلىنغان، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقان ۋە خەلقارا تىنچلىق ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىنمۇ، كۈرەش تۈگىدى، دېگىلى بولمايدۇ. كەڭ تارقالغان فاشىست قالدۇق كۈچلەر چوقۇم يەنە پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرىدۇ؛ فاشىستلىك - تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشقا قارشى لاگېردا دېموكراتىيىگە قارشى ۋە باشقا مىللەتلەرنى ئەزگۈچى كۈچلەر مەۋجۇت، ئۇلار ھەرقايسى ئەللەر خەلقىنى ۋە مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكىلەرنى ئاۋالقىدەكلا ئېزىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەلقارا تىنچلىق ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىنمۇ، فاشىزىمغا قارشى خەلق ئاممىسى بىلەن فاشىست قالدۇق كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش، دېموكراتىيە بىلەن دېموكراتىيىگە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش، مىللىي ئازاتلىق بىلەن مىللىي زۇلۇم ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش دۇنيانىڭ كۆپچىلىك جايلىرىنى قاپلايدۇ. پەقەت ئۇزاق مۇددەتلىك تىرىشىش ئارقىلىق فاشىست قالدۇق كۈچلەرنى، دېموكراتىيىگە قارشى كۈچلەرنى ۋە بارلىق جاھانگىر كۈچلەرنى يەڭگەندىلا، خەلقنىڭ كەڭ كۆلەملىك غەلىبىسى بارلىققا كېلىدۇ. بۇ كۈنگە ھەرگىز ئۇنداق تېز ۋە ئۇنداق ئاسان يەتكىلى

بولمايدۇ، ئەمما بۇ كۈنگە چوقۇم يەتكىلى بولىدۇ. فاشىزىمغا قارشى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى ئۇرۇشتىن كېيىنكى مۇشۇ خەلق كۈرىشىنىڭ غەلىبە قازىنىشىغا يول ئېچىپ بەردى. شۇنىڭدەك پەقەت مۇشۇ كېيىنكى كۈرەش غەلىبە قىلغاندىلا، مۇستەھكەم ۋە مەڭگۈلۈك تىنچلىق كاپالەتكە ئېرىشىدۇ.

ھازىرقى ئىچكى ۋەزىيەت قانداق؟

جۇڭگودىكى ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇش جۇڭگو خەلقىنى ناھايىتى زور قۇربانلار بېرىشكە مەجبۇر قىلدى ۋە يەنە مەجبۇر قىلىدۇ؛ لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە، دەل مۇشۇ ئۇرۇش جۇڭگو خەلقىنى چېنىقتۇر-دى. بۇ ئۇرۇش جۇڭگو خەلقىنىڭ ئاڭ دەرىجىسى ۋە ئىتتىپاقلىق دەرىجىسىنى شۇنداق ئالغا سۈردىكى، جۇڭگو خەلقىنىڭ يېقىنقى 100 يىلدىن بۇيانقى بارلىق ئۇلۇق كۈرەشلىرىنىڭ ھېچقايسى بۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدۇ. جۇڭگو خەلقى ئالدىدا كۈچلۈك مىللى دۈشمەنلا مەۋجۇت بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئەمەلدە مىللى دۈشمەنگە ياردەم بېرىۋاتقان كۈچلۈك ئىچكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرمۇ مەۋجۇت، بۇ — بىر تەرەپ. ئەمما، يەنە بىر تەرەپتىن، جۇڭگو خەلقى ئۆتكەن ھەرقانداق چاغدىكىدىنمۇ يۇقۇرى ئاڭ-سەزىمگىلا ئىگە بولۇپ قالماي، بەلكى قۇدرەتلىك جۇڭگو ئازات رايونلىرىغا ئىگە بولدى ۋە كۈندىن-كۈنگە ئۇلغىيىۋاتقان مەملىكەت كۆلەملىك دېموكرا-تىك ھەركەتلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ — ئىچكى جەھەتتىكى پايدىلىق شەرت-شارائىتلار. ئەگەر، جۇڭگونىڭ يېقىنقى 100 يىلدىن بۇيانقى بارلىق خەلق كۈرەشلىرىنىڭ مەغلۇبىيەتكە ياكى ئوڭۇشسىز-لىققا ئۇچرىغانلىقى خەلققارا ۋە ئىچكى جەھەتتىكى بەزى زۆرۈر شەرت-شارائىتلارنىڭ كەملىگىدىن بولدى، دېيىلسە، بۇ قېتىم ئەھۋال

باشقىچە، ئوتكەن قېتىمقىلىرىغا قارىغاندا، بارلىق زورۇر شەرت-شارائىتلار ھازىرلاندى. مەغلۇبىيەتتىن ساقلىنىش ۋە غالىبىيەتنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئىمكانىيىتى تولۇق مەۋجۇت. ئەگەر بىز پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان، تىرىشىپ كۈرەش قىلىدىغان ۋە بۇ كۈرەشكە مۇۋاپىق يېتەكچىلىك قىلىدىغان بولساق، غەلىبە قازىنالايمىز.

جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ تاجاۋۇزچىلارنى مەغلۇپ قىلىش ۋە يېڭى جۇڭگو قۇرۇش ئىشەنچى ھازىر ئىنتايىن زور دەرىجىدە كۈچەيدى. جۇڭگو خەلقى بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئوزىنىڭ ئۇلۇق تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئاساسىي تەلەپلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان پەيت يېتىپ كەلدى. بۇنىڭغا يەنە گۇمان بارمۇ؟ مېنىڭچە، گۇمان يوق.

ھازىرقى خەلقارا ۋە ئىچكى ئومۇمىي ۋەزىيەت ئەنە شۇلاردىن ئىبارەت.

# 3. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىكى ئىككى لۇشيەن

## جۇڭگو مەسىلىلىرىنىڭ تۈگۈنى

ئىچكى ۋەزىيەت ئۈستىدە توختالغاندا، يەنە جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى كونكرېت تەھلىل قىلىشىمىز لازىم.

جۇڭگو — دۇنيا بويىچە فاشىزىمغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىۋاتقان ئەڭ چوڭ 5 دولەتنىڭ بىرى، ئاسىيا قۇرۇقلۇغىدا ياپون تاجاۋۇز-

چىلىرىغا قارشى تۇرۇۋاتقان ئاساسىي دولەت. جۇڭگو خەلقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا گىنتايىن زور رول ئوينىدى، بەلكى ئۇرۇشتىن كېيىن دۇنيا تېچلىقىنى قوغداشتىمۇ گىنتايىن زور رول ئوينايدۇ، شەرق تېچلىقىنى قوغداشتا بولسا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. جۇڭگو 8 يىللىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش داۋامىدا، ئوز ئازاتلىقى ئۈچۈن، گىتتىپاقداش دولەتلەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئۇلۇق تىرىشچانلىق كورسەتتى. بۇ تىرىشچانلىق، ئاساسەن، جۇڭگو خەلقىگە مەنسۇپ. جۇڭگو ئارمىيىسىنىڭ كەڭ جۇنگۇەن ۋە ئەسكەرلىرى ئالدىنقى سەپتە قانلىق جەڭلەرنى قىلدى، جۇڭگو ئىشچىلىرى، دىخانلىرى، زىيالىلىرى ۋە سانائەتچىلىرى ئارقا سەپتە تىرىشىپ ئىشلىدى، چەتئەللەردىكى خۇاچياۋلار ئۇرۇشقا مالىيە جەھەتتىن ياردەم بېرىپ تۇردى، خەلققە قارشى ئۇنسۇرلاردىن باشقا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىيىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇرۇشقا بىرقەدەر كۈچ چىقاردى. قىسقىسى، جۇڭگو خەلقى ئوزىنىڭ قان - تەرلىرىنى ئاققۇزۇپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى 8 يىل قەھرىمانە - لارچە جەڭ قىلدى. ئەمما كوپ يىللاردىن بۇيان، جۇڭگو ئەكسىيەتـ - چىلىرى پىتنە - پاسات توغدۇرۇپ، جامائەتچىلىكنىڭ كوزىنى بوياپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا ئوينىغان رولىنىڭ ھەقىقى ئەھۋالىنى دۇنيا ئەھلىگە بىلدۇرمەي كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جۇڭگونىڭ 8 يىللىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ تەجرىبىلىرىنىمۇ ھېچكىم ئومۇميۈزلۈك يەكۈنلىمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭ قۇرۇلتىيىمىز بۇ تەجرىبىلەرنى مۇۋاپىق يەكۈنلەپ، شۇ ئارقىلىق خەلقنى تەربىيىلەشى ۋە ئۇلارنى پارتىيىمىز - نىڭ سىياسەت بەلگىلىشىنىڭ ئاساسى قىلىشى لازىم.

تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشكە كەلسەك، كوپچىلىك شۇنى ناھايىتى روشەن كورۇۋالالايدۇكى، جۇڭگودا بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى يېتەكچى لۇشيەن بار، بىرى—ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى مەغلۇپ قىلالايدىغان لۇشيەن، يەنە بىرى — ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى مەغلۇپ قىلالمايلا قالماستىن، بەلكى مەلۇم جەھەتلەردىن ئېيتقاندا، ئەملەيەتتە ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا ياردەم بېرىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا زىيان يەتكۈزىدىغان لۇشيەن.

گومىنداڭ ھوكۇمىتىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قاراتقان پاسسىپ ئۇرۇش قىلىش سىياسىتى ۋە مەملىكەت ئىچىگە قاراتقان خەلقنى ئاكتىپ تۇردە ۋەيران قىلىشتىن ئىبارەت ئەكسىيەتچىل سىياسىتى ئۇرۇشنىڭ ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىشىغا، ۋەتەن زىمىنىنىڭ كوپ قىسمىنىڭ قولدىن كېتىشىگە، مالىيە ۋە ئىقتىسادىي ۋەيىچىنىڭ يۈز-بېرىشىگە، خەلقنىڭ ئېزىلىشىگە، خەلقنىڭ تۇرمۇشتا ئازاپ-ئوقۇبەتتە قېلىشىغا، مىللى ئىتتىپاقلىقنىڭ بۇزۇلۇشىغا زامىن بولدى. بۇ ئەكسىيەتچىل سىياسەت جۇڭگو خەلقىنىڭ بارلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈچلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ ۋە بىرلىككە كەلتۇرۇپ ئۈنۈملۈك ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشقا توسقۇنلۇق قىلدى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئويغىنىشى ۋە ئىتتىپاقلىشىشىغا توسقۇنلۇق قىلدى. ئەمما، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئويغىنىش ۋە ئىتتىپاقلىشىش ھەركىتى توختاپ قالغىنى يوق، بۇ ھەركەت ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ۋە گومىنداڭ ھوكۇمىتىنىڭ قوشلاپ ئېزىشى ئارقىسىدا ئەگرى-توقاي ھالدا راۋاجلانماقتا. ئىككى لۇشيەن: گومىنداڭ ھوكۇمىتىنىڭ جۇڭگو خەلقىنى ئېزىش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا پاسسىپ قارشى تۇرۇش لۇشيەنى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ ئويغىنىپ، ئىتتىپاقلىشىپ، خەلق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىش

لۇشيەنى ئۇزاقتىن بۇيان جۇڭگودا روشەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا.
بارلىق جۇڭگو مەسىلىلىرىنىڭ تۈگۈنى ئەنە شۇ يەردە.

## ئەگرى-توقاي يوللار بىلەن كېتىۋاتقان تارىخ

مۇشۇ ئىككى لۇشيەن مەسىلىسىنىڭ نىمىشقا بارلىق جۇڭگو مەسىلىلىرىنىڭ تۈگۈنى ئىكەنلىكىنى كوپچىلىكنىڭ ئېنىق چۈشىنىۋېلىشى ئۈچۈن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىمىزنىڭ تارىخىنى ئەسلەپ ئوتۇشىمىز لازىم.

جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى ئەگرى-توقاي يوللار بىلەن راۋاجلانغان. بۇ ئۇرۇش 1931-يىلىلا باشلانغان ئىدى. ياپون تاجاۋۇزچىلىرى 1931-يىل 9-ئاينىڭ 18-كۈنى شېنياڭنى بېسىۋالدى، كېيىن بىرنەچچە ئاي ئىچىدىلا دۇڭبېي 3 ئولكىنى بېسىۋالدى. گومىنداڭ ھوكۇمىتى قارشى تۇرماسلىق سىياستىنى قوللاندى. لېكىن دۇڭبېي 3 ئولكىنىڭ خەلقى، دۇڭبېي 3 ئولكىنىڭ بىر قىسىم ۋەتەنپەرۋەر قوشۇنلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىكى ياكى ياردىمى ئاستىدا، گومىنداڭ ھوكۇمىتىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، دۇڭبېي 3 ئولكىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پىدائىيلار قوشۇنىنى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيىسىنى تەشكىل قىلىپ، قەھرىمانانە پارتىزان ئۇرۇشىنى ئېلىپ باردى. بۇ قەھرىمانانە پارتىزان ئۇرۇشى ناھايىتى كەڭ كولەمدە ئەۋج ئالغان ئىدى، ئارىدا نۇرغۇن قىيىنچىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىدى، لېكىن دۈشمەن ئۇنى زادى يوقىتالمىدى. 1932-يىلى ياپون تاجاۋۇزچىلىرى شاڭخەيگە ھۇجۇم قىلغاندا، گومىنداڭ ئىچىدىكى بىر گۇرۇھ ۋەتەنپەرۋەرلەر گومىنداڭ ھوكۇ-

مىتىنىڭ ئىرادىسىگە يەنە بىر قېتىم خىلاپلىق قىلىپ، 19 ـ ئارمىيىنى باشلاپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى تۇردى. 1933 ـ يىلى ياپون تاجاۋۇزچىلىرى رېخې ۋە چاخارغا ھۇجۇم قىلغاندا، گومىنداڭ ئىچىدىكى يەنە بىر گۇرۇھ ۋەتەنپەرۋەرلەر گومىنداڭ ھوكۇمىتىنىڭ ئىرادىسىگە ئۈچىنچى قېتىم خىلاپلىق قىلىپ ۋە كوڭچەنداڭ بىلەن ھەمكارلىشىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئىتتىپاق ئارمىيىسى تەشكىل قىلىپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇردى. لېكىن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بۇ ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسىگە جۇڭگو خەلقى، جۇڭگو كوڭچەنداڭى، باشقا دېموكراتىك گۇرۇھلار ۋە چەتئەللەردىكى ۋەتەنپەرۋەر خۇاچياۋلار ياردەم بەردى، گومىنداڭ ھوكۇمىتى بولسا ئۆزىنىڭ قارشى تۇرماسلىق سىياسىتىگە ئاساسەن ھېچقانداق ياردەم بەرمىدى. ئەكسىچە، شاڭخەي ۋە چاخاردا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۆتىرىلگەن ئىككى قېتىملىق ھەركەت گومىنداڭ ھوكۇمىتى تەرىپىدىن بەربات قىلىندى. 1933 ـ يىلى 19 ـ ئارمىيە فۇجيەندە قۇرغان خەلق ھوكۇمىتىمۇ گومىنداڭ ھوكۇمىتى تەرىپىدىن بەربات قىلىندى.

ئۇ چاغدا گومىنداڭ ھوكۇمىتى نىمە ئۈچۈن قارشى تۇرماسلىق سىياسىتىنى قوللاندى؟ بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى شۇ يەردىكى، گومىنداڭ 1927 ـ يىلى گومىنداڭ ـ كوڭچەنداڭ ھەمكارلىقىنى بۇزدى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى بۇزدى.

1924 ـ يىلى سۇن جۇڭشەن ئەپەندى جۇڭگو كوڭچەنداڭىنىڭ تەكلىۋىنى قوبۇل قىلىپ، گومىنداڭنىڭ كوممۇنىستلار قاتناشقان بىرىنچى نوۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىنى چاقىرىپ، روسىيە بىلەن بىرلىشىش، كوڭچەنداڭ بىلەن بىرلىشىش، دېخان ۋە ئىشچىلارغا

يار-يۆلەك بولۇشتىن ئىبارەت 3 چوڭ سىياسەتنى تۈزدى، خۇاڭپۇ
ھەربى مەكتىۋىنى قۇردى، گومىنداڭ، گۇڭچەنداڭ پارتىيىلىرى ۋە ھەر
ساھە خەلقىنىڭ مىللى بىرلىكسېپىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى، شۇنىڭ بىلەن
1924 — 1925 - يىللىرى گۇاڭدۇڭدىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەر سۈپۈرۈپ
تاشلاندى، 1926 — 1927 - يىللىرى بېيفا ئۇرۇشى غەلىبىلىك ئېلىپ
بېرىلىپ، چاڭجياڭ ۋە خۇاڭخې ۋادىلىرىنىڭ كوپ قىسمى ئىشغال
قىلىندى، بېيياڭ جۇنفالار ھۆكۈمىتى مەغلۇپ قىلىندى، جۇڭگو
تارىخىدا كورۇلۇپ باقمىغان كەڭ كولەملىك خەلق ئازاتلىق كۈرىشى
كوتىرىلدى. لېكىن، 1927 - يىلى ئەتىياز بىلەن ياز ئارىلىغىدا،
دەل بېيفا ئۇرۇشى ئالغا قاراپ راۋاجلىنىۋاتقان جىددى پەيتتە،
گومىنداڭ، گۇڭچەنداڭ پارتىيىلىرى ۋە ھەر ساھە خەلقىنىڭ جۇڭگو
خەلقىنىڭ ئازاتلىق ئىشلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇ مىللى بىرلىك-
سېپى ھەم ئۇنىڭ بارلىق ئىنقىلاۋى سىياسەتلىرى گومىنداڭ دائىرى-
لىرىنىڭ ساتقۇنلۇق خاراكتىرىدا بولغان ۋە خەلققە قارشى بولغان
«پارتىينى تازىلاش» سىياسىتى ۋە قىرغىنچىلىق سىياسىتى تەرىپىدىن
بۇزۇپ تاشلاندى. تۇنۇگۇنكى ئىتتىپاقچىلار — جۇڭگو گۇڭچەنداڭى
ۋە جۇڭگو خەلقى دۈشمەن دەپ قارالدى، تۇنۇگۇنكى دۈشمەنلەر —
جاھانگىرلار ۋە فېئوداللار ئىتتىپاقچى دەپ قارالدى. شۇنداق قىلىپ،
جۇڭگو گۇڭچەنداڭىغا ۋە جۇڭگو خەلقىگە قارا يۈزلۈك بىلەن
ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىندى؛ جۇڭگونىڭ جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ئۇلۇق
ئىنقىلاۋى دەپنە قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىتتىپاقلىقنىڭ ئورنىنى
ئىچكى ئۇرۇش ئالدى، دېموكراتىيىنىڭ ئورنىنى ھاكىم مۇتلەقلىق
ئالدى، نۇرلۇق جۇڭگونىڭ ئورنىنى زۇلمەتلىك جۇڭگو ئالدى.
ئەمما، جۇڭگو گۇڭچەنداڭى ۋە جۇڭگو خەلقى قورقۇپ كەتكىنى

يوق، بويسۇنغىنى يوق، قىرىلىپ تۈگىگىنى بوق. ئۇلار يەردىن ئومىلەپ تۇرۇپ، بەدەنلىرىدىكى قانلارنى تازىلىۋېتىپ، ھەمراھلىرىنىڭ جەسەتلىرىنى كۆمۈپ قويۇپ، كۈرەشنى داۋاملاشتۇرىۋەردى. ئۇلار ئىنقىلاپنىڭ ئۇلۇغ تۇغىنى ئېگىز كوتىرىپ، قوراللىق قارشىلىق كۆرسەتتى، جۇڭگونىڭ كەڭ رايونلىرىدا خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەشكىل قىلدى، يەر تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئېلىپ باردى، خەلق ئارمىيىسىنى — جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋي كۈچلىرىنى ساقلاپ قالدى ۋە راۋاجلاندۇردى. شۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلىرى تەرىپىدىن چۆرۈپ تاشلانغان ئىنقىلاۋي سەنمىنجۇيىسىنى جۇڭگو خەلقى، جۇڭگو گۇڭچەنداڭى ۋە باشقا دېموكراتلار ۋارىسلىق قىلدى.

ياپون تاجاۋۇزچىلىرى دۇڭبېي 3 ئۆلكىگە بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، جۇڭگو گۇڭچەنداڭى 1933 ـ يىلىلا ئىنقىلاۋي گېنجۇيدىلەرگە ۋە قىزىل ئارمىيىگە ھۇجۇم قىلغان بارلىق گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا، ھۇجۇمنى توختىتىش، خەلققە ئەركىنلىك ھوقۇقى بېرىش ۋە خەلقنى قوراللاندۇرۇشتىن ئىبارەت 3 شەرت ئاستىدا، ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى تۈزۈپ، بىرلىكتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرايلى، دېگەن تەكلىپنى قويدى. ئەمما گومىنداڭ دائىرىلىرى بۇ تەكلىپنى رەت قىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، بىر تەرەپتىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى ئۇرۇش سىياسىتى تېخىمۇ ئەشەددىيلەشتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلغان ئاۋازى تېخىمۇ كۈچەيدى. شاڭخەي ۋە باشقا نۇرغۇن جايلاردا خەلقنىڭ ھەر خىل ۋەتەنپەرۋەر

تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى. قىزىل ئارمىيىنىڭ چاڭجياڭنىڭ جەنۇبى
ۋە شىمالىدىكى ھەرقايسى جايلاردا تۇرغان ئاساسىي كۈچلىرى
داڭجۇڭياڭمىزنىڭ رەھبەرلىكىدە، 1934 - يىلدىن 1936 - يىلغىچە
مىڭبىر جاپا - مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، شىمالغا يۆتكەلدى
ۋە شىمالىدىكى قىزىل ئارمىيە بىلەن قوشۇلدى. مۇشۇ 2 يىل ئىچىدە،
جۇڭگو گۇڭچەنداڭى يېڭى ئەھۋالغا مۇۋاپىقلىشىپ، ياپون باسقۇن-
چىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپلىك، يېڭى، مۇكەممەل سىياسىي
لۇشيەننى بەلگىلىدى ۋە ئىجرا قىلدى، ئىتتىپاقلىشىپ ياپون باسقۇن-
چىلىرىغا قارشى تۇرۇش ۋە يېڭى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت قۇرۇشنى
كۆرەش نىشانى قىلدى. بېيپىڭ ئوقۇغۇچىلىرى پارتىيىمىزنىڭ رەھ-
بەرلىكىدە، 1935 - يىل 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى قەھرىمانانە ۋەتەنپەر-
ۋەرلىك ھەرىكىتىنى قوزغاپ، جۇڭخۇا مىللىي ئازاتلىق شيەنفېڭدۈينى[①]
قۇردى ۋە بۇنداق ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنى مەملىكەتنىڭ ھەممە
چوڭ شەھەرلىرىگە كېڭەيتتى. گومىنداڭ ئىچىدە ياپون باسقۇنچى-
لىرىغا قارشى ئۇرۇشنى قۇۋۋەتلىگەن ئىككى گۇرۇھ ۋەتەنپەرۋەرلەر —
دۇڭبېي ئارمىيىسى بىلەن 17 - ئارمىيە بىرلىشىپ، گومىنداڭ دائىرى-
لىرىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قاراتقان مۇرەسسەلىشىش ۋە مەملىكەت
ئىچىگە قاراتقان قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت ئەكسىيەتچىل
سىياسەتلىرىگە قەھرىمانلارچە قارشى تۇرۇپ، 1936 - يىل 12 - ئاينىڭ
12 - كۈنى مەشھۇر شىئەن ۋەقەسىنى قوزغىدى. ئەينى زاماندا
گومىنداڭ ئىچىدىكى باشقا ۋەتەنپەرۋەرلەرمۇ گومىنداڭ دائىرى-
لىرىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى سىياسەتلىرىدىن نارازى بولدى. مۇشۇنداق
ۋەزىيەتتە، گومىنداڭ دائىرىلىرى ئىلاجسىزلىقتىن ئىچكى ئۇرۇش
سىياسىتىدىن ۋازكېچىپ ۋە خەلقنىڭ تەلەپلىرىنى ئېتىراپ قىلدى.

شەن ۋەقەسىنىڭ تېچ يول بىلەن ھەل قىلىنىشى ۋەزىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ تۇگۈنى بولدى: يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا ئىچكى ھەمكارلىق شەكىللەندى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قوزغىلىپ كەتتى. لۇگوچياۋ ۋەقەسىنىڭ ھارپىسىدا يەنى 1937 ـ يىل 5 ـ ئايدا پارتىيىمىز تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنى چاقىردى، بۇ يىغىن داگجۇگياڭنىڭ 1935 ـ يىلدىن بۇيانقى يېڭى سىياسى لۇشيەنىنى تەستىقلىدى.

1937 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىكى لۇگوچياۋ ۋەقەسىدىن 1938 ـ يىل 10 ـ ئايدا ۋۇخەن قولدىن كەتكەنگە قەدەر بولغان مۇشۇ بىر مەزگىل ئىچىدە گومىنداڭ ھوكۇمىتى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشتا بىرقەدەر تىرىشتى. بۇ مەزگىلدە، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ كەڭ كولەملىك ھۇجۇم قىلىشى ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىدە مىللى غەزەپنىڭ ئۆرلىشى گومىنداڭ ھوكۇمىتىنى ئۆز سىياسىتىنىڭ موھىم نۇقتىسىنى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا قارىتىشقا مەجبۇر قىلدى، شۇنداق قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىكى ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دولقۇنى بىرقەدەر ئۇلۇغ شەكىللەندى، بىر مەزگىل كوتىرەڭگۈ يېڭى كەيپىيات ۋۇجۇتقا كەلدى. شۇ چاغدا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى، كوممۇنىستلار ۋە باشقا دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار گومىنداڭ ھوكۇمىتىگە ناھايىتى زور ئۈمىت باغلىغان ئىدى، يەنى ئۇنىڭدىن مىللەت خەۋپ ئاستىدا قالغان، خەلق ھاياجانغا كەلگەن مۇشۇنداق بىر پەيتتە، قەتئى رەۋىشتە دېموكراتىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى، سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ئىنقىلاۋى سەنمىنجۇيىسىنى يولغا قويۇشنى ئۈمىت قىلغان ئىدى. ئەمما بۇ ئۈمىت يوققا چىقتى.

مۇشۇ 2 يىلدا، بىر تەرەپتىن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرقەدەر ئاكتىپ ئۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، گومىنداڭ دائىرىلىرى كەڭ خەلق ئاممىسى قاتناشقان خەلق ئۇرۇشىنى قوزغاشقا ئاۋالقىدەكلا قارشى تۇرىۋەردى، خەلقنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئىتتىپاقلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پائالىيەتلەر ۋە دېموكراتىك پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىشىنى ئاۋالقىدەكلا چەكلەۋەردى. بىر تەرەپتىن، گومىنداڭ ھوكۇمىتى جۇڭگو كۇڭچەنداڭىغا تۇتقان ۋە باشقا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىيە-گۇرۇھلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى بۇرۇنقىغا قارىغاندا بىر ئاز ئۆزگەرتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ھەرقايسى پارتىيە-گۇرۇھلارغا ئاۋالقىدەكلا تەڭ ھوقۇقلۇق ئورۇن بەرمىدى ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى ھەر تەرەپتىن چەكلىدى. كوپلىگەن ۋەتەنپەرۋەر سىياسى مەھبۇسلار ئازات قىلىنمىدى. ئەڭ موھىمى، گومىنداڭ ھوكۇمىتى ئۆزىنىڭ 1927-يىلى ئىچكى ئۇرۇش قوزغىغاندىن بۇيانقى گۇاتۇلار دىكتاتۇرىسى تۈزۈمىنى ئاۋالقىدەكلا ساقلاپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن دېموكراتىك بىرلەشمە ھوكۇمەت قۇرۇش ئەمەلگە ئاشمىدى.

بۇ مەزگىل باشلىنىش بىلەنلا بىز كوممۇنىستلار جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ مۇنداق ئىككى لۇشيەنىنى كورسىتىپ ئۆتكەن ئىدۇق: يا خەلقنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئۇرۇشى — بۇ غالىبىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ؛ يا خەلقنى ئېزىدىغان بىر تەرەپلىمە ئۇرۇش — بۇ مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ. بىز يەنە: ئۇرۇش ئۇزاق مۇددەتلىك بولىدۇ، بۇنىڭدا نۇرغۇن جاپا-مۇشەققەتلەرگە دۇچكېلىشىمىز چوقۇم؛ ئەمما جۇڭگو خەلقىنىڭ تىرىشىشى ئارقىسىدا ئەڭ ئاخىرقى غەلىبە چوقۇم جۇڭگو خەلقىنىڭ بولىدۇ، دەپ

كورسەتكەن ئىدۇق.

## خەلق ئۇرۇشى

بۇ مەزگىلدە، جۇڭگو گۇڭچەندائى رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسىنىڭ شىبېيغا يوتكىلىپ بارغان ئاساسىي كۈچلىرى جۇڭگو مىللى-ئىنقىلاۋىي ئارمىيىسىنىڭ 8-ئارمىيىسى قىلىپ قايتا تۈزۈلدى، جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسىنىڭ چاڭجياڭنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى جايلاردا قالدۇرۇلغان پارتىزان قوشۇنلىرى بولسا جۇڭگو مىللى-ئىنقىلاۋىي ئارمىيىسىنىڭ يېڭى 4-ئارمىيىسى قىلىپ قايتا تۈزۈلدى، ئۇلار ئارقىمۇ-ئارقا خۇابېي، خۇاجۇڭلارغا بېرىپ ئۇرۇش قىلدى. ئىچكى ئۇرۇش دەۋرىدىكى جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسى بېيغا دەۋرىدىكى خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىۋىنىڭ ۋە مىللى-ئىنقىلاۋىي ئارمىينىڭ دېموكراتىك ئەنئەنىلىرىنى ساقلاپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، بىرنەچچە يۈز مىڭ كىشىگە كوپەيگەن ئىدى. لېكىن گومىنداڭ ھوكۇمىتىنىڭ جەنۇبىتىكى گېنجۇيدىلەرگە سالغان دەھشەتلىك ۋەيرانچىلىغى، 25 مىڭ لىلىق ئۇزۇن سەپەردىكى چىقىملار ۋە باشقا سەۋەپلەر ئارقىسىدا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلانغانغا قەدەر، قىزىل ئارمىينىڭ كىشى سانى ئازىيىپ بىرنەچچە ئون مىڭ كىشىلا قالدى. شۇنىڭ بىلەن بەزى كىشىلەر بۇ ئارمىينى كوزگە ئىلماي، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا، ئاساسەن، گومىنداڭغا تايىنىش كېرەك، دەپ قارىدى. ئەمما خەلق — ئەڭ ياخشى باھالىغۇچى، خەلق 8-ئارمىيە ۋە يېڭى 4-ئارمىيە شۇ ۋاقىتتا سان جەھەتتىن ئاز بولسىمۇ، سۇپەت جەھەتتىن ناھايىتى يۇقۇرى ئىكەنلىگىنى، پەقەت شۇلارنىڭلا ھەقىقى خەلق ئۇرۇشى ئېلىپ

بارالايدىغانلىقىنى، ئۇلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە بېرىپ شۇ يەردىكى كەڭ خەلق بىلەن بىرلەشكەن ھامان، ئۇلارنىڭ ئىستىقبالى چەكسىز بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. خەلقنىڭ باھاسى توغرا بولۇپ چىقتى، مەن بۇ يەردە دوكلات قىلىۋاتقان چاغدا، بىزنىڭ ئارمىيىمىز كوپىيىپ 910 مىڭ كىشىگە يەتتى، يېزىلاردا ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلمايدىغان مىنبىگىلار كوپىيىپ، 2 مىليون 200 مىڭ كىشىدىن ئاشتى. ھازىر بىزنىڭ رەسمى ئارمىيىمىز گومىنداڭنىڭ ھازىرقى ئارمىيىسىگە (مەركەز شىتۇگى ۋە يەرلىك شىتۇگىدىكىلەرنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ) قارىغاندا، سان جەھەتتىن كوپ ئاز بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، ئوزى قارشى تۇرۇۋاتقان ياپونىيە ئارمىيىسى ۋە قورچاق قوشۇنلارنىڭ سانى جەھەتتىن ھەم ئوز ئۇستىگە ئالغان ئۇرۇش مەيدانىنىڭ كەڭلىگى جەھەتتىن، ئوزىنىڭ جەڭگىۋارلىقى جەھەتتىن، ئۇرۇش قىلىشتا كەڭ خەلقنىڭ ماسلىشىپ بېرىشىگە ئىگە ئىكەنلىگى جەھەتتىن، سىياسى سۇپىتى ۋە ئىچكى بىرلىك ـ ئىتتىپاقىغا ئوخشاش ئەھۋاللىرى جەھەتتىن ئېيتقاندا، جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئاساسىي كۇچى بولۇپ قالدى.

بۇ ئارمىيە شۇنىڭ ئۇچۇن كۇچلۇككى، ئۇنىڭغا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى ئاڭلىق ئىنتىزامغا ئىگە؛ ئۇلار ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ ياكى تار دائىرىلىك گۇرۇھلارنىڭ خۇسۇسى مەنپەئەتى ئۇچۇن ئەمەس، بەلكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتى ئۇچۇن، پۇتۇن مىللەتنىڭ مەنپەئەتى ئۇچۇن ئۇيۇشىدۇ ۋە كۇرەش قىلىدۇ. جۇڭگو خەلقى بىلەن زىچ بىللە تۇرۇپ، جۇڭگو خەلقى ئۇچۇن جان ـ دىل بىلەن خىزمەت قىلىش ــ بۇ ئارمىيىنىڭ بىردىن ـ بىر مەقسىدى.

مۇشۇ مەقسەتتە، بۇ ئارمىيە توختىماي ئالغا بېسىش روھىغا ئىگە، ئۇ بارلىق دۈشمەنلەرنى بېسىپ چۈشىدۇكى، ھەرگىز دۈشمەنگە تىز پۈكمەيدۇ. ھەرقانداق قىيىن ۋە جاپا ـ مۇشەققەتلىك شارائىتتا بولسۇن، بىر ئادەمى قالغان ئىكەن، بۇ ئادەمى كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ.

مۇشۇ مەقسەتتە، بۇ ئارمىيە ناھايىتى ياخشى ئىچكى ۋە تاشقى ئىتتىپاقلىققا ئىگە. ئىچكى جەھەتتە — جۈنگۈەنلەر بىلەن ئەسكەرلەر ئوتتۇرىسىدا، يۇقۇرى دەرىجىلىكلەر بىلەن تۆۋەن دەرىجىلىكلەر ئوتتۇرىسىدا، ھەربىي خىزمەت، سىياسىي خىزمەت ۋە ئارقا سەپ خىزمەتلىرى ئوتتۇرىسىدا؛ تاشقى جەھەتتە — ئارمىيە بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدا، ئارمىيە بىلەن ھوكۇمەت ئوتتۇرىسىدا، ئۆز قوشۇنلىرىمىز بىلەن دوست قوشۇنلار ئوتتۇرىسىدا بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىق مەۋجۇت. ئىتتىپاقلىققا زىيان يەتكۈزىدىغان بارلىق ھادىسىلەرنى تۈگىتىش كېرەك.

مۇشۇ مەقسەتتە، بۇ ئارمىيە دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ جۈنگۈەن ۋە ئەسكەرلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ھەم ئەسىرلەرنى بىرتەرەپ قىلىشتا توغرا سىياسەتكە ئىگە. ئۇ دۈشمەن تەرەپتىن بىز تەرەپكە ئۆتكەن، ھەقىقەتكە قايتقان ياكى قورالىنى تاشلىغاندىن كېيىن ئورتاق دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشنى خالىغانلارنى بىردەك قارشى ئالىدۇ ۋە ئۇلارغا مۇۋاپىق تەربىيە بېرىدۇ. ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرۈشكە، خارلاشقا ۋە ھاقارەتلەشكە يول قويمايدۇ.

مۇشۇ مەقسەتتە، بۇ ئارمىيە خەلق ئۇرۇشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بىر قاتار جەڭلىۋې ۋە جەڭشۇلارنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. ئۇ ئۆزگىرىۋاتقان كونكرېت شەرت ـ شارائىتقا قاراپ ھەركەتچان ۋە جانلىق

پارتىزان ئۇرۇشى قىلىشقا ماھىر، يۇندۇگچەن قىلىشقىمۇ ماھىر.

مۇشۇ مەقسەتتە، بۇ ئارمىيە خەلق ئۇرۇشى ئۈچۈن زورۇر بولغان بىر قاتار سىياسى خىزمەتلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى قوشۇنىمىزنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، دوست قوشۇنلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، خەلق بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، دۈشمەن ئارمىيىسىنى پارچىلاش ۋە جەڭنىڭ غەلىبە قازىنىشىغا كاپالەت بېرىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشتىن ئىبارەت.

مۇشۇ مەقسەتتە، پۈتۈن ئارمىيە پارتىزان ئۇرۇشى شارائىتىدا، جەڭ ۋە ھەربى تەلىم ئارىلىقلىرىدىكى بوش ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ، ئاشلىق ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆز-ئۆزىنى تولۇق تەمىنلەش، يېرىم تەمىنلەش ياكى قىسمەن تەمىنلەش مەقسىدىگە يېتىپ، ئىقتىسادى قىيىنچىلىقلارنى يېڭەلەيدىغان، ئارمىيىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىيالايدىغان ۋە خەلق ئۈستىدىكى يۈكنى يېنىكلىتەلەيدىغان بولدى ۋە شۇنداق قىلدى. ھەرقايسى ھەربى گېنېجۇيدىلەردىمۇ بارلىق ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، كىچىك كولەملىك نۇرغۇن ھەربى سانائەتلەرنى قۇردى.

بۇ ئارمىيە يەنە شۇنىڭ ئۈچۈن كۈچلۈككى، خەلق زىۋپېيجۇنلىرى ۋە مىنبىڭلارغا ئوخشاش كەڭ ئاممىۋى قوراللىق تەشكىلاتلار ئۇنىڭغا ماسلىشىپ ئۇرۇش قىلىدۇ. جۇڭگو ئازات رايونلىرىدا بارلىق ئەر-ئايال ياشلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار ئىختىيارىيلىق، دېموكراتىك ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلماسلىق پرىنسىپى ئاستىدا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى خەلق زىۋپېيجۇنلىرىگە ئۇيۇشتى. زىۋپېيجۇندىكى ئاۋۇل كىشىلەرنىڭ ئارمىيىگە ۋە پارتىزان دۈيلىرىگە قاتناشقانلىرىدىن باشقىلىرى مىنبىڭلار قوشۇنىغا ئۇيۇشتى. بۇ ئاممىۋى قوراللىق

كۈچلەر ماسلاشمىغاندا، دۈشمەننى يېڭىش مۇمكىن ئەمەس.

بۇ ئارمىيە يەنە شۇنىڭ ئۈچۈن كۈچلۈككى، ئۇ ئۆزىنى ئاساسىي بىكىتۈەن ۋە يەرلىك بىكىتۈەنلەردىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بولدى، ئالدىنقىسى يەر دائىرىسى بىلەن چەكلەنمەيدىغان ئۇرۇش قىلىش ۋەزىپىسىنى ھەرقاچان ئىجرا قىلىۋېرىدۇ، كېيىنكىسى بولسا مىنبىگ-لار ۋە زىۋۈبىجۈنلەر بىلەن بىرلىكتە جايلارنى قوغداش ۋە شۇ جايدىكى دۈشمەنلەرگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى ئوتەشكە مۇقىم-لاشتۇرۇلغان. بۇنداق بولۇش خەلقنىڭ ھەقىقىي ھىمايىسىگە ئېرىشتى. ئەگەر بۇنداق توغرا بولۇنمىگەن بولسا، مەسىلەن، ئەگەر ئاساسىي بىكىتۈەننىڭ رولىغىلا ئەھمىيەت بېرىلىپ، يەرلىك بىكىتۈەننىڭ رولىغا ئېتىۋارسىز قارالغان بولسا، ئۇ ھالدا، جۇڭگو ئازات رايونلىرىنىڭ شارائىتىدا، دۈشمەننى يېڭىش ئوخشاشلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يەرلىك بىكىتۈەن تەرەپ ياخشى تەلىم ئالغان، ھەربىي، سىياسىي خىزمەتلەر ۋە ئاممىۋى خىزمەتلەر بويىچە ئېيتقاندا تېخىمۇ ساغلام-راق بولغان نۇرغۇن قورالىق خىزمەت دۈيلىرىنى تەشكىل قىلدى، ئۇلارنى دۈشمەن ئارقا سېپىنىڭ ئارقا سېپىگە ئىچكىرىلەپ كىرگۈزۈپ، دۈشمەنگە زەربە بېرىش، خەلق ئاممىسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرىشىنى قوزغاش ئارقىلىق ئازات رايونلارنىڭ ئالدىنقى سەپلىرىدىكى جەڭلەرگە ماسلىشىشتا، ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

جۇڭگو ئازات رايونلىرىدا، دېموكراتىك ھوكۇمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەممە خەلق ئىشچىلار، دېھقانلار، ياشلار، ئاياللار تەشكىلاتلىرىغا، مەدەنىيەت ۋە باشقا كەسپ ھەم خىزمەت تەشكىلاتلىرىغا ئۇيۇشۇپ، ئارمىيىگە ياردەم

بېرىش يولىدىكى ھەر خىل خىزمەتلەر بىلەن قىزغىن شۇغۇللىنىشقا چاقىرىلدى. بۇ خىزمەتلەر خەلقنى ئارمىيىگە قاتنىشىشقا، ئارمىيە ئۈچۈن ئاشلىق توشۇشقا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇۋاتقان ھەربىلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە ئېتىۋار بېرىشكە، ئارمىيىنىڭ ماددى قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىۋېلىشىغا ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماي، بەلكى پارتىزان دۈيلىرى، مىنبىڭلار ۋە زىۋبىجۇنلەرنى ئۇشتۇمتۇت زەربە بېرىش ھەركىتى ۋە پارتىلىتىش ھەركىتىنى قانات يايدۇرۇشقا، دۈشمەن ئەھۋالىنى چارلاشقا، جاسۇسلارنى تازىلاشقا، يارىدار ئەسكەرلەرنى توشۇش ۋە مۇھاپىزەت قىلىشقا، ئارمىيىنىڭ ئۇرۇش قىلىشىغا بىۋاستە ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتۈن ئازات رايونلار خەلقى سىياسى، ئىقتىسادىي ساھەلەر ۋە مەدەنىيەت، ساقلىقنى ساقلاش ساھەلىرىدىكى قۇرۇلۇش ئىشلىرى بىلەن قىزغىن شۇغۇللاندى. بۇ جەھەتتە، ئەڭ موھىمى ئومۇمىي خەلقنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئاشلىق ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللاندۇرۇشتىن ھەمدە ئىدارە ۋە مەكتەپلەرنى خەلق ۋە ئارمىيىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلىشىگە ماسلاشتۇرۇپ، ئۇلۇق ئىشلەپچىقىرىش دولقۇنىنى ۋۇجۇتقا كەلتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەھۋالدا بولغانلىرىدىن باشقىلىرىنى خىزمەت ياكى ئۆگىنىشتىن بوشىغان ۋاقىتلاردا ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەش بىلەن شۇغۇللاندۇرۇشتىن، شۇ ئارقىلىق ئۇزاق مۇددەتلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىشتىن ئىبارەت. جۇڭگو ئازات رايونلىرىدا دۈشمەننىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرى ئادەتتىن تاشقىرى ئېغىر بولدى؛ سۇ، قۇرغاقچىلىق

ۋە زىياندىش ھاشارەتلەر ئاپەتلىرىمۇ دائىم بولۇپ تۇردى. ئەمما، ئازات رايونلاردىكى دېموكراتىك ھوكۇمەتلەر ئومۇمىي خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى تەشكىللىك ھالدا يەڭدى ۋە يەڭمەكتە؛ چېكەتكە يوقىتىش، سۇنى تىزگىنلەش، ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنى قۇتقۇزۇش يولىدىكى ئۇلۇغ ئاممىۋى ھەركەتلەر تارىختا مىسلى كورۈلمىگەن ئۇنۇمگە ئېرىشتى، بۇ ھال ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ئۇزاق مۇددەت قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ئىمكانىيىتىنى بەردى. قىسقىسى، ھەممىنى ئالدىنقى سەپكە قارىتىش، ھەممىنى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى يوقىتىشقا ۋە جۇڭگو خەلقىنى ئازات قىلىشقا قارىتىش — بۇ جۇڭگو ئازات رايونلىرىدىكى پۈتۈن ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ ئومۇمىي شوئارى، باش فاڭجېنى.

ھەقىقى خەلق ئۇرۇشى ئەنە شۇنداق بولىدۇ. ئەنە شۇنداق خەلق ئۇرۇشى بولغاندىلا، مىللىي دۇشمەننى يەڭگىلى بولىدۇ. گومىنداڭ شۇنىڭ ئۇچۇن مەغلۇپ بولدىكى، ئۇ خەلق ئۇرۇشىغا جىنىنىڭ بېرىچە قارشى تۇردى.

جۇڭگو ئازات رايونلار ئارمىيىسى يېڭى شەكىلدىكى قوراللار بىلەن قوراللىنىش بىلەنلا تېخىمۇ كۈچىيىدۇ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ قىلالايدۇ.

## ئىككى ئۇرۇش مەيدانى

جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى باشلىنىش بىلەنلا ئىككى ئۇرۇش مەيدانىغا: گومىنداڭ ئۇرۇش مەيدانى ۋە ئازات رايونلار ئۇرۇش مەيدانىغا بولۇندى.

1938 - يىل 10 - ئايدا ۋۇخەن قولدىن كەتكەندىن كېيىن، ياپون

تاجاۋۇزچىلىرى گومىنداڭ ئۇرۇش مەيدانىغا قاراتقان جەنۇبلىك ھۇجۇمنى توختىتىپ، ئۆزىنىڭ ئاساسىي ھەربىي كۈچىنى پەيدىن-پەي ئازات رايونلار ئۇرۇش مەيدانىغا يۆتكىدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مەغلۇبىيەتچىلىك كەيپىياتىغا قاراپ، ئۇنىڭ بىلەن مۇرەسسە ئاساسىدىكى سۈلھىگە كېلىشكە رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى ھەمدە ۋەتەن ساتقۇچ ۋاڭ جىڭۋېينى چۇڭچىڭدىن قىزىقتۇرۇپ ئېلىپ چىقىپ، نەنجىڭدا قورچاق ھۆكۈمەت قۇرغۇزدى ۋە مىللىي ئالدامچىلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۆز سىياسىتىنى ئۆزگەرتىشكە باشلاپ، ئۇنىڭ موھىم نۇقتىسىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتىن پەيدىن-پەي گۇڭچەنداڭغا ۋە خەلققە قارشى تۇرۇشقا يۆتكىدى. بۇ ئەھۋال ھەربىي جەھەتتە ئىپادىلەندى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارىتا پاسسىپ ئۇرۇش قىلىش سىياسىتىنى قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ ھەربىي كۈچىنى ساقلاپ قالدى، ئۇرۇشنىڭ ئېغىر يۈكىنى بولسا ئازات رايونلار ئۇرۇش مەيدانىغا ئارتىپ قويۇپ، ياپون قاراقچىلىرىنىڭ ئازات رايونلارغا كەڭ كولەمدە ھۇجۇم قىلىشىغا يول قويدى، ئۆزى بولسا «تاغ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، يولۋاس تالىشىنى تاماشا قىلىش» بىلەن بولدى.

1939-يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى «يات پارتىيىلەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى چەكلەش چارىسى» دېگەن ئەكسىيەتچىل چارىنى قوللىنىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە خەلقنىڭ ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ قولىغا كەلتۈرگەن بەزى ھوقۇقلىرىنى تامامەن ئەمەلدىن قالدۇردى. شۇنىڭدىن باشلاپ، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا

گومىنداڭ ھوكۇمىتى بارلىق دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلارنى، ئەڭ ئاۋال ۋە ئاساسەن جۇڭگو كۇڭچەنداڭنى يەر ئاستى ھالىتىگە چۈشۈرۈپ قويدى. گومىنداڭ ھوكۇمرانلىق قىلىۋاتقان رايونلاردىكى گولكىلەرنىڭ تۈرمىلىرى ۋە جازا لاگېرلىرى كوممۇنىستلار، ۋەتەنپەرۋەر ياشلار ۋە باشقا دېموكراتىك جەڭچىلەر بىلەن تولدى. 1939-يىلدىن 1943-يىل كۈزگىچە بولغان 5 يىل ئىچىدە، گومىنداڭ ھوكۇمىتى 3 قېتىم كەڭ كولەملىك «كۇڭچەنداڭغا قارشى دولقۇن»[2] قوزغاپ، مەملىكەتنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقىغا بولغۇنچىلىك سالدى ۋە جىددى ئىچكى ئۇرۇش خەۋپىنى تۇغدۇردى. جۇڭگو ۋە چەتئەللەرنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ۋەقە — يېڭى 4-ئارمىينى «تارقىتىۋېتىش» ۋە يېڭى 4-ئارمىينىڭ جەنۇبىي ئەنخۇيدىكى قىسىملىرىدىن 9 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى يوقىتىۋېتىش ۋەقەسى ئەنە شۇ مەزگىلدە تۇغۇلدى. گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئازات رايونلار ئارمىيىسىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەقەلىرى تا ھازىرغىچە توختىتىلمىدى، بەلكى توختىتىشنىڭ ھېچقانداق ئالامىتى كورۇلمىدى. بۇنداق ئەھۋالدا بارلىق بوھتان ۋە تىل-ھاقارەتلەر گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ تۇردى. «خائىن پارتىيە»، «خائىن ئارمىيە»، «خائىنلار رايونى»، «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى بۇزدى، دولەتكە خەۋپ يەتكۈزدى» دېگەنگە ئوخشاش كۇڭچەنداڭغا، 8-ئارمىيىگە، يېڭى 4-ئارمىيىگە ۋە ئازات رايونلارغا بوھتان بولغان نام ۋە ھوكۇملەرنىڭ ھەممىسنى مۇشۇ ئەكسىيەتچىلەر ياساپ چىققان. 1939-يىل 7-ئاينىڭ 7-كۇنى جۇڭگو كۇڭچەنداڭ جۇڭياڭ ۋېيىۋەنخۇيى خىتاپنامە چىقىرىپ، شۇ ۋاقىتتىكى ۋېيجىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا: «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش-

تەسلىمچىلىككە قارشى تۇرۇش؛ ئىتتىپاقلىقنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش-بولۇنۇشكە قارشى تۇرۇش؛ ئالغا بېسىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش-ئارقىغا چېكىنىشكە قارشى تۇرۇش» دېگەن شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. پارتىيىمىز ئۆز پەيتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ شوئارلارغا ئاساسەن، 5 يىل ئىچىدە ئەكسىيەتچىل ۋە خەلققە قارشى 3 قېتىملىق «گوڭچەنداڭغا قارشى دولقۇن»نى كۈچلۈك زەربە بىلەن قايتۇرۇپ، شۇ ۋاقىتتىكى ۋېيجىنى تۈگەتتى.

بۇ بىرنەچچە يىل ئىچىدە، گومىنداڭ ئۇرۇش مەيدانىدا، ئەمەلىيەتتە، جىددىي ئۇرۇش بولمىدى. ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ نەيزىسى ئاساسەن ئازات رايونلارغا قارىتىلدى. 1943-يىلغا كەلگەندە، جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ياپون ئارمىيىسىنىڭ 64 پىرسەنتىگە ۋە قورچاق قوشۇنلارنىڭ 95 پىرسەنتىگە قارشى تۇرۇش ئازات رايونلار ئارمىيىسى ۋە خەلقىنىڭ زىممىسىگە چۈشتى؛ گومىنداڭ ئۇرۇش مەيدانى ئاران ياپون ئارمىيىسىنىڭ 36 پىرسەنتى ۋە قورچاق قوشۇنلارنىڭ 5 پىرسەنتىگىلا قارشى تۇرۇشنى ئۈستىگە ئالدى.

1944-يىلى ياپون تاجاۋۇزچىلىرى قۇرۇقلۇقتىكى قاتناش يوللىرىنى تۇتاشتۇرۇش ئۇرۇشى ئېلىپ بارغاندا، گومىنداڭ ئارمىيىسى تەمتىرەپ چارىسىز قالغانلىقىنى ۋە قارشىلىق كورسىتىشكە تامامەن قابىلىيەتسىز ئىكەنلىكىنى كورسەتتى. بىرنەچچە ئاي ئىچىدىلا خېنەن، خۇنەن، گۇاڭشى، گۇاڭدۇڭ ئولكىلىرىنىڭ كەڭ رايونلىرىنى دۈشمەنىنىڭ قولىغا بېرىپ قويدى. پەقەت مۇشۇ ۋاقىتتىلا ئىككى ئۇرۇش مەيدانىنىڭ دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشتا ئۆز ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىسىنىڭ نىسبىتىدە بەزى ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئەمما مەن بۇ

دوكلاتنى قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ياپون ئارمىيىسىنىڭ (مانجۇرىيىدىكىلىرى بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەس) 580 مىڭ كىشىلىك 40 شىتۇەنىدىن 320 مىڭ كىشىلىك 22 يېرىم شىتۇەنىگە يەنى 56 پىرسەنتىگە ئازات رايونلار ئۇرۇش مەيدانى قارشى تۇرۇۋاتىدۇ؛ 260 .مىڭ كىشىلىك 17 يېرىم شىتۇەنىگە يەنى 44 پىرسەنتىگىلا گومىنداڭ ئۇرۇش مەيدانى قارشى تۇرۇۋاتىدۇ. قورچاق قوشۇنلارغا قارشى تۇرۇش ئەھۋالىدا بولسا زادى ئۆزگىرىش بولمىدى.

يەنە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، 800 مىڭدىن ئوشۇق كىشىلىك قورچاق قوشۇنلارنىڭ (قورچاق مۇنتىزىم قوشۇنلار ۋە قورچاق يەرلىك قوراللىق كۈچلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) زور كۆپچىلىكى — گومىنداڭ جياڭگىلىرىنىڭ باشچىلىقىدا دۈشمەن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن قىسىملار، ياكى گومىنداڭنىڭ دۈشمەن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن جۇنگۇەنلىرى تەشكىل قىلغان قىسىملار. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بۇ قورچاق قوشۇنلارنى ئاۋال «ۋەتەننى ئەگرى يوللار بىلەن قۇتقۇزۇش» دېگەن خائىنانە سەپسەتىلەر بىلەن تەمىنلىدى، كېيىن يەنە ئۇلارنى روھىي ۋە تەشكىلىي جەھەتلەردىن قوللاپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا ماسلىشىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازات رايونلىرىغا قارشى تۇرىدىغان قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، كۆپلىگەن قوشۇنلارنى شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونىنى ۋە ئازات رايونلارنى قامال قىلىشقا ۋە ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئاتلاندۇردى، ئۇلارنىڭ سانى 797 مىڭغا يەتتى. گومىنداڭ ھوكۇمىتىنىڭ ئاخباراتنى قامال قىلىش سىياسىتى نەتىجىسىدە نۇرغۇنلىغان جۇڭگولۇقلار ۋە چەتئەللىكلەر بۇنداق ئېغىر ئەھۋالنى بىلىشكە چارىسىز قالماقتا.

# جۇڭگو ئازات رايونلىرى

جۇڭگو گوڭچەنداڭنىڭ رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگو ئازات رايونلىرىدا ھازىر 95 مىليون 500 مىڭ ئاھالە بار. بۇ رايونلار شىمالدا ئىچكى موڭغۇلدىن باشلىنىپ، جەنۇپتا خەينەنداۋ ئارىلىغىچە بارىدۇ، دۈشمەنىنىڭ قەدىمى يەتكەن يەرلەرنىڭ كۆپچىلىگىدە 8 ـ ئارمىيە، يېڭى 4 ـ ئارمىيە ياكى باشقا خەلق قوشۇنلىرى ھەركەت قىلماقتا. بۇ كەڭ جۇڭگو ئازات رايونلىرى 19 چوڭ ئازات رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇلار ىنىڭ دائىرىسى لياۋنىڭ، رېخې، چاخار، سۈيىۈەن، شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا، سەنشى، خېبېي، خېنەن، شەندۇڭ، جياڭسۇ، جېجياڭ، ئەنخۇي، جياڭشى، خۇبېي، خۇنەن، گۇاڭدۇڭ، فۇجيەن ئۆلكىلىرىنىڭ كۆپ قىسىم ياكى ئاز قىسىم يەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنئەن ــ ھەممە ئازات رايونلارنىڭ يېتەكچى مەركىزى. بۇ كەڭ ئازات رايونلاردىن خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىدىكى شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونىدا ئاران 1 مىليون 500 مىڭلا ئاھالە بار، ئۇ ــ 19 ئازات رايونىنىڭ بىرى؛ بەلكى ئاھالە جەھەتتىن ئېيتقاندا، شەرقىي جېجياڭ ۋە خەينەنداۋ رايونلىرىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ئەڭ كىچىك رايون. بەزى كىشىلەر بۇ ئەھۋالنى بىلمەستىن، جۇڭگو ئازات رايونى دەپ ئاساسەن شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونىنى چۈشىنىدۇ. بۇ ــ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قامال قىلىش سىياسىتىدىن كېلىپ چىققان ئۇقۇشۇلماسلىق. بۇ ئازات رايونلارنىڭ ھەممىسىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپنىڭ بارلىق زورۇر سىياسەتلىرى ئەمەلگە قويۇلدى، خەلق تەرىپىدىن سايلانغان، كوممۇنىستلار ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى

پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ ھەم پارتىيە ـ گۇرۇھسىزلارنىڭ ۋەكىللىرى ھەمكارلىشىپ ئىشلەيدىغان ھوكۇمەتلەر يەنى يەرلىك بىرلەشمە ھوكۇمەتلەر قۇرۇلىدى ياكى قۇرۇلماقتا. ئازات رايونلاردا ئومۇمىي خەلق كۈچلىرى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈلدى. بۇلارنىڭ نەتىجىسىدە، جۇڭگو ئازات رايونلىرى كۈچلۈك دۈشمەننىڭ بېسىمى ئاستىدا، گومىنداڭ قوشۇنلىرى قامال قىلىۋاتقان ۋە ھۇجۇم قىلىۋاتقان ئەھۋالدا، چەتتىن ھېچقانداق ياردەم بولمىغان ئەھۋالدا، تەۋرەنمەي قەد كۆتىرىپ تۇرالىدى ھەمدە كۈندىن ـ كۈنگە راۋاجلىنىپ، دۈشمەن ئىشغالىيىتىدىكى رايونلارنى تارايتىپ، ئۆز رايونلىرىنى كېڭەيتىپ، دېموكراتىك جۇڭگونىڭ ئۈلگىسى بولۇپ قالدى، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرگە ماسلىشىپ ئۇرۇش قىلىدىغان، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىدىغان، جۇڭگو خەلقىنى ئازات قىلىدىغان ئاساسىي كۈچ بولۇپ قالدى. جۇڭگو ئازات رايونلىرى ئارمىيىسى — 8 ـ ئارمىيە، يېڭى 4 ـ ئارمىيە ۋە باشقا خەلق قوشۇنلىرى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشتىلا باتۇرلارچە نەمۇنىلىك رول ئويناپ قالماي، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپنىڭ ھەر خىل دېموك-راتىك سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىشتىمۇ نەمۇنىلىك رول ئوينىدى. جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1937 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى خىتاپنامە ئېلان قىلىپ: «سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ سەنمىنجۇيىسى بۈگۈنكى جۇڭگو ئۈچۈن زۆرۈر، پارتىيىمىز ئۇنى تەلتۆكۈس ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى خالايدۇ» دەپ ئېتىراپ قىلدى، بۇ خىتاپنامە جۇڭگو ئازات رايونلىرىدا تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

# گومىنداڭ ھوكۇمرانلىقىدىكى رايونلار

گومىنداڭ ئىچىدىكى ئاساسىي ھوكۇمران گۇرۇھ ھاكىم مۇتلەق ھوكۇمرانلىقىدا قاتتىق تۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا پاسسىپ قارشى تۇرۇش سىياسىتىنى ۋە خەلققە قارشى ئىچكى سىياسەتنى يۈرگۈزدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئۇنىڭ ئارمىيىسىنىڭ تەگدىن تولىسى كېمىيىپ كەتتى ھەمدە كوپچىلىكى دىگۇدەك جەڭگىۋارلىقىنى يوقاتتى؛ ئۇنىڭ ئوزى بىلەن كەڭ خەلق ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر چاك پەيدا بولدى، خەلق تۇرمۇشى خاراپلاشقان، خەلق نارازىلىقى قايناپ تاشقان، خەلق قوزغىلاڭلىرى تەرەپ-تەرەپتىن كوتىرىلگەن ئېغىر ۋېيجى تۇغۇلدى؛ ئۇنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىكى رولى زور دەرىجىدە ئازىيىپ كېتىپلا قالماي، بەلكى ئۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ بارلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈچلىرىنى سەپەرۋەر قىلىش ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈشىنىڭ توسالغۇسىغا ئايلىنىپ قالدى.

نىمە ئۈچۈن گومىنداڭنىڭ ئاساسىي ھوكۇمران گۇرۇھىنىڭ رەھبەرلىكىدە مۇشۇنداق ئېغىر ئەھۋال تۇغۇلدۇ؟ چۈنكى بۇ گۇرۇھ ۋەكىللىك قىلغان مەنپەئەت — جۇڭگودىكى چوڭ پومىشچىكلار، چوڭ بانكا ئىگىلىرى ۋە چوڭ مەيبەنلەر تەبىقىسىنىڭ مەنپەئەتى. بۇ ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەردىن شەكىللەنگەن ئەكسىيەتچى تەبىقە گومىنداڭ ھوكۇمىتى قارىمىقىدىكى بارلىق موھىم ھەربى، سىياسى، ئىقتىسادىي ئورگانلار ۋە مەدەنىيەت ئورگانلىرىنى لۇڭگدۇەن قىلىۋالغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ — ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى ئامان-ئېسەن ساقلاپ قېلىشنى بىرىنچى ئورۇنغا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويىدۇ. ئۇلارمۇ «مىللەت

ئەلا» دەيدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەركەتلىرى بولسا مىللەتنىڭ زور كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلغان خەلقنىڭ تەلىۋىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئۇلارمۇ «دۆلەت ئەلا» دەيدۇ، ئەمما ئۇلار دەۋاتقان دۆلەت خەلق ئاممىسىنىڭ دېموكراتىك دۆلىتى ئەمەس، بەلكى چوڭ پومېشچىكلار، چوڭ بانكا ئىگىلىرى، چوڭ مەيبەنلەر تەبىقىسىنىڭ فېئوداللىق، فاشىستىك، ھاكىم مۇتلەق دۆلىتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار خەلقنىڭ قوزغىلىشىدىن قورقىدۇ، دېموكراتىك ھەركەتلەردىن قورقىدۇ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئومۇمخەلق ئەستايىدىل سەپەرۋەر قىلىنغان ئۇرۇشتىن قورقىدۇ. بۇ — ئۇلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارىتقان پاسسىپ ئۇرۇش قىلىش سىياسىتىنىڭ، مەملىكەت ئىچىگە قارىتقان خەلققە، دېموكراتىيىگە ۋە گۇڭچەنداڭغا قارشى ئەكسىيەتچىل سىياسىتىنىڭ باش مەنبەسى. ئۇلار ھەممە جەھەتتە بۇنداق ئىككى يۈزلىمە سىياسەت قوللانماقتا. مەسىلەن: بىر تەرەپتىن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، پاسسىپ ئۇرۇش قىلىش سىياسىتىنى قوللانماقتا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياپون تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن ھەمىشە تەسلىم بولۇشقا قىزىقتۇرۇشنىڭ دۈيشياڭى قىلىنىپ كەلمەكتە. بىر تەرەپتىن، ئاغزىدا، جۇڭگو ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرىمىز، دەپ جار سالسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەمەلىيەتتە گوۋەنلياۋ كاپىتالىنى يەنى چوڭ پومېشچىكلار، چوڭ بانكا ئىگىلىرى، چوڭ مەيبەنلەر كاپىتالىنى جۇغلاپ، جۇڭگونىڭ ئاساسىي ئىقتىسادىي جان تومۇرىنى لۇڭدۇەن قىلىۋېلىپ، دېھقانلارنى، ئىشچىلارنى، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋە ئەركىن بۇرژۇئازىيىنى دەھشەتلىك ھالدا ئەزمەكتە. بىر تەرەپتىن، ئاغزىدا «دېموكراتىيە»نى ئەمەلگە قويىمىز، «ھاكىمىيەتنى خەلققە قايتۇرىمىز» دەپ جار

سالسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەمەلىيەتتە خەلقنىڭ دېموكراتىك ھەركىتىنى دەھشەتلىك ھالدا بوغۇپ، ھېچقانداق دېموكراتىك ئىسلاھات يۈرگۈزۈشنى خالىمايۋاتىدۇ. بىر تەرەپتىن، ئاغزىدا «گۇڭچەنداڭ مەسىلىسى سىياسى مەسىلە، ئۇنى سىياسى يول بىلەن ھەل قىلىش لازىم» دەپ جار سالسا، يەنە بىر تەرەپتىن، جۇڭگو گۇڭچەنداڭىنى ھەربى، سىياسى، ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن دەھشەتلىك ھالدا بوغماقتا، گۇڭچەنداڭنى «بىرىنچى دۈشمەن» دەپ قارىماقتا، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى بولسا «ئىككىنچى دۈشمەن» دەپ قارىماقتا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر كۈنى دېگۈدەك پائال تۈردە ئىچكى ئۇرۇش تەييارلاپ، گۇڭچەنداڭنى يوقىتىشقا پۈتۈن ئېسى-يادى بىلەن ئۇرۇنماقتا. بىر تەرەپتىن، ئاغزىدا، «زامانىۋى دۆلەت» قۇرىمىز، دەپ جار سالسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەمەلىيەتتە چوڭ پومېششىكلار، چوڭ بانكا ئىگىلىرى، چوڭ مەيىبەنلەرنىڭ فېئودالىلىق، فاشىستىك، ھاكىم مۇتلەق ھوكۇمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىشقا جېنىنىڭ بېرىچە ئۇرۇنماقتا. بىر تەرەپتىن، كورۇنۇشتە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان ۋەيجياۋ مۇناسىۋىتىنى ساقلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەمەلىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئۆچ كورۇش پوزىتسىيىسىنى تۇتماقتا. بىر تەرەپتىن، ئامېرىكا گۇلىپەي گۇرۇھى بىلەن بىللە «ئاۋال ئاسىيا، ئاندىن ياۋروپا» دېگەن مۇقامنى ئېيتىپ، بۇنىڭ بىلەن فاشىستلار گېرمانىيىسىنىڭ يەنى بارلىق فاشىستلارنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتماقچى، ئۆزىنىڭ جۇڭگو خەلقى ئۈستىدىكى فاشىستىك ھوكۇمرانلىقىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتماقچى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ۋەيجياۋ جەھەتتە پۈرسەتپەرەسلىك قىلىپ، ئۆزىنى فاشىزىمغا قارشى قەھرىمان قىلىپ كورسەتمەكتە. مۇشۇنداق خىلمۇ-خىل، بىر-بىرىگە زىت

ئىككى يۈزلىمە سىياسەتلەرنىڭ تەيەردىن كېلىپ چىققانلىقى سۈرۈش-تۈرۈلىدىغان بولسا، ئۇلار چوڭ پومىششىكلار، چوڭ بانكا ئىگىلىرى، چوڭ مەيىبەنلەردىن تەركىپ تاپقان ئىجتىمائى تەبىقىدىن ئىبارەت مۇشۇ باش مەنبەدىن كېلىپ چىققان.

لېكىن گومىنداڭ — مۇرەككەپ بىر پارتىيە. ئۇ چوڭ پومىششىكلار، چوڭ بانكا ئىگىلىرى، چوڭ مەيىبەنلەر تەبىقىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مۇشۇ ئەكسىيەتچى گۇرۇھنىڭ ھوكۇمرانلىقىدا ۋە رەھبەرلىكىدە بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى مۇشۇ ئەكسىيەتچى گۇرۇھ بىلەن پۈتۈنلەي بىر دىگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ بىر قىسىم رەھبىرىي كىشىلىرى بۇ گۇرۇھقا مەنسۇپ ئەمەس، بەلكى مۇشۇ گۇرۇھ تەرىپىدىن زەربە يىمەكتە، چەتكە قېقىلماقتا ياكى ئېتىۋارسىز قالىماقتا. ئۇنىڭ بىرمۇنچە كادىرلىرى، ئەزالىرى ۋە سەنمىنجۇيىلىق چىڭنيەنتۇەنىنىڭ ئەزالىرى ئاممىسى بۇ گۇرۇھنىڭ رەھبەرلىكىدىن نارازى، ھەتتا بەزىلىرى ئۇنىڭ رەھبەرلىكىگە قارشى. بۇنداق ئەھۋال ئەنە شۇ ئەكسىيەتچى گۇرۇھ ئىلكىدىكى گومىنداڭنىڭ ئارمىيىسىدە، گومىنداڭنىڭ ھوكۇمەت ئورگانلىرىدا، گومىنداڭنىڭ ئىقتىسادىي ئورگانلىرىدا ۋە گومىنداڭنىڭ مەدەنىيەت ئورگانلىرىنىڭ ھەممىسىدە مەۋجۇت. بۇ ئارمىيە ۋە ئورگانلاردا بىرمۇنچە دېموكراتلارمۇ بار. بۇ ئەكسىيەتچى گۇرۇھنىڭ ئۆزىمۇ بىرنەچچە گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۆزئارا كۈرەش قىلىدۇ، ئۇ ھەرگىز زىچ بىرلەشكەن بىر پۈتۈن گەۋدە ئەمەس. گومىنداڭنى ساپلا ئەكسىيەتچىلەر گۇرۇھى دەپ قاراش، شۈبھىسىزكى، تولىمۇ ناموۋاپىق.

# سىلىشتۇرما

جۇڭگو خەلقى جۇڭگو ئازات رايونلىرى بىلەن گومىنداڭ ھوكۇمرانلىقىدىكى رايونلاردىن روشەن سىلىشتۇرمىغا ئىگە بولدى.

تېخى روشەن ئەمەسمۇ؟ ئىككى لۇشيەن — خەلق ئۇرۇشى لۇشيەنى ۋە خەلق ئۇرۇشىغا قارشى تۇرۇش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا پاسسىپ قارشى تۇرۇش لۇشيەنى تۇرۇپتۇ، ئۇلارنىڭ نەتىجىسى شۇنداق بولدۇكى، بىرى جۇڭگو ئازات رايونلىرىنىڭكىدەك شارائىتى ناھايىتى ناچار ۋە ھېچقانداق تاشقى ياردەم يوق ئورۇندا تۇرغاندىمۇ، غەلىبىگە ئېلىپ باردى؛ يەنە بىرى گومىنداڭ ھوكۇمرانلىقىدىكى رايونلارنىڭكىدەك ئىنتايىن پايدىلىق ۋە چەتئەللەرنىڭ ياردىمىگە ئىگە ئورۇندا تۇرغاندىمۇ، مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ باردى.

گومىنداڭ ھوكۇمىتى ئۆز مەغلۇبىيىتىنى قورال-ياراقلىرىنىڭ كەملىكىدىن كوردى. لېكىن سوراپ كورەيلى: قورال-ياراقلىرى كەم بولۇۋاتقىنى گومىنداڭ ئارمىيىسىمۇ ياكى ئازات رايونلار ئارمىيىسىمۇ؟ جۇڭگو ئازات رايونلار ئارمىيىسى — جۇڭگو ئارمىيىلىرى ئىچىدە قورال-ياراقلىرى ئەڭ كەم ئارمىيە، ئۇلارغا قورال-ياراقلارنى پەقەت دۈشمەن قولىدىن تارتىۋېلىشقا ۋە ئەڭ ناچار شارائىتتا ئۆزلىرى ياساشقىلا توغرا كېلىدۇ.

گومىنداڭنىڭ مەركەز شتۇگىدىكى ئارمىيىسىنىڭ قورال-ياراق-لىرى يەرلىك شتۇگىدىكى ئارمىيىلىرىنىڭكىگە قارىغاندا كوپ ياخشى ئەمەسمۇ؟ لېكىن جەڭگىۋارلىقىنى سىلىشتۇرغاندا، مەركەز شتۇگىدى-كىلەرنىڭ كوپچىلىكى يەرلىك شتۇگىدىكىلەردىن ناچار.

گومىنداڭ كەڭ ئادەم كۈچى مەنبەسىگە ئىگە، ئەمما ئۇنىڭ

ھەربى خىزمەت ئۆتەش جەھەتتىكى خاتا سىياسەتتى ئارقىسىدا، ئۆز ئارمىيىسىنى ئادەم كۈچى بىلەن تولۇقلىشى ئىنتايىن قىيىن. جۇڭگو ئازات رايونلىرى دۈشمەن تەرىپىدىن بولۇۋېتىلگەن، جەڭلەر كۆپ بولۇپ تۇرىدىغان شارائىتتا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، خەلق ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان مىلىتسىيە ۋە زاپاسچىلار تۈزۈمىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلگە قويغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەم كۈچى مەنبەسىدىن قالايمىقان پايدىلىنىش ۋە ئۇنى ئىسراپ قىلىشنى توسقانلىقتىن، ئادەم كۈچلىرىنى ئۈزلۈكسىز سەپەرۋەر قىلالايدۇ.

گومىنداڭ ئاشلىقى مول كەڭ رايونلارغا ئىگە، خەلق ئۇنى ھەر يىلى 70 مىليون دەندىن 100 مىليون دەنگىچە ئاشلىق بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئەمما، بۇ ئاشلىقنىڭ كۆپ قىسمى باشقۇرغۇچىلارنىڭ خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىپ، گومىنداڭ ئارمىيىسىگە ھەمىشە ئاشلىق يېتىشمەي قالىدۇ، ئەسكەرلىرى ئاچلىقتىن چىرايى ساغىرىپ، جۇدەپ كەتمەكتە. جۇڭگو ئازات رايونلىرىنىڭ ئاساسىي قىسمى دۈشمەن ئارقا سېپىدە بولۇپ، دۈشمەننىڭ كۆيدۈرۈپ تۈگىتىش، قىرىپ تۈگىتىش، بۇلاپ تۈگىتىشتىن ئىبارەت «ئۈچ تۈگىتىش» سىياسىتىنىڭ ۋەيرانچىلىقىغا ئۇچراپ كەلدى، بۇ رايونلارنىڭ بەزىلىرى شىمالىي شەنشىگە ئوخشاش ناھايىتى ئۈنۈمسىز رايونلار، شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ ئۇلار ئۆزلىرى قول سېلىپ ئىشلەش، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئاشلىق مەسىلىسىنى ناھايىتى ئوبدان ھەل قىلىۋالدى.

گومىنداڭ رايونلىرىدا ئىقتىسادىي ۋەيجى ئىنتايىن ئېغىر، سانائەتنىڭ كۆپ قىسمى ۋەيران بولغان، ھەتتا ياختا رەختكە ئوخشاش كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىمۇ ئامېرىكىدىن كەلتۈرۈلىدۇ. جۇڭگو

ئازات رايونلىرى بولسا سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، پاختا رەخت ۋە باشقا كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا بولغان ئېھتىياجنى ئۆزى ھەل قىلماقتا.

گومىنداڭ رايونلىرىدا ئىشچىلار، دىخانلار، دۇكان خىزمەتچىلىرى، ھوكۇمەت خادىملىرى، زىيالىلار ۋە مەدەنىيەت خادىملىرىنىڭ تۇرمۇشتا چېكىدىن ئاشقان ئازاۋى چېكىگە يەتتى. جۇڭگو ئازات رايونلىرىدا بولسا ھەممە خەلق يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك ۋە ئىش بىلەن تەمىن ئېتىلگەن.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىن پايدىلىنىپ، ۋەتەن بېشىغا چۈشكەن ئاپەت ھېساۋىغا بېيىش، ئەمەلدارلار سودىگەرچىلىككە كىرىشىپ كېتىش، خىيانەتچىلىك ئەۋج ئېلىش، پاكلىق ۋە لومۇستىن ئەسەر قالماسلىق — گومىنداڭ رايونلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى. جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش، ئىشتا ئۆلگە بولۇش، خىزمەت قىلىشتىن تاشقىرى ئىشلەپچىقىرىش بىلەنمۇ شۇغۇللىنىش، پاكلىققا رىغبەتلەندۇرۇش، خىيانەتچىلىكنى قاتتىق چەكلەش — جۇڭگو ئازات رايونلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى.

گومىنداڭ رايونلىرىدا خەلق ھەممە ئەركىنلىكلەردىن مەھرۇم قىلىنغان. جۇڭگو ئازات رايونلىرىدا بولسا خەلققە تولۇق ئەركىنلىك بېرىلگەن.

گومىنداڭ ھوكۇمرانلىرىنىڭ ئالدىدا مۇشۇنداق غەيرى تەبىي ئەھۋاللار تۇرۇپتۇ، بۇنى كىمدىن كورۇش كېرەك؟ باشقىلاردىن كورۇش كېرەكمۇ ياكى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن كورۇش كېرەكمۇ؟ چەتئەللەر ياردىمىنىڭ كەم بولغانلىغىدىن كورۇش كېرەكمۇ ياكى گومىنداڭ ھوكۇمىتىنىڭ ھاكىم مۇتلەق ھوكۇمرانلىغىدىن ۋە چىرىك-

لىگى، قابىلىيەتسىزلىكىدىن كۆرۈش كېرەكمۇ؟ بۇ تېخى چۈشىنىشلىك ئەمەسمۇ؟

## «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى بۇزغان، دۆلەتكە خەۋپ يەتكۈزگەن» كىم؟

جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىنى ھەقىقىي بۇزغان ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ دۆلىتىگە ھەقىقىي خەۋپ يەتكۈزگەن دەل گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزى ئەمەسمۇ؟ بۇ ھۆكۈمەت پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن توپ-توغرا 10 يىل ئىچكى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، نەيزىسىنى قېرىنداشلىرىغا قاراتتى، دۆلەت مۇداپىئە ئىشلىرىنىڭ ھېچقاندىقى بىلەن كارى بولمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قارشى تۇرماسلىق سىياسىتىنى قوللىنىپ، دۇڭبېي 4 ئۆلكىنى دۈشمەنگە سۇڭلاپ بەردى. ياپون تاجاۋۇزچىلىرى گۇەنېيگە بېسىپ كىرگەندە، تېنەپ-تەمتىرەپ ئۇرۇش قىلىپ، لۇگۇچياۋدىن گۈيجۇ ئۆلكىسىگە چېكىندى. لېكىن گومىنداڭچىلار تېخى: «گۇڭچەنداڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى بۇزدى، دۆلەتكە خەۋپ يەتكۈزدى» دېيىشمەكتە (1943-يىل 9-ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن گومىنداڭ جۇڭياڭى 11-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارىغا قاراڭ). ئۇلارنىڭ بىردىن-بىر دەلىلى — گۇڭچەنداڭنىڭ ھەر ساھە خەلقى بىلەن بىرلىشىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا باتۇرلۇق بىلەن قارشى تۇرۇۋاتقان جۇڭگو ئازات رايونلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنلىكى. مۇشۇ گومىنداڭچىلارنىڭ مەنتىقى جۇڭگو خەلقىنىڭ مەنتىقىسىدىن ئەنە شۇنداق پەرقلىنىدۇكى، نۇرغۇن مەسىلىلەردە كېلىشەلمەسلىكنىڭ بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

ئىككى سوئال:

بىرىنچى، گومىنداڭ ھوكۇمىتىنىڭ خېلىۇگچياڭدىن لۇگوچياۋغىچە ۋە لۇگوچياۋدىن گۇيجۇ ئۆلكىسىگىچە بولغان مۇشۇنداق كەڭ ۋەتەن زېمىنىنى ۋە مۇشۇنداق نۇرغۇن خەلقىنى تاشلىۋېتىشىگە زادى نېمە سەۋەپ بولىدى؟ بۇنىڭغا گومىنداڭ ھوكۇمىتى قوللانغان قارشى تۇرماسلىق سىياسىتى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا پاسسىپ قارشى تۇرۇش سىياسىتى ۋە خەلققە قارشى ئىچكى سىياسىتى سەۋەپ بولمىدىمۇ؟

ئىككىنچى، جۇڭگو ئازات رايونلىرىنىڭ دۈشمەن قوشۇنلىرى ۋە قورچاق قوشۇنلارنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك، دەھشەتلىك ھۇجۇملىرىنى يېڭىپ، مىللى دۈشمەن چاڭگىلىدىن مۇشۇنداق كەڭ ۋەتەن زېمىنىنى قايتۇرۇۋالغانلىقىغا ۋە مۇشۇنداق نۇرغۇن خەلقنى ئازات قىلغانلىقىغا زادى نېمە سەۋەپ بولدى؟ بۇنىڭغا خەلق ئۇرۇشىدىن ئىبارەت توغرا لۇشيەن سەۋەپ بولمىدىمۇ؟

## «مەمۇرى بۇيرۇق ۋە ھەربى بۇيرۇققا بويسۇنمىدى» دېيىشلەر

گومىنداڭ ھوكۇمىتى ھەمىشە جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى «مەمۇرى بۇيرۇق ۋە ھەربى بۇيرۇققا بويسۇنمىدى» دەپمۇ ئەيىپلەپ كەلمەكتە. ئەمما بىز پەقەت مۇنداقلا دېيىشىمىز مۇمكىن: بەختكە يارىشا، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى جۇڭگو خەلقىنى بىلىدىغان ئاددى ساۋاتنى ساقلاپ قېلىپ، جۇڭگو خەلقى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ چاڭگىلىدىن جاپا-مۇشەققەتلەر بىلەن قايتۇرۇۋالغان جۇڭگو ئازات رايونلىرىنى ئەمەلىيەتتە ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قايتىدىن سۇڭلاپ بېرىۋېتىدىغان ئەنە شۇنداق «مەمۇرى بۇيرۇق ۋە ھەربى بۇيرۇق» دېگەن نېملەرگە، مەسىلەن، 1939-يىلىدىكى «يات پارتىيىلەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى

چەكلەش چارىسى»، 1941 ـ يىلدىكى «يېڭى 4 ـ ئارمىيىنى تارقىتىۋې-
تىش» ۋە «خۇاڭخېنىڭ كونا ئېقىنىنىڭ شىمالىغىچە چېكىنىش»،
1943 ـ يىلدىكى «جۇڭگو گۇڭچەنداڭىنى تارقىتىۋېتىش»، 1944 ـ يىل-
دىكى «10 شىدىن باشقا بارلىق قوشۇنلارنى بەلگىلەنگەن مۇددەت
ئىچىدە ئەمەلدىن قالدۇرۇش» دېگەن نەرسىلەرگە شۇنىڭدەك يېقىنقى
تەنىپەندە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئارمىيە ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنى
گومىنداڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش، بۇنىڭ بەدىلىگە بىرلەشمە ھۆكۈمەت
قۇرۇشقا يول قويماي، پەقەت بىرنەچچە گۇڭچەنداڭ ئەزاسىنىڭ
گومىنداڭنىڭ ھاكىم مۇتلەق ھۆكۈمىتى ئىچىدە ئەمەلدار بولۇشىغىلا
يول قويۇش دېگەن نەرسىگە ھەممىدە بۇ چارىنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ
«يول قويغانلىقى» دەپ ئاتاشقا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرگە
بويسۇنمىدى. بەختكە يارىشا، بىز بۇ نەرسىلەرگە بويسۇنماي، جۇڭگو
خەلقى ئۈچۈن بىر پارچە پاك زىمىننى ساقلاپ قالدۇق، ياپون
باسقۇنچىلىرىغا باتۇرلۇق بىلەن قارشى تۇرىدىغان ئارمىيىنى ساقلاپ
قالدۇق. جۇڭگو خەلقى بۇ «بويسۇنماسلىق»نى تەبرىكلەشكە تېگىشلىك
ئەمەسمۇ؟ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ فاشىستىك مەمۇرى بۇيرۇغى
ۋە مەغلۇبىيەتچىلىك ھەربى بۇيرۇغى بىلەن خېيلۇڭجياڭدىن گۇيجۇ
ئۆلكىسىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى كەڭ زىمىن ۋە خەلقنى ياپون
تاجاۋۇزچىلىرىغا سوۋغىلاپ بەرگەنلىكىنى تېخى ئاز دەمدىكەن؟ بۇ
«مەمۇرى بۇيرۇق ۋە ھەربى بۇيرۇق»لارنى ياپون تاجاۋۇزچىلىرى
ۋە ئەكسىيەتچىلەر قارشى ئالغاندىن باشقا، قارشى ئالىدىغان يەنە
بىرەر ۋەتەنپەرۋەر، ۋىجدانلىق جۇڭگولۇق بارمۇ؟ شەكلەن ئەمەس،
ھەقىقى بولغان، فاشىستىك، ھاكىم مۇتلەق ئەمەس، دېموكراتىك
بولغان بىرلەشمە ھۆكۈمەت بولمىسا، جۇڭگو خەلقى جۇڭگو

كوممۇنىستلىرىنىڭ ئازاتلىققا ئېرىشكەن جۇڭگو ئازات رايونلىرىنى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۆرەشتە خىزمەت كۆرسەتكەن خەلق ئارمىيىسىنى مەغلۇبىيەتچى ۋە فاشىست گومىنداڭنىڭ فاشىستىك، ھاكىم مۇتلەق ھۆكۈمىتىگە ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن تاپشۇرۇپ بېرىشكە يول قويىدۇ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولامدۇ؟ ئەگەر جۇڭگو ئازات رايونلىرى ۋە ئۇنىڭ ئارمىيىسى بولمىسا، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئىشى بۈگۈنكىدەك بولالامتتى؟ مىللىتىمىزنىڭ ئىستىقبالىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولاتتىمۇ؟

## ئىچكى ئۇرۇش خەۋپى

گومىنداڭ ئىچىدىكى ئاساسىي ھۆكۈمران گۇرۇھ ئۆزىنىڭ ھاكىم مۇتلەقلىق ۋە ئىچكى ئۇرۇشتىن ئىبارەت ئەكسىيەتچىل فاكچىنىدا بۈگۈنگىچە چىڭ تۇرۇپ كەلمەكتە. نۇرغۇن ئالامەتلەر ئۇلارنىڭ مۇنداق بىر ھەركەتكە يەنى مەلۇم بىر ئىتتىپاقداش دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى جۇڭگو قۇرۇقلۇقىدىن قوغلاپ چىقىرىشى مەلۇم دەرىجىگە يەتكەن ھامان ئىچكى ئۇرۇش قوزغاشقا ئالللىقاچان تەييارلىنىپ قويغانلىقىنى بولۇپمۇ ھازىر تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. ئۇلار يەنە بەزى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر جياڭلىگلىرىنىڭ ئەنگلىيىلىك سكوبى جياڭجۈن③ يۇناندا ئىجرا قىلغان ۋەزىپىنى جۇڭگو زېمىنىدا ئىجرا قىلىشىنى ئۈمىت قىلماقتا. ئۇلار سكوبىنىڭ ۋە يۇنان ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ قىرغىنچىلىقلىرىنى ئالقىشلىماقتا. ئۇلار جۇڭگونى 1927 ـ يىلدىن 1937 ـ يىلغىچە بولغان ئىچكى ئۇرۇش دېڭىزىغا يېڭىۋاشتىن تاشلاشقا ئۇرۇنماقتا. گومىنداڭنىڭ ئاساسىي ھۆكۈمران گۇرۇھى ھازىر «گومىنداخۇي

چاقىرىش» ۋە «سىياسى يول بىلەن ھەل قىلىش» دېگەن تۇتەك پەردە ئارقىسىدا ئۇزىنىڭ ئىچكى ئۇرۇش تەييارلىقىنى ئوغرىلىقچە ئېلىپ بارماقتا. ئەگەر ۋەتەنداشلىرىمىز بۇنىڭغا دىققەت قىلمىسا، بۇ گورۇھنىڭ سۇيقەستلىرىنى ئېچىپ تاشلىمىسا، ئۇنىڭ تەييارلىقىنى توسمىسا، ئۇ ھالدا، بىر ئەتىگەندە ئىچكى ئۇرۇشنىڭ زەمبىرەك ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ.

## تەنپەن

ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى مەغلۇپ قىلىش ۋە يېڭى جۇڭگو قۇرۇش ئۇچۇن، ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇچۇن، جۇڭگو گوڭچەنداڭى باشقا دېموكراتىك گورۇھلارنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن، 1944-يىل 9-ئايدىكى گومىن سەنجېڭخۇيىدا، دەرھال گومىنداڭنىڭ بىر پارتىيە دىكتاتۇرىسىنى بىكار قىلىش، دېموكراتىك بىرلەشمە ھوكۇمەت قۇرۇش تەلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شەك-شۈبھىسىزكى، بۇ تەلەپ پەيتىگە مۇۋاپىق ئىدى، شۇڭا بىرنەچچە ئاي ئىچىدىلا، كەڭ خەلقنىڭ ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشتى.

قانداق قىلىپ بىر پارتىيە دىكتاتۇرىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، بىرلەشمە ھوكۇمەت قۇرۇش ۋە زۆرۈر دېموكراتىك ئىسلاھاتلارنى ئەمەلگە قويۇشقا ئوخشاش مەسىلىلەر توغرىسىدا بىز بىلەن گومىنداڭ ھوكۇمىتى ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن قېتىم تەنپەنلەر بولۇپ ئوتتى، ئەمما بىزنىڭ بارلىق تەكلىپلىرىمىز گومىنداڭ ھوكۇمىتى تەرىپىدىن رەت قىلىندى. گومىنداڭ بىر پارتىيە دىكتاتۇرىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى، بىرلەشمە ھوكۇمەت قۇرۇشنى خالىمايلا قالماي، بەلكى جىددى ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان دېموكراتىك ئىسلاھاتلارنىڭ ھەرقاندىقىنى،

مەسىلەن، ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، خەلق ئەركىنلىكىنى باستۇرىدىغان ئەكسىيەتچىل ئەمر-پەرمانلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، سىياسى مەھبۇسلارنى ئازات قىلىش، پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ قانۇنىي ئورنىنى ئېتىراپ قىلىش، ئازات رايونلارنى ئېتىراپ قىلىش، ئازات رايونلارغا قامال ۋە ھۇجۇم يۈرگۈزۈۋاتقان قوشۇنلارنى قايتۇرۇپ كېتىشكە ئوخشاش ئىشلارنىڭ بىرەرسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىمۇ خالىمىدى. شۇنداق قىلىپ، جۇڭگودىكى سىياسى مۇناسىۋەتلەرنى ئىنتايىن جىددى ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى.

## ئىككى ئىستىقبال

پۈتۈن ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان بارلىق خەلقارا ۋە ئىچكى ئەمەلىي ئەھۋاللار توغرىسىدىكى تەھلىلدىن قارىغاندا، كۆپچىلىكنىڭ شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىنى سورايمەنكى، بىزنىڭ بارلىق ئىشلىرىمىز ئوڭۇشلۇق، كوڭۇلدىكىدەك بولىدۇ، دەپ قارىماسلىق كېرەك. ياق، ئۇنداق ئەمەس، ئەمەلىيەتتە، ياخشى ۋە يامان ئىككى ئېھتىمال، ياخشى ۋە يامان ئىككى ئىستىقبال مەۋجۇت. فاشىستىك، ھاكىم مۇتلەق ھوكۇمرانلىقنى داۋاملاشتۇرۇپ، دېموكراتىك ئىسلاھاتلارغا يول قويماسلىق؛ موھىم نۇقتىنى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش تەرىپىگە قويماي، خەلققە قارشى تۇرۇش تەرىپىگە قويۇش؛ ياپون تاجاۋۇزچىلىرى مەغلۇپ قىلىنغان تەقدىردىمۇ، جۇڭگودا يەنىلا ئىچكى ئۇرۇش تۇغۇلۇپ قېلىپ، جۇڭگونى ئازاپ-ئوقۇبەتتى قاتمۇ-قات بولغان ۋە مۇستەقىل بولمىغان، ئەركىن بولمىغان، دېموكراتىك بولمىغان، بىرلىككە كەلمىگەن، باي-كۈچلۈك بولمىغان كونا ھالىتىگە قايتۇرۇش، بۇ — بىر ئېھتىمال،

بۇ — بىر ئىستىقبال. بۇ ئېھتىمال، بۇ ئىستىقبال ھېلىمۇ مەۋجۇت، خەلقارا ۋەزىيەتنىڭ ياخشىلانغانلىقى، مەملىكەت ئىچىدە خەلقنىڭ ئاڭ دەرىجىسىنىڭ ئۆسكەنلىكى ۋە تەشكىللىنىش خەلق كۈچلىرىنىڭ راۋاجلانغانلىقى سەۋەبىدىن بۇ ئېھتىمال ۋە بۇ ئىستىقبال يوق بولۇپ قالمايدۇ، ياكى تەبىي ھالدا يوقىلىپ كەتمەيدۇ. جۇڭگونىڭ بۇ ئېھتىمال، بۇ ئىستىقبالنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئۈمىت قىلغۇچىلار — جۇڭگودا گومىنداڭ ئىچىدىكى خەلققە قارشى گۇرۇھ، چەتئەللەردە بولسا جاھانگىرلىك ئىدىيىسىدىكى ئەكسىيەتچىلەر. بۇ — بىر تەرەپ، بۇ — دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر تەرەپ.

ئەمما، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوخشاشلا پۈتۈن ۋەزىيەتنىن قارىغاندا، يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان بارلىق ئىچكى ۋە تاشقى ئەھۋاللار توغرىسىدىكى تەھلىلدىن قارىغاندا، بىز ئىككىنچى ئېھتىمال، ئىككىنچى ئىستىقبال ئۈچۈن تېخىمۇ ئىشەنچ ۋە تېخىمۇ غەيرەت بىلەن تىرىشىشىمىز كېرەك. بۇ ئېھتىمال، بۇ ئىستىقبال بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، گومىنداڭنىڭ فاشىستىك، ھاكىم مۇتلەق ھوكۇمرانلىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، دېموكراتىك ئىسلاھات يۈرگۈزۈپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈچلەرنى مۇستەھكەملەپ ۋە كېڭەيتىپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى ئۈزۈل-كېسىل مەغلۇپ قىلىپ، جۇڭگونى مۇستەقىل، ئەركىن، دېموكراتىك، بىرلىككە كەلگەن ۋە باي-كۈچلۈك يېڭى دولەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت. جۇڭگونىڭ بۇ ئېھتىمالنى، بۇ ئىستىقبالنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئۈمىت قىلغۇچىلار — جۇڭگودا كەڭ خەلق، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە باشقا دېموكراتىك گۇرۇھلار، چەتئەللەردە بولسا بىزنى ئوزى بىلەن تەڭ كورىدىغان بارلىق مىللەتلەر، چەتئەللەرنىڭ

تەرەققىيپەرۋەر كىشىلىرى، چەتئەللەرنىڭ خەلق ئاممىسى.

بىز شۇنى ئېنىق چۈشىنىمىزكى، بىزنىڭ ئالدىمىزدا ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ ئالدىدا تېخى ناھايىتى زور قىيىنچىلىقلار بار، تېخى ناھايىتى كوپ توسالغۇلار بار، تېخى ناھايىتى كوپ ئەگرى-توقاي يوللاردا مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن بىز شۇنىمۇ چۈشىنىمىزكى، بىز پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ھەرقانداق قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارنى چوقۇم يېڭىپ، جۇڭگونىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىيالايمىز. بارلىق كۈچ بىلەن بىرىنچى ئېھتىمالغا قارشى تۇرۇپ، ئىككىنچى ئېھتىمالنى قولغا كەلتۈرۈش، بىرىنچى ئىستىقبالغا قارشى تۇرۇپ، ئىككىنچى ئىستىقبالنى قولغا كەلتۈرۈش — بىزنىڭ ئۇلۇغ ۋەزىپىمىز ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ۋەزىپىسى. خەلقارا ۋە ئىچكى ۋەزىيەتنىڭ ئاساسىي تەرىپى بىزگە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە پايدىلىق. بۇ توغرىدا مەن يۇقۇرىدا ناھايىتى ئېنىق سوزلەپ ئوتتۇم. بىز گومىنداڭ دائىرىلىرىدىن دۇنيا ۋەزىيەتىنىڭ ئېقىمىنى ۋە جۇڭگولۇقلارنىڭ كوڭۇل مايىللىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئوزىنىڭ ھازىرقى خاتا سىياسىتىنى قەتئىي ئوزگەرتىشىنى ئۇمىت قىلىمىزكى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبىگە ئېرىشسۇن، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازاپ-ئوقۇبەتلىرى ئازايسۇن، يېڭى جۇڭگو بالدۇرراق دۇنياغا كەلسۇن. شۇنى بىلىش لازىمكى، مەيلى قانداق ئەگرى-توقايلىقلار بولسۇن، جۇڭگو خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق ۋە ئازاتلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ۋەزىپىسى، بەرىبىر، ئورۇنلىنىدۇ، بەلكى بۇنداق پەيت يېتىپ كەلدى. 100 نەچچە يىلدىن بېرى سانسىز ئىنقىلاۋىي قۇربانلار كۈتكەن ئۇلۇغ ئارزۇ چوقۇم بىز مۇشۇ زاماندىشلار تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ، كىمكى بۇنى

توسماقچى بولىدىكەن، بەربىر توسالمايدۇ.

## 4. جۇڭگو گوڭچەنداڭنىڭ سىياسىتى

يۇقۇرىدا مەن جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىدىكى ئىككى لۇشيەننى تەھلىل قىلىپ ئوتتۇم. بۇنداق تەھلىل تامامەن زورۇر. چۈنكى كەڭ جۇڭگولۇقلار ئارىسىدا تېخى نۇرغۇن كىشىلەر جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىدىكى كونكرېت ئەھۋالنى ھازىرغىچە چۈشەنمەيدۇ. گومىنداڭ ھوكۇمىتىنىڭ قامال قىلىش سىياسىتى سەۋەبىدىن گومىنداڭ ھوكۇمرانلىقىدىكى رايونلاردا ۋە چەتئەللەردە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كوزى پەردىلىنىپ قالدى. 1944 ـ يىلى جۇڭگو ۋە چەتئەل مۇخبىرلىرى ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى جۇڭگو ئازات رايونلىرىغا كېلىشتىن بۇرۇن ئۇ يەرلەردىكى نۇرغۇن كىشىلەر، ئازات رايونلار ھەققىدە ھېچنەرسىنى بىلمەيدۇ، دىگۇدەك ئىدى. گومىنداڭ ھوكۇمىتى ئازات رايونلاردىكى ھەقىقى ئەھۋالنىڭ كىشىلەرگە مەلۇم بولۇپ قېلىشىدىن بەك قورقىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن 1944 ـ يىلى مۇخبىرلار ئۆمىكى قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، دەرھال دەرۋازىنى تاقىۋېلىپ، بىرمۇ مۇخبىرنىڭ ئازات رايونلارغا يەنە كېلىشىگە رۇخسەت قىلمىدى. گومىنداڭ ھوكۇمىتى گومىنداڭ رايونلىرىنىڭ ھەقىقى ئەھۋالىنىمۇ ئوخشاشلا قامال قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مېنىڭچە، بىزنىڭ ئۈستىمىزدە «ئىككى رايون»نىڭ ھەقىقى ئەھۋالىنى كىشىلەرگە مۇمكىن قەدەر ئېنىق بىلدۈرۈش مەسئۇلىيىتى بار. جۇڭگونىڭ پۈتۈن ئەھۋالىنى ئېنىق بىلگەندىن كېيىن، ئاندىن جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ ئىككى پارتىيىنىڭ ــ جۇڭگو

گۇڭچەنداڭى بىلەن جۇڭگو گومىنداڭىنىڭ سىياسەتلىرىنىڭ نىمە ئۈچۈن بۇنداق ئوخشاش ئەمەسلىگىنى، نىمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئىككى لۇشيەن كۈرىشى بولۇۋاتقانلىغىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن كىشىلەرگە ئىككى پارتىيە ئوتتۇرىسىدىكى تالاش-تارتىشلارنىڭ، بەزى كىشىلەر ئېيتقاندەك، ھاجەتسىز، ئەھمىيەتسىز ياكى ھەتتا تۇترۇقسىز تالاش-تارتىشلار بولماستىن، بەلكى نەچچە يۈز مىليون خەلقىنىڭ ھايات-مامات مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك پىرىنسىپلىق تالاش-تارتىشلار ئىكەنلىگىنى چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ.

جۇڭگو ۋەزىيىتىنىڭ ھازىرقى ئېغىر شارائىتىدا، جۇڭگو خەلقى، جۇڭگودىكى بارلىق دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار ۋە دېموكراتلار، جۇڭگو ۋەزىيىتىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان بارلىق چەتئەل خەلقلىرى جۇڭگونىڭ بۆلۈنۈش ھالىتىدىن قايتا ئىتتىپاقلىشىشقا يۈزلىنىشىنى، جۇڭگونىڭ دېموكراتىك ئىسلاھاتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىنى ئۈمىت قىلىدۇ، جۇڭگو گۇڭچەنداڭىنىڭ نوۋەتتىكى بىرمۇنچە زور مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا تۇتقان سىياسىتىدىن خەۋەردار بولۇشنى خالايدۇ. بىزنىڭ پارتىيە ئەزالىرىمىز بۇلارغا، ئەلۋەتتە، تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلىدۇ.

بىزنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپ سىياسەتلىرىمىز بۇرۇندىن ئېنىق ئىدى، بۇ سىياسەتلەر 8 يىللىق ئۇرۇشتا سىنالدى. قۇرۇلتىيىمىز بۇلاردىن خۇلاسە چىقىرىپ، ئۇنى بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈرەشنىڭ قىبلىنامىسى قىلىشى لازىم.

ئەمدى مەن پارتىيىمىزنىڭ جۇڭگو مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش يولىدا ھاسىل قىلغان، موھىم سىياسەتلەرگە دائىر بولغان بىرقانچە

ئېنىق خۇلاسىسىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن.

## بىزنىڭ ئومۇمىي گاڭلىڭىمىز

جۇڭگو خەلقىنىڭ بارلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈچلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى ئۈزۈل-كېسىل يوقىتىش ھەم مۇستەقىل، ئەركىن، دېموكراتىك، بىرلىككە كەلگەن ۋە باي-كۈچلۈك يېڭى جۇڭگو قۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگو خەلقى، جۇڭگو گوڭچەنداڭى ۋە بارلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار ئۆزئارا ماقۇل كۆرگەن بىر ئورتاق گاڭلىڭغا ئىنتايىن مۇھتاج.

بۇنداق ئورتاق گاڭلىڭنى ئومۇمىي گاڭلىڭ ۋە كونكرېت گاڭلىڭ دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈش مۇمكىن. بىز ئاۋۋال ئومۇمىي گاڭلىڭ ئۈستىدە، ئاندىن كونكرېت گاڭلىڭ ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى ئۈزۈل-كېسىل يوقىتىش ۋە يېڭى جۇڭگو قۇرۇشتىن ئىبارەت مۇھىم ئالدىنقى شەرت ئاستىدا، جۇڭگونىڭ ھازىرقى باسقۇچىدا بىز كوممۇنىستلار مۇنداق بىر تۈپ نۇقتىدا جۇڭگو ئاھالىسىنىڭ ئەڭ زور كۆپچىلىكى بىلەن بىر پىكىردىمىز. ئۇ بولسىمۇ: بىرىنچىدىن، جۇڭگونىڭ دۆلەت تۈزۈمى چوڭ پومېشچىك-چوڭ بۇرژۇئازىيە دىكتاتۇرىلىقىدىكى، فېئوداللىق، فاشىستلىق ۋە خەلققە قارشى دۆلەت تۈزۈمى بولماسلىقى كېرەك، چۈنكى گومىنداڭنىڭ ئاساسىي ھۆكۈمران گۇرۇھىنىڭ 18 يىللىق ھۆكۈمرانلىقى خەلققە قارشى بۇنداق تۈزۈمنىڭ پۈتۈنلەي ئەبجىغى چىققانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئىككىنچىدىن، جۇڭگودا ساپ مىللىي بۇرژۇئازىيىنىڭ كونىچە دېموكراتىك دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەتنى قۇرغىلىمۇ بولمايدۇ،

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى قۇرۇشقا ئۇرۇنماسلىق لازىم، چۈنكى جۇڭگودا، بىر تەرەپتىن، مىللىي بۇرژۇئازىيە ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ، سىياسىي جەھەتتىمۇ ناھايىتى ئاجىز؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئويغانغان، جۇڭگونىڭ سىياسىي سەھنىسىدە كۈچلۈك قابىلىيىتىنى كۆرسەتكەن، كەڭ دېخانلار سىنىپى، شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسى، زىيالىيلار ۋە باشقا دېموكراتلارغا رەھبەرلىك قىلىۋاتقان جۇڭگو پرولېتارىياتى ۋە ئۇنىڭ رەھبىرى — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تەرىپىدىن ئىبارەت بۇنداق يېڭى شەرت ئاللىقاچان بارلىققا كەلدى. ئۈچىنچىدىن، جۇڭگونىڭ ھازىرقى باسقۇچىدا، جۇڭگو خەلقىنىڭ ۋەزىپىسى ھېلىمۇ مىللىي زۇلۇمغا، فېئوداللىق زۇلۇمغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇۋاتقان، جۇڭگونىڭ زۆرۈر ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي شەرتلىرى تېخى ھازىرلانمىغان ۋاقىتتا، جۇڭگو خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك دۆلەت تۈزۈمىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

ئۇنداق بولسا، بىز نېمىنى تەشەببۇس قىلىمىز؟ بىز ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى ئۇزۇل-كېسىل مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە مۇتلەق كۆپچىلىك خەلقنى ئاساس قىلىدىغان، ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىكىدە بولىدىغان، بىرلىكسەپلىك دېموكراتىك ئىتتىپاق ئاساسىدىكى دۆلەت تۈزۈمىنى ئورنىتىشنى تەشەببۇس قىلىمىز، بىز بۇنداق دۆلەت تۈزۈمىنى يېڭى دېموكراتىك دۆلەت تۈزۈمى دەپ ئاتايمىز.

بۇ — جۇڭگو ئاھالىسىنىڭ ئەڭ زور كۆپچىلىكىنىڭ تەلىۋىگە ھەقىقىي ئۇيغۇن كېلىدىغان دۆلەت تۈزۈمى، چۈنكى، بىرىنچىدىن، ئۇ بىرقانچە مىليون سانائەت ئىشچىلىرى، بىرقانچە ئون مىليون قول سانائەت ئىشچىلىرى ۋە ياللانما دېخانلارنىڭ قوللىشىغا

ئېرىشتى ۋە ئېرىششى مۇمكىن؛ ئىككىنچىدىن، جۇڭگو ئاھالىسىنىڭ 80 پىرسەنتىنى يەنى 450 مىليون ئاھالىسىنىڭ 360 مىليوننى تەشكىل قىلىدىغان دېھقانلار سىنىپىنىڭمۇ قولىشىغا ئېرىشتى ۋە ئېرىششى مۇمكىن؛ ئۈچىنچىدىن، كەڭ شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسى، مىللى بۇرژۇئازىيە، كەيمىڭ شىنشىلار ۋە باشقا ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭمۇ قوللىشىغا ئېرىشتى ۋە ئېرىششى مۇمكىن.

تەبىي، بۇ سىنىپلار ئوتتۇرىسىدا يەنىلا زىددىيەتلەر بار، مەسىلەن، ئەمگەك بىلەن كاپىتال ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت — ئۇلارنىڭ كوزگە كورۈنەرلىك بىر خىلى؛ شۇڭا بۇ سىنىپلارنىڭ ھەرقايسىسىدا ئوخشاش بولمىغان تەلەپلەر بار. بۇنداق زىددىيەتلەرنى يوقىتىش ۋە بۇنداق ئوخشاش بولمىغان تەلەپلەرنى يوقىتىش چىقىرىش، بۇنداق ئوخشاش بولمىغان تەلەپلەرنى يوقىتىش چىقىرىش ساختا ۋە خاتا. ئەمما، بۇنداق زىددىيەتلەر، بۇنداق ئوخشاش بولمىغان تەلەپلەر پۈتۈن يېڭى دېموكراتىزىم باسقۇچىدا ئورتاق تەلەپتىن ھالقىپ چۇشۇش دەرىجىسىگە يەتمەيدۇ ۋە يەتمەسلىكى كېرەك. بۇنداق زىددىيەتلەر ۋە بۇنداق ئوخشاش بولمىغان تەلەپلەرنى تەڭشىگىلى بولىدۇ. مۇشۇنداق تەڭشەش ئارقىلىق بۇ سىنىپلار يېڭى دېموكراتىك دولەتنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشلىرىنى بىرلىكتە ئورۇنلايدۇ.

بىز تەشەببۇس قىلىۋاتقان يېڭى دېموكراتىك سىياسى چەتنىڭ مىللى زۇلمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، مەملىكەت ئىچىدىكى فېئوداللىق ۋە فاشىستىك زۇلۇملارنى يوقىتىشتىن ئىبارەت، شۇنىڭدەك بىز بۇلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان ۋە يوقاتقاندىن كېيىن كونا دېموكراتىك سىياسى تۈزۈمنى ئورنىتىشنى ئەمەس، بەلكى بارلىق دېموكراتىك سىنىپلارنى بىرلەشتۈرىدىغان بىرلىكسەپلىك سىياسى تۈزۈمنى

ئورنىتىشنى تەشەببۇس قىلىمىز. بىزنىڭ بۇنداق تەشەببۇسىمىز سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ئىنقىلاۋىي تەشەببۇسى بىلەن پۈتۈنلەي بىر. سۇن جۇڭشەن ئەپەندى ئۆزى يازغان «جۇڭگو گومىنداڭنىڭ بىرىنچى نوۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ خىتاپنامىسى»دە: «يېقىنقى زامان دولەتلىرىدە خەلق ھوقۇقى تۈزۈمى دەپ ئاتالغان تۈزۈم، كوپىنچە، بۇرژۇئازىيىگە خاس بولۇپ، ئاددى خەلقنى ئېزىش قورالىغا ئايلىنىپ قالدى. گومىنداڭنىڭ خەلق ھوقۇقى مەسىلىگى بولسا ئومۇمىي ئاددى خەلققە ئورتاق بولۇپ، ئازچىلىق ئادەملەر ئىگەللەپ خۇسۇسى قىلىۋالىدىغان نەرسە ئەمەس» دىگەن ئىدى. بۇ — سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ئۇلۇق سىياسى يوليورۇقى. جۇڭگو خەلقى، جۇڭگو كوڭچەنداڭى ۋە باشقا بارلىق دېموكراتلار بۇ يولىيورۇقنى ھورمەتلىشى ۋە قەتئى ئىجرا قىلىشى، شۇنىڭدەك بۇ يولىيورۇققا خىلاپلىق قىلغان ۋە قارشى چىققان ھەرقانداق كىشى ۋە ھەرقانداق گورۇھ بىلەن قەتئى كورەش قىلىشى، شۇنداق قىلىپ، تامامەن توغرا بولغان بۇ يېڭى دېموكراتىك سىياسى پىرىنسىپنى قوغدىشى ۋە يۈكسەلدۈرۈشى لازىم.

يېڭى دېموكراتىك ھاكىمىيەت تەشكىلاتلىرى دېموكراتىيە — مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى قوللىنىشى، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى زور سىياسى فاڭجېنلارنى بەلگىلىشى، ھوكۇمەتلەرنى سايلىشى كېرەك. بۇ ھاكىمىيەت تەشكىلاتلىرى ھەم دېموكراتىيە، ھەم مەركەزلەشتۈرۈش ئاساسىدا بولىدۇ، يەنى دېموكراتىيە ئاساسىدىكى مەركەزلەشتۈرۈش، مەركەزلەشتۈرۈش يېتەكچىلىگىدىكى دېموكراتىيە ئاساسىدا بولىدۇ. پەقەت مۇشۇ تۈزۈملا، ھەم كەڭ دېموكراتىيىنى ئىپادىلەپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنى يۈكسەك ھوقۇققا

ئىگە قىلىدۇ؛ ھەم دۆلەت ئىشلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈش ئاساسىدا باشقۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى تاپشۇرغان بارلىق ئىشلارنى مەركەزلەشتۈرۈش ئاساسىدا باشقۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ، شۇنىڭدەك خەلقنىڭ بارلىق زورۇر دېموكراتىك پائالىيەتلىرىنى قوغدايدۇ.

ئارمىيە ۋە باشقا قوراللىق كۈچلەر — يېڭى دېموكراتىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ مۇھىم قىسمى، ئۇلار بولمىسا، دۆلەتنى قوغداش مۇمكىن ئەمەس. يېڭى دېموكراتىك دۆلەتنىڭ بارلىق قوراللىق كۈچلىرى، خۇددى باشقا ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا ئوخشاش، خەلققە مەنسۇپ ۋە خەلقنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ، ئۇلار ئازچىلىق كىشىلەرگە مەنسۇپ بولغان، خەلقنى ئېزىدىغان كونا ئارمىيە، كونا ساقچى ۋاھاكازالارغا زادىلا ئوخشىمايدۇ.

بىز تەشەببۇس قىلىۋاتقان يېڭى دېموكراتىك ئىقتىسادمۇ سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ پىرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن. يەر مەسىلىسىدە سۇن جۇڭشەن ئەپەندى «يەر تېرىغۇچىنىڭ يېرى بولسۇن»نى تەشەببۇس قىلىدۇ. سودا-سانائەت مەسىلىسىدە سۇن جۇڭشەن ئەپەندى يۇقۇرىدا ئېيتىلغان خىتابنامىدە مۇنداق دېگەن ئىدى: «جۇڭگولۇقلارنىڭ ۋە چەتئەللىكلەرنىڭ كارخانىلىرىدىن ياكى لۇڭدۇەن خاراكتېردىكىلىرى، ياكى كۆلىمى بەك كەڭ بولۇپ خۇسۇسىلارنىڭ باشقۇرۇشقا كۈچى يەتمەيدىغانلىرى، مەسىلەن، بانكا، تۆمۈريول، ھاۋا قاتنىشى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار دۆلەت تەرىپىدىن يولغا قويۇلىدۇ ۋە ئىدارە قىلىنىدۇ؛ بۇنىڭ بىلەن خۇسۇسى كاپىتال تۈزۈمى خەلق تۇرمۇشىنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋالالمايدىغان بولىدۇ، كاپىتالنى چەكلەشنىڭ ئاساسىي مەنىسى ئەنە شۇ.» ھازىرقى

باسقۇچتا ئىقتىسادىي مەسىلىلەردە بىز سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ بۇ تەشەببۇسلىرىغا تامامەن قوشۇلىمىز.

بەزىلەر، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى شەخسىيلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنى ياقلىمايدۇ، خۇسۇسى كاپىتالىزمنى راۋاجلاندۇرۇشنى ياقلىمايدۇ، خۇسۇسى مۈلۈكنى مۇھاپىزەت قىلىشنى ياقلىمايدۇ، دەپ گۇمانلىنىدۇ، ھەقىقەتتە، بۇ توغرا ئەمەس. مىللىي زۇلۇم ۋە فېئوداللىق زۇلۇم جۇڭگو خەلقىنىڭ شەخسىيلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىنى دەھشەتلىك تۈردە بوغۇپ كەلمەكتە، خۇسۇسى كاپىتالىزمنىڭ راۋاجلىنىشىنى بوغۇپ كەلمەكتە ۋە كەڭ خەلقنىڭ مال-مۈلكىنى ۋەيران قىلىپ كەلمەكتە. بىز تەشەببۇس قىلىۋاتقان يېڭى دېموكراتىك تۈزۈمنىڭ ۋەزىپىسى بولسا دەل ئەنە شۇ بوغۇشلارنى يوقىتىپ ۋە ئەنە شۇ ۋەيران قىلىشلارنى توختىتىپ، كەڭ خەلقنىڭ ئومۇمىي تۇرمۇشتىكى شەخسىيلىكىنى ئەركىن راۋاجلاندۇرالىشىغا، «خەلق تۇرمۇشىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالىدىغان» ئەمەس، بەلكى خەلق تۇرمۇشىغا پايدىلىق بولغان خۇسۇسى كاپىتالىستىك ئىگىلىكنى ئەركىن راۋاجلاندۇرالىشىغا كاپالەت بېرىش، بارلىق ھالال خۇسۇسى مۈلۈكلەرنى قوغداشتىن ئىبارەت.

سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ پرىنسىپلىرىغا ۋە جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، ھازىرقى باسقۇچتا جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي دولەت ئىگىلىكى، خۇسۇسىلار ئىگىلىكى ۋە كوپىراتىپ ئىگىلىكىدىن ئىبارەت ئۈچ ئىگىلىكتىن تەركىپ تېپىشى لازىم. دولەت ئىگىلىكى دېگەندىكى دولەت ھەرگىز «ئازچىلىق ئادەملەر ئىگەللەپ خۇسۇسى قىلىۋالىدىغان» دولەت بولماسلىقى كېرەك، چوقۇم پۈرولېتارىيات رەھبەرلىكىدە «ئومۇمىي ئاددىي خەلققە ئورتاق بولغان» يېڭى

دېموكراتىك دولەت بولۇشى كېرەك.

يېڭى دېموكراتىك مەدەنىيەتمۇ ئوخشاشلا «ئومۇمىي ئاددى خەلققە ئورتاق بولغان» مەدەنىيەت يەنى مىللى، ئىلمىي، ئامموۋى مەدەنىيەت بولۇشى كېرەك، ھەرگىز «ئازچىلىق ئادەملەر ئىگەللەپ خۇسۇسى قىلىۋالىدىغان» مەدەنىيەت بولماسلىقى كېرەك.

يۇقۇرىدا بايان قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسى بىز كوممۇنىستلار ھازىرقى باسقۇچتا، پۈتۈن بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاپ باسقۇچىدا تەشەببۇس قىلىۋاتقان ئومۇمىي گاڭلىق ياكى تۆپ گاڭلىق. بىزنىڭ سوتسىيالىزىم ۋە كوممۇنىزىم تۈزۈمىمىزنىڭ كەلگۈسى گاڭلىقىغا ياكى ئەڭ يۇقۇرى گاڭلىقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ — بىزنىڭ ئەڭ تۆۋەن گاڭلىقىمىز. بۇ گاڭلىقنى ئەمەلگە قويغاندا، جۇڭگونى ھازىرقى دولەت ئەھۋالى ۋە جەمىيەت ئەھۋالىدىن بىر قەدەم ئالغا سىلجىتقىلى، يەنى مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېودال دولەت ۋە جەمىيەتتىن يېڭى دېموكراتىك دولەت ۋە جەمىيەتكە سىلجىتقىلى بولىدۇ.

بۇ گاڭلىقدا بەلگىلەنگەن پرولېتارىياتنىڭ سىياسى جەھەتتىكى رەھبەرلىك ھوقۇقى ۋە پرولېتارىيات رەھبەرلىگىدىكى دولەت ئىگىلىكى بىلەن كوپېراتىپ ئىگىلىكى — سوتسىيالىستىك ئامىللار. لېكىن بۇ گاڭلىقنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى بىلەن جۇڭگو تېخى سوتسىيالىستىك جەمىيەت بولۇپ كەتمەيدۇ.

بىز كوممۇنىستلار ھېچقاچان ئۆزىمىزنىڭ سىياسى تەشەببۇسلىرىمىزنى يوشۇرمايمىز. بىزنىڭ كەلگۈسى گاڭلىقىمىز ياكى ئەڭ يۇقۇرى گاڭلىقىمىز جۇڭگونى سوتسىيالىستىك جەمىيەت ۋە كوممۇنىستىك جەمىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ، بۇ ئېنىق ۋە شەك-شۈبھىسىز. پارتىيىمىزنىڭ

نامى ۋە بىزنىڭ ماركسىزىملىق دۇنياقارىشىمىز ئەنە شۇ كەلگۈسى، چەكسىز پارلاق، چەكسىز گۈزەل ئالىي غايىنى روشەن كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. ھەر بىر گۇڭچەنداڭ ئەزاسى پارتىيىگە كىرگەندە، ئۇنىڭ قەلبىدە ھازىرقى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپ ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ۋە كەلگۈسىدىكى سوتسىيالىزىم ھەم كوممۇنىزىم ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى روشەن نىشان بولىدۇ، ئۇ كوممۇ-نىزىم دۈشمەنلىرىنىڭ ئاخماقلىق ۋە پەسكەشلىك بىلەن قىلغان دۈشمەنلىكلىرى، تۆھمەتلىرى، تىل-ھاقارەتلىرى ياكى مەسخىرىلىرىگە پىسەنت قىلمايدۇ؛ دۈشمەنلەرنىڭ بۇنداق قىلىشىغا قەتئىي زەربە بېرىشىمىز لازىم. گۇماندا بولۇۋاتقان ئاق كۆڭۈل كىشىلەرگە كەلسەك، ئۇلارغا زەربە بەرمەستىن، بەلكى ياخشى نىيەت بىلەن ۋە سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەنچە بېرىشىمىز كېرەك. بۇلارنىڭ ھەممىسى قىلچە تۇتۇق ئەمەس، ئىنتايىن ئوچۇق، ئىنتايىن ئېنىق.

لېكىن، بارلىق جۇڭگو كوممۇنىستلىرى، جۇڭگودىكى بارلىق كوممۇنىزىم خەيرىخاھلىرى ھازىرقى باسقۇچتىكى نىشان ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى، مىللىي زۇلۇم ۋە فېئوداللىق زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگو خەلقىنى مۇستەملىكىلىك، يېرىم مۇستەملىكىلىك، يېرىم فېئوداللىق پاجىئەلىك تەقدىردىن قۇتۇلدۇرۇش ۋە پرولېتارىيات رەھبەرلىك قىلىدىغان، دېھقانلار ئازاتلىقىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىدىغان يېڭى دېموكراتىزىم خاراكتېرىدىكى يەنى سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ئىنقىلابىي سەنمىنجۇيىسى خاراكتېرىدىكى مۇستەقىل، ئەركىن، دېموكراتىك، بىرلىككە كەلگەن ۋە باي-كۈچلۈك جۇڭگو قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى لازىم. بىز، دەرۋەقە، شۇنداق قىلىۋاتىمىز، بىز كوممۇنىستلار كەڭ جۇڭگو خەلقى بىلەن بىرلىكتە

مۇشۇ نىشان ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن 24 يىل كۈرەش قىلدۇق.

ھەرقانداق بىر كوممۇنىست ۋە ئۇنىڭ خەيرىخاھى ئەگەر مۇشۇ نىشان ئۈچۈن كۈرەش قىلمىسا، ئەگەر مۇشۇ بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاپنى كوزگە ئىلماي، ئۇنىڭغا سەللا بوشاڭلىق قىلسا، سەللا سۇسلۇق قىلسا، سەللا ساداقەتسىزلىك قىلسا، قىزغىنلىق بىلدۈرمىسە، ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنىنى توكۈش ۋە ھاياتىنى قۇربان قىلىشقا تەييار تۇرمىسا، سوتسىيالىزىم ۋە كوممۇنىزىم توغرىسىدا قۇرۇق گەپ ساتسا، ئۇ ھالدا، ئۇ سوتسىيالىزىم ۋە كوممۇنىزىمغا ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا، ئازدۇر-كوپتۇر ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ، ئاڭلىق ۋە سادىق كوممۇنىزىمچى بولمايدۇ. پەقەت دېموكراتىزىمنى بېسىپ ئوتكەندىلا، ئاندىن سوتسىيالىزىمغا يەتكىلى بولىدۇ، بۇ — ماركسىزىمنىڭ ئوزگەرمەس قائىدىسى. ھالبۇكى، جۇڭگودا دېموكراتىزىم ئۈچۈن بولۇۋاتقان كۈرەش تېخى ئۇزاق داۋام قىلىدۇ. يېڭى دېموكراتىك، بىرلەشكەن-بىرلىككە كەلگەن دولەت بولماي تۇرۇپ، يېڭى دېموكراتىك دولەت ئىگىلىگىنىڭ تەرەققىياتى بولماي تۇرۇپ، خۇسۇسى كاپىتالىستىك ئىگىلىك ۋە كوپىراتىپ ئىگىلىگىنىڭ تەرەققىياتى بولماي تۇرۇپ، مىللى، ئىلمي، ئاممىۋى مەدەنىيەتنىڭ يەنى يېڭى دېموكراتىك مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى بولماي تۇرۇپ، بىرقانچە يۈز مىليون خەلقنىڭ شەخسىيلىگىنىڭ ئازاتلىغى ۋە تەرەققىياتى بولماي تۇرۇپ، بىر ئېغىز سوز بىلەن ئېيتقاندا، كۇڭچەنداڭ رەھبەرلىگىدىكى، يېڭى شەكىلدىكى، بۇرژۇئا خاراكتېردىكى تەلتوكۈس دېموكراتىك ئىنقىلاپ بولماي تۇرۇپ، مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق خارابىلەر ئۈستىگە سوتسىيالىستىك جەمئىيەت قۇرماقچى بولۇش — پۈتۈنلەي خام خىيال، خالاس.

بەزىلەر كوممۇنىستلارنىڭ نىمە ئۈچۈن كاپىتالىزىمدىن قورقماي،
ئەكسىچە، ئۇنىڭ راۋاجلىنىشىنى مەلۇم شەرتلەر ئاستىدا تەشەببۇس
قىلىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. بىزنىڭ جاۋابىمىز مانا مۇنداق ئاددىي:
چەتئەل جاھانگىرلىكىنىڭ ۋە ئۆز مەملىكىتىمىزدىكى فېودالىزىمنىڭ
زۇلمى ئورنىغا كاپىتالىزىمنىڭ مەلۇم راۋاجلىنىشىنى قويۇش ئالغا
بېسىشلا ئەمەس، بەلكى مۇقەررەر بىر جەريان. ئۇ بۇرژۇئازىيىگىلا
پايدىلىق بولۇپ قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە پرولېتارىياتقىمۇ
پايدىلىق، ياكى پرولېتارىياتقا تېخىمۇ پايدىلىق. ھازىرقى جۇڭگودا
چەتئەل جاھانگىرلىكى ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ فېودالىزىمى ئارتۇقلۇق
قىلىۋاتىدۇ، مەملىكىتىمىزنىڭ كاپىتالىزىمى بولسا ئارتۇقلۇق قىلىۋات-
قىنى يوق، ئەكسىچە، بەك ئازلىق قىلىۋاتىدۇ. شۇنىسى ئاجايىپكى،
جۇڭگو بۇرژۇئازىيىسىنىڭ بەزى جارچىلىرى كاپىتالىزىمنى راۋاجلان-
دۇرۇش تەشەببۇسىنى توغرىدىن-توغرا ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت
قىلالماي، ئەگىتىپ سوزلەيدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا ھەتتا جۇڭگودا
كاپىتالىزىمنىڭ زورۇر راۋاجلىنىشىغا يول قويۇش لازىملىقىنى
بىراقلا ئىنكار قىلىپ، بىر يولىلا سوتسىيالىستىك جەمىيەتكە يەت-
كىلى بولىدۇ، سەنمىنجۇيىنى ۋە سوتسىيالىزىمنى «بىرلا جەڭ بىلەن
ئورۇنلاش» كېرەك، دېيىشىدۇ. ناھايىتى روشەنكى، بۇنداق ئەھۋاللار-
نىڭ بەزىلىرى جۇڭگو مىللى بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئەكس
ئەتتۈرىدۇ، بەزىلىرى بولسا چوڭ پومېشچىك-چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ
خەلق ئاممىسىغا قاراتقان ئالدامچىلىق ۋاستىسى. بىز كوممۇنىستلار
ماركسىزىمنىڭ جەمىيەت تەرەققىياتى توغرىسىدىكى قانۇنىغا بولغان
چۈشەنچىلىرىمىزگە ئاساسەن شۇنى ئېنىق بىلىمىزكى، جۇڭگو شارا-
ئىتىدا، يېڭى دېموكراتىك دولەت تۈزۈمىدە دولەتنىڭ ئۆز ئىگىلىكى،

ئەمگەكچى خەلقنىڭ يەككە ئىگىلىكى ۋە كوپېراتىپ ئىگىلىكىدىن تاشقىرى، خۇسۇسى كاپىتالىستىك ئىگىلىكنىڭ خەلق تۇرمۇشىنى ئۇز چاڭگىلىغا ئېلىۋالالمايدىغان دائىرىدە راۋاجلىنىشىغا جەزمەن ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، جەمىيەتنىڭ ئالغا راۋاجلىنىشىغا پايدىلىق بولىدۇ. ھەرقانداق قۇرۇق گەپ ۋە ئالدامچىلىقلار جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ سەگەك مېڭىسىنى قايمۇقتۇرالمايدۇ.

بەزىلەر، كوممۇنىستلارنىڭ «سەنمىنجۇيى بۈگۈنكى جۇڭگو ئۈچۈن زورۇر، پارتىيىمىز ئۇنى تەلتۆكۈس ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى خالايدۇ» دەپ ئېتىراپ قىلغانلىقى سەمىمى بولمىسا كېرەك، دەپ گۇمانلىنىدۇ. بۇ بىز ئېتىراپ قىلغان، سۇن جۇڭشەن ئەپەندى 1924 - يىلى «جۇڭگو گومىنداڭنىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ خىتابنامىسى»دە چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەن سەنمىنجۇيىنىڭ تۈپ پرىنسىپلىرى پارتىيىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى گاڭلىڭىدىكى يەنى ئەڭ تۆۋەن گاڭلىڭىدىكى بىرقانچە تۈپ پرىنسىپ بىلەن بىردەك ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن كېلىپ چىققان. شۇنى كۆرسىتىش كېرەككى، سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ بۇ سەنمىنجۇيىسى پارتىيىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى گاڭلىڭى بىلەن ھەممە جەھەتتە ئەمەس، پەقەت بىرقانچە تۈپ پرىنسىپتىلا بىردەك. پارتىيىمىزنىڭ يېڭى دېموكراتىك گاڭلىڭى سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭكىدىن، ئەلۋەتتە، كۆپ مۇكەممەل؛ بولۇپمۇ سۇن جۇڭشەن ئەپەندى ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى مۇشۇ 20 يىل ئىچىدە جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىياتى پارتىيىمىزنىڭ يېڭى دېموكراتىزم نەزەرىيىسى، گاڭلىڭى ۋە ئەمەلىيىتىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇردى، بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ زور دەرىجىدە راۋاجلان-

دۇرىدۇ. لېكىن، سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ بۇ سەنمىنجۇيىسى، تۈپ خاراكتېرىدىن ئېيتقاندا، بۇنىڭدىن بۇرۇنقى كونا سەنمىنجۇيىدىن پەرقلىنىدىغان يېڭى دېموكراتىك گاڭلىڭ بولۇپ، بۇ ئەلۋەتتە «بۈگۈنكى جۇڭگو ئۈچۈن زۆرۈر»، ئەلۋەتتە «پارتىيىمىز ئۇنى تەلتۆكۈس ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى خالايدۇ». پارتىيىمىزنىڭ ئەڭ تۆۋەن گاڭلىڭى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ۋە سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ئىنقىلابىي سەنمىنجۇيىسى يەنى يېڭى سەنمىن-جۇيى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش جۇڭگو كوممۇنىستلىرىغا نىسبەتەن ئىككى ئىش ئەمەس، ئاساسەن (ھەممە جەھەتتە ئەمەس) بىر ئىش. شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئىنقىلابىي سەنمىنجۇيىنىڭ ئەڭ سادىق ۋە ئەڭ تەلتۆكۈس ئەمەلگە ئاشۇرغۇچىلىرى ئىكەنلىكى بۇرۇن ئىسپاتلانغان ۋە ھازىر ئىسپاتلىنىۋاتقان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كەلگۈسىدىمۇ ئىسپاتلىنىدۇ.

بەزىلەر، گۇڭچەنداڭ ئۈستۈنلۈك قازانغاندىن كېيىن، روسىيىنى دوراپ، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ۋە بىر پارتىيە تۈزۈمىنى ئورنىتارمىكىن، دەپ گۇمانلىنىدۇ. بىزنىڭ جاۋابىمىز شۇكى، بىرنەچچە دېموكراتىك سىنىپنىڭ ئىتتىپاقى ئاساسىدىكى يېڭى دې-موكراتىك دۆلەت پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەتكە پرىنسىپ جەھەتتە ئوخشىمايدۇ. شەك-شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ بۇ يېڭى دېموكراتىك تۈزۈمىمىز پرولېتارىيات رەھبەرلىك-دە، گۇڭچەنداڭ رەھبەرلىكىدە ئورنىتىلىدۇ، لېكىن جۇڭگودا پۈتۈن يېڭى دېموكراتىك تۈزۈم مەزگىلىدە، بىر سىنىپ دىكتاتۇرلۇق قىلىدى-غان ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى بىرلا پارتىيە لۇڭدۇەن قىلىۋالىدىغان تۈزۈم بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ۋە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بولماسلىقى

كېرەك. باشقا ھەرقانداق پارتىيە، ھەرقانداق ئىجتىمائىي گۇرۇھ ياكى شەخس گۇڭچەنداڭغا نىسبەتەن دۈشمەنلىشىش پوزىتسىيىسىدە ئەمەس، بەلكى ھەمكارلىشىش پوزىتسىيىسىدە بولىدىغانلا بولسا، بىزنىڭ ئۇلار بىلەن ھەمكارلاشماسلىققا ئاساسىمىز يوق. روسىيە تارىخى روسىيە تۈزۈمىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى، ئۇ يەردە كىشىنى كىشى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان ئىجتىمائىي تۈزۈم بىكار قىلىندى، ئەڭ يېڭى شەكىلدىكى دېموكراتىك يەنى سوتسىيالىستىك سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈم ۋە مەدەنىيەت تۈزۈمى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى، سوتسىيالىزمغا قارشى بارلىق پارتىيىلەر خەلق تەرىپىدىن ئىرغىتىپ تاشلاندى، خەلق پەقەت بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىلا ھىمايە قىلدى، شۇڭا روسىيە ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى، بۇ ئۇلار ئۈچۈن پۈتۈنلەي زۆرۈر ۋە پۈتۈنلەي مۇۋاپىق. لېكىن روسىيىنىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا بولشېۋىكلار پارتىيىسىدىن باشقا پارتىيە بولمىغان شارائىتتىمۇ، ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە زىيالىيلار ئىتتىپاقى ياكى پارتىيىلىكلەر بىلەن پارتىيىسىزلەر ئىتتىپاقى تۈزۈمى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى، ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا ئىشلەيدىغانلار پەقەت ئىشچىلار سىنىپىدىكىلەر ياكى بولشېۋىكلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى. جۇڭگونىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى تارىخى جۇڭگونىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى تۈزۈمىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ، ئۇزاق ۋاقىت داۋامىدا بىز ئۈچۈن پۈتۈنلەي زۆرۈر ۋە پۈتۈنلەي مۇۋاپىق بولغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە، روسىيە تۈزۈمىدىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدە بىر شەكىلدە يەنى بىرنەچچە دېموكراتىك سىنىپنىڭ ئىتتىپاقى ئاساسىدىكى يېڭى دېموكراتىك دۆلەت شەكلى ۋە ھاكىمىيەت شەكلى ۋۇجۇتقا كېلىدۇ.

## بىزنىڭ كونكرېت گاڭلىڭىمىز

يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ئومۇمىي گاڭلىڭغا ئاساسەن، پارتىيىمىزنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردە يەنە كونكرېت گاڭلىڭى بولۇشى لازىم. پۈتۈن بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاپ باسقۇچىدا، بىرقانچە ئون يىل داۋامىدا بىزنىڭ يېڭى دېموكراتىك ئومۇمىي گاڭلىڭىمىز ئۆزگەرمەيدۇ. ئەمما بۇ چوڭ باسقۇچنىڭ ھەرقايسى كىچىك باسقۇچلىرىدا ئەھۋال ئۆزگەرگەن ۋە ئۆزگىرىۋاتقان ئىكەن، بىزنىڭ كونكرېت گاڭلىڭىمىزدىمۇ ئۆزگىرىش بولماي قالمايدۇ، بۇ — تەبىي ئىش. مەسىلەن، بېيفا ئۇرۇشى دەۋرىدە، يەر ئىنقىلاۋى ئۇرۇشى دەۋرىدە ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە بىزنىڭ يېڭى دېموكراتىك ئومۇمىي گاڭلىڭىمىز ئۆزگەرگىنى يوق، ئەمما كونكرېت گاڭلىڭىمىز مۇشۇ ئۈچ دەۋردە ئۆزگىرىپ تۇردى، بۇ دۈشمەن قوشۇن ۋە دوست قوشۇنلاردا ئۈچ دەۋردە ئۆزگىرىشلەر بولغانلىقىدىن بولدى.

ھازىر جۇڭگو خەلقى مۇنداق ئەھۋالدا تۇرماقتا: 1) ياپون تاجاۋۇزچىلىرى تېخى مەغلۇپ قىلىنغىنى يوق؛ 2) مىللى ئىتتىپاقلىقنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈپ، بارلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈچلەرنى تېزدىن سەپەرۋەر قىلىپ ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرگە ماسلىشىپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن، جۇڭگو خەلقى ئىتتىپاقلىشىشقا ۋە دېموكراتىك ئىسلاھات يۈرگۈزۈشكە ئىنتايىن مۇھتاج؛ 3) گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مىللى ئىتتىپاقلىقنى بۆلگۈنچىلىك سالماقتا، بۇنداق دېموكراتىك ئىسلاھاتقا توسقۇنلۇق قىلماقتا. بۇ ئەھۋالدا بىزنىڭ كونكرېت گاڭلىڭىمىز يەنى

جۇڭگو خەلقىنىڭ هازىرقى تەلەپلىرى نېمە؟

بىز تۆۋەندىكى تەلەپلەرنى مۇۋاپىق بەلكى ئەڭ تۆۋەن تەلەپلەر دەپ قارايمىز.

بارلىق كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرگە ماسلىشىپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى ئۈزۈل-كېسىل مەغلۇپ قىلىش ۋە خەلقارا تىنچلىق ئورنىتىش؛ گومىنداڭنىڭ بىر پارتىيە دىكتا-تۇرىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، دېموكراتىك بىرلەشمە هۆكۈمەت ۋە بىرلەشمە تۇڭشۇەيبۇ قۇرۇشنى تەلەپ قىلىش؛ مىللىي ئىتتىپاقلىققا بۆلگۈنچىلىك سالغۇچى ۋە خەلققە قارشى تۇرغۇچى ياپونپەرەسلەر، فاشىست ئۇنسۇرلار ۋە مەغلۇبىيەتچىلەرنى جازالاپ، مىللىي ئىتتىپاق-لىقنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىش؛ ئىچكى ئۇرۇش ۋەھىمىسىنى پەيدا قىلغۇچى ئەكسىيەتچىلەرنى جازالاپ، ئىچكى تىنچلىقنى تەمىنلەشنى تەلەپ قىلىش؛ ۋەتەن خائىنلىرىنى جازالاشنى، دۈشمەنگە تەسلىم بولغان جۈنگۈەنلەرگە جازا يۈرۈشى قىلىشنى ۋە ياپون جاسۇسلىرىنى جازالاشنى تەلەپ قىلىش؛ خەلقنى بېسىقتۇرىدىغان بارلىق ئەكسىيەتچىل ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرىنى ۋە ئىشپىيونلۇق هەركەتلىرىنى هەم جازا لاگېرلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلىش؛ خەلقنىڭ سۆز، مەتبۇئات، يىغىلىش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، ئىدىيە، ئېتىقات هەم تەن ئەركىنلىكلىرىنى بوغىدىغان بارلىق ئەكسىيەتچىل ئەمىر-پەرمانلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، خەلقنى تولۇق ئەركىنلىك هوقۇقىغا ئىگە قىلىشنى تەلەپ قىلىش؛ بارلىق دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ قانۇنىي ئورنىنى ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلىش؛ بارلىق ۋەتەنپەرۋەر سىياسىي مەھبۇسلارنى ئازات قىلىشنى تەلەپ قىلىش؛ جۇڭگو ئازات رايونلىرىنى قورشىۋالغان

ۋە ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىۋاتقان بارلىق قوشۇنلارنى قايتۇرۇپ كېتىشنى شۇنىڭدەك بۇ قوشۇنلارنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئاپىرىپ سېلىشنى تەلەپ قىلىش؛ جۇڭگو ئازات رايونلىرىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بارلىق قوشۇنلىرىنى ۋە خەلق سايلىغان بارلىق ھوكۇمەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلىش؛ ئازات رايونلارنى ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرىنى مۇستەھكەملەش ھەم كېڭەيتىشنى، قولدىن كەتكەن بارلىق يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلىش؛ قولدىن كەتكەن رايونلاردىكى خەلقنىڭ يەر ئاستى قوشۇن تەشكىل قىلىپ، قوراللىق قوزغىلاڭ تەييارلىشىغا ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلىش؛ جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۆزلۈكىدىن قوراللىنىپ، يۇرتىنى ھەم ۋەتىنىنى قوغدىشىغا يول قويۇشنى تەلەپ قىلىش؛ گومىنداڭ تۈگشۈەيبۇسىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە بولغان، ئۇرۇشتا دائىم مەغلۇپ بولۇپ كېلىۋاتقان، خەلقنى دائىم ئېزىپ كېلىۋاتقان ۋە ئۆزىگە ياتلارنى دائىم يەكلەپ كېلىۋاتقان قوشۇنلارنى سىياسى ۋە ھەربى جەھەتلەردىن ئۆزگەرتىشنى، مەغلۇبىيەتكە جاۋاپكار جياڭ-لىڭلارنى جازالاشنى تەلەپ قىلىش؛ ھەربى خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمىنى ياخشىلاشنى، جۇڭگۇەن ۋە ئەسكەرلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى تەلەپ قىلىش؛ ئالدىنقى سەپتىكى جۇڭگۇەن ۋە ئەسكەرلەرنىڭ خاتىرجەم ئۇرۇش قىلىشى ئۈچۈن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇۋاتقان ھەربىلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە ئېتىۋار بېرىشنى تەلەپ قىلىش؛ ۋەتەن ئۈچۈن قۇربان بولغان جەڭچىلەرنىڭ ئائىلە تەۋە-لىرىگە ئېتىۋار بېرىش، مېيىپ بولغان ھەربىلەرگە ئېتىۋار بېرىش، ھەربى سەپتىن قايتقانلارنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلىش؛ ئۇرۇشقا

ئوڭايلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن ھەربىي سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى
تەلەپ قىلىش؛ ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ قورال-ياراق ۋە مالىيە
جەھەتتىكى ياردەملىرىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش
قىلىۋاتقان قوشۇنلارغا ئادىل تەقسىم قىلىپ بېرىشنى تەلەپ
قىلىش؛ خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى جازالاپ، پاك سىياسىنى ئەمەلگە
قويۇشنى تەلەپ قىلىش؛ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك ھوكۇمەت
خادىملىرىنىڭ تەمىناتىنى ياخشىلاشنى تەلەپ قىلىش؛ جۇڭگو خەلقىگە
دېموكراتىك ھوقۇق بېرىشنى تەلەپ قىلىش؛ خەلقنى ئېزىدىغان باۋ-
جيا تۈزۈمىنى④ ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلىش؛ خانىۋەيران
بولغانلارغا ۋە ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا ئىجتىمائىي ياردەم بېرىشنى
تەلەپ قىلىش؛ كۆپ مىقتاردا ئىجتىمائىي ياردەم پوندى تەسىس
قىلىپ، ۋەتەن زېمىنى قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، قولدىن كەتكەن
رايونلاردا قىيىنچىلىق تارتقان خەلقلەرگە كەڭ كۆلەمدە ئىجتىمائىي
ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلىش؛ ئېغىر باج-سېلىقلارنى ئەمەلدىن
قالدۇرۇپ، بىرلىككە كەلگەن، دارامەتكە قاراپ كېسىپ بارىدىغان
باجنى ئەمەلگە قويۇشنى تەلەپ قىلىش؛ يېزا ئىسلاھاتىنى ئەمەلگە
قويۇشنى، ئىجارە ۋە ئۆسۈمنى كېمەيتىشنى، ئىجارىگە ئالغۇچىلارنىڭ
داۋاملىق تېرىش ھوقۇقىغا مۇۋاپىق كاپالەت بېرىشنى، نامرات
دېھقانلارغا تۆۋەن ئۆسۈم بىلەن قەرز پۇل بېرىپ ھەم دېھقانلارنى
تەشكىللەپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا
ئوڭايلىق تۇغدۇرۇشنى تەلەپ قىلىش؛ گۇەنلياۋ كاپىتالىنى مەنئى قىلىشنى
تەلەپ قىلىش؛ ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئىقتىسادىي ھوكۇمرانلىق
سىياسىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلىش؛ قەغەز پۇلنىڭ
چەكسىز پاخاللىشىپ كېتىشى ۋە مال باھاسىنىڭ چەكسىز ئۆرلەپ

كېتىشىنى توختىتىشنى تەلەپ قىلىش؛ خەلق ئىچىدىكى سانائەتكە يار-يۆلەك بولۇشنى، خەلق ئىچىدىكى سانائەتنىڭ كاپىتال قەرز ئېلىشى، خام ئەشيا سېتىۋېلىشى ۋە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشى ئۈچۈن ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش؛ ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى، ئىشسىز قالغان ئىشچىلارغا ئىجتىمائىي ياردەم بېرىشنى ۋە ئىشچىلارنى تەشكىللەپ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇشنى تەلەپ قىلىش؛ گومىنداڭنىڭ پارتىيىۋىلەشتۈرۈش مائارىپىنى⑤ ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مىللىي، ئىلمىي، ئاممىۋىي مەدەنىيەت ۋە مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىش؛ ئوقۇتقۇچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ۋە ئىلمىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش ئەركىنلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى تەلەپ قىلىش؛ ياشلار، ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشنى، ئوقۇشسىز قالغان ياشلارغا ئىجتىمائىي ياردەم بېرىشنى شۇنىڭدەك ياشلار ۋە ئاياللارنى تەشكىللەپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ۋە جەمىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىغا پايدىلىق ھەر خىل خىزمەتلەرگە باراۋەرلىك ئاساسىدا قاتنىشتۇرۇشنى، نىكاھ ئەركىنلىكى، ئەر-ئاياللار باراۋەرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى، ياشلار ۋە بالىلارنى پايدىلىق بىلىم ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىشنى تەلەپ قىلىش؛ مەملىكەت ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە بولغان مۇئامىلىنى ياخشىلاش ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەردە مىللىي ئاپتونومىيە ھوقۇقى بولۇشىغا يول قويۇشنى تەلەپ قىلىش؛ خۇاچياۋلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ۋە ۋەتەنگە قايتقان خۇاچياۋلارغا يار-يۆلەك بولۇشنى تەلەپ قىلىش؛ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ زۇلمىدىن قېچىپ جۇڭگوغا كەلگەن چەت ئەللىكلەرنى قوغداش ۋە ئۇلارنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى

كۆرۈشكە يار ـ يۆلەك بولۇشنى تەلەپ قىلىش؛ جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دولەت مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشنى تەلەپ قىلىش ۋە باشقىلار. بۇلارنى ئورۇنلاشتا، ئەڭ موھىمى، گومىنداڭنىڭ بىر پارتىيە دىكتاتۇرىسىنى دەرھال ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بارلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ ۋە پارتىيە ـ گۇرۇھسىزلارنىڭ ۋەكىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن، دېموكراتىك، بىرلەشمە، ۋاقىتلىق مەركىزىي ھۆكۈمەت قۇرۇشنى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت. مۇشۇ ئالدىنقى شەرت بولماي تۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا، ئاتاپ ئېيتقاندا، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا بىرقەدەر ھەقىقىي بولغان ئىسلاھاتلارنى يۈرگۈزۈش مۇمكىن ئەمەس.

بۇلارنىڭ ھەممىسى — جۇڭگودىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئاۋازى، شۇنداقلا ئىتتىپاقداش دولەتلەردىكى كەڭ دېموكراتىك جامائەتچىلىكنىڭ ئاۋازى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار ئۆزئارا ماقۇل كورگەن ئەڭ تۆۋەن كونكرېت گاڭلىنىڭ بولۇشى پۈتۈنلەي زورۈر، بىز يۇقۇرىدا ئېيتىلغان گاڭلىنى ئاساس قىلىپ، ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلەشمەكچىمىز. ھەرقايسى پارتىيىلەردە ئوخشاش بولمىغان تەلەپلەر بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ھەرقايسى پارتىيىلەر ئۆزئارا ئورتاق بىر گاڭلىك ئۈستىدە كېلىشىشى كېرەك.

بۇنداق گاڭلىك — گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان رايونلار ئۈچۈن ھازىرچە تېخى تەلەپ سۈپىتىدىكى گاڭلىك؛ قولدىن كەتكەن رايونلار ئۈچۈن، يەر ئاستى قوشۇن تەشكىل قىلىپ قوراللىق قوزغىلاڭ تەييارلاشنى ھېساپقا ئالمىغاندا، بۇ رايونلار قايتۇرۇۋې-

لىنىغاندىن كېيىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان گاڭلىك؛ ئازات رايونلار ئۈچۈن بولسا ئاللىقاچان ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان ۋە داۋاملىق ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان گاڭلىك.

جۇڭگو خەلقىنىڭ يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ھازىرقى تەلەپلىرى ياكى كونكرېت گاڭلىگى ئۇرۇش ۋاقتىدىكى ۋە ئۇرۇشتىن كېيىنكى بىرمۇنچە چوڭ مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ مەسىلىلەرنى تۆۋەندە چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرگەندە، گومىنداڭنىڭ ئاساسىي ھوكۇمران گۇرۇھىنىڭ خاتا ئۇقتىسنەزەرلىرىنى تەنقىت قىلىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا باشقا كىشىلەرنىڭ بەزى گۇمانلىرىغىمۇ جاۋاپ بېرىمىز.

## بىرىنچى، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى ئۈزۈل-كېسىل يوقىتىش، يېرىم يولدا مۇرەسسەلىشىشكە يول قويماسلىق

قاھىرە يىغىنى[8]، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى شەرتسىز تەسلىم قىلىش كېرەك، دەپ قارار قىلدى، بۇ توغرا. ئەمما، ھازىر ياپون تاجاۋۇز-چىلىرى مۇرەسسە ئاساسىدىكى سۈلھىگە ئېرىشىش غەرىزىدە يوشۇرۇن ھەركەتلەنمەكتە؛ گومىنداڭ ھوكۇمىتى ئىچىدىكى ياپونپەرەسلەرمۇ نەنجىڭ قورچاق ھوكۇمىتى ئارقىلىق ياپونىيىنىڭ يوشۇرۇن ئەلچىلىرى بىلەن يەڭ ئىچىدە ئالاقە قىلىشماقتا، ئۇلارنىڭ بۇ ھەركەتلىرى چەك-لەنگىنى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن، يېرىم يولدا مۇرەسسەلىشىش خەۋپى تولۇق ئۆتۈپ كەتكىنى يوق. قاھىرە يىغىنى يەنە دۆڭبېي 4 ئۆلكىنى، تەيۋەننى ۋە پېڭخۇ تاقىم ئاراللىرىنى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىشنى قارار قىلدى، بۇ ناھايىتى ياخشى. ئەمما گومىنداڭ ھوكۇمىتىنىڭ ھازىر يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسىتىگە قارىغاندا، گومىنداڭ ھوكۇمىتىگە تايىنىپ

يالۇجياڭ دەرياسىغىچە ئۇرۇش قىلىپ بېرىپ، قولدىن كەتكەن بارلىق يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىش مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق ئەھۋالدا جۇڭگو خەلقى قانداق قىلىشى كېرەك؟ جۇڭگو خەلقى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى ئۈزۈل-كېسىل يوقىتىشنى تەلەپ قىلىشى، يېرىم يولدا مۇرەسسەلىشىشكە يول قويماسلىقى كېرەك. مۇرەسسەلىشىش يولىدىكى بارلىق سۇيىقەستلىك ھەركەتلەرنى دەرھال توسۇشى لازىم. جۇڭگو خەلقى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن ھازىر قوللىنىۋاتقان ياپون باسقۇنچىلىرىغا پاسسىپ قارشى تۇرۇش سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ، بارلىق ھەربى كۈچلىرىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئاكتىپ ئۇرۇش قىلىشقا ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىشى كېرەك. جۇڭگو خەلقى ئۆز ئارمىيىسى — 8-ئارمىيە، يېڭى 4-ئارمىيە ۋە باشقا خەلق قوشۇنلىرىنى كېڭەيتىشى، شۇنىڭدەك دۈشمەننىڭ قەدىمى يەتكەن ھەممە جايدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قورالىق كۈچلەرنى كەڭ كولەمدە، ئۆزلۈكىدىن راۋاجلاندۇرۇشى، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرگە بىۋاستە ماسلىشىپ ئۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، قولدىن كەتكەن بارلىق يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىشقا تەييارلىنىشى، ھەرگىز گومىنداڭغىلا يۆلەنمەسلىكى كېرەك. ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى مەغلۇپ قىلىش — جۇڭگو خەلقىنىڭ مۇقەددەس ھوقۇقى. ئەگەر ئەكسىيەتچىلەر جۇڭگو خەلقىنى بۇ مۇقەددەس ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلماقچى بولسا، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پائالىيەتلىرىنى باسماقچى بولسا، جۇڭگو خدلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈچلىرىنى بۇزماقچى بولسا، ئۇ ھالدا، جۇڭگو خەلقى ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ نەتىجە چىقىرالمىغاندىن كېيىن، ئۆزىنى قوغداش مەيدانىدا تۇرۇپ، ئۇلارغا قەتئى قايتۇرما زەربە بېرىشى كېرەك.

چۈنكى جۇڭگو ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مىللىي مەنپەئەتكە خائىنلىق قىلىشتەك ئەكسىيەتچىل ھەركەتلىرى پۈتۈنلەي ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا ياردەم بەرگەنلىك بولىدۇ.

## ئىككىنچى، گومىنداڭنىڭ بىر پارتىيە دىكتاتۇرىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇش

ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى ئۈزۈل-كېسىل يوقىتىش ئۈچۈن پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە دېموكراتىك ئىسلاھات يۈرگۈزۈش لازىم. بۇنداق قىلىش ئۈچۈن، گومىنداڭنىڭ بىر پارتىيە دىكتاتۇرىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرماي مۇمكىن ئەمەس.

گومىنداڭنىڭ بىر پارتىيە دىكتاتۇرىسى — ئەمەلىيەتتە گومىنداڭ ئىچىدىكى خەلققە قارشى گۇرۇھنىڭ دىكتاتۇرىسى، ئۇ — جۇڭگونىڭ مىللىي ئىتتىپاقلىقىنىڭ بۇزغۇنچىسى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ گومىنداڭ جەڭ مەيدانىدىكى مەغلۇبىيىتىنىڭ جاۋابكارى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈچلىرىنى سەپەرۋەر قىلىش ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ ئاساسىي توسالغۇسى. جۇڭگو خەلقى 8 يىللىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئاچچىق تەجرىبىلىرىدىن بۇ دىكتاتۇرىنىڭ جىنايەتلىرىنى چوڭقۇر چۈشەندى، ئۇنى دەرھال ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ناھايىتى تەبىي ھالدا تەلەپ قىلدى. خەلققە قارشى بۇ دىكتاتۇرا — ئىچكى ئۇرۇش بالايى-ئاپىتىنىڭ مەنبەسى، ئەگەر ئۇ دەرھال ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىسا، ئىچكى ئۇرۇش پاجىئەسى يەنە تۇغۇلىدۇ.

جۇڭگو خەلقىنىڭ خەلققە قارشى بۇ دىكتاتۇرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلىش ئاۋازى شۇ قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك ۋە جاراڭلىقكى، گومىنداڭ داڭگىرلىرىنىڭ ئۆزىمۇ «شۇنجېڭغا بالدۇرراق خاتىمە بېرىش»نى ئاشكارا ئېتىراپ قىلماي تۇرالمىدى، بۇنىڭدىن «شۇنجېڭ» ياكى «بىر پارتىيە دىكتاتۇرىسى» دېگەن نىمىلەرنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە كىشىلەر نەزىرىدىن چۈشكەنلىكىنى، ئابرويى تۆكۈلگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. جۇڭگودا ھازىر، «شۇنجېڭ» ياكى «بىر پارتىيە دىكتاتۇرىسى»نىڭ بىرەر پايدىسى بار، ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ياكى ئۇنىڭغا «خاتىمە بېرىش»كە بولمايدۇ، دەپ ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان بىرمۇ كىشى قالمىدى، بۇ — ھازىرقى ۋەزىيەتتىكى چوڭ بىر ئۆزگىرىش.

«خاتىمە بېرىش»نىڭ لازىملىقى ئېنىق ۋە شۈبھىسىز بولۇپ قالدى. ئەمما قانداق خاتىمە بېرىشكە كەلگەندە پىكىر ئىختىلاپلىرى تۇغۇلدى. بىرى، دەرھال خاتىمە بېرىپ، دېموكراتىك، ۋاقىتلىق بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇش كېرەك، دەيدۇ. يەنە بىرى، كېيىنچىرەك خاتىمە بېرىش كېرەك، «گومىنداخۇي» چاقىرىپ، «ھاكىمىيەتنى خەلققە قايتۇرۇش» كېرەك، لېكىن ھاكىمىيەتنى بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ بەرگىلى بولمايدۇ، دەيدۇ.

بۇنىڭ مەنىسى نىمە؟

بۇ — ئىككى خىل ئىشلەشنىڭ ئىپادىسى، ئۇ بولسىمۇ ھەقىقى ئىشلەش ۋە ساختا ئىشلەش.

بىرىنچى خىلى — ھەقىقى ئىشلەش. بۇ خۇددى بىز يۇقۇرىدا ئوتتۇرىغا قويغان جۇڭگو خەلقىنىڭ ھازىرقى تەلەپلىرىگە ئوخشاش، گومىنداڭنىڭ بىر پارتىيە دىكتاتۇرىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ،

گومىنداڭ، گوڭچەنداڭ ۋە دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ ھەم پارتىيە-گۇرۇھسىزلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان ۋاقىتلىق مەركىزىي ھۆكۈمەت قۇرۇشنى دەرھال ئېلان قىلىش، مەمۇرىي ئىشلارنى يولغا قويۇشنىڭ دېموكراتىك گائىلىگىنى ئېلان قىلىش، شۇنىڭ بىلەن مىللىي ئىتتىپاقلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى مەغلۇپ قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن پارتىيە-گۇرۇھلار ۋە پارتىيە-گۇرۇھسىزلار ۋەكىللىرىنىڭ يۇمۇلاق جوزا يىغىنىنى چاقىرىپ، كېلىشىم ھاسىل قىلىپ ئىشقا كىرىشىش كېرەك. بۇ — ئىتتىپاقلىق فاڭجېنى، جۇڭگو خەلقى بۇ فاڭجېننى قەتئىي ھىمايە قىلىدۇ.

ئىككىنچى خىلى — ساختا ئىشلەش. كەڭ خەلقنىڭ ۋە بارلىق دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ تەلەپلىرىگە قارىماي، ئۆز بېشىم-چىلىق بىلەن گومىنداڭنىڭ خەلققە قارشى گۇرۇھىنىڭ چاقىرىلىدىكى «گومىنداخۇي» دېگەن نەرسىنى چاقىرىش ۋە بۇ داخۇيدا، ئەمەلىيەتتە ھاكىم مۇتلەقلىقنى ساقلاپ قالىدىغان، دېموكراتىيىگە قارشى تۇرىدىغان «شيەنفا» دېگەن نەرسىنى قوبۇل قىلىش، شۇنداق قىلىپ، پەقەت بىرنەچچە ئون گومىنداڭچى ئۆز ئالدىغا تەيىنلىۋالغان، خەلق ئىرادىسى زادىلا ئاساس قىلىنمىغان، خەلققە تېڭىلغان ۋە قانۇنسىز بولغان گومىنجىڭخۇ دېگەن نەرسىگە قانۇنىي دېگەن تونىنى كىيگۈزۈپ، يالغاندىن «ھاكىمىيەتنى خەلققە قايتۇرغان» بولۇپ، ئەمەلىيەتتە يەنە شۇ گومىنداڭنىڭ خەلققە قارشى گۇرۇھىغا «ھاكىمىيەتنى قايتۇرۇش». كىمكى بۇنىڭغا قوشۇلمىسا، ئۇنى «دېموكراتىيە»نى بۇزدى، «بىرلىك»نى بۇزدى دېيىش ۋە بۇنى ئۇنىڭغا قارىتا جازا يۈرۈشى بۇيرۇغىنى ئېلان قىلىش ئۈچۈن «ئاساس» قىلىش. بۇ —

بولگۇنچىلىك فاگىجىنى، جۇڭگو خەلقى بۇ فاگىجىنغا قەتئى قارشى تۇرىدۇ.

بىزنىڭ خەلققە قارشى قەھرىمانلىرىمىزنىڭ مۇشۇنداق بولگۇنچىلىك فاگىجىنغا ئاساسەن قوللانماقچى بولۇۋاتقان تەدبىرلىرىدە ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ھالاكەت يولىغا ئىتتىرىۋېتىش خەۋپى بار. ئۇلار ئۆز بوينىغا بىر سىرتماق سالماقچى، سالغاندىمۇ مەڭگۈ يېشىلمەيدىغان قىلىپ سالماقچى، بۇ سىرتماق «گومىنداخۇي» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەسلى غەرىزى شۇكى، «گومىنداخۇي» دېگەن نىمىنى ئەنگۈشتەر قىلىۋېلىپ، ئۇنى ئىشقا سېلىپ، بىرىنچىدىن، بىرلەشمە ھوكۇمەت قۇرۇشنى توسماقچى؛ ئىككىنچىدىن، ھاكىم مۇتلەق ھوكۇمەرانلىقنى ساقلاپ قالماقچى؛ ئۈچىنچىدىن، ئىچكى ئۇرۇش ئۈچۈن بانا تەييارلىماقچى. ئەمما، تارىخنىڭ مەنتىقى ئۇلارنىڭ غەرىزىنىڭ تەتۈرىگە ماڭىدۇ، ئۇلار «ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپىدۇ». چۈنكى ھازىر ھەممىگە ئايانكى، گومىنداڭ ھوكۇمرانلىق قىلىپ تۇرغان رايونلاردا خەلقتە ئەركىنلىك يوق، ياپون قاراقچىلىرى ئىشغالىيىتىدىكى رايونلاردا خەلق سايلامغا قاتنىشالمايدۇ، ئەركىنلىككە ئېرىشكەن جۇڭگو ئازات رايونلىرىنى بولسا گومىنداڭ ھوكۇمىتى ئېتىراپ قىلمايدۇ، بۇنداق شارائىتتا نەدىكى گومىنداخۇي ۋەكىللىرى بولسۇن؟ نەدىكى «گومىنداخۇي» بولسۇن؟ ھازىر ئاچىمىز دەپ داۋراڭ سېلىشىۋاتقىنى يەنە شۇ ئىچكى ئۇرۇش دەۋرىدە، بۇنىڭدىن 8 يىل بۇرۇن گومىنداڭنىڭ ھاكىم مۇتلەق ھوكۇمىتى ئۆزى ياساپ چىققان گومىنداخۇي دېگەن نىمىدىن ئىبارەت. ئەگەر بۇ گومىنداخۇي ئېچىلىپ قالسا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىشى تۇرغان گەپ، ئۇ چاغدا بىزنىڭ خەلققە قارشى قەھرىمانلىرىمىز

ئۆزىنى قەيەرگە قويار؟ ئاخىر بېرىپ، ئەگەر ياسالما گومىنداخۇي ئېچىلىپ قالسا، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ھالاكەت يولىغا ئىتتىرىدۇ، خالاس.

بىز كوممۇنىستلار گومىنداڭنىڭ بىر پارتىيە دىكتاتۇرىسىغا خاتىمە بېرىشنىڭ ئىككى باسقۇچىنى ئوتتۇرىغا قويىمىز: بىرىنچى باسقۇچ — ھازىرقى مەزگىلدە ھەرقايسى پارتىيە-گۇرۇھلار ۋە پارتىيە-گۇرۇھسىزلار ۋەكىللىرىنىڭ كېلىشىشى ئارقىلىق ۋاقىتلىق بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇش؛ ئىككىنچى باسقۇچ — كەلگۈسى مەزگىلدە ئەركىن ۋە چەك قويۇلمىغان سايلام ئارقىلىق گومىنداخۇي چاقىرىپ، رەسمىي بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇش. قىسقىسى، بۇلارنىڭ ئىككىلىسى بىرلەشمە ھۆكۈمەت بولۇپ، قاتنىشىشنى خالىغان بارلىق سىنىپلار ۋە پارتىيىلەرنىڭ ۋەكىللىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، دېموكراتىك ئورتاق گاڭلىڭ ئاساسىدا، ھازىرقى كۈندە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ۋە كەلگۈسىدە ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ.

گومىنداڭچىلارنىڭ ياكى باشقا پارتىيە، گۇرۇھلارنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ قانداق تەسەۋۋۇر قىلىشىدىن، خالاش ياكى خالىماسلىقىدىن، ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، جۇڭگو پەقەت مۇشۇ يولغىلا ماڭىدۇ. بۇ — تارىخنىڭ قانۇنىيىتى، مۇقەررەر ۋە ساقلانغىلى بولمايدىغان يۆنۈلۈش، بۇنى ھېچقانداق كۈچ ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

بۇ مەسىلىدە ۋە دېموكراتىك ئىسلاھاتقا ئالاقىدار باشقا ھەرقانداق مەسىلىدە بىز كوممۇنىستلار شۇنى ئۇقتۇرىمىزكى، گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ ھازىرمۇ ئۆزىنىڭ خاتا سىياسىتىدە قانچىلىك قاتتىق تۇرۇۋاتقانلىقىدىن ۋە تەنىپەندىن ۋاقىتنى سوزۇش، جامائەتچىلىكنىڭ كۆزىنى بوياش ۋاستىسى سۈپىتىدە قانچىلىك پايدىلىنىۋاتقانلىقىدىن

قەتئىي نەزەر، پەقەت ئۇلار ئۆزىنىڭ هازىرقى خاتا سىياسىتىدىن ۋازكېچىشنى خالاپ، دېموكراتىك ئىسلاھات يۈرگۈزۈشكە قوشۇلىدىغانلا بولسا، بىز ئۇلار بىلەن بولغان تەنپەننى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى خالايمىز. ئەمما، تەنپەننىڭ ئاساسى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، ئىتتىپاقلىشىش ۋە دېموكراتىيىدىن ئىبارەت باش فاكتىن ئۈستىگە قويۇلۇشى لازىم، بۇ باش فاكتىندىن چەتلىگەن چارە، فاكتىن دېگەن نىملەر ياكى باشقا قۇرۇق گەپلەرنىڭ ھەممىسىگە، ئۇلارنىڭ قانچىلىك چىرايلىق ئاڭلىنىشىدىن قەتئىي نەزەر، بىز قوشۇلالمايمىز.

## ئۈچىنچى، خەلق ئەركىنلىكى

هازىرقى ۋاقىتتا جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىنىڭ نىشانى ئالدى بىلەن ۋە ئاساسەن ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارىتىلىدۇ. ئەمما گومىنداڭ هوكۇمىتى خەلقنى ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىپ، خەلقنىڭ پۇت-قولىنى چۈشەپ، ئۇلارنى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرالمايدىغان قىلىپ قويدى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلماي تۇرۇپ، بارلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈچلەرنى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا سەپەرۋەر قىلغىلى ۋە بىرلىككە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. بىز ئۆز ئاگاھلىقىمىزدا بىر پارتىيە دىكتاتۇرىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، بىرلەشمە هوكۇمەت قۇرۇش، ئىشپىيونلۇقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئەركىنلىكنى بوغىدىغان ئەمىر-پەرمانلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ۋەتەن خائىنلىرى، جاسۇسلار، ياپونپەرەسلەر، فاشىست ئۇنسۇرلار ۋە خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى جازالاش، سىياسىي مەھبۇسلارنى ئازات قىلىش، دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ قانۇنىي

ئورنىنى ئېتىراپ قىلىش، ئازات رايونلارنى قورشىۋالغان ۋە ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىۋاتقان قوشۇنلارنى قايتۇرۇپ كېتىش، ئازات رايونلارنى ئېتىراپ قىلىش، باۋ-جيا تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش تەلەپلىرىنى شۇنىڭدەك ئىقتىسات، مەدەنىيەت ۋە ئاممىۋى ھەركەتكە دائىر باشقا بىرمۇنچە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدۇق، بۇنىڭدىن مەقسەت خەلقنىڭ بويىنىغا سېلىنغان سىرتماقنى يېشىپ تاشلاپ، خەلقنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، ئىتتىپاقلىشىش ۋە دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش ئەركىنلىكىگە ئىگە قىلىش ئىدى.

ئەركىنلىكنى خەلق ئۆزى كۈرەش بىلەن قولغا كەلتۈرىدۇ، ئۇنى ھېچكىم ئىلتىپات قىلىپ بەرمەيدۇ. جۇڭگو ئازات رايونلىرىنىڭ خەلقى ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈردى، باشقا يەرلەردىكى خەلقلەرمۇ شۇنداق ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن ۋە لازىم. جۇڭگو خەلقى قولغا كەلتۈرگەن ئەركىنلىك قانچە كۆپ بولسا، تەشكىللىك دېموكراتىك كۈچلەر قانچە زور بولسا، بىرلىككە كەلگەن، ۋاقىتلىق بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇشقا شۇنچە ئىمكانىيەت تۇغۇلىدۇ. بۇنداق بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشى بىلەنلا، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە خەلققە تولۇق ئەركىنلىك بېرىپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملەيدۇ. ئەنە شۇ چاغدىلا، ياپون تاجاۋۇزچىلىرى يوقىتىلغاندىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەت زېمىنىدا ئەركىن ۋە چەك قويۇلمىغان سايلام ئۆتكۈزۈش، دېموكراتىك گومىنداخۇيىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش، بىرلىككە كەلگەن، رەسمىي بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇش ئىمكانىيىتى تۇغۇلىدۇ. خەلقتە ئەركىنلىك بولمىسا، ھەقىقەتەن خەلق سايلىغان گومىنداخۇيى بولمايدۇ، ھەقىقەتەن خەلق سايلىغان ھۆكۈمەتمۇ بولمايدۇ. بۇ چۈشىنىشلىك ئەمەسمۇ؟

خەلقنىڭ سوز، مەتبۇئات، يىغىلىش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، ئىدىيە، ئېتىقات ھەم تەن ئەركىنلىكلىرى ــ ئەڭ موھىم ئەركىنلىكلەر. بۇ ئەركىنلىكلەر جۇڭگو زېمىنىدا پەقەت ئازات رايونلاردىلا تەلتوكۇس ئەمەلگە ئاشتى.

سۇن جۇڭشەن ئەپەندى 1925 ـ يىلى ۋاپات بولۇش ئالدىدا قىلغان ۋەسىيىتىدە: «مەن مىللى ئىنقىلاپ ئۇچۇن 40 يىل تىرىشتىم، بۇنىڭدىن مەقسەت جۇڭگونىڭ ئەركىنلىگى ۋە باراۋەرلىگىنى ئىزلەش ئىدى. 40 يىللىق تەجرىبەمدە، بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۇچۇن، خەلقنى ئويغىتىپ ۋە دۇنيادا بىزنى ئوزى بىلەن باراۋەر كورىدىغان مىللەتلەر بىلەن بىرلىشىپ، بىرلىكتە كۇرەش قىلىشنىڭ لازىملىغىنى چوڭقۇر چۇشەندىم» دىگەن ئىدى. سۇن جۇڭشەن ئەپەندىدىن يۇز ئورىگەن يارىماس ئەۋلاتلار خەلقنى ئويغاتمىدى، بەلكى خەلقنى ئەزدى، خەلقنى سوز، مەتبۇئات، يىغىلىش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، ئىدىيە، ئېتىقات ھەم تەن ئەركىنلىك ھوقۇقلىرىدىن پاك ـ پاكىز مەھرۇم قىلدى؛ خەلقنى ھەقىقى ئويغاتقان، خەلق ئاممىسىنىڭ ئەركىنلىك ھوقۇقلىرىنى ھەقىقى مۇھاپىزەت قىلغان گوڭچەنداڭنى، 8 ـ ئارمىيىنى، يېڭى 4 ـ ئارمىيىنى ۋە ئازات رايونلارنى بولسا «خائىن پارتىيە»، «خائىن ئارمىيە»، «خائىنلار رايونى» دەپ ئاتاشتى. بىز ھەق بىلەن ناھەق ئاستىن ـ ئۇستۇن قىلىۋېتىلىدىغان بۇنداق دەۋرنىڭ چاپسانراق ئوتۇپ كېتىشىنى ئۇمىت قىلىمىز. ئەگەر ھەق بىلەن ناھەق ئاستىن ـ ئۇستۇن قىلىۋېتىلىدىغان بۇنداق ۋاقىت ئۇزاققا سوزۇلىدىغان بولسا، جۇڭگو خەلقى ئۇنىڭغا تاقەت قىلىپ تۇرالمايدۇ.

## توتىنچى، خەلق بىرلىكى

ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئىچكى ئۇرۇشنى توسۇش ئۈچۈن، يېڭى جۇڭگو قۇرۇش ئۈچۈن، بولۇنگەن جۇڭگونى بىرلىككە كەلگەن جۇڭگوغا ئايلاندۇرۇش لازىم، بۇ — جۇڭگو خەلقىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسى.

ئەمما قانداق بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك؟ ھاكىم مۇتلەقلەرنىڭ مۇستەبىتلىك يولى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەكمۇ، ياكى خەلقنىڭ دېموكراتىيە يولى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەكمۇ؟ يۈەن شىكەيدىن تارتىپ بېيياڭ جۇنفالارنىڭ ھەممىسى مۇستەبىتلىك يولى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈشنى تەكىتلەپ كەلگەن ئىدى. لېكىن نەتىجە قانداق بولدى؟ نەتىجە، جۇنفالارنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە، بىرلىككە كېلىش ئەمەس، بولۇنۇش بولدى، ئاخىر ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى تەختتىن دوملاپ چۈشتى. گومىنداڭنىڭ خەلققە قارشى گۇرۇھى يۈەن شىكەينىڭ كونا يولىغا ۋارىسلىق قىلىپ، مۇستەبىتلىك يولى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئىزلەپ، توپ-توغرا 10 يىل ئىچكى ئۇرۇش ئېلىپ باردى، نەتىجىدە ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ بېسىپ كىرىشىگە يول ئېچىپ بەردى، ئۆزلىرى بولسا ئېمېيشەن تېغىغا⑦ تىقىلىشتى. ئۇلار ھازىرمۇ تاغدا تۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ مۇستەبىتلىك يولى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش توغرىسىدا جار سېلىشىۋاتىدۇ، بۇنى كىمگە ئاڭلاتماقچى؟ بۇنىڭغا قۇلاق سېلىشنى خالايدىغان بىرەر ۋەتەنپەرۋەر، ۋىجدانلىق جۇڭگولۇق بارمۇ؟ بېيياڭ جۇنفالارنىڭ 16 يىللىق ھۆكۈمرانلىقىنى، يەنە گومىنداڭنىڭ 18 يىللىق ھاكىم مۇتلەق ھۆكۈمرانلىقىنى باشتىن كەچۈرگەن خەلق تولۇق

تەجرىبىگە ئىگە بولۇپ قالدى، ئۇلارنىڭ كۆزى روشەنلەشتى. ئۇلارغا ھاكىم مۇتلەقلەرنىڭ مۇستەبىتلىك يولى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈشى ئەمەس، خەلق ئاممىسىنىڭ دېموكراتىيە يولى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈشى كېرەك. بىز كوممۇنىستلار 1935 - يىلىلا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ فاكتجىنىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدۇق، بۇ يولدىكى كۈرەشنى بىر كۈنمۇ توختاتمىدۇق. 1939 - يىلى گومىنداڭ ئۆزىنىڭ «يات پارتىيىلەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى چەكلەش چارىسى» دېگەن ئەكسىيەتچىل چارىسىنى يۈرگۈزۈپ، تەسلىم بولۇش، بۆلۈنۈش، ئارقىغا قايتىش ۋەبىجىسىنى تۇغدۇرغان ۋە گومىنداڭچىلار ئۆزلىرىنىڭ مۇستەبىتلىك يولى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش دېگەن نىمىسى توغرىسىدا جار سالغان چاغدا، بىز يەنە مۇنداق دېگەن ئىدۇق: بىرلىك تەسلىم بولۇشنى ئاساس قىلغان بىرلىك ئەمەس، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى ئاساس قىلغان بىرلىك، بۆلۈنۈشنى ئاساس قىلغان بىرلىك ئەمەس، ئىتتىپاقلىشىشنى ئاساس قىلغان بىرلىك، ئارقىغا قايتىشنى ئاساس قىلغان بىرلىك ئەمەس، ئالغا بېسىشنى ئاساس قىلغان بىرلىك بولۇشى كېرەك؛ پەقەت مۇشۇ كېيىنكى بىرلىكلەرلا چىن بىرلىك، باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى جا بىرلىك[8]. ئارىدىن 6 يىل ئۆتتى، مەسىلە يەنە شۇ پېتىچە تۇرۇپتۇ.

خەلقنىڭ ئەركىنلىكى بولمىسا، خەلقنىڭ دېموكراتىك سىياسىتى بولمىسا، بىرلىككە كەلگىلى بولامدۇ؟ مۇشۇلار بولغاندا، دەرھال بىرلىككە كەلگىلى بولىدۇ. جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەركىنلىك ئۈچۈن، دېموكراتىيە ئۈچۈن، بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ھەركىتى، ئەينى زاماندا، بىرلىككە كېلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ھەركەت. كونكرېت كاگلىگىمىزدا ئەركىنلىكنى ۋە دېموكراتىيىنى

قولغا كەلتۈرۈش توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان تۈرغۇن تەلەپلىرىمىز، بىرلەشمە ھوكۇمەت توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان تەلىۋىمىز، ئەينى زاماندا، ئەنە شۇ مەقسەتنى كوزدە تۇتىدۇ. گومىنداڭ ئىچىدىكى خەلققە قارشى گۇرۇھنىڭ دىكتاتۇرىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلمسا، دېموكراتىك بىرلەشمە ھوكۇمەت قۇرۇلمسا، گومىنداڭ ھوكۇمرانلىغىدىكى رايونلاردا ھېچقانداق دېموكراتىك ئىسلاھات يۈرگۈزگىلى، ئۇ يەرلەردىكى بارلىق ئارمىيە ۋە خەلقنى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى يوقىتىشقا سەپەرۋەر قىلغىلى بولمايلا قالماستىن، بەلكى بۇنداق ئەھۋال راۋاجلىنىپ ئىچكى ئۇرۇش پاجىەسىگە ئايلىنىدۇ، بۇ — نۇرغۇن كىشىلەرگە چۈشىنىشلىك ئاددى ساۋات. نىمە ئۈچۈن شۇنچە كوپ پارتىيە-گۇرۇھلۇق ۋە پارتىيە-گۇرۇھسىز دېموكراتلار جۈملىدىن گومىنداڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن دېموكراتلار بىرلەشمە ھوكۇمەت قۇرۇشنى بىر ئېغىزدىن تەلەپ قىلىدۇ؟ چۈنكى ئۇلار ھازىرقى ۋەزىيەتنىكى ۋېيجىنى ئوچۇق كوردى، بىرلەشمە ھوكۇمەت قۇرماي تۇرۇپ، بۇنداق ۋېيجىنى تۈگەتكىلى بولمايدىغانلىغىنى، ئىتتىپاقلىشىپ دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش ۋە ئىتتىپاقلىشىپ ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش مەقسىدىگە يەتكىلى بولمايدىغانلىغىنى ئوچۇق كوردى.

## بەشىنچى، خەلق ئارمىيىسى

جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەركىنلىككە، بىرلىككە، بىرلەشمە ھوكۇمەتكە ئېرىشىشى، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى ئۈزۈل-كېسىل يوقىتىشى ۋە يېڭى جۇڭگو قۇرۇشى ئۈچۈن، خەلق مەيدانىدا تۇرىدىغان ئارمىيە بولمىسا بولمايدۇ. ئۈزۈل-كېسىل خەلق مەيدانىدا تۇرۇپ كېلىۋاتقان ئارمىيە ھازىر پەقەت ئازات رايونلاردىكى ئانچە زور

بولمىغان 8 ـ ئارمىيە ۋە يېڭى 4 ـ ئارمىيىدىنلا ئىبارەت، بۇلار تېخى يېتىشمەيدۇ. ئەمما، گومىنداڭ ئىچىدىكى خەلققە قارشى گۇرۇھ بولسا ئازات رايونلار ئارمىيىسىنى پۈتۈن ئىبىسى ـ يادى بىلەن بۇزغۇنچى ۋە يوقاتماقچى بولۇپ كەلمەكتە. 1944 ـ يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى «تەكلىپنامە» دېگەن بىرنىمىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، گۇڭچەنداڭ ئازات رايونلار ئارمىيىسىنىڭ 5 تىن 4 قىسمىنى «چەكلەنگەن مۇددەتتە ئەمەلدىن قالدۇرسۇن»، دېدى. 1945 ـ يىلى يەنى يېقىنقى بىر تەنپەنىدە ئۇ يەنە، گۇڭچەنداڭ ئازات رايونلار ئارمىيىسىنىڭ ھەممىسىنى تاپشۇرۇپ بەرسۇن، شۇنىڭدىن كېيىنلا گۇڭچەنداڭغا «قانۇنىي ئورۇن» بېرىلىدۇ، دېدى.

بۇ كىشىلەر كوممۇنىستلارغا: سىلەر ئارمىيەڭلارنى تاپشۇرساڭلار، بىز سىلەرگە ئەركىنلىك بېرىمىز، دەۋاتىدۇ. بۇ تەلىماتقا ئاساسلانغاندا، ئارمىيىسى يوق پارتىيە ـ گۇرۇھلاردا ئەركىنلىك بولۇشى لازىم ئىدى. ئەمما 1924 ـ يىلدىن 1927 ـ يىلغىچە جۇڭگو گۇڭچەنداڭدا ئازغىنىلا ئارمىيە بار ئىدى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ «پارتىيىنى تازىلاش» سىياسىتى ۋە قىرغىنچىلىق سىياسىتى يۈرگۈزۈلۈشى بىلەنلا ئەركىنلىكتىن ئەسەرمۇ قالمىدى. ھازىرقى جۇڭگو دېموكراتىيە ئىتتىپاقىدا ۋە جۇڭگو گومىنداڭىدىكى دېموكراتلاردا ئارمىيە يوق، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەركىنلىكمۇ يوق. 18 يىلدىن بۇيان، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئىشچىلار، دېھقانلار، ئوقۇغۇچىلار شۇنىڭدەك بارلىق تەرەققىيپەرۋەر مەدەنىيەتچىلەر، مائارىپچىلار، سانائەتچىلەرنىڭ ھېچقايسىسىدا ئارمىيە بولمىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھېچقايسىسىدا ئەركىنلىكمۇ بولمىدى. يۇقۇرىدا ئېيتىلغان دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلارغا ۋە خەلققە قانداقتۇ

ئارمىيە تەشكىل قىلىنغانلىقى، قانداقتۇ «فېوداللىق كېچۈي»نى يولغا قويغانلىقى، قانداقتۇ «خائىنلار رايونى» قۇرغانلىقى، قانداقتۇ «مەمۇرى بۇيرۇق ۋە ھەربى بۇيرۇق»لارغا خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈنلا ئەركىنلىك بېرىلمىدىمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇلارغا مۇشۇنداق قىلمىغانلىقى ئۈچۈن بېرىلمىدى.

«ئارمىيە دولەتنىڭ بولىدۇ.» ناھايىتى توغرا، دۇنيادا دولەتكە تەئەللۇق بولمىغان بىرمۇ ئارمىيە يوق. لېكىن بۇ قانداق دولەت؟ چوڭ پومېشچىكلار، چوڭ بانكا ئىگىلىرى، چوڭ مەيبەنىلەرنىڭ فېوداللىق، فاشىستىك ۋە ھاكىم مۇتلەق دولىتىمۇ، ياكى خەلق ئاممىسىنىڭ يېڭى دېموكراتىك دولىتىمۇ؟ جۇڭگودا پەقەت يېڭى دېموكراتىك دولەت قۇرۇش ۋە مۇشۇ ئاساستا يېڭى دېموكراتىك بىرلەشمە ھوكۇمەت قۇرۇش كېرەك؛ خەلقنىڭ ئەركىنلىكىنى قوغداش ۋە چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا ئۈنۈملۈك قارشى تۇرۇش ئۈچۈن جۇڭگو- نىڭ بارلىق ئارمىيىسى مۇشۇ دولەتنىڭ مۇشۇ ھوكۇمىتىگە تەئەللۇق بولۇشى كېرەك. قاچانىكى جۇڭگودا يېڭى دېموكراتىك بىرلەشمە ھوكۇمەت مەيدانغا كېلىدىكەن، جۇڭگو ئازات رايونلىرىنىڭ ئارمىيىسى دەرھال ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ. لېكىن گومىنداڭنىڭ بارلىق ئارمىيىسىمۇ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىلىشى لازىم.

1924 ـ يىلى سۇن جۇڭشەن ئەيەلدى: «بۇنىڭدىن كېيىن مىللى ئىنقىلابنىڭ يېڭى دەۋرى باشلىنىدۇ......بىرىنچى قەدەمدە قورالىق كۈچلەر خەلق بىلەن بىرلەشتۇرۇلىدۇ؛ ئىككىنچى قەدەمدە قورالىق كۈچلەر خەلقنىڭ قورالىق كۈچلىرىگە ئايلاندۇرۇلىدۇ»[9] دېگەن ئىدى. 8 ـ ئارمىيە، يېڭى 4 ـ ئارمىيە دەل مۇشۇ فاكىتىنى ئەمەلگە

ئاشۇرۇپ، «خەلقنىڭ قوراللىق كۈچى»گە يەنى خەلق ئارمىيىسىگە ئايلانغانلىقتىن، غەلىبىلىك ئۇرۇش قىلالىدى. گومىنداڭ ئارمىيىسى بېيفا ئۇرۇشىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە، سۇن جۇڭشەن ئەپەندى ئېيتقان «بىرىنچى قەدەم»نى ئورۇنلىغانلىقتىن، ئۇرۇشتا غەلىبە قازانغان ئىدى. بېيفا ئۇرۇشىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە «بىرىنچى قەدەم»نىمۇ تاشلىۋېتىپ، خەلققە قارشى مەيداندا تۇرۇپ كەلگەنلىكتىن، كۈندىن-كۈنگە چىرىكلىشىپ ۋە چۈشكۈنلىشىپ، «ئىچكى ئۇرۇش قىلىشقا ئۇستا»، «تاشقى ئۇرۇش» قىلىشقا «نائۇستا» بولۇپ قالدى. گومىنداڭ ئارمىيىسىدىكى بارلىق ۋەتەنپەرۋەر، ۋىجدانلىق جۇڭگولۇقلار ھەركەتكە كېلىپ، سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ روھىنى قايتا تىكلەپ، ئۆز ئارمىيىسىنى ئۆزگەرتىشى كېرەك.

كونا ئارمىيىنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىدە، تەربىيىلەپ كەتكىلى بولىدىغان جۇڭگولۇقلارنىڭ ھەممىسىگە مۇۋاپىق تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنىڭ توغرا نۇقتىنەزەرنى ئۆگىنىپ، كونا نۇقتىنەزەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، خەلق ئارمىيىسى ئۈچۈن داۋاملىق خىزمەت قىلىشىغا ياردەم بېرىش لازىم.

جۇڭگو خەلقىنىڭ ئارمىيىسىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش — پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ مەسئۇلىيىتى. خەلقنىڭ ئارمىيىسى بولمىسا، خەلقنىڭ ھېچنەرسىسى بولمايدۇ. بۇ مەسىلە توغرىسىدا ھەرگىز قۇرۇق سەپسەتە سېتىشقا بولمايدۇ.

بىز كوممۇنىستلار جۇڭگو ئارمىيىسىنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرىشنى خالايمىز. 8-ئارمىيە ۋە يېڭى 4-ئارمىيە خەلق بىلەن ئىتتىپاقلىشىشنى، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى خالايدىغان،

جۇڭگو ئازات رايونلىرىغا قارشى تۇرمايدىغان بارلىق قوشۇنلارنى ئۆزىگە دوست قوشۇنلار دەپ بىلىپ، ئۇلارغا مۇۋاپىق ياردەم بېرىشى لازىم.

## ئالتىنچى، يەر مەسىلىسى

ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى يوقىتىش ۋە يېڭى جۇڭگو قۇرۇش ئۈچۈن، يەر تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، دېھقانلارنى ئازات قىلىش لازىم. سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ «يەر تېرىغۇچىنىڭ يېرى بولسۇن» دېگەن تەشەببۇسى — ھازىرقى بۇرژۇئازىيە دېموكراتىزىمى خاراكتېرىدىكى ئىنقىلاپ دەۋرى ئۈچۈن توغرا تەشەببۇس.

نېمە ئۈچۈن ھازىرقى دەۋردىكى ئىنقىلاپ «بۇرژۇئازىيە دېموكراتىزىمى خاراكتېرىدىكى ئىنقىلاپ» دېيىلىدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بۇ ئىنقىلاپنىڭ دۈشمىنى ئومۇمىي بۇرژۇئازىيە ئەمەس، بەلكى مىللىي زۇلۇم ۋە فېئوداللىق زۇلۇم؛ بۇ ئىنقىلاپنىڭ تەدبىرى خۇسۇسىي مۈلۈكنى ئومۇمەن بىكار قىلىش ئەمەس، بەلكى خۇسۇسىي مۈلۈكنى ئومۇمەن مۇھاپىزەت قىلىش؛ بۇ ئىنقىلاپنىڭ نەتىجىسىدە، ئىشچىلار سىنىپى كۈچ توپلاپ، جۇڭگونى سوتسىيالىستىك يۆنۈلۈشكە قاراپ راۋاجلىنىشقا باشلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ، ئەمما خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە كاپىتالىزىم يەنە مۇۋاپىق دەرىجىدە تەرەققىياتقا ئېرىشىدۇ. «يەر تېرىغۇچىنىڭ يېرى بولسۇن» دېگەنلىك — يەرنى فېئودال ئېكسپىلاتاتسىيەچىلەرنىڭ قولىدىن دېھقانلارنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈپ، فېئودال پومېشچىكلارنىڭ خۇسۇسىي مۈلكىنى دېھقانلارنىڭ خۇسۇسىي مۈلكىگە ئايلاندۇرۇپ، دېھقانلارنى فېئوداللىق يەر مۇناسىۋەتلىرىدىن ئازات قىلىش، شۇنداق قىلىپ، يېزا ئىگىلىك مەملىكىتىنى

سانائەت مەملىكىتىگە ئايلاندۇرۇش ئىمكانىيىتىنى يارىتىش، دېگەنلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن، «يەر تېرىغۇچىنىڭ يېرى بولسۇن» دېگەن تەشەببۇس پرولېتارىيات سوتسىيالىزمى خاراكتېرىدىكى تەشەببۇس ئەمەس، بۇرژۇئازىيە دېموكراتىزمى خاراكتېرىدىكى تەشەببۇس، شۇنىڭدەك يالغۇز بىز كوممۇنىستلارنىڭلا تەشەببۇسى ئەمەس، بارلىق ئىنقىلاۋىي دېموكراتلارنىڭ تەشەببۇسى. پەرق شۇنىڭدىكى، جۇڭگو شارائىتىدا پەقەت بىز كوممۇنىستلارلا بۇ تەشەببۇسقا ئالاھىدە ئىخلاس بىلەن قارىدۇق، ئۇنى ئېغىزدا ئېيتىپلا قالماي، بەلكى ئەمەلدە ئىشلىدۇق. قانداق كىشىلەر ئىنقىلاۋىي دېموكراتلار؟ پرولېتارىيات ئەڭ كەسكىن ئىنقىلاۋىي دېموكراتلار بولغاندىن تاشقىرى، دېھقانلار ئەڭ زور ئىنقىلاۋىي دېموكراتلار. دېھقانلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنىڭ يەنى فېئوداللىق قۇيرۇغىنى سۆرەپ يۈرگەن باي دېھقانلاردىن باشقىلىرىنىڭ «يەر تېرىغۇچىنىڭ يېرى بولسۇن»نى ئاكتىپ تەلەپ قىلمايدىغىنى يوق. شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسىمۇ ئىنقىلاۋىي دېموكراتلار، «يەر تېرىغۇچىنىڭ يېرى بولسۇن» دېگەن تەشەببۇس يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ، بۇ ئۇلار ئۈچۈن پايدىلىق. مىللىي بۇرژۇئازىيە — تۇراقسىز سىنىپ، ئۇلارغا بازار كېرەك، ئۇلارمۇ «يەر تېرىغۇچىنىڭ يېرى بولسۇن» دېگەن تەشەببۇسنى ياقلايدۇ؛ ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى يەر بىلەن باغلانغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى يەنە «يەر تېرىغۇچىنىڭ يېرى بولسۇن» دېگەن تەشەببۇستىن قورقىدۇ. سۇن جۇڭشەن جۇڭگودا ئەڭ دەسلەپكى ئىنقىلاۋىي دېموكرات ئىدى، ئۇ مىللىي بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىنقىلاۋىي گۇرۇھىغا، شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسىگە ۋە يېزىلاردىكى دېھقانلارغا ۋەكىللىك قىلىپ، قوراللىق ئىنقىلاپ

قىلدى، «يەر ھوقۇقىنى تەكشىلەش» ۋە «يەر تېرىغۇچىنىڭ يېرى بولسۇن» دېگەن تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. لېكىن ئەپسۇسكى، ئۇ ھاكىمىيەتنى ئىگەللەپ تۇرغان چاغلاردا، يەر تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى جۇدۇڭلۇق بىلەن يۈرگۈزمىدى. گومىنداڭنىڭ خەلققە قارشى گۇرۇھى ھاكىمىيەتنى ئىگەللىگەندىن كېيىن، سۇن جۇڭشەننىڭ تەشەببۇسىغا تامامەن ئاسىيلىق قىلدى. ھازىر «يەر تېرىغۇچىنىڭ يېرى بولسۇن» دېگەن تەشەببۇسقا قەتئىي قارشى تۇرۇۋاتقانلار — دەل خەلققە قارشى مۇشۇ گۇرۇھ، چۈنكى ئۇلار چوڭ پومېشچىكلار، چوڭ بانكا ئىگىلىرى ۋە چوڭ مەيبەنلەر تەبىقىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. جۇڭگودا مەخسۇس دېھقانلارغىلا ۋەكىللىك قىلىدىغان پارتىيە يوق، مىللىي بۇرژۇئازىيە پارتىيىلىرىنىڭ قەتئىي بىر يەر گاڭلىڭى يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن، قەتئىي يەر گاڭلىڭىنى تۈزۈپ چىققان ۋە ئىجرا قىلغان، دېھقانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئەستايىدىل كۈرەش قىلىۋاتقان، شۇنىڭ بىلەن كەڭ دېھقانلار ئاممىسىنى ئۆزىنىڭ ئۇلۇق ئىتتىپاقچى قوشۇنى قىلغان جۇڭگو گۇڭچەنداڭلا دېھقانلار ۋە بارلىق ئىنقىلابىي دېموكراتلارنىڭ رەھبىرى بولۇپ قالدى.

1927 - يىلدىن 1936 - يىلغىچە، جۇڭگو گۇڭچەنداڭى يەر تۈزۈمىنى ئۈزۈل-كېسىل ئىسلاھ قىلىش چارىسىنى ئەمەلگە قويۇپ، سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ «يەر تېرىغۇچىنىڭ يېرى بولسۇن» دېگەن تەشەببۇسىنى ئىشقا ئاشۇردى. يىرتقۇچلارچە ئوتتۇرىغا چىقىپ، 10 يىل خەلققە قارشى ئۇرۇش يەنى «يەر تېرىغۇچىنىڭ يېرى بولسۇن» دېگەن تەشەببۇسقا قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بارغانلار دەل سۇن جۇڭشەننىڭ بارلىق يارىماس ئەۋلادلىرىنى توپلىۋالغان گۇرۇھ — گومىنداڭ ئىچىدىكى خەلققە قارشى گۇرۇھ.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە، جۇڭگو كۇڭچەندانى زور دەرىجىدە يول قويۇپ، «يەر تېرىغۇچىنىڭ يېرى بولسۇن» دېگەن سىياسەتنى ئىجارە ۋە ئۆسۈمنى كېمەيتىش سىياسىتىگە ئۆزگەرتتى. بۇنداق يول قويۇش توغرا ئىدى، بۇ گومىنداڭنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىشىغا تۈرتكە بولدى، شۇنىڭدەك ئازات رايونلاردىكى پومېشچىكلارنىڭ دېخانلارنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قوزغىشىمىزغا بولغان توسقۇنلۇقىنى ئازايتتى. ئەگەر ئالاھىدە توسقۇنلۇق بولمىسا، بۇ سىياسەتنى ئۇرۇشتىن كېيىنمۇ داۋاملىق يۈرگۈزمەكچىمىز، ئەڭ ئاۋال پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە ئىجارە ۋە ئۆسۈمنى كېمەيتىشنى ئەمەلگە ئاشۇرىمىز، ئاندىن مۇۋاپىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، «يەر تېرىغۇچىنىڭ يېرى بولسۇن» دېگەن مەقسەتكە پەيدىن-پەي يېتىمىز.

ئەمما سۇن جۇڭشەن ئەپەندىگە ئاسىيلىق قىلغۇچىلار «يەر تېرىغۇچىنىڭ يېرى بولسۇن» دېگەن تەشەببۇسقىلا قارشى تۇرۇپ قالماي، ھەتتا ئىجارە ۋە ئۆسۈمنى كېمەيتىشكىمۇ قارشى تۇردى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۆزى چىقارغان «ئىجارىنى 25 پىرسەنت كېمەيتىش»كە ئوخشاش ئەمىر-پەرمانلارنى ئۆزى ئىشقا ئاشۇرمىدى، پەقەت بىزلا ئازات رايونلاردا ئىشقا ئاشۇردۇق، شۇڭا بۇمۇ بىزنىڭ بىر جىنايىتىمىز بولدى: «خائىنلار رايونى» دەپ ئاتاشتى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە مىللىي ئىنقىلاب باسقۇچى، دېموكراتىيە-خەلق تۈزۈمى ئىنقىلابى باسقۇچى دېگەن ئىككى باسقۇچ نەزەرىيىسى ئوتتۇرىغا چىقتى، بۇ خاتا.

ئالدىمىزدا چوڭ دۈشمەن تۇرغاندا، دېموكراتىك ئىسلاھات ۋە خەلق تۇرمۇشى ئىسلاھاتى مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويماي، ياپونلار

كەتكەندىن كېيىن، ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك. — بۇ، گومىنداڭنىڭ خەلققە قارشى گۇرۇھىنىڭ سەپسەتىسى، بۇنىڭدىن مەقسىدى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ئۈزۈل-كېسىل غەلىبىگە ئېرىشتۈرمەسلىكتۇر. بەزىلەر بۇنىڭغا قارىسىغىلا قوشۇلۇپ، مۇشۇ سەپسەتىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولۇپ قالدى.

ئالدىمىزدا چوڭ دۈشمەن تۇرغاندا، دېموكراتىيە ۋە خەلق تۇرمۇشى مەسىلىسى ھەل قىلىنمايدىكەن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كېنجۇيدىلەر قۇرۇپ ياپونىيىنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى تۇرغىلى بولمايدۇ. — بۇ، جۇڭگو كۇڭچەنداڭنىڭ تەشەببۇسى، بۇ تەشەببۇس ئىشقا ئاشۇرۇلدى ۋە ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم بەردى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە ئىجارە ۋە ئۆسۈمنى كېمەيتىش ھەم باشقا بارلىق دېموكراتىك ئىسلاھاتلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. پومېشچىكلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا بولغان توسقۇنلۇقلىرىنى ئازايتىش ئۈچۈن، ئىجارە ۋە ئۆسۈمنى كېمەيتىشلا ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ، پومېشچىكلارنىڭ يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، پومېشچىكلار بايلىقىنى سانائەت تەرەپكە كۆچۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ ھەمدە كەيمىڭ شېنشىلار باشقا خەلق ۋەكىللىرى بىلەن بىللە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئىجتىمائىي خىزمەتلەرگە ۋە ھوكۇمەت خىزمەتلىرىگە قاتناشتۇرۇلىدۇ. باي دېھقانلار بولسا ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى يېزا دېموكراتىك ئىسلاھاتىنى قەتئىي ئىجرا قىلىش لۇشيەنىگە كىرگۈزۈلگەن، بۇلار تامامەن زورۇر.

ئىككى لۇشيەن تۇرۇپتۇ: يا جۇڭگو دېخانلىرىنىڭ دېموكراتىيە ۋە خەلق تۇرمۇشى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا قەتئى قارشى تۇرۇپ، ئۇزىنى چىرىتىك، قابىلىيەتسىز ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرالمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇش؛ يا جۇڭگو دېخانلىرىنىڭ دېموكراتىيە ۋە خەلق تۇرمۇشى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى قەتئى قوللاپ، ئۇزىنى پۈتۈن ئاھالىنىڭ 80 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان ئەڭ ئۇلۇق ئىتتىپاقچى قوشۇنغا ئىگە قىلىش، شۇنىڭ بىلەن قۇدرەتلىك جەڭگىۋار كۈچ ئۇيۇشتۇرۇش. ئالدىنقىسى — گومىنداڭ ھوكۇمىتىنىڭ لۇشيەنى، كېيىنكىسى — جۇڭگو ئازات رايونلىرىنىڭ لۇشيەنى.

ئىككى لۇشيەن ئوتتۇرىسىدا تەۋرىنىپ، ئېغىزدا دېخانلارنى قوللاش، لېكىن ئىجارە ۋە ئۆسۈمنى كېمەيتىشتە، دېخانلارنى قوراللاندۇرۇشتا ۋە يېزا دېموكراتىك ھاكىمىيىتى قۇرۇشتا قەتئى بولماسلىق — جىخۇيجۇيىچىلارنىڭ لۇشيەنى.

گومىنداڭنىڭ خەلققە قارشى گۇرۇھى بارلىق كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، جۇڭگو گۇڭچەنداڭىغا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن، ھەربى ۋە سىياسى، قان توكىدىغان ۋە قان توكمەيدىغان ھەممە زەھەرلىك ئوقلىرىنى ئاتتى. ئىككى پارتىيە ئوتتۇرىسىدىكى تالاش-تارتىشلار، ئىجتىمائى خاراكتېرىدىن ئېيتقاندا، ماھىيەتتە يېزىلارغا بولغان مۇناسىۋەت مەسىلىسىدە كورۈلىدۇ. بىز گومىنداڭنىڭ خەلققە قارشى گۇرۇھىنىڭ زادى قايسى ئىشتا ئاچچىغىنى كەلتۈرۈپ قويدۇق؟ دەل مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە ئەمەسمۇ؟ گومىنداڭنىڭ خەلققە قارشى گۇرۇھىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن قارشى ئېلىنىشى ۋە رىغبەتلەندۈرۈلۈشى ئۇلارنىڭ دەل مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا زور ياردەم بەرگەنلىگىدىن ئەمەسمۇ؟ «گۇڭچەنداڭ

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى بۇزدى، دولەتكە خەۋپ يەتكۈزدى» دېيىشلەر، «خائىن پارتىيە»، «خائىن ئارمىيە» ۋە «خائىنلار رايونى» دېيىشلەر، «مەمۇرى بۇيرۇق ۋە ھەربى بۇيرۇققا بويسۇنمىدى» دېيىشلەر جۇڭگو كۇڭچەنداڭنىڭ دەل مۇشۇ مەسىلىدە مىللى مەنپەئەتكە ھەققى ئۇيغۇن كېلىدىغان توغرا ئىشلارنى قىلغانلىقىدىن كېلىپ چىققان ئەمەسمۇ؟

دېخانلار — جۇڭگو ئىشچىلىرىنىڭ تەكتى. كەلگۈسىدە يەنە بىرنەچچە ئون مىليون دېخان شەھەرلەرگە، زاۋۇتلارغا كىرىدۇ. ئەگەر جۇڭگو قۇدرەتلىك مىللى سانائەت قۇرماقچى، ناھايىتى كوپ زامانىۋى چوڭ شەھەرلەر قۇرماقچى ئىكەن، ئۇ ھالدا، يېزا ئاھالىسىنى شەھەر ئاھالىسىگە ئايلاندۇرىدىغان ئۇزاق بىر جەرياننى بېسىپ ئوتۇشى كېرەك.

دېخانلار — جۇڭگو سانائەت بازىرىنىڭ جۇتىسى. پەقەت شۇلارلا ئەڭ مول ئاشلىق ۋە خام ئەشيا يەتكۈزۈپ بېرەلەيدۇ، شۇنىڭدەك ئەڭ كوپ سانائەت بۇيۇملىرىنى قوبۇل قىلالايدۇ.

دېخانلار — جۇڭگو ئارمىيىسىنىڭ مەنبەسى. ئەسكەرلەر — ھەربى كىيىم كىيگەن دېخانلار، ئۇلار — ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئەشەددى دۈشمىنى.

دېخانلار — ھازىرقى باسقۇچتىكى جۇڭگو دېموكراتىك سىياسىتىنىڭ ئاساسى كۈچى. جۇڭگو دېموكراتىلىرى ئەگەر 360 مىليون دېخانلار ئاممىسىنىڭ ياردىمىگە تايانمىسا، ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرالمايدۇ.

دېخانلار — ھازىرقى باسقۇچتىكى جۇڭگو مەدەنىيەت ھەركىتىنىڭ ئاساسى دۈشياگى. ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، مائارىپنى ئومۇملاش-

تۇرۇش، ئاممىۋى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە خەلق ساقلىقىنى ساقلاش دېگەن ئىشلار 360 ملیون دېخاندىن ئايرىلىپ قالسا، ئۇلارنىڭ تولىسى قۇرۇق سوز بولۇپ قالامدۇ؟

مېنىڭ بۇنداق دېگىنىم، ئەلۋەتتە، ئاھالىنىڭ تەخمىنەن 90 ملىيونىنى تەشكىل قىلىدىغان باشقا خەلقلەرنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى موھىملىقىغا ئېتىۋارسىز قارىغانلىق ئەمەس، بولۇپمۇ سىياسى جەھەتتە ئەڭ ئاگاھلىق بولغان ۋە شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ پۈتۈن ئىنقىلاۋى ھەركەتكە رەھبەرلىك قىلىش لاياقىتىگە ئىگە بولغان ئىشچىلار سىنىپىغا ئېتىۋارسىز قارىغانلىق ئەمەس، بۇ ھەقتە خاتا چۈشەنچە تۇغۇلماسلىقى لازىم.

بۇلارنىڭ ھەممىسىنى چۈشىنىش جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ئۇچۇنلا ئەمەس، بەلكى بارلىق دېموكراتلار ئۇچۇنمۇ تامامەن زورۇر.

يەر تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىغان ھەتتا دەسلەپكى قەدەمدە ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىن، مەسىلەن، ئىجارە ۋە ئۇسۇم كېمەيتىلگەندىن كېيىن، دېخانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىزغىنلىقى ئاشىدۇ. ئاندىن دېخانلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپىراتىپلىرىغا ۋە باشقا كوپىراتىپلارغا ئىختىيارىيلىق پىرىنسىپى ئاستىدا پەيدىن ـ پەي ئۇيۇشۇشىغا ياردەم بېرىلسە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى راۋاجلىنىدۇ. بۇنداق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپىراتىپلىرى ھازىرقى ۋاقىتتا تېخى دېخانلارنىڭ يەككە ئىگىلىگى ئاساسىغا (دېخانلارنىڭ خۇسۇسى مۈلكى ئاساسىغا) قۇرۇلغان، ئوزئارا ھەمكارلىق يولىغا قويۇلىدىغان كوللېكتىپ ئەمگەك تەشكىلاتلىرىدىن، مەسىلەن، بېنگۇڭدۈي، ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى، لاپقۇتلىشىش بەنىگە ئوخشاشلاردىنلا ئىبارەت بولسىمۇ، ئەمما ئۇلاردا ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ ئۇسۇشى ۋە

ئىشلەپچىقىرىش مىقتارىنىڭ كۆپىيىشى كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىگە يەتتى. بۇنداق تۈزۈم جۇڭگو ئازات رايونلىرىدا زور دەرىجىدە راۋاجلاندى، ئۇنى بۇنىڭدىن كېيىن كۈچىنىڭ بىرىچە ئومۇملاشتۇرۇش لازىم.

بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بېيەنگۇگدۇيگە ئوخشاش ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرى دېھقانلار ئارىسىدا بۇرۇندىنلا بار ئىدى، ئەمما ئۇ چاغدا ئۇ دېھقانلار ئۆزىنىڭ ئېغىر تۇرمۇشىغا دالدا قىلىدىغان بىر خىل ئۇسۇلدىنلا ئىبارەت ئىدى. ھازىر جۇڭگو ئازات رايونلىرىدىكى بېيەنگۇگدۇيلەر شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن ئۆزگىرىش ياسىدى؛ ئۇلار دېھقانلار ئاممىسىنىڭ ئۆز ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇپ، باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشىشىنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى بولۇپ قالدى.

جۇڭگودىكى بارلىق پارتىيىلەرنىڭ سىياسىتى ۋە ئەمەلىيىتىنىڭ جۇڭگو خەلقى ئارىسىدا كۆرسەتكەن تەسىرىنىڭ ياخشى-يامان، چوڭ-كىچىك بولۇشى، ئاخىرقى ھېساپتا، ئۇلارنىڭ جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بەرگەن-بەرمىگەنلىكىگە ۋە بەرگەن ياردىمىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى بوغۇپ قويغانلىقى ياكى ئازات قىلغانلىقىغا باغلىق. ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى يوقىتىش، يەر ئىسلاھاتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، دېھقانلارنى ئازات قىلىش، زامانىۋى سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش، مۇستەقىل، ئەركىن، دېموكراتىك، بىرلىككە كەلگەن ۋە باي-كۈچلۈك يېڭى جۇڭگو قۇرۇش — پەقەت مۇشۇلارلا جۇڭگونىڭ ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازات قىلالايدۇ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىدۇ.

بۇ يەردە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، شەھەرلەردىن يېزىلارغا كېلىپ ئىشلەۋاتقان زىيالىيلار يېزىلارنىڭ ھازىرمۇ تارقاق، قالاق يەككە ئىگىلىكنى ئاساس قىلىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت خۇسۇسىيىتىنى، ئازات رايونلارنىڭ بولسا، يەنە كېلىپ، ۋاقتىنچە دۈشمەن تەرىپىدىن بولۇۋېتىلگەن ۋە پارتىزان ئۇرۇشى بولۇۋاتقان شارائىتتا تۇرۇۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت خۇسۇسىيىتىنى ئاسانلىقچە چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار بۇ خۇسۇسىيەتلەرنى چۈشەنمىگەنلىكتىن، كۆپىنچە، نامۇۋاپىق ھالدا ئۆزلىرىنىڭ شەھەر تۇرمۇشى ياكى شەھەر خىزمىتى نۇقتىسىنەزىرىدە تۇرۇپ، يېزا مەسىلىلىرىنى كۆزىتىدۇ، يېزا خىزمەتلىرىنى بىرتەرەپ قىلىدۇ، نەتىجىدە يېزىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن چەتلەپ كېتىدۇ، دېھقانلار بىلەن ئىچىقويۇن-تاشقويۇن بولۇپ كېتەلمەيدۇ. بۇنداق ئەھۋالنى تەربىيە بېرىش ئۇسۇلى بىلەن تۈگىتىش لازىم.

جۇڭگونىڭ كەڭ ئىنقىلاۋىي زىيالىيلىرى ئۆزلىرىنىڭ دېھقانلار بىلەن بىرلىشىشى زۆرۈرلۈكىنى سېزىشى لازىم. دېھقانلار ئۇلارغا مۇھتاج، ئۇلارنىڭ ياردىمىنى كۈتۈۋاتىدۇ. ئۇلار قىزغىنلىق بىلەن يېزىلارغا بېرىشى، ئوقۇغۇچىلىق كىيىمىنى سېلىۋېتىپ، ماتا كىيىم كىيىشى، ھەرقانداق كىچىك ئىشنى قىلىشتىن باش تارتماسلىقى، ئۇ يەرلەردە دېھقانلارنىڭ تەلەپلىرىنى چۈشىنىشى، دېھقانلارنىڭ ئويغىنىشىغا ۋە تەشكىللىنىشىگە ياردەم بېرىشى، جۇڭگونىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاۋىدىكى ئىنتايىن موھىم بىر خىزمەتنى يەنى يېزا دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى لازىم.

ياپون تاجاۋۇزچىلىرى يوقىتىلغاندىن كېيىن، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ۋە ئاساسىي ۋەتەن خائىنلىرىنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىش ھەمدە بۇ يەرلەرنى يەرسىز ۋە يېرى ئاز دېھقانلارغا تەقسىم

قىلىپ بېرىش لازىم.

## يەتتىنچى، سانائەت مەسىلىسى

ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى مەغلۇپ قىلىش ۋە يېڭى جۇڭگو قۇرۇش ئۇچۇن سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش لازىم. ئەمما، گومىنداڭ ھوكۇمىتىنىڭ ھوكۇمرانلىقى ھەممىدە چەتئەللەرگە بېقىندۇ، ئۇنىڭ مالىيە ۋە ئىقتىسادىي سىياسىتى خەلقنىڭ ھەممە ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنى ۋەيران قىلىدۇ. گومىنداڭ ھوكۇمرانلىقىدىكى رايونلاردا بولغان ئازغىنا ئۇششاق سانائەتنىڭمۇ كوپ قىسمى ۋەيران بولۇش ھالىتىگە چۈشمەي قالمايدۇ. سىياسىنى ئۆزگەرتمىگەندە، بارلىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋەيران بولۇش تەقدىرىگە ئۇچرايدۇ، يېزا ئىگىلىكىدە شۇنداق بولىدۇ، سانائەتتىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، مۇستەقىل، ئەركىن، دېموكراتىك ۋە بىرلىككە كەلگەن جۇڭگو بولماي تۇرۇپ، سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى يوقىتىش مۇستەقىللىق ئۇچۇن. گومىنداڭنىڭ بىر پارتىيە دىكتاتۇرىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، دېموكراتىك، بىرلىككە كەلگەن بىرلەشمە ھوكۇمەت قۇرۇش، پۈتۈن مەملىكەتتىكى قوشۇنلارنى خەلقنىڭ قوراللىق كۈچلىرىگە ئايلاندۇرۇش، يەر ئىسلاھاتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، دېھقانلارنى ئازات قىلىش ئەركىنلىك، دېموكراتىيە ۋە بىرلىك ئۇچۇن. مۇستەقىللىق، ئەركىنلىك، دېموكراتىيە ۋە بىرلىك بولماي تۇرۇپ، ھەقىقىي كەڭ كولەملىك سانائەت قۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. سانائەت بولمىسا، مۇستەھكەم دولەت مۇداپىئەسى بولمايدۇ، خەلق پاراۋانلىقى بولمايدۇ، دولەت باي-كۈچلۈك بولمايدۇ. 1840-يىلدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن

بۇيانقى 105 يىللىق تارىخ بولۇپمۇ گومىنداڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن بۇيانقى 18 يىللىق تارىخ جۇڭگو خەلقىگە بۇ مۇھىم نۇقتىنى ناھايىتى روشەن كۆرسىتىپ بەردى. جۇڭگونىڭ كەمبەغەل-ئاجىز بولماي، باي-كۈچلۈك بولۇشى جۇڭگونىڭ مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە بولماي، مۇستەقىل بولۇشى بىلەن، يېرىم فېئودال بولماي، ئەركىن ۋە دېموكراتىك بولۇشى بىلەن، پارچىلانغان بولماي، بىرلىككە كەلگەن بولۇشى بىلەن باغلانغان. يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئودال ۋە پارچىلانغان جۇڭگودا سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، دۆلەت مۇداپىئەسى قۇرۇش، خەلقنى پاراۋانلىققا ئېرىشتۈرۈش، دۆلەتنى باي-كۈچلۈك قىلىشنى ئۇزاق يىللاردىن بۇيان نۇرغۇن كىشىلەر خىيال قىلىپ كەلگەن ئىدى، ئەمما بۇ خىياللارنىڭ ھەممىسى يوققا چىقتى. بىرمۇنچە ياخشى نىيەتلىك مائارىپچىلار، ئالىملار ۋە ئوقۇغۇچىلار ئۆز خىزمىتى ياكى ئوقۇشى بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، سىياسى بىلەن كارى بولمىدى، ئۆزلىرىچە، ھاسىل قىلغان بىلىملىرىمىز بىلەن دۆلەتكە خىزمەت قىلىشىمىز مۇمكىن، دەپ ئويلىدى، نەتىجىدە بۇ ئويلارمۇ خام خىيال بولۇپ قېلىپ، ھەممىسى يوققا چىقتى. بۇ بىر خۇش خەۋەر، گودەكلەرچە قىلىنغان بۇنداق خام خىيالنىڭ يوققا چىقىشى جۇڭگونى باي-كۈچلۈك قىلىشنىڭ دەل باشلىنىش نۇقتىسى بولدى. جۇڭگو خەلقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدى، ياپون تاجاۋۇزچىلىرى مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، مۇستەقىل، ئەركىن، دېموكراتىك، بىرلىككە كەلگەن ۋە باي-كۈچلۈك يېڭى دېموكراتىك جۇڭگو قۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بەلكى بۇ شەرتلەرنىڭ ئۆزئارا باغلانغانلىقىنى، بىرسى كەم بولسا بولمايدىغانلىقىنى بىلدى. ئەگەر مۇشۇنداق بولىدىكەن، جۇڭگودىن

ئۇمىت بار. جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازات قىلىپ، تولۇق راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش يېڭى دېموكراتىك سىياسى شەرتلەرنىڭ پۈتۈن جۇڭگو زېمىنىدا ئەمەلگە ئېشىشىغا باغلىق. بۇنى چۈشەنگۈچىلەر كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىۋاتىدۇ.

جۇڭگو خەلقى ۋە ئۇنىڭ هوكۇمىتى يېڭى دېموكراتىك سىياسى شەرتلەرگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئەمەلىي تەدبىرلەر قوللىنىپ، بىرقانچە يىل ئىچىدە، قەدەممۇ-قەدەم ئېغىر ۋە يېنىك سانائەتلەرنى قۇرۇپ، جۇڭگونى يېزا ئىگىلىك مەملىكىتىدىن سانائەت مەملىكىتىگە ئايلاندۇرۇشى لازىم. يېڭى دېموكراتىك دولەت ئەگەر ئۇزىگە مۇستەهكەم ئىقتىساتنى ئاساس قىلمىسا، ئەگەر ئىلغار ۋە هازىرقىدىن كوپ راۋاجلانغان يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلمىسا، ئەگەر پۈتۈن مەملىكەت ئىقتىسادىنىڭ سالمىقىدا ئىنتايىن زور ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىگەن كەڭ كولەملىك سانائەتنى هەم بۇنىڭغا مۇناسىپ قاتناش، سودا، پۇل مۇئامىلىسى ئىشلىرىنى ئاساس قىلمىسا، مۇستەهكەملىنەلمەيدۇ.

بىز كوممۇنىستلار پۈتۈن مەملىكەتتىكى هەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇهلار بىلەن ۋە هەرقايسى تارماقلاردىكى سانائەتچىلەر بىلەن بىرلىكتە يۇقۇرىدا ئېيتىلغان نىشان ئۇچۇن كۆرەش قىلىشنى خالايمىز. جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپى بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاشتا ئۇلۇق رول ئوينايدۇ.

جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن تارتىپلا، ئاڭلىق قىياپەتتە جۇڭگونىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئازاتلىقى ئۇچۇن كۆرەش قىلىشقا كىرىشتى. 1921-يىلى ئۇنىڭ شيەنفېڭدۇيى — جۇڭگو گۇڭچەنداڭى دۇنياغا كەلدى، شۇنىڭدىن تارتىپ، جۇڭگونىڭ ئازاتلىق كۆرىشى يېڭى باسقۇچقا كىردى. بېيفا ئۇرۇشى، يەر ئىنقىلاۋى

ئۇرۇشى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىن ئىبارەت ئۈچ دەۋردە، جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپى ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازاتلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى ۋە ئىنتايىن قىممەتلىك تۆھپە قوشتى. ياپون تاجاۋۇز-چىلىرىنى ئۇزۇل-كېسىل مەغلۇپ قىلىش كۈرىشىدە بولۇپمۇ چوڭ شەھەرلەرنى ۋە موھىم قاتناش يوللىرىنى قايتۇرۇۋېلىش كۈرەشلىرىدە جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپى ئىنتايىن زور رول ئوينايدۇ. ئالدىن ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇكى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئاياغلاش-قاندىن كېيىن، جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە تۆھپىسى تېخىمۇ زور بولىدۇ. جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ۋەزىپىسى يېڭى دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈنلا كۈرەش قىلىش بولۇپ قالماي، بەلكى جۇڭگونىڭ سانائەتلىشىشى ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ زامانىۋىلىشىشى ئۈچۈنمۇ كۈرەش قىلىش.

يېڭى دېموكراتىك دۆلەت تۈزۈمىدە ئەمگەك بىلەن كاپىتال ئوتتۇرىسىدىكى پايدا-زىيان مۇناسىۋىتىنى تەڭشەش سىياسىتى قوللىنىلىدۇ. بىر تەرەپتىن، ئىشچىلارنىڭ مەنپەئەتى مۇھاپىزەت قىلىنىدۇ، ئەھۋالغا قاراپ 8 سائەتتىن 10 سائەتكىچە ئىشلەش تۈزۈمى ۋە ئىشسىزلارغا مۇۋاپىق ئىجتىمائىي ياردەم بېرىش ھەم مۇۋاپىق ئىجتىمائىي ساقلىق ساقلاش يولىغا قويۇلىدۇ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ھوقۇقى قوغدىلىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، دۆلەت كارخانىلىرى، خۇسۇسىي كارخانىلار ۋە كوپېراتىپ كارخانىلىرىنىڭ مۇۋاپىق باشقۇرۇش بىلەن ئالىدىغان ئورۇنلۇق پايدىسى كاپالەتلەندۈرۈ-لىدۇ؛ شۇ ئارقىلىق دۆلەت بىلەن خۇسۇسىيلاردىن، ئەمگەك بىلەن كاپىتالدىن ئىبارەت ھەر ئىككى تەرەپ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنى

راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن بىرلىكتە تىرىشچانلىق قىلىندۇ.

ياپون تاجاۋۇزچىلىرى مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، ياپون تاجا-ۋۇزچىلىرىنىڭ ۋە ئاساسىي ۋەتەن خائىنلىرىنىڭ كارخانىلىرى ھەم مال-مۈلۈكلىرى مۇسادىرە قىلىنىپ، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بىرتەرەپ قىلىنىشى لازىم.

## سەككىزىنچى، مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە زىيالىلار مەسىلىسى

مىللىي زۇلۇم ۋە فېئوداللىق زۇلۇمنىڭ جۇڭگو خەلقىگە كەلتۈرگەن ئاپەتلىرى ئىچىدە مىللىي مەدەنىيەت ئۈستىگە چۈشكەن ئاپەتلەرمۇ بار. بولۇپمۇ ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان مەدەنىيەت ۋە مائارىپ ئىشلىرى، ئىلغار مەدەنىيەت ئەرباپلىرى ۋە مائارىپچىلار ئۇچرىغان ئاپەت تېخىمۇ ئېغىر بولدى. مىللىي زۇلۇم ۋە فېئوداللىق زۇلۇمنى سۈپۈرۈپ تاشلاش ئۈچۈن، يېڭى دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان خەلق مائارىپچىلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرى، خەلق ئالىملىرى، كۆڭچىلىكلىرى، تېخنىكلىرى، دوختۇرلىرى، ئاخبارات-چىلىرى، يازغۇچىلىرى، ئەدىبلىرى، سەنئەتكارلىرى ۋە ئادەتتىكى مەدەنىيەت خادىملىرى كېرەك. ئۇلار خەلق ئۈچۈن ئىشلەش روھىغا ئىگە بولۇشى، مۇشەققەتلىك خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشى لازىم. بارلىق زىيالىلار خەلق ئۈچۈن ئىشلىگەن خىزمەتلىرىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئۇتۇق قازانغانلا بولسا، ھۆرمەتلىنىشى، دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ قىممەتلىك بايلىقى دەپ قارىلىشى لازىم. جۇڭگو-مىللىي زۇلۇم ۋە فېئوداللىق زۇلۇم سەۋەبىدىن مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالغان بىر مەملىكەت، جۇڭگونىڭ خەلق ئازادلىق كۈرىشى زىيالىلارغا ئىنتايىن

مۇھتاج، شۇنىڭ ئۈچۈن زىيالىيلار مەسىلىسى ئالاھىدە مۇھىم. ئۆتكەن يېرىم ئەسىر داۋامىدا ئېلىپ بېرىلغان خەلق ئازاتلىق كۈرەشلىرىدە بولۇپمۇ 4-ماي ھەركىتىدىن بۇيانقى كۈرەشلەردە ۋە 8 يىللىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا كەڭ ئىنقىلاۋىي زىيالىيلارنىڭ جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئوينىغان رولى ناھايىتى زور بولدى. بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈرەشلەردە ئۇلار تېخىمۇ زور رول ئوينايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنىڭدىن كېيىن، خەلق ھۆكۈمىتى كەڭ خەلق ئارىسىدىن پىلانلىق تۈردە ھەر خىل زىيالىي كادىرلارنى يېتىشتۈرۈشى، شۇنىڭدەك قولىدىن كېلىدىغان ھازىرقى زىيالىيلارنىڭ ھەممىسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىشقا ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

80 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدىغان ساۋاتسىز ئاھالە ئارىسىدا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش — يېڭى جۇڭگونىڭ مۇھىم بىر خىزمىتى.

بارلىق قۇللۇق، فېوداللىق، فاشىستىك مەدەنىيەت ۋە مائارىپنى مۇۋاپىق ۋە قەتئىي تەدبىر قوللىنىپ سۈپۈرۈپ تاشلاش لازىم.

خەلق ئارىسىدا كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ۋە ئۇلارنى داۋالاشقا ئاكتىپ كىرىشىپ، خەلق ئۈچۈن بولغان تېبىبىي-دورىگەرلىك ۋە ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش لازىم.

كونا مەدەنىيەت خادىملىرى، كونا مائارىپ خادىملىرى ۋە كونا دوختۇرلارغا تۇتۇلىدىغان پوزىتسىيە ئۇلارنى مۇۋاپىق ئۇسۇللار بىلەن تەربىيىلەپ، يېڭى نۇقتىنەزەر ۋە يېڭى ئۇسۇللارغا ئىگە قىلىپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

جۇڭگو خەلق مەدەنىيىتى ۋە خەلق مائارىپىنىڭ يونۇلۇشى يېڭى دېموكراتىزىم بولۇشى لازىم؛ ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا،

جۇڭگو ئۆزىنىڭ مىللى، ئىلمىي ۋە خەلق ئاممىسىغا مەنسۇپ بولغان يېڭى مەدەنىيىتى ۋە يېڭى مائارىپىنى بەرپا قىلىشى كېرەك.

چەتئەل مەدەنىيىتىگە نىسبەتەن پەيۋەيجۇيلىق قاتتىق قوللىنىش خاتا، چەتئەللەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى ئىمكانىيەتنىڭ بىرىچە قوبۇل قىلىپ، ئۇنى جۇڭگونىڭ يېڭى مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئەيىنەك قىلىش كېرەك؛ قارىغۇلارچە كوچۇرۇپ قوللىنىش قاتتىقمۇ خاتا، چەتئەل مەدەنىيىتىنى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىپ، پىپەنلىك ھالدا قوبۇل قىلىش كېرەك. سوۋېت ئىتتىپاقى ياراتقان يېڭى مەدەنىيەت بىزنىڭ خەلق مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشىمىز ئۈچۈن نەمۇنە بولۇشى كېرەك. جۇڭگونىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىگە كەلسەك، بۇنى بىراقلا چەتكىمۇ قاقماستىن، قارىغۇلارچە كوچۇرۇپمۇ قوللانماستىن، بەلكى پىپەنلىك ھالدا قوبۇل قىلىپ، جۇڭگونىڭ يېڭى مەدەنىيىتىنى ئالغا سۈرۈشكە پايدا يەتكۈزۈش لازىم.

## توققۇزىنچى، ئاز سانلىق مىللەتلەر مەسلىسى

گومىنداڭنىڭ خەلققە قارشى گۇرۇھى جۇڭگودا كوپ مىللەت بارلىقىنى ئىنكار قىلىپ، خەنزۇلاردىن باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى «نەسلىداش ئۇرۇق»⑩ دەپ ئاتىماقتا. ئۇلار پۈتۈنلەي چىڭ سۇلالىسى ھوكۇمىتى ۋە بېيياڭ جۇنفالار ھوكۇمىتىنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئېزىش ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشتا قىلمىغىنى قالمىدى. 1943 ـ يىلى ئىكىنچى ئايمىغىدىكى موڭغۇل خەلقىگە يۈرگۈزۈلگەن قىرغىنچىلىق ۋەقەسى، 1944 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە قەدەر شىنجياڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر

ئۈستىدىن يۈرگۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان قوراللىق بېسىقتۇرۇش ۋەقەلىرى ۋە يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان گەنسۇ خۇيزۇلىرى ئۈستىدىن يۈرگۈزۈلگەن قىرغىنچىلىق ۋەقەلىرى مانا بۇنىڭ ئۇچۇق دەلىلى. بۇ — چوڭ خەنزۇچىلىققا ئاساسلانغان خاتا مىللىي ئىدىيە ۋە خاتا مىللىي سىياسەت.

1924 - يىلى سۇن جۇڭشەن ئەپەندى ئۆزى يازغان «جۇڭگو گومىنداڭنىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ خىتاپنامىسى»دە مۇنداق دېگەن ئىدى: «گومىنداڭنىڭ مىللىي مەسىلىگە ئىككى مەنىگە ئىگە: بىرىنچىسى — جۇڭگو مىللىتى ئۆز ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش؛ ئىككىنچىسى — جۇڭگو زېمىنىدىكى مىللەتلەر ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش.» «گومىنداڭ تەنتەنە بىلەن جاكالايدۇكى، جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى ئېتىراپ قىلىنىدۇ، جاھانگىرلارغا ۋە جۇنفالارغا قارشى ئىنقىلاب غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، ئەركىن، بىرلىككە كەلگەن (مىللەتلەر ئەركىن بىرلەشكەن) جۇڭخۇا مىنگو تەشكىل قىلىنىدۇ.»

جۇڭگو گۇڭچەنداڭى سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان مىللىي سىياسىتىگە پۈتۈنلەي قوشۇلىدۇ. كوممۇنىستلار ئاز سانلىق مىللەتلەر كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ بۇ سىياسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىغا پائال ياردەم بېرىشى لازىم؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسىغا جۈملىدىن ئاممە بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغان بارلىق رەھبەرلىرىگە ئۇلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردە ئازاتلىق ۋە تەرەققىياتقا ئېرىشىشىگە شۇنىڭدەك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاممىۋى مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان ئۆز قوشۇنلىرىنى قۇرۇشقا ياردەم بېرىشى لازىم. ئۇلارنىڭ تىلى،

يېزىقى، يوسۇنى، ئادىتى ۋە دىنىي ئېتىقادى ھۆرمەتلىنىشى كېرەك.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، شەنشى ــ گەنسۇ ــ نىڭشيا چېگرا رايونى ۋە خۇابېيدىكى ئازات رايونلارنىڭ موڭغۇل، خۇيزۇ مىللەتلىرىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى توغرا بولدى، ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرى ئۇتۇقلۇق بولدى.

## ئونىنچى، ۋەيجياۋ مەسىلىسى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ... 

جۇڭگو گوڭچەنداڭى ئاتلانتىك شېنجاڭىغا ۋە موسكۋا، قاھىرە، تېھران، قىرىم خەلقارا يىغىنلىرىنىڭ[11] قارارلىرىغا قوشۇلىدۇ، چۈنكى بۇ خەلقارا يىغىنلارنىڭ قارارلىرى فاشىست تاجاۋۇزچىلارنى مەغلۇپ قىلىشقا ۋە دۇنيا تىنچلىقىنى ساقلاشقا پايدىلىق.

جۇڭگو گوڭچەنداڭىنىڭ ۋەيجياۋ سىياسىتىنىڭ تۈپ پرىنسىپى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى ئۈزۈل ــ كېسىل يوقىتىش، دۇنيا تىنچلىقىنى ساقلاش، دۆلەتلەرنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە باراۋەرلىك ئورنىنى ئۆزئارا ھۆرمەتلەش، دۆلەتلەر ۋە خەلقلەرنىڭ مەنپەئەتلىرى ۋە دوستلۇقىنى ئۆزئارا ئالغا سۈرۈش ئاساسىدا، ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن دۆلەت مۇناسىۋىتى ئورنىتىش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەشتىن، ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بارلىق مەسىلىلەرنى، مەسىلەن، ماسلىشىپ ئۇرۇش قىلىش، تىنچلىق يىغىنلىرى، سودا ئالاقىلىرى، مەبلەغ سېلىش ۋە باشقىلارنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت.

ئۇرۇشتىن كېيىنكى خەلقارا تىنچلىق ۋە خەۋپسىزلىكنى تەمىن ئېتىدىغان ئورگان قۇرۇش ھەققىدە، جۇڭگو گوڭچەنداڭى دۇمبارتون ــ ئوكس يىغىنىدا قوبۇلغان تەكلىپكە ۋە قىرىم يىغىنىنىڭ بۇ مەسىلە ئۈستىدە چىقارغان قارارىغا پۈتۈنلەي قوشۇلىدۇ. جۇڭگو

گۇڭچەنداڭى بىرلەشكەن دۆلەتلەرنىڭ سان ـ فرانسىسكو يىغىنىنى ئالقىشلايدۇ. جۇڭگو گۇڭچەنداڭى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىرادىسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۆز ۋەكىلىنى جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزۈپ، سان ـ فرانسىسكو يىغىنىغا ئەۋەتتى⑫.

بىز، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاراتقان ئۆچمەنلىكىنى توختىتىپ، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆلەت مۇناسىۋىتىنى تېزدىن ياخشىلىشى لازىم، دەپ قارايمىز. سوۋېت ئىتتىپاقى ــ بىرىنچى بولۇپ تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەرنى بىكار قىلغان ۋە جۇڭگو بىلەن تەڭ ھوقۇقلۇق يېڭى شەرتنامە تۈزگەن دۆلەت. 1924 ـ يىلى سۇن جۇڭشەن ئەپەندى چاقىرغان گومىنداڭنىڭ بىرىنچى نوۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيى مەزگىلىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بېيىفا ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىلغان مەزگىلدە، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونىڭ ئازاتلىق ئۇرۇشىغا ياردەم قىلغان بىردىن ـ بىر دۆلەت بولدى. 1937 ـ يىلى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى يەنە جۇڭگونىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇشىغا بىرىنچى بولۇپ ياردەم قىلغان دۆلەت بولدى. جۇڭگو خەلقى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ بۇ ياردەملىرىگە تەشەككۈر بىلدۈرىدۇ. بىز، تىنچ ئوكيان مەسىلىسىنى سوۋېت ئىتتىپاقى قاتناشماي تۇرۇپ، ئۈزۈل ـ كېسىل، تولۇق ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس، دەپ قارايمىز.

بىز ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ھۆكۈمەتلىرىدىن، ئالدى بىلەن، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە ھۆكۈمەتلىرىدىن جۇڭگودىكى ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ ئاۋازىغا جىددىي دىققەت قىلىشنى، ئۆزلىرىنىڭ ۋەيجياۋ سىياسىتىنى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىرادىسىگە قارشى قويۇپ، جۇڭگو

خەلقى بىلەن بولغان دوستلۇققا زىيان يەتكۈزۈپ قويماسلىقنى تەلەپ قىلمىز. بىزچە، ھەرقانداق چەتئەل ھوكۇمىتى ئەگەر جۇڭگو ئەكسـيەتچىلىرىگە ياردەم بېرىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىشلىرىغا قارشى تۇرىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئىنتايىن زور خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ.

جۇڭگو خەلقى بىرمۇنچە چەتئەل ھوكۇمەتلىرىنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى جاكالىغانلىقىنى ۋە جۇڭگو بىلەن تەڭ ھوقۇقلۇق يېڭى شەرتنامىلەرنى تۈزۈش يولىدىكى تەدبىرلىرىنى قارشى ئالىدۇ. ئەمما، بىزچە، تەڭ ھوقۇقلۇق شەرتنامىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيەتتە ھەقىقى باراۋەرلىك ئورۇنىغا ئىگە بولغانلىقىنى كورسەتمەيدۇ. بۇنداق ئەمەلىيەتتىكى ھەقىقى باراۋەرلىك ئورۇنىنى ھەرگىز چەتئەل ھوكۇ-مەتلىرىنىڭ مەرھەمەت قىلىشىغىلا تايىنىپ قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ، ئۇنى ئاساسەن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئوز تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ قولغا كەلتۈرۈش كېرەك، تىرىشىشنىڭ يولى جۇڭگونى سىياسى، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي جەھەتلەردە يېڭى دېموكراتىك دولەت قىلىپ قۇرۇشتىن ئىبارەت، ئۇنداق قىلمىغاندا، مۇستەقىللىق ۋە باراۋەرلىك پەقەت شەكىلدىلا بولىدۇ، ئەمەلىيەتتە بولمايدۇ. دېمەك، گومىنداڭ ھوكۇمىتىنىڭ ھازىر يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسىتى بويىچە جۇڭگونى ھەرگىز ھەقىقى مۇستەقىللىق ۋە باراۋەرلىككە ئېرىشتۈرگىلى بولمايدۇ.

بىز، ياپون تاجاۋۇزچىلىرى مەغلۇپ قىلىنغان ۋە شەرتسىز تەسلىم بولغاندىن كېيىن، ياپون فاشىزىمىنى، جۇنكوجۇيىسىنى ۋە بۇلارنى پەيدا قىلغان سىياسى، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائى سەۋەبلەرنى ئۈزۈل-كېسىل يوقىتىش ئۈچۈن، ياپونىيە خەلقىنىڭ بارلىق دېموكراتىك كۈچلىرىنىڭ ياپونىيە خەلقىنىڭ دېموكراتىك تۈزۈمىنى ئورنىتىشىغا

ياردەم بېرىش لازىم، دەپ قارايمىز. ياپونىيە خەلقىدە دېموكراتىك تۈزۈم بولمىسا، ياپون فاشىزىمنى ۋە جۇنگوجۇيىسىنى ئۈزۈل-كېسىل يوقاتقىلى بولمايدۇ، تېچ ئوكيان تېچلىقىغا كاپالەت بەرگىلى بولمايدۇ.

بىز، قاھىرە يىغىنىنىڭ چاۋشيەنىڭ مۇستەقىللىقى توغرىسىدىكى قارارى توغرا، دەپ قارايمىز، جۇڭگو خەلقى چاۋشيەن خەلقىنىڭ ئازاتلىققا ئېرىشىشىگە ياردەم بېرىشى كېرەك.

بىز ھىندىستاننىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى ئۈمىت قىلىمىز. چۈنكى مۇستەقىل-دېموكراتىك ھىندىستان ھىندىستان خەلقى ئۈچۈنلا زۆرۈر بولۇپ قالماستىن، دۇنيا تېچلىقى ئۈچۈنمۇ زۆرۈر.

شەرقىي-جەنۇبىي ئاسىيا مەملىكەتلىرى — بىرما، مالايا، ھىندونېزىيە، ۋيېتنام، فىلىپپىنلارغا كەلسەك، بىز بۇ ئەللەر خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرى مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن مۇستەقىل-دېموكراتىك دۆلەت تۈزۈمى قۇرۇش ھوقۇقىغا ئېرىشىشىنى ئۈمىت قىلىمىز. تايلاندنى بولسا ياۋروپادىكى فاشىستلارغا بېقىندا دۆلەتلەرگە قوللىنىلغان ئۇسۇل بويىچە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

*　　　*　　　*

كونكرېت گاڭلىڭ توغرىسىدا بېرىدىغان چۈشەندۈرۈشلىرىمىزنىڭ مۇھىملىرى ئەنە شۇلاردىن ئىبارەت.

تەكرار ئېيتىمەنكى، ئەگەر مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن، دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت بولمىسا، بۇ كونكرېت گاڭلىڭلارنى پۈتۈن جۇڭگو بويىچە ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

جۇڭگو كۇڭچەنداڭدىكى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازاتلىق ئىشلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان 24 يىل داۋامىدا شۇنداق ئورۇننى ياراتتىكى،

ھەرقانداق پارتىيە ياكى ئىجتىمائى گۇرۇھ بولسۇن، شۇنىڭدەك جۇڭگولۇق ياكى چەتئەللىك بولسۇن، جۇڭگوغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە ئەگەر جۇڭگو گوڭچەنداڭنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلمايدىغان پوزىتسىيەدە بولىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئىنتايىن ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ، بەلكى مۇقەررەر مەغلۇپ بولىدۇ. بىزنىڭ پىكرىمىزگە ھۆرمەت قىلماي، ئۆزىنىڭ پىكرىنىلا ئاقتۇرۇشقا ئۇرۇنىدىغان كىشىلەر ئۆتمۈشتىمۇ بولغان، ھازىرمۇ بار، ئەمما نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ھېچقانداق پىكرى ئاقمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇنىڭ سەۋەبى باشقا نەرسە ئەمەس، بىزنىڭ پىكرىمىزنىڭ ئەڭ كەڭ جۇڭگو خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولغانلىقى. جۇڭگو گوڭچەنداڭى — جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەڭ سادىق ۋەكىلى، كىمكى جۇڭگو گوڭچەنداڭغا ھۆرمەت قىلمايدىكەن، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئەڭ كەڭ جۇڭگو خەلقىگە ھۆرمەت قىلمىغان بولىدۇ، ئۇ چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ.

## جۇڭگونىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايونلىرىدىكى ۋەزىپىلەر

پارتىيىمىزنىڭ ئومۇمىي گاڭلىگى ۋە كونكرېت گاڭلىگى توغرىسىدا يۇقۇرىدا تولۇق چۈشەندۈرۈش بېرىپ ئۆتتۈم. شۈبھىسىزكى، بۇ گاڭلىگلار پۈتۈن جۇڭگودا ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ؛ پۈتۈن خەلقارا ۋە ئىچكى ۋەزىيەت جۇڭگو خەلقىگە مۇشۇنداق ئۈمىت بېغىشلىدى. ئەمما، ھازىرقى ۋاقىتتا گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايونلاردىكى، قولدىن كەتكەن رايونلاردىكى ۋە ئازات رايونلاردىكى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئەھۋال بىزنى بۇ ئۈچ خىل رايوندا گاڭلىگنى ئىجرا قىلىشتا پەرقلىق ئىش كۆرۈشكە مەجبۇر قىلماقتا. ئوخشاش بولمىغان

ئەھۋالدا ئوخشاش بولمىغان ۋەزىيپە تۇغۇلىدۇ. بۇ ۋەزىپىلەرنىڭ بەزىلىرىنى يۇقۇرىدا سوزلەپ ئوتتۇم، بەزىلىرىنى تۇۋەندە يەنە تولۇقلاپ ئوتۇشكە توغرا كېلىدۇ.

گومىنداڭ ھوكۇمرانلىقىدىكى رايونلاردا خەلق ۋەتەنپەرۋەرلىك پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش ئەركىنلىكىگە ئىگە ئەمەس، دېموكراتىك ھەركەتلەر قانۇنغا خىلاپ ھېساپلىنىدۇ، ئەمما بۇ رايونلاردا بىرمۇنچە تەبىقىلەر، بىرمۇنچە دېموكراتىك پارتىيە-گورۇھلار ۋە دېموكراتلار قاتناشقان ئىجابى پائالىيەتلەر ئەۋج ئالماقتا. جۇڭگو دېموكراتىيە ئىتتىپاقى بۇ يىل بىرىنچى ئايدا گومىنداڭنىڭ بىر پارتىيە دىكتاتورىسىغا خاتىمە بېرىش ۋە بىرلەشمە ھوكۇمەت قۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ خىتاپنامە ئېلان قىلدى. جەمىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە مۇشۇنداق خاراكتېردىكى خىتاپنامىلەرنى ئېلان قىلغۇچىلارمۇ كوپ. گومىنداڭ ئىچىدىمۇ نۇرغۇن كىشىلەر ئوز رەھبىرىي ئورگانلىرىنىڭ سىياسىتىدىن بارغانسىرى گۇمانلانماقتا ۋە نارازى بولماقتا، ئوز پارتىيىسىنىڭ كەڭ خەلق ئارىسىدا يېتىم قېلىش خەۋپىنى بارغانسىرى ھېس قىلىپ، زامانغا لايىق بىر دېموكراتىك ئىسلاھاتنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلماقتا. چۇڭچىڭ قاتارلىق جايلاردا ئىشچىلار، دېھقانلار، مەدەنىيەتچىلەر، ئوقۇغۇچىلار، مائارىپچىلار، ئاياللار، سودا-سانائەتچىلەر، ھوكۇمەت خادىملىرىنىڭ ھەتتا بىر قىسىم ھەربىلەرنىڭ دېموكراتىك ھەركەتلىرى ئەۋج ئالماقتا. بۇلارنىڭ ھەممىسى بارلىق ئېزىلگۈچى تەبىقىلەرنىڭ دېموكراتىك ھەركەتلىرىنىڭ پەيدىن-پەي بىر نىشانغا قاراپ بىرلىشىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بەرمەكتە. ھازىرقى ھەركەتنىڭ ئاجىزلىق نۇقتىسى شۇ يەردىكى، بۇنىڭغا جەمىيەتنىڭ ئاساسىي قاتلام كىشىلىرى تېخى كەڭ كولەمدە قاتنىشىپ كەتمىدى،

تۇتقان ئورنى ئىنتايىن مۇھىم ئەمما تۇرمۇشى ئىنتايىن ئېغىر بولغان دېخانلار، ئىشچىلار، ئەسكەرلەر ۋە توۋەن قاتلام ھۆكۈمەت خادىم-لىرى ھەم مائارىپچىلار تېخى تەشكىللەنمىدى. ھازىرقى ھەركەتنىڭ يەنە بىر ئاجىزلىق نۇقتىسى شۇكى، بۇ ھەركەتكە قاتناشقان دېموكراتلاردىن يەنە نۇرغۇن كىشىلەر دېموكراتىك پىرىنسىپقا ئاساسەن كۆرەش قوزغاش ئارقىلىق ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت تۈپ فاكتېن توغرىسىدا تېخى ئېنىق ۋە قەتئى روھقا ئىگە بولغىنى يوق. ئەمما كېيىن ۋەزىيەت بارلىق ئېزىلگۈچى تەبىقىلەر، پارتىيىلەر ۋە ئىجتىمائى گۇرۇھلارنى پەيدىن-پەي ئويغىنىشقا ۋە ئىتتىپاقلىشىشقا مەجبۇر قىلماقتا. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ھەرقانچە بېسىقتۇرغىنى بىلەنمۇ، بۇ ھەركەتنىڭ راۋاجلىنىشىنى توسالمايدۇ.

گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا ئېزىلىۋاتقان بارلىق تەبىقىلەر، پارتىيىلەر ۋە گۇرۇھلار دېموكراتىك ھەركەتلەرنى كەڭ كولەمدە راۋاجلاندۇرۇپ ۋە تارقاق كۈچلەرنى پەيدىن-پەي بىرلەش-تۈرۈپ، مىللى ئىتتىپاقلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇش، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى مەغلۇپ قىلىش ۋە يېڭى جۇڭگو قۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشى لازىم. جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى ۋە ئازات رايونلار خەلقى ئۇلارغا مۇمكىن بولغان بارلىق ياردەملەرنى بېرىشى لازىم.

گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا كوممۇنىستلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كەڭ مىللى بىرلىكسەپ سىياسىتىنى داۋاملىق ئىجرا قىلىشى لازىم. قانداق ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ تۈنۈگۈن بىزگە قارشى تۇرغان بولسىمۇ، بۈگۈن بىزگە قارشى تۇرمىسىلا، ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئورتاق نىشان ئۈچۈن

كۆرەش قىلىشىمىز لازىم.

## جۇڭگونىڭ قولدىن كەتكەن رايونلىرىدىكى ۋەزىپىلەر

قولدىن كەتكەن رايونلاردا كوممۇنىستلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەممە خەلقنى فرانسىيە ۋە ئىتالىيە خەلقىدىن ئۆلگە ئېلىپ، ھەر خىل تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشتۇرۇشقا، يەر ئاستى قوشۇن تەشكىل قىلىشقا، قوراللىق قوزغىلاڭ تەييارلاشقا، پەيت يېتىلگەن ھامان تاشقىرىدىن ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان قوشۇنلارغا ماسلىشىپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن بىرلەشكەن ھالدا يوقىتىشقا چاقىرىشى لازىم. ياپون تاجاۋۇزچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ سادىق غالچىلىرىنىڭ قولدىن كەتكەن رايونلاردىكى ئاكا-ئۇكا ۋە ئاچا-سىڭىللىرىمىزنى دەپسەندە قىلغانلىقى، بۇلاڭ-تالاڭ قىلغانلىقى، نومۇسغا تەككەنلىكى ۋە ھاقارەتلىگەنلىكى بارلىق جۇڭگولۇقلارنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى، ئىنتىقام ئېلىپ نومۇسنى ئاقلاش پەيتى يېتىپ كېلەي دەپ قالدى. قولدىن كەتكەن رايونلاردىكى خەلق ياۋروپا ئۇرۇش مەيدانىنىڭ غەلىبىسى ۋە 8-ئارمىيە، يېڭى 4-ئارمىيىنىڭ غەلىبىسىدىن ئىلھاملىنىپ، ئۇزلىرىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش كەيپىياتىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئۇستۇردى. مۇمكىن قەدەر تېز ئازاتلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇلار تەشكىللىنىشكە ئىنتايىن مۇھتاج. شۇڭا، بىز قولدىن كەتكەن رايونلاردىكى خىزمەتلەرنى ئازات رايونلاردىكى خىزمەتلەرگە ئوخشاش مۇھىم ئورۇنغا قويۇشىمىز لازىم. كوپلىگەن خادىملار قولدىن كەتكەن رايونلارغا بېرىپ خىزمەت قىلىشى كېرەك. قولدىن كەتكەن رايونلاردىكى خەلق ئارىسىدىن

كۆپلىگەن ئاكتىپلارنى تەربىيىلەپ ۋە ئۆستۈرۈپ، شۇ يەردىكى خىزمەتلەرگە قاتناشتۇرۇشىمىز لازىم. قولدىن كەتكەن رايونلار ئىچىدە دۇڭبېي 4 ئۆلكىنىڭ قولدىن كەتكىنىگە ئەڭ ئۇزاق بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەرلەر — ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ سانائەت مەركىزى ۋە ئەسكەر تۇرغۇزىدىغان موھىم جايى، بىز ئۇ يەرلەردىكى يەر ئاستى خىزمەتنى كۈچەيتىشىمىز لازىم. گۇەننېيگە سەرگەردان بولۇپ كەلگەن دۇڭبېي خەلقى بىلەن ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، قولدىن كەتكەن يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىشقا تەييارلىق كۆرۈشىمىز لازىم.

قولدىن كەتكەن بارلىق رايونلاردا كوممۇنىستلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئەڭ كەڭ مىللىي بىرلىكسەپ سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشى لازىم. قانداق ئادەم بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا ۋە ئۇنىڭ سادىق غالچىلىرىغا قارشى تۇرىدىغانلا بولسا، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ، ئورتاق دۈشمەننى يوقىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى لازىم.

دۈشمەنگە ياردەم بېرىپ، ئۆز قېرىنداشلىرىغا قارشى تۇرۇۋاتقان بارلىق قورچاق قوشۇنلار، قورچاق ساقچىلار ۋە باشقا خادىملارنى ئاگاھلاندۇرۇش لازىمكى: ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جىنايى ھەركەتلىرىنى تېزدىن تونۇپ، كېتىۋاتقان يولىدىن ۋاقتىدا قايتىپ، قېرىنداشلىرىنىڭ دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشىغا ياردەم بېرىشى، بۇنىڭ بىلەن ئۆز جىنايەتلىرىنى يۇيۇشى لازىم. ئۇنداق قىلمايدىغان بولسا، دۈشمەن تار-مار قىلىنغان كۈنى مىللىي ئىنتىزام ئۇلارغا كەڭچىلىك قىلمايدۇ.

كوممۇنىستلار ئامما قاتناشقان بارلىق قورچاق تەشكىلاتلارغا نىسبەتەن قولغا كەلتۈرۈش ۋە قايىل قىلىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئالدانغان ئاممىنى مىللىي دۈشمەنگە قارشى سەپكە ئۆتكۈزۈشى لازىم.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ۋەتەن زېمىنى قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن قانۇن بويىچە جازالاش ئۈچۈن، جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان ۋە توۋا قىلىشنى خالىمىغان ۋەتەن خائىنلىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشى لازىم.

ۋەتەن خائىنلىرىنى ئۈيۈشتۈرۈپ، جۇڭگو خەلقىگە، جۇڭگو گومىنداڭغا، 8 ـ ئارمىيىگە، يېڭى 4 ـ ئارمىيىگە ۋە باشقا خەلق قوشۇنلىرىغا قارشى تۇرغان، مىللەتكە ئاسىيلىق قىلغان گومىنداڭچى ئەكسىيەتچىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، ئۇلارنى بالدۇرراق ئۆز جىنايەتلىرىگە توۋا قىلىشقا ئۈندەش لازىم. توۋا قىلمىسا، ۋەتەن زېمىنى قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، ئۇلار جەزمەن ۋەتەن خائىنلىرى بىلەن بىر قاتاردا جازاغا تارتىلىدۇ، ھەرگىز كەڭچىلىك قىلىنمايدۇ.

## جۇڭگونىڭ ئازات رايونلىرىدىكى ۋەزىپىلەر

پارتىيىمىزنىڭ پۈتۈن يېڭى دېموكراتىك گاڭلىكى ئازات رايونلاردا ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى ۋە كوزگە كورۇنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ناھايىتى زور كۈچ توپلاندى، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ كۈچنى ھەممە تەرەپتىن راۋاجلاندۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەش كېرەك.

ھازىرقى شارائىتتا، ئازات رايونلار ئارمىيىسى دۈشمەن ۋە قورچاق قوشۇنلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان ئەمما قايتۇرۇۋېلىش مۇمكىن بولغان بارلىق جايلارغا كەڭ كولەملىك ھۇجۇم قوزغىشى، شۇنىڭ بىلەن ئازات رايونلارنى كېڭەيتىشى، قولدىن كەتكەن رايونلارنى تارايتىشى لازىم.

ئەمما شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلىش لازىمكى، دۈشمەننىڭ ھازىرمۇ

كۇچى بار، ئۇ ئازات رايونلارغا يەنە ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن. ئازات رايونلاردىكى ئارمىيە ۋە خەلق دۇشمەنىنىڭ ھۇجۇمىنى تار - مار قىلىشقا دائىم تەييار تۇرۇشى ۋە ئازات رايونلارنى مۇستەھكەملەش ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

ئازات رايونلار ئارمىيىسىنى، پارتىزان دۇيلىرىنى، مىنبىڭ، زىۋبىيجۇنلىرىنى كېڭەيتىپ ۋە تەرتىپكە سېلىش - تەلىم بېرىشنى كۇچەيتىپ، ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇپ، تاجاۋۇزچىلارنى ئۈزۈل - كېسىل مەغلۇپ قىلىش ئۇچۇن تولۇق كۇچ تەييارلاش كېرەك.

ئازات رايونلاردا، بىر تەرەپتىن، ئارمىيە ھوكۇمەتنى ھىمايە قىلىش - خەلقنى سۆيۈش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىشى، يەنە بىر تەرەپتىن، دېموكراتىك ھوكۇمەت خەلقنىڭ ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش - ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇۋاتقان ھەربىلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە ئېتىۋار بېرىش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىشقا رەھبەرلىك قىلىشى، شۇنداق قىلىپ ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ زور دەرىجىدە ياخشىلىشى لازىم.

كوممۇنىستلار يەرلىك خاراكتېردىكى بىرلەشمە ھوكۇمەتلەرنىڭ خىزمەتلىرىدە، ئىجتىمائى خىزمەتلەردە بارلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىلار بىلەن يېڭى دېموكراتىك ئاڭلىق ئاساسىدا داۋاملىق ئوبدان ھەمكارلىشىشى كېرەك.

شۇنداقلا ھەربىي خىزمەتلەردە، كوممۇنىستلار بىز بىلەن ھەمكارلىشىشنى خالايدىغان بارلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتلار بىلەن، ئازات رايونلاردىكى قوشۇنلارنىڭ مەيلى ئىچىدە، مەيلى تېشىدا بولسۇن، ئوبدان ھەمكارلىشىشى لازىم.

ئىشچى - دېھقان ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا

قارشى تۇرۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئاكتىپلىقىنى ئۇستۇرۇش ئۈچۈن، ئىجارە ۋە ئۇسۇمنى كېمەيتىش، ئىشچىلار ۋە خىزمەتچىلەر-نىڭ تەمىناتىنى ياخشىلاش سىياستىنى تولۇق ئىجرا قىلىش كېرەك. ئازات رايونلارنىڭ خادىملىرى ئىگىلىك خىزمەتلىرىنى ئىشلەشنى تىرىشىپ ئۆگىنىۋېلىشى لازىم. مۇمكىن بولغان بارلىق كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئازات رايونلارنىڭ يېزا ئىگىلىك، سانائەت ۋە سودا-سېتىق ئىشلىرىنى كەڭ كولەمدە راۋاجلاندۇرۇپ، ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش لازىم. بۇ مەقسەت ئۈچۈن، ئەمگەك مۇسابىقىسىنى يولغا قويۇپ، ئەمگەك قەھرىمانلىرى ۋە خىزمەت نەمۇنىچىلىرىنى مۇكاپاتلاش كېرەك. شەھەرلەردىن ياپون تاجاۋۇز-چىلىرى قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، بىزنىڭ خادىملىرىمىز شەھەرلەرنىڭ ئىگىلىك خىزمىتىنى ئىشلەشنى تېز ئۆگىنىۋېلىشى لازىم.

ئازات رايونلاردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ، ئەڭ ئاۋال، كەڭ ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە ئەسكەرلەر ئاممىسىنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى ئۇستۇرۇش ۋە كوپلەپ كادىر يېتىشتۇرۇش ئۈچۈن ئازات رايونلار-نىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش لازىم. ئازات رايونلارنىڭ مەدەنىيەت خادىملىرى ۋە مائارىپ خادىملىرى ئۆز خىزمەتلىرىنى ئالغا سۈرۈشتە، يېزىلارنىڭ هازىرقى خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن، يېزا خەلقىنىڭ ئېهتىياجىغا ھەم ئىختىيار قىلىش پىرىنسى-پىغا ئاساسەن مۇۋاپىق مەزمۇن ۋە شەكىللەرنى قوللىنىشى كېرەك.

ئازات رايونلارنىڭ ھەر خىل خىزمەتلىرىنى ئالغا سۈرۈشتە، ھەرقانداق جاي ئۇزاقنى كوزلەپ، ئۆز يېرىنىڭ ئادەم كۈچى ۋە ماددى كۈچلىرىگە ئوبدان كويۇنۇشى، قالايمىقان ئىشلىتىش ۋە ئىسراپ قىلىشتىن ساقلىنىشى لازىم. بۇنداق قىلىش — ياپون

تاجاۋۇزچىلىرىنى مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى يېڭى جۇڭگو قۇرۇش ئۈچۈنمۇ زۆرۈر.

ئازات رايونلارنىڭ ھەر خىل خىزمەتلىرىنى ئالغا سۈرۈشتە، يەرلىك ئىشلارنى يەرلىك كىشىلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا ياردەم بېرىشكە تولۇق ئەھمىيەت بېرىش، يەرلىك خەلق ئارىسىدىكى ئەڭ ياخشى كىشىلەردىن يەرلىك كادىرلارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈشكە تولۇق ئەھمىيەت بېرىش لازىم. چەتتىن كەلگەن بارلىق كىشىلەر ئەگەر يەرلىك كىشىلەر بىلەن ئىچقويۇن-تاشقويۇن بولۇپ كەتمىسە، ئەگەر يەرلىك كادىرلارغا تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق، سەممىيەتلىك بىلەن ۋە ئەھۋالغا يارىشا ياردەم بەرمىسە، ئۇلارغا خۇددى ئۆزىنىڭ ئاكا-ئۇكىلىرى ۋە ئاچا-سىڭىللىرىغا كۆيۈنگەندەك كۆيۈنمىسە، ئۇ چاغدا يېزا دېموكراتىك ئىنقىلاۋىدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇق ۋەزىپىنى ئورۇنلىيالمايدۇ.

8-ئارمىيە، يېڭى 4-ئارمىيە ۋە باشقا خەلق قوشۇنلىرى بارغانلا يېرىدە، دەرھال شۇ يەردىكى خەلققە ياردەملىشىپ، يەرلىك خەلق كادىرلىرى رەھبەرلىك قىلىدىغان مىنبىڭ ۋە زىۋېيجۈنلەرنى تەشكىل قىلىپلا قالماي، بەلكى يەرلىك خەلق كادىرلىرى رەھبەرلىك قىلىدىغان يەرلىك قىسىملار ۋە يەرلىك بىگتۈەنلەرنىمۇ تەشكىل قىلىشى لازىم. شۇنىڭدىن كېيىنلا يەرلىك كىشىلەر رەھبەرلىكىدىكى ئاساسىي قىسىملار ۋە ئاساسىي بىگتۈەنلەر بارلىققا كېلىدۇ. بۇ — ئىنتايىن مۇھىم بىر ۋەزىپە. ئەگەر بۇ ۋەزىپە ئورۇنلانمىسا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مۇستەھكەم گېنجۇيدىلەرنى قۇرغىلى بولمايدۇ، خەلق ئارمىيىسىنى كېڭەيتكىلىمۇ بولمايدۇ.

ئەلۋەتتە، بارلىق يەرلىك كىشىلەر چەتتىن كەلگەن ئىنقىلاۋىي

خادىملار ۋە خەلق قوشۇنلىرىنى قىزغىن قارشى ئېلىشى ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىشى لازىم.

يوشۇرۇنغان مىللىي بۇزغۇنچىلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا كوپچىلىكنىڭ دىققىتىنى قوزغاش لازىم. چۈنكى ئاشكارا دۈشمەنلەرنى، ئاشكارا مىللىي بۇزغۇنچىلارنى تونۇۋېلىش ئاسان، بىرتەرەپ قىلىشمۇ ئاسان؛ يوشۇرۇنغان دۈشمەنلەرنى، يوشۇرۇنغان مىللىي بۇزغۇنچىلارنى بولسا تونۇۋېلىش ئاسان ئەمەس، بىرتەرەپ قىلىشمۇ ئاسان ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، كېيىنكى خىلدىكىلەرگە كەسكىن پوزىتسىيە تۇتۇش لازىم، بىرتەرەپ قىلىشتا بولسا ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتۇش كېرەك.

دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكى پىرىنسىپىغا ئاساسەن، جۇڭگو ئازات رايونلىرىدا ھەر خىل دىنلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويۇلىدۇ. مەيلى خىرىستىيان دىنى، كاتولىك دىنى، ئىسلام دىنى، بۇددا دىنى ۋە باشقا دىنلار بولسۇن، ئۇلارغا ئېتىقات قىلغۇچىلار خەلق ھوكۇمىتىنىڭ قانۇنلىرىغا رىئايە قىلىدىغانلا بولسا، خەلق ھوكۇمىتى ئۇلارنى قوغدايدۇ. دىنغا ئېتىقات قىلىش، ئېتىقات قىلماسلىق ھەر كىمنىڭ ئۆز ئەركى، ئۇلارنى زورلاش ياكى كەمسىتىشكە يول قويۇلمايدۇ.

ئازات رايونلارنىڭ ھەركەتلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئازات رايونلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش خىزمەتلىرىنى كۈچەيتىش، گومىنداڭ ھوكۇمرانلىق قىلىۋاتقان رايونلاردىكى خەلقنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك ھەركەتلىرىگە ياردەم بېرىش، قولدىن كەتكەن رايونلاردىكى خەلقنىڭ يەر ئاستى قوشۇن ھەركىتىگە ياردەم بېرىش، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى

ۋە بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئالغا سۈرۈشنى مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن بىزنىڭ قۇرۇلتىيىمىز ئازات رايونلار خەلقىگە يەنئەندە جۇڭگو ئازات رايونلىرى خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنى[13] مۇمكىن قەدەر تېز چاقىرىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىشى كېرەك. جۇڭگو ئازات رايونلىرى ھازىر پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەڭ خەلقنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش-ۋەتەننى قۇتقۇزۇشىنىڭ مەركىزى بولۇپ قالدى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەڭ خەلق ئاممىسى ئۈمىدىنى بىزگە باغلىماقتا، بىزنىڭ ئۇلارنى ئۈمىتسىزلەندۈرۈپ قويماسلىق مەسئۇلىيىتىمىز بار. جۇڭگو ئازات رايونلىرى خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ چاقىرىلىشى جۇڭگو خەلقىنىڭ مىللى ئازاتلىق ئىشلىرىدا غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينىغۇسى.

## 5. پۈتۈن پارتىيە ئىتتىپاقلىشىپ، پارتىيىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى

يولداشلار، بىز ئۆزىمىزنىڭ ۋەزىپىلىرىمىزنى ۋە بۇ ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتا قوللىنىدىغان سىياسەتلىرىمىزنى چۈشىنىۋالدۇق، ئەمدى بۇ سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلىشتا ۋە بۇ ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتا قانداق خىزمەت پوزىتسىيىسىدە بولۇشىمىز كېرەك؟

ھازىرقى خەلقارا ۋە ئىچكى ۋەزىيەت بىزنىڭ ئالدىمىزدا ۋە جۇڭگو خەلقى ئالدىدا نۇرلۇق ئىستىقبالنى ئوچۇق كۆرسەتتى، مىسلى كۆرۈلمىگەن پايدىلىق شارائىتنى ھازىرلاپ بەردى، بۇ روشەن ۋە شەك-شۈبھىسىز. ئەمما، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئېغىر دەرىجىدىكى

قىيىن شارائىت ھېلىمۇ مەۋجۇت. كىمكى يورۇق تەرەپنىلا كۆرۈپ، قىيىنچىلىق تەرەپنى كۆرمىسە، ئۇ پارتىيىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئوبدان كۆرەش قىلالمايدۇ.

پارتىيىمىز جۇڭگو خەلقى بىلەن بىللە تۇرۇپ، مەيلى ئۆزىنىڭ پۈتۈن 24 يىللىق تارىخىدا بولسۇن، مەيلى 8 يىللىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا بولسۇن، جۇڭگو خەلقى ئۈچۈن غايەت زور كۈچ-قۇۋۋەت ياراتتى، بىزنىڭ خىزمەتتىكى ئۇتۇقلىرىمىز ناھايىتى روشەن ۋە شەك-شۈبھىسىز. ئەمما، شۇنىڭ بىلەن بىللە، خىزمەتلىرىمىزدە ھېلىمۇ كەمچىلىكلەر مەۋجۇت. كىمكى ئۇتۇق تەرەپنىلا كۆرۈپ، كەمچىلىك تەرەپنى كۆرمىسە، ئۇمۇ پارتىيىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئوبدان كۆرەش قىلالمايدۇ.

جۇڭگو كۇڭچەنداڭى 1921-يىلى دۇنياغا كەلگەندىن بۇيان، ئۆزىنىڭ 24 يىللىق تارىخىدا ئۈچ قېتىملىق ئۇلۇغ كۆرەشنى بېشىدىن كەچۈردى، ئۇ بولسىمۇ بېيفا ئۇرۇشى، يەر ئىنقىلاۋى ئۇرۇشى ۋە ھازىر تېخى داۋام قىلىۋاتقان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش. پارتىيىمىز باشتىنلا ماركسىزم-لېنىنىزم نەزەرىيىسىنى ئاساس قىلغان پارتىيە بولۇپ كەلدى، بۇنىڭ سەۋەبى — ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ پۈتۈن دۇنيا پرولېتارىياتىنىڭ ئەڭ توغرا، ئەڭ ئىنقىلاۋىي بولغان ئىلمىي ئىدىيىسىنىڭ جەۋھىرى بولغانلىقى. ماركسىزم-لېنىنىزم ئومۇمىي ھەقىقىتى جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ھامان، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ قىياپىتى بىردىنلا يېڭىلىنىپ، يېڭى دېموكراتىك پۈتۈن تارىخىي باسقۇچ بارلىققا كەلدى. ماركسىزم-لېنىنىزم نەزەرىيىسى بىلەن قوراللانغان جۇڭگو كۇڭچەنداڭى جۇڭگو خەلقى ئارىسىدا يېڭى خىزمەت ئىستىلىنى

بارلىققا كەلتۈردى، بۇ، ئاساسەن، نەزىرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش ئىستىلى، خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاش ئىستىلى ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىت قىلىش ئىستىلى.

پۈتۈن دۇنيا پرولېتارىياتىنىڭ ئەمەلىي كۈرىشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ماركسىزم-لېنىنىزم ئومۇمىي ھەقىقىتى جۇڭگو پرولېتارىياتىنىڭ ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈرەشلىرىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەندە، جۇڭگو خەلقىنىڭ يېڭىلمەس قورالىغا ئايلىنىدۇ. جۇڭگو گۇڭچەنداڭى دەل شۇنداق قىلدى. پارتىيىمىزنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئالغا بېسىشى — مۇشۇ ھەقىقەتكە خىلاپ بولغان ھەممە جياۋتياۋجۇيىغا ۋە تەجرىبىچىلىككە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىش جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن تەرەققىيات ۋە ئالغا بېسىش. جياۋتياۋجۇيى كونكرېت ئەمەلىيەتنى چەتلەيدۇ، تەجرىبىچىلىك قىسمەن تەجرىبىنى ئومۇمىي ھەقىقەت دەپ خاتا چۈشىنىدۇ، بۇ ئىككى خىل جىخۇيجۇيىلىق ئىدېيىنىڭ ئىككىلىسى ماركسىزمغا خىلاپ. پارتىيىمىز ئۆزىنىڭ 24 يىللىق كۈرىشى داۋامىدا بۇ خاتا ئىدېيىلەرنى تۈگەتتى ۋە تۈگىتىۋاتىدۇ، نەتىجىدە پارتىيىمىز ئىدېيە جەھەتتىن ئىنتايىن زور دەرىجىدە مۇستەھكەملەندى. پارتىيىمىزنىڭ ھازىر 1 مىليون 210 مىڭ ئەزاسى بار. بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە پارتىيىگە كىرگەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەر خىل ساپ بولمىغان ئىدېيىلەر مەۋجۇت. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلىنىشتىن ئىلگىرى پارتىيىگە كىرگەن ئەزالار ئارىسىدىمۇ شۇنداق ئەھۋاللار بار. بىرنەچچە يىلدىن بۇيانقى ئىستىل تۈزىتىش خىزمىتى ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى، نەتىجىدە بۇنداق ساپ بولمىغان ئىدېيىلەر كۆپ

تۈزىتىلدى. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ خىزمەتنى داۋاملاشتۇرۇپ، «ئۇتىمۇش-تىكىدىن ساۋاق ئېلىپ، كېيىنكىگە ئىبرەت قىلىش، كېسەلنى داۋالاپ، ئادەمنى قۇتقۇزۇش» روھى بويىچە پارتىيە ئىچىدىكى ئىدىيىۋى تەربىيىنى تېخىمۇ زور دەرىجىدە قانات يايدۇرۇش كېرەك. پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي تايانچىلىرىغا شۇنى چۈشەندۇرۇش لازىمكى، نەزىرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بۇنداق زىچ بىرلەشتۇرۇش — كۇڭچەن-داڭنى باشقا ھەرقانداق پارتىيىدىن پەرقلەندۇرىدىغان روشەن بەلگە-لەرنىڭ بىرى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىدىيىۋى تەربىيىنى چىڭ تۇتۇش — پۈتۈن پارتىيىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلۇق سىياسىي كۈرەشلەر ئېلىپ بېرىشنىڭ مەركىزىي ھالقىسى. ئەگەر بۇ ۋەزىپە ھەل قىلىنمىسا، پارتىيىنىڭ بارلىق سىياسىي ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلىغىلى بولمايدۇ.

گۇڭچەنداڭنى باشقا ھەرقانداق پارتىيىدىن پەرقلەندۇرىدىغان يەنە بىر روشەن بەلگە — ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن ئەڭ زىچ مۇناسىۋەت باغلاش. جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئاممىدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلماسلىق؛ ھەممە ئىشتا شەخسنىڭ ياكى كىچىك گۇرۇھنىڭ مەنپەئەتىنى ئەمەس، بەلكى خەلق مەنپەئەتىنى كوزدە تۇتۇش؛ خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولۇش بىلەن پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى ئالدىدا جاۋابكار بولۇشنىڭ بىردەكلىكى — بۇلار بىزنىڭ چىقىش نۇقتىمىز. كوممۇنىستلار ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇشقا دائىم تەييار تۇرۇشى لازىم، چۈنكى ھەرقانداق ھەقىقەت خەلق مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن؛ كوممۇنىستلار خاتالىقنى تۈزىتىشكە دائىم تەييار تۇرۇشى لازىم، چۈنكى ھەرقانداق خاتالىق خەلق مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن ئەمەس. 24 يىللىق تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى كورسەتتىكى، توغرا بولغانلىكى ۋەزىپە، سىياسەت ۋە

خىزمەت ئىستىلى ــ ھەممىسى شۇ ۋاقىت ۋە شۇ جايدا ئاممىنىڭ تەلىۋىگە مۇۋاپىق كەلگەن بولىدۇ، ھەممىسى ئاممە بىلەن باغلانغان بولىدۇ؛ خاتا بولغانلىكى ۋەزىيە، سىياسەت ۋە خىزمەت ئىستىلى ــ ھەممىسى شۇ ۋاقىت ۋە شۇ جايدا ئاممىنىڭ تەلىۋىگە مۇۋاپىق كەلمەـ گەن بولىدۇ، ھەممىسى ئاممىدىن ئايرىلغان بولىدۇ. جياۋتياۋجۇيى، تەجرىبىچىلىك، بۇيرۇقچىلىق، قۇيرۇقچىلىق، مەزھەپچىلىك، گۇەنـ لياۋجۇيى، تەكەببۇرلۇق خىزمەت پوزىتسىيىسىگە ئوخشاش ئىللەتلەر شۇنىڭ ئۈچۈن جەزمەن ناچار، جەزمەن يارىماسكى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن كىم مۇشۇنداق ئىللەتلەرگە گىرىپتار بولۇپ قالغان بولسا، جەزمەن تۈزىتىشى لازىمكى، بۇ ئىللەتلەر ئاممىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. بىزنىڭ قۇرۇلتىيىمىز پۈتۈن پارتىيىنى ھوشيار بولۇشقا ۋە ھەر بىر خىزمەت ھالقىسىدىكى ھەر بىر يولداشنىڭ ئاممىدىن ئايرىلىپ قالماسلىقىغا دىققەت قىلىشقا چاقىرىشى لازىم. ھەر بىر يولداشقا شۇنداق تەربىيە بېرىش كېرەككى، ئۇ خەلق ئاممىسىنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئاممىنىڭ ئاۋازىغا ئىخلاس بىلەن قۇلاق سالىدىغان بولسۇن؛ بارغانلا يېرىدە شۇ جايدىكى ئاممە بىلەن ئىچقويۇن-تاشقويۇن بولسۇن، ئۆزىنى ئاممىدىن يۇقۇرى قويماستىن، بەلكى ئاممە ئارىسىغا چوڭقۇر چوكىدىغان بولسۇن؛ ئاممىنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىگە ئاساسەن، ئۇلارنىڭ ئېڭىنى ئويغىتىدىغان ۋە ئۆستۈرىـ دىغان، ئاممە چىن كوڭلىدىن ئىختىيار قىلىش پىرىنسىپى ئاستىدا ئاممىنىڭ پەيدىن-پەي تەشكىللىنىشىگە ۋە شۇ ۋاقىت، شۇ جاينىڭ ئىچكى-تاشقى شارائىتى يار بەرگەن ھەممە زورۇر كۈرەشلەرنى پەيدىن-پەي قانات يايدۇرۇشىغا ياردەم بېرىدىغان بولسۇن. بارلىق خىزمەتلەردە بۇيرۇقچىلىق خاتا، چۈنكى ئۇ ــ ئاممىنىڭ ئاڭ سەۋىيەـ

سىدىن ئېشىپ كەتكەنلىك، ئاممە ئىختىيار قىلىش پرىنسىپىغا خىلاپ-
لىق قىلغانلىق، ئالدىراڭغۇلۇق كېسەلىگە گىرىپتار بولغانلىق. بىزنىڭ
يولداشلىرىمىز، بىز چۈشەنگەن نەرسىنى كەڭ ئاممىمۇ بىزگە ئوخشاش
چۈشىنىدۇ، دەپ قارىماسلىقى لازىم. ئاممىنىڭ چۈشەنگەن-چۈشەن-
مىگەنلىكىنى ۋە ئەمەلىي ھەركەتكە كېلىشنى خالايدىغان-خالىماي-
دىغانلىقىنى ئاممە ئارىسىغا بېرىپ تەكشۈرگەندىلا بىلگىلى بولىدۇ.
ئەگەر بىز مۇشۇنداق قىلساق، بۇيرۇقچىلىقتىن ساقلىنالايمىز. بارلىق
خىزمەتلەردە قۇيرۇقچىلىقمۇ خاتا، چۈنكى ئۇ — ئاممىنىڭ ئاڭ
سەۋىيىسىدىن ئارقىدا قالغانلىق، ئاممىنىڭ يەنىمۇ ئالغا بېسىشىغا
رەھبەرلىك قىلىش پرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلغانلىق، سورەلمىلىك
كېسەلىگە گىرىپتار بولغانلىق. بىزنىڭ يولداشلىرىمىز، بىز تېخى
چۈشەنمىگەن نەرسىلەرنى ئاممىمۇ زادى چۈشەنمەيدۇ، دەپ قارىما-
سلىقى لازىم. كۆپ ۋاقىتلاردا كەڭ ئاممە بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئۆتۈپ
كەتكەن، يەنىمۇ ئالغا بېسىش جىددىي زۆرۈر بولۇپ قالغاندا، بىزنىڭ
يولداشلىرىمىز كەڭ ئاممىنىڭ رەھبىرى بولالماي، بىر قىسىم قالاقلار-
نىڭ پىكرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ ھەمدە مۇشۇنداق قالاقلارنىڭ پىكرىنى
خاتا ھالدا كەڭ ئاممىنىڭ پىكرى دەپ بىلىپ، قالاقلارنىڭ قۇيرۇغى
بولۇپ قالىدۇ. قىسقىسى، ھەر بىر يولداشقا شۇنى چۈشەندۈرۈش
كېرەككى، كوممۇنىستلارنىڭ بارلىق سۆز-ھەركەتلىرى ئەڭ كەڭ
خەلق ئاممىسىنىڭ ئەڭ زور مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىشىنى، ئەڭ كەڭ
خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىشنى ئەڭ ئالىي ئۆلچەم قىلىشى
لازىم. ھەر بىر يولداشقا شۇنى چۈشەندۈرۈش كېرەككى، بىز پەقەت
خەلققە تايانساق، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجادىي كۈچىنىڭ پۈتمەس-
تۈگىمەس ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشەنسەك، شۇنىڭ بىلەن خەلققە ئىشەنچ

باغلاپ، خەلق بىلەن ئىچىقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇپ كەتسەكلا، ھەر ـ قانداق قىيىنچىلىقنى يېڭەلەيمىز، ھەرقانداق دۈشمەننىمۇ بىزنى بېسىپ چۈشەلمەيدۇ، بەلكى ھەرقانداق دۈشمەننى بىز بېسىپ چۈشىمىز.

ئۆز ـ ئۆزىنى ئەستايىدىل تەنقىت قىلىشنىڭ بولۇش ـ بولماسلىقىمۇ پارتىيىمىز بىلەن باشقا پارتىيىلەرنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرىدى ـ غان روشەن بەلگىلەرنىڭ يەنە بىرى. بىز، ئۆينى دائىم سۈپۈرۈپ تۇرۇش لازىم، سۈپۈرمىگەندە، چاڭ ـ توزان بېسىپ كېتىدۇ؛ يۈزنى دائىم يۇيۇپ تۇرۇش لازىم، يۇمىغاندا، كىرلىشىپ كېتىدۇ، دەپ ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. يولداشلىرىمىزنىڭ ئىدىيىسى ۋە پارتىيىمىز ـ نىڭ خىزمىتىگىمۇ چاڭ ـ توزان قونۇپ قالىدۇ، ئۇنىمۇ سۈپۈرۈپ ۋە يۇيۇپ تۇرۇش لازىم. «ئېقىن سۇ سېسىمايدۇ، ئىشىك ئۆلكۈچىگى چىرىمايدۇ» دىگەن سوز ئۇلارنىڭ توختىماي ھەركەتلىنىپ تۇرۇش جەريانىدا مىكرۇپلار ياكى باشقا جانلىق مەۋجۇداتلارنىڭ چىرىتىشقا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى كورسىتىدۇ. بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، خىزمەت ـ لەرنى دائىم تەكشۈرۈپ تۇرۇش، تەكشۈرۈشتە دېموكراتىك ئىستىلنى كېڭەيتىش، تەنقىت ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىتتىن قورقماسلىق، جۇڭگو خەلقىنىڭ «بىلگەننى ئېيتماي قويماسلىق، ئېيتقاندىمۇ قالدۇرماي ئېيتىش»، «سوزلىگۈچىدە ئەيىپ يوق، ئاڭلىغۇچى ئىبرەت ئالسۇن»، «بار بولسا، تۈزىتىش، يوق بولسا، ساقلىنىش» دىگەن پايدىلىق بولغان ھېكمەتلىك سوزلىرىگە ئەمەل قىلىش ـــ ھەر خىل سىياسى چاڭ ـ توزانلار ۋە سىياسى مىكرۇپلارنىڭ يولداشلىرىمىزنىڭ ئىدې ـ يىسىگە ۋە پارتىيىمىزنىڭ تېنىگە زىيان يەتكۈزۈشىگە قارشى تۇرۇش ـ نىڭ بىردىن ـ بىر ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى. «ئوتمۇشتىكىدىن ساۋاق ئېلىپ، كېيىنكىگە ئىبرەت قىلىش، كېسەلنى داۋالاپ، ئادەمنى قۇتقۇزۇش»نى

مەقسەت قىلغان ئىستىل تۈزىتىش ھەركىتى شۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى زور ئۈنۈم بەردىكى، بۇ ھەركەت داۋامىدا بىز بۇرمىلانغان ئەمەس، بەلكى توغرا بولغان، يۈزەكى ئەمەس، بەلكى ئەستايىدىل بولغان تەنقىت ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىتنى قانات يايدۇردۇق. جۇڭگودىكى ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەڭ زور مەنپەئەتىنى چىقىش نۇقتا قىلغان جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ئۆز ئىشىنىڭ تامامەن ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ، ئۆزىنىڭ ھەممە نەرسىسىنى قۇربان قىلىشتىن ئايانماي، بىزنىڭ ئىشىمىز ئۈچۈن ئۆز جېنىنى پىدا قىلىشقا ھەرقاچان تەييار تۇرغان يەردە، خەلق ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان ئىدىيە، نۇقسانەزەر، پىكىر ۋە چارىلەرنى تاشلىۋېتىشكە قىيماسمۇ؟ بىز ھەر-قانداق سىياسىي چاڭ-توزان ۋە سىياسىي مىكرۇپلارنىڭ پاكىز يۈزىمىزگە داغ تەككۈزۈشىنى ۋە بېجىرىم بەدىنىمىزنى زەھەر قىلىشىنى قارشى ئالىمىزمۇ؟ سان-ساناقسىز ئىنقىلاۋىي قۇربانلار خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلدى، ھايات ياشاۋاتقان ھەر بىر كىشى ئۇلارنى ئەسلىگىنىمىزدە، كۆڭلىمىز يۈزۈلىدۇ، بىزدە قۇربان قىلغىلى بولمايدىغان يەنە قانداق شەخسىي مەنپەئەت بار، ۋازكەچكىلى بولمايدىغان يەنە قانداق خاتالىق بار؟

يولداشلار، قۇرۇلتىيىمىز يېپىلغاندىن كېيىن، جەڭ مەيدانلىرىغا بارىمىز، قۇرۇلتاينىڭ قارارىغا ئاساسەن، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى ئۈزۈل-كېسىل مەغلۇپ قىلىش ۋە يېڭى جۇڭگو قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن ئىتتىپاقلىشىشىمىز لازىم. تەكرار ئېيتىمەنكى، مەيلى قانداقلا سىنىپ، قانداقلا پارتىيە، قانداقلا ئىجتىمائىي گۇرۇھ ياكى شەخس بولسۇن، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى مەغلۇپ قىلىش ۋە يېڭى

جۇڭگو قۇرۇشنى ياقلايدىغانلا بولسا، بىز ئۇلار بىلەن بىرلىششىمىز لازىم. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن پارتىيىمىزنىڭ بارلىق كۈچلىرىنى دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنىڭ تەشكىلىي ۋە ئىنتىزام پرىنسىپلىرى ئاساسىدا مۇستەھكەم ئىتتىپاقلاشتۇرۇشىمىز لازىم. مەيلى قانداقلا يولداش بولسۇن، پارتىيە ئاكلىكى، پارتىيە نىزامنامىسى ۋە پارتىيە قارارلىرىغا بويسۇنۇشنى خالايدىغانلا بولسا، ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاقلىششىمىز لازىم. پارتىيىمىزنىڭ ئەزالىرى بېيىغا ئۇرۇشى دەۋرىدە 60 مىڭدىن ئاشمايتتى، كېيىن ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى شۇ ۋاقىتتىكى دۈشمەن زەربىسى ئارقىسىدا تارقىلىپ كەتتى؛ يەر ئىنقىلاۋى ئۇرۇشى دەۋرىدە 300 مىڭدىن ئاشمايتتى، كېيىن بۇلارنىڭمۇ كۆپچىلىكى شۇ ۋاقىتتىكى دۈشمەن زەربىسى ئارقىسىدا تارقىلىپ كەتتى. ھازىر بىزدە 1 مىليون 200 مىڭدىن ئارتۇق پارتىيە ئەزاسى بار، بۇ قېتىم قانداقلا بولسۇن، ئۇلار دۈشمەن زەربىسى ئارقىسىدا تارقىلىپ كەتمەسلىكى كېرەك. بىز ئۈچ دەۋرنىڭ تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، كەمتەر پوزىتسىيىدە بولۇپ، تەكەببۇرلۇق پوزىتسىيىسىدىن ساقلىنىدىغان، پارتىيە ئىچىدە بارلىق يولداشلار بىلەن تېخىمۇ ياخشى ئىتتىپاقلىشىدىغان، پارتىيە سىرتىدا پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن تېخىمۇ ياخشى ئىتتىپاقلىشىدىغانلا بولساق، شۇنىڭغا كاپالەت بەرگىلى بولىدۇكى، دۈشمەننىڭ زەربە بېرىپ بىزنى تارقىتىۋېتىشى ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، بىز چوقۇم ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ سادىق غالچىلىرىنى قەتئىي، تەلتۆكۈس، پاك ـ پاكىز ۋە تولۇق يوقىتىمىز، شۇنىڭدەك ئۇلارنى يوقاتقاندىن كېيىن، يېڭى دېموكراتىك جۇڭگونى قۇرۇپ چىقىمىز.

ئۈچ قېتىملىق ئىنقىلابنىڭ تەجرىبىلىرى بولۇپمۇ ياپون باسقۇن-

چىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ تەجرىبىلىرى بىزگە ۋە جۇڭگو خەلقىگە مۇنداق بىر ئىشەنچ بېغىشلىدى: جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ تىرىشچانلىقى بولمىسا، جۇڭگو خەلقىنىڭ مۇستەھكەم تۈۋرۈكى بولغان جۇڭگو كوممۇنىستلىرى بولمىسا، جۇڭگونىڭ مۇستەقىل ۋە ئازات بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، جۇڭگونىڭ سانائەتلىشىشى ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ زامانىۋىلىشىشى مۇمكىن ئەمەس.

يولداشلار، ئۈچ قېتىملىق ئىنقىلابنىڭ تەجرىبىلىرىگە ئىگە بولغان جۇڭگو كومپارتىيىسى بولغانلىقتىن، مەن قەتئىي ئىشىنىمەنكى، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئۇلۇغ سىياسىي ۋەزىپىلىرىمىزنى ئورۇنلىيالايمىز.

مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئىنقىلاۋىي قۇربانلار خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن بىزنىڭ ئالدىمىزدا باتۇرلارچە قۇربان بولدى، بىز ئۇلارنىڭ بايرىقىنى ئېگىز كۆتىرىپ، ئۇلارنىڭ قان ئىزلىرىنى بېسىپ ئالغا چامدايلى!

يېڭى دېموكراتىك جۇڭگو تېزدىن دۇنياغا كېلىدۇ، بىز بۇ ئۇلۇغ كۈننى كۈتۈۋالايلى!

## ئىزاھلار

① جۇڭخۇا مىللىي ئازاتلىق شيەنفېڭدۈيى — 9 - دېكابىر ھەرىكىتىگە قاتناشقان ئىلغار ياشلار جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە 1936 - يىل 9 - ئايدا تەشكىل قىلغان ئىنقىلاۋىي ياشلار تەشكىلاتى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەزالىرى ئۇرۇشقا ۋە دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىدە گېنجۇيدى قۇرۇش خىزمەتلىرىگە قاتناشتى. ئۇنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا قۇرۇلغان تەشكىلاتلىرى 1938 - يىلى جياڭ جيېشى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن زورلۇق

بىلەن تارقىتىۋېتىلدى. ئۇنىڭ ئازات رايونلاردىكى تەشكىلاتلىرى كېيىن كولىمى تېخىمۇ كەڭ بولغان ياشلار تەشكىلاتى — ياشلارنىڭ ۋەتەن قۇتقۇزۇش جەمئىيىتىگە قوشۇلۇپ كەتتى.

② مۇشۇ تومدىكى «گومىنداڭ جۇڭياڭنىڭ 11 - ئومۇمىي يىغىنىغا ۋە 3 - نۆۋەتلىك گومىن سەنجېڭخۇينىڭ 2 - يىغىنىغا باھا» دېگەن ئەسەردە جياڭ جيېشىنىڭ كۆڭچەنداڭغا قارشى قوزغىغان ئۈچ قېتىملىق دولقۇنى توغرىسىدا كورسىتىلگەن پاكىتلارغا قارالسۇن.

③ سكوبى — ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ يۇناندا تۇرۇۋاتقان ئەۋەتكەن تاجاۋۇزچى قوشۇنىنىڭ سەلكىسى. 1944 - يىل 10 - ئايدا گېرمانىيە قاراقچىلىرى ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدا مەغلۇپ بولۇپ قاچقاندىن كېيىن، سكوبى ئەنگلىيە قوشۇنىنى باشلاپ، يۇناننىڭ لوندونغا قېچىپ بارغان ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتىنى ئېلىپ، يۇنانغا كىرگەن. ئۇ يۇنان ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتىنىڭ گېرمانىيە قاراقچىلىرىغا ئۇزاق مۇددەت باتۇرانە قارشى تۇرغان يۇنان خەلق جېڭفاڭجۈنىگە ھۇجۇم قىلىشىغا، يۇناننىڭ ۋەتەنپەرۋەر خەلقىنى قىرىپ، يۇناننى تېررورلۇق قان دېڭىزىغا تاشلىشىغا يول كورسەتكەن ۋە ياردەملەشكەن.

④ باۋ - جيا تۈزۈمى — گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ فاشىستىك ھوكۇمرانلىقنى يۈرگۈزىدىغان ئاساسىي قاتلام سىياسىي تۈزۈمى. 1932 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جياڭ جيېشى خېنەن، خۇبېي، ئەنخۇي ئولكىلىرىدە «ناھىيىلەردە باۋ - جيا تەشكىللەش ۋە نوپۇس تەكشۈرۈش تياۋلىسى»نى ئېلان قىلدى، ئۇنىڭدا: «باۋ - جيا تەشكىل قىلىشتا ئائىلە بىرلىك قىلىنىدۇ، ئائىلىدە ئائىلە باشلىقى بولىدۇ، 10 ئائىلە بىر جيا بولۇپ، جيادا جياجاڭ بولىدۇ، 10 جيا بىر باۋ بولۇپ، باۋدا باۋجاڭ بولىدۇ» دەپ بەلگىلىنىپ، ئائىلىلەر بىر - بىرىگە نازارەت قىلىدىغان ۋە بىر - بىرىنى چېقىشتۇرىدىغان ئۇزئارا جاۋابكارلىق قانۇنى شۇنىڭدەك ئەكسىلئىنقىلابىي بولغان مەجبۇرىي ئەمگەك قىلدۇرۇش چارىلىرى يۈرگۈزۈلدى. 1934 - يىل 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى گومىنداڭ ھوكۇمىتى ئۆز ھوكۇمرانلىقىدىكى ئولكە

ۋە شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇنداق فاشىستىك ھوكۇمرانلىق تۈزۈمى يۈرگۈزۈلىدىغانلىقىنى رەسمى جاكالىدى.

⑤ بۇ گومىنداڭ ھوكۇمىتى يۈرگۈزگەن فېوداللىق، مەيىبەنىلىك، فاشىستىك ماھارىپنى كورسىتىدۇ.

⑥ قاھىرە يىغىنى — 1943-يىل 11-ئايدا جۇڭگو، ئامېرىكا، ئەنگلىيە دولەتلىرى مىسىرنىڭ پايتەختى قاھىرەدە ئوتكۈزگەن خەلقارا يىغىن. بۇ يىغىندا جۇڭگو، ئامېرىكا، ئەنگلىيە دولەتلىرىنىڭ قاھىرە خىتاپنامىسى ئېلان قىلىندى. بۇ خىتاپنامىدە تەيۋەن ۋە باشقا يەرلەرنىڭ جۇڭگوغا قايتۇرۇلىدىغانلىقى ئېنىق بەلگىلەندى. 1950-يىل 6-ئايدا ئامېرىكا ھوكۇمىتى جۇڭگونى تەيۋەنگە بولغان زېمىن ئىگىلىك ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش قەستىدە، بۇ كېلىشىمگە ئوچۇقتىن-ئوچۇق خىيانەت قىلىپ، دېڭىز ئارمىيىسىنى ئەۋەتىپ، تەيۋەننى ئوز چاڭگىلىغا ئېلىۋالدى.

⑦ ئېمېيشەن — سىچۈەن ئولكىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى مەشھۇر تاغ. يولداش ماۋزېدۇڭ بۇ يەردە جياڭ جيېشى ھوكۇمران گۇرۇھى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش داۋامىدا ئەڭ ئاخىرقى ئۇۋا قىلغان سىچۈەن تاغلىقىنى كورسىتىدۇ.

⑧ مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ 2-تومىدىكى «ئەكسىيەتچىلەرنى جازالاش كېرەك»، «بارلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، گۇڭچەنداڭغا قارشى جاھىللارغا قارشى تۇرايلى»، «گومىنداڭغا ئون تەلەپ» دىگەن ئەسەرلەرگە قارالسۇن.

⑨ بۇ سۇن جۇڭشەننىڭ 1924-يىل 11-ئاينىڭ 10-كۈنى ئېلان قىلغان «شىمالغا بېرىش خىتاپنامىسى»دىن ئېلىنغان.

⑩ بۇ جياڭ جيېشىنىڭ «جۇڭگونىڭ تەقدىرى» دىگەن ئەكسىلئىنقىلاۋىي كىتابچىسىدىكى جويلۇشلىرىنى كورسىتىدۇ.

⑪ ئاتلانتىك شيەنجاڭى — 1941-يىل 8-ئايدا ئامېرىكا-ئەنگلىيە ئاتلانتىك يىغىنى ئاياقلاشقاندا، بىرلىكتە ئېلان قىلىنغان ھوججەت. موسكۋا يىغىنى — 1943-يىل 10-ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا

ئەنگلىيە ۋەيجياۋ بۇجاڭلىرى موسكۋادا ئۆتكۈزگەن يىغىن. تېھران يىغىنى — 1943 - يىل 11 - ئايدىن 12 - ئايغىچە سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە دۆلەتلىرى ئىراننىڭ پايتەختى تېھراندا ئۆتكۈزگەن يىغىن. قىرىم يىغىنى — 1945 - يىل 2 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە دۆلەتلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى قىرىم يېرىم ئارىلىغا جايلاشقان يالتادا ئۆتكۈزگەن يىغىن. شۇ چاغدىكى بۇ خەلقارا يىغىنلار فاشىست گېرمانىيە ۋە ياپونىيىنى بىرلەشكەن كۈچ بىلەن مەغلۇپ قىلىشنى شۇنىڭدەك ئۇرۇشتىن كېيىن تاجاۋۇزچى كۈچلەرنىڭ ۋە فاشىزىم قالدۇقلىرىنىڭ يېڭىۋاشتىن باش كۆتۈرۈشىنى توسۇشنى، دۇنيا تېچلىقىنى ساقلاشنى، ھەرقايسى ئەللەر خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق ۋە دېموكراتىيە يولىدىكى ئارزۇلىرىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەشنى قارار قىلغان ئىدى. ئەمما ئۇرۇشتىن كېيىن، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە ھۆكۈمەتلىرى بۇ خەلقارا كېلىشىملەرگە خىيانەت قىلدى ۋە ئۇلارنى بۇزدى.

⑫ 1944 - يىل 8 - ئايدىن 10 - ئايغىچە سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە جۇڭگو ۋەكىللىرى موسكۋا يىغىنىنىڭ ۋە تېھران يىغىنىنىڭ قارارلىرى بويىچە، ئامېرىكىنىڭ دۇمبارتون - ئوكس دېگەن يېرىدە يىغىن ئۆتكۈزۈپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر ئورگىنىنىڭ تەشكىلىي لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقتى. 1945 - يىل 4 - ئايدىن 6 - ئايغىچە ئامېرىكىنىڭ سان - فرانسىسكو شەھىرىدە 50 دۆلەت ۋەكىلى قاتناشقان بىرلەشكەن دۆلەتلەر يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، شۇ چاغدا جۇڭگو ئازات رايونلىرىمۇ بۇ يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن يولداش دۇڭ بىۋۇنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدى.

⑬ جۇڭگو گوڭچەنداڭنىڭ مەملىكەتلىك 7 - قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، يەنئەندە «جۇڭگو ئازات رايونلىرى خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىغا تەييارلىق كۆرۈش ۋېيۈەنخۇيى» قۇرۇلغان ۋە ئازات رايونلار ۋەكىللىرى بىرلىكتە تەييارلىق كۆرۈش ۋېيۈەنخۇيىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىنى ئۆتكۈزگەن ئىدى. ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، ۋەزىيەت ئۆزگەرگەنلىكتىن، جۇڭگو ئازات رايونلىرى خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىلمىدى.

# يۇيگۇڭنڭ تاغنى يۇتكشى*

**(1945-يل 6-ئاينڭ 11-كۇنى)**

بزنڭ قۇرۇلتيمز ناهايتى ئوبدان قۇرۇلتاي بولدى. بز ئۈچ ئش قلدۇق: برنچى، پارتيىنڭ لۇشيەننى يەنى ئاممنى دادل هەركەتلەندۇرۇپ، خەلق كۈچلرنى ئۈلغايتپ، پارتيمزنڭ رەهبەرلكدە ياپون تاجاۋۇزچلرنى مەغلۇپ قلپ، پۈتۈن مەملكەت خەلقنى ئازات قلپ، يېڭى دېموكراتك جۇڭگو قۇرۇشتن ئبارەت لۇشيەننى بەلگلدۇق. ئككنچى، يېڭى پارتيە نزامنامەسنى ماقۇللدۇق. ئۈچنچى، پارتيىنڭ رەهبەرلك ئورگننى — جۇڭياڭ ۋېيۋەنخۇيىنى سايلاپ چقتۇق. بۇنڭدن كېينكى ۋەزپە پۈتۈن پارتيىگە رەهبەرلك قلپ، پارتيىنڭ لۇشيەننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتن ئبارەت. بزنڭ قۇرۇلتيمز غالبيەت قۇرۇلتيى، ئتتپاقلق قۇرۇلتيى بولدى. ۋەكللەر ئۈچ دوكلاتقا① قارتا ناهايتى ئوبدان پكرلەرنى بەردى. نۇرغۇن يولداشلار ئۆز-ئۆزنى تەنقت قلدى، ئتتپاقلق نشاننى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆز-ئۆزنى تەنقت ئارقلق ئتتپاقلقا ئېرشتى. بۇ قېتمقى قۇرۇلتاي ئتت-

---

* بۇ — يولداش ماۋزېدۇڭ جۇڭگو گۇڭچەنداڭنڭ مەملكەتلك 7-قۇرۇلتيدا سوزلگەن يېپش نۇتقى.

پاقلىقنىڭ نەمۇنىسى، ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىتنىڭ نەمۇنىسى، شۇنىڭدەك پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيىنىڭ نەمۇنىسى بولدى.

قۇرۇلتاي يېپىلغاندىن كېيىن، نۇرغۇن يولداشلار ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ئورۇنلىرىغا قايتىدۇ، ھەرقايسى جەڭ مەيدانلىرىغا بارىدۇ. يولداشلار ھەرقايسى جايلارغا بارغاندا، قۇرۇلتاي لۇشيەنىنى تەشۋىق قىلىشى ۋە ئۇنى پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار ئارقىلىق خەلققە كەڭ تۈردە چۈشەندۈرۈشى كېرەك.

بىزنىڭ قۇرۇلتاي لۇشيەنىنى تەشۋىق قىلىشىمىز پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىدە، ئىنقىلاپ چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ، دېگەن ئىشەنچنى تىكلەش ئۈچۈن. ئالدى بىلەن شيەنفېڭدۇينى ئويغىتىپ، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، قۇربان بېرىشتىن قورقماي، ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرىدىغان قىلىش لازىم. لېكىن بۇ تېخى كۇپايە قىلمايدۇ، يەنە پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىپ، بىز بىلەن بىللە كۈرەش قىلىشنى چىن كۆڭلىدىن خالاپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرىدىغان قىلىش لازىم. پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى، جۇڭگو ئەكسىيەتچىلەرنىڭ جۇڭگوسى ئەمەس، جۇڭگو خەلقىنىڭ جۇڭگوسى، دېگەن ئىشەنچكە ئىگە قىلىش لازىم. جۇڭگودا قەدىمكى زاماندىن قالغان «يۈيگۇڭنىڭ تاغنى يوتكىشى» دېگەن بىر مەسەل بار. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ: قەدىمكى زاماندا خۇابېيدا شىمالىي تاغلىق يۈيگۇڭ دېگەن بىر بوۋاي ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ جەنۇپ تەرىپىدە ئىككى چوڭ تاغ بولۇپ، ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ تۇرىدىكەن، بىرى تەيخاڭشەن، يەنە بىرى ۋاڭۋۇشەن دەپ ئاتىلىدىكەن. يۈيگۇڭ ئوغۇللىرىنى باشلاپ چىقىپ، بۇ ئىككى چوڭ تاغنى جوتۇ بىلەن چېپىپ ئېلىۋېتىشكە بەل باغلاپتۇ. جىرسو

دېگەن يەنە بىر بوۋاي بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، كۈلۈپ كېتىپ: سىلەرنىڭ بۇنداق قىلىشىڭلار تولىمۇ ئاخماقلىق بولۇپتۇ، سىلەر ئاتا-بالا بىرنەچچە كىشىنىڭ بۇنداق چوڭ ئىككى تاغنى ئېلىۋېتىشىڭلار زادى مۇمكىن ئەمەس، دەپتۇ. يۈيگۇڭ ئۇنىڭغا: مەن ئۆلسەم، ئوغۇللىرىم قالىدۇ، ئوغۇللىرىم ئۆلسە، نەۋرىلىرىم قالىدۇ، ئۇرۇق-ئەۋلادىم تۈگىمەيدۇ؛ بۇ ئىككى تاغ ناھايىتى ئېگىز بولسىمۇ، لېكىن ئەمدى ئېگىزلىمەيدۇ، چاپقانسىرى پەسلەيدۇ، ئۇنى نېمىشقا تۈزلىۋەتكىلى بولمايدىكەن؟ دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. يۈيگۇڭ جىرسۇنىڭ خاتا پىكرىنى رەت قىلغاندىن كېيىن، ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن، ھەر كۈنى تاغنى چېپىۋېرىپتۇ. بۇ ئىش خۇدانى تەسىرلەندۈرۈپتۇ، خۇدا يەر يۈزىگە ئىككى پەرىشتە ئەۋەتىپ، بۇ ئىككى تاغنى ئالدۇرۇپ كېتىپتۇ②. ھازىر جۇڭگو خەلقىنىمۇ ئىككى چوڭ تاغ بېسىپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭ بىرى جاھانگىرلىك، يەنە بىرى فېئودالىزىم دەپ ئاتىلىدۇ. جۇڭگو گۇڭچەنداڭى بۇ ئىككى تاغنى ئېلىۋېتىشكە ئاللىقاچان بەل باغلىغان. بىز بۇنىڭدا چوقۇم چىڭ تۇرىمىز، چوقۇم ئۈزلۈكسىز ئىشلەۋېرىمىز، بىزمۇ خۇدانى تەسىرلەندۈرەلەيمىز. بۇ خۇدا باشقا بىرسى ئەمەس، پۈتۈن جۇڭگودىكى خەلق ئاممىسى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى خەلق ئاممىسى بىردەك قوزغىلىپ، بىز بىلەن بىللە بۇ ئىككى تاغنى چاپسا، ئۇنى نېمىشقا تۈزلىۋەتكىلى بولمايدىكەن؟

تۈنۈگۈن ئىككى ئامېرىكىلىق ئامېرىكىغا قايتماقچى بولغان ئىكەن، مەن ئۇلارغا ئېيتتىم، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىزگە بۇزغۇنچىلىق قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ، بۇنىڭغا يول قويمايمىز. بىز ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ جياڭ جيېشىنى يۆلەش، گۇڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇش سىياسىتىگە قارشى تۇرىمىز. لېكىن بىز، بىرىنچىدىن، ئامېرىكا خەلقى بىلەن

ئۇلارنىڭ ھۆكۈمىتىنى بىر-بىرىدىن پەرق ئېتىمىز، ئىككىنچىدىن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدىكى سىياسەت بەلگىلەيدىغان كىشىلەر بىلەن تۆۋەندىكى ئاددىي خادىملارنى بىر-بىرىدىن پەرق ئېتىمىز. مەن بۇ ئىككى ئامېرىكىلىققا مۇنداق دېدىم: ھۆكۈمىتىڭلاردىكى سىياسەت بەلگىلەيدىغان كىشىلەرگە ئېيتىپ قويۇڭلار، بىزنىڭ ئازات رايونىمىز سىلەرنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىڭلارنى مەنئى قىلىدۇ، چۈنكى سىلەرنىڭ سىياسىتىڭلار جياڭ جيېشىنى يۆلەش، گۇڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇش، بىز خاتىرجەم بولالمايمىز. مۇبادا سىلەر ئازات رايونلارغا يايپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش قىلىش مەقسىدىدە كەلسەڭلار، بۇ مۇمكىن، لېكىن شەرتنامە تۈزۈش كېرەك. ئەگەر سىلەر ھەممىلا يەردە ئوغرىلىقچە قاتراپ يۈرمەكچى بولىدىكەنسىلەر، بۇنىڭغا يول قويمايمىز. خېرلى جۇڭگو گۇڭچەنداڭى بىلەن ھەمكارلاشمايدىغانلىقىنى ئوچۇقتىن-ئوچۇق جاكالىدى[3]، شۇنداق بولۇپ تۇرۇقلۇق، نىمە ئۈچۈن يەنە ئازات رايونلىرىمىزغا كېلىپ، قاتراپ يۈرمەكچى بولىسىلەر؟

ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ جياڭ جيېشىنى يۆلەش، گۇڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇش سىياسىتى ئامېرىكا ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ غالجىرلاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن بارلىق جۇڭگو ۋە چەتئەل ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ جۇڭگو خەلقىنىڭ غەلىبە قازىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىش قەستلىرى چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ. دۇنيانىڭ ھازىرقى ئېقىمىدا دېموكراتىيە — ئاساسىي ئېقىم، دېموكراتىيىگە قارشى ئەكسىيەتچىلىك بولسا پەقەت بىر تەتۈر ئېقىم. ھازىرقى ۋاقىتتا ئەكسىيەتچىل تەتۈر ئېقىم مىللىي مۇستەقىللىق ۋە خەلق دېموكراتىيىسىدىن ئىبارەت ئاساسىي ئېقىمنى بېسىپ كېتىشكە ئۇرۇنۇۋاتىدۇ، لېكىن ئەكسىيەتچىل تەتۈر

ئېقىم قانچە قىلغان بىلەنمۇ ئاساسىي ئېقىمغا ئايلىنالمايدۇ. ستالىن بۇرۇنلا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، كونا دۇنيادا ھېلىمۇ ئۈچ چوڭ زىددىيەت بار: بىرىنچىسى — جاھانگىر مەملىكەتلەردىكى پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، ئىككىنچىسى — جاھانگىر دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، ئۈچىنچىسى — مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە مەملىكەتلەر بىلەن جاھانگىر زومىگەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت④. بۇ ئۈچ تۈرلۈك زىددىيەت ھېلىمۇ مەۋجۇت بولۇپلا قالماي، بەلكى راۋاجلىنىپ تېخىمۇ كەسكىنلەشتى، تېخىمۇ كېڭەيدى. سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى، كوممۇنىزىمغا قارشى، دېموكراتىيىگە قارشى تەتۈر ئېقىم مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە راۋاجلىنىشى سەۋەبىدىن، بۇنداق ئەكسىيەتچىل تەتۈر ئېقىم ئاخىر بىر كۈن يېڭىلىدۇ.

ھازىر جۇڭگودا ئىككى قۇرۇلتاي ئۆتكۈزۈلۈۋاتىدۇ، بىرى — گومىنداڭنىڭ 6-قۇرۇلتىيى، يەنە بىرى — كوڭچەنداڭنىڭ 7-قۇرۇلتىيى. ئىككى قۇرۇلتاينىڭ مەقسىدى بىر-بىرىگە پەقەت ئوخشىمايدۇ: بىرى كوڭچەنداڭنى ۋە جۇڭگونىڭ دېموكراتىك كۈچلىرىنى يوقىتىپ، جۇڭگونى قاراڭغۇلۇققا باشلىماقچى؛ بىرى ياپون جاھانگىرلىكىنى ۋە ئۇنىڭ جۇڭگودىكى يالاقچىسى بولغان فېودال كۈچلەرنى يوقىتىپ، يېڭى دېموكراتىك جۇڭگو قۇرۇپ، جۇڭگونى يورۇقلۇققا باشلىماقچى. بۇ ئىككى لۇشيەن ئۆزئارا كۈرەش قىلىۋاتىدۇ. بىز قەتئىي ئىشىنىمىزكى، جۇڭگو خەلقى جۇڭگو كوڭچەنداڭنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو كوڭچەنداڭى 7-قۇرۇلتىيى لۇشيەنىنىڭ رەھبەرلىكىدە تولۇق غەلىبە قازىنىدۇ، گومىنداڭنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي لۇشيەنى بولسا مۇقەررەر مەغلۇپ بولىدۇ.

# ئىزاھلار

① بۇ جۇڭگو كوڭچەنداڭنىڭ مەملىكەتلىك 7 - قۇرۇلتىيىدا يولداش ماۋزېدۇڭ قىلغان سىياسى دوكلاتنى، يولداش جۇدې قىلغان ھەربى ئىشلار توغرىسىدىكى دوكلاتنى ۋە يولداش لىيۇشاۋچى قىلغان پارتىيە نىزامنامىسىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى دوكلاتنى كۆرسىتىدۇ.

② يۈيگۇڭنىڭ تاغنى يۆتكىشى دېگەن چۆچەك توغرىسىدا «لىيېزى» ناملىق كىتابنىڭ «تاڭۋېن» بابىغا قارالسۇن. ئۇنىڭدا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ، «تەيخاڭشەن، ۋاڭۋۇشەن دېگەن ئىككى تاغ بار ئىكەن، بۇلار تۆت ئەتراپى 700 لى كېلىدىغان ئاسمان پەلەك تاغلار ئىكەن. بۇ تاغلار جىجۇنىڭ جەنۇبىغا، خېياڭنىڭ شىمالىغا جايلاشقان ئىكەن. ئىشىكى مۇشۇ تاغلارغا قاراپ تۇرىدىغان بىر ئۆيدە يېشى 90 غا بېرىپ قالغان شىمالىي تاغلىق يۈيگۇڭ دېگەن كىشى تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ يولىنى تاغ توسۇپ تۇرغانلىقتىن، بىر يەرگە بېرىش - كېلىشتە تاغنى ئايلىنىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىكەن، ئۇ ئۆيدىكىلىرىنى يىغىپ، ئۇلارغا: بىز بارلىق كۈچىمىز بىلەن مۇشۇ تاغنى تۈزلىۋېتىپ، يۈيجۇنىڭ جەنۇبىدىن ئۆتۈپ، ئۇدۇل خەن دەرياسىنىڭ بويىغا بارىدىغان يول ئاچساق، قانداق؟ دەپ مەسلىھەت سايتۇ. بۇنىڭغا ھەممىسى قوشۇلۇپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ خوتۇنى گۇمانلىنىپ، كۈيىڭۇ دوڭلۇكنى تۈزلىۋېتىش قولۇڭلاردىن كەلمىگەن ئىدى، ئەمدى تەيخاڭشەن، ۋاڭۋۇشەن تاغلىرىنى تۈزلىۋېتىش قانداقمۇ قولۇڭلاردىن كېلەر؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە تاش - تۇپىسىنى نەگە ئاپىرىسىلەر؟ دەپتۇ. قالغانلار: بوخەي دېڭىزىنىڭ ئايىغى — يىنتۇنىڭ شىمالىغا ئاپىرىپ تۆكىمىز، دەپتۇ. ئاندىن يۈيگۇڭ ئۆزىنىڭ ئوغۇل ۋە نەۋرىلىرىدىن ئىشقا يارايدىغان ئۈچىنى باشلاپ بېرىپ، تاغنى چېپىشقا ۋە ئۇنىڭ تاش - تۇپىسىنى سېۋەت بىلەن بوخەي دېڭىزىنىڭ ئايىغىغا توشۇشقا كىرىشىپتۇ. خوشنىسى جىڭچېڭدىن تۇل قالغان ئايالنىڭ ئەمدىلا 7 ياشقا كىرگەن ئوغلى بار ئىكەن، ئۇمۇ ياردەملىشىش ئۈچۈن خۇشاللىقىدىن

قىن ـ قىنىغا پاتماي يۈگۈرۈپ كېتىپتۇ. ئۇلار بىر قېتىم توپا توكۇپ قايتىپ كەلگىچە ياز ئۆتۈپ، قىش كەپتۇ. خېچۈيىلۇك جىرسۇ ئۇلارنى مەسخىرە قىلىپ، ئىشىدىن يالتايتماقچى بولۇپتۇ-دە: ھەي، تولىمۇ ئاخماق ئىكەنسەن، سېنىڭ بەش كۈنلۈك ئۆمرۈڭ قالدى، سەن بۇ تاغنىڭ بىر تال گىياسىنىمۇ تەۋرىتەلمىگەن ئىدىڭ، ئۇنىڭ تاش ـ تۇپىسىنى قانداق قىلىسەن؟ دەپتۇ. شىمالىي تاغلىق يۈيگۈڭ ئۇلۇق ـ كىچىك تىنىپ: سەن شۇنچە دوت ئىكەنسەنكى، مۇشۇ تۇل خوتۇننىڭ بالىسىچىلىكمۇ ئەقلىڭ يوق ئىكەن. مەن ئۆلسەم، بالىلىرىم قالىدۇ؛ بالىلىرىمدىن نەۋرىلەر تۇغۇ-لىدۇ، نەۋرىلىرىم بالىلىق بولىدۇ؛ ئۇلارنىڭ بالىلىرىمۇ بالىلىق بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇرۇق ـ ئەۋلادىم تۈگىمەيدۇ، تاغ بولسا ئېگىزلىمەيدۇ، نېمىشقا ئۇنى تۈزلىۋەتكىلى بولمايدىكەن؟ دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. خېچۈيى-لۇك جىرسۇ بۇنىڭغا جاۋاپ بېرەلمەپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان تاغ مۇئەككىلى يۈيگۈڭنىڭ بۇ ئىشتىن يالتايمايدىغانلىقىدىن قورقۇپ، خۇداغا مەلۇم قىپتۇ. يۈيگۈڭنىڭ غەيرىتىدىن تەسىرلەنگەن خۇدا كۇائېينىڭ ئىككى ئوغلىنى بۇ تاغلارنى يۆتكىۋېتىشكە ئەۋەتىپتۇ، ئۇلار تاغنىڭ بىرىنى شوجۇنىڭ شەرقىگە، يەنە بىرىنى يۇڭجۇنىڭ جەنۇبىغا ئاپىرىپ قويۇپتۇ، شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ جىجۇنىڭ جەنۇبىدىن خەن دەرياسىنىڭ بويىغىچە بولغان ئارىلىقنى توسۇپ تۇرىدىغان تاغلار قالماپتۇ.»

③ خېرلى — ئامېرىكا گوڭخېداڭنىڭ ئەكسىيەتچى سىياسەتۋازلىرى-دىن بىرى، ئۇ 1944 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئامېرىكىنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدە تۇرۇشلۇق داشىسى بولغان، ئۇ جياڭ جيېشىنىڭ گۇڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇش سىياسىتىنى قوللاپ قۇۋۋەتلىگەنلىكى ئۈچۈن، جۇڭگو خەلقىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچراپ، 1945 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئىشتىن بوشىنىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولدى. خېرلى جۇڭگو گۇڭچەنداڭى بىلەن ھەمكارلاشمايدىغانلىقىنى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق جاكالىدى، دېگەن سۆز ئۇنىڭ 1945 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ۋاشىنگتوندا گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا قىلغان سۆھبىتىنى

كورستىدۇ. بۇ ھەقتە مۇشۇ تومدىكى «خېرلى بىلەن جىاڭ جىېشىنىڭ شۇاڭخۇالۇ ئويۇنى بەربات بولدى» دىگەن ئەسەرگە قارالسۇن.

④ ستالىنىنىڭ «لېنىنىزىم ئاساسلىرى توغرىسىدا» دىگەن ئەسىرىنىڭ 1 ـ قىسمى «لېنىنىزىمنىڭ تارىخى يىلتىزلىرى»غا قارالسۇن.

# ئارمىيىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلىشى توغرىسىدا ھەم ئىستىل تۈزىتىش ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ھەرىكەتنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا*

(1945-يىل 4-ئاينىڭ 27-كۈنى)

بىزنىڭ ئارمىيىمىز ئىنتايىن ئېغىر ماددىي قىيىنچىلىقلارغا ئۇچراۋاتقان ۋە تارقىلىپ ئورۇش قىلىۋاتقان ھازىرقى ئەھۋالدا، ماددىي تەمىنات جەھەتتىكى ھەممە مەسئۇلىيەتنى يۇقۇرى رەھبىرىي ئورگانلارنىڭ ئۆز ئۈستىگە ئېلىۋېلىشىغا ھەرگىز بولمايدۇ، ئۇنداق قىلىدىغان بولسا، ھەم تۆۋەندىكى كەڭ خادىملارنىڭ پۇت-قولىنى چۈشەپ قويىدۇ، ھەم تۆۋەندىكىلەرنىڭ تەلەپلىرىنى قاندۇرالمايدۇ. يولداشلار، ھەممىمىز قول سېلىپ ئىشلەپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭەيلى، دېيىش كېرەك. پەقەت يۇقۇرىدىكىلەر ۋەزىپىنى ماھىرلىق بىلەن

* بۇ يولداش ماۋزېدۇڭ يەنئەن «جېيفاڭ رىباۋ» گېزىتى ئۈچۈن يېزىپ بەرگەن باشماقالا.

ئوتتۇرىغا قويۇپ، تۆۋەندىكىلەرنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشىگە دادىل يول قويسىلا، مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ، بەلكى تېخىمۇ ئوبدان ھەل قىلغىلى بولىدۇ. ئەگەر يۇقۇرىدىكىلەر بۇنداق قىلماي، ئەمەلىيەتتە ئۆزى كۆتۈرەلمەيدىغان يۈكنىڭ ھەممىسىنى ھامان ئۆز ئۈستىگە ئارتىۋېلىپ، تۆۋەندىكىلەرنىڭ ئىشلىشىگە دادىل يول قويۇشقا جۈرئەت قىلمايدىكەن، كەڭ ئاممىنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش ئاكتىپلىقىنى قوزغىمايدىكەن، يۇقۇرىدىكىلەر ھەرقانچە كۈچ چىقارغان بىلەنمۇ، نەتىجىدە يۇقۇرىدىكىلەرمۇ، تۆۋەندىكىلەرمۇ قىيىنچىلىقتا قېلىپ، ھازىرقى شارائىتتا مەسىلىنى زادى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. بىرنەچچە يىلدىن بۇيانقى تەجرىبىلەر بۇنى تولۇق ئىسپاتلىدى. «بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىش، تارقاق باشقۇرۇش» پىرىنسىپى ئازات رايونلىرىمىزنىڭ ھازىرقى شارائىتتا بارلىق ئىقتىسادىي تۇرمۇشنى ئۇيۇشتۇرۇشنىڭ توغرا پىرىنسىپى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

ئازات رايونلارنىڭ ئارمىيىسى 900 مىڭ كىشىدىن ئېشىپ كەتتى. ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن، ئارمىيىنى يەنە كېڭەيتىپ، بىرنەچچە 900 مىڭ كىشىگە يەتكۈزۈش كېرەك. لېكىن بىز تېخىچە تاشقى ياردەمگە ئىگە ئەمەسمىز. كەلگۈسىدە تاشقى ياردەمگە ئىگە بولغان تەقدىردىمۇ، تۇرمۇش ۋاستىلىرى جەھەتتە، بەرىبىر، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز تەمىنلەشكە توغرا كېلىدۇ، بۇنىڭدا قىلچىمۇ جۈگۈەنجۇيىلىق قىلىشقا بولمايدۇ. يېقىن كەلگۈسىدە، بىزنىڭ زورۇر بولغان بىڭتۈەنلەرنى توپلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇكى، بۇ بىڭتۈەنلەر ھازىر تارقىلىپ ئۇرۇش قىلىۋاتقان رايونلاردىن يۆتكىلىپ، بەلگىلىك ھۇجۇم نىشانلىرىغا بېرىپ جەڭ قىلىدۇ. توپلىنىپ ھەركەت

قىلىدىغان بۇنداق چوڭ بىكتۇەنلەر ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلىيەلمەيلا قالماي، بەلكى ئارقا سەپنىڭ ماددى جەھەتتىن كۆپلەپ تەمىنلىشىگە مۇھتاج بولىدۇ؛ پەقەت قالدۇرۇلغان يەرلىك قىسىملار ۋە يەرلىك بىكتۇەنلەرلا (ئۇلارنىڭ سانى يەنىلا كۆپ بولىدۇ) يەنە بۇرۇنقىدەك بىر تەرەپتىن ئۇرۇش قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، پۈتۈن ئارمىيىمىزنىڭ هازىرقى پەيتىنى غەنىمەت بىلىپ، ئۇرۇش قىلىشقا ۋە هەربىي تەلىمگە دەخلى يەتكۈزمەسلىك شەرتى ئاستىدا، ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆز - ئۆزىنى قىسمەن تەمىنلەش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشنى بىردەك ئۆگىنىۋېلىشى لازىملىقىدا يەنە شەك - شۈبهە بارمۇ؟

ئارمىيىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلىشى، بىزنىڭ شارائىتىمىزدا، شەكىل جەھەتتە قالاقلىق ۋە ئارقىغا چېكىنگەنلىك بولسىمۇ، ماهىيەتتە ئىلغارلىق بولۇپ، زور تارىخىي ئەهمىيەتكە ئىگە. شەكىل جەھەتتە بىز ئىش تەقسىماتى پرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلدۇق. لېكىن، بىزنىڭ شارائىتىمىزدا — مەملىكەت كەمبەغەل بولغان ۋە بولۇنگەن (بۇلار گومىنداڭنىڭ ئاساسىي هوكۇمران گۇرۇهى پەيدا قىلغان جىنايى ئاقىۋەت) شۇنىڭدەك تارقاق، ئۇزاق مۇددەتلىك خەلق پارتىزان ئۇرۇشى بولۇۋاتقان شارائىتتا بىزنىڭ بۇنداق قىلغانلىقىمىز ئىلغارلىقتۇر. قاراڭلار، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئاۋاقلىقىنى، ئازات رايونلار جەڭچىلىرىنىڭ تىمەنلىكىنى. قاراڭلار، بىز ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆز - ئۆزىمىزنى تەمىنلەشكە كىرىشمىگەن چاغدا، نەقەدەر قىيىنچىلىقتا قالغان ئىدۇق، ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆز - ئۆزىمىزنى تەمىنلەشكە كىرىشكەندىن كېيىن، نەقەدەر

راھەتلىنىپ قالدۇق. ئەمدى، ئالدىمىزدا 2 قوشۇن، مەسىلەن، 2 لىيەن تۇرىدۇ، دەيلى، ئۇلار مۇنۇ ئىككى خىل چارىنىڭ بىرىنى تاللىۋالسۇن: يا تۇرمۇش ۋاستىلىرى بىلەن پۈتۈنلەي يۇقۇرىدىن تەمىنلەنسۇن؛ يا تەمىنلەنمەي، ياكى ئازراق تەمىنلىنىپ، ئۇنىڭ ھەممىسىنى ياكى كۆپرەكىنى، يېرىمىنى ياكى ئازراغىنى ئۆزى ئىشلەپچىقىرىپ ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلىسۇن. قايسىسىنىڭ نەتىجىسى ياخشىراق بولىدۇ؟ ئۇلار قايسىسىنى قوبۇل قىلىشنى خالايدۇ؟ ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەشنى بىر يىل ئەستايىدىل سىناپ كۆرگەلىدىن كېيىن، چوقۇم، كېيىنكى چارىنىڭ نەتىجىسى ياخشىراق ئىكەن، دەپ تونۇيدۇ ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىشنى خالايدۇ؛ چوقۇم، ئالدىنقى چارىنىڭ نەتىجىسى ناچارراق ئىكەن، دەپ تونۇيدۇ ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىشنى خالىمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، كېيىنكىسى ئارمىيىمىزنىڭ تەركىبىدىكى ھەممە كىشىنىڭ تۇرمۇشنى ياخشىلىيالايدۇ؛ ئالدىنقىسى بولسا ھازىرقى ماددىي قىيىنچىلىق شارائىتىدا، يۇقۇرىدىن مەيلى قانچىلىك تەمىنلىسۇن، بەرىبىر، ئۇلارنىڭ تەلىۋىنى قاندۇرالمايدۇ. بىز مۇشۇنىداق كورۇنۇشتە «قالاق»، «ئارقىغا چېكىنگەن» چارىنى قوللانغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئارمىيىمىزنى تۇرمۇش ۋاستىلىرى جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش، تۇرمۇشنى ياخشىلاپ، ھەممىنى تەمەن قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدۇق، شۇنداق قىلىپ، بىز بىلەن بىللە قىيىنچىلىق تارتىۋاتقان خەلقنىڭ ئۈستىدىكى باج-سېلىقنى يېنىكلىتىپ، خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتۇق، ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇشقا بەرداشلىق بەردۇق ۋە ئارمىيىنى كېڭەيتتۇق، شۇنىڭ بىلەن ئازات رايونلارنى كېڭەيتىش، قولدىن كەتكەن رايونلارنى تارايتىش ئىمكانىيىتى ۋە تاجاۋۇزچىلارنى ئۈزۈل-كېسىل يوقىتىش،

پۈتۈن جۇڭگونى ئازات قىلىش مەقسىتىگە يېتىش ئىمكانىيىتىگىمۇ ئېرىشتۇق. بۇنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى ئۇلۇغ ئەمەسمۇ؟

ئارمىيىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلىشى تۇرمۇشنى ياخشىلاپ، خەلق ئۈستىدىكى يۈكنى يېنىكلىتىپ، بۇنىڭ بىلەن ئارمىيىنى كېڭەيتىشكە ئىمكانىيەت بېرىپلا قالماي، بەلكى دەرھال بىرمۇنچە قوشۇمچە نەتىجىلەرنىمۇ ئېلىپ كەلدى. بۇ قوشۇمچە نەتىجىلەر مۇنۇلار: (1) جۈنگۈەنلەر بىلەن ئەسكەرلەر مۇناسىۋىتى ياخشىلاندى. جۈنگۈەنلەر بىلەن ئەسكەرلەر بىرلىكتە ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە قاتنىشىش ئارقىلىق ئاكا-ئۇكىدەك يېقىنلىشىپ كەتتى. (2) ئەمگەك كۆز قارىشى كۈچەيدى. ھازىر يۈرگۈزۈۋاتقىنىمىز كونىچە ئەسكەر ياللاش تۈزۈمىمۇ ئەمەس، شۇنىڭدەك ئەسكەرلىككە چاقىرىش تۈزۈمىمۇ ئەمەس، بەلكى ھەربىي خىزمەت ئۆتەشنىڭ ئۈچىنچى خىل تۈزۈمى — سەپەرۋەرلىك تۈزۈمى. بۇ تۈزۈم ئەسكەر ياللاش تۈزۈمىگە قارىغاندا ياخشىراق، شۇنچە كۆپ بىكار تەلەپلەرنى پەيدا قىلمايدۇ؛ لېكىن ئەسكەرلىككە چاقىرىش تۈزۈمىگە قارىغاندا ناچارراق. بىزنىڭ ھازىرقى شارائىتىمىز سەپەرۋەرلىك تۈزۈمىنى قوللىنىشىمىزغىلا يار بېرىدۇ، ئەسكەرلىككە چاقىرىش تۈزۈمىنى قوللىنىشىمىزغا تېخى ئىمكانىيەت بەرمەيدۇ. سەپەرۋەر قىلىش ئارقىلىق ئېلىنغان ئەسكەرلەر ئۇزاق مۇددەت ئارمىيە تۇرمۇشىنى كەچۈرۈشكە توغرا كەلگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ ئەمگەك كۆز قارىشى ئاجىزلىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىكار تەلەپلەر پەيدا بولىدۇ ۋە جۈنفالار قوشۇنىنىڭ بەزى يامان ئادەتلىرى يۇقۇپ قالىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەش يولغا قويۇلغاندىن بېرى، ئەمگەك كۆز قارىشى كۈچەيدى، بىكار تەلەپلىك ئادىتى ئۆزگەرتىلدى.

(3) ئىنتىزامچانلىق كۈچەيدى. ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا ئەمگەك ئىنتىزامىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى جەڭگىۋار ئىنتىزامنى ۋە ھەربىي تۇرمۇش ئىنتىزامىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، ئۇلارنى كۈچەيتتى. (4) ئارمىيە بىلەن خەلق مۇناسىۋىتى ياخشىلاندى. قىسىملارنىڭ ئۆز ئىگىلىكى بولغانلىقتىن، لاۋبەيشىڭلارنىڭ مال-مۈلكىگە تېگىش ئىشلىرى ئازايدى ياكى تامامەن تۈگىدى. ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا ئارمىيە بىلەن خەلق لاپقۇتلىشىش يولى بىلەن ئۆزئارا ھەمكارلاشتى، ئۇلارنىڭ دوستانە مۇناسىۋىتى تېخىمۇ كۈچەيدى. (5) ئارمىيىنىڭ ھۆكۈمەتتىن ئاغرىنىش ئىشلىرىمۇ ئازايدى، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت مۇناسىۋىتىمۇ ياخشىلاندى. (6) خەلقنىڭ كەڭ كۆلەملىك ئىشلەپچىقىرىش ھەركىتى ئالغا سۈرۈلدى. ئارمىيە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغاندىن كېيىن، ئىدارىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشىنىڭ زورۇرلۇكى تېخىمۇ ئوچۇق كۆرۈندى، غەيرىتى تېخىمۇ ئاشتى؛ پۈتۈن خەلقنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇش ھەركىتىنىڭ زورۇرلۇكى، ئەلۋەتتە، تېخىمۇ ئوچۇق كۆرۈندى، غەيرىتى تېخىمۇ ئاشتى.

1942 ۋە 1943-يىللىرى ئىلگىر-ئاخىر باشلانغان ئومۇمىي خاراكتېرلىق ئىستىل تۈزىتىش ھەركىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ھەركىتى مەنىۋى تۇرمۇش ۋە ماددىي تۇرمۇش جەھەتلىرىدە، ئايرىم-ئايرىم تۈردە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى ۋە ئوينىماقتا. ئەگەر بۇ ئىككى ھالقىنى مۇۋاپىق پەيتتە تۇتۇۋالالمىساق، پۈتۈن ئىنقىلاب زەنجىرىنى تۇتۇۋېلىشتا ئامالسىز قالىمىز، كۈرىشىمىزنىمۇ داۋاملىق ئالغا باستۇرالمايمىز.

ھەممىگە مەلۇمكى، 1937-يىلدىن ئىلگىرى پارتىيىگە كىرگەن

پارتىيە ئەزالىرىمىزدىن بىرنەچچە ئون مىڭ كىشىلا قالدى، ھازىر بولسا پارتىيە ئەزالىرىمىز 1 مىليون 200 مىڭدىن ئاشىدۇ، بۇلارنىڭ زور كوپچىلىكىنى دېھقانلار ۋە باشقا ئۇششاق بۇرژۇئازىيىدىن كېلىپ چىققانلار تەشكىل قىلىدۇ، ئۇلار ناھايىتى قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان ئىنقىلاۋىي ئاكتىپلىقتا ئىگە ھەم ماركسىزىملىق تەربىيە ئېلىشنى خالايدۇ؛ لېكىن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ماركسىزىمغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ياكى ئانچە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بۇرۇنقى ئىدىيىلىرىنى پارتىيىگە ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كىرگەن. بۇنداق ئەھۋال 1937 - يىلدىن ئىلگىرى پارتىيىگە كىرگەن پارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدىمۇ مەۋجۇت. بۇ — ئىنتايىن جىددى زىددىيەت ۋە ئىنتايىن زور قىيىنچىلىق. بۇنداق ئەھۋالدا، ئەگەر بىز ئومۇميۈزلۈك ماركسىزىملىق تەربىيە ھەركىتىنى يەنى ئىستىل تۈزىتىش ھەركىتىنى ئېلىپ بارمىغان بولساق، ئوڭۇشلۇق ئالغا بېسىشىمىز مۇمكىنمىدى؟ روشەنكى، مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن، بىز كوپلىگەن كادىرلار ئارىسىدا بۇ زىددىيەتنى — پارتىيە ئىچىدە پرولېتارىيات ئىدىيىسى بىلەن پرولېتارىياتقا يات ئىدىيە (ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ، بۇرژۇئازىيىنىڭ ھەتتا پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ئىدىيىسى، ئاساسەن، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ئىدىيىسى) ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى يەنى ماركسىزىملىق ئىدىيە بىلەن ماركسىزىمغا يات ئىدىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلدۇق ۋە ھەل قىلىۋاتىمىز، بىزنىڭ پارتىيىمىز ئىدىيىۋى، سىياسى ۋە تەشكىلىي جەھەتلەردە مىسلى كۆرۈلمىگەن بىرلىك بىلەن (تېخى تولۇق بىرلىك بىلەن ئەمەس)، زور قەدەملەر بىلەن، لېكىن شۇنداقلا، سالماق قەدەملەر بىلەن ئالغا باسالايدىغان بولۇپ قالدى. پارتىيىمىز بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ زور دەرىجىدە

راۋاجلىنىدۇ ۋە راۋاجلىنىشى كېرەك، ئەمدىلىكتە بىز كەلگۈسى تەرەققىياتنى ماركسىزملىق ئىدىيىۋى پرىنسىپ ئاساسىدا تېخىمۇ ياخشى ئىگەللىيەلەيدىغان بولۇپ قالدۇق.

يەنە بىر ھالقا — ئىشلەپچىقىرىش ھەركىتى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا 8 يىل بولدى، دەسلەپتە بىزدە تېخى ئوزۇق-تۈلۈك، كىيىم-كېچەك بار ئىدى. كېيىن بارغانسىرى قىيىنچىلىقتا ھەتتا زور قىيىنچىلىقتا قالدۇق: ئاشلىق يېتىشمىدى، ياغ ۋە تۇز يېتىشمىدى، كىيىم-كېچەك، يوتقان-كورپە يېتىشمىدى، خىراجەت يېتىشمىدى. بۇ 1940-يىلدىن 1943-يىلغىچە دۈشمەننىڭ كەڭ كولەمدە ھۇجۇم قىلغانلىقى ۋە گومىنداڭ ھوكۇمىتىنىڭ خەلققە قارشى ئۈچ قېتىم كەڭ كولەمدە كۆرەش («كۆككۆچەنداڭغا قارشى دولقۇن») قوزغىغانلىقى ئارقىسىدا كېلىپ چىققان ئىنتايىن زور قىيىنچىلىق، ئىنتايىن زور زىددىيەت ئىدى. ئەگەر بىز بۇ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلمىغان بولساق، بۇ زىددىيەتنى ھەل قىلمىغان بولساق، بۇ ھالقىنى چىڭ تۇتمىغان بولساق، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۆرىشىمىزنى ئالغا باستۇرۇشىمىز مۇمكىنمىدى؟ روشەنكى، مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن بىز ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئۆگىنىۋالدۇق ۋە ئۆگىنىۋاتىمىز، شۇنداق قىلىپ، بىز يەنە جانلاندۇق، يەنە روھلاندۇق. يەنە بىرنەچچە يىلدىن كېيىن، بىز ھېچقانداق دۈشمەندىن قورقمايدىغان بولۇپ كېتىمىز، ھەممە دۈشمەننى بېسىپ چۈشىمىز.

بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئىستىل تۈزىتىش ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ھەركەتنىڭ نەقەدەر تارىخىي موھىملىققا ئىگە ئىكەنلىكى ئېنىق ۋە شۈبھىسىز.

بۇ ئىككى چوڭ ھەركەتنى باشقا ھەممە جەڭگىۋار ۋەزىپىلەرنىڭ

ئاساسى سۇپىتىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتەيلى. شۇنداق قىلالىساق، جۇڭگو خەلقىنىڭ تەلتوكۇس ئازاتلىقى ئىشەنچكە ئىگە بولىدۇ.

ھازىر دەل ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەۋسۇمى، ئازات رايونلاردىكى بارلىق رەھبىرىي يولداشلارنىڭ، خىزمەتچىلەرنىڭ، خەلق ئاممىسىنىڭ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، ئىشلەپچىقىرىش ھالقىسىنى چىڭ تۇتۇپ، بۇلتۇرقىدىنمۇ زور ئۇتۇق قازىنىشىنى ئۈمىت قىلىمىز. بولۇپمۇ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشنى تېخى ئۆگىنىۋالمىغان رايونلار بۇ يىل تېخىمۇ زور كۈچ چىقىرىشى لازىم.

# خېرلى بىلەن جياڭجيېشىنىڭ شۇاڭخۇاڭ ئويۇنى بەربات بولدى*

**(1945-يىل 7-ئاينىڭ 10-كۈنى)**

جياڭ جيېشىنىڭ هاكىم مۇتلەق هوكۇمرانلىقىنى پەدەزلەش مەقسىدىدە چاقىرىلغان 4-نۆۋەتلىك گومىن سەنجېڭخۇينىڭ 1-يىغىنى 7-ئاينىڭ 7-كۈنى چۇڭچىڭدا ئېچىلدى. بۇ يىغىنغا قاتناشقانلار شۇنچىلىك ئازكى، بۇنداق ئەھۋال ئىلگىرىكى سەنجېڭخۇي يىغىنلىرىنىڭ ھېچقايسىسىدا كۆرۈلگەن ئەمەس. يالغۇز جۇڭگو كۇڭچەنداكى تەرەپتىن كىشى قاتناشمايلا قالماستىن، باشقا تەرەپلەردىنمۇ نۇرغۇن كىشىلەر قاتناشمىدى. 290 سەنجېڭيۈەندىن ئاران 180 سەنجېڭيۈەن قاتناشتى. جياڭ جيېشى، يىغىن ئېچىلغان چاغدا، بىرتالاي گەپلەرنى قىلدى. جياڭ جيېشى: «ھوكۇمەت گومىنداخۇي چاقىرىشقا دائىر مەسىلىلەر توغرىسىدا ھېچقانداق كونكرېت قائىدەن قويماقچى ئەمەس، ھەربىرلىرىنىڭ تولۇق مۇھاكىمە قىلىشلىرىغا ئىمكانىيەت بېرىدۇ.

---

* بۇ — يولداش ماۋ زېدۇڭ شىنخۇاشې ئۈچۈن يېزىپ بەرگەن بېگلۇن.

ھۆكۈمەت ھەربىرلىرىنىڭ بۇ مەسىلىلەر توغرىسىدىكى پىكىرلىرىنى ئەڭ سەمىمىي ۋە ئەڭ ئاق كۆڭۈل پوزىتسىيە بىلەن ئاڭلىماقچى» دېدى. بۇ يىل 11-ئاينىڭ 12-كۈنى گومىنداخۇي چاقىرىش توغرىسىدىكى غەۋغا، بەلكىم، شۇنىڭ بىلەن ئاياقلاشسا كېرەك. بۇ غەۋغا جاھانگىر خېرلى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. ئەسلىدە بۇ جاھانگىر جياڭ جيېشىنى مۇشۇنداق ھىلە-نەيرەڭ ئىشلىتىشكە كۈچىنىڭ بېرىچە قۇتراتقان ئىكەن، شۇڭا جياڭ جيېشى بۇ يىلقى يېڭى يىل نۇتقىدا[1] بىر ئاز قېتىۋالدى، 3-ئاينىڭ 1-كۈنىدىكى نۇتقىدا[2] بولسا تېخىمۇ قېتىۋېلىپ، چوقۇم 11-ئاينىڭ 12-كۈنى «ھاكىمىيەت خەلققە قايتۇرۇلىدۇ» دېدى. جياڭ جيېشى 3-ئاينىڭ 1-كۈنىدىكى نۇتقىدا، جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ جۇڭگو خەلقىنىڭ ئومۇمىي پىكرىگە ۋاكالىتەن ئوتتۇرىغا قويغان پارتىيە-گۇرۇھلار يىغىنى چاقىرىش ۋە بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇش توغرىسىدىكى تەشەببۇسىنى ئالتە تاغنىڭ ئارقىسىغا چۆرۈۋەتتى. ئامېرىكىلىق قاتناشقان 3 كىشىلىك ۋېيىۋەنخۇي دېگەن بىرنىمىنى تەشكىل قىلىپ، جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ قوشۇنلىرىنى «ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش» توغرىسىدا بولسا پو ئېتىپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويدى. جياڭ جيېشى ھەتتا، جۇڭگو گۇڭچەنداڭ ئالدى بىلەن ئۆز ئارمىيىسىنى ماڭا ئۆتكۈزۈپ بەرسۇن، ئاندىن مەن جۇڭگو گۇڭچەن-داڭغا «قانۇنىي ئورۇن» ئىنئام قىلىمەن، دەپ ئېيتىشقىمۇ پېتىنالىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە خېرلى لويىنىڭ يۆلىشى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. خېرلى 4-ئاينىڭ 2-كۈنى ۋاشىنگتوندا بايانات ئېلان قىلىپ، جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ ئورنىنى يوققا چىقىرىش، جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ پائالىيەتلىرىنى قارىلاش، جۇڭگو گۇڭچەن-داڭ بىلەن ھەمكارلاشمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكە ئوخشاش

جاھانگىرلىك سەپسەتىلىرىنى ساتقاندىن تاشقىرى، جياڭ جيېشىنىڭ «گومىنداڭخۇي»غا ئوخشاش سېسىق ماللىرىنىمۇ كۆچىنىڭ بىرىچە ماختاپ ئۇچۇردى. شۇنداق قىلىپ، ئامېرىكىلىق خېرلى بىلەن جۇڭگولۇق جياڭ جيېشىنىڭ جۇڭگو خەلقىنى قۇربان قىلىشتىن ئىبارەت ئورتاق نىشان ئاستىدا بىر-بىرىگە جور بولۇپ ئويناۋاتقان ئويۇنى تازا قىزىپ كەتكەن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن يېلى چىقىپ كېتىشىن تەقدىرىگە قاراپ يۈزتۇتتى. بۇنىڭغا قارشى تۇرغۇچىلار، مەيلى جۇڭگولۇقلار ۋە چەتئەللىكلەر ئارىسىدا بولسۇن، گومىنداڭنىڭ ئىچىدە ۋە گومىنداڭنىڭ تېشىدا بولسۇن، پارتىيە-گۇرۇھلۇق زاتلار ۋە پارتىيە-گۇرۇھسىز زاتلار ئارىسىدا بولسۇن، ھەممىلا يەردە بار، ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ پەقەت بىرلا سەۋەبى بار، ئۇ بولسىمۇ خېرلى بىلەن جياڭ جيېشى بۇ ئىشنى مەيلى قانچە قاملاشتۇرۇپ كۆككە كۆتەرسۇن، بەرىبىر، جۇڭگو خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلماقچى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ بۇزماقچى، جۇڭگوغا كەڭ كۆلەملىك ئىچكى ئۇرۇش دېڭىزىنى كومىمەكچى، شۇنداق قىلىپ ئامېرىكا خەلقىنىڭ ۋە باشقا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر خەلقلىرىنىڭ فاشىزىمغا قارشى ئۇرۇش ۋە ئۇرۇشتىن كېيىن تېچلىقتا بىللە تۇرۇشتىن ئىبارەت ئورتاق مەنپەئەتىنىمۇ بۇزماقچى بولغانلىقى. بۈگۈنكى كۈندە خېرلىنىڭ نىمىگە پالاقلاپ يۈرگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ، قىسقىسى، ۋاقىتىنچە يوشۇرۇنۇۋالغاندەك تۇرىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن جياڭ جيېشى سەنجېڭخۇيدا بىرمۇنچە ئىگىز-پەس گەپلەرنى قىلدى. 3-ئاينىڭ 1-كۈنى جياڭ جيېشى: «مەملىكىتىمىزنىڭ ئەھۋالى باشقا مەملىكەتلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، گومىنداڭخۇي ئېچىلىشتىن ئىلگىرى، بىزدە خەلقىقە ۋەكىللىك قىلالايدىغان،

هوكۇمەتتىكى خەلق پىكرى ئۈستىدە مەسلىھەت بېرىش تۈرىدىكى بىرەر مەسئۇل تەشكىلات يوق» دېدى. شۇنداق ئىكەن، بىزنىڭ ۋېيىۋەنجاڭىمىزنىڭ نېمە ئۈچۈن يەنە سەنجېڭخۇينىڭ «پىكىر»لىرىنى «ئاڭلىماقچى» بولۇپ قالغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ۋېيىۋەنجاڭنىڭ ئېيتىشىچە، جۇڭگو زېمىنىدا ھېچقانداق «خەلق پىكرى ئۈستىدە مەسلىھەت بېرىش تۈرىدىكى مەسئۇل تەشكىلات» يوق ئىكەن، سەنجېڭخۇي پەقەت قوساق باقىدىغان بىر «تەشكىلات» ئىكەن، دېمەك، بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ پىكىرىنى «ئاڭلاش»قا ھېچقانداق قانۇنىي ئاساس يوق. لېكىن، مەيلى قانداقلا بولسۇن، سەنجېڭخۇي ھېلىقى ساختا «گومىن»داخۇينىڭ ئېچىلىشىنى توختىتىش توغرىسىدا بىر ئېغىز سۆز قىلىدىغانلا بولسا، 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى مۇقەددەس يارلىققا خىلاپلىق قىلىدۇ، خان قانۇنىنى بۇزىدۇ، دېيىلىشى، ئوبدان بىر ئىش قىلغان، ساۋاپ تاپقان بولاتتى. ئەلۋەتتە، سەنجېڭخۇيغا بۈگۈنلا باھا بېرىش تېخى بالدۇرلۇق قىلىدۇ، چۈنكى سەنجېڭخۇي-نىڭ ۋېيىۋەنجاڭغا زادى قالداق نەرسىلەرنى «ئاڭلىتىشى»نى كۆرۈش ئۈچۈن يەنە بىرنەچچە كۈن تەخىر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىراق شۇنىسى ئېنىقكى: جۇڭگو خەلقى توپ ـ توپى بىلەن قارشى چىققاندىن كېيىن، «خانلىق شىيەنفا»غا قىزىقىدىغان ئادەملەرمۇ بىزنىڭ خانىمىز ئۈچۈن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭغا سېتىلما گوخۇي دەپ ئاتالغان سىرتماقنى ئۆز بوينىغا سېلىۋالماسلىقنى، يەنى شىكەي ئۇچرىغان ئاقىۋەتكە دۇچار بولۇپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىشنى تەۋسىيە قىلماقتا. بۇنىڭ بىلەن، بىزنىڭ خانىمىزنىڭ ئۆز پەيلىدىن قايتىپ قېلىشىمۇ ئېھتىمال. لېكىن بىزنىڭ خانىمىز ھەم ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ بىر تال مويىغا زىيان يېتىدىغان بولسا، خەلقنىڭ زەررىچە ھوقۇقىغا

ئاسانلا ئىگە بولۇشىغا ئەسلا يول قويمايدۇ. بۇنىڭ كۆز ئالدىمىزدىكى دەلىلى شۇكى، بۇ جانابىي خان خەلقىنىڭ مۇۋاپىق تەنقىتلىرىنى «بىشەملىك بىلەن قىلىنغان ھۇجۇم» دەپ ئاتىدى. بۇ خان مۇنداق دىدى: «ئۇرۇش شارائىتىدا، قولدىن كەتكەن رايونلاردا ھېچقانداق ئومۇمىي سايلامنى ئوتكۇزۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، بۇنىڭدىن 2 يىل ئىلگىرى، گومىنداڭ جۇڭگياڭنىڭ ئومۇمىي يىغىنى ئۇرۇش ئاياقلىشىپ بىر يىل ئىچىدە گومىنداخۇي چاقىرىپ، شيەنجېڭنى ئەمەلگە قويۇشنى قارار قىلغان ئىدى. بەزى تەرەپلەر شۇ ۋاقىتتا بىشەملىك بىلەن ھۇجۇم قىلدى.» ئۇلار، كېچىكتۇرۇۋەتتى، دەپ ھېساپلاپتىمىش. شۇنىڭدەك بىزنىڭ خانىمىز «ئۇرۇشنىڭ تولۇق ئاياقلىششىنىڭ خېلى ئۇزاققا سوزۇلۇشى ئېھتىماللىقىنى، ئۇرۇش ئاياقلاشقان تەقدىردىمۇ جايلارنىڭ تەرتىۋىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ تەسلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇرۇش ۋەزىيىتى پەسەيگەن چاغدىلا گومىنداخۇي چاقىرىشنى قۇۋۋەتلىگەن»دە، كۈتۈلمىگەن ھالدا ھېلىقى ئادەملەر يەنە «بىشەملىك بىلەن ھۇجۇم قىلغان» ئىمىش. شۇنداق قىلىپ، بىزنىڭ خانىمىز ناھايىتى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپتۇ. لېكىن جۇڭگو خەلقى جياڭ جيېشىغا ۋە ئۇنىڭ گۇرۇھىغا شۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇشى زورۇركى، سىلەرنىڭ ئىملەرنى دىگىنىڭلار ۋە ئىملەرنى قىلغىنىڭلاردىن قەتئىي نەزەر، خەلق ئىرادىسىگە خىلاپ بولغان ھەرقانداق ئالدامچىلىققا ئەسلا يول قويۇلمايدۇ. جۇڭگو خەلقىگە كېرەك بولۇۋاتقىنى دەرھال دېموكراتىك ئىسلاھات يۈرگۈزۈش، مەسىلەن، سىياسىي مەھبۇسلارنى ئازات قىلىش، ئىشپىيونلۇقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، خەلققە ئەركىنلىك بېرىش، ھەرقايسى پارتىيە - گۇرۇھلارغا قانۇنىي ئورۇن بېرىش ۋە باشقىلار. سىلەر

بۇلارنىڭ ھېچبىرىنى ئىشلىمەي، «گومىنداڭخۇي» چاقىرىش دېگەن نىمىنىڭ ۋاقىت مەسلىسى ئۈستىدە ھىلە-نەيرەڭ ئىشلىتىۋاتسىلەر، بۇ 3 ياشلىق بالىنىمۇ ئالدىيالمايدۇ. ھەقىقى ۋە ئەڭ توۋەن دېموكراتىك ئىسلاھات بولمىغانىدا، ھەرقانداق گومىنداڭخۇي-يومىنداڭخۇيلارمۇ تەرەتخانىغا تاشلىنىدۇ، خالاس. «بېشەملىك بىلەن قىلىنغان ھۇجۇم» دەپ ئاتىسىمۇ، ئاتاۋەرسۇن، بۇنداق ئالدامچىلىق-لارنىڭ ھەرقانداقىنى ھۇجۇم بىلەن قەتئى، تەلتۆكۈس، پاك-پاكىز ۋە تولۇق يوقىتىش كېرەك، ئۇنىڭ زەررىچە بولسىمۇ ساقلىنىپ قېلىشىغا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇنىڭ ئالدامچىلىق بولغانلىقى. گومىنداڭخۇينىڭ بولۇش-بولماسلىقى بىر ئىش، ئەڭ توۋەن دېموكراتىك ئىسلاھاتنىڭ بولۇش-بولماسلىقى يەنە بىر ئىش. ئالدىنقىسى ھازىرچە بولمىسىمۇ بولىدۇ، كېيىنكىسى دەرھال ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىسا بولمايدۇ. جياڭ جيېشى ۋە ئۇنىڭ گۇرۇھى «بالدۇرراق» «ھاكىمىيەتنى خەلققە قايتۇرۇش»نى خالايدىكەن، نىمە ئۈچۈن بەزىبىر ئەڭ توۋەن دېموكراتىك ئىسلاھاتلارنى «بالدۇرراق» ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى خالىمايدۇ؟ گومىنداڭچى جاناپلار، مەن مۇشۇ ئاخىرقى بىرنەچچە قۇرنى يېزىۋاتقىنىمدا، سىلەر شۇنى ئېتىراپ قىلىشىڭلار كېرەككى، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ھەرگىز سىلەرگە «بېشەملىك بىلەن ھۇجۇم» قىلىۋاتقىنى يوق، پەقەت بىرلا سوئال قويىدۇ، بۇنداق قىلىش تېگىشلىك ئەمەسمۇ؟ سىلەر بۇنىڭغا جاۋاپ بەرمەي تۇرۇۋېلىشىڭلار مۇمكىنمۇ؟ سىلەر مۇنۇ سوئالغا جاۋاپ بېرىشىڭلار كېرەك: سىلەر «ھاكىمىيەتنى خەلققە قايتۇرۇش»نى خالايسىلەر-يۇ، نىمە ئۈچۈن دېموكراتىك ئىسلاھات يۈرگۈزۈشنى خالىمايسىلەر؟

# ئىزاھلار

① بۇ جياڭ جيېشىنىڭ 1945 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى رادىيو نۇتقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئۆز نۇتقىدا، ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدە ياپون قاراقچىلىرىنىڭ ھۇجۇمى ئالدىدا گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ شەرمەندىلەرچە تار ـ مار بولغانلىقى توغرىسىدا بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلماي، ئەكسىچە، خەلقنى ئاغزىغا كەلگىنىچە قارىلىدى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىيە ـ گۇرۇھلار ھىمايە قىلغان تەشەببۇسقا يەنى گومىنداڭنىڭ بىر پارتىيە دىكتاتۇرىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھەمدە بىرلەشمە ھۆكۈمەت ۋە بىرلەشمە تۇڭشۇەيبۇ قۇرۇش توغرىسىدىكى تەشەببۇسقا قارشى تۇرۇپ، گومىنداڭنىڭ بىر پارتىيە دىكتاتۇرىسىدا چىڭ تۇردى ھەم پۈتۈن مەملىكەت خەلقى چۆرۈپ تاشلىغان ۋە گومىنداڭنىڭ قولچومىقى بولغان «گومىنداخۇي» دېگەن نەرسىنى چاقىرماقچى بولغانلىقىنى خەلققە قارشى تۇرۇشنىڭ قالقىنى قىلماقچى بولدى.

② بۇ جياڭ جيېشىنىڭ 1945 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چۇڭچىڭنىڭ شىيەنجېڭنىڭ ئەمەلگە قويۇلۇشىنى ئالغا سۈرۈش جەمئىيىتىدە سۆزلىگەن نۇتقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ نۇتۇقتا جياڭ جيېشى «يېڭى يىل نۇتقى»دىكى ئەكسىيەتچىل تەشەببۇسىدا چىڭ تۇرغانىدىن تاشقىرى، يەنە ئامېرىكا ۋەكىللى قاتناشقان ئۈچ كىشىلىك ۋېيۋۈەنخۇي قۇرۇپ، 8 ـ ئارمىيە ۋە يېڭى 4 ـ ئارمىيىنى «ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش»نى ئوتتۇرىغا قويدى، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىنى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق تەلەپ قىلدى.

# خېرلى سىياسىتىنىڭ خەۋپى توغرىسىدا*

**(1945-يىل 7-ئاينىڭ 12-كۇنى)**

ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق داشىسى خېرلى ۋەكىللىك قىلغان سىياسىتى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۇرۇش ۋېيجىسىنى بارغانسىرى ئۇچۇق تۇغدۇرۇۋاتماقتا. ئەكسىيەتچىل سىياسەتتە چىڭ تۇرغان گومىنداڭ ھوكۇمىتى بۇنىڭدىن 18 يىل ئىلگىرى قۇرۇلغان كۇنىدىن تارتىپلا ئىچكى ئۇرۇش بىلەن كۇن كەچۇرۇپ كەلگەن ئىدى؛ پەقەت 1936-يىلى شەن ۋەقەسى يۇز بەرگەن ۋە 1937-يىلى ياپونىيە جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىغا بېسىپ كىرگەن چاغدىلا، پۇتۇن مەملىكەت كولەملىك ئىچكى ئۇرۇشتىن ۋاقىتىنچە ۋازكېچىشكە مەجبۇر بولدى. لېكىن 1939-يىلدىن باشلاپ، قىسمەن ئىچكى ئۇرۇشنى يەنە قوزغىدى، زادى توختاتمىدى. گومىنداڭ ھوكۇمىتى «كۇڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇش بىرىنچى» دىگەننى ئۇزىنىڭ ئىچكى سەپەرۋەرلىك شوئارى قىلدى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويدى. ھازىر گومىنداڭ ھوكۇمىتىنىڭ ھەممە ھەربى ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنىڭ ئېغىرلىق مەركىزى

* بۇ — يولداش ماۋزېدۇڭ شىنخۇاشې ئۇچۇن يېزىپ بەرگەن پىڭلۇن.

ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش تەرىپىگە قارىتىلغان ئەمەس، بەلكى جۇڭگو ئازات رايونلىرىدىن «قولدىن كەتكەن يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىش» ۋە جۇڭگو گوڭچەنداڭىنى يوقىتىش تەرىپىگە قارىتىلغان. مەيلى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن بولسۇن، ياكى ئۇرۇشتىن كېيىنكى تىنچ قۇرۇلۇش ئۈچۈن بولسۇن، بۇنداق ئەھۋالنى جىددى ھېساپقا ئېلىش زورۇر. روزۋېلت زۇڭتۇڭ ھايات ۋاقتىدا بۇنى ھېساپقا ئالغان ئىدى، ئۇ ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتىنى كوزدە تۇتۇپ، گومىنداڭنىڭ جۇڭگو گوڭچەنداڭىغا قوراللىق كۈچ بىلەن ھۇجۇم قىلىشىغا ياردەم بېرىش سىياسىتىنى قوللانمىغان ئىدى. خېرلى 1944 ـ يىل 11 ـ ئايدا روزۋېلتنىڭ شەخسى ۋەكىلى سۈپىتىدە يەنئەنگە كەلگەن ۋاقتىدا، جۇڭگو گوڭچەنداڭى تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان گومىنداڭنىڭ بىر پارتىيە دىكتاتۇرىسىنى بىكار قىلىش ۋە دېموكراتىك بىرلەشمە ھوكۇمەت قۇرۇش پىلانىنى ماقۇل كورگەن ئىدى. لېكىن خېرلى كېيىن ئوزگىرىۋالدى، ئوزىنىڭ يەنئەندە ئېيتقان سوزىگە خىلاپلىق قىلدى. خېرلىنىڭ بۇنداق ئوزگىرىۋېلىشى ئۇنىڭ 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ۋاشىنگتوندا ئېلان قىلغان باياناتىدا ناھايىتى ئوچۇق ئىپادىلەندى، شۇ ۋاقىتتا يەنە شۇ خېرلىنىڭ ئاغزىدا، جياڭ جيېشى ۋەكىللىك قىلىدىغان گومىنداڭ ھوكۇمىتى پەرىزاتقا ئايلاندى، جۇڭگو گوڭچەنداڭى بولسا ئالۋاستىغا ئايلاندى؛ بۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ توغرىدىن ـ توغرا: ئامېرىكا پەقەت جياڭ جيېشى بىلەنلا ھەمكارلىشىدۇ، جۇڭگو گوڭچەنداڭى بىلەن ھەمكارلاشمايدۇ، دىدى. ئەلۋەتتە، بۇ خېرلىنىڭلا شەخسى پىكرى ئەمەس، ئامېرىكا ھوكۇمىتىدىكى بىر گۇرۇھ كىشىلەرنىڭ پىكرى، لېكىن بۇ ــ خاتا بەلكى خەۋپلىك پىكىر. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا روزۋېلت

ۋاپات بولدى، خېرلى خوشاللىقىدىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان ھالدا ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوچىڭدىكى داشىگۇەنىگە قايتىپ كەلدى. ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان، خېرلى ۋەكىللىك قىلغان بۇ سىياسىتىنىڭ خەۋپلىكلىكى شۇ يەردىكى، بۇ سىياسەت گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەكسىيەتچىلىكىنى ئۆستۈردى، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۇرۇش ۋېيجىسىنى كۈچەيتتى. ئەگەر خېرلى سىياسىتى داۋاملىشىۋەرگەن بولسا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى جۇڭگو ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھەم سېسىق، ھەم چوڭقۇر نىجاسەت ئورىسىغا پېتىپ قالىدۇ-دە، ئۇنىڭدىن پۇتىنى تارتىۋالالمايدۇ، ئويغانغان ۋە داۋاملىق ئويغىنىۋاتقان بىرنەچچە يۈز مىليون جۇڭگو خەلقى بىلەن دۈشمەنلىشىش تەرىپىگە ئۆتۈپ قالىدۇ، ھازىر ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا توسقۇنلۇق قىلىدۇ، كەلگۈسىدە دۇنيا تىنچلىقىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. بۇنداق مۇقەررەر يۈزلىنىشنى ئوچۇق كۆرۈۋالغىلى بولمامدۇ؟ جۇڭگونىڭ ئىستىقبالى مەسىلىسىدە، جۇڭگو خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق، ئەركىنلىك ۋە بىرلىكنى تەلەپ قىلىۋاتقان، توسقىلى بولمايدىغان كۈچلىرى مۇقەررەر يوسۇندا مىللى زۇلۇم ۋە فېوداللىق زۇلۇمنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، باش كۆتىرىپ چىقىدىغانلىقىنى ئوچۇق كۆرەلىگەن بىر قىسىم ئامېرىكا جامائەتچىلىكى جۇڭگوغا قارىتىلغان خېرلىچە خەۋپلىك سىياسەتتىن تەشۋىشلەنمەكتە ۋە بۇ سىياسەتنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلماقتا. لېكىن ئامېرىكىنىڭ سىياسىتى زادى ئۆزگىرەمدۇ ۋە قاچان ئۆزگەرىدۇ، بىز ھازىر تېخى بىرنېمە دېيەلمەيمىز. شۇنى ئېنىق ئېيتىشقا بولىدۇكى، جۇڭگودا خەلققە قارشى كۈچلەرنى قوللايدىغان ۋە مۇشۇنداق كەڭ جۇڭگو خەلقىگە دۈشمەنلىك قىلىدىغان بۇ خېرلىچە سىياسەت ئەگەر ئۆزگەرمەي كېتىۋېرىدىغان بولسا، ئامېرىكا

ھوكۇمىتىگە، ئامېرىكا خەلقىگە ناھايىتى ئېغىر يۈك بولۇپ قالدۇ ۋە چەكسىز ئاپەت كەلتۈرىدۇ، بۇنى ئامېرىكا خەلقىگە ئېنىق تونۇتۇپ قويۇش كېرەك.

# يولداش فوستېرغا ئەۋەتىلگەن دىيەنباۋ

**(1945-يىل 7-ئاينىڭ 29-كۈنى)**

يولداش فوستېرغا ۋە ئامېرىكا گۇڭچەنداڭى جۇڭياڭ ۋېيۈەنخۇيغا:

ئامېرىكا كوممۇنىستىك سىياسىي جەمئىيىتى پەۋقۇلئاددە يىغىنىنىڭ بروۋدېرنىڭ شيۇجېڭجۇيىلىق يەنى تەسلىمچىلىك لۇشيەنىنى[1] ئىرغىتىپ تاشلاپ، ماركسىزملىق رەھبەرلىكنى قايتا تىكلەشنى قارار قىلغانلىقىدىن شۇنداقلا ئامېرىكا گۇڭچەنداڭىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكىدىن خۇشاللىق بىلەن ۋاقىپ بولدۇق. بىز ئامېرىكا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ۋە ماركسىزم ھەركىتىنىڭ بۇ ئۇلۇغ غەلبىسىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز. بروۋدېرنىڭ پۈتۈن شيۇجېڭجۇيىلىق — تەسلىمچىلىك لۇشيەنى (بۇ لۇشيەن بروۋدېر يازغان «تېھران» دېگەن كىتابىدا تولۇق ئىپادىلەنگەن)، ماھىيەتتە، ئامېرىكا ئەكسىيەتچى كاپىتال گۇرۇھىنىڭ ئامېرىكا ئىشچىلار ھەركىتىدىكى تەسىرىنى ئەكس ئەتتۈردى. بۇ ئەكسىيەتچى كاپىتال گۇرۇھى ھازىر جۇڭگودىمۇ ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتىشكە كۈچىنىڭ بېرىچە ئۇرۇنۇپ، جۇڭگو گومىنداڭى ئىچىدىكى ئەكسىيەتچى گۇرۇھىنىڭ مىللەتكە قارشى، خەلققە قارشى خاتا سىياسىتىنى قوللاپ، جۇڭگو خەلقىنى جىددىي ئىچكى ئۇرۇش ۋېيجىسىغا ئۇچراتماقتا، جۇڭگو، ئامېرىكا ئىككى چوڭ مەملىكەت خەلقىنىڭ

مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزمەكتە. ئامېرىكا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ۋە ئۇنىڭ شيەنفېڭدۈيى — ئامېرىكا گوڭچەنداڭىنىڭ بروۋدېر شيۇجېڭجۇيىسى — تەسلىمچىلىككە قارشى غەلىبىسى جۇڭگو، ئامېرىكا ئىككى مەملىكەت خەلقىنىڭ ھازىر ئېلىپ بېرىۋاتقان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋە بۇ ئۇرۇشتىن كېيىن تېنچ، دېموكراتىك دۇنيا قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشقا، شۈبھىسىزكى، زور توھپە قوشىدۇ.

## ئىزاھ

① بروۋدېر 1930 - يىلدىن 1944 - يىلغىچە ئامېرىكا گوڭچەنداڭىنىڭ زوڭشۇجىسى بولغان. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى داۋامىدا ئامېرىكا گوڭ-چەنداڭى ئىچىدە بروۋدېر ۋەكىللىك قىلغان ئوڭچىل ئىدىيە ماركسىزمغا قارشى شيۇجېڭجۇيىلىق — تەسلىمچىلىك لۇشيەنى بولۇپ شەكىللەنگەن ئىدى. بروۋدېر 1943 - يىل 12 - ئايدىن تارتىپ نۇرغۇن نۇتۇق ۋە ماقالىلىرىدا بۇنداق شيۇجېڭجۇيىلىق — تەسلىمچىلىك تەشەببۇسىنى تەرغىب قىلدى، شۇنىڭدەك 1944 - يىل 4 - ئايدا ئۆزىنىڭ ئوڭچىل جىخۇيجۇيىلىق گاڭلىڭى بولغان «تېھران» دېگەن كىتاۋىنى نەشر قىلدى. بروۋدېر لېنىنىزمنىڭ جاھانگىرلىكنىڭ لۇڭدۇەن، چىرىگەن ۋە ئۆلۈۋات-قان كاپىتالىزم ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى توپ نەزەرىيىسىگە «تۈزىتىش» كىرگۈزدى، ئامېرىكا كاپىتالىزمىنىڭ جاھانگىرلىك خاراكتېرىنى ئىنكار قىلدى، ئامېرىكا كاپىتالىزمى تېخى «ياش كاپىتالىزم تۈزۈمىنىڭ بەزى-بىر خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلىماقتا» دەپ قارىدى، ئامېرىكا پرولېتارىياتى بىلەن چوڭ بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدا «ئورتاق مەنپەئەت» بار، دەپ قارىدى، ترېست تۈزۈمىنى قوغداشنى قۇۋۋەتلىدى، «سىنىپىي مۇرەسسە» ئارقىلىق ئامېرىكا كاپىتالىزمىنى قۇتۇلدۇرغىلى بولمايدىغان ۋەيجىدىن

قۇتۇلدۇرۇش خام خىيالىدا بولدى. بروۋدېر ئامېرىكا كاپىتالىزىمىغا بەرگەن بىمەنە باھاسىغا ئاساسلىنىپ، لوگىدۇن كاپىتالىغا نىسبەتەن سىپىي ھەمكارلىق قىلىدىغان تەسلىمچىلىك لۇشيەنىگە ئاساسلىنىپ، 1944-يىل 5-ئايدا ئامېرىكا پرولېتارىياتىنىڭ پارتىيىسى — ئامېرىكا گۇڭچەنداڭىنى تارقىتىۋېتىشكە باشچىلىق قىلدى ۋە پارتىيە خاراكتېرىدا بولمىغان ئامېرىكا كوممۇنىستىك سىياسىي جەمئىيىتىنى تەشكىل قىلدى. بروۋدېرنىڭ بۇ خاتا لۇشيەنى باشتىلا يولداش فوستېر باشچىلىقىدىكى نۇرغۇنلىغان ئامېرىكا گۇڭچەنداڭى ئەزالىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. 1945-يىل 6-ئايدا ئامېرىكا كوممۇنىستىك سىياسىي جەمئىيىتى يولداش فوستېرنىڭ رەھبەرلىكىدە، بروۋدېر لۇشيەنىنى پىپەن قىلىش قارارىنى ماقۇللىدى. شۇ يىل 7-ئايدا يەنە ئامېرىكا كوممۇنىستىك سىياسىي جەمئىيىتىنىڭ مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، بروۋدېر لۇشيەنىنى ئۈزۈل-كېسىل تۈزىتىش، ئامېرىكا گۇڭچەنداڭىنى قايتا قۇرۇش قارار قىلىندى. بروۋدېر كېيىن يەنە ئۆزىنىڭ پرولېتارىياتقا خائىنلىق قىلىش تەشەببۇسىدا چىڭ تۇرۇپ، ترۇمېن ھۆكۈمىتىنىڭ جاھانگىرلىك سىياسىتىنى ئوچۇقتىن-ئوچۇق ھىمايە قىلدى ۋە پارتىيىگە قارشى گۇرۇھۋازلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى، شۇنىڭ ئۈچۈن 1946-يىل 2-ئايدا پارتىيىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى.

# ياپون قاراقچلرىغا قارشى ئەڭ ئاخرقى جەڭ

**(1945 - يل 8 - ئاينڭ 9 - كۈنى)**

سوۋېت ئتتپاقى هوكۈمتى 8 - ئاينڭ 8 - كۈنى ياپونيگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قلدى، جۇڭگو خەلقى بۇنى قىزغىن ئالقشلايدۇ. سوۋېت ئتتپاقنڭ بۇ هەركتى نەتجسندە ياپونيگە قارشى ئۇرۇشنڭ ۋاقتى كۆپ قسقىردۇ. ياپونيگە قارشى ئۇرۇش ئەڭ ئاخرقى باسقۇچتا تۇرماقتا، ياپون تاجاۋۇزچلرى ۋە ئۇلارنڭ بارلق غالچلرنى ئۈزۈل - كېسل يېڭش ۋاقتى يېتپ كەلدى. بۇنداق ئەھۋالدا، جۇڭگو خەلقنڭ ياپون باسقۇنچلرىغا قارشى بارلق كۈچلرى پۈتۈن مەملكەت مىقياسدا قايتۇرما هۇجۇمغا ئۆتۈپ، سوۋېت ئتتپاقى ۋە باشقا ئتتپاقداش دولەتلەر بلەن زىچ ۋە ئۈنۈملۈك هالدا ماسلشپ جەڭ قلشى لازم. 8 - ئارمىيە، يېڭى 4 - ئارمىيە ۋە باشقا خەلق قوشۇنلرى بارلق مۇمكن بولغان شەرت - شارائتتا، تەسلم بولۇشنى خالىمغان بارلق تاجاۋۇزچلار ۋە ئۇلارنڭ غالچلرىغا كەڭ كولەمدە هۇجۇم يۈرگۈزۈپ، دۈشمەنلەرنڭ بۇ كۈچلرنى يوقتشى، ئۇلارنڭ قورال - ياراق ۋە مال - مۈلۈكلرنى تارتۋېلشى، شددەتلك تۈردە ئازات رايونلارنى

كېڭەيتىشى، قولدىن كەتكەن رايونلارنى تارايتىشى لازىم. قوراللىق خىزمەت دۈيلىرىنى دادىل ئۆيۈشتۈرۈش لازىم، بۇ قوراللىق خىزمەت دۈيلىرى دۈشمەن ئارقا سېپىنىڭ ئارقا سېپىگە يۈزلەپ ۋە مىڭلاپ ئىچكىرىلەپ كىرىپ، خەلقنى تەشكىللەپ، دۈشمەننىڭ قاتناش يوللىرىنى بۇزۇپ تاشلىشى، مۇنتىزىم ئارمىيىگە ماسلىشىپ ئۇرۇش قىلىشى كېرەك. قولدىن كەتكەن رايونلاردىكى مىليونلىغان ئاممىنى دادىل ھەركەتلەندۈرۈپ، دەرھال يەر ئاستى قوشۇن ئۆيۈشتۈرۈپ، قوراللىق قوزغىلاڭ تەييارلاپ، سىرتتىن ھۇجۇم قىلىۋاتقان قوشۇنلارغا ماسلىشىپ دۈشمەننى يوقىتىش لازىم. ئازات رايونلارنى مۇستەھكەملەش خىزمىتىگە ھېلىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بۇ يىل قىش ۋە كېلەر يىل ئەتىيازدا، ھازىرقى 100 مىليون خەلق ئارىسىدا ۋە بارلىق يېڭى ئازات رايونلاردىكى خەلق ئارىسىدا ئىجارە ۋە ئۆسۈمنى كېمەيتىشنى ئومۇميۈزلۈك يۈرگۈزۈش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، خەلق ھاكىمىيىتى ۋە خەلق قوراللىق كۈچلىرىنى تەشكىل قىلىش، مىنبىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىش، ئارمىيە ئىنتىزامىنى كۈچەيتىش، ھەر ساھە خەلقلىرىنىڭ بىرلىكسەپىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش، ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچلەرنى ئىسراپ قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئارمىيىمىزنىڭ دۈشمەنگە قارشى ھۇجۇمىنى كۈچەيتىش ئۈچۈندۇر. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئىچكى ئۇرۇش خەۋپىنى توسۇشقا دىققەت قىلىشى، دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇشنى تىرىشىپ ئالغا سۈرۈشى لازىم. جۇڭگو مىللىي ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ يېڭى باسقۇچى يېتىپ كەلدى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى كېرەك.

بۇ كىتاپ خەلق نەشرىياتى 1961 ـ يىل 1 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان بېيجىڭ 1 ـ نەشرى (قايتا تىزىلغىنى) 19 ـ باسمىسىغا ئاساسەن، 1963 ـ يىل 10 ـ ئايدا تەرجىمە ۋە نەشر قىلىنغان ئىدى. بۇ قېتىم قايتا نەشر قىلىنغاندا، تەرجىمىگە جۇڭگو كۇڭچەنداڭ شىنجياڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ۋېيۈەنخۇيى ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرىنى تەرجىمە ـ نەشر قىلىش ۋېيۈەنخۇيى تەرىپىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى.

本书是根据人民出版社 1961 年 1 月北京第一版（重排本）第19次印刷本于1963年10月翻译出版的。这次再版时，由中国共产党新疆维吾尔自治区委员会毛泽东选集翻译出版委员会对译文作了校订。

ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى

3 ـ توم

*

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى

خەلق ماتارىپ باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى

شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ بېيجىڭ تارقىتىش ئورنى

تەرىپىدىن تارقىتىلدۇ

جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ

*

1967 ـ يىل 7 ـ ئايدا بېيجىڭدا چىققان 2 ـ نەشرىگە ئاساسەن قايتا بېسىلدى

1967 ـ يىل 8 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى

ئاددى موقاۋىلىقىنىڭ باھاسى: 0.44 يۈەن

毛泽东选集

第三卷

（维吾尔文）

·

民族出版社出版

（北京安定门外和平东路）

北京市书刊出版业营业许可证出字第047号

人民教育印刷厂印刷

新华书店北京发行所发行

各地新华书店经售

·

787×1092毫米1/32 · 印张：10 5/8 · 插页：2

根据1967年7月北京第二版重印

1967年8月北京第一次印刷

统一书号：1049(4)133　普及本定价：0.44元